شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى

كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى

كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

ISBN 7-228-03025-7
9 787228 030255

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى

كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۈڭ كوچىسى №54 پوچتا نومۇرى : 830001 )
ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق « ئىدىقۇت » لازېر نۇرلۇق ھەرپ تىزىش ئورنىدا تىزىلدى
شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائەت مەكتىپى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مىللىمېتر 1\16
باسما تاۋىقى : 42.5 قىستۇرما ۋارىقى : 19
1994 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1500—1

ISBN7－228－03025－7/K. 322
باھاسى : 40.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ج ك پ كەلپىن
ناھىيىلىك پارتكوم
خىزمەت بىناسى



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتكوم شۇج-
سى سۇڭ خەنلياڭ كەلپىن
يېزىلىرىنى كۆزدىن
كۆچۈردى.



كەلپىن ناھىيە بازىرى-
دىن بىر كۆرۈنۈش



پايانسىز يېشىللىق




تاغلىق رايوندىكى سالا ئېتىزلار



دېھقانچىلىق رايوندىكى مال پادىسى

www.uyghurkitap.com




تۆگە بېقىش



تۆگە يۇڭىنى پىششىق-
لاپ ئىشلەش



ئەلا سۈپەتلىك تۆگە تىۋىتى









ئۆرۈك، ئۆرۈك چېچىكى، ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بەتلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۆرۈك




ئۆرۈك خورمىسىنى
پىششىقلاپ ئىشلەش



ئۆرۈك خورمىسىنى
تەكشۈرۈش - قاچىلاش



ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى




ئوپېراتسىيە قىلىش

تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەستايىدىل ئۆگىنىش




يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى




ناھىيىلىك دوختۇرخانا




كىنو - تىياتىرخانا

چېلىشىش






ئوغلاق تارتىشىش




مەشرەپ



قىسىل ئۆستىڭى



يېڭى تېپىلغان بۇلاق



كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى



ئىتتىپاق تومسى پۈتتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




پاختىلار سىرتقا توشۇلماقتا



پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى



بورۇنقى تۈگمەن




ئۇن تارتىش



قەدىمكى چاق

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى





ياغاچ قوشۇق ياساش





يۈرچى يېزا
مەسچىتى

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن





بازارغا

زەدىۋال كەشتىلەش





www.uyghurkitap.com



يېزىنىڭ كۈز مەنزىرىسى

قەدىمكى سۆگەت ساياھەت رايونى



دورا ئۆسۈملۈكى — توشقان زەدىكى (بۆرە سامسىقى)





كىرىستال



ھېقىق

چاكاندا





تاش تەشتەك مەنزىرىسى


ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چىلان قەدىمكى شەھىرى




تۇر



قىزىل تاغ بۆددا
ئىبادەتخانىسى ئىزى

«غەلىتە تاغ»





ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى

قىسىل تاغ قەدىمكى شەھىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى تەزكىرە كۆپىيىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتمەكتە.



«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىدىكىلەر تەزكىرە كۆپىيىسىنى
مۇزاكىرە قىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كىرىش سۆز I

## ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى

**لى چيەننەن**

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ، بارلىق تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ تۆت يىللىق جاپالىق ئەجرە سىڭدۈرۈشى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا « كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى » ئاخىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى ، بۇ ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى تۇنجى تەزكىرە كىتابى بولۇپ ، ئۇنىڭدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ، ئىقتىسادى ، مەدەنىيىتى ، تەبىئىي شارائىتى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ، كەلپىننىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار توپلانغان ، ئۇ — كەلپىننى چۈشىنىش ، كەلپىننى گۈللەندۈرۈشتە ئوقۇش زۆرۈر بولغان بىر ئىلمىي ئەسەر ، سوتسىيالىزم ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، كوللېكتىۋىزم ۋە ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى دەرسلىكى . « كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى » نىڭ رەسمىي نەشر قىلىنىشى — كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ نەتىجە ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر چوڭ ئىش .

كەلپىن غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپلا ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلدى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭ شۈ 28 ـ يىلى ( 1902 ـ يىلى ) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى كەلپىن قورۇقى ( بۈگۈنكى كەلپىن بازىرى ) دا شۆبە مۇداپىئە ئامبال ياردەمچىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن كەلپىن ناھىيە دەرىجىلىك بىر مەمۇرىي رايون سۈپىتىدە ، چېگرا رايوننى ئېچىش ، گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئورنى ۋە مۇھىم رولىنى بارغانسېرى نامايان قىلىپ كەلدى .

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان بولۇپ ، قەدىمكى « يىپەك يولى » مۇقەررەر ئۆتىدىغان جاي ئىدى ، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، تەبىئىي بايلىقى بىر قەدەر مول . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، كونا جۇڭگودا كەلپىننىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ ، خەلق فېئوداللىق زۇلۇم ، ئۇرۇش ـ يېغا ۋەيرانچىلىقى ، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشى ، كەلكۈن ـ قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى دەستىدىن چوڭقۇر ئازاپ ـ ئوقۇبەت گىردابىدا جان تالىشاتتى . 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا ، كەلپىن ناھىيە بازىرىدا بىر نەچچە ئېغىز كېسەك ئۆي ، ئاندا ـ ساندا يولۇچى قاتنايدىغان بىرلا توپا يول بار ئىدى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قەد كۆتۈرۈپ ، ئازاد بولۇپ ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان كەلپىن ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن زور سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ، جا-

پا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قۇرغاقچىلىق ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، كەلپىندە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر دىل، بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەنلىكتىن، تۈرلۈك ئىشلار ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېڭى ئەخلاق - پەزىلەت تەدرىجىي شەكىللەندى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. كەلپىننىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى»، «جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، سوتسىيالىستىك يېڭى كەلپىننى گۈللەندۈرۈشتە، بىز جاپا - مۇشەققەتلىك، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈردۇق، نۇرغۇنلىغان قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ۋە تىللاردا داستان بولغىدەك ئىش - ئىزلار بارلىققا كەلدى، نۇرغۇن قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىمىز بار، قەلبىمىزنى ئازابلايدىغان سەۋەنلىك ۋە ساۋاقلىرىمىزمۇ بار. بۇلارنى «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئەينەن بايان قىلىش بىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى قۇرۇلۇشىمىزنى ناھايىتى ياخشى بىر ئەينەك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بىزنى كەلپىننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرغۇسى.

ناھىيىلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسىدىكى يولداشلار ناھىيە تەزكىرىسىنى ياخشى تۈزۈش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈزلەپ جاپا چەكتى، بولۇپمۇ ناھىيىلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈشكە نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، ماتېرىيال توپلاشتىن تارتىپ تەزكىرە كوپىيىسىنى يېزىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشكىچە بولغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ، تەزكىرە كىتابىنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ئۆزى بىۋاستە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقتى. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» — شىنجاڭدا ئۇيغۇر يولداش تۈزۈپ چىققان يېڭى شەكىلدىكى تۇنجى تەزكىرە كىتابى بولۇپ، ئۇ — ئىنتايىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش.

بىز «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ — تەزكىرە ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىگە، كەلپىن ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قوللىشى ۋە ماسلىشىشىغا ئېرىشتۇق، مەن «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن.

1992 - يىل 3 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز II

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى

**ئابدۇراخمان ئەشەت**

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» رەسمىي نەشر قىلىندى ، بۇ ، كەلپىن خەلقى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر چوڭ ئىش.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» كەلپىن تارىخىنىڭ قايتا نامايان قىلىنىشى بولۇپ ، ئۇنىڭدا كەلپىننىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك ئۆتمۈشى ئەينەن خاتىرىلەنگەن ، ئۇنىڭ گۈللەپ - ياشنىغان بۈگۈنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، ئۇ ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ داغدام سوتسىيالىزم يولىدا تېخىمۇ مۇستەھكەم قەدەم تاشلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

كەلپىن چەت - ياقا تاغلىق رايونغا جايلاشقان ، تامچە سۇ ياغىدىغان قەدىرلىك. ئۆتمۈشتە كەلپىننىڭ خەلقى نامرات ، يەرلىرى ئۈنۈمسىز ، قاتناش ئىشلىرى بىئەپ ئىدى. ئۇرۇش - يېغىلىق ، تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرەتتى ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى ، ئىقتىساد ئىنتايىن قالاق بولۇپ ، خەلق تۇرمۇشى بەكمۇ كۈلپەتلىك ئىدى.

كەلپىن قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. كەلپىن خەلقى ساددا ، تۈز كۆڭۈل ، ئىشچان ، باتۇر خەلق بولۇپ ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە خاس ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە. كەلپىن خەلقى چېگرا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش ، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش كۈرەشلىرىدە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى ، نۇرغۇن ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى.

1949 - يىلى كەلپىن ئازادلىققا ئېرىشتى. كەلپىن خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. بۇ ، كەلپىن خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدى ، كەلپىن خەلقى سوتسىيالىزم يولىدا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ ، كەلپىندە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدا كەلپىن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ، يېڭى يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەلپىن كىچىك جاي بولسىمۇ ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ يېتىشىپ چىقتى.

ئازادلىقتىن كېيىن ، ۋەتەننىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ، قوغداش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم خەنزۇ كادىرلار ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەلپىنگە كېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى ، ھەتتا ئۆمۈرلۈك زېھنى

كۆچىنى كەلپىنگە بېغىشلىدى. ئۇلار باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس مۇناسىۋەت ئورناتتى. كەلپىننىڭ تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلىرىنى ئۇلارنىڭ خالىس تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

تارىخ بىر ئەينەك، كەلپىننىڭ تەرەققىيات ،ئۆزگىرىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭغاندىلا، كەلپىننىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا باسىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

مەن كەلپىندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەلپىنلىك، كەلپىننىڭ زېمىنى مېنى بېقىپ ئۆستۈردى. كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقى مېنى تەربىيىلىدى. مېنىڭ يۇرتۇم — كەلپىنگە قارىتا ئالاھىدە مۇھەببىتىم بار. مەن ئۇنىڭ كۆلپىتىگە ئېچىنىمەن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىن شاتلىنىمەن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىپتىخارلىنىمەن، ئۇنىڭ كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان قىياپىتىدىن ئىلھاملىنىمەن، مەن ئۇنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى، بېيىشىنى چىن دىلىمدىن تىلەيمەن. يۇرتۇم ھېلىمۇ خېلى نامرات بولۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن نامرات ناھىيە. مەن يۇرتۇمدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قىياپىتىنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىمەن. مەن شۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن جەزمەن تېز قۇتۇلغۇسى، ئىتتىپاقلاشقان، تەرەققىي قىلغان، گۈللەپ ياشنىغان يېڭى بىر كەلپىن تېزدىن ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە نامايان بولغۇسى، كەلپىن ۋەتەننىڭ تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقۇسى.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى — كەلپىن ناھىيىسىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ يولدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىدە جەزمەن ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

1992 - يىل 3 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# Ⅲ كىرىش سۆز

## جۇڭ يىلى

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى باسمىغا تاپشۇرۇش ھارپىسىدا كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن بۇ كىتابقا مېنىڭ كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى، دەيدىغان گەپلىرىم بارلىقىنى ھېس قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتتىم.

1984 ـ يىل 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى قەشقەردە شىنجاڭ بويىچە 2 ـ قارارلىق تەزكىرىچىلىك ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. بۇ قارادا تەربىيىلەنگەنلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت ـ ئوبلاستنىڭ تەزكىرە خىزمەتچىلىرى بولۇپ، يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن ئۆگىنىشكە قاتناشقانىدى. ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر قانچە يولداش مېنىڭ دىققەت ئېتىبارىمنى ئالاھىدە قوزغىغاچقا، مېنىڭ ئۇلار بىلەن سۆھبىتىمىز كۆپرەك بولغانىدى. يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن شۇ چاغدا، ئۆزىنىڭ يۇرتى كەلپىن ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلىقىنى، كەلپىندىكى قەدىمكى ئىز ۋە خارابىلەردە ساقلىنىپ قالغان تام سۈرەتلىرى، تېپىلغان تاش دەۋرىنىڭ پۇلى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ سۆھبەت داۋامىدا، ئۆز يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، يۇرتىنىڭ ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە بولغان يۈكسەك قىزغىنلىقى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلغانىدى. ئۆگىنىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن كەلپىنگە قايتىپ، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. تۆت يىل باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى 1988 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى پۈتتۈردى. ئابدۇساتتار ھامىدىن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى ئۇ ئۇيغۇرچە يېزىپ چىقىپ، ئاندىن كېيىن، ئۆزى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدى. خەنزۇچە ئورىگىنال باھالاش، تولۇقلاش ئارقىلىق خەنزۇ يولداشلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بىر قانچە قېتىم تۈزىتىلىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن يەنە خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تۈزىتىپ چىقىپ، «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى نەشرگە تەييارلىدى.

چىڭ سۇلالىسىدىن قېپقالغان شىنجاڭ كونا تەزكىرىلىرى، مەسىلەن، چيەنلۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «پادىشاھ ئىشتىراك قىلغان غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (1782 ـ يىلى يىلى لىيەن قاتارلىقلار تولۇقلاپ تۈزگەن)، «مۇسۇلمان يۇرتلىرى تەزكىرىسى» (باش بۇغ يۈڭگۈي قاتارلىقلار تۈزگەن، سوئىبىدى تولۇقلاپ تۈزگەن، 1772 ـ يىلى كىتاب پۈتكەن)، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» (مانجۇ

كۆك خۇشۇنىدىن چى شىيى يازغان، 1777 ـ يىلى بېسىلغان)، «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلار» (ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ جۈن تۈزگەن)، جيا چىڭ يىللىرى تۈزۈلگەن «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (مەسلىھەتچى ئامبال موڭغۇل سېرىق جىيەكلىك خۇشۇنىدىن خې نىڭ تۈزگەن)، «ئۈچ ئايماقنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇمچى باش بۇغى، موڭغۇل سېرىق جىيەكلىك خۇشۇنىدىن خې يىڭ تۈزگەن)، داۋگۇاڭ يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» (جۇكېتۇ تۈزگەن) دىن ئىبارەت تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تۈزگۈچىلىرى ياكى تولۇقلاپ تۈزگۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى مانجۇلار ياكى موڭغۇللار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ مىڭگو دەۋرىگىچە ئۇيغۇر خادىملاردىن تەزكىرە كىتابى تۈزۈپ چىققانلار توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرە ھازىرغىچە ئۇچرىمىدى. بىز بۇ قېتىم سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزگەندە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خېلى كۆپ يولداشلار، جۈملىدىن، كۆپلىگەن ئۇيغۇر يولداشلار تەزكىرە تۈزۈش قوشۇنىمىزغا قوشۇلدى. ئۇلار ئۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ئۇلارسىز ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. بىراق، بىر ئۇيغۇر يولداش باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالغان، ماتېرىيال توپلاش، دەسلەپكى كوپىيىسىنى يېزىپ چىقىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشكىچە بولغان ئىشلارنى يالغۇز ئۆزى قىلغان تەزكىرە كىتابى تېخى كۆرۈلمىگەنىدى، ئابدۇساتتار ھامىدىن ھەقەتەن شىنجاڭ تارىخىدىكى تەزكىرە كىتابىنىڭ باش مۇھەررىرلىكنى قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر يولداش بولۇپ قالدى. بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ۋە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. ئىشىنىمەنكى، ئابدۇساتتار ھامىدىن كېيىن شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تېخىمۇ كۆپ يولداشلار باش مۇھەررىرلىك قىلغان ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرى دۇنياغا كېلىدۇ.

تەزكىرە بىر خىل ماتېرىيال كىتابى بولغانلىقتىن، ئەلۋەتتە ئاساسىي تېمىسى بولۇشى كېرەك. تەزكىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «تەرەققىيات» دېمەكتۇر. تەزكىرىدە بىرەر جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى بايان قىلىنىشى، ھەم ئۇ، بىر جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. بىرەر تەزكىرىگە باھا بېرىشتىمۇ ئۇنىڭدا بىرەر جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ـ ئەتتۈرۈلمىگەنلىكى ئاساسلىق ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېما بىر قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنمۇ ـ يوق، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاپ — تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېگەندىن ئىبارەت.

كەلپىن ناھىيىسى چەت ـ ياقا، بېكىنمە تاغلىق رايونغا جايلاشقان، 1930 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. 1949 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان بۇ ناھىينىڭ ئاشلىق بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى ئاران 73.6 كىلوگرام، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام ئىدى، ناھىيە بويىچە 15 مىڭغا يېقىن ئاھالە بولغان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 140 كىلوگرام بولۇپ، قوساق تويغۇزۇشقا يەتمىگەن؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ياغلىقدان ئاران 80 . كىلوگرام بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1990 ـ يىلغا كەلگەندە، ئاھالىسى 34 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى 245.2 كىلوگرام، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقـ

داري 9 مىليون 125 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 268 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى؛ ياغلىقدان كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.8 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئاشلىق، ياغلىقدان مىقدارىدىن قارىغاندا، كەلپىن ناھىيىسى خەلقىنىڭ تۇرمۇشى جەھەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قورساق توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. كەلپىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، سورتلارنى ياخشىلاش، مۇۋاپىق ئوغۇت بېرىش، ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش، ماشىنا بىلەن ئورۇق سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئەجىرە سىڭدۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن بولغان. بۇلار ئىچىدە، بولۇپمۇ، سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا دۆلەت زور مىقداردا مەبلەغ سالغان. 40 يىل ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغنىڭ يىغىندىسى 8 مىليون يۈەندىن ئاشقان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەزكىرە كىتابىدا ناھايىتى ياخشى خاتىرىلەنگەن.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە يەنە باشقا كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ خاتىرىلەنگەن، نۇرغۇن كەسپلەر يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، قاتناش ئىشلىرىنى ئالساق، كەلپىن تارىختىن بۇيان ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتىغا تايىنىپ كەلگەن. 1956 - يىلىغا كەلگەندىلا، يولۇچىلار ئاپتوموبىل ترانسپورتى يولغا قويۇلغان. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە 153 ھەر خىل ئاپتوموبىل، 307 دانە ھەر خىل تراكتور بولۇپ، يولۇچى ۋە يۈك توشۇش ۋەزىپىسى ئاساسەن ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان بولغان.

تەزكىرە — بىر خىل ماتېرىيال كىتابى، تەزكىرە تۈزۈشتە ماتېرىيال توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەن يەنە يالغۇز ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىلا توپلاپ قالماستىن، رېئال ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن كەلگەن ماتېرىياللارنىمۇ توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئارخىپنى تەكشۈرۈش كېرەك، ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك. لېكىن، تەزكىرە خىزمەتچىلىرى يەنىلا زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. رېئال تۇرمۇش ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ھامان پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىرلار ئىنتايىن قولاي شارائىتقا ئىگە. يولداش ئابدۇساتتار ھامدىن تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاما ئارىسىدا ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بىز «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ شېۋە قىسمىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىنكى، ناھىيە تەزكىرىسىدە، كەلپىن شېۋىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى، خوتەن شېۋىسى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇلۇپ، فونېتىكا جەھەتتىكى ئىنچىكە پەرقلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بايان قىلىشتىمۇ ئالاھىدىلىك بار. مەسىلەن، توي ئادەتلىرى خاتىرىلەنگەندە «توي قىلىپ ئۈچ، تۆت كۈندىن كېيىن، (ئادەتتە ئازنا كۈنى) ئايال تەرەپ ئەر تەرەپكە ئازنىلىق چاي بېرىدۇ. يۇرچى يېزىسىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئايال تەرەپنىڭ ئائىلىسى ئەر تەرەپنىڭ بارلىق تۇغقانلىرىغا دېگۈدەك سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ (سوۋغا كىيىمدىن تارتىپ قوشۇققە-

چە بولسا بولۇۋېرىدۇ ) ، گەزلىك ، ئاچال يېزىلىرىنىڭ ئادىتى يۇقىرىدىكىگە ئوخشمايدۇ. ئۇلاردا ئىككى تەرەپ ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ (ئايال تەرەپ يوتقان ـ كۆرپە ، ئەر تەرەپ تون ۋە باشقا سوۋغىلارنى بېرىشىدۇ. ئىككى تەرەپ ئاساسي جەھەتتىن تەڭ باھادا بىر ـ بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ ) » دەپ يېزىلغان. دېمەك ، « كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى » دە ، ئۆز ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئاەتتىكىچە خاتىرىلىنىپلا قالماستىن ، بەلكى شۇ ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان پەرقلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇنداق ئىنچىكە ئوخشاشماسلىقنى چوڭقۇر تەكشۇرمەي ۋە سېلىشتۇرماي تۇرۇپ ئىگىلەش ناھايىتى قىيىن.

« كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى » نىڭ ئورىگىنالىدا 1985 ـ يىلى ئاخىرقى چەك قىلىنغانىدى. كېيىن باھالاش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق باش مۇھەررىر يولداش ئابدۇساتتار ھامدىن ئاخىرقى يىل چېكىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈپ ، تىرىشىپ ماتېرىيال تولۇقلاپ ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا تەزكىرىنىڭ ئاخىرقى يىل چېكىنى 1990 ـ يىلغا يەتكۈزدى. شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى ئىچىدە بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش. مەن بۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىدا « كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى » دەك كەم دېگەندە ، ئاخىرقى يىل چېكىنى 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزارتىشنى ، ئەگەر تەزكىرە كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتى كېيىنگە سۈرۈلسە تەزكىرە كىتابنىڭ ئاخىرقى يىل چېكىنى يەنە كېيىنگە سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. تەزكىرىدە بۈگۈنكىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن ، ماتېرىيال يېڭى بولۇشى لازىم. تەزكىرە كىتابنىڭ ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن ، ماتېرىيال يېقىندىن ئېلىنغان بولۇشى لازىم.

بۇ ، مېنىڭ كىرىش سۆزۈم.

1992 ـ يىل 5 ـ ئاي

ئىزاھات : بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇاڭ يىڭ — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ، ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان.

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتە ماركسىزم – لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆلچەم قىلىندى. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەدىيۋىلىك، ئىلمىلىك، ماتېرىياللىق خۇسۇسىيىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، كەلپىننىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا بايان قىلىندى.

2 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە بايان، خاتىرە، تەزكىرە، سۈرەت، جەدۋەل، قوشۇمچە ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش شەكىللىرى قوللىنىلدى، شەيئىلەر خاراكتېرى بويىچە تۈرگە ئايرىلدى، توغرا ۋە تىك لىنىيە بويىچە يېزىلدى، توغرا ۋە تىك لىنىيە بويىچە يېزىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى، توغرا لىنىيە بويىچە يېزىش ئاساس قىلىنىپ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

3 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ قۇرۇلمىسى قىسىم، باب، پاراگراف، مۇندەرىجىدىن تەركىب تاپتى، پۈتۈن تەزكىرە جەمئىي 24 قىسىم، 85 باب، 232 پاراگرافقا بۆلۈندى. ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى تەزكىرىنىڭ بېشىغا قويۇلدى.

4 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ يىل چېكى جەھەتتە، قەدىمكى زامانغا چەك قويۇلماي، ماتېرىيالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلدى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئالدىغا سۈرۈلدى. تۆۋەنكى ۋاقىت چېكى 1990 – يىلى بىلەن چەكلەندى. ئايرىم ماتېرىياللار 1985 – يىلدىن 1990 – يىلغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ قالدى.

5 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ھازىرقىسى تەپسىلى بولۇش، قەدىمكىسى قىسقا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىللىق تارىخىي پاكىت بولۇپمۇ 1978 – يىلدىكى پارتىيىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى غايەت زور نەتىجىلەر نۇقتىلىق بايان قىلىنىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

6 . ئارخىپ، كىتاب، گېزىت – ژۇرنال ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى قىلىندى ھەمدە ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار نۇرغۇن كەسپىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ماتېرىياللارنىڭ تولۇق، ھەقىقىي بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. تۈرلۈك سان – ساناقلارنى ئىشلىتىشتا ستاتىستىكا تارماقلىرى ئېلان قىلغان سانلار ئۆلچەم قىلىندى. ستاتىستىكا تارماقلىرىدا يوقلىرىدا بولسا، ئالاقىدار ئورۇنلار تەمىنلىگەن سانلار ئىشلىتىلدى. ئۆلچەم بىرلىكلىرىدە ئاساسىي جەھەتتىن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىشلىتىلدى. ئايرىملىرىدا ئەسلى ماتېرىيالدىكى ئۆلچەم بىرلىكى ئېلىندى.

7 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى مەمۇرىي رايون، ئورگان نامى ۋە جۇغراپىيىلىك ناملار ئەينى زاماندىكى ئادەتلەنگەن نامى بويىچە ئېلىندى، زۆرۈر بولغاندا ئىزاھات بېرىلدى. قىسمەن كەسپىي ئىبارىلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خاس ئىسىملار ئادەتتە يالاڭ تىرناق ئىچىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى.

8 . «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە يىل، ئاي، كۈن ھېسابلاشتا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىركىسى شۇ چاغدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان يىل نامى بويىچە قوللىنىلىپ، يالاڭ تىرناق ئىچىدە مىلادى يىلى ئىزاھلاپ قويۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكىسى مىلادى يىلى بويىچە قوللىنىلدى. يىلدىن كېيىن خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان ئاي، كونا دېھقانلار كالېندارىنى، ئەرەب رەقىمى بىلەن يېزىلغان ئاي، كۈنلەر شەمسىيە يىلىنى بىلدۈرىدۇ. كىتابتىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن» دېگەنلەر 1949 – يىل 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ۋاقىتنى؛ «ئازادلىقتىن ئىلگىرى»، «ئازادلىقتىن كېيىن» دېگەنلەر 1949 – يىل 9 – ئاينىڭ 25 ( 26 ) – كۈنىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»
# ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر : غوپۇر ھوشۇر نىيازى

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابلىمىت ئابدۇراخمان

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : قادىر ھاپىز

تەھرىر ـ تەرجىمىسگە قاتناشقۇچىلار : (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) ئابدۇۋايىت قاسىم ، ئابدۇرېھىم ياقۇپ ، ئابلىمىت ئابدۇراخمان ، ئەخمەت ئەمىن ھاجى ، ئەخمەت يارى ، غوپۇر ھوشۇر نىيازى ، غوجا ئەخمەت يۇنۇس ، قادىر ھاپىز ، مۆمىن روزى ، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى ، ھاكىمجان مەسۇم ، ئىسلام ھۆسىيىن.

ھۆسنخەتنى يازغۇچى : ئوبۇلقاسىم مۆمىن

خەرىتە ئىشلىگۈچى : ئەسقەت

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلار : نۇر مۇھەممەت دۆلەتى ، غوجا ئەخمەت يونۇس

مەسئۇل كوررېكتورلار : مۇھەممەت ھەسەن ، جەملە ئابلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش خەرىتىسى
سۈرەتلىك بەت
كىرىش سۆز I
كىرىش سۆز II
كىرىش سۆز III
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە
«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى
ئومۇمىي بايان ........ (1)
چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ........ (9)


## بىرىنچى قىسىم تەشكىلىي تۈزۈلۈشى


I باب رايونلارغا ئايرىلىشى ........ (43)
§ 1 . ئورنى ۋە كۆلىمى ........ (43)
§ 2 . چېگرىسى ........ (43)
II باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشنىڭ تەرەققىيات جەريانى ........ (45)
III باب مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ (46)
§ 1 . تەرەققىيات جەريانى ........ (46)
§ 2 . شەھەر ـ بازار ........ (48)
§ 3 . يېزا ، مەيدان ........ (51)


## ئىككىنچى قىسىم تەبىئىي شارائىت


I باب گېئولوگىيە ........ (63)
§ 1 . IV دەۋردىكى گېئولوگىيە ........ (63)
§ 2 . يەر قاتلىمى يېرىلمىسى ........ (65)
II باب يەر شەكلى ........ (66)
§ 1 . تاغلىق رايون ........ (66)

§ 2 . كەلپىن ئويمانلىقى ........ (74)
§ 3 . ئاچال تۈزلەڭلىكى ........ (74)
III باب ھاۋا كىلىماتى ........ (75)
§ 1 . تۇت پەسىل ........ (75)
§ 2 .ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ........ (77)
§ 3 .ئىسسىقلىق شارائىتى ........ (79)
§ 4 .ھۆل - يېغىن ........ (79)
§ 5 .شامال ........ (81)
IV باب سۇ رايى ........ (81)
§ 1 .دەريا ـ ئېقىنلىرى ........ (82)
§ 2 .بۇلاق سۈيى ........ (83)
§ 3 .يەر ئاستى سۈيى ........ (87)
§ 4 .سۇنىڭ سۈپىتى ........ (90)
V باب تۇپرىقى ........ (91)
§ 1 .تۇپراق تۈرى ........ (91)
§ 2 .تۇپراق تەركىبى ........ (93)
VI باب تەبىئىي بايلىقى ........ (96)
§ 1 . كان بايلىقى ........ (96)
§ 2 .ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ........ (98)
§ 3 .ئوتلاق ۋە ئورمان ........ (98)
§ 4 .بوز يەر بايلىقى ........ (99)
VII باب تەبىئىي ئاپەتلەر ........ (99)
§ 1 . قارا يامغۇر ، كەلكۈن ........ (99)
§ 2 . بوران ........ (101)
§ 3 . قۇرۇق ئىسسىق شامال ........ (101)
§ 4 . مۆلدۈر (تۆلا) ........ (102)
§ 5 . قۇرغاقچىلىق ، يامغۇر ئاپىتى ........ (103)
§ 6 . يەر تەۋرەش ........ (104)
قوشۇمچە : 1991 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـكۈنى كەلپىندە 6.5 بال يەر تەۋرىدى ........ (105)

## ئۈچىنچى قىسىم ئاھالە

I باب ئاھالىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىشى ........ (113)
§ 1 . ئومۇمىي ئاھالە ........ (113)
§ 2 . تۇغۇلۇش ، ئۆلۈش ئەھۋالى ........ (115)
§ 3 . ئاھالە قۇرۇلمىسى ........ (116)
II باب پىلانلىق تۇغۇت ........ (127)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

§ 1 . تەشۋىقات ـ تەربىيە ........................ (127)
§ 2 . تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ........................ (128)
§ 3 . تەدبىرلەر ........................ (128)
§ 4 . ئۈنۈمى ........................ (129)

## تۆتىنچى قىسىم دېھقانچىلىق

I باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ (133)
§ 1 . يەر ئىسلاھاتى ........................ (134)
§ 2 . ھەمكارلىشىش ، كوپېراتسىيىلىشىش ........................ (135)
§ 3 . خەلق گۇڭشېسى ........................ (137)
§ 4 . مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ........................ (139)
II باب تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ........................ (141)
§ 1 . كۆلىمى ، مەھسۇلاتى ........................ (142)
§ 2 . زىرائەت تۈرى ........................ (143)
§ 3 . زىرائەتلەرنى ئاسراش ........................ (146)
III باب دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ........................ (154)
§ 1 . تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (154)
§ 2 . مەشغۇلات سەۋىيىسى ........................ (158)

## بەشىنچى قىسىم چارۋىچىلىق

I باب ئوتلاق ........................ (164)
§ 1 . ئوتلاق كۆلىمى ........................ (164)
§ 2 . ئوتلاق تۈرى ........................ (165)
§ 3 . ئوتلاق قۇرۇلۇشى ........................ (167)
§ 4 . ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەك ........................ (168)
II باب چارۋا مال تۈرلىرى ........................ (168)
§ 1 . تۆگە ........................ (168)
§ 2 . قوي ـ ئۆچكە ........................ (169)
§ 3 . باشقا چارۋا ماللار ........................ (170)
III باب بېقىش ـ باشقۇرۇش ........................ (170)
§ 1 . چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بېقىش ـ باشقۇرۇش ........................ (170)
§ 2 . دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى بېقىش ـ باشقۇرۇش ........................ (171)
IV باب چارۋا مەھسۇلاتلىرى ........................ (174)
V باب چارۋا مال كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ........................ (176)
§ 1 . چارۋا مال كېسەللىكلىرىنىڭ تۈرلىرى ........................ (176)

§ 2 . ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش ........ (177)

## ئالتىنچى قىسىم ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك

I باب ئورمانچىلىق ........ (183)
§ 1 . تەبىئىي ئورمان ........ (183)
§ 2 . سۈنئىي ئورمان ........ (185)
§ 3 . ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش ........ (188)
II باب باغۋەنچىلىك ........ (189)
§ 1 . ئۆرۈك ........ (189)
§ 2 .باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر ........ (196)
§ 3 .قوغۇن ـ تاۋۇز ........ (199)

## يەتتىنچى قىسىم سۇ ئىشلىرى . سۇ ئېلېكتىرى

I باب سۇ ئىشلىرى ........ (203)
§ 1 . ئېرىق ـ ئۆستەڭ ........ (203)
§ 2 . سۇ ئامبىرى ........ (205)
§ 3 . قۇدۇق ........ (206)
§ 4 . كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى ........ (209)
§ 5 .سۇ ئىشلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ........ (210)
II باب سۇ ئېلېكتىرى ........ (214)
§ 1 . كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ........ (214)
§ 2 . توك بىلەن تەمىنلەش ........ (215)

## سەككىزىنچى قىسىم سانائەت

I باب قول سانائەت ........ (222)
II باب كانچىلىق ........ (223)
§ 1 . گۈڭگۈرت كېنى ........ (223)
§ 2 .زاك ( گۈڭگۈرتلۇك تۆمۈر ) كېنى ........ (226)
III باب پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ........ (226)
§ 1 . ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ........ (226)
§ 2 .يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ........ (228)
§ 3 .پاختا ـ تېۋىت پىششىقلاپ ئىشلەش ........ (228)
§ 4 .يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ـ رېمونت قىلىش ........ (229)

IV باب بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ........ (231)
§ 1. بىناكارلىق كەسپى ........ (231)
§ 2. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ........ (233)
V باب يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ........ (234)

## توققۇزىنچى قىسىم قاتناش. پوچتا ـ تېلېگراف

I باب قاتناش ........ (239)
§ 1. يول ........ (239)
§ 2. كۆۋرۈك ـ سۇكۆۋۈچ ........ (242)
§ 3. ترانسپورت ........ (243)
§ 4. قاتناش باشقۇرۇش ........ (251)
قوشۇمچە: قاتناش ۋەقەلىرى ........ (251)
II باب پوچتا ـ تېلېگراف ........ (252)
§ 1. ئاپپاراتلار ........ (252)
§ 2. پوچتا ........ (253)
§ 3. تېلېگراف ........ (255)

## ئونىنچى قىسىم سودا

I باب ئېگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........ (263)
§ 1. خۇسۇسىي ئېگىلىكتىكى سودا ........ (263)
§ 2. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى ........ (265)
§ 3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ........ (268)
قوشۇمچە: ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ........ (269)
II باب تاۋار ئوبوروتى ........ (269)
§ 1. تاۋار سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........ (269)
§ 2. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىشى ........ (271)
§ 3. سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........ (273)
§ 4. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ........ (275)
§ 5. گۆش، پاختا بىلەن تەمىنلەش ........ (277)
§ 6. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش ........ (278)
III باب يېمەك ـ ئىچمەك. مۇلازىمەت ........ (280)
§ 1. يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى ........ (280)
§ 2. مۇلازىمەت كەسپى ........ (280)
IV باب ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........ (281)
§ 1. ئاپپارات، ئەسلىھە ........ (281)
§ 2. پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ........ (283)

§ 2 . پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ........................ (283)
§ 3 . تەمىنلەش ........................ (284)
§ 4 . ساقلاش ـ توشۇش ........................ (286)
V باب تاشقى سودا ........................ (289)
VI باب يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ........................ (298)

## ئون بىرىنچى قىسىم سودا ـ سانائەت . مال باھاسى . ئۆلچەم باشقۇرۇش

I باب سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........................ (293)
§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتى ........................ (293)
§ 2 . بازار باشقۇرۇش ........................ (293)
§ 3 . بازار سودىسىنى باشقۇرۇش ........................ (294)
II باب مال باھاسىنى باشقۇرۇش ........................ (297)
§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى مال باھاسى ........................ (297)
§ 2 . يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى مال باھاسى ........................ (298)
III باب ئۆلچەم ، سۈپەت باشقۇرۇش ........................ (301)
§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتى ........................ (301)
§ 2 . ئۆلچەم باشقۇرۇش ........................ (302)
§ 3 . سۈپەت باشقۇرۇش ........................ (303)

## ئون ئىككىنچى قىسىم مالىيە . باج . پۇل مۇئامىلىسى

I باب مالىيە ........................ (307)
§ 1 . ئاپپارات ........................ (307)
§ 2 . مالىيە كىرىم ـ چىقىمى ........................ (307)
II باب باج ........................ (311)
§ 1 . غەللە ـ پاراق ، دېھقانچىلىق بېجى ........................ (311)
§ 2 . سودا ـ سانائەت بېجى ........................ (312)
III باب پۇل مۇئامىلىسى ........................ (316)
§ 1 . ئاپپارات ........................ (317)
§ 2 . پۇل ئوبوروتى ........................ (318)
§ 3 . ئىناۋەتلىك قەرز ........................ (320)
§ 4 . خەلق پۇل ئامانىتى ........................ (322)
§ 5 . زايوم ........................ (327)
§ 6 . سۇغۇرتا ........................ (327)

# ئون ئۈچىنچى قىسىم  سىياسىي پارتىيىلەر . ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

I باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ........................ (332)
§ 1 . ناھىيىلىك پارتكوم ........................ (332)
§ 2 . ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ........................ (333)
§ 3 . پارتىيە ئەزالىرى ........................ (335)
§ 4 . پارتىيە قۇرۇلتايلىرى ........................ (344)
§ 5 . تەشۋىقات ـ تەربىيە ........................ (349)
§ 6 . بىرلىك سەپ ........................ (351)
§ 7 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........................ (352)
II باب جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسى ........................ (354)
III باب ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ........................ (355)
§ 1 . ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ........................ (355)
§ 2 . ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى ........................ (356)
§ 3 . دېھقانلار جەمئىيىتى ، كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى ........................ (356)
§ 4 . ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........................ (357)
§ 5 .كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ........................ (359)
§ 6 . ئاياللار بىرلەشمىسى ........................ (364)
§ 7 . پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ........................ (366)
§ 8 . باشقا تەشكىلاتلار ........................ (367)

# ئون تۆتىنچى قىسىم  خەلق قۇرۇلتىيى . ھۆكۈمەت . سىياسىي كېڭەش

I باب خەلق قۇرۇلتىيى ........................ (371)
§ 1 . ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ........................ (371)
§ 2 . خەلق قۇرۇلتىيى ........................ (372)
§ 3 . دائىمىي كومىتېت ........................ (377)
§ 4 . سايلام ........................ (379)
II باب ھۆكۈمەت ........................ (380)
§ 1 . شۆبە ناھىيە مەھكىمىسى ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ........................ (380)
§ 2 . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ........................ (385)
III باب ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ........................ (389)
§ 1 . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ........................ (389)

§ 2 . ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ......... (392)
**قوشۇمچە : مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى** ......................... (393)

## ئون بەشىنچى قىسىم زور سىياسىي ۋەقەلەر

I **باب مىنگو دەۋرىدىكى زور سىياسىي ۋەقەلەر** ......................... (397)
II **باب يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى زور سىياسىي ۋەقەلەر** ......................... (398)
§ 1 . ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ............ (398)
§ 2 . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ......................... (399)
§ 3 . « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى ......................... (400)
§ 4 . ئىشپىيونلارنى تازىلاش ـ ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ......................... (402)
§ 5 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى ......................... (402)
§ 6 . ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ......................... (404)
§ 7 . « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش » ......................... (405)
§ 8 . سوتسىيالىستىك تەربىيە ......................... (406)
§ 9 . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ......................... (407)
§ 10 . پاش قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، ئېنىقلاش ......................... (409)
§ 11 . سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ......................... (410)

## ئون ئالتىنچى قىسىم خەلق ئىشلىرى . ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى

I **باب خەلق ئىشلىرى** ......................... (415)
§ 1 . نىكاھ تىزىملاش ......................... (415)
§ 2 . قۇتقۇزۇش ......................... (416)
§ 3 . ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ......................... (419)
II **باب ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى** ......................... (422)
§ 1 . ئەمگەك ـ كادىر باشقۇرۇش ......................... (422)
§ 2 . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى ......................... (424)
§ 3 . ئىش ھەققى ئەھۋالى ......................... (426)

## ئون يەتتىنچى قىسىم ئەدلىيە

I **باب مىنگو دەۋرىدىكى ئەدلىيە** ......................... (433)
II **باب خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى** ......................... (435)
§ 1 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ......................... (435)

§ 2 . ئامانلىق باشقۇرۇش ........ (436)
§ 3 . جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ........ (437)
III باب خەلق تەپتىشلىكى ........ (438)
§ 1 . جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ........ (438)
§ 2 . قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى ........ (439)
§ 3 . ئىقتىسادىي ئىشلار تەپتىشلىكى ........ (440)
§ 4 . تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى نازارەتچىلىكى ........ (440)
IV باب خەلق سوت مەھكىمىسى ........ (440)
§ 1 . سەييارە سوت ........ (441)
§ 2 . جىنايى ئىشلارنى سوتلاش ........ (441)
§ 3 . ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرىنى سوتلاش ........ (442)
V باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........ (442)
§ 1 . قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى ........ (442)
§ 2 . خەلق مۇرەسسەسى ........ (443)
§ 3 . جامائەت گۇۋاھلىقى ........ (444)
§ 4 . قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ........ (444)


# ئون سەككىزىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار


I باب يەرلىك قوراللىق قوشۇن ........ (447)
§ 1 . پۇقرا ئەسكەرلەر تۈمەنى ........ (447)
§ 2 . قوغدىنىش تۈمەنى ........ (448)
§ 3 . ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى (جامائەت خەۋپسىزلىكى) ئوتتۇرا ئەترىتى ........ (448)
II باب خەلق قوراللىق بۆلۈمى ........ (449)
III باب ھەربىي خىزمەت ........ (450)
§ 1 . ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ........ (450)
§ 2 . پىدائىي ئەسكەرلەر ........ (450)
§ 3 . مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر ........ (451)
§ 4 . زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتى ........ (451)
IV باب خەلق ئەسكەرلىرى ........ (452)
§ 1 . خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ........ (452)
§ 2 . قورال ـ ياراق ........ (452)
§ 3 . خەلق ئەسكەرلىرى پائالىيىتى ........ (453)
V باب ھەربىي ئىشلار ........ (455)


www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

## ئون توققۇزىنچى قىسىم مائارىپ


I باب شۆتاڭ ، خۇسۇسىي مەكتەپ .................................................... (460)
II باب باللار مائارىپى ............................................................ (461)
III باب باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ............................................... (462)
§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ................................ (462)
§ 2 . يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ............................ (463)
§ 3 . باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ..................................... (467)
IV باب ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ................................................... (473)
§ 1 . تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ................................................. (473)
§ 2 . ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ......................................... (475)
V باب كەسپىي مائارىپ ............................................................ (477)
VI باب ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ....................................................... (478)
§ 1 . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ........................................................ (478)
§ 2 . ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ...................................... (480)
§ 3 . ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مائارىپى ................................................ (481)
§ 4 . رادىئو مائارىپى ................................................................ (481)
VII باب ئوقۇتقۇچىلار ................................................................ (481)
§ 1 . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ........................................................... (481)
§ 2 . ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ......................................................... (482)
VIII باب خىراجەت ۋە ئۈسكۈنىلەر ....................................................... (483)
§ 1 . خىراجەت ..................................................................... (483)
§ 2 . ئۈسكۈنىلەر ................................................................... (484)


## يىگىرمىنچى قىسىم مەدەنىيەت


I باب ئاممىۋى مەدەنىيەت ........................................................... (489)
§ 1 . مىللىي مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ...................................................... (489)
§ 2 . ئويۇن قويۇش .................................................................. (491)
§ 3 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ................................................ (493)

§ 2 . ئويۇن قويۇش ........ (491)
§ 3 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ........ (493)
§ 4 . كۆرگەزمە ........ (494)
II باب ئاخبارات ، رادىئو ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ........ (496)
§ 1 . رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ........ (496)
§ 2 . ئاخبارات ........ (498)
§ 3 . كىنو ........ (499)
III باب كىتاب ، ئارخىپ ........ (501)
§ 1 . كىتاب ........ (501)
§ 2 . ئارخىپ ........ (503)
IV باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، مەشھۇر جايلار ........ (504)
V باب خەلق قوشاقلىرى ، رىۋايەتلەر ........ (510)
§ 1 . خەلق قوشاقلىرى ........ (510)
قوشۇمچە : كەلپىن خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما ........ (510)
§ 2 . رىۋايەتلەر ........ (519)


## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم يەرلىك شېۋە . ماقال ـ تەمسىللەر


I باب يەرلىك شېۋە ........ (525)
§ 1 . تۈرى ........ (525)
§ 2 . فونېتىكا ........ (529)
§ 3 . لېكسىكا ........ (539)
§ 4 . گراماتىكا ........ (547)
II باب ماقال ـ تەمسىللەر ، تۇراقلىق ئىبارىلەر ........ (550)
§ 1 . ماقال ـ تەمسىللەر ........ (551)
§ 2 . تۇراقلىق ئىبارىلەر ........ (557)


## يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم پەن ـ تېخنىكا . سەھىيە . تەنتەربىيە


I باب پەن ـ تېخنىكا ........ (567)
§ 1 . ئاپپارات ........ (567)


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

§ 2 . پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى ........................................ (568)
§ 3 . پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى ........................................ (573)
§ 4 . پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى .......... (574)
**II باب داۋالاش ، سەھىيە** ........................................ (576)
§ 1 . ئاپپارات ، قوشۇن ........................................ (577)
§ 2 . تېخنىكا ، ئۈسكۈنە ........................................ (578)
§ 3 . تۈزۈم ، خىراجەت ........................................ (579)
§ 4 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................................ (580)
§ 5 . ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ........................................ (582)
§ 6 . ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ........................................ (583)
**III باب تەنتەربىيە** ........................................ (584)
§ 1 . تەنتەربىيە تۈرلىرى ........................................ (584)
§ 2 . مەكتەپ تەنتەربىيىسى ........................................ (585)
§ 3 . تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ........................................ (586)
§ 4 . تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ........................................ (591)

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم مىللەت . دىن

**I باب مىللەتلەر** ........................................ (595)
§ 1 . ئۇيغۇرلار ........................................ (595)
§ 2 . باشقا مىللەتلەر ........................................ (602)
§ 3 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ........................................ (602)
**II باب دىن** ........................................ (604)
§ 1 . ئىسلام دىنى ........................................ (604)
§ 2 . بۇددا دىنى ........................................ (606)

## يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم شەخسلەر

**I باب شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى** ........................................ (609)
II باب شەخسلەر جەدۋىلى ........................................ (625)
جەدۋەللەر ئاچقۇچى ........................................ (640)
**«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ يېزىلىش جەريانى** ........................................ (651)
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ........................................ (654)
«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تەھرىرات ئاپپاراتى ۋە تۈزگۈچى خادىملىرى ... (656)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئومۇمىي بايان

# ئومۇمىي بايان

«ئالتەشەگە داڭ كەتكەن، كەلپىننىڭ ئۆرۈكى بار. بۇلاق سۈيى شەربەتلىك، تەنگە راھەت بىر غىشلار. چېۋەر، ئىشچان، ئەقىللىق، كەلپىننىڭ ئادەملىرى. مەدەن ـ بايلىققا تولغان، كەلپىننىڭ تاغ ـ باغلىرى». بۇ ئىككى كۇپلېت خەلق قوشىقىدا كەلپىن خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىغا ئوقۇغان مەدھىيىسى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تولۇق ئىزھار قىلىنغان.

كەلپىن ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، قىر تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 78°02′~79°56′، شىمالىي پاراللېل 40°02′~40°57′ ئارىلىقىدا. ئومۇمىي يەر مەيدانى 12 مىڭ 47 كۋادرات كىلومېتر. شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى (قەشقەر ۋىلايىتى)، ئاتۇش شەھىرى (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى)، ئاقچى ناھىيىسى (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى)، ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن قوشنا.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىقلىمى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە. قىش سوغۇق، ياز ئىسسىق بولۇپ، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدۇ. شامال كۆپ چىقىدۇ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، ھاۋاسى قۇرغاق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.4℃. ناھىيىنىڭ غەربىي شىمال، جەنۇب قىسىملىرى تاغلىق رايون بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ 56 تارماق تىزمىسى قاتمۇ قات، بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. 12 جىلغا ئۆز ئارا كېسىشىپ ئۆتىدۇ. 28 بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە بۇلاق ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپلەر باراقسانلاپ ئۆسۈپ، قۇشلار سايراپ، كېپىنەكلەر ئۇسسۇل ئويناپ تۇرىدۇ. تاغ ئارىسىدىكى قورام، دۆڭە رايونلىرى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك رايونى. ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا كەلپىن ئويمانلىقى بولۇپ، كەلپىن بوستانلىقى ئەنە شۇ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاساسلىق ئاھالە مۇشۇ بوستانلىققا توپلانغان. ئۇ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى؛ ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمى، شەرقىي جەنۇب قىسمى ئاچال تاغ ئالدى كەلكۈندىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، ياغلىقدان بازىسى.

كەلپىن ناھىيىسىدە 18 خىل كان بايلىقى بار. گۈڭگۈرتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ناھايىتى مەشھۇر. گۈڭگۈرت، فوسفور، قوغۇشۇن، مىسنىڭ ئېچىش ئىستىقبالى بىر قەدەر چوڭ؛ 170 خىلدىن ئارتۇق ئوت ـ چۆپ دورا ماتېرىيالى بولۇپ، چاكاندا، قانتېپەر، سانجىق ئوت قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى.

ئۆرۈك بىلەن تۆگە يۇڭى كەلپىن ناھىيىسىدىن چىقىدىغان ئىككى خىل مەشھۇر ئالاھىدە مەھسۇلات، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى بىر تۈركۈم پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ مالىيە كىرىمى كۆپەيتىلدى. كەلپىن ئۆرۈكى شىنجاڭ بويىچە خېلى مەشھۇر. كەلپىندە ئۆرۈكنىڭ 22 خىل سورتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بالدۇر پىشىدىغان سورت ئۈچ خىل، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان سورت ئىككى خىل، كەنجى پىشىدىغان سورت ئۈچ خىل، باشقا سورتلار 14 خىل. مارۇشۇ، قارا غازاڭ، قىزلاڭ سورتلىرىنىڭ سۈپىتى بەك ياخشى. ئېتى قىلىن، قەنت تەركىبى يۇقىرى، مېغىزى چوڭ ھەم تاتلىق بولۇش ـ كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇڭا ئۇ، ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى ئەڭ ياخشى خام ئەشيا. 40

يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ، ئۆرۈكنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 22 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام
ئەتراپىدا ، يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى 600 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. ئۆتمۈشتە كەلپىنلىكلەردە
«قورساق بېقىش ، كىيىم كىيىشتە ئۆرۈكتىن ئايرىلالمايسەن» دېگەن گەپ بار ئىدى. بۇ سۆز بىر ئاز مۇبا-
لىغىلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ، ئۆرۈكنىڭ كەلپىندىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كەل-
پىندە ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغى بار ، باغ ھەر بىر ئائىلىگە 0.5 مودىن توغرا كېلىدۇ. ئۆرۈك ۋە ئۈ-
نىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم كەلپىنلىكلەر ئىقتىسادىي كى-
رىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كەلپىن ناھىيىسىدە 3000 دىن ئارتۇق تۆگە بولۇپ ، ئاق-
سۇ ۋىلايىتىدىكى تۆگە ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ ، ھەر يىلى 10 مىڭ كىلوگرامدىن
ئارتۇق تۆگە يۇڭى ئېلىنىدۇ.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، بۇ يەردە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلاش-
قان. مىلادىدىن ئىلگىرى غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم توخرىلار ، ساكلار كەلپىندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي را-
يوندا غەربىي رايون قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغاندىن كېيىن ، كەلپىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر
قىسمىغا ئايلانغان. ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە ، كەلپىن ناھىيىسىدە 13 تىن ئارتۇق قەدىمكى ئىز بو-
لۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىزلاردۇر.
بۇنىڭ ئىچىدە ، قىسىل تاغ بۇددا ئىبادەتخانىسى ، چوداي تاغ قەلئەسى ، يايدى تىم ، چىلان تىم قاتارلىق
يۇقىرى قوغداش قىممىتىگە ئىگە. بۇ قەدىمكى ئىزلار ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرى شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ، كەلپىندە نۇرغۇن بوران - چاپقۇن ، ئۆز-
گىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ، باشتىن - ئاياغ ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ ئانىسىنىڭ قويىندا تۇ-
رۇپ كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى كەلپىننى ئورتاق ئېچىش ، گۈللەندۈرۈش داۋامىدا ، ۋەتەننىڭ چېگرا را-
يوننى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغاندىن كېيىن ، سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ۋە راۋاجلان-
دى. دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان ھەر مىللەت خەلقى باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولدى ، ئۆز
- ئارا ياردەم بېرىپ ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ، ئورتاق گۈللەندى ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشاپ ،
خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغان ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدى-
غان يېقىن مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆ-
چۈپ يۈرمەكتە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نۇرغۇن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار نەمۇنىچى شەخسلەر مەي-
دانغا كەلدى.

مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) كەلپىن ئامبال بېگى تەسىس قىلىنغان ، مىنگونىڭ 19 - يىلى
(1930 - يىلى) كەلپىن ناھىيىسى قۇرۇلغان. شۇ چاغدا كەلپىن ناھىيىسىدە 1000 غا يېقىن ئائىلە ، تەخ-
مىنەن 5000 دەك نوپۇس بار ئىدى. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولدى. 12 - ئايدا جۇڭ-
گو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئەۋەتكەن يەرلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلپىنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ھەم ئىككىن-
چى يىلىنىڭ بېشىدا خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ كەلپىن سوتسىيالىستىك يېڭى
دەۋرگە قەدەم قويدى ، تۈرلۈك ئىشلار تېز تەرەققىي قىلدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئۈچ يېزا ، بىر با-
زار ، بىر مەيدان ، 6448 ئائىلە ، 34 مىڭ 158 نوپۇس بولۇپ ، ئۇلار ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قىرغىز ، خۇيزۇ قا-
تارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 33 مىڭ 179 نەپەر بولۇپ ، ئومۇمىي ئاھال-
نىڭ 97.34 پىرسەنتىنى ، خەنزۇلار 909 نەپەر بولۇپ ، %2.66 نى ئىگىلىدى ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاھال-
سى ناھايىتى ئاز.

www.uyghurkitap.com

كەلپىن خەلقى شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ ، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىدۇ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرىدە ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى ياراتتى ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزلار ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى باتۇرلارچە تەقدىم قىلدى. چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى ( 1765 ـ يىلى) ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ، قىسمەن كەلپىنلىكلەر ئۇچتۇرپانغا بېرىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان؛ ياقۇپ بەگ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ چىلان ئۆتەڭنى ئىشغال قىلىۋالغان چاغدا ، كەلپىن خەلقى ياقۇب بەگ تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلغان؛ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇتاشقاندا ، كەلپىن خەلقى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشقان؛ ئابدۇنىياز شىڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق كۈرەش باشلىغاندا ، كەلپىن خەلقى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ مەدەت بەرگەن؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ، كەلپىن خەلقى ئالدىنقى سەپنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، بىر قانچە قېتىم پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلغان؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، بىر قىسىم كەلپىنلىكلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنىغا قاتناشتى؛ مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى ) ، كەلپىندىكى ئىلغار ياشلار شەھەر ـ يېزىلاردا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولدى ، يىل ئاخىرىدا ، كەلپىن خەلقى چىلان ئۆتەڭدە پونكىت قۇرۇپ ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى ھەم قوشۇنغا گۆش قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى؛ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلىدە ، كەلپىن خەلقى ئاكتىپ تۈردە پۇل ، ماددىي ئەشيا ، چارۋا مال ئىئانە قىلىپ ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلدى ھەم ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەر بولۇشقا ئۆزلىرىنى بەس ـ بەستە مەلۇم قىلدى.

كەلپىن خەلقى تىرىشچان ، سەممىي خەلق. ئۇلار جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ، كەلپىن بوستانلىقىنى ئاچقان ، گۈللەندۈرگەن. لېكىن ، كونا جەمئىيەتتە كەلپىننىڭ تۇرلۇك ئىشلىرى ئىنتايىن ئارقىدا قالغان ، سۇ مەنبەسى كەم ، تەبىئىي ئاپەت كۆپ بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۈرلەر ، پومېشچىكلار ، يەرلىك زومىگەرلەر ئاپاق ـ چاپاق بولۇۋېلىپ ، ھوقۇق تالىشىپ ، سۇنى ئىگىلىۋالغاچقا ، كەلپىننىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولغان ، خەلق ئاممىسى يەتكىچە زۇلۇم تارتقان ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب چەككەن ، ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرگەن ، كۆپلىگەن كىشىلەر باللىرىنى ئېلىپ قەھەتچىلىكتىن قېچىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ، ئۇچتۇرپان ،باي قاتارلىق جايلاردا ئازادلىقتىن بۇرۇن قېچىپ چىقىپ كېتىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كەلپىنلىكلەر ئاز ئەمەس. 1949 ـ يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە بەزى كىچىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىلا بار ئىدى ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاران 4 مىليون 240 مىڭ جىڭ ، ياغلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 24 مىڭ جىڭ ، يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 34 مىڭ تۇياق بولۇپ ، بۇ ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرالمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، خەلق ئاممىسى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولدى ، خوجايىن بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كەلپىندە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش يېتەكچى قىلىنىپ ، سانائەت ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلۇپ ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن ، تۈرلۈك ئىشلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 40 يىلدىن بۇيان جەمئىي 252 تاناپ ئۆستەڭ چېپىلىپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 758 كىلومېترغا يەتتى؛ 356 چوڭ ـ كىچىك سۇغۇچ ياسالدى ، بەش توغان ، ئىككى سۇ

باشلاش قۇرۇلۇشى ياسالدى. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 8 مىليون 33 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنـ
دى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا پۇختا قەدەم بىلەن مەھسۇلات ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرـ
تى ھازىرلاندى. 1990 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليون كىلوگرامدىن
كۆپرەككە يېتىپ، 1994 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ ياغلىقدان ئومۇمىي
مەھسۇلاتى 300 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكى مەھسۇلاتنىڭ 12.5 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛
چارۋا 104 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشتى؛ مېۋىلىك باغ 8288
موغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئائىلىگە
بىر مودىن ئارتۇقراق باغ توغرا كەلدى. سانائەت، قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف يوقلۇقتىن بارلىققا كېـ
لىپ، ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 403 كىلومېتىر تاشيول بولۇپ، بۇنىڭ ئىـ
چىدە ئاسفالت يول 142 كىلومېتىرغا يەتتى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى. يول
يۈزى كەڭ ۋە تەپ ـ تەكشى بولۇپ، يول بويىدا دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ناھىيە بازىرىـ
نىڭ قىياپىتىمۇ تولۇق ئۆزگەردى، ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بويىچە
150 ئاپتوموبىل، 237 تراكتور بار. پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 158 كىلومېتىر. ماددىي تۇرمۇشـ
نىڭ غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مەدەنىي تۇرمۇشمۇ مۇناسىپ ھالدا بېيىدى. ناھىيىدە بىر
تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ ئۇلاپ قويۇش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنى كۆرەلەيدىغان ئاھالە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ
80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىدە
بار بولدى. تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، شەھەر ـ يېزىلاردا بىر قەدەر مۇـ
كەممەل ئۈچ دەرىجىلىك سەھىيە تورى قۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەـ
رىجىدە ئۆستى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئاشقازاننى كېسىپ ئېلىۋېتىش، قورساقنى يېرىپ بالىنى ئېلىش
قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارالايدۇ. چېلىشىش كەلپىن تەنتەربىيىسىدىكى كۆچلۈك
تۈر بولۇپ، ئاپتونوم رايونغا خېلى كۆپ يارامىلىق چېلىشچىلار يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. كەلپىن چېلىشىش كوـ
ماندىسى ئىككى قېتىم ئاقسۇ ۋىلايىتى نامىدىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىگە قاتناشتى ھەم كوللېكتىپ 2
ـ لىككە ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل تاۋارلارنىڭ
ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 4 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ساپ سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون 470 مىڭ
يۈەنگە، تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا
كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 295 يۈەنگە، شەھەر ـ يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل 7 مىليون 416 مىڭ
يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل 3 مىليون 172 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت، يېـ
زا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 470 مىڭ يۈەن (1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بوـ
يىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. كەلپىننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋـ
زەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يېـ
ڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتىن
كەلپىنگە ناھايىتى زور ياردەم بەردى، نۇرغۇن جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار قىلدى. نۇرغۇن تېخنىكا ئىختىـ
ساس ئىگىلىرى ئىچكىرىدىن چېگرا رايونغا كەلدى. 30 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت كەلپىنـ
گە ئاز كەم 80 مىليون يۈەن مالىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى.

كەلپىنلىكلەر مەكتەپ مائارىپىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى
شۆتاڭ (خەنزۇچە ئوقۇيدىغان مەكتەپ) تىن مىنگو دەۋرىدىكى ئۈيۈشما، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكـ
تەپلەرگىچە ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانـ
دىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى مەكتەپ مائارىپىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتتى، ماـ

ئارىپقا ئىختىساس ئىگىلىرىنى كەڭ جەلب قىلىپ ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى جۇش ئۇرۇپ راـ
ۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە
كىرىش نىسبىتى 97.5% كە يېتىپ ، باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتى ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 94.6% كە
يېتىپ ، ئۇنى ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ، كەلپىن ناھىيىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۇرـ
كۈمدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانلىقـ
تىن كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسمۇ تەدرىجىي ئۆستى ، كەلپىن كىچىك ناھىيە بولسىمۇ ، ئۇرغۇن ئالىي مەكـ
تەپ ئوقۇغۇچىلىرى ، ھەتتا ئالىم ، مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغانـ
دا ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا ئىشلەيدىغان كەلپىنلىك ئەدىب ، سەنئەتكار ۋە پروفېسسورلار 19 غا ، ناـ
ھىيە ، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 64 كە يەتكەن. ئابدۇللا تالىپ يازغان
رومان «قاينام ئۆركىشى» ، «چالا تەككەن ئوق» ۋە ئايۇپ سامساقنىڭ قوشاقلار توپلىمى ھەمدە ئىسكەنـ
دەر ھەققۇلنىڭ لەتىپىلەر توپلىمى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ ، پۈتۈن شىنجاڭدا مۇـ
ئەييەن تەسىر پەيدا قىلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 760 نەپەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ ، بۇـ
نىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 634 ، ئىنژېنېر دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 116 نەپەر ، شۇڭا
كىشىلەر دائىم «كەلپىندىن ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپ چىقىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

كەلپىن راۋاجلانماقتا ، كەلپىن ئالغا باسماقتا ، بىراق ، ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىت تۈپەيلىدىن ، ئاـ
ساسلىقى ، سۇ مەنبەسى كەم بولغانلىقتىن ، پۈتۈن ناھىيە بىر قەدەر چوڭ ئىككى بۇلاق سۈيى ئېقىنىغىلا تاـ
يىنىپ سۇغىرىش ۋە تۇرمۇشقا كېتىدىغان سۇنى ھەل قىلىدىغان بولغانلىقتىن ، كەلپىننىڭ ئىگىلىك تەرەققىياـ
تى چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلمەكتە . 1985 ـ يىلى كەلپىن دۆلەت تەرىپىدىن نامرات ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈـ
زۈلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 1803 نامرات ئائىلە ،8300 دىن ئارتۇق نامرات ئاھالە بار ئىدى ، گەرچە
1985 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بەش يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆپ
قىسمىنىڭ قورساق توق ، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما يەنىلا 127 ئائىـ
لە ، 711 ئادەم تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن زور سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپـ
چانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ،
كەلپىن ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، سۇ يېتىشمەسلىك ، تېخنىكا كۈچى ئاجىز بولۇشتەك پايدىسىز ئاـ
مىللارنى تىرىشىپ يېڭىپ ، دۆلەتنىڭ ياردىمى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىـ
سىدا ناھايىتى تېزلا تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ناھىيىلەر قاتارىدىن ئوـ
رۇن ئالغۇسى. كەلپىنلىكلەردە :«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دەيدىغان تەمسىل بار. كەلپىننىڭ گۈلـ
لەپ ، روناق تېپىشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى.

www.uyghurkitap.com

# چوڭ ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چوڭ ئىشلار

## ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 171 - يىلدىن مىلادى 1990 - يىلغىچە )

### خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋر

**غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى 9 - يىلى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 171 - يىلى )**

غەربكە كۆچكەن توخرىلار ۋە ساكلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى كەلپىن ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىگە ئورۇنلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى .

**غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى )**

غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قوررۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى باشقۇرغاندا ، كەلپىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ 16 - يىلى ( مىلادى 40 - يىلى )**

ھونلار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ، كەلپىن يەكەن بەگلىكىگە تەۋە بولدى .

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 3 - يىلى ( مىلادى 60 - يىلى )**

كەلپىن سۇلې بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .

**شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى ( 91 - يىلى )**

خەن سۇلالىسى كۇسەندە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندا ، كەلپىن سۇلې بەگلىكىگە قارام جاي بولدى .

**غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ شيەننىڭ 3 - يىلى ( 277 - يىلى )**

شىمالىي ھونلارنىڭ بىر قەبىلىسى ھازىرقى كەلپىن ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى .

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ 3 - يىلى ( 522 - يىلى )**

كەلپىن تۈرك خانلىقى تەۋەلىكىدە بولدى .

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 14 - يىلى ( 640 - يىلى )**

تاڭ سۇلالىسى قوجۇدا ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇردى ( كېيىن كۇسەنگە يۆتكىدى ) ، كەلپىن ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 3 - يىلى ( 744 - يىلى )**

كەلپىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭفۇ 2 - يىلى ( 893 - يىلى )**

كەلپىندە توققۇز گۇمبەز ئىبادەتخانىسى سېلىندى .

**سۇڭ تەيزۇڭنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 7 ـ يىلى ( 982 ـ يىلى )**

كەلپىن دائىرىسى قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت زېمىنى بولغان ، قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كەلپىن ئۇلارغا قارايدىغان بولدى .

**مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدې 9 ـ يىلى ( 1514 ـ يىلى )**

كەلپىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .

شۇ يىلى باشقا جايلارنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى كەلپىنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ، بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى ( 1758 ـ يىلى )**

ئاقسۇخان ئامبىلى كەلپىنگە ھاكىم بەگ قويدى .

شۇ يىلى چوڭ ، كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈردى . خوجا جاھان كەلپىنگە چېكىنىپ ، يايدىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن قارشىلاشتى ، ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغاندىن كېيىن ، قەشقەرگە قاچتى ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ يوقاتتى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى ( 1760 ـ يىلى )**

كەلپىن 3 ـ دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ بېكىتىلدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى ( 1761 ـ يىلى )**

كەلپىنلىك ئون كىشى بۇ يەردىن 607 جىڭ گۈڭگۈرت كولىۋالدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 30 ـ يىلى ( 1765 ـ يىلى )**

ئۇچتۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى ، كەلپىندىن نۇرغۇن كىشى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى ۋە قاتناشتى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 6 ـ يىلى ( 1826 ـ يىلى )**

جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قىسىملىرى قۇمباش دەرياسىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن مەغلۇب قىلىنغاندىن كېيىن ، جاھانگىر خوجا قىسىملىرىدىن 3000 دىن ئارتۇق كىشى چېكىنىپ كەلپىنگە كىردى . شۇ يىلى 11 ـ ئايدا چىڭ قوشۇنى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنى يەنە بىر قېتىم تارمار قىلىپ ، كەلپىننى قايتۇرۇۋالدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 10 ـ يىلى ( 1860 ـ يىلى )**

5 ـ ئايدا كەلپىندە 500 دىن ئارتۇق ئادەم ھۇجۇم بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل ئورنى چىلاننى ئالدى . 9 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەسكەرنى كۆپەيتىپ ، كەلپىنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4 ـ يىلى ( 1865 ـ يىلى )**

قوقانلىق ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى كەلپىننى ئىشغال قىلىۋالدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8 ـ يىلى ( 1882 ـ يىلى )**

كەلپىن ئاقسۇ كوناشەھەر مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى ( 1883 ـ يىلى )**

شۇ يىلنىڭ بېشىدا كەلپىندە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان 6 ـ دەرىجىلىك بەگ تەسىس قىلىندى .

شۇ يىلى 12 ـ ئايدا نەچچە ئون ئاتلىق بويرۇتلار كەلپىنگە باستۇرۇپ كىردى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى ( 1884 ـ يىلى )**

ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسى كەلپىندە سەييارە مۇپەتتىش بېگى تەسىس قىلدى .

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 17 - يىلى ( 1891 - يىلى )**

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەلپىندىكى 12 كەنت مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، مۆلدۈر بىر سائەت ياغدى، ئاشلىق، چارۋا زىيانغا ئۇچراپ، ئاپەت كېلىپ چىقتى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21 - يىلى ( 1895 - يىلى )**

كەلپىندىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاۋات، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28 - يىلى ( 1902 - يىلى )**

كەلپىن شۆبە مۇداپىئە ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ۋاڭ تىڭشياڭ نائىب ئامبال بولدى. ئاچال، چىلان ۋە 12 ئايماق (كەنت) نائىب ئامبالنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 - يىلى ( 1903 - يىلى )**

كەلپىن نائىب ئامبىلى ۋاڭ تىڭشياڭ كۆل ئايمىقىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىش راۋىقى ياساتىپ، كىشىلەرنى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30 - يىلى ( 1904 - يىلى )**

كەلپىن نائىب ئامبىلى ۋاڭ تىڭشياڭ كەلپىن بويىچە تۇنجى شۆتاڭ سالدۇرۇپ، يەرلىك مىللەتتىن 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى ( 1909 - يىلى )**

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسى كەلپىن شۆبە مۇداپىئە نائىب ئامبىلى تەكشۈرۈش باشقارمىسى مۇختارىيەت تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

8 - ئايدا ۋاڭ ياڭشى كەلپىننىڭ نائىب ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى ( 1910 - يىلى )**

8 - ئايدا كەلپىن نائىب ئامباللىقى مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى ۋە باشقارمىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى بەش باشلانغۇچ شۆتاڭ (مەكتەپ) قۇرۇلدى، ئۇنىڭ بەش نەپەر ئوقۇتقۇچىسى، 104 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى ( 1911 - يىلى )**

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كەلپىن شۆبە مۇداپىئە ناھىيىسى ۋە نائىب ئامبال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسى كەلپىندە سەييارە مۇپەتتىش تەسىس قىلدى.

## جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

**مىنگونىڭ 2 - يىلى ( 1913 - يىلى )**

كەلپىن سەييارە مۇپەتتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار ئاقسۇ ناھىيىسىگە تەۋە بولدى.

**مىنگونىڭ 4 - يىلى ( 1915 - يىلى )**

كەلپىن، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرى يايلاق مەسىلىسى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، قىرتاغنى چېگرا قىلىپ يايلاق ئايرىدى.

www.uyghurkitap.com

**مىنگونىڭ 6 - يىلى ( 1917 - يىلى )**

12 - ئايدا ئاقسۇ كەلپىندە ياردەمچى ئامبال تەسىس قىلىندى ، لى دېلياڭ ياردەمچى ئامباللىققا تەيىنلەندى .

**مىنگونىڭ 7 - يىلى ( 1918 - يىلى )**

كونا چىلانلىقلار ھازىرقى يېڭى چىلانغا كۆچۈپ چىقتى .

**مىنگونىڭ 8 - يىلى ( 1919 - يىلى )**

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جاڭ چىڭ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ياردەمچى ئامبىلى بولدى .

**مىنگونىڭ 10 - يىلى ( 1921 - يىلى )**

ھەببۇللا ۋە ياقۇپ ( خەنزۇچە ئىسمى يۈيىپۇ ) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ياردەمچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى .

**مىنگونىڭ 14 - يىلى ( 1925 - يىلى )**

لى يەنمىڭ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ياردەمچى ئامبىلى بولدى .

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلدى .

**مىنگونىڭ 15 - يىلى ( 1926 - يىلى )**

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بىلەن ئۇچتۇرپان ناھىيىسى يايلاق ئايرىش قاتارلىق ئىشلاردا يەنە بىر قېتىم كېلىشىم ھاسىل قىلدى .

**مىنگونىڭ 16 - يىلى ( 1927 - يىلى )**

فاڭ جۇشىن ، سۇن ۋېنجەن ، شۇ يېزىلار ئىلگىرى - كېيىن كەلپىن ناھىيىسىگە ياردەمچى ئامبال بولـدى .

**مىنگونىڭ 17 - يىلى ( 1928 - يىلى )**

خەن فالىي كەلپىن ناھىيىسىگە ياردەمچى ئامبال بولدى .

**مىنگونىڭ 18 - يىلى ( 1929 - يىلى )**

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھەببۇللا ( خەنزۇچە ئىسمى بۇنا ) كەلپىن ناھىيىسىگە ياردەمچى ئامبال بولـدى .

**مىنگونىڭ 19 - يىلى ( 1930 - يىلى )**

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى قۇرۇلۇپ ، ئاقسۇ مەمۇرىي تەپتىش ۋالى مەھكىمىسىنىڭ 4 - مەمۇرىي رايونىغا قارايدىغان بولدى . لى يۈچىڭ ھاكىم بولدى .

**مىنگونىڭ 20 - يىلى ( 1931 - يىلى )**

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئامانلىق قوغداش ئەترىتى ، مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى .

**مىنگونىڭ 21 - يىلى ( 1932 - يىلى )**

پىڭ يەن ، گو XX ، لى گودۇڭلار ئىلگىرى - ئاخىر كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى .

**مىنگونىڭ 22 - يىلى ( 1933 - يىلى )**

موللىنىياز ھاجى ۋە رىزاق ئىلگىرى - كېيىن كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى .

**مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى )**

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن يەرلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، باج ئېلىشنى باشلىدى .

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۈسۈپ داموللا كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى .

10 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ئاممىۋى بىرلەشمە بىلەن كەلپىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.

**منگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)**

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى هاكىم يۇسۇپ داموللا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت هاجىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، مەبلەغ توپلىشى ئارقىلىق كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۆت ئۇيۇشما باشقۇرىشىدىكى مەكتەپ قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى لىرۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز هاجى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قىر تاغنى كەلپىن بىلەن ئاقچىنىڭ غەربىي چېگرىسى قىلىپ بېكىتتى.

**منگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى)**

4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئايروپىلاندىن كاشلا چىقىپ، كەلپىن ئارا سايغا ئامالسىز قوندى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى هاكىم يۇسۇپ داموللا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ئارمىيىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق 32 ـ تۇەنىنىڭ 13 نەپەر كوماندىر ـ ئەسكىرى تۇەنجاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا كەلپىنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

شۇ ئايدا سايىت (خەنزۇچە ئىسمى شاڭ يىگجوڭ) كەلپىن ناھىيىسىنىڭ هاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى كەلپىندە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى كەلپىن خەلقى ئىئانە توپلاپ، خېنەن ئۆلكىسىدىكى خۇاڭخې ئاپەت رايونىغا ياردەم قىلدى.

**منگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى)**

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆلكە ئارمىيىسى 6 ـ شى 34 ـ تۇەنىنىڭ بەنجاڭى توختىنىياز يەتتە جەڭچى بىلەن كەلپىنگە كىرىپ سايىت ئابالدىن پانا تىلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ 6 ـ شىسىدىن 36 نەپەر ئەسكەر كەلپىنگە كېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋايىس بىلەن ساقچى تەپتىشى (دۇسا) خۇدا بەردىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

8 ـ ئايدا ئۆلكە ئارمىيىسى 6 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى ئابدۇ نىياز ئىسيان كۆتۈرگەن قوشۇننى باشلاپ كەلپىنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىسمائىل كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت هاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ كۈنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت هاجى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئاق ئورۇس ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ، تۈرمىدە قەتلى قىلىندى.

12 ـ ئايدا ياڭ جىداۋ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ هاكىملىقىغا تەيىنلەندى (ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلمىدى).

**منگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)**

1 ـ ئايدا شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەن قوغدىشىش ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېچە سائەت 11 دە شىڭ شىسەي تەكلىپ قىلغان سوۋېت ئارمىيىسى قىرغىز قىسمىنىڭ 1 ـ لىيەنى كەلپىن ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى مۇۋەققەت ھاكىم ئىسمائىلنى مەخـ پى قولغا ئالدى ، جاڭ ۋېنخۇەن مۇۋەققەت ھاكىم بولدى .

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھامۇت بەگ مۇۋەققەت ھاكىملىققا تەيىنلەندى .

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاقسۇ مەمۇرىي رايونلۇق دوختۇرخانا ئەۋەتكەن بىر دوختۇر كەلپىنگە كېلىپ ، تۇنجى قېتىم 148 كىشىگە چېچەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملىدى .

شۇ ئايدا شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش جەمـ ئىيىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك شۆبىسى ئۈچ تۈرلۈك ئىئانە پۇلدىن جەمئىي 24 مىليون 982 مىڭ 350 سەر تەڭـ گە ( ئۆلكە پۇلى ) نى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا تاپشۇردى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار ئىئانە قىلغان پۇل 1 مىليون 518 مىڭ 900 سەر تەڭگە ) .

10 ـ ئايدا كەلپىنلىك ئابدۇرازىق ھامۇت ئاقسۇدىن بىر ۋېلىسىپىت سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلدى .

شۇ ئايدا قىرغىز لىيەنى بىلەن كەلپىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى 80 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېـ لىپ ئاقسۇغا ئاپىرىپ بەردى ، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى .

**مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى )**

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلپىن خەلقى 6 مىليون سەر تەڭگە ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلدى .

2 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى چېڭ جيۇكې ئاقسۇ ، ئاقسۇ كونا شەھەر ، ئاۋات ، كەلـ پىن باج ئىدارىلىرىگە مۇئاۋىن باشلىق بولدى .

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كەلپىندىن 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئاقسۇ ـ قەشقەر تاش يولنى ياساشقا قاتنىشىپ ، 160 چاقىرىم يولنى ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى .

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدىكى 20 نەپەر ئوقۇغۇچى ئاقسۇ مەمۇرىي رايوندا ئۆتكۈـ زۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتى .

**مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى )**

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى خۇاڭ منفۇ ( يەنى خۇاڭ خۇچىڭ ، جۇڭـ گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ) جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن كەلپىنگە كەلدى ، تەكشۈرۈش ئۆمىكى ناھىيىلىك مەھكىمە ھويلىسىدا خەلققە كىنو قويۇپ بەردى ، نۇرغۇنلىغان ئاما كىنو كۆردى .

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ھامۇت بەگنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلاپ قولغا ئالدى ، خې جۇنشيۇنى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى .

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ مەمۇرىي رايونلۇق دوختۇرخانا ئىمام ۋە ئىدرىس دېگەن ئىككى دوخـ تۇرنى كەلپىنگە ئەۋەتتى . ئۇلار بىر يېرىم ئاي ئىچىدە 4576 ئادەمگە چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملىدى .

4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق كۇمۇت تاغدا كۆمۈر بارلىقى ئېـ نىقلاندى .

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى ، ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى خۇاڭ منفۇ دوختۇر دادانوۋانى كەلپىنگە كېسەل داۋالاشقا ئەۋەتتى ۋە كېسەل تارقالغان رايونـ

نىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىنىڭ باشلىقى خۇاڭ مىنفۇ كەلپىن ھاكىمىغا 300 ئادەم ئەۋەتىپ ئاقسۇ - چىلان ئۆستىڭىنى داۋاملىق چېپىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇدا قارا يامغۇر يېغىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىگە چوڭ زىيان سالدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىئانە توپلاپ كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ناھىيىلىك چوڭ كۇلۇبنى سالدى.

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە ماركسىزم - لېنىنىزمغا دائىر كىتاب - ژۇرناللار تارقىلىشقا باشلىدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 70 تىن ئارتۇق ئادەمنى ئالتايغا « ئالتۇن كولاش » ھاشىرىغا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى ئاچال كۆۋرۈكى سېلىندى.

**مىنگونىڭ 30 - يىلى ( 1941 - يىلى )**

9 - ئايدا خې جۇنشيۇ ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۈچۈن 4169 يۈەن ئىئانە توپلاپ يۇقىرىغا تاپشۇردى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى يوللار كېڭەيتىلىپ ياسالدى.

شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كەلپىننىڭ كان مەھسۇلاتلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈردى.

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدىن 400 دىن ئارتۇق ئادەم بېرىپ كونا خاڭ گۇڭ ئۆستىڭىنى چاپتى ھەم ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى كەلپىن ئاچالغا ئېلىپ كېلىشكە تەييارلىق قىلدى.

**مىنگونىڭ 31 - يىلى ( 1942 - يىلى )**

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋاڭ يۈگېي كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا ئاقسۇ مەمۇرىي رايونى تۇنجى قېتىم كەلپىنگە ئون قاپ پىلە ئۇرۇقى تەقسىم قىلدى.

**مىنگونىڭ 32 - يىلى ( 1943 - يىلى )**

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىشقا باشلىدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋاڭ يۈگېي كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋاڭ ۋېندا ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

**مىنگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى )**

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن كەلپىن ناھىيىسىگە 5000 دانە قىل تاغار تاپشۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇ ۋەزىپە ناھىيە بويىچە خەلققە سېلىق قىلىپ چېچىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەربىي ترانسپورتقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، كەلپىن ناھىيىسىگە يۇقىرىغا 1000 تۆگە تاپشۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە 20 مىڭ جىڭغا يېقىن ئاشلىق تاپشۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە باغ ـ جىيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، بىر بازار ، ئىككى يېزا ، 24 باغ ، 139 جىيا تەسىس قىلىندى . مىنگونىڭ 34 ـ يىلى ( 1945 ـ يىلى ) بۇ تۈزۈم ناھىيە بويىچە ئورنىتىلىپ بولۇندى .

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە « تۆمۈر ئاخۇن چۈشەندى » دېگەن دراما تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئوينالدى .

**مىنگونىڭ 34 ـ يىلى ( 1945 ـ يىلى )**

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ئاياللار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى .

4 ـ ئاينىڭ 25 كۈنى ۋاڭ ۋېندا ھاكىملىق ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇپ ، جۇ مىڭيۈەن ھاكىملىققا تەيىنلەندى .

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلۇپ ، تۇنجى قېتىملىق كېڭەش يىغىنى ئېچىلدى .

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى .

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەشھۇر زات ھاپىز ئاخۇن داموللا ئاقسۇدا گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى قۇرۇلدى ، 100 ئادەم قۇرۇق قول مەشىق قىلىشقا قاتناشتى .

شۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە قۇرۇق ئىسسىق شامال ئاپىتى ۋە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى .

**مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى )**

5 ـ ئايدا گومىنداڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى .

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تاھىر بارات ھاكىملىققا سايلاندى .

شۇ ئايدا ئىمىن نىياز ، خۇدۇيۇمبەردى سېلىم ، قادىر ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەر ناھىيە بويىچە تۇنجى گېزىت — « ئىتتىپاق گېزىتى » نى چىقاردى ( ئۇيغۇرچە ، شاپىگراف باسمىسى ) .

**مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى )**

ئەتىيازدا بىر قىسىم كەلپىن ياشلىرى بىلەن ساقچىلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى ، ئاقسۇدىن بىر لىيەن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىنىپ ۋەقە باستۇرۇلدى .

4 ـ ئايدا ياقۇپ قازى گومىنداڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى .

**مىنگونىڭ 37 ـ يىلى ( 1948 ـ يىلى )**

كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئەمەلدار ، تۆرىلەر مەنسەپ ـ ھوقۇق تالىشىپ ، مەزھەپچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ ، بەش ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى .

**مىنگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـ يىلى )**

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاھىر بارات ھاكىملىقتىن قالدۇرۇلۇپ ، ئابلىز مۇۋەققەت ھاكىملىققا تەيىنلەندى .

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ، 26 ـ كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

## 1949 ـ يىلى

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى تەبرىكلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى چىلاندا بېكەت قۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى ھەم 200 قوي تەييارلاپ خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

12 ـ ئاينىڭ بېشىدا چىلاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 37 مىڭ 200 خادىمى، 2000 ئېتى ئۆتتى. كەلپىن خەلقى ئۇلارنى قىسمەن ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىمرباقى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

## 1950 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەبرىكلەندى.

3 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۈن 5 ـ شىسىدىن تيەن دېسەي، جاڭ گۇڭباۋ قاتارلىق ئون كىشى كەلپىنگە كېلىپ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانغا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە نەزىر قىلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە باۋ ـ جيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون، يېزا تەسىس قىلىندى.

4 ـ ئايدا ناھىيىدە ئېغىر قۇم، بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، 1436.5 مو يەردىكى بۇغداي مايسىسى قۇرۇپ كەتتى.

شۇ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئىمرباقى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تيەن دېسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ تۇنجى شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ گۇڭباۋ سوت مەھكىمىسىنىڭ قوشۇمچە باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يەن شىمىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىدىكى بارلىق مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 80 نەچچە كىشى پارتىيىنىڭ سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە 1 ـ تۈركۈم ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇل-

دى .

8 ـ ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى قۇرۇلدى .

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ، رايونلۇق سۇ ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلۇپ ، ناھىيىدىكى بارلىق ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى .

10 ـ ئايدا كەلپىن چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇرۇمچى ـ قەشقەر تاش يولى چوڭ رېمونت قىلىندى .

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ ، دەسمايىسى ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى .

11 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئۈچ رايون ، بەش يېزا ، ئون مەمۇرىي كەنت قۇرۇلۇپ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تاماملاندى .

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى .

شۇ يىلى چارۋىلاردا ئاقسىل كېسىلى يۈز بەردى ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن دوختۇرلار كېلىپ داۋالاش ، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى ؛ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى » ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، توي قىلىدىغانلارنى تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرىلىدىغان بولدى ؛ ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى ، ياشلار ئۇيۇشمىسى ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىللەندى ؛ تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى ؛ 18 ساۋات چىقىرىش سىنىپى تەشكىللەندى ؛ ناھىيە بويىچە خەلق ئاممىسى 2528 نۇسخا « خەلق غالىبىيىتى » ناملىق ئەمەلىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان زايوم سېتىۋالدى ؛ ناھىيە بويىچە خەلق ئاممىسى 29 مىڭ 745 يۈەن ئىئانە توپلاپ ، شاڭخەيدىكى ئىشسىز قالغان ئىشچىلارغا ۋە غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشتا قۇربان بولغان قەھرىمانلار ئۈچۈن خاتىرە مۇنارىسى سېلىشقا ياردەم بەردى .

## 1951 - يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى .

2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ پۇل ، مال ئىئانە قىلىنىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىلدى ھەم ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم 38 كىشى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى .

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى .

5 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى ئاچالغا كۆچۈرۈلدى ( ئۇزاق ئۆتمەي يەنە قايتۇرۇپ كېلىندى ) ھەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى .

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 2816 ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ ، 21 كۈن ئىچىدە « خەلق ئازادلىق ئۆستىڭى » قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى .

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاچال خەلقى « غالىبىيەت توغىنى » نى ياساپ پۈتتۈردى .

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھاكىم ئىمىر باقى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ، شىنجاڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى .

6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى ھەمكارلىق گۇرۇپپا — ئاچال يېزا كۆل كەنت كۆك توغراق يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى .

شۇ ئايدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ « خەلق ئازادلىق ئۆستىڭى » نى بۇزىۋەتتى ، ناھىيە بويىچە 3480 ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ ئۆستەڭ قايتا رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ ، ئۇنى كېيىن يەنە كەلكۈن بۇزىۋەتتى .

www.uyghurkitap.com

8 ـئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 10دا ، گۈڭگۈرت كېندا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ ، بەش كىشى ئۆلۈپ كەتتى .

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تۈنجى قېتىم ناھىيە ، يېزا ، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلدى .

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم باغلىق كەنتىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش بويىچە سىناق خىزمىتى ئېلىپ باردى .

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى زومىگەر پومېشچىك ئەمەت شاكىيۇغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ، 2 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىجرا قىلىندى .

11 ـ ئايدا ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى .

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا كەلپىندىن چىققان ساپ گۈڭگۈرت كۆرگەزمە قىلىندى .

شۇ ئايدا ناھىيەدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان تۈنجى قېتىملىق تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى .

شۇ ئايدا پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئىئانە توپلاپ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى .

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرۇلدى .

شۇ يىلى ئىككى قېتىم ئاخۇنلار يىغىنى ئېچىلدى ، ھەر قېتىمقى يىغىنغا 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىپ پارتىيىنىڭ فاڭجېن ، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى .

## 1952 ـ يىلى

1 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى .

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم رايون دەرىجىلىك كادىرلار ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئورگان خادىملىرىدىن بولۇپ ، جەمئىي 150 كىشى قاتناشقان چوڭ يىغىن ئاچتى . ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى تيەن دېسىي « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى ھەققىدە سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى . شۇندىن كېيىن ناھىيە بويىچە « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى باشلاندى .

4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى .

6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق شىپاخانىسى قۇرۇلدى .

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلىنىپ ، 1953 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاياغلاشتى .

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى « كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ، ئىجارە ھەققىنى ، ئۆسۈمنى كېمەيتىش ، 1 ـ ،2 ـ قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى » ئاچتى . كۆرگەزمىگە 23 يۈرۈش ، 150 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل رەسىم قويۇلدى .

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى .

10 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا سىنىپىي تەركىب ئايرىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى . 38 ئائىلە پومېشچىك ، 77 ئائىلە باي دېھقان ، 116 ئائىلە ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ،1740 ئائىلە ئوتتۇرا دېھقان ، 943 ئائىلە كەمبەغەل دېھقان ، 183 ئائىلە ياللانما دېھقان ، 15 ئائىلە باشقا تەركىب قىلىپ ئايرىپ چىقىلدى .

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى باغلىق يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتى داۋامىدا يېـ

زىلاردىن تۈنجى تۈركۈمدە يەتتە كىشى ج ك پ نىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى ھەم باغلىق كەنتىدە تۈنجى يېزا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە رادىئو پونكىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلـ دى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

**1953 - يىلى**

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يەن زېمىن كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چوڭ زالغا يىـ غىلىپ، ستالىننىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلـ دى.

4 ـ ئايدا شىنخۇا كىتابخانىسى كەلپىن ناھىيىلىك ۋەكالىتەن سېتىش دۇكىنى تىجارەت باشلىدى.

5 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم54 مو كۆممىقوناق تېرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە مەسىلە ساقلانغانلىقتىن، كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە ناھىيىلىك پارتكومدىكى باشقا مەسئۇل كادىرلار ناھىيە بويىچە ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلـ دى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي سايلام سىناق خىزمىتى باشلىنىپ، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈـ نى ئاياغلاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە مىللىي سىياسەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش قانات يايدۇرۇلۇپ، يېرىم يىل داۋاملاشتۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 56 ياشلىق ياسىن ئاخۇن (گەزلىك يېزىسىنىڭ پاسۇن كەنتىدىن) بىر بۆرىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

11 ـ ئايدا «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە زەربە بېرىلگەن 23 «چوڭ يولۋاس» (چوڭ خىيانەتـ چى) قايتا تەكشۈرۈلۈپ، تۆت كىشىگە بېرىلگەن جازا بىكار قىلىندى.

شۇ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاياغلاشتى، ناھىيە بوـ يىچە ئومۇمىي نوپۇس 16 مىڭ 127 بولۇپ چىقتى.

**1954 - يىلى**

1 ـ ئايدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ناھىيە بويىچە 3195 مو يەردىكى كۈزگى بۇغداي ئۇششۇپ نابۇت بولدى، 2239 تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەشكىللەندى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيى ئېچىلـ دى ھەم جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىنى قۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق سودا ـ سانائەتچىلەر يىغىنى ئېـ

www.uyghurkitap.com

چىلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى (لايىھە)» نى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە 1 ـ ۋە 2 ـ رايوندا ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا 42 ئائىلىلىك دېھقان قاتناشتى.

ياز پەسلىدە ناھىيىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپ ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كوپېراتىسىيەلەشتۈرۈش سىناق خىزمىتى باشلىنىپ، 2 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاياغلاشتى، جەمئىي ئالتە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، 183 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا كىردى.

شۇ يىلى بانكا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا 91 مىڭ 513يۈەن 59 پۇڭ قەرز پۇل بەردى.

شۇ يىلى ناھىيە دائىرىسىدە تارقىلىشچان، يۇقۇملۇق قىزىل كېسىلى پەيدا بولدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنى داۋالاش ـ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش ئارقىلىق يوقاتتى.

## 1955 ـ يىلى

1 ـ ئايدا مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ھەم ئەسكەر ئېلىش باشلاندى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك گۈڭگۈرت كېنى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە 1 ـ قېتىملىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

3 ـ ،4 ـ ئايلاردا سۇ، ئوت ـ چۆپ قىس بولغاچقا، 3428 چوڭ ـ كىچىك چارۋا ئۆلۈپ كەتتى.

5 ـ ئايدا سېرىق توغراق، توڭگۇز بۇرۇن، تېرەك ئاۋات، سارىم قاتارلىق جايلاردا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. ناھىيە بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە سەككىز باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى، 138 دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، 335 پەسىللىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا كەلپىنگە ئات سۆرەيدىغان تۆنجى ئورما ئورۇش ماشىنىسى ئېلىپ كېلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قارا كۆل تەبىئىي ئورمانلىقنى قوغداش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى سودا ۋە يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم 25 مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە چىلگە قوناق تېرىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىنى قەشقەر ـ ئۈرۈمچى تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تاشيول پۈتۈپ، ئاپتوموبىل قاتنىدى.

## 1956 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە كوپېراتىسىيىلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چوڭ يىغىن ئېچىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە بەش قول سانائەت كوپېراتىپى، بىر قول سانائەت گۇرۇپپىسى، ئۈچ ئېلىپ ـ ساتارلار شېرىكلەشكەن گۇرۇپپا تەشكىللەندى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك كەلپىن ناھىيىلىك پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 138 كىشى قاتناشقان دىنىي زاتلار يىغىنى ئېچىلىپ ، شەخسلەر ئاچقان ئىككى دىنىي مەكتەپ تاقىۋېتىلدى .

7 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت بېكىتى قۇرۇلدى ھەم يولۇچى توشۇش كەسپى يولغا قويۇلدى .

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى .

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ، قول سانائەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ ، ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى .

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 2 ـ رايوننىڭ ئارايماق يېزىسىدا قىزىل كېسىلى تارقالدى .

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلپىن ناھىيىسگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى .

شۇ ئايدا ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى .

12 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى گەزلىك يېزىسىدىكى قوشاقچى ئايۇپ سامساقنىڭ قوشاقلار توپلىمىنى نەشر قىلدى .

شۇ يىلى بۆرىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولغانلىقتىن ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى خەلق ئاممىسىنى بۆرە يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى .

شۇ يىلى ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى .

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەرلەر ئۆلچەپ چىقىلدى .

## 1957 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى . قۇربان قەمبەر كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى .

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاڭ سۇنجۇ كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى .

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى .

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى .

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە يەتتە يېزا ، 18 ئالىي كوپېراتىپتا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ ، « چوڭ ئېچىلىش ، چوڭ سايراش » ئېلىپ بېرىلدى ، بۇ ھەرىكەت 2 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاياغلاشتى .

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەركەزنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ، تۈزىچىلىككە ، مەزھەپچىلىككە ، سوبيېكتىۋىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى ، بۇ ھەرىكەت 42 كۈن داۋاملاشتى .

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى ئۇچتۇرپان ، كەلپىن ، ئاقچى ناھىيىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ ، چارۋىچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى .

12 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئاشلىق ۋە ياغنى بىر تۇتاش سېتىش ـ سېتىۋېلىش ھەم نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى .

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 18 يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ناھىيە بازىرىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا كۆلدە ، بىنەم ئېچىپ ، ئېتىز بەرپا قىلدى .

www.uyghurkitap.com

## 1958 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ناھىيە بويىچە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلۇپ ، 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاياغلاشتۇرۇلدى ، توققۇز كىشى خاتا ھالدا «ئوڭچى ئۇنسۇر» دەپ بېكىتىلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە پاختا بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ ، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاچقان كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ، «ئوڭچىل كونسېرۋاتىپ» ئىدىيىلەرنى تەنقىد قىلدى ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 1958 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى يېڭىباشتىن بېكىتتى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاچال كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى ، قۇرۇلۇش 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پۈتتى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى ، مۇھىم كۈنتەرتىپى پۈتۈن پارتىيىنى يېزا ئىگىلىكىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نى ئىلگىرى سۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش ، ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يەكۈنلەشكە بىرىكتۈرۈپ ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 12 يىللىق پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ ، 1958 - يىللىق شتاتنى تەرتىپكە سېلىش ، خىزمەتچى خادىملارنى قىسقارتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ، يىغىندىن كېيىن 19 كىشى خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلدى ، 15 كىشى تۆۋەنگە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا چۈشۈرۈلدى ، ئىككى كىشى يېزىغا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا قايتۇرۇلدى ، 11 كىشىنىڭ خىزمىتى يېڭىباشتىن تەڭشەلدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇربان قەمبەر ھاكىملىققا سايلاندى.

6 - ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىنى ھەمدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۈزۈش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيە بويىچە كادىرلار ۋە ئامما كۆچا ناھىيىسىدىكى سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە ماددىي ئەشيا ۋە نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك «تۆت زىيانداش» (يەنى چاشقان ، چىۋىن ، پاشا ، قۇچقاچ كېيىنچە چۈشا) نى يوقىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا كەلپىن ناھىيىسىدە گۇڭشېلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 3655 دېھقان ئائىلىسىنىڭ ھەممىسى گۇڭشېغا كىردى ، ئەسلىدىكى ئۈچ رايون ئاساسىدا ئۈچ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى ھەمدە ئۇلارغا «1 - ماي» گۇڭشېسى ، «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسى ، «1 - ئۆكتەبىر» گۇڭشېسى دەپ نام بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم كوپېراتىپ ئەزالىرى گۇڭشېغا كىرگەندىن كېيىن ، ئەسلىدىكى ئەزالارغا تەئەللۇق بولغان قالدۇرۇق يەر ، باغ ، دەل - دەرەخلەر بىردەك گۇڭشېنىڭ كوللېكتىپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ (ئۆي ئەتراپىدىكى پارچە - پۇرات مېۋىلىك باغ ۋە دەل - دەرەخ بۇنىڭ سىرتىدا) دەپ قارار چىقاردى.

شۇ ئايدا ناھىيە بازىرىدا تېلېفون تۇتاشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە 2467 ئادەم باي ۋە ئاتۇش ناھىيىلىرىگە بېرىپ پولات تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

11 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 160 ئاممىۋى ئاشخانا قۇرۇلۇپ، ئاشخانىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاـ شۇرۇلدى؛ 41 يەسلى، ئۈچ قېرىلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە 1958 ـيىللىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋـ چىلىق، سۇ ئىشلىرى جەھەتتىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى؛ يىغىنـ دا 36 كىشى مۇكاپاتلاندى.

شۇ يىلى بىر دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى، تۆت يەرلىك خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلدى.

## 1959 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 15 .120 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاچال توغىنىنى يېڭىباشتىن ياساش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پۈتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا سوۋېت ئىتپاقىدا ئىشلەنگەن 28 ئات كۈچىگە ئىگە تراكتوردىن بىرسى سېتىۋېلىندى.

شۇ ئايدا گۇڭشې ئەزالىرىغا« ماناش تارقىتىش» يولغا قويۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇـ رۇلتايدا پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ جىڭجۇ يىـ غىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياڭ جىنفىڭ كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن گۇڭشې ئەزالىرىغا قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق باغ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق يوليورۇق كەلدى، ناھىيىلىك پارتكوم دەرھال ئىجرا قىلدى.

5 ـ ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەردىن قىسمەن كادىرلار يېزىلارغا چۈشۈرۈلۈپ، كوللېكتىپ ئىشـ لەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇدا بىر نەچچە قېتىم مۆلدۈر چۈشتى، « 1 ـ ئۆكتەبىر » گۇڭشې چىلان چوڭ ئەتـ رىتىنىڭ زىرائەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىدى، ناھىيە بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 1684 موـ غا يەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى قۇرۇلدى، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىـ بارەن ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى باشلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، پارتىيە 8 ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇردى، « ئوڭچىل پۇرسەتپەرەستلىككە قارشى تۇرۇش » كۈرىشىنى قانات يايدۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى « 1 ـ ئىيۇل » گۇڭشېسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى پىلانلاش ئەنزىسى پاش قىلىندى.

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدىن ئىككى ئىلغار ئورۇن ئاپتونوم رايونلۇق قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنـ غا قاتناشتى.

شۇ يىلى ناھىيىدە شال، خۇاشېڭ سىناق قىلىپ تېرىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغان شال 6 .187 مو بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 4 .197 جىڭغا يەتتى؛ تېرىلغان خۇاشېڭ 6 .101 مو بولۇپ، 26 موسى ھوسۇل بەردى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1205 جىڭغا يەتتى.

شۇ يىلى پىلىچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى ، ناھىيە بويىچە باھار پىلىسىدىن 65 قاپ يېقىلىپ ، بىر-لىك مەھسۇلاتى 27 جىڭغا ، كۈزلۈك پىلىدىن بەش قاپ يېقىلىپ ، بىرلىك مەھسۇلاتى 22 جىڭغا ، ئومۇمىي مەھسۇلات 1865 جىڭغا يەتتى .

شۇ يىلى ئۈچ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى ، 1961 - يىلى 6 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى .

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سىبلىس ، سۆزنەك ، تاز ، پوقاق قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە يەرلىك كېسەللىكلەر بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىلدى ۋە داۋالاندى .

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كەم ئۈچرايدىغان مولدۇر ، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى ، بۇغدايلاردا ئېغىر ھال كېسىلى پەيدا بولدى .

## 1960 - يىلى

1 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى .

2 - ئايدا ناھىيە بويىچە 22 ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلدى .

3 - ئايدا ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى .

4 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولىغا قويۇلدى ، بۇنىڭغا 3275 ئائىلە ، 13 مىڭ 354 كىشى قاتناشتى .

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تۆت مىنۇتتىن 21 مىنۇتقىچە دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتر كېلىدىغان مولدۇر چۈشۈپ ، زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىدى .

9 - ئايدا بازار باشلانغۇچ مەكتىپىدە خەنزۇ سىنىپ تەسىس قىلىندى .

11 - ئايدا ئاقچى بىلەن كەلپىن ئارىسىدا يايلاق ماجىراسى يۈز بەردى .

## 1961 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى .

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى .

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسىگە پەۋقۇلئاددە قىيان كېلىپ ، « 1 - ئۆكتەبىر » كۆلچىكىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى يار ئېلىپ كەتتى ، ئېتىز - ئېرىقلار سۇدىن ئۈزۈلۈپ قالغاچقا ، كۈزلۈك زىرائەت-لەر تېرىلماي قالدى ، يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 30% دىن ئارتۇق كېمىيىپ ، 320 مىڭ يۈەن بىۋاستە زى-يان بولدى .

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يۇرچى چوڭ ئەترىتى ئەزالىرىدىن كېسەل بولغان تۆگە گۆشىنى يەپ ، زەھەر-لەنگەن 200 دىن ئارتۇق ئادەم جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق خەۋپتىن قۇتقۇزۇۋېلىندى .

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ ، « مال - مۈلۈكنى ئومۇمىنىڭ قىلىۋېتىش شاملى » ، « مۇبالىغىچىلىك شاملى » نى تۈزەتتى .

شۇ ئايدا خەلق كۆمۈنىلىرىدىكى ئامما ئاشخانىلار ئومۇميۈزلۈك تارقىتىۋېتىلدى .

9 - ئايدا كەلپىن ناھىيىسى بىلەن ئاقچى ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم يايلاق ماجىراسى يۈز بەردى . ئىككى ناھىيە مەسئۇللىرى ، ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ ماجىرانى ھەل قىلىش كېلىشىمى تۈزۈپ چىقتى .

10 - ئايدا ناھىيە بويىچە يېزا خەلق كۆمۈنىلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى تۆۋەنگە چۈشۈ-رۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى .

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيە بويىچە ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، سۇ ئىشلىرى سې-پىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىلدى .

شۇ يىلى ئۈچ خەلق كۆمۈنىسىدا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىل-

www.uyghurkitap.com

غان ھالدا ، بىر تۇتاش تەقسىمات ئېلىپ بېرىلدى .
شۇ يىلى كەلپىن يەر تەۋرەش بەلبېغىدا ئۈچ قېتىم ئالتە بالدىن يۇقىرى كۈچلۈك يەر تەۋرىدى ، زىيان كۆرۈلمىدى .

## 1962 - يىلى

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى .
شۇ يىلى مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خەلق گۈڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى .
شۇ يىلى يېزا ئىگىلىكى يوپۇرماق پېتى ئاپىتىگە ئۇچرىدى ، ئاپەتكە ئۇچراش كۆلىمى 19 مىڭ 44 موغا يەتتى .
شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 388 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ، 504 نەپەر شەھەر نوپۇسى قىسقارتىلدى .

## 1963 - يىلى

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاچال تۈگمىنىدا ئىش باشلىنىپ ، 1964 - يىلى ئەتىيازدا پۈتتۈرۈلدى .
5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۆلدۈر ياغدى ، ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر كەلدى ، « 1 - ماي » گۈڭشېسى ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسەن ، ھوسۇل ئالالمىدى . 2000 دىن ئارتۇق چارۋا ئۆلدى ، زەخمىلەندى ، ئىقتىسادىي زىيان 400 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى .
6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئېچىلدى .
9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەلپىن بىلەن ئاقچى ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاقچى ناھىيىسىدە كەلپىن چارۋىلىرىنى بېقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن كېلىشىم ھاسىل قىلدى .
10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شۇي خۇڭ كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى .
12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك 1963 - يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى ( خىزمەتچى )لارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى .

## 1964 - يىلى

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كەلپىن ناھىيىسىدە ئالتە كىشىنىڭ پاراخولىرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ، ئالتە كىشىنىڭ مىكروپ ئېلىپ يۈرگەنلىكى سېزىلدى . سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى داۋالاش گۇرۇپپىسى ( جەمئىي 25 ئادەم ) ئەۋەتىپ ، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئېلىپ بارغانلىقتىن بىرمۇ ئادەم ئۆلمىدى .
8 - ئايدا « 1 - ئۆكتەبىر » گۈڭشېي سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى باشلاندى .
10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 2 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاياغلاشتى ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 19 مىڭ 248 گە يەتتى .
شۇ يىلى ئىككى گۈڭشې ، ئون ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ، 59 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئومۇمىي دائىرىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى .

## 1965 - يىلى

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ، مۇئاۋىن رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار كەلپىنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى .
6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى .

www.uyghurkitap.com

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى ھۆججەت تارقاتتى، ئۇنىڭدا كەلپىن بىلەن ئاقچى ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىنى ئايرىپ بېكىتكەنلىك توغرىسىدىكى ماددىلارمۇ بار.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «1 ـ ماي» گۆڭشىي قۇملۇق چوڭ ئەترىتىنىڭ 426 ئەزاسى سېپىپ قالغان تۆگە گۆشىنى يېگەچكە، 239 ئادەم زەھەرلەندى، جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ھەممىيلەن خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىشچىلىرىدىن 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ تاغ رايونىغا بېرىپ، تاشيول ياساشقا قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «1 ـ ماي» گۆڭشېسىنىڭ سۇ ئامبىرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 3 ـ شۆبە ئۆمىكى كەلپىنگە كېلىپ ھال سورىدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 60 يېزا مەدەنىيەت ئۆيى، 174 ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى 29 نەپەر تېببىي خادىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېڭىدىن 3907 ھاجەتخانا سېلىندى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن 27 مىڭ 430 ئادەم (قېتىم) گە ۋاكسىنا ئۇرۇلدى، 28 مىڭ 624 ئادەم (قېتىم) گە چېچەك ئەملەندى، ناھىيە بويىچە 62 سۈزگۈچلۈك قۇدۇق قېزىلدى، 35 ئورۇندا يەرلىك ۋودوپروۋوت ياسالدى، 83 كۆل قورشاۋ تام ئىچىگە ئېلىندى.

## 1966 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چاڭ كۆچېڭ ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى، چاڭ كۆچېڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى بىلەن لىۋداۋان كۆمۈر كېنى كەلپىن ناھىيىسىدىن 200 نەپەر ئىشچى قوبۇل قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۇدا تۆت كۈن كۈچلۈك قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىپ، ناھىيە بويىچە بۇغداينى بالدۇر پىشۇرۇپ قويغانلىقتىن مەھسۇلات %12 تۆۋەنلەپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 15—20 مىنۇت مۆلدۈر چۈشتى، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېترغا يەتتى.

8 ـ ئايدا ئىككى قېتىم قارا يامغۇر يېغىپ، تاغدىن كەلگەن كەلكۈن يول، كۆۋرۈك، ئۆيلەرنى بۇزۇۋەتتى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، 1968 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە ناھىيە بويىچە ئاممىۋى تەشكىلاتلار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھەر قايسى مەكتەپلەر دەرس توختاتتى. 55 قىزىل قوغدىغۇچى بېيجىڭغا «ئالاقە باغلاش» قا بېرىپ، ماۋ جۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قايتىپ كەلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى ۋە بەشتە ياخشى ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى.

## 1967 ـ يىلى

1 ـ ئايدا شىنجاڭ داشۆدىن ئون نەپەر «قىزىل قوغدىغۇچى» كەلپىنگە كېلىپ «قىزىل ئۇرۇق جەڭگىۋار ئەترىتى»نى قۇرۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ بارلىق ئىشخانىلىرىنى پېچەتلەپ تاشلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنى»نى تەنقىد قىلدى.

2 ـ ئايدا ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلىنىپ، «دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» يولغا قويۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى رىياسەتچىلىكىدە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كادىرلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى، چوڭ ئەترەتلەرگە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى ئەۋەتىش قارار قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونى كەلپىنگە تۆت نەپەر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئەۋەتتى، ئۇلار 90 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى» تەشكىللەپ گۇڭشېلارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ «ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»كە رەھبەرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» خىزمىتى باشلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناھىيىدە نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلىپىدە جازالانغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقوقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى.

شۇ ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇش باشلاپ، «دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاپ قىلدى».

شۇ ئايدا قىزىل قوغدىغۇچىلار قوماندانلىق شتابى ناھىيىلىك پارتكومدىن «ھوقۇق تارتىۋالدى».

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قىسىل دامبا قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، 10 ـ ئايدا پۈتتى (كېيىن بىر قىسمىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى).

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاقچى ناھىيىلىرى رەھبەرلىرى يىغىنى چاقىرىپ، يايلاق چېگرىسىنى ئايرىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

6 ـ ئايدا ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىدىن تەشكىللەنگەن «سىياسىي ـ قانۇن خىزمەت گۇرۇپپىسى» ئاتالمىش «قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» نىڭ خاراكتېرىنى بېكىتتى. قۇربان قەمبەر تۈرمىگە قاماپ قويۇلدى.

7 ـ ئايدا مۇلدۇر يېغىپ بوران چىقتى، بوران كۈچى 8 — 11 بالغا يېتىپ، 17 سائەت داۋاملاشتى، بۇ، كەلپىن تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا ئەلەم

كۆرۈشى يۈز بەردى .
شۇ يىلى ناھىيىلىك ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر باشلانغۇچ مەكتىپى ( خەنزۇچە ) قۇرۇلدى .

**1968 ـ يىلى**

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئارخىپ ئىنقىلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، مىڭو دەۋرىدىكى ئارخىپلار ئىنقىلاندى .
شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئاچال سۇ ئامبىرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ ، شۇ يىلى 6 مىليون كۇب مېتىر ئەتراپىدا سۇ قاچىلاندى .
شۇ يىلى « سول » چىللىقنىڭ تەسىرى ئاستىدا ناھىيە بويىچە شەھەر ، يېزىلار « كۈندە ئوقۇش » ، « كۈندە ئاڭلاش » ، « كۈندە يادلاش » ، « ئۈزۈندە تېمى ياساش » قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى .

**1969 ـ يىلى**

1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاچال سۇ ئامبىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دامبىدىن سۇ سىرغىپ ، دامبىنى ئېلىپ كەتتى ، زىيان 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى .
شۇ ئايدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ « 7972 » قىسمى كەلپىننىڭ « ئۈچ ياردەم ، ئىككى ھەربىي » خىزمىتىگە قاتناشقا ئادەم ئەۋەتتى .
4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى .
5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىككى چوڭ تەرەپنىڭ ئۈچ ئاممىۋى تەشكىلاتى بىرلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاپ ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىككى چوڭ تەرەپ ، ئۈچ چوڭ تەشكىلاتنىڭ باش شتابىنى ئەمەلدىن قالدۇردى .
8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيىدە « 23 ـ ئىيۇل ئېلانى » نى تەشۋىق قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ ، ئەلەم كۆرىشىنى توختىتىش تەشۋىق قىلىندى .
شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆڭكۈرى كولاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ ، جەمئىي 366 يەر ئاستى يولى كولاندى ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4613 مېترغا ، كۆلىمى 7210 كۋادرات مېترغا يەتتى .

**1970 ـ يىلى**

1 ـ ئايدا « بىرگە زەربە بېرىش ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ( ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ، خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىققا ، ھايانكەشلىككە ۋە ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش ) ھەرىكىتى باشلاندى .
3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا « سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش » خىزمىتى ئاياغلىشىپ ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ، پارتىيە قۇرۇش باشلاندى .
9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 3 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى .
11 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن ئىشتالى كۆمۈر كېنىغىچىلىك 82 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ، 2 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پۈتتى .
شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 1886 ئادەم خاتا ھالدا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى ، 265 ئادەم قاماپ قويۇلدى .

**1971 ـ يىلى**

1 ـ ئايدا ئازادلىق ئارمىيە « 7972 » قىسمىدىكى 2000 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر دالا يۈرۈ-

www.uyghurkitap.com

شى قىلىپ كەلپىنگە كېلىپ ، قىسىل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى .

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى غەربىي تاغدىن ئالاھىدە زور قىيان كېلىپ ، قىسىل سۇ ئامبىرىنىڭ چوڭ توسمىسىنى ۋە ئىش ئورنى قوماندانلىق شتابىنى ئېقىتىپ كەتتى . ئەينى چاغدا كەلكۈننىڭ ئاچال ئېقىندىن ئېقىش مىقدارى800 ـ 1000 كۇب مېتىر/سېكونتقا يەتتى .

12 ـ ئايدا 57 نەپەر كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋەكىللىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ ، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشقا ۋە ئىدارە ، ئورگانلار خىزمىتىگە قاتناشتى .

**1972 ـ يىلى**

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەلپىندە 6.2 بال يەر تەۋرىدى ، ئايرىم كونا ئېغىل ـ قوتانلار ئۆرۈلۈپ چۈشتى .

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە تاغدىن ئېقىش مىقدارى 600 كۇب مېتىر/ سېكونت بولغان قىيان كېلىپ ، ئۆستەڭ ، يول ۋە ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىپ ، قىسىل سۇ ئامبىرىنىڭ چوڭ توغىنىنى ۋە ئاچال چوڭ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى ، خەۋەرلىشىش ئۈزۈلۈپ ، قاتناش توسۇلۇپ قالدى ، ئېتىزلارنى قىيان بېسىپ كەتتى .

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەھمۇت ئەھمىدى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى .

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئەسلىدىكى كەلپىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، كەلپىن ناھىيىلىك مىللىي ، خەنزۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى .

شۇ يىلى « لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش ، ئىستىل تۈزىتىش » ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى .

**1973 ـ يىلى**

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى يامغۇر ياغدى ، بۇنىڭ ئىچىدە 9 ـ كۈنى ياغقان يامغۇر 11.4 مىللىمېتىرغا ، جەريان ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 18.5 مىللىمېتىرغا يېتىپ ، بۇغدايلار خاماندا كۆكىرىپ ، بىخ ئۇرۇپ سېسىپ كەتتى .

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى .

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مەخسۇس دىلونى قايتا تەكشۈرۈش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى « قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى » دىلوسىنى ئاقلاشنى قارار قىلدى .

**1974 ـ يىلى**

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كۈنلۈك ئەڭ زور ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 54.9 مىللىمېتىرغا ، جەريان ھۆل ـيېغىن مىقدارى 77.8 مىللىمېتىرغا يەتتى ، كەلكۈن سۇيى تاشىيول ، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى ، زىرائەت ، چارۋىلار زىيانغا ئۇچرىدى .

7 ـ ئايدا ئۇدا يامغۇر يېغىپ ، ھاۋا ئېچىلمىغاچقا ، يىغىندى تېمپېراتۇرا ئۆرلىيەلمەي كوممۇنالارنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتتى .

شۇ ئايدا « لىن بياۋنى ، كوڭزىنى تەنقىد قىلىش » ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى .

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، 881 كىشىنىڭ مەسىلىسى قايتا تەكشۈرۈلدى .

**1975 ـ يىلى**

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاچال گۈڭگۈرت كان قۇدۇقىدا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى .

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى « 1 ـ ئىيۇل » گۇڭشېسىنىڭ ئارايماق، قۇمئېرىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 5395 نەپەر ئەمگەك كۈچى، 1197 ئېشەك، ئات ھارۋىسى، ئون ئاپتوموبىل ـ تراكتور، 2074 ئۇلاغ كۈچى ئون كۈن ئىشقا سېلىنىپ، كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن ئاچالغىچە بولغان تاشيول ياسالدى.

8 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىشىش مۇسابىقىسى، كەلپىن ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىلىك « 7 ـ ماي يېزا ئىگىلىك داشۆسى » قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 239 نەپەر ئىدارە كادىرىدىن تەركىب تاپقان « داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت ئەترىتى » يېزىلارغا باردى.

قىشتا، ناھىيە بويىچە 5000 كىشى بىر ئاي زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەپ، « يېڭى سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۆستىڭى » (ھازىرقى تاش ئۆستەڭ) 2 ـ دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى، ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بېرىشكە باشلىدى.

## 1976 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ئاتالمىش « دېڭ شياۋ پىڭنى تەنقىد قىلىپ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۆلدە « ئىتتىپاق » چوڭ ئەترىتى، « 1 ـ ئۆكتەبىر » گۇڭشېسىدا يېڭى ئاچال چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قىسمەن گۇڭشې ئەزالىرى كۆچۈشكە باشلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كۈنلۈك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 65.6 مىللىمېترغا، بەزى رايونلاردىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 95.8 مىللىمېترغا يەتتى، زىرائەت، چارۋىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى « 1 ـ ئىيۇل » گۇڭشېسىنىڭ توڭگۇز بۇرۇن تاغ يېرىپ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى پۈتتى. قۇرۇلۇش داۋامىدا يېرىلغان تاغ 480 مېتر، تېشىلگەن تاغ 20 مېتر، تاغدىن ئېلىنغان ئۆستەڭ 2345 مېتر، ياسالغان دامبا 216 مېتر، توشۇلغان توپا ـ تاش 25 مىڭ 468 كۇب مېتر بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ 1500 مېترلىق كوچىسىغا قاراماي ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئاپتوموبىل قاتناشقا باشلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيىدە 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ماۋجۇشىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تېلېگرامما يوللاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى تارمار قىلغانلىقىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى.

## 1977 ـ يىلى

3 ـ ئايدا 100 مو كۆچەتلىك بىنا قىلىندى (ھازىرقى دېھقانچىلىق ئىشخانىسىنىڭ مېۋىلىك بېغى).

4 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى ۋودوپرووۋت مۇنارى قۇرۇلۇشى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ھويلىسىدا باشلاندى.

10 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدا ۋودوپرووۋت تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلدى.

شۇ ئايدا 3 ـ دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقىتىشقا باشلىدى.

شۇ يىلى شاپىگرافتا بېسىلغان « كەلپىن ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1985 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 17 سان چىقىرىلدى.

**1978 - يىلى**

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ناھىيە بويىچە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى ياش ئاكتىپلار ۋەكىل-لىرى يىغىنى ئېچىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكومدا كادىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇ-رۇپپىسى ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا ناھىيە بازىرى بىلەن ئاچال ئارىلىقىدىكى تاش يولغا قاراماي ياتقۇزۇلدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا يىغىنى ئېچىلدى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسى كەلپىندە رادىئو سىم يولىنى يەر ئاستىغا كۆمۈش تەجرىبە خىزمىتى ئېلىپ باردى. ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى «1 - ئۆكتەبىر» گۇڭشېسىدا، ئون كى-لومېتىر ئارىلىققا يەر ئاستى سىم يولى كۆمدى، لېكىن يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇلدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم چوڭ يىغىن ئېچىپ «قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇ-رۇھى» دېلوسىنى ئاقلىدى ۋە ئاممىنى «بىرنى تەنقىد قىلىپ، ئىككىگە زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ يىلى «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇلدى.

**1979 - يىلى**

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 12 بال بوران چىقىپ، يەتتە سائەتتىن 12 سائەتكىچە داۋاملىشىپ نۇرغۇن زى-رائەتلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئۇچۇرۇپ كەتتى، يۈمران مايسىلارنى ئۇششۇەتتى، ئېتىزلارنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتتى، بەزى دەل - دەرەخلەرنى سۇندۇرۇۋەتتى، بۇنداق ئاپەت تارىختىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەنىدى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى ھەمدە سىغەن سىنىپى ئېچىلدى.

**1980 - يىلى**

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 4 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن 12 ماددىلىق بەلگىلىمە (لايىھە) تۈزۈپ چىقتى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

**1981 - يىلى**

3 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئۈچ گۇڭشې، 23 چوڭ ئەترەت، 144 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىچىدىكى 101 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە كۆتۈرە بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە ئون مىنۇتتىن 60 مىنۇتقىچە مۆلدۈر چۈشتى، ئەڭ چوڭ مۆل-دۈرنىڭ دىئامېترى تۆت - بەش سانتىمېترغا، يەر ئۈستىگە يىغىلىش قېلىنلىقى 1.5—3 سانتىمېترغا يەتتى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

**1982 - يىلى**

2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيىنىڭ ئورمانچىلىق سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئورمان ھوقۇقى ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمە-لىيلەشتۈرۈلدى، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 27 مىڭ 846 گە يەتتى.

### 1983 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋە قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

6 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى كەلپىن ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، كەلپىن ناھىيىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 ـ بولدى. راخمان ھاپىز، راخمان موللاق، ئابدۇللا ھاپىز، سەيپىدىن، مۇختار تۇردى شەخسلەر بويىچە 1 ـ بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەخپىي فوتو ـ تېلېگراف ئۈسكۈنىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇراشتۇرۇلۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن فوتو تېلېگراف ئالاقىسى ئورنىتىلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

8 ـ ئايدا كەلپىن چېلىشچىلىرى ۋىلايەت نامىدىن ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 5 ـ لىككە ئېرىشتى. راخمان مەخسۇت، ئۆمەر مۇھەممەت شەخسلەر بويىچە 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

10 ـ ئايدا ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ بىناسىدا قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا پۈتتى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كەلپىندە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاچالدىكى ئۈچ تۇر، تومئېرىقتىكى كونا شەھەر، سېرىقتوغراقتىكى قەدىمكى قەبرىگاھ قاتارلىق قەدىمكى ئىزلارنى تاپتى.

يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك كىنو ـ تىياترخانا پۈتتى.

شۇ يىلى سۈلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش سىناق قىلىندى.

شۇ يىلى سۇغۇرتا كەسپى قانات يايدۇرۇلدى.

### 1984 ـ يىلى

8 ـ ئايدا ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 12 ـ ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېلىرى يېزىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈچ يېزا، بىر بازار تەسىس قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى خەنزۇچە قانالدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى بېرىشنى باشلىدى، كەلپىن خەلقى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆردى.

12 ـ ئايدا يەن مىاۋ، تاڭ ئەنلىك، توختى موللاك قاتارلىق يەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئاپتونوم رايونلۇق يەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە «ئىلغار يەن ـ تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى ناھىيىدە يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش، رايونلاشتۇرۇش خىزمىتى ئاياغلاشتى، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق لاياقەتلىك بولدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ۋودوپرووۇت زاۋۇتى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1986 ـ يىلى پۈتتى.

### 1985 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 11 بال بوران چىقىپ ، 15 سائەت داۋاملاشتى .

4 ـ ئايدا ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ ، پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى يېزىش باشلاندى .

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپ ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لاياقەتلىك دەپ قاراپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى .

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خورما قاق زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى .

8 ـ ئايدا گەزلىك يېزىسىنىڭ قالما كەنتىدىكى دېھقان قادىر توختى بىر يۇرۇش كىنو قويۇش ئاپاراتى سېتىۋېلىپ ، كەلپىن بويىچە تۇنجى يەككە كىنو قويغۇچى ئائىلىگە ئايلاندى .

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە 1100 كىشى قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى .

9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىدىن «تاشقا ئايلانغان ئۆلگە» (لى خەيفېڭ ، ۋۇباۋ ۋېي) 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «ئۆرۈك ئۆلگىسى» (كوللېكتىپ) 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «ئېلېكترونلۇق ئويۇن» (خۇاڭ شيەنفۇ ، خەن گوشىن) 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

10 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى ، 30 پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر باھالاپ چىقىلدى .

شۇ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىسى خېلىل مەمتاۋلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرى نامدا مەملىكەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى .

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى كەلپىنگە كېلىپ ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە لاياقەتلىك دەپ قاراپ ئۆتكۈزۈۋالدى .

شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن 13 خىل ياخشى ئىش قىلىپ بەردى ، بۇنىڭ ئىچىدە 200 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى ، مائارىپ ساھەسىدە 15 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن 203 ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ شەھەر نوپۇسى مەسىلىسى ھەل قىلىپ بېرىلدى .

## 1986 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى .

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيىنىڭ بەش يىللىق قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى پىلانى (لايىھە) تۈزۈپ چىقىلدى .

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ، مەمۇرىي مەھكىمە چاقىرغان «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» دا كەلپىن ناھىيىسى 1985 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى 100.05 يۈەن ئاشۇرغاچقا ، تەقدىرلەشكە ۋە مۇكاپاتلاشقا ئېرىشتى .

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم كەلپىن ناھىيىسىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ، كەلپىننىڭ تېزدىن بېيىشىغا ياردەم بېرىشنىڭ لايىھە ، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى .

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىسى قاھار ئەمەتنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلپىنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىن 20 ـ كۈنىگىچە كەلپىن ناھىيىسى 8—6 بال بورانىنىڭ ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، زىيان 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كەلپىن ناھىيىسىدە «ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش» بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پاتىمە قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك خورما قاق زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى ۋە جاھازلىرىنى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى ئاياغلاشتى، سىناق تەرىقىسىدە خورما قاق ئىشلەشكە كىرىشتۈرۈلۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەرخان بابا كەلپىنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ئاپتونوم رايونلۇق باغۇەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ياڭ چېڭشى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلپىنگە كېلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىن 17 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆرۈك ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاقچى ناھىيىسى بىلەن كەلپىن ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى قارا گۇنىڭ قۇرغاق كۆل دېگەن يېرىدە يىغىن ئېچىپ، يايلاقلارنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدىن گەزلىك يېزىسىنىڭ باغلىق كەنتىگە بارىدىغان10 مىڭ 291 مېتىر تاشيولغا قارامايي ياتقۇزۇش باشلىنىپ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پۈتتى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق قورالىلىق بۆلۈمى يەرلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈشكە قارايدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جۇۋېيشى باشلىقلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مەھمۇتنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلپىنگە كېلىپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 73 مېتر ئېگىزلىكتىكى تېلېۋىزىيە تارقىتىش تۆمۈر مۇنارى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، شۇندىن باشلاپ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسىدە تېلېۋىزور كۆرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە ئورمانچىلىق نازارىتىدىن بىر قانچە كادىر كەلپىن ناھىيىسىگە كېلىپ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئورمانچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

شۇ ئايدا 5 ـ نومۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ، توك بېرىشكە باشلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سۈنئىي ھەمراھدىن تېلېۋىزىيە قوبۇل قىلىدىغان يەر ئۈستى پونكىتى پۈتۈپ، ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى قانالدا پروگراما تارقىتىلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت (ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت) قۇ-

رولۇشى ئاكتىپلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى .

**1987 - يىلى**

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يۇرچى يېزىسىغا قاراشلىق يۇقىرىس كەنتىدىكى 70 تىن ئارتۇق ئاھالە بۇزۇق كىشىلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى ھويلىسىغا بۇسۇپ كىرىپ ، سۇ ماجىراسىنى باھانە قىلىپ ، بىر مۇنچە يولسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، دۆلەت ئورگىنىنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى .

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى سوت يىغىنى ئېچىپ ، ئاممىنى غەۋغا چىقىرىشقا قۇتراتقان تۆت باش جىنايەتچىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر يىلدىن تۆت يىلغىچىلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى .

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك گۇڭگۇرتلۇك تۆمۈر كېنىنىڭ نۇرغۇن كاپسول ، پارتلاتقۇچ دورا ، ئوت ئالدۇرۇش پىلىكىنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇ دېلونى پاش قىلىپ ، گوچاڭسۇڭ قاتارلىق تۆت جىنايەتچىنى تۇتتى ھەم ئوغرىلاپ كەتكەن بارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تولۇق قولغا چۈشۈردى .

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى .

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى .

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاچال يېزىسىدا ئۇدا يامغۇر يېغىپ ، ئېقىندىكى سۇلار تاشقىنلاپ يېزا بويىچە 1100 دىن ئارتۇق خامانىنى سۇ بېسىپ كەتتى ، ناھىيە بويىچە ئىدارىلەردىكى كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 211 ئادەم سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ، ئاچال يېزىسىنىڭ كەنت ، مەھەللىرىگە بېرىپ ، ئاممىنىڭ ئاپەتتىن قۇتۇلۇشىغا ھەمكارلاشتى .

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەمتىمىن زاكىرنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلپىنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى .

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىككى كارخانا ( ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ۋە ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ) دا تىجارەتنى ھۆددىگە ئېلىش توختامىنى ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى .

10 - ئايدا يۇرچى يېزىسىنىڭ ۋودوپىروۋوت قۇرۇلۇشى پۈتتى ، بۇنىڭغا 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى .

**1988 - يىلى**

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇدا قېلىن قار ياغدى ، ئاقچى ناھىيىسى كەلپىن ناھىيىسىگە ياردەم تەلەپ قىلىپ تېلېگراممىا ئەۋەتتى ، كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ، 29 - چىسلا ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ، 10 مىڭ كىلوگرام ئاق ئۇن ، 5000 كىلوگرام قوناق ئۇننى ئاقچى ناھىيىسىگە يەتكۈزۈپ بەردى .

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىشتالى ، ماتان قاتارلىق جايلىرىدا قېلىن قار يېغىپ ، يېغىلغان قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر ئەتراپىغا يەتتى ، ناھىيىلىك پارتكوم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ، يەم - خەشەك ۋە ئۇننى ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى .

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە « كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى » ( دەسلەپكى كوپىيە ) نى

باھالاش يىغىنى ئېچىلدى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى تەزكىرىچى كەسپداشلار باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك يۈز بەردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى جېي فۇپىڭ، ۋالى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى لىن زېڭتاۋ ۋىلايەتتىكى تېببىي خادىملارنى باشلاپ كەلپىنگە كېلىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىپ، كېسەللىكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى، كېسەللەر ئۆز ۋاقتىدا داۋالانغاچقا، ناھىيە بويىچە بىرمۇ كىشى ئۆلمىدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ چوڭ، قەۋەت سانى ۋە سېلىنغان مەبلەغ ئەڭ كۆپ بىنا — ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 312 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

شۇ يىلى ئومۇمىي كۆلىمى 900 مو، ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر كېلىدىغان، 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كەلپىن مازار ئېقىن ئېھاتە ئورمانلىقى، تاۋار مېۋىلىك باغ ئۇنىۋېرسال ئورمانلىقىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىنى ئايلانغان كوچىنىڭ 2000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول يۈزىگە قاراماي ياتقۇزۇلدى.

12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمەت يىغىنىدا يۇرچى يېزىسىنىڭ ئارايماق كەنتى بىلەن ئاچال يېزا تۇرا كەنتىدىكى مۇھەممەت نايۇپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقتا ئۇدا ئون يىل مول ھوسۇل ئالغان» ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس نامىغا ئېرىشتى.

## 1989 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 5 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك مائارىپقا ئىئانە توپلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىپ، جەمئىي 80 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل (ماددىي ئەشيا) ئىئانە قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيە بازىرى ۋە قىسمەن يېزا ـ كەنتلەر 30 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قارا يامغۇر ۋە مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 168 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۇنى لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكەن دەپ قارىدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ يېرىم ئاپتوماتلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى، ماشىنىسازلىق نازارىتى، غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيە ئىدارىسى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم قىلىپ، 105 توننا ئالىي سېمونتنى ھەقسىز ئەكىلىپ بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيە رەھبەرلىرى ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى باشلاپ كەلپىن مازار ئېقىنىغا بېرىپ، 2 ـ قارارلىق كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل كۆچەت تىكتى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ يىڭ قاتارلىقلار كەلپىنگە كېلىپ، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

11 ـ ئايدا ئاچال يېزا چىلان كەنتىنىڭ ئامانلىق قوغداش مۇدىرى قادىر ئىلغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھوكۇمىتى «ئادالەت يولىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان ئىلغار شەخس» دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە «2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئالدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ نىكاھ ئارخىپىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈپ، سىيلىشتۇرۇپ باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى كىردى، جەمئىي 37 مىڭ 711 يۈەن 53 پۇڭ پۇل ئوغرىلاپ كېتىلدى، ناھىيىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ 32 سائەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، جىنايەتچىيى خۇڭگۈيى بىلەن ۋۇ شۈلى تۇتۇلدى، پۇل قولغا چۈشۈرۈلدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بىلەن ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ چېگرا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ئىككى ناھىيىنىڭ چېگرىسىنى ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى.

شۇ ئايدا «ئالغا بېسىۋاتقان كەلپىن» سەرلەۋھىلىك تېلېۋىزىيە فىلمى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1990 ـ يىلى

4 ـ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھەسەن مەسۇم مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 4 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيىنىڭ ئومومىي نوپۇسى 34 مىڭ 158 گە يەتتى.

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە سىگنالىغۇ ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى يېڭى ئۈسكۈنە كۆپەيتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناھىيە بويىچە ئىككى يېزا ۋە شەھەر رايونىدىكى ئاما كۈندۈزىمۇ تېلېۋىزىيە نۇمۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى» (1988—2000 ـ يىل) نى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى.

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسى ۋىلايەت تەرىپىدىن چاشقان يوقىتىشتا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا مەركىزى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىق تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى قىسىم

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگە ئادرېسى

# بىرىنچى قىسىم

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

## I باب

## رايونلارغا ئايرىلىشى

### § 1 . ئورنى ۋە كۆلىمى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ،ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 78°02′ — 79°56′ ، شىمالىي پاراللېل 40°02′ — 40°57′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ناھىيە بازىرى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈز سىزىق بويىچە ئارىلىقى 792 كىلومېتىر كېلىدۇ ، ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ . ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 151 كىلومېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 110 كىلومېتىر بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ 47 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق يەر 72.4% نى ، تۈزلەڭلىك 27.6% نى تەشكىل قىلىدۇ . ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە دېھقانچىلىق قىلىشقا باب يەر 1 مىليون 500 مىڭ مو ، چارۋا بېقىشقا باب يەر تەخمىنەن 1 مىليون مو ، ئورمانچىلىققا باب يەر تەخمىنەن 1 مىليون مو كېلىدۇ . 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 100 مىڭ مو غا يەتتى ( بۇ ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.55 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ ) .

### § 2 . چېگرىسى

كەلپىن ناھىيىسى جەنۇبتا قۇمئاتلاقنىڭ تېغى ئارقىلىق مارالبېشى بىلەن تۇتىشىدۇ . چېگرا لىنىيىسى ئۈچچوققا ( شەرقىي مېرىدىئان 78°42′ ، شىمالىي پاراللېل 40°04′ ) دىن باشلىنىپ ، لالىتاغ ( شەرقىي مېرىدىئان 78°51′ ، شىمالىي پاراللېل 40°09′ ) ، ئاق پوتەي ( شەرقىي مېرىدىئان 78°58′ ، شىمالىي پاراللېل 40°25′ ) ، ئاققۇم ( شەرقىي مېرىدىئان 79°06′ ، شىمالىي پاراللېل 40°34′ ) ، قالپاققۇم ( شەرقىي مېرىدىئان 79°15′ ، شىمالىي پاراللېل 40°32′ ) ، كونا قىزىلتام ( شەرقىي مېرىدىئان 79°30′ ، شىمالىي پاراللېل 40°30′ ) ، سەكسەنتام ( يەنى ساچۇشتى ، شەرقىي مېرىدىئان 79°48′ ، شىمالىي پاراللېل 40°28′ ) ئارقىلىق جۇۋاز قۇدۇق ( شەرقىي مېرىدىئان 79°52′ ، شىمالىي پاراللېل 40°27′ ) قا تۇتىشىدۇ .

شىمالدا قىرتاغ ئارقىلىق ئاقچى ناھىيىسىبىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسى شەرقىي شىمالدا دوڭگورەتمە ( شەرقىي مېرىدىئان 78°52′، شىمالىي پاراللېل 42°54′ ) دىن باشلىنىپ، چىتلىق بېلى( شەرقىي مېرىدىئان78°45′، شىمالىي پاراللېل 40°51′ )، سارىبەل ( شەرقىي مېرىدىئان 78°47′، شىمالىي پاراللېل 40°50′ )، سىكە( شەرقىي مېرىدىئان 78°42′ ، شىمالىي پاراللېل 40°48′ )، كەپىنىڭ بېلى( شەرقىي مېرىدىئان 78°36′، شىمالىي پاراللېل 40°50′ )، ئۇچبەل داۋىنى( شەرقىي مېرىدىئان 78°22′، شىمالىي پاراللېل 40°48′، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3453 مېتر )، نوكەسكەن (يەنى بەل، شەرقىي مېرىدىئان 78°16′، شىمالىي پاراللېل40°49′ )، قىياق ( شەرقىي مېرىدىئان78°07′ ، شىمالىي پاراللېل 40°44′ )، قىزىل قاپچىغاي بېلى ( شەرقىي مېرىدىئان 78°04′، شىمالىي پاراللېل40°46′ )، مەدەت( شەرقىي مېرىدىئان 78°02′، شىمالىي پاراللېل 40°45′ )، خۇدايىنەزەر( شەرقىي مېرىدىئان، 70°01′ شىمالىي پاراللېل 40°44′ )، قۇرغاق تو( شەرقىي مېرىدىئان 78°58′ شىمالىي پاراللېل 40°43′ )، چوڭ ئاقتاش، چوڭ قىشتۇ، چوڭ بۇلاق، كەكلىك بۇلاق، بەلچى، قىرىيول، تالانىڭقاق ئارقىلىق تالدىقاق( شەرقىي مېرىدىئان 77°57′، شىمالىي پاراللېل 40°23′ ) قا تۇتىشىدۇ.

غەرب تەرىپى ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسى غەربىي شىمالدا ئابلەيبۇلاق ( شەرقىي مېرىدىئان 77°58′، شىمالىي پاراللېل 40°16′ ) دىن باشلىنىپ، كۆيگەن توغراق ( شەرقىي مېرىدىئان 78°06′، شىمالىي پاراللېل 40°17′ )، قازمىنىڭ كېسىك( شەرقىي مېرىدىئان 78°07′، شىمالىي پاراللېل 40°16′ )، توپ يۇلغۇن، قارا يۇلغۇن( تېتىر )، چوڭئوت، قامغاق، چويۇنقاق، يەتتە كۆل، چېرىكئوت، خىتايبۇلاق ئارقىلىق يەتتە كۆل جەنۇبىدىكى تاغ( شەرقىي مېرىدىئان 78°18′، شىمالىي پاراللېل 39°57′ ) قا تۇتىشىدۇ.

شەرقىي شىمالى قارا تېكە تېغى ئارقىلىق ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسى شەرقىي شىمالدا قىزىلبۇلاق ( شەرقىي مېرىدىئان 78°51′، شىمالىي پاراللېل 40°54′ ) تىن باشلىنىپ، ئىشتالى جىلغىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سۇ بۆلگۈچنى بويلاپ سىزما ئارقىلىق شەرقىي شىمالدىكى سېغىزخان ئارتىنىڭ بېلىنىڭ تۆت كىلومېتر شىمالدىكى ئۇچتۇرپان يولى ( شەرقىي مېرىدىئان 78°58′، شىمالىي پاراللېل 40°55′ ) غا تۇتىشىدۇ، ئاندىن يەنە شەرققە سوزۇلۇپ، چېرىكساي ( شەرقىي مېرىدىئان 79°04′، شىمالىي پاراللېل 40°56′ )، چورغا( شەرقىي مېرىدىئان 79°08′، شىمالىي پاراللېل 40°56′ )، ئاچال تېغى ( شەرقىي مېرىدىئان 79°12′، شىمالىي پاراللېل 40°54′ )، قىزىل ئۆڭكۈر ( شەرقىي مېرىدىئان 79°16′، شىمالىي پاراللېل 40°53′ ) قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئېگەن تاغ تىزمىسىنىڭ « 2447 » چوققىسى ( شەرقىي مېرىدىئان 79°27′، شىمالىي پاراللېل 40°45′ ) نى بويلاپ قۇرغۇجۇننىڭ تۆت كىلومېتر غەربىدىكى جايغا تۇتىشىدۇ.

شەرق تەرىپى « 66 » ( يەنى يېڭى ئۆتەڭ ) ئارقىلىق ئاقسۇ بىلەن تۇتىشىدۇ. چېگرا لىنىيىسى قۇرغۇجۇننىڭ تۆت كىلومېتر شەرقىدىكى جايدىن باشلىنىپ، « 66 » ( يېڭى ئۆتەڭ )( شەرقىي مېرىدىئان 79°48′، شىمالىي پاراللېل40°47′ )، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ 2 - تۇەنى( شەرقىي مېرىدىئان 79°50′، شىمالىي پاراللېل 40°35′ )، 2 - تۇەن 16 - لىيەنى ( شەرقىي مېرىدىئان 79°51′، شىمالىي پاراللېل 40°32′ ) قاتارلىق جايلارغىچە سوزۇلۇپ، « 1055 » تاغ چوققىسى ( شەرقىي مېرىدىئان 79°56′، شىمالىي پاراللېل 40°26′ ) غا بارىدۇ.

ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى چېگرىسى « 1055 » تاغ چوققىسىدىن باشلىنىپ، يېزا ئىگىلىك 1 - شى 3 - تۇەنىنىڭ 3 -، 4 - لىيەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 3 - تۇەنىنىڭ 7 - لىيەنى ( شەرقىي مېرىدىئان80°، شىمالىي پاراللېل 40°21′ ) دىن ئۆتۈپ، كەلپىن، ئاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرى تۇتاشقان جاي ( شەرقىي مېرىدىئان80°، شىمالىي پاراللېل40°16′ ) غا بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرىسى

# II باب

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشنىڭ تەرەققىيات جەريانى

كەلپىن ئەسلىدە بىر كەنت بولۇپ، خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان ساكارا ئۇل بەگلىكىگە ياكى سۇلې بەگلىكىگە تەۋە بولغان. بۇ دەۋرلەردە شىمالىي ھونلار غەربىي تۈرك قاغانى، ئۇيغۇر قاغانى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى) ئاقسۇ خانئامبىلىغا قارىغان. خانئامبال بىر ھاكىمبەگ تەيىنلەپ كەلپىننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۋاڭشۈ 10 ـ يىلى (1885 ـ يىلى) ئاقسۇ ھەربىي مۇداپىئە ۋالىسىغا قارايدىغان ئاقسۇ كونا شەھەر بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ كەلپىن قورۇقى قىلىپ تەسىس قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۋاڭشۈ 28 ـ يىلى( 1902 ـ يىلى )ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسىگە قارايدىغان كەلپىن شۆبە مۇداپىئە ناھىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر نائىب ھاكىم قويۇلغان. ئاچال، چىلان ئۆتەڭلىرى ۋە 12 قورۇق (ئايماق) كەلپىن نائىب ھاكىمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن. غەللە ـ پاراق، ئەرز ـ دەۋا ئىشلىرىنى نائىب ھاكىم باشقۇرغان. قاتىللىق ئەنزىسىدەك چوڭ ئەنزىلەر توغرىسىدىكى سوتلاش، قاماش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئىشلىرىنى ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان.

شۋەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىلگىرىكى كەلپىن شۆبە مۇداپىئە ناھىيىسىنىڭ نائىب ھاكىمنى كەلپىن تەپتىش بېگىگە ئۆزگەرتكەن، ئۇ يەنىلا ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارىغان.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) كەلپىن تەپتىش بېگى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق رايونلار ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاقسۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن.

مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى) كەلپىن ياردەمچى ئامبىلى تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى) ئاقسۇ رايونلۇق مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىگە قارىغان.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ئاقسۇ رايون (4 ـ رايون) لۇق مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە قارىغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇ رايونلۇق مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى (كېيىن ئىسمى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى) گە قارىدى، 1978 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە قارىدى.

# III باب

# مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

## § 1 . تەرەققىيات جەريانى

### 1 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەمۇرىي رايونلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28 - يىلى ( 1902 - يىلى ) چىڭ ھۆكۈمىتى ئاقسۇ كونا شەھەر مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا كەلپىن شۆبە مۇداپىئە ناھىيە مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. شۇ چاغدا كەلپىندە 14 ئاھالە نۇقتىسى بولغان: قارا كۆت ( ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب ئەتراپىدا ) ، يورچى ( ناھىيە بازىرىنىڭ توققۇز چاقىرىم شەرقىدە ) ، ئارايماق ( ناھىيە بازىرىنىڭ توققۇز چاقىرىم شەرقىدە ) ، يۇقارقى ئايماق ( يۇقىرىس ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئون چاقىرىم شەرقىدە ) ، تومئېرىق ( ناھىيە بازىرىنىڭ سەككىز چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىدا ) ، قۇمئېرىق ( ناھىيە بازىرىنىڭ ئون چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا ) ، يۇقىرىقىلار تۆۋەن ئالتە ئايماق بولۇپ ، ھازىرقى يورچى يېزىسى ئىدى ؛ پاسۇن ( ناھىيە بازىرىنىڭ 19 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدا ) ، گەزلىك ( ناھىيە بازىرىنىڭ 20 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدا ) ، قۇملۇق ( ناھىيە بازىرىنىڭ 11 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدا ) ، قاشئېرىق ( ناھىيە بازىرىنىڭ 21 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدا ) ، قالما ( ناھىيە بازىرىنىڭ 22 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدا ) ، باغلىق ( ناھىيە بازىرىنىڭ 23 چاقىرىم غەربىي جەنۇبىدا ) ، يۇقىرىقىلار ئۈستۈن ئالتە ئايماق بولۇپ ، ھازىرقى گەزلىك يېزىسى ئىدى ؛ ئاچال ( ناھىيە بازىرىنىڭ 100 چاقىرىم شەرقىدە ) ، چىلان ئۆتەڭ ( ناھىيە بازىرىنىڭ 180 چاقىرىم شەرقىدە ) ، بۇلار ھازىرقى ئاچال يېزىسى ئىدى .

### 2 . مىنگو دەۋرىدىكى مەمۇرىي رايونلار

مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى ) ناھىيە بويىچە ئۈچ يېزا ، 14 باۋ تەسىس قىلىندى ، ئۈستۈن ئالتە ئايماقنىڭ ھەر بىرى بىر باۋ قىلىنىپ ، جەمئىي ئالتە باۋ قۇرۇلدى ، تۆۋەن ئالتە ئايماقنىڭ ھەر بىرى بىر باۋ قىلىنىپ ، جەئىي ئالتە باۋ قۇرۇلدى ، ئاچال بىلەن چىلاننىڭ ھەر بىرى بىر باۋ بولدى . شۇ يىلى ئاچال باۋى يېزىغا ئۆستۈرۈلدى .

مىنگونىڭ 24 - يىلى ( 1935 - يىلى ) ئىككى كەنت بىرلەشتۈرۈلۈپ ، بىر باۋ قىلىنىپ ، ناھىيە بويىچە يەتتە باۋ قۇرۇلدى ، يەنى ئۈستۈن ئالتە ئايماق ئۈچ باۋ ، تۆۋەن ئالتە ئايماق ئۈچ باۋ ، ئاچال يېزىسى بىر باۋ بولدى .

مىنگونىڭ 25 - يىلى ( 1936 - يىلى ) بىر كەنت بىر باۋ بولۇش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

مىنگونىڭ 31 - يىلى ( 1942 - يىلى ) يېزا رايونغا ئۆزگەرتىلىپ ، ناھىيە بويىچە ئۈچ رايون: 1 - رايون ( ئەسلىدىكى ئۈستۈن ئالتە ئايماق ) ، 2 - رايون ( ئەسلىدىكى تۆۋەن ئالتە ئايماق ) ، 3 - رايون

(ئەسلىدىكى ئاچال يېزىسى) تەسىس قىلىندى، رايوننىڭ قارىمىقىدا كەنت تەسىس قىلىندى، 1 ـ رايون ئۇن كەنت، 2 ـ رايون توققۇز كەنت، 3 ـ رايون تۆت كەنت بولۇپ، جەمئىي 23 كەنت تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) رايون ئۆزگەرتىلىپ بازار تەسىس قىلىندى، يېزا كۆپەيتىلدى، باۋ ـ جيا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كەلپىن 4 ـ دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ ئايرىلدى. ناھىيە بويىچە بىر بازار، ئىككى يېزا، 24 باۋ، 139 جيا تەسىس قىلىندى، ئەسلىدىكى 1 ـ رايون «شىنىي» (ئادالەت) يېزىسى دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا توققۇز باۋ تەسىس قىلىندى؛ ئەسلىدىكى 2 ـ رايون «جۇڭشياۋ» (ساداقەت) يېزىسى دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا توققۇز باۋ تەسىس قىلىندى، ئەسلىدىكى 3 ـ رايون «خېپىڭ» (تىنچلىق) يېزىسى دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا ئالتە باۋ تەسىس قىلىندى.

## 3 . يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى مەمۇرىي رايونلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا باۋ ـ جيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئۈچ رايون، ئۇن يېزا، ئالتە تەبىئىي كەنت تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا رايونلار چېگرىسى ئۆزگەرتىلمەي، يېزا، كەنتلەر تەڭشەلدى. ناھىيە بويىچە ئۈچ رايون، بەش يېزا، 12 كەنت تەسىس قىلىندى.

1 ـ رايون (ئىككى يېزا) غا قۇملۇق كەنتى، پاگەزلىك كەنتى، قالما قاشئېرىق كەنتى، باغلىق كەنتى قارىدى.

2 ـ رايون (ئىككى يېزا) غا ئارايماق كەنتى، يۇر تومئېرىق كەنتى، قۇشئېرىق كەنتى، يۇرچى كەنتى قارىدى.

3 ـ رايون (بىر يېزا) غا ئاچال كەنتى، كۆل كەنتى، چىلان كەنتى، قۇملۇق كەنتى قارىدى.

1953 ـ يىلى رايونلار چېگرىسى ئۆزگەرتىلمەي، ناھىيىدىكى ئۈچ رايون سەككىز يېزا، بىر كوچىغا ئايرىلدى.

1 ـ رايونغا پاگەزلىك يېزىسى، قۇمقالما يېزىسى، باغئېرىق يېزىسى قارىدى.

2 ـ رايونغا قۇمئېرىق يېزىسى، ئارايماق يېزىسى، يۇرتومئېرىق يېزىسى، بازار كوچىسى قارىدى.

3 ـ رايونغا ئاچال يېزىسى، چىلان يېزىسى قارىدى.

1955 ـ يىلى 2 ـ رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ يېزا، بىر كوچا ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق يېزىغا ئۆزگەرتىلدى.

1958 ـ يىلى رايون چېگرىسى ئۆزگەرتىلمەي، رايونلار خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى 1 ـ رايون «قىزىل بايراق» 1 ـ گۇڭشې دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا ئالتە چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىندى؛ ئەسلىدىكى 2 ـ رايون «قىزىل بايراق» 2 ـ گۇڭشې دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا ئالتە چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىندى؛ ئەسلىدىكى 3 ـ رايون «قىزىل بايراق» 3 ـ گۇڭشې دەپ ئاتىلىپ، قارىمىقىدا ئۈچ چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىندى.

1959 ـ يىلى گۇڭشېلارنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىلدى، «قىزىل بايراق» 1 ـ گۇڭشې «1 ـ ماي» گۇڭشېسىغا، «قىزىل بايراق» 2 ـ گۇڭشې «1 ـ ئىيۇل» گۇڭشېسىغا، «قىزىل بايراق» 3 ـ گۇڭشې «1 ـ ئۆكتەبىر» گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، گۇڭشې تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، گۇڭشېغا قاراشلىق چوڭ ئەترەتلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئايرىلىشىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1979 ـ يىلى گۇڭشې تۈرۈشلۇق جاينىڭ نامى گۇڭشېنىڭ نامى قىلىپ بېكىتىلدى، «1 ـ ماي» گۇڭشېسى گەزلىك گۇڭشېسى دەپ، «1 ـ ئىيۇل» گۇڭشېسى يۇرچى گۇڭشېسى دەپ، «1 ـ ئۆكتەبىر» گۇڭشېسى ئاچال گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى.

1984 ـ يىلى گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بويىچە گەزلىك يېزىسى، يۇرچى يېزىسى، ئاچال

www.uyghurkitap.com

يېزىسى تەسىس قىلىندى، ئۈچ يېزىدا جەمئىي 23 كەنت ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەسلىدىكى بازار چوڭ ئەترىتى ئاساسىدا كەلپىن بازىرى تەسىس قىلىندى.

1990 ـ يىلى ناھىيەدە ئۈچ يېزا، بىر بازار، 24 كەنت ئاھالە كومىتېتى، 148 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى بار بولدى.

## §2. شەھەر ـ بازار

كەلپىن بازىرى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان. ناھىيە بازىرى كەلپىن بازىرىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ غەربىيقۇمئاتلاق تېغىغا، شىمالى يۇرچى يېزىسىغا، شەرقى ئاچال يېزىسىغا، غەربى گەزلىك يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تار ـ ئۇزۇنچاق تۇزلەڭ بەلباغ. ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°03′، شىمالى پاراللېل 40°32′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1161.8 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 2.1 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 0.95 كىلومېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئىككى كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر ئەتراپىنى قوشقاندا تەخمىنەن بەش كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارىمىقىدا ئىككى ئاھالە كومىتېتى بار. ناھىيە بازىرىدا 71 مەمۇرىي ئورگان، كەسپىي ئورۇن ۋە كارخانا بار. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى (قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك پارتكوم دەپ ئاتىلىدۇ)، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دەپ ئاتىلىدۇ)، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى (قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دەپ ئاتىلىدۇ)، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى (قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق رەھبەرلىك ئورگانلىرى چوڭ تۆت كوچىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

### 1. شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرىدا دائىمىي ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە 100 گە يەتمەيتتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، كېڭەش (سەنيىخۇي)، ساقچى ئىدارىسى، باجخانا، تاشقى سودا ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدا دائىمىي ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە داۋاملىق كۆپىيىپ، 1990 ـ يىلى 5188 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ ئاھالىسى 1563 نەپەر). يىلمۇيىل پىلانلىق قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق 1990 ـ يىلى شەھەر رايونىنىڭ تەخمىنەن ئىككى كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىسى ئىچىدە يەتتە بىنا سېلىندى، ھەر خىل ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 91 مىڭ 528 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي 76.63% نى، خىشتىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆي 20.46% نى، خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق بىنا 4.91% نى تەشكىل قىلىدۇ. بىنالار ۋە قىسمەن خىش ئۆيلەرگە يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ناھىيە بازىرىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ 1984 ـ يىلدىكى كۆلىمى

جەدۋەل 1—1

بىرلىكى: كۋادرات مېتىر

| ئورۇن | ئىمارەت كۆلىمى | ھەر كىشىگە توغرا كەلگەن كۆلەم | % |
|---|---|---|---|
| سانائەت | 5327 | 1.25 | 5.8 |
| ئامبار ـ ئىسكىلات | 13228 | 3.10 | 14.5 |
| تۇرالغۇ رايون | 35097 | 8.23 | 38.3 |
| پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگىنى | 6229 | 1.46 | 6.8 |
| مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە | 1617 | 0.38 | 1.8 |
| يېزا ئىگىلىكى | 3296 | 0.77 | 3.6 |
| مەكتەپ | 7351 | 1.72 | 8.0 |
| بالا بېقىش | 330 | 0.08 | 0.4 |
| مەدەنىيەت | 4617 | 1.08 | 5.0 |
| تەنتەربىيە | 200 | 0.05 | 0.2 |
| داۋالاش ـ سەھىيە | 3071 | 0.72 | 3.4 |
| قاتناش | 245 | 0.06 | 0.3 |
| سودا | 7220 | 1.69 | 7.9 |
| يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى | 2748 | 0.64 | 3.0 |
| ھەربىي ئىشلار | 952 | 0.22 | 1.0 |
| جەمئىي | 91528 | 21.45 | 100.0 |

ئىزاھات: 1984 ـ يىلدىكى ناھىيە بازىرىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاھالە 4262 نەپەر

## 2 . كوچا

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىرلا توپا كوچا بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىملىق كېڭەيتىش ئارقىلىق توپا كوچا سەل كېڭەيتىلگەن ۋە ئۇزارتىلغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭلىكى بەش مېترغا، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېترغا يەتمەيتتى. شۇڭا كىشىلەر: «كەلپىن دېگەن بىرلا كوچا» دېيىشەتتى. 1976 ـ يىلى بۇ توپا كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپى بازار كەنتىگىچە ئۇزارتىلىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېترغا يەتكۈزۈلدى. كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ ئۈچ كوچا، شەرقتىن غەربكە قارىتىپ تۆت كوچا ئېلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9.58 كىلومېترغا، كۆلىمى 111 مىڭ 300 كۋادرات مېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالت يول 5.3 كىلومېتىر. ئاساسىي غول يولنىڭ كەڭلىكى ئون مېتىر، تارماق غول يولنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتىر، تار كوچىلارنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان غول يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سېمونت كېسەك

ياتقۇزۇلغان پىيادىلەر يولى ۋە ئېرىق ياسالدى، مەنزىرە دەرەخلىرى تىكىلدى. چوڭ - كىچىك كوچىلار ناھىيە بازىرىنى شاھمات تاختىسىدەك شەكىلگە كىرگۈزدى.

1) **«ئىتتىپاق» يولى** بۇ يول ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا خورما زاۋۇتىدىن باشلىنىپ، شىمالدا قارا كۆت كەنتىگە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2100 مېتىر، يول يۈزىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يول چىراغلىرى ئورنىتىلغان، يولنىڭ يان تەرىپىدىن ئېرىق ئېلىنغان بولۇپ، گۈل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆستۈرۈلگەن. كوچىنىڭ مەركىزىي رايونىدا ئىككى گۈللۈك بار، ئاپتوموبىل، ۋېلسىپىت ۋە پىيادىلەر يولى ئايرىلغان، بۇ، بازار ئىچىنى سىرت بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق يول.

2) **«ساغلاملىق» يولى** ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىي رايونىدىكى يول بولۇپ، شەرقتە نېفىت شىركىتىدىن باشلىنىپ، غەربتە مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىغىچە سوزۇلۇپ، يارباغ يولىغا تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرىدا «ئىتتىپاق» يولى بىلەن كېسىشىپ، چوڭ تۆت كوچىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئاساسلىق كوچىلارنىڭ بىرى.

3) **«ئازادلىق» يولى** شەرقتە تاش يول ئاسراش ئۇچاستكىسىدىن باشلىنىپ، غەربتە يارباغ يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئورمان بەلبېغىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ.

4) **«دېموكراتىيە» يولى** شەرقتە چوشقا فېرمىسىدىن باشلىنىپ، غەربتە يار باغ يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يول بويىدا ئېرىق، ئورمان بەلبېغى بار.

5) **«يار باغ» يولى** ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا «ئازادلىق» يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا «ساغلاملىق» يولىغا تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرىدا «دېموكراتىيە» يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يول بويىدىكى ئورمان بەلبېغىنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ.

6) **«بوستان» يولى** جەنۇبتا «ساغلاملىق» يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا «دوستلۇق» يولىغا تۇتىشىدۇ، ئوتتۇرىدا «مەدەنىيەت» يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 700 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، قىسمەن جايلىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يول بويىدىكى ئورمان بەلبېغىنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ.

7) **«دوستلۇق» يولى** ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە «ئىتتىپاق» يولىدىن باشلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، يولغا شېغىل ياتقۇزۇلغان، يول بويىدا ئورمان بەلبېغى بار، يولنىڭ ئىككى قاسنىقى تېرىلغۇ يەر.

8) **«سۇ بېشى» يولى** ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى كوچا بولۇپ، شەرقتە «ئىتتىپاق» يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، پىيادىلەر يولى ۋە ئاپتوموبىل - ھارۋا يولى ئايرىلغان. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېرىق، گۈللۈك، ئورمان بەلبېغى بار.

## 3. توك بىلەن تەمىنلەش

1961 - يىلى 1 - نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ ناھىيە بازىرىغا توك بېرىشكە باشلىدى، لېكىن توك يېتىشمىدى. 1975 - ، 1977 - يىللىرى 2 - ، 3 - نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئىلگىرى - كېيىن پۈتۈپ، ناھىيە بازىرىغا كۈنبويى توك بېرىلىدىغان بولدى. 1984 - ۋە 1986 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن قۇرۇلغان 4 - ۋە 5 - نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىمۇ ناھىيە بازىرىغا توك بېرىشكە

www.uyghurkitap.com

باشلىدى. 5 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ناھىيە بازىرىنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ئىستانسا بولۇپ قالدى.

### 4 . سۇ بىلەن تەمىنلەش

كەلپىننىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا كىشىلەر ئەزەلدىن كۆل سۈيى ئىچەتتى، كۆل سۈيى پاكىز ئەمەس ئىدى. 1964 ـ يىلى ۋە 1974 ـ يىلى ئىككى تىرەن قۇدۇق كولاندى. 1977 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قورۇسى ئىچىدە تۇنجى سۇ مۇنارىسى ياسالغاندىن كېيىن، كىشىلەر تۇرۇبا سۈيى ئىچىشكە باشلىدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدا سۈيىنى ئىچىشكە بولىدىغان قۇدۇق توققۇزغا، سۇ مۇنارىسى ئۈچكە يەتتى.

1984 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 500 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن كەلپىن ئۆستەڭنىڭ سۇ بۆلگۈچ تومىسىنىڭ بېشىدا تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى قۇرۇلدى ۋە قۇيما تۆمۈر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىنىڭ تارماق تۇرۇبىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىندى.

يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش تۇرۇبىسىغا 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق قۇيما تۆمۈر تۇرۇبىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5750 مېتىر، دىئامېتىرى 200 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلدى. تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتىدا 750 كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان بىر سۇ تىندۇرۇش كۆلچىكى، 300 كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان بىر سۇ سۈزۈش كۆلچىكى ياسالدى. قۇرۇلۇش تەبىئىي پەسىش پەرقىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، بېسىم كۈچى ئالتە كىلوگرام / كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## § 3 . يېزا، مەيدان

1990 ـ يىلى ناھىيىدە ئۈچ يېزا، بىر مەيدان بار بولدى، ئۇلار: گەزلىك يېزىسى، يۇرچى يېزىسى، ئاچال يېزىسى ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت.

### 1 . گەزلىك يېزىسى

گەزلىك يېزىسى كەلپىن بازىرىنىڭ 4.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 78°59′، شىمالىي پاراللېل 40°29′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 110 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 46 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 5019.25 كۋادرات كىلومېتىر (تاغلىق رايون 82%نى، سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى 2.4%نى، چۆللۈك ـ ساي 15.6%نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، 24 مىڭ 372 مو تېرىلغۇ يېرى، 25 مىڭ مو ئوتلىقى، 2154 مو بېغى بار.

يېزا قارىمىقىدا توققۇز كەنت ئاھالە كومىتېتى (گەزلىك، پاسۇن، قۇملۇق، قالما، تۆۋەن قاشئېرىق، باغلىق، ئۈستۈن قاشئېرىق، سۇ بېشى، قۇمىيار)، 63 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 27 چارۋىچىلىق نۇقتىسى، 2289 ئائىلە، 11 مىڭ 879 ئادەم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 11 مىڭ 869، قىرغىزلار ئون.

گەزلىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۈستۈن ئالتە ئايماق دەپ، مىنگو دەۋرىدە «شىنيى»

(ئادالەت) يېزىسى دەپ ئاتالغان. 1951 - يىلى 1 - رايونغا ئۆزگەرتىلدى، 1958 - يىلى گوڭشېغا ئۆزگەرتىلدى، 1984 - يىلى يېزىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق،كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ،يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 14.4℃(تاغلىق رايونلارنىڭ 9℃—10℃)،يازدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 18.7℃،قىشتىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 4.3℃،ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41.9℃،ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 29.3℃ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 74 مىللىمېتر، قىراۋسىز مەزگىل 210 كۈندىن ئاشىدۇ.

يېزا بويىچە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، 1990 - يىلدىكى تېرىلغۇ يېرى 21 مىڭ 600 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 2.3 مودىن توغرا كەلدى. ئەمەلىي تېرىلغان يەر 12 مىڭ 275 موغا يەتتى.بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلىدىغان يەر 11 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئاساسەن، بۇغداي، كۆممىقوناق ۋە ئاز مىقداردا ماش، تېرىق تېرىلىدى. ئىقتىسادىي زىرائەتتە قوغۇن - تاۋۇز، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، قىچا، كەندىر ئاساس قىلىنىدۇ. سەي - كۆكتات كەم تېرىلىدۇ. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى1960 - يىلى 2 مىليون 700 مىڭ جىڭ ئىدى، 1990 - يىلى 7 مىليون 266 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1.69 ھەسسە ئاشتى. 1990 - يىلى 190 مىڭ جىڭ ياغلىقدان ئېلىندى، 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا قالغان چارۋا 34 مىڭ 600 تۇياققا يەتتى.

باغۋەنچىلىكتە ئۆرۈك ئاساس قىلىنىدۇ، ئالما، ئۈزۈم ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1988 - يىلدىكى باغ كۆلىمى 2154 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 8.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئۆرۈكلۈك ئومۇمىي باغ كۆلىمىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بىر يىلدا 160 توننا ئەتراپىدا گۆلە ئىشلەپچىقىرىلدى، گەزلىكنىڭ ئۆرۈكى ئەتلىك، مېزىلىك بولۇپ، شۇ يەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

سۇغۇرۇش غول ئۆستەڭدىكى سۇ بېشى ئېغىزىدىكى تاشئۆستەڭدىن باشلىنىدۇ. يېزا بويىچە ئون ئاساسلىق ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 43 كىلومېتر كېلىدۇ. يېزىدا غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئېرىقچە، كۆكچى ئېرىق، ئۇششاق ئېرىقتىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن.

1976 - يىلدىن باشلاپ «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 1990 - يىلغىچە 8782 مو ئېتىز سالالاشتۇرۇلدى، يول بويلىرىدا يىگىدىن 9.8 كىلومېتر ئورمان بەلبېغى بىنا قىلىندى، يىگىدىن تۆت چوڭ چۇشۇرگە ياسالدى، 12 كىلومېتر يول ياسىلىپ شېغىل ياتقۇزۇلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ناھىيە بازىرىغىچە بولغان يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. يېزا، كەنت ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى ئارىلىقىدا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان بولدى.

يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، يەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ بار، مەكتەپلەردە 1504 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. بىر كىنوخانا، بىر شىپاخانا بار، قىسمەن كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىدا ساقلىقنى ساقلاش ئۆيى بار.

## 2 . يۇرچى يېزىسى

يۇرچى يېزىسى شەھەرنىڭ ئۈچ كىلومېتر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°01′، شىمالىي پاراللېل 40°31′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 79.5 كىلومېتر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 40 كىلومېتر، كۆلىمى تەخمىنەن 3176.4 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلىق رايون 86% نى، چۆللۈك - ساي يەر 11% نى، ئويمانلىقتىكى سۇغىرىلىدىغان رايون 3% نى تەشكىل

قىلىدۇ.

يېزا قارىمىقىدا يەتتە كەنت ئاھالە كومىتېتى (يۇرچى، يۇقىرىس، ئارايماق، ئوتتۇرا قۇمئېرىق، تۆۋەن قۇمئېرىق، تومئېرىق، تېرەكئاۋات)، 50 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 28 چارۋىچىلىق نۇقتىسى، 1875 ئائىلە، 10 مىڭ 494 ئادەم بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 10 مىڭ 481، قىرغىزلار 13.

«يۇرچى» سۆزى «ياۋچى» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا يۇرچى كەنتىدە ياۋچى قەبىلىسى ياشىغانىكەن. يۇرچى يېزىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تۆۋەن ئالتە ئايماق دەپ، مىنگو دەۋرىدە تۆۋەن ئايماق، «جۇڭشياۋ» (ساداقەت) يېزىسى دەپ ئاتالغان، 1951 - يىلى 2 - رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى، 1958 - يىلى گۇڭشېغا، 1984 - يىلى يېزىغا ئۆزگەرتىلدى.

يېزىنىڭ كىلىماتى، تېمپېراتۇرىسى، ھۆل - يېغىن ئەھۋالى گەزلىك يېزىسىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ، تاغدىن كېلىدىغان قىيان ۋە چارۋىچىلىق رايونىدا تۈيۈقسىز يۈز بېرىدىغان جۇدۇن ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

يېزا بويىچە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان چارۋىچىلىقمۇ خېلى تېز راۋاجلاندى. 1990 - يىلى 18 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.9 مودىن توغرا كەلدى. ئەمەلىي تېرىلغان يەر كۆلىمى 12 مىڭ 125 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغان يەر 11 مىڭ 300 مو بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىلدى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن قوغۇن - تاۋۇز، بېدە ۋە كۆكتات تېرىلدى. 1990 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 184 مىڭ جىڭغا يېتىپ (كىشى بېشىغا 759 جىڭدىن توغرا كېلىپ)، 1949 - يىلدىكىدىن 7.98 ھەسسە ئاشتى. ياغلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 110 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 17.33 ھەسسە ئاشتى. چارۋىچىلىقتا قوي، تۆگە بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چارۋا 40 مىڭ 412 تۇياققا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 3.12 ھەسسە ئاشتى. بىر يىلدا تەخمىنەن ئالتە توننا تۆگە يۇڭى ئېلىندى.

1988 - يىلى يېزا بويىچە 1451 مو باغ بولۇپ، ئاساسەن، ئۆرۈك، ئالما ۋە ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلدى، تەخمىنەن 150 توننا گۆلە قۇرۇتۇلدى. بۇ يېزىنىڭ ئۆرۈكىنىڭ سۈپىتى باشقا يېزىلارنىڭكىدىن ياخشى.

1970 - يىلدىن ئىلگىرى يېزىدا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىدىكى بىرەر يېزا - كەنت كارخانىسى يوق ئىدى. 1971 - يىلدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن بىر ئون زاۋۇتى (كۆنىگە سەككىز توننا ئۇن تارتالايدۇ)، بىر خورما زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەرمۇ كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇردى.

يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ، 1717 ئوقۇغۇچى بار؛ بىر كىنوخانا، بىر رادىئو كۆچەيتىش پونكىتى، بىر شىپاخانا (ئالتە تىببىي خادىم، ئون كېسەل كارىۋىتى) بار. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، يول بويىدا باراقسان دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

## 3. ئاچال يېزىسى

ئاچال يېزىسى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىغا 24.5 كىلومېتر كېلى-

دۇ. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°20′، شىمالىي پاراللېل 40°39′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1060 مېتىر ئېگىز، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 48 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 2696.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يېزا تەۋەسىدە 53 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر (ئەمەلىيەتتە تېرىلىدىغىنى 81 مىڭ 60 مو)، 136 مىڭ مو ئوتلاق، 1462 مو باغ بار، قارىمىقىدا يەتتە كەنت ئاھالە كومىتېتى (تۇرا، قۇملۇق، گەزلىك، قالما، كۆل، «ئىتتىپاق»، چىلان)، 26 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 5686 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 5662، قىرغىزلار 15، خۇيزۇلار توققۇز.

«ئاچال» ئۇيغۇرچە «ئاچا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. قىزىل قۇم ئېقىنى يېزىغا كىرگەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر ئېقىنى كونا يولى بىلەن ئېقىپ يايدىغا بارىدۇ، بىر ئېقىنى شەرققە قاراپ ئېقىپ چىلان سايدىن ئۆتۈپ يايدىغا كىرىدۇ. ئېقىن تەبىئىي ھالدا ئاچا شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئاچال چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28-يىلى ئاقسۇ كوناشەھەردىن كەلپىننىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاچال چىلان ئۆتىڭى دەپ ئاتالغان، مىنگو دەۋرىدە «تېنچلىق» يېزىسى دەپ ئاتالغان، 1951-يىلى 3-رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى، 1958-يىلى گۇڭشېغا، 1984-يىلى يېزىغا ئۆزگەرتىلدى.

يېزىنىڭ يېرى تۈز بولغانلىقتىن، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا باب كېلىدۇ. جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە تەبىئىي بايلىق جەھەتتە ناھىيە بويىچە ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە. تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان 1 مىليون مو بىنەم يەر ئىچىدە 400 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، پەقەت سۇ بولمىغانلىقتىن، ھەر يىلى ئەمەلىي تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىشقا بولىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ بەش پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاقلىق بار. بۇ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ بىردىنبىر ئوتۇن ۋە ياغاچ ئورمانلىقى بازىسى. شىمالىي تاغلىق رايوندا مول تۆمۈر سولفات كېنى، گۇڭگۇرت كېنى ھەم كرىستال تاش كېنى بار. ئۈرۈمچى – قەشقەر تاشيولى يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

يېزا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ھاۋا كىلىماتى بەك قۇرغاق، يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارى 85 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 43.1℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 31℃ بولىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. ئەتىياز پەسلىدە قۇرۇق ئىسسىق شامال ۋە قۇيۇن كۆپ چىقىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى 195 كۈندىن ئاشىدۇ. يەرنىڭ توڭلاش ۋاقتى 105 كۈن ئەتراپىدا، توڭلاش قېلىنلىقى 70 — 120 سانتىمېتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ.

تەبىئىي ئاپەتتىن مۆلدۈر ۋە كەلكۈن كۆپ يۈز بېرىدۇ. بولۇپمۇ كەلكۈن ئاپىتى كۆپ بولىدۇ.

ئاچال يېزىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. يىللىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 18 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 3.4 مودىن توغرا كېلىدۇ. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن، ئاساسەن، بۇغداي، ئاققوناق، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، قوغۇن قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. 1990-يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 360 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949-يىلدىكىدىن 59.4 ھەسسە ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 23 مىڭ 705 تۇياققا يېتىپ، 1949-يىلدىكىدىن 88.2 ھەسسە ئاشتى. ھەر يىلى دۆلەتكە 300 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا تاۋار ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى. بۇ يېزا ناھىيە بويىچە ئاساسلىق ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى.

يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بەش باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 667 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئوقۇش يې-

شىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% دىن ئاشتى. بىر كىنوخانا ، بىر شىپاخانا بار ، كەنتـ
لەرنىڭ ھەممىسىدە ساقلىقنى ساقلاش ئۆيى بار.

## 4 . ئۈرۈقچىلىق مەيدانى

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ، ناھىيە بازىرىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ ، ئورنى شەر-قىي مېرىدىئان ′54°78 ، شىمالىي پاراللېل ′33°40 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى بەش كىلومېتىر ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 48 كۋادرات كىلومېتىر ، تېرىلغۇ يېرى 430 مو. 55 كادىر ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ، 144 ئاھالىسى بار( بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 134 ، قىرغىزلار ئون ).

بۇ مەيدان جايلاشقان يەر ئەسلىدە سېرىق توغراق دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 150 يىل ئىلگىرى بۇ يەر تۇتاش كەتكەن توغراقلىق ئىدى. كېيىن ، ئوتتۇن ئورمانلىقىنىڭ تەدرىجىي شىمالغا سىلجىـ
شىغا ئەگىشىپ ، توغراقلىقلار كېسىلىپ تۈگەپ كەتكەن.

ئۈرۈقچىلىق مەيدانى 1960 ـ يىلى قۇرۇلدى ،ئۇ ئەسلىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيـ
دانى ئىدى ؛ 1962 ـ يىلى نەسىللىك چارۋا فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى ؛ 1964 ـ يىلى قارا كۆل ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلىپ ، باغۇەنچىلىك مەيدانى دەپ ئاتالدى ؛ 1974 ـ يىلى سورتلۇق ئۈرۈقچىلىق بازـ
سى قىلىپ قۇرۇلۇپ ، ئۈرۈقچىلىق مەيدانى دەپ ئاتالدى.

مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ ، ئوتتۇرىسى جىلغا ئويمانلىقى ، ھاۋا كىلىماتى تاغلىق رايون ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ ، قىراۋسىز مەزگىلى 210 كۈندىن ئاشىدۇ ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃ بولىدۇ. بۇ مەيداندا دېھقانچىلىق بىلەن ئور-
مانچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ئاساسەن بۇغداي ، كۆممىقوناق ، ياغـ
لىق ئاپتاپپەرەس تېرىلىدۇ. 1990 ـيىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 148 مىڭ جىڭغا يېتىپ ، كىشى بې-
شىغا 1104 جىڭدىن توغرا كەلدى. ياغلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4000 جىڭغا يەتتى. باغۇەنچىلىكتە ئۆرۈك ئاساس قىلىنىدۇ ، قوشۇمچە كۆچەتزارلىقتا كۆچەت ئۆستۈرۈلىدۇ. 1990 ـ يىلى مېۋىلىك باغ 60 مو-
غا ، ھەر خىل دەرەخ كۆچەتلىرى 20 مىڭ تۈپكە ، چارۋا 1922 تۇياققا يەتتى. 1988 ـ يىلى ئومۇمىي مەھـ
سۇلات قىممىتى 39 مىڭ 488 يۈەنگە ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 2 .274 يۈەنگە ، ئىشچى ـ خىزمەتـ
چىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 96 .717 يۈەنگە يېتىپ ، بۇرۇنقى دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردىمىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلدى.

ئۈرۈقچىلىق مەيداندا ئىككى « 55 » تىپلىق تراكتور ، بىر قول تراكتورى ، بىر كىچىك تۈگمەن بار. مەيداندا سۇ مول بولۇپ ، يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان يەر كۆلىمى كەڭ ، ئۆرۈك ، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ ، قۇمۇش كۆپ ، مۇھىتى تىنچ ، ئەتىياز ، ياز پەسىللىرىدە ساياھەت قىلىدىغانلار كۆپ كېلىدۇ.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق كەنت ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى قىسقىچە ئەھۋالى

جەدۋەل 1—2

| جۇغراپىيىلىك ئورنى | | يەر نامى | يەرنامىنىڭ مەنىسى | قىسقىچە ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | | | |
| 40°31′ | 79°01′ | قاراكۆت | قارا كۆتەك | ئەسلىدە يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 1984 ـ يىلى بازار قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن بازىرىغا ئايرىپ بېرىلگەن. 256 ئائىلە، 1185 ئادەم، 385 ئەمگەك كۈچى، سەككىز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 3500 مو تېرىلغۇ يېرى، 213 مو مېۋىلىك بېغى، 3519 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 252 مىڭ 300 جىڭغا يەتتى. |
| 40°28′ | 78°59′ | گەزلىك | قاتمال يەر، قۇرغاق يەر | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 360 ئائىلە، 1839 ئادەم، 702 ئەمگەك كۈچى، 12 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 3480 مو تېرىلغۇ يېرى، 276 مو مېۋىلىك بېغى، 6431 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 575 مىڭ 500 جىڭغا يەتتى. |
| 40°29′ | 78°59′ | قۇملۇق | قۇملۇق يەر | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 442 ئائىلە، 1883 ئادەم، 820 ئەمگەك كۈچى، 11 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 3720 مو تېرىلغۇ يېرى، 420 مو مېۋىلىك بېغى، 4680 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 940 مىڭ جىڭغا يەتتى. |
| 40°28′ | 79°00′ | پاسۇن | پاسىل | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 355 ئائىلە، 1744 ئادەم، 785 ئەمگەك كۈچى، 11 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 3500 مو تېرىلغۇ يېرى، 268 مو مېۋىلىك بېغى، 6219 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 216 مىڭ جىڭغا يەتتى. |
| 40°28′ | 78°59′ | قالما | قالدىغان يەر | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 140 ئائىلە، 656 ئادەم، 256 ئەمگەك كۈچى، بەش كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 2050 مو تېرىلغۇ يېرى، 180 مو مېۋىلىك بېغى، 2392 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 681 مىڭ جىڭغا يەتتى. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 40°29′ | 78°59′ | ئۇستۇن قاش ئېرىق | قاش ئېرىق | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 242 ئائىلە، 1161 ئادەم، 450 ئەمگەك كۈچى، سەككىز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 2050 مو تېرىلغۇ يېرى، 217 مو مېۋىلىك بېغى، 2843 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 757 مىڭ 900 جىڭغا يەتتى. |
| 40°28′ | 78°58′ | باغلىق | باغ بار يەر | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 320 ئائىلە، 1507 ئادەم، 562 ئەمگەك كۈچى، 11 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 1650 مو تېرىلغۇ يېرى، 157 مو مېۋىلىك بېغى، 5846 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 963 مىڭ 700 جىڭغا يەتتى. |
| 40°30′ | 78°45′ | سۇ بېشى | سۇنىڭ بېشى | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 50 ئائىلە، 253 ئادەم، 130 ئەمگەك كۈچى، ئۈچ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 510 مو تېرىلغۇ يېرى، 75 مو مېۋىلىك بېغى، 1710 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 105 مىڭ500 جىڭغا يەتتى. |
| | | قۇمېيەر | قۇملۇق يەر | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 89 ئائىلە، 277 ئادەم، ئىككى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 500 مو تېرىلغۇ يېرى (280 مو تېرىلدى)، 255 مو مېۋىلىك بېغى، 304 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 170 مىڭ جىڭغا يەتتى. |
| 40°28′ | 78°58′ | تۆۋەن قاشئېرىق | قاش ئېرىق | گەزلىك يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 251 ئائىلە، 1186 ئادەم، 409 ئەمگەك كۈچى، يەتتە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 1560 مو تېرىلغۇ يېرى، 219 مو مېۋىلىك بېغى، 3703 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 853 مىڭ 800 جىڭغا يەتتى. |
| 40°31′ | 79°01′ | يۇرچى | ياۋچى | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 265 ئائىلە، 1270 ئادەم، 500 ئەمگەك كۈچى، سەككىز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 2200 مو تېرىلغۇ يېرى، 350 مو مېۋىلىك بېغى، 4047 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 286 مىڭ 400 جىڭغا يەتتى. |
| 40°32 | 79°01′ | يۇقىرىس | يۇقىرى دىكى يەر | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 313 ئائىلە، 1499 ئادەم، 580 ئەمگەك كۈچى، سەككىز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 2800 مو تېرىلغۇ يېرى، 311 مو مېۋىلىك بېغى، 7783 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 461 مىڭ 500 جىڭغا يەتتى. |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 40°31′ | 79°03′ | تومئېرىق . | تومسىبار ئېرىق | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 352 ئائىلە، 1667 ئادەم، 670 ئەمگەك كۈچى، سەككىز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 4430 موتېرىلغۇ يېرى، 450 مو مېۋىلىك بېغى، 5306 تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى1 مىليون 113 مىڭ 400 جىڭغا يەتتى. |
| 40°31′ | 79°02′ | ئارايماق | ئارىدىكى ئايماق | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 355 ئائىلە، 1681 ئادەم، 654 ئەمگەك كۈچى، ئون كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 2236 مو تېرىلغۇ يېرى، 154 مو مېۋىلىك بېغى، 5642 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 355 مىڭ 400 جىڭغا يەتتى. |
| 40°31′ | 79°02′ | ئۇستۈن قۇمئېرىق | يۇقىرىدىكى قۇملۇق ئېرىق | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 272 ئائىلە، 1497 ئادەم، 502 ئەمگەك كۈچى، توققۇز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 3060 مو تېرىلغۇ يېرى، 280 مو مېۋىلىك بېغى، 8795 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 124 مىڭ 200 جىڭغا يەتتى. |
| 40°32′ | 79°02′ | تۆۋەن قۇمئېرىق | تۆۋەندىكى قۇملۇق ئېرىق | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 252 ئائىلە، 1270 ئادەم، 455 ئەمگەك كۈچى، توققۇز كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 2073 مو تېرىلغۇ يېرى، 286 مو مېۋىلىك بېغى، 7725 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 543 مىڭ 800 جىڭغا يەتتى. |
| 40°43′ | 79°03′ | تېرەك ئاۋات | تېرەك كۆپ يەر | يۇرچى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 21 ئائىلە، 121 ئادەم، 56 ئەمگەك كۈچى، ئىككى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 180 مو تېرىلغۇ يېرى، 45 مو مېۋىلىك بېغى، 1072 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 59 مىڭ 800 جىڭغا يەتتى. |
| 40°29′ | 79°21′ | قالما | قالدىغان يەر | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 104 ئائىلە، 553 ئادەم، 221 ئەمگەك كۈچى، ئۈچ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 5100 مو تېرىلغۇ يېرى، 130 مو مېۋىلىك بېغى، 1911 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 324 مىڭ 200 جىڭغا، پاختا مەھسۇلاتى 34 مىڭ 600 جىڭغا يەتتى. |
| 40°31′ | 79°23′ | ئىنتىپاق | | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 85 ئائىلە، 428 ئادەم، 153 ئەمگەك كۈچى، ئۈچ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 5800 مو تېرىلغۇ يېرى، 105 مو مېۋىلىك بېغى، 1747 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 417 مىڭ جىڭغا، پاختا مەھسۇلاتى 44 مىڭ 600 جىڭغا يەتتى. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 40°32′ | 79°24′ | كۆل | كۆل يەر | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 73 ئائىلە، 373 ئادەم، 145 ئەمگەك كۈچى، ئىككى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 3000 مو تېرىلغۇ يېرى، 103 مو مېۋىلىك بېغى، 1447 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 349 مىڭ جىڭغا، پاختا مەھسۇلاتى 65 مىڭ 600 جىڭغا يەتتى. |
| 40°32′ | 79°31′ | چىلان | چىلانغان يەر | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 230 ئائىلە، 1377 ئادەم، 671 ئەمگەك كۈچى، ئالتە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 13 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ يېرى، 553 مو مېۋىلىك بېغى، 6801 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 91 مىڭ جىڭغا، پاختا مەھسۇلاتى 49 مىڭ 200 جىڭغا يەتتى. |
| 40°29′ | 79°20′ | تۇرا | كۆزنىتش ئورنى (تۇر) | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 164 ئائىلە، 863 ئادەم، 326 ئەمگەك كۈچى، ئۈچ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 10 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى، 152 مو مېۋىلىك بېغى، 4149 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 767 مىڭ 600 جىڭغا، پاختا مەھسۇلاتى 56 مىڭ 400 جىڭغا يەتتى. |
| 40°29′ | 79°21′ | قۇملۇق | قۇملۇق يەر | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 152 ئائىلە، 769 ئادەم، 315 ئەمگەك كۈچى، بەش كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 8950 مو تېرىلغۇ يېرى، 84 مو مېۋىلىك بېغى، 4044 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 684 مىڭ 400 جىڭغا، پاختا مەھسۇلاتى 53 مىڭ 700 جىڭغا يەتتى. |
| 40°29′ | 79°23′ | گەزلىك | قاتمال يەر، قورغاق يەر | ئاچال يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، 130 ئائىلە، 673 ئادەم، 239 ئەمگەك كۈچى، تۆت كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى، 5625 مو تېرىلغۇ يېرى، 115 مو مېۋىلىك بېغى، 2973 تۇياق چارۋىسى بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 727 مىڭ 100 جىڭغا ،پاختا مەھسۇلاتى 35 مىڭ 600 جىڭغا يەتتى. |
| 40°31′ | 79°23′ | دوۋلىق | دوۋا بار يەر | «ئىتتىپاق» چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى بولۇپ، 20 ئائىلە، 95 ئادەم، 650 مو تېرىلغۇ يېرى، 50 مو مېۋىلىك بېغى، 1600 تۇياق چارۋىسى بار. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 40°40′ | 79°36′ | ئىنگەن | قايمال (ھىنگان) | چىلان چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى بولۇپ، 13 ئائىلە، 65 ئادەم، 100 مو تېرىلغۇ يېرى بار. تەۋەسىدە تاغلىق يەر كۆپ. |
| 40°33′ | 78°56′ | كاما تىكەن | كامادىكى تىكەن | ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، ھازىر ئىككى ئۆيلۈك دېھقان، 20 مو مېۋىلىك باغ، 18 مو تېرىلغۇ يېرى بار. |
| 40°33′ | 78°48′ | ئۆتەكقول | ئوك قولدىكى ئۆتەك (قونالغۇ) | سۇ بېشى كەنتىنىڭ بىر دېھقانچىلىق نۇقتىسى بولۇپ، بەش ئائىلە، 15 ئادەم، 35 مو تېرىلغۇ يەر، ئون مو مېۋىلىك باغ بار. |
| 40°30′ | 78°48′ | سارىم | باغ | سۇ بېشى كەنتىنىڭ بىر ئاھالە گۇرۇپپىسى بولۇپ، 11 ئائىلە، 87 ئادەم، 300 مو تېرىلغۇ يەر، 22 مو مېۋىلىك باغ بار. |
| 40°12′ | 78°53′ | يىجيەن فاڭزى | بىر ئېغىزلىق ئۆي | 1941 ـ يىلى كەلپىنلىك كىشىلەر بۇ يەردە بىر ئېغىزلىق ئۆي سالغان. شۇڭا، بۇ يەر خەنزۇچە يىجيەن فاڭزى دەپ ئاتالغان. ھازىر بۇ يەردە بىر يول ئاسراش داۋەنى، ئاچال يېزىسىنىڭ ئورمان ئاسراش چارىسى بولۇپ، 18 ئېغىز ئۆي، 41 ئادىمى بار. |

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى قىسىم

# تەبئىي شارائىت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى قىسىم

# تەبىئىي شارائىت

## 1 باب

## گېئولوگىيە

كەلپىن ناھىيىسى گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتىن تارىم ئويمانلىقى پلاتفورمىسىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى كەلپىن ئۈزۈلمىسىگە كىرىدۇ. يەر قاتلىمىنىڭ يېتىلىشى خېلى تولۇق، ئۇنىڭدا يۇقىرى پالېئوزوي ئېراسى گۇرۇپپىسىدىن تارتىپ كاينوزوي ئېراسى گۇرۇپپىسىغىچە بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسى مەيدانغا كەلگەن، گېئولوگىيىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئۇنى كەلپىن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئويخاردى كۆتۈرۈلمىسى، سۇ بېشىنىڭ شىمالىدىكى مۇزلۇق ئۆتكۈنچى بەلبېغى ۋە ئوتتۇرا جەنۇب قىسمىدىكى شىمالىي تارىم بەلبېغى دېيىشكە بولىدۇ. تۆتىنچى دەۋر گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، ئاساسەن، تاغلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان.

كەلپىن ئۈزۈلمىسى پالېئوزوي دەۋرىدە ئۇزاق مۇددەت چۆكۈپ بارغانلىقتىن، ئۇنىڭدا خېلى قېلىن تاش قاتلام ھاسىل بولغان ھەم ئۇ كېيىنكى دەۋردە بولۇپمۇ ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان يېڭى قۇرۇلما ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈش تەسىرى ۋە يېڭى قەۋەتلىنىش تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر قاتار بىر يۆنىلىشلىك يانتۇ قەۋەت قۇرۇلمىلىق گورىست تاغلارنى ۋە گورىست جىلغىلارنى ھاسىل قىلغان. تۆتىنچى ئېرادىن باشلاپ قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە يالىڭاشلارنىڭ داۋام قىلىشى ئارقىسىدا ھازىرقىدەك مۇرەككەپ يەر شەكلى ۋۇجۇدقا كېلىپ، چۆل ـ جەزىرىلىك مەنزىرە شەكىللەنگەن.

### § 1 . IV دەۋردىكى گېئولوگىيە

تۆتىنچى دەۋر گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى. قاتتىق كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ بولۇپمۇ ھىمالايا تېغى ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، قەدىمكى زامان ئىقلىمىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ئارقىسىدا، ئويمان ۋە تۈزلەڭ جايلاردا ناھايىتى قېلىن تۆتىنچى دەۋر چۆكمىلىرى توپلانغان. ئۇنىڭ ناھىيە دائىرىسىدە تارقىلىشى كەڭ، كۆلىمى چوڭ بولۇپ، تەخمىنەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ؛ چۆكمىلەر قېلىن، ئۆزگىرىش چوڭ، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنىڭ چېتىدىكى چۆكمە قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى بىر قانچە مېترغا، ئوتتۇرا قىسمىدا نەچچە يۈز مېترغا، شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىكتە 1000

مېترغا يېتىدۇ؛ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ، گورزىنتال يۆنىلىش ۋە تىك يۆنىلىشلەردە ئۆزگىرىش بار، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلار ئاساسەن شېغىللىق، قۇرۇلمىسى بىر خىل، ئۈستى قەۋىتى يىرىك، ئاستى قەۋىتى يۇمشاق، تۇپراق تەركىبى يۇقىرى. يانتۇ چۆشكەن تۈزلەڭلىك شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، تۇپراق دانچىلىرى تەدرىجىي ئۇششاقلاپ بارىدۇ، تۇپراق قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى ئاشىدۇ. ئاچالنىڭ جەنۇبىدىكى سېغىز تۇپراقنىڭ ئارىلاشما قاتلىمى كۆپ، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپرەك.

تۆتىنچى دەۋرنىڭ يەر قاتلىمى تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە بۆلۈنگەن ۋە تارقالغان:

**1. تۆۋەن يېڭىلىنىش سىستېمىسى غەربىي يۇرت گۇرۇپپىسى ( $Q_1$ )**

بۇنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇش دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ، ئاساسەن، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان، ئۇلار ماسلاشمىغان ھالدا پالېئوزوي دەۋرگە تەئەللۇق يەر قاتلىمىنى يېپىپ تۇرىدۇ. يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە تولاراق دولقۇنسىمان ئېدىرلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن، قېلىن قاتلاملار كۇلرەڭ، سۇس جىگەر رەڭ قورام تاش، شېغىل قاتارلىقلارنىڭ تەرتىپسىز ئورۇنلىشىشىدىن تۈزۈلگەن، قېلىنلىقى ئومۇمەن170 ـ 600 مېتر كېلىدۇ، ئەڭ قېلىن يەرلىرى 1000 مېتىردىن ئاشىدۇ.

**2. ئوتتۇرا يېڭىلىنىش سىستېمىسى شىخو گۇرۇپپىسى ( $Q_2$ )**

بۇ، ئاساسەن، سۇ بېشى ئويمانلىقى بىلەن كەلپىن ئويمانلىقى رايونىغا جايلاشقان، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە گىرانتلىق تۈزلەڭ ۋە سۇپا شەكىللىك يەرلەرنى شەكىللەندۈرگەن، تاغ جىنسلىرى كاتېگورىيىسى شېغىل تاش ۋە ۋالۇن قۇم، لاي قاتلاملىرى ئارىلاشقان كۆپىنكى ئەينەك جىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، توپا تەركىبى خېلى يۇقىرى. تاغ ئالدىدىن ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگىچە تاغ جىنسلىرى كاتېگورىيىسى يىرىكلىكتىن يۇمشاقلىققا قاراپ ئۆزگەرگەن بولۇپ، تۇپراق تەركىبى كۆپىيىپ بارغان.

**3. يۇقىرى يېڭىلىنىش سىستېمىسى شىنجاڭ گۇرۇپپىسى ( $Q_3$ )**

بۇ، كەلكۈن چۆكۈندى قاتلىمى ۋە تىنما قاتلىمىغا بۆلۈنىدۇ. كەلكۈن چۆكۈندى قاتلىمى تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىق بىلەن تاغ ئالدى بەلباغلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، كەڭرى شېغىل تاشلىق كەلكۈن چۆكۈندى تۈزلەڭلىكنى ھاسىل قىلغان؛ تىنما قاتلام شەرقىي جەنۇب قىسمىغا تارقالغان، يەر يۈزىدە كۆرۈنمەيدۇ، بۇرغىلاپ كۆرگەندە بۇ قاتلامنىڭ قېلىنلىقى 45.72 مېتر كەلدى، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، تاغ جىنسلىرىدا ئۆزگىرىش چوڭ، ئۇنىڭ دانچىلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ يىرىكلەشكەن. يۇقىرى قىسمىغا تۆۋەن ۋالېنتلىق قۇم ئارىلاش سېغىز تۇپراق، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىغا يۇمشاق قۇملۇق توپا، يۇمشاق قۇم قاتلام جايلاشقان، بۇنىڭغا يەنە تۆۋەن ۋالېنتلىق سېغىز تۇپراق قاتلام قىستۇرۇلغان، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسىملارغا، ئاساسەن، تۆۋەن ۋالېنتلىق سېغىز تۇپراق ۋە تۆۋەن ۋالېنتلىق قۇم ئارىلاش سېغىز تۇپراق جايلاشقان، ئاستىنقى قىسمىدا شېغىل ئارىلاش يۇمشاق قۇم بىلەن شېغىل ئارىلاش يۇمشاق تۆۋەن ۋالېنتلىق سېغىز تۇپراق بار.

**4. كولوتسىن سىستېمىسى ( $Q_4$ )**

بۇ، كەلكۈن چۆكۈندى قاتلىمى، تىنما قاتلام، شامال چۆكۈندى قاتلىمى، كۆل ۋە كەلكۈن چۆكۈندى قاتلىمىغا ئايرىلىدۇ. كەلكۈن چۆكۈندى قاتلام تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىق، چۆل تۈزلەڭلىك ۋە تاغ رايونىدىكى چوڭراق جىلغىلارغا جايلاشقان، ئۇ ۋاقىتلىق كەلكۈن ئېقىمىدىن شەكىللەنگەن، تاغ جىنسلىرى جەھەتتە، شېغىل تاش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تىنما قاتلام قەشقەر دەرياسى بىلەن زەرەپشان دەرياسى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، كەڭرى تىنما تۈزلەڭلىكنى ھاسىل قىلغان، تاغ جىنسلىرى جەھەتتە، يۇمشاق دانچىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، دەريا بويىي ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە، ئاساسەن، يۇمشاق قۇم جايلاشقان، قىسمەن جايلاردىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسىملاردا 2 ـ 5 سانتىمېتر قېلىنلىقتا كۇلرەڭ نې-

www.uyghurkitap.com

پىز قاتلاملىق‌لاي ـ لاتقىلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن؛ شامال چۆكۈندى قاتلىمى، ئاساسەن، قەشقەر دەريا ـ سىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ۋە كەلپىن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن كەلپىن ئويمانلىقىنىڭ چەتلىرىگىچە تارقالغان بولۇپ، سېرىق جىگەررەڭ يۇمشاق قۇمدىن تەركىب تاپقان؛ كۆل ۋە كەلكۈن چۆكۈندى قاتلىمىنىڭ تارقى ـ لىش دائىرىسى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئاچالنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گۆكگۈرت كېنى ۋە كەلپىن ئويمان ـ لىقىدىكى ساغان قۇدۇقى ئەتراپلىرىدا ئېچىلىپ قالغان. ئۇ، پەسىل خاراكتېرلىك يىغىندى سۇلاردىن ھا ـ سىل بولغان، ئۈنىڭ ئۈستۈن قەۋىتى لاتقا، سېغىز تۇپراق ۋەقۇمتۇپراقتىن ئىبارەت.

## § 2 . يەر قاتلىمى يېرىلمىسى

ناھىيە بويىچە يەر قاتلىمى يېرىلمىسى تېخى تولۇق تەھلىل قىلىنمىغان. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا بەش يېرىلما بار، بۇ ئەتراپ يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى جەريانىدا ئۆزگىرىش بىر قەدەر جىددىي بولغان رايون بولۇپ، يەر تەۋرەش ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن.

**1 . پىچان يېرىلمىسى**

ئۇ، شىمال ۋە شىمالىي غەربكە قاراپ 70 كىلومېتر ئارىلىقتا سوزۇلغان، كەسمە يۈزى تىك، تەتۈر ئايلانما سۈرۈلمىلىك ـ بېسىم سۈرۈلمە خاراكتېرلىك يېرىلما، ئادەتتىكى سۈرۈلمە يېرىلمىنىڭ ئارىلىقى 2000 مېتر بولۇپ، يېقىنلىششىقا قاراپ ھەرىكەت قىلماقتا.

**2 . ماڭغۇت يېرىلمىسى**

ئۇ، شىمال ۋە شىمالىي غەربكە قاراپ سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتر، كەسمە يۈزى تىك، تەتۈر ئايلانما سۈرۈلمىلىك ـ بېسىم سۈرۈلمە خاراكتېرلىك يېرىلما بولۇپ، يېقىنلىششىقا قاراپھەرىكەت ـ قىلماقتا.

**3 . ئىنگەن تاغ يېرىلمىسى**

ئۇ، شىمالىي شەرققە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، غەربىي قىسمىنى تۆتىنچى سىستېما يېپىپ تۇرىدۇ، شەرقىي قىسمى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، يەر يۈزىدە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 176 كىلومېتر، كەسمە يۈزى جەنۇبىي شەرققە قىڭغايغان، يانتۇلۇق بۇلۇڭى 60 گرادۇس، يېقىنلىششىقا قاراپ ھەرىكەت قىلماقتا.

**4 .كەلپىن يېرىلمىسى**

ئۇ، 200 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولۇپ، كەسمە يۈزى شىمالىي غەربكە قىڭغايغان. يانتۇلۇق بۇلۇڭى 40 — 80 گرادۇس، تەتۈر ئايلانما بېسىم سۈرۈلمە خاراكتېرلىك يېرىلما بولۇپ، يېقىنلىششىقا قاراپ ھەرىكەت قىلماقتا.

**5 .تۇمشۇق يېرىلمىسى**

شىمال ۋە شىمالىي غەربكە قاراپ سوزۇلغان. فىزىكىلىق تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يېڭى دەۋرنىڭ ئا ـ خىرىدا پەيدا بولغانلىقى مەلۇم.

# باب II

# يەر شەكلى

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، چۆل - باياۋان تۈسىنى ئالغان. بۇ يەردە يالانما قۇرۇلمىلىق ئۈستى يۇمىلاق ئوتتۇرا تاغلار، تاق يۈزلۈك ئوتتۇرا تاغلار، دولقۇنسىمان ئېدىرلار بار؛ يالىنىشتىن ھاسىل بولغان دۆۋىلەنمە شەكىلدىكى تاغ باغرى سۇپا يەرلەر، تاغ ئالدى گىرانىتلىق شېغىللىق تۈزلەڭلەر بار؛ دۆۋىلەنمە يەر شەكىللىرى ئىچىدە تاغ ئالدى يانتۇ شەكىللىك چۆل تۈزلەڭلەر، تاغ ئالدى يانتۇ شەكىللىك يۇمشاق تۇپىلىق تۈزلەڭلەر، تىنما تۈزلەڭلەر، مۇقىم ۋە يېرىم مۇقىم قۇم دۆۋىلىرى، كۆچمە قۇم بارخانلىرى بار. ناھىيە بازىرى كەلكۈن چۆكمىسىدىكى تۆۋەن ۋالېنتلىق قۇم تۇپراق ۋە تۆۋەن ۋالېنتلىق سېغىز تۇپراقتىن تەركىب تاپقان كەڭ، تۈپتۈز يۇمشاق تۇپىلىق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان.

كەلپىن ئويمانلىقىنىڭ شىمال، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرى تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، شەرق تەرىپى بولسا ئوچۇق. ئويمانلىق شىمالدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ يانتۇ سوزۇلغان. يەر ئۈستى تۈزۈلۈشىنى ئومۇمەن، تاغلىق، ئويمانلىق ۋە كەلكۈن چۆكۈندى تۈزلەڭلىككە ئايرىش مۇمكىن.

## § 1. تاغلىق رايون

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي، شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرى تاغلىق، كۆلىمى تەخمىنەن 6393 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 53.01 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەتراپتىكى تاغلار-ئېگىز ۋە تىك بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا دېڭىز يۈزىدىن 4049 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، تاغلارنىڭ تولىسى قاقاس تاش تاغ، تاغ ئارىسىدا بۇلاق كۆپ. تاغلاردا توپلىنىپ تۇرىدىغان قار ئاز، قىشتا ياغقان قار يازدا ئېرىپ كېتىدۇ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر تۈزلەڭ-ئويمانلارغا تارقالغان. تاغلىق رايوندا 3 مىليون 74 مىڭ 700 مو ئوتلاق بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. قىر تاغنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى كەلپىنگە تەۋە 12 جىلغىدا خېلى ياخشى ئوتلاقلار بار. تاغلىق رايوندىكى ئېگىزلىكلەردە 170 خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈكى ئۆسىدۇ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تولىسى بىلەن چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە، ئاساسلىقى غەربتە قىرتاغ تاغ تىزمىسى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 2000 — 3000 مېتىر ئېگىز؛ ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3089 مېتىر ئېگىز؛ شىمالدىكى تاغلىق رايون قارا تېكە تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي قىسمى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 2000—3500 مېتىر ئېگىز؛ ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4049 مېتىر ئېگىز؛ جەنۇبىي تاغلىق رايون كەلپىن تاغ تىزمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان؛ دېڭىز يۈزىدىن 1500 - 2000 مېتىر ئېگىز.

## 1 . غەربىي قىسىمدىكى تاغ تىزمىلىرى

بۇ يەردە چوڭ ـ كىچىك 34 تاغ بولۇپ ، ئەڭ ئېگىز چوققا دېڭىز يۈزىدىن 3089 مېتر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ ، تاغنىڭ ئەڭ پەس جايى دېڭىز يۈزىدىن 1802 مېتر ئېگىز .

1 ) **ئات سالدى تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ ، شەھەردىن 45.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان . تاغ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11.5 كىلومېتر كېلىدۇ ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2213 مېتر ئېگىز . ئوتلاق كۆلىمى 2000 مو ، بۇ يەردە شىۋاق ، تىكەنلىك ئوت ، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ . تۈلكە ، جەرەن ، توشقان ، مولۇن قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار ياشايدۇ .

2 ) **قىلتوغراق قارا تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ، 30 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان . تاغ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى توققۇز كىلومېتر ، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتر كېلىدۇ ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2208 مېتر ئېگىز . بۇ يەردىكى ئوتلاقنىڭ كۆلىمى 3000 مو كېلىدۇ ، يانتاق ، سېرىق كەندىر قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ .

3 ) **زۇڭقا تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ئاقچى ناهىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان . تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن شەھەر ئارىلىقى 42 كىلومېتر . تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن61 كىلومېتر ، كەڭلىكى بىر كىلومېتر كېلىدۇ . ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2542 مېتر ئېگىز . ئوتلاق كۆلىمى تەخمىنەن 4000 موغا يېتىدۇ ، ئاساسلىق ئوت ـ چۆپلەردىن سېسىق ئوت ، سېرىق كەندىر ، ئەمەن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ . تاغدا جەرەن ، ئارقار ، بۆرە ، توشقان ، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار .

4 ) **چوڭ ئاچا تاغ** تاغنىڭ جەنۇب بۇرجىكىدە ئىككى ئاچا تاغ بولغانلىقتىن ئاچا تاغ دېگەن نام بېرىلگەن ، بۇ تاغ شەھەرنىڭ 28 كىلومېتر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان . بۇ تاغنىڭ شەرقىي شىمالى چوققا تاغ بىلەن ، جەنۇبى ئىنگەن تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتر ، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتر كېلىدۇ ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2352 مېتر ئېگىز . بۇ يەردە ئوت ـ چۆپ شالاڭ ئۆسىدۇ .

5 ) **ئۆتەش تېغى** شەھەرنىڭ غەربىدىن 31 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان ، تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتر ، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتر كېلىدۇ . تاغنىڭ غەربىي چېتى كەلكۈن جىراسى بولۇپ ، ئۆتەش تېغىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ . جىرادىكى يول بىلەن ئۇدۇل ئاقچى چارۋىچىلىق رايونىغا بارغىلى بولىدۇ . بۇ يەردىكى ئوتلاق كۆلىمى 2000 مو بولۇپ ، ئاساسلىقى ، سېسىق ئوت ، سېرىق كەندىر قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ ھەم تۈلكە ، توشقان قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار ياشايدۇ .

6 ) **قارا تاغ** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 41 كىلومېتر كېلىدۇ . تاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتر ، كەڭلىكى ئۈچ كىلومېتر ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 12 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ . بۇ يەردىكى ئوتلاق كۆلىمى 2500 مو كېلىدۇ ، تىكەنلىك ئوت ، شىۋاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ ھەم جەرەن ، توشقان ، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى هايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ . بۇ ياخشى يايلاق هېسابلىنىدۇ .

7 ) **ماگغۇت تېغى** قىرغىزچە « ماگغۇت » سۆزى يوللىرى خەتەرلىك ، يىراق دېگەن بولىدۇ . بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 77 كىلومېتر كېلىدۇ . تاغ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتر ، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتر كېلىدۇ . ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2377 مېتر ئېگىز ، ئوتلاق كۆلىمى 2000 موغا يېتىدۇ ، بۇيا ، ئاق تىكەن قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ .

8 ) **قارا ياپلاق تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 58 كىلومېتر كېلىدۇ .

تاغ غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر، كەڭلىكى تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3089 مېتىر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 3000 موغا يېتىدۇ، يۇلغۇن، ئاق تىكەن، چىغىرتماق، ياۋا كۆدە قاتارلىق ئون خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك ئۆسىدۇ.

9) **يەر ئالدىنىڭ تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، ساغان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۇ تاغ جىنىسلىرى ھىمرىلگەن ئىدىرلىق بەلباغ بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 50 مېتىر، كەڭلىكى 150 ـ 200 مېترغا يېتىدۇ.

10) **قىل توغراق چوققا تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، چوققا تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىر، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2208 مېتىر ئېگىز. تاغدا ئەسلىدە نۇرغۇن توغراق ۋە يۇلغۇن بار ئىدى، ھازىر كېسىلىپ تۈگەپ كەتكەن، ئوت ـ چۆپ ئىنتايىن ئاز.

11) **ئىگەر ئالدى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئۇدۇل ئارىلىقى 95 كىلومېتىر، تاغنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ يولى تاغنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، ئاقچى ناھىيىسىگە بارىدۇ.

12) **بوز بەل تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 52 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 200 مېتىر، كەڭلىكى 0.2 — 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى يول ئېگىز ـ پەس بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋان ماڭالايدۇ.

13) **چۇداي تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر بىلەن ئۇدۇل ئارىلىقى 14.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2298 مېتىر ئېگىز. تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 18 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 6000 موغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا يۇلغۇن، ئاق تىكەن، ياۋا چىغىرتماق، بۆيا قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. بۇ تاغدا ئوندىن ئارتۇق جايدىن شىرەم سۇ چىقىدۇ.

14) **قارا بۆكسى تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىزىل تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئىككى تەرىپى تاغ، ئوتتۇرىسى ساي، چۆل ـ جەزىرە بولۇپ، شىمالىي تاغلىق رايونغا بېرىشتا جەزمەن ئۆتىدىغان يول.

15) **چوققا تاغ** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 22 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2408 مېتىر ئىگىز. تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قاپتاللىرى تىك يار، تۆت ئەتراپىدا يول يوق، ئۇنىڭغا چىقىش قىيىن.

16) **قۇمبۇلاق تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.8 كىلومېتىر بولۇپ، ئېدىرلىق بەلباغ. تاغ چوققىسىدا بىر بۇلاق بار، تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە شالاڭ ئوت ـ چۆپ ئۆسىدۇ.

17) **قونداق سۇندى داۋان** يىراقتىن قارىغاندا تاغ چوققىسى سىرتقا قىڭغايغاندەك كۆرۈنىدۇ، تاغنىڭ تۇزۇلۇشى خەتەرلىك. ئۇ، شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 75 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2474 مېتىر ئېگىز. تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 8.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئوتلاق كۆلىمى 6000 موغا يېتىدۇ، شىۋاق، ياۋا كۆدە قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ.

18) **ئەبەينىڭ تېغى** (كەلپىن شىۋىسىدە ھەۋەينىڭ تېغى) رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇندىن 300 نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ يەردە ئەبەي ئىسىملىك بىر كىشى چارۋا باققان ئىكەن. بۇ تاغ شەھەرنىڭ ئۇدۇل غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 19 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان، شەرقىي شىمالدا ئەبەينىڭ ئاغزى تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ، تاغنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئون كـ

لومېتر، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ سېرىلما يالپاق تاشلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تىك ياردەك ئورۇنلاشقان، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

19) **ئەبەيىنىڭ قىزىل تېغى** (كەلپىن شىۋىسىدە ھەۋەينىڭ قىزىل تېغى) بۇ تاغ شەھەرنىڭ ئۇدۇل غەربىدە، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 18.5 كىلومېتر كېلىدىغان قىزىلتاغنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. تاغنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 14.5 كىلومېتر، كەڭلىكى 0.6 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1853 مېتر ئېگىز، تاغ ئۈستىدە قىزىل تاشلار بار، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق. تاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى تۈزلەڭدە ئوت ـ چۆپ بار، كۆلىمى تەخمىنەن 300 مو، بۇ يەردە تۈلكە، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ھايۋانلار بار.

20) **بەشقاپ تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 24 كىلومېتر كېلىدۇ، شەرقتە چۇداي تېغى بىلەن، غەربتە ئۆتەش تېغىنىڭ چېتى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ تاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1907 مېتر ئېگىز. تاغدا يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ تاغدا تاش پاختا رودىسى تاپقان.

21) **قازما تېغى** تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكىدە يەر ئاستى سۇ ئورنى يەر يۈزىدىن 10—15 مېتر تۆۋەن. تاغ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 81 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2278 مېتر ئېگىز. تاغ تىزمىسى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، شەرقىي شىمالغا بۇرۇلغاندا «V» شەكلىگە كىرىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16.5 كىلومېتر، كەڭلىكى 2.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئىككى بۇلاق بار، تاغنى ئايلىنىپ ھاسىل بولغان ئوتلاق كۆلىمى 2000 موغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا، ئاساسەن، چاكاندا، شىۋاق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ.

22) **ئاتلما تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 91 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، تاغنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3.0 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1802 مېتر ئېگىز، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

23) **سارغان تېغى** سارغاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بېرىلگەن. بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 70.5 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2258 مېتر ئېگىز. تاغ تىزمىسى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر، كەڭلىكى 1 — 3 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرى تىك، شىمالىي يانباغرى تەكشى بولۇپ، شوتا پەلەمپىيگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 5000 موغا يېتىدۇ، ئۇنىڭدا چاكاندا، شاپ، يۇلغۇن، سېمىز ئوت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

24) **چوكبۇلاق چوققىسى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 82 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، ئاخىرى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر، كەڭلىكى 2.7 كىلومېتر، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2271 مېتر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 1500 موغا يېتىدۇ، ئۇنىڭدا كۈدە، چىغ، يانتاق، تۆگە قۇيرۇق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. بۇ تاغدا ئارقار، تۈلكە، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ.

25) **قۇمتاغ** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 74 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتر، كەڭلىكى 1.4 كىلومېتر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1764 مېتر ئېگىز. تاغدا قۇملۇق بار، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

26) **ئابلەتچاپتى ساي تېغى** بۇ تاغ ئابلەتچاپتى سېيىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، چارۋىچى ئابلەت بۇ جايدا

www.uyghurkitap.com

بىر قۇدۇق قازغانلىقتىن شۇ نام بېرىلگەن. تاغ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئا- رىلىقى 58 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتر، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتر، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2605 مېتر ئېگىز. تاغنىڭ شىمال يانباغرى تىك يار. ئوتلاق كۆلىمى 800 موغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا چاكاندا، ياۋا كۇدە، ياتناق قاتارلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغدا ئارقار، جەرەن، كەكلىك، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

27) **ئەبەيىنىڭ ئېغىزى** (كەلپىن شىۋىسىدە ھەۋەينىڭ ئېغىزى) بۇ تاغ قىزىل تېغى بىلەن تۇتىشىپ، تاغ ئېغى- زىنى ھاسىل قىلغان. تاغ شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 14 كىلومېتر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى يەتتە كىلومېتر، كەڭلىكى بىر كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1601 مېتر ئېگىز، تاغ سىرتىدا تاش پارچىلىرىدىن تەركىب تاپقان قىيالىقتىن ئىبارەت. ييپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

28) **ئىگەر ئالدى تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدىغان يەرگە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 87 كىلومېتر كېلىدۇ، تاغ تىزمىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتر، كەڭلىكى بەش كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2256 مېتر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 1000 موغا يېتىدۇ، ئۇنىڭدا چاكاندا، ياپىلاق ئارچا، سېسىق ئوت قا- تارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. مولۇن، تۈلكە، ئارقار، ئۈلار، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

29) **ئاقتېرەك تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 61 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغلار قاتمۇقات، خەتەرلىك، تۇزۇلۇشى مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3041 مېتر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 1300 موغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا چاكاندا، ئاق تىكەن، كۆك قۇمۇش قاتارلىق ئۆ- سۈملۈكلەر ئۆسىدۇ؛ جەرەن، تۈلكە، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

30) **قىزىللىقتاغ** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 63 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ چوققىلىرى قاتمۇقات، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2913 مېتر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 500 مو- غا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا ياتناق، ئاق تىكەن، بۇيا، چىغ قاتارلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ؛ جەرەن، توش- قان، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

31) **توغرا تاغ** بۇ تاغ قازما تېغى بىلەن قوندالقسۇندى تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا چۈشكەن. شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 85 كىلومېتر كېلىدۇ ،تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇل- غان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتر، كەڭلىكى ئىككى كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2101 مېتر ئېگىز، تاشلىرى قارا، ييپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

32) **قارا قاڭشار تېغى** بۇ تاغنىڭ چوققىسى سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ، ئۈستىدىكى تاشلار قارا، يىراقتىن قا- رىغاندا ئادەمنىڭ قاڭشىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربكە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغنىڭ ئۈچ تەربىي ساي، شىمالى قىر تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭا تاغ «V» شەكلىگە كىرىپ قالغان، تەخمىنەن تۆت كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەردە كۆلىمى 2000 مو ئوتلاق بولۇپ، چىرغىناق، چاكاندا قاتارلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ.

33) **توققۇز قاخ تېغى** تاغ ئىچىدە توققۇز جايدا قاخ (كۆل) بار، بۇ نام شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربكە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 72 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇل- غان، ئۇزۇنلۇقى 4.8 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2433 مېتر ئېگىز، بۇ تاغدا 1000 مو ئوتلاق بار.

34) **چوڭقارىغاي تېغى** شەھەرنىڭ غەربكە جايلاشقان. شەھەر بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 48 كىلومېتر كېلى- دۇ. تاغ ئېگىز ھەم قاتمۇقات بولۇپ، تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە شەمشاد، قارىغاي ۋە ھەر خىل ئۆسۈملۈك-

لەر ئۆسىدۇ.

## 2. شىمالىي قىسىمدىكى تاغ تىزمىلىرى

بۇ تىزمىغا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 16 تاغ جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز جايى 3460 مېتر، ئەڭ پاكار جايى 2003 مېتر كېلىدۇ.

1) **بەش جىلغا تېغى** شەھەرنىڭ ئۇدۇل شىمالىي، قىيپاش غەربىگە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 22 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون كىلومېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2636 مېتر ئېگىز. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 4200 مودىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدا تىكەنلىك ئوت، چىغ قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ؛ ئارقار، توشقان، ئۆلار، سۇغۇر قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ.

2) **بىيىك تاغ** بۇ تاغ شەھەرنىڭ شىمالىي، قىيپاش غەربىگە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 26 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 كىلومېتر، كەڭلىكى بىر كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2270 مېتر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 1300 موغا يېتىدۇ، چىغ، سېمىز ئوت، ياۋا كۆدە، ياۋا سامساق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ؛ جەرەن، تۈلكە، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ.

3) **ئۆشكە قاخ تېغى** بۇ تاغدا ئوتلايدىغان جەرەنلەر دائىم قاخقا (كۆلگە) كېلىپ سۇ ئىچىپ تۇرىدۇ. شۇڭائۆشكە قاخ (كۆل) تېغى دېگەن نام بېرىلگەن (جەرەننىڭ چىششىسى كەلپىندە ئۆشكە دەيدۇ)، بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 22 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن توققۇز كىلومېتر، كەڭلىكى بىر كىلومېتر كېلىدۇ. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى تەخمىنەن 1800 موغا يېتىدۇ، چاكاندا، شۇۋاق، قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغدا جەرەن، تۈلكە، توشقان، كەكلىك، مولۇن قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

4) **تىكەلچۇق تېغى** بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 27 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 14 كىلومېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئىككى چوققىسى بار. شەرقىي چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2201 مېتر ئېگىز، غەربىي چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2368 مېتر ئېگىز. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 7000 موغا يېتىدۇ، سېسىق ئوت، ياۋا كۆدە، قارا زىرىق، چاكاندا قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغدا جەرەن، توشقان، كەكلىك، تۈلكە، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

5) **سىزما تاغ** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 42 كىلومېتر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن چېگرىداش. تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 35 كىلومېتر، كەڭلىكى 4.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن3317 مېتر ئېگىز. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 1000 موغا يېتىدۇ، تىكەنلىك ئوت، يانتاق، بۇيا، شۇۋاق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ.

6) **يامان تاغ** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 28.5 كىلومېتر، ئۇزۇنلۇقى 2.8 كىلومېتر، كەڭلىكى 0.9 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2306 مېتر ئېگىز. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 800 مودىن ئاشىدۇ، چىغ، يانتاق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغنىڭ تۈزۈلۈشى تىك بولغاچقا، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ چىقىشى تەس. شۇڭا بۇ يەردە چارۋا باقىدىغانلار ئاز.

7) **قىزىل تاغ** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 11 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 كىلومېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2003 مېتر ئېگىز. ئۇ، گىيا ئۆسمەيدىغان قاقاس

تاغ.

8) **ماتان تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 36 كىلومېتر، ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتر، كەڭلىكى بەش كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2918 مېتر ئېگىز. تاغدا ئۈچ يەردە بۇلاق، 150 مو تېرىلغۇ يەر بار. ئوتلاق كۆلىمى تەخمىنەن 5000 — 6000 مو كېلىدۇ.

9) **ئاق چوققا تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 46 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ يۇملاقسىمان شەكىل ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 40 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىلغىلار ئىرماش - چىرماش جايلاشقان، تاغنىڭ تۈزۈلۈشى خەتەرلىك، تاغ يولىدا مېڭىش قىيىن، تاغنىڭ ئويمان يېرىدە شالاڭ ئۆسكەن يۇلغۇنلار بار. پارچە - پۇرات يايلاقلار ئۇچرايدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 7000 موغا يېتىدۇ.

10) **قارا چوققا تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 41 كىلومېتر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 18 كىلومېتر، كەڭلىكى بەش كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3460 مېتر ئېگىز. ئوتلاق كۆلىمى 3000 موغا يېتىدۇ، بۇنىڭدىن يازدىلا پايدىلىنىش مۇمكىن. تاغدا شالاڭ ئۆسكەن شەمشاد، قارىغاي ۋە توغراق بار. تاغنىڭ ئويمان يېرىدە بىر مۇنچە بۇلاق ۋە سىزىپ چىققان سۇ بار.

11) **ئالا قاغا چات تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 48.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغدا 1500 مو يايلاق بار، ئاساسەن، تىكەنلىك ئوت، شۇۋاق ئۆسىدۇ.

12) **كۆك ئۆلاق تېغى** شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 30.5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 9.5 كىلومېتر، كەڭلىكى 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2698.4 مېتر ئېگىز. تاغدا يېپيېنچا ئۆسۈملۈك يوق.

13) **ئەرەمجان تېغى** قەدىمكى تۈرك تىلىدا قوتانلىق جاي دېگەن بولىدۇ. شەھەرنىڭ ئۇدۇل شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 27 كىلومېتر. تاغ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2424 مېتر ئېگىز. تاغنىڭ جەنۇبىي چېتىدە بىر چوڭقۇر جىلغا بار، جىلغىدا ئىككى مو تېرىلغۇ يەر، بىر مو باغ، ئىككى ئائىلە بار.

14) **باي شۇۋاق تېغى** شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 39 كىلومېتر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2728 مېتر ئېگىز، تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 1000 موغا يېتىدۇ. بۇنىڭدا شۇۋاق، تىكەنلىك ئوت، چاكاندا قاتارلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغنىڭ بىر مۇنچە جايىدا يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولغان كۆلچەك بار، سۈيى سىڭىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا يىل بويى مال سۇغىرىشقا بولىدۇ. تاغدا تۈلكە، بۆرە، مولۇن، توشقان، قارچۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋان، قۇشلار بار.

15) **ئات يايلاق تېغى** شەھەرنىڭ ئۇدۇل شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 28 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، چۇدايىنىڭ تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 13 كىلومېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2714 مېتر ئېگىز. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 1000 موغا يېتىدۇ؛ بۇنىڭدا چاكاندا، تىكەنلىك ئوت، چىغىرتماق قاتارلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغدا تۈلكە، بۆرە، توشقان، ئارقار، ئۆلار، قارچۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلار بار.

16) **سۆگەت تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 37 كىلومېتر، تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 2.5 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3007 مېتر ئېگىز. تاغ ئىچىدە تۆت بۇلاق، ئالتە مو تېرىلغۇ يەر، 5000 مو ئوتلاق بار.

### 3 . جەنۇبىي قىسىمدىكى تاغ تىزمىلىرى

جەنۇبىي قىسىمدا چوڭ ـ كىچىك ئالتە تاغ بولۇپ ، ئالتىلىسى دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتر ئەتراپىدا ئېگىز .

1 ) **قۇم ئاتلاغ تېغى** بۇ تاغ تىزمىسى بىلەن قۇم بارخانلىرى قانۇنىيەتلىك تىزىلغان. ئادەتتە ئۇ ، كەلپىن تېغى ياكى كۆكگۈرتلۈك تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەرگە ئەڭ يېقىن جايىنىڭ ئۇدۇل ئارىلىقى 35 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ، شەرقتە ئاچالدىن باشلىنىپ ئاتۇش چېگرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومېتر ، كەڭلىكى 7 — 10 كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2566 مېتر ئېگىز. تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ئۇرۇمچى ـ قەشقەر تاشيولىغا يانداش. ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بىر تاغ تىزمىسى ھېسابلىنىدۇ. تاغ ئىچىدە مول گۆگگۈرت رودىسى بار ، تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا ، مىلادى 1723 ـ يىلىلا گۆگگۈرت رودىسى قېزىلغان. 1956 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت تەرىپىدىن رودا قېزىش رەسمىي باشلانغان. تاغدا بۇلاق يوق ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئۆسمەيدۇ.

2 ) **قارا تاغ** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 38 كىلومېتر ، تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتر ، كەڭلىكى 0.3 كىلومېتر كېلىدۇ ، تاغ سوزۇنچاق تۈزۈلگەن ، ئۈستى تىك ، ئاستى تۈز ، ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2130 مېتر ئېگىز. تاغدا سۇ ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

3 ) **تۆۋەن تاغ** شەھەرنىڭ ئۇدۇل جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 13 كىلومېتر ، تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتر ، كەڭلىكى بەش كىلومېتر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2025 مېتر ئېگىز. تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە قارا زىرىق ، ئازغان ، سېسىق ئوت ، چىغ ، چاكاندا قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 7000 مو ئەتراپىدا. تاغقا بارىدىغان يول بولمىغاچقا ، چارۋا بېقىلمايدۇ.

4 ) **پاقلىق قىزىل تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 42 كىلومېتر ، تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتر ، كەڭلىكى تۆت كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر جىلغا بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتر ، كەڭلىكى 0.3 كىلومېتر ، چوڭقۇرلۇقى 80 — 100 مېتر كېلىدۇ. تاغ ۋە جىلغىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

5 ) **سۆگەت بۇلاق تېغى** شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 46 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا پەس يانباغىرلىق كىچىك ئېدىرلار بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 12 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. تاغدا شالاڭ قارا تىكەنلىك ئوت ، شۇۋاق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ.

6 ) **قالماق ئاشتى تېغى** تاغ ئۈستىدە يەتتە مېتر ئېگىزلىكتە بىر پوتەي بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇنى موڭغۇللار ياسىغان ئىكەن. بۇ تاغ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 66 كىلومېتر كېلىدۇ. تاغ تىزمىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ، جەنۇبقا قايرىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتر ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتر كېلىدۇ. تاغدىكى ئوتلاق كۆلىمى 3000 موغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا كۆلچەكلەر بىر قەدەر كۆپ. تاغدا ياۋا كۈدە ، ياۋا پىياز ، ئازغان ۋە قىسمەن شالاڭ ئۆسكەن توغراق بار. تاغدا بۆرە ، تۈلكە ، توشقان ، ئارقار ، ئۆلار ، جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ.

### 4 . جىلغىلار

جىلغىلار ئاساسەن ، قىرتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ ، سانى 12 بولغاچقا ، ئادەتتە بۇنى كىشىلەر 12 جىلغا دەپ ئاتىشىدۇ. تاغنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا يەنە مەشھۇر سارغان جىلغىسى بار. قىرتاغ ( تىگىرەك تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ )  سۇ بۆلگۈچ قىر دېگەن بولىدۇ. تاغ تىزمىسى پامىر تاغلىرىدىن باش-

لىنىپ ، قەشقەر ۋىلايىتىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، كەلپىن تەۋەسىگە كىرىدۇ . ئۇ 200 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇل-غان . تاغلار قاتمۇقات . تاغنىڭ جەنۇبىدىكى 12 جىلغا كەلپىننىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلى-نىدۇ .

1 ) **يايلو جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 50 مىڭ مو ، بۇ يەردە ئون چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

2 ) **قارا گۆ جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ مو ، بۇ يەردە توققۇز چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

3 ) **قاپقاقتى جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ مو ، بۇ يەردە ئون چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

4 ) **تېرىلغۇ جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 50 مىڭ مو ، بۇ يەردەئون چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

5 ) **قارىغاي جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ مو ، بۇ يەردە توققۇز چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

6 ) **يارغاق جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 15 مىڭ مو ، بۇ يەردە 11 چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

7 ) **ئاقتاش جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 2000 مو ، بۇ يەردە ئىككى چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

8 ) **قاغا يايلاق جىلغىسى** كۆلىمى 18 مىڭ مو ، بۇ يەردە توققۇز چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

9 ) **قۇشلۇق جىلغىسى** ( كەلپىن شىۋىسىدە بۈركۈتنى قۇش دەيدۇ ) كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ مو ، بۇ يەردە سەككىز چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

10 ) **مۇزلۇق جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 50 مىڭ مو ، بۇ يەردە 13 چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

11 ) **ماتان جىلغىسى** كۆلىمى تەخمىنەن 3000 مو ، بۇ يەردە 13 چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

12 ) **ئىشتالى جىلغىسى**كۆلىمى تەخمىنەن 5000 مو ، بۇ يەردە 13 چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

13 ) **سارغان جىلغىسى**كۆلىمى تەخمىنەن 5000 مو ، بۇ يەردە ئۇستۇن - تۆۋەن بەلچى دېگەن جايلار بار ، ئۇستۇن بەلچىدە بەش چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار .

## § 2 . كەلپىن ئويمانلىقى

كەلپىن ئويمانلىقى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ شىمال ، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان ؛ شەرق تەرىپى ئوچۇق بولۇپ ، تار ۋە ئۇزۇنچاق ئويمانلىق شەكلىنى ئالغان . ئو-مۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 3500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ ، ئويمانلىقنى كەلپىن ئويمانلىقى ۋە سارغان ئويمانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن . پۈتكۈل ئوي-مانلىق تېرىلغۇ يەر ، چۆل ۋە قۇملۇقتىن تەركىب تېپىپ ، شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ يانتۇ كەتكەن ، ئوتتۇرا جەنۇب قىسمىدىكى كەلپىن ئويمانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر ، كەڭلىكى ئون نەچچە كىلو-مېتىر ، دېڭىز يۈزىدىن 1120 — 1200 مېتىر ئېگىز . غەربىي شىمال قىسمىدىكى سۇ بېشى ئويمانلىقى تەك-شى ، دولقۇنسىمان كەتكەن يېپىق شەكىلدىكى پەس ئويمانلىق بولۇپ ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ ، كەڭلىكى 15 — 20 كىلومېتىر كېلىدۇ . غەربتىن شەرققە قاراپ يانتۇ كەتكەن ئەڭ پەس جايىمۇ دېڭىز يۈزىدىن 1548 مېتىر ئېگىز . شەھەر ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان ، شەھەر-نىڭ غەربىدىكى گەزلىك يېزىسى بىلەن يۇرچى يېزىسى يۇمشاق تۇپىراق تۈزلەڭ بولۇپ ، ئاساسلىق تېرىلغۇ رايونى ھېسابلىنىدۇ .

## § 3 . ئاچال تۈزلەڭلىكى

ئاچال تۈزلەڭلىكى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن

چۆكمە تۈزلەڭلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 2844 كۋادرات كىلومېتىر. يەر تۈزۈلۈشى كەڭ ۋە تۈز، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يانتۇ كەتكەن، دېڭىز يۈزىدىن 1060 — 1200 مېتىر ئېگىز. يەر ئۈستى كەڭ كۆلەمدىكى تېپىك شور تۇپراقلىق بولۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىر قەدەر كۆپ. تۈزلەڭلىكنىڭ ئاچال، كۆل، چىلان ئەتراپلىرى دېھقانچىلىق رايونى، قاراكۆل ئورمانچىلىق رايونى، يايدى چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئاچال تۈزلەڭلىكىدىكى كەڭ كۆلەملىك شورلۇق بىنەم يەرلەر تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن.

تۈزلەڭلىكنىڭ جەنۇبىدىكى قارا كۆل تۇغراقلىقىنىڭ كۆلىمى 549 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن جايى 48 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ جايى سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ، كەلكۈن سۈيى ئورمانلىققا يامراپ تۇرىدۇ. كونا قەشقەر دەرياسى يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا كەڭ كۆلەمدىكى قۇم بارخانلىرى ۋە قۇم قىرلىرى جايلاشقان.

# III باب

# ھاۋا كىلىماتى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغ غەربىي جەنۇب تارماق تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا ھال پاكار تاغلىق بەلبېغىدىن شەكىللەنگەن ئويمانلىققا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي مۆتىدىل بەلباغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرغاق رايونىغا كىرىدۇ. كەلپىن ئويمانلىقى يەنە كېلىپ ئىسسىق بولىدىغان قۇرغاق جاي، كۈن نۇرى ئىسسىقلىقى مول، ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، چېكىگە يەتكەن چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكى بەك روشەن، جايلارنىڭ ئىقلىم ئالاھىدىلىكى يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ روشەن پەرقلىنىدۇ. شىمال، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلەردىكى تاغلىق رايونلاردا ھاۋا قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇپ، ئىسسىقلىق مىقدارى يېتىشمەيدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى قىسقا، قىشتا تەتۈر تېمپېراتۇرا بەلبېغى پەيدا بولۇپ، ھۆل - يېغىن بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ، بۇ، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ؛ تاغ باغرىدا ئىسسىقلىق مىقدارى بىر قەدەر ئاز، قىراۋسىز مەزگىل قىسقا، ئەتىيازدا سۇ كەمچىل بولۇپ، چارۋىچىلىققا ۋە سالقىنى ياقتۇرىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا باب كېلىدۇ؛ شەھەر ئويمانلىقى بىلەن ئاچال تۈزلەڭلىكىدە ئاپتاپ يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مول، قىراۋسىز مەزگىل ئۇزۇن بولۇپ، كېۋەز تېرىشقا ۋە ئىسسىقنى ياقتۇرىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا ماس كېلىدۇ.

## § 1 . تۆت پەسىل

كەلپىن رايونىدا تېمپېراتۇرا 0℃> بولغاندا قىش پەسلى، 20℃> بولغاندا ياز پەسلى، 0℃—20℃ بولغاندا ئەتىياز ۋە كۈز پەسلى بولىدۇ.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭ رايونىدا ياز پەسلى ئۇزۇن ، ئەتىياز قىش پەسىللىرى ئوتتۇرا ھال ، كۈز پەسلى ئەڭ قىسقا بولىدۇ ؛ تاغ رايونلىرىدا قىش پەسلى ئۇزۇن بولىدۇ ياكى قىش ئۇزۇن بولۇپ ياز بولمايدۇ ، كۈز بىلەن ئەتىياز پەسىللىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ياز پەسلىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سىلجىيدۇ ، قىش پەسلى بولسا بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولىدۇ. ئەتىياز پەسلى قۇرغاق بولۇپ ، ھۆل - يېغىن ئاز ، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھەرىكىتى كۆپ بولىدۇ ، بەزى چاغلاردا ئەتىيازدا سوغۇق ، تەتۈر سوغۇق بولىدۇ ، بەزى چاغلاردا قۇم - بوران ، چاڭ - توزانلىق كۈنلەر بولىدۇ. ئەتىياز ئىسسىق كېلىدىغان يىللار 55% نى ، ئەتىياز سوغۇق كېلىدىغان يىللار 20% نى ، ئەتىيازدا تەتۈر سوغۇق بولىدىغان يىللار 25% نى ئىگىلەيدۇ. ئەتىياز ئاخىرىدا ھۆل - يېغىن كۆپىيىدۇ ، بوران چىقىدىغان ، مۆلدۈر ياغىدىغان ھاۋارايى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

ئەتىياز پەسلىدە ، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئومۇمەن 14 سائەت 11 مىنۇت بولۇپ ، ھەر كۈنى سائەت 7 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە (بېيجىڭ ۋاقتى بويىچە ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تاڭ ئاتىدۇ ، سائەت 21 دىن 51 مىنۇت ئۆتكەندە قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ياز پەسلىدە ، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئومۇمەن 16 سائەت 10 مىنۇت بولۇپ ، ھەر كۈنى سائەت 6 دىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە تاڭ ئاتىدۇ ، سائەت 22 دىن 54 مىنۇت ئۆتكەندە قاراڭغۇ چۈشىدۇ. كۈز پەسلىدە ، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئومۇمەن 12 سائەت 25 مىنۇت بولۇپ ، ھەر كۈنى سائەت 8 دىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە تاڭ ئاتىدۇ ، سائەت 20 دىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە قاراڭغۇ چۈشىدۇ. قىش پەسلىدە ، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سائەت 42 مىنۇت بولۇپ ، ھەر كۈنى سائەت 9 دىن 31 مىنۇت ئۆتكەندە تاڭ ئاتىدۇ ، سائەت 20 دىن 13 مىنۇت ئۆتكەندە قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ھەر يىلى 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا كۈندۈز ئۇزىرايدۇ ، قالغان ئايلاردا بولسا قىسقىرايدۇ.

### كەلپىننىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدا پەسىللەرنىڭ بۆلۈنۈشى

جەدۋەل 2—1 بىرلىكى: ئاي / كۈن

| پەسلى / تۈرى | ئەتىياز | | ياز | | كۈز | | قىش | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | باشلىنىش ۋاقتى | كۈن سانى | باشلىنىش ۋاقتى | كۈن سانى | باشلىنىش ۋاقتى | كۈن سانى | باشلىنىش ۋاقتى | كۈن سانى |
| ئوتتۇرىچە | 25/2 | 95 | 31/5 | 100 | 8/9 | 77 | 24/11 | 93 |
| ئەڭ بالدۇر (ئۇزۇن) | 8/2 | 116 | 7/5 | 135 | 5/9 | 149 | 12/11 | 106 |
| ئەڭ كېيىن (قىسقا) | 3/3 | 70 | 27/6 | 49 | 26/9 | 53 | 2/12 | 79 |

www.uyghurkitap.com

## كەلپىندە جانلىقلارنىڭ ئىقلىمغا ماسلىشىش جەدۋىلى

جەدۋەل 2—2

بىرلىكى: ئاي/ئون كۈن

| دەرەخ خىلى / تۈرى | شىنجاڭ تېرىكى | تاغ تېرەك | سۆگەت | جىگدە | ئۈرۈك | ئالما | شاپتۇل | پەسىل قۇشلىرى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | قالغاچ | كېلىدۇ | 3 ـ ئاي ئاخىرى |
| | | | | | | | | | | كېتىدۇ | 10 ـ ئاي ئوتتۇرىسى |
| بىخلايدۇ | 3 ـ ئاي ئاخىرى | 4 ـ ئاي بېشى | 3 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | 4 ـ ئاي بېشى | 3 ـ ئاي ئاخىرى | 3 ـ ئاي ئاخىرى | 4 ـ ئاي بېشى | | كاككۇك | كېلىدۇ | 4 ـ ئاي بېشى |
| يوپۇرماق چىقىرىدۇ | 4 ـ ئاي بېشى | 4 ـ ئاي بېشى | 3 ـ ئاي ئاخىرى | 4 ـ ئاي بېشى | 4 ـ ئاي بېشى | 3 ـ ئاي ئاخىرى | 4 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | | | كېتىدۇ | 9 ـ ئاي ئاخىرى |
| چېچەكلەيدۇ | — | — | 4 ـ ئاي بېشى | 5 ـ ئاي بېشى | 3 ـ ئاي ئاخىرى | 4 ـ ئاي بېشى | 4 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | كۆت ـ چۆپ | | كۆكىرىدۇ | 3 ـ ئاي ئوتتۇرىسى |
| غازاڭ تاشلايدۇ | 10 ـ ئاي ئاخىرى | 10 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | 10 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | 11 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | 10 ـ ئاي ئاخىرى | 10 ـ ئاي ئاخىرى | 10 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | | | سارغىيىدۇ | 10 ـ ئاي ئوتتۇرىسى |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەۋسۇم جەدۋىلى

جەدۋەل 2—3

بىرلىكى: ئاي / كۈن

| تۈرى | ئۈششۈك | | قار | | قاردۇۋىلىنىش | | يەرنىڭ توڭلىشى | | سۇ يۈزىنىڭ مۇزلىشى | | قارايامغۇر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | دەسلەپكى كۈن | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئاخىرقى كۈن |
| كۈنلەر | 28/10 | 25/3 | 15/12 | 23/2 | 29/12 | 22/2 | 2/12 | 20/2 | 27/10 | 21/3 | 23/4 | 27/9 |

# § 2. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى

كەلپىن ئويمانلىقى كەلپىن بويىچە«ئىسسىقلىق ئامبىرى» بولۇپ، يۇقىرى ھارارەت تومۇزدا پەيدا بولىدۇ، ئىسسىقلىقنىڭ مەركىزى ئاچال بىلەن يالغۇز ئۈي (يېجيەن فاڭزا) ئەتراپىدا بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 43.1℃ قا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.4℃ (ئەڭ يۇقىرى بولغان يىللىرى 12.2℃، ئەڭ تۆۋەن بولغان يىللىرى 10.5℃)، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 29.3℃ بولىدۇ.

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا كۈنلىرىدە پەرق بار، بولۇپمۇ ئاچالنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا ھەممىدىن چوڭ، شەھەر ئويمانلىقىدا ۋە ئاچال تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئوتتۇرا ھال، تاغلىق رايوندا ئەڭ كىچىك بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا چۈشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا تاڭ سەھەردە كۆرۈلىدۇ. ئەڭ چوڭ كۈندىلىك تېمپېراتۇرا پەرقى 24.1℃ بولۇپ، 1969 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋە 1974 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كۆرۈلدى.

كەلپىن ئويمانلىقىدا يىل بويى ئوتتۇرىچە قىراۋسىز ۋاقىت 215 كۈن، ئەڭ كۆپ دېگەندە 229 كۈن، ئەڭ ئاز دېگەندە 198 كۈن بولىدۇ.

## كەلپىن ناھىيىسىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 2 — 4 بىرلىكى : ℃

| ئايلار / تېمپېراتۇرا | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 1 | 2 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پەسىللىك ئوتتۇرىچە | 14.7 | | | 25.3 | | | 11.5 | | | −6.0 | | |
| ئايلىق ئوتتۇرىچە | 7.6 | 15.6 | 20.9 | 24.6 | 26.0 | 25.4 | 20.3 | 12.1 | 2.1 | −6.6 | −9.0 | −2.3 |
| كۈندىلىك پەرق | 14.1 | 14.6 | 14.7 | 15 | 14.5 | 14.6 | 14.7 | 15.9 | 14 | 13 | 13.6 | 13.2 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە | 11.4 | | | | | | | | | | | |
| يىللىق پەرق | 35.0 | | | | | | | | | | | |

## كەلپىن ناھىيىسىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ ۋاقتى ۋە كۈن سانى

جەدۋەل 2 — 5

| تۈرى / يۇقىرى تېمپېراتۇرا (℃) | پەيدا بولۇش ۋاقتى (ئاي / ئون كۈن) | يىللىق كۈن سانى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئوتتۇرىچە | ئەڭ كۆپ | ئەڭ ئاز |
| 〉35 | 4 ـ ئاي ئاخىرىسى — 9 ـ ئاي بېشى | 24.2 | 35 | 8 |
| 〉40 | 6 ـ ئاي ئوتتۇرىسى — 8 ـ ئاي ئوتتۇرىسى | 0.6 | 3 | 0 |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يەر تېمپېراتۇرىسى جەدۋىلى

جەدۋەل 2 ـ 6 بىرلىكى : ℃

| ئاي / تۈرى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەر ئۈستى تېمپېراتۇرىسى | −10.4 | −7.4 | 9.9 | 18.6 | 25.4 | 30.1 | 31.6 | 29.8 | 23.2 | 12.9 | 6.3 | −7.8 | 13.6 |
| بەش سانتىمېتر چوڭقۇر ـ لۇقتىكى تېمپېراتۇرا | | - | 8.7 | 17.3 | 23.8 | 28.3 | 30.3 | 29.1 | 23.1 | 13.6 | 3.0 | −4.7 | - |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاخىرقى ۋە دەسلەپكى ئۈششۈك كۈنلىرى ۋە ئۈششۈكسىز مەزگىلى

جەدۋەل 2 — 7 بىرلىكى : ئاي / كۈن

| تۈرى | يېنىك ئۈششۈك | | | ئېغىر ئۈششۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئۈششۈكسىز مەزگىل | ئاخىرقى كۈن | دەسلەپكى كۈن | ئۈششۈكسىز مەزگىل |
| ئوتتۇرىچە | 3/4 | 20/10 | 199.2 | 25/3 | 28/10 | 215 |
| ئەڭ بالدۇر (قىسقا) | 22/3 | 9/10 | 183 | 13/3 | 17/10 | 193 |
| ئەڭ كېيىن (ئۇزۇن) | 19/4 | 5/11 | 215 | 10/4 | 7/11 | 229 |
| كاپالەت نىسبىتى 80% | 8/4 | 24/10 | 186 | 1/4 | 1/11 | 223 |

## § 3 . ئىسسىقلىق شارائىتى

كەلپىن ئويمانلىقىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قۇياشنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن ، قۇياشنىڭ نۇر چېچىش مىقدارى مول بولۇپ ، ئومۇمىي نۇر چېچىش مىقدارى 133.6 كالورىيە / كۋادرات سانتىمېتىر . فىزىئولوگىيىلىك نۇر چېچىش بىلەن ئومۇمىي نۇر چېچىشنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى 0.5 . نۇر چېچىش مىقدارى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئايمۇ ئاي ئېشىپ بارىدۇ ، 8 ـ ئايدىن كېيىن ئايمۇ ئاي كېمىيىپ بارىدۇ. پۈتۈن يىلدا قۇياش يورۇتىدىغان ئوتتۇرىچە ۋاقىت 2788.7 سائەت . تۇمانلىق كۈن ئاز بولىدۇ ، 1960 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرىچە تۇمانلىق كۈن 0.9 كۈن ، ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى تۆت كۈن بولغان ، بەزى يىللىرى تۇمان بولمىغان .

كەلپىن ناھىيىسىدە قۇياشنىڭ ئومۇمىي نۇر چېچىش ۋە قۇياشنىڭ يورۇتۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 2—8

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي يورۇتۇش | 6.2 | 7.1 | 10.1 | 11.9 | 15.7 | 16.6 | 17.0 | 15.2 | 11.6 | 9.7 | 6.8 | 5.7 | 133.6 |
| فىزىئولوگىيىلىك يورۇتۇش | 3.1 | 3.6 | 5.1 | 6 | 7.9 | 8.3 | 8.5 | 7.6 | 5.8 | 4.9 | 3.4 | 2.9 | 67.1 |
| ئېيغا ئوتتۇرىچە يورۇتۇش سائىتى | 187.6 | 179.7 | 196.1 | 195 | 262.9 | 283.3 | 294.9 | 278.4 | 254.9 | 254 | 209.2 | 192.3 | 2788 |
| قۇياشنىڭ يورۇتۇشى % | 63 | 60 | 53 | 40 | 59 | 63 | 65 | 66 | 68 | 68 | 74 | 71 | 67 |
| كۈندىلىك سائەت سانى | 6.1 | 6.4 | 6.3 | 6.5 | 8.5 | 9.4 | 9.5 | 9.0 | 3.5 | 8.2 | 7.0 | 6.2 | |

## § 4 . ھۆل ـ يېغىن

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھۆل ـيېغىن مىقدارى رايونلار بويىچە ئوخشاش ئەمەس ، غەربىي شىمال تاغلىق رايوندىن شەرققە ۋە جەنۇبقا قاراپ تېز ئازىيىدۇ. غەربىي تاغلىق رايوندا يىللىق ھۆل ـيېغىن مىقدارى 75 — 100 مىللىمېترغا يېتىدۇ. ناھىيە بازىرى ئويمانلىقىدا 70 — 75 مىللىمېترغا ، ئاچال تۈزلەڭلىكىدە 60 — 75 مىللىمېترغا يېتىدۇ .

كەلپىن ناھىيىسىدە ھەر بىر پەسىلدىكى ھۆل ـ يېغىننىڭ كۈن سانى

جەدۋەل 2—9 بىرلىكى : كۈن

| پەسىللەر / تۈرى | ئەتىياز | | | ياز | | | كۈز | | | قىش | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 3 ـ ئاي | 4 ـ ئاي | 5 ـ ئاي | 6 ـ ئاي | 7 ـ ئاي | 8 ـ ئاي | 9 ـ ئاي | 10 ـ ئاي | 11 ـ ئاي | 12 ـ ئاي | 1 ـ ئاي | 2 ـ ئاي |
| يامغۇرلۇق كۈن | 0.7 | 1.5 | 3.5 | 5.3 | 8.0 | 5.3 | 3.2 | 1.0 | 0.6 | 1.2 | 3.0 | 1.6 |
| | 5.7 | | | 18.6 | | | 4.8 | | | 4.8 | | |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى نىسپىي ھۆل - يېغىن كوئېففىتسېنتى جەدۋىلى

جەدۋەل 2 — 10 بىرلىكى : مىللىمېتىر

| تۈرى \ ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەمەلىي ياغقىنى | 1.3 | 1.5 | 1.0 | 1.8 | 10.1 | 18.3 | 19.3 | 11.5 | 5.4 | 2.4 | 0.6 | 0.6 | 73.8 |
| يىللىق يېغىن % | 17.6 | 20.3 | 13.6 | 24.4 | 136.9 | 248.0 | 261.5 | 155.8 | 73.2 | 32.5 | 8.1 | 8.1 | 1000 |
| ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى | 6.3 | 5.3 | 6.3 | 6.1 | 6.3 | 6.1 | 6.3 | 6.3 | 6.1 | 6.3 | 6.1 | 6.3 | 73.8 |

غەربىي شىمال تاغلىق رايونىدا قارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 4 — 10 مىللىمېتىردىن، كەلپىن ئويمانلىقى بىلەن ئاچال تۈزلەڭلىكىدە 3 - 4 مىللىمېتىردىن توغرا كېلىدۇ. كەلپىن ئويمانلىقىدا قارنىڭ يېغىش مىقدارىمۇ يىللار ئارا ئوخشاش ئەمەس، ھەر قايسى ئايلاردىكى قار مىقدارى بويىچە ئوتتۇرىچە ئارىلىق نىسبىتى 110% — 130% ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا بىر كۈندە ئەڭ كۆپ دېگەندە 5.9 مىللىمېتىر قار ياغدى. بۇ ئەھۋال 1976 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يۈز بەردى.

كەلپىن ئويمانلىقىدا قار ئوتتۇرىچە ئەڭ دەسلەپ 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئەڭ بالدۇر دېگەندە، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئەڭ كېيىن دېگەندە، 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياغقان؛ قارنىڭ ئوتتۇرىچە توختاش كۈنى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بولۇپ، ئەڭ بالدۇر بولغاندا 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئەڭ كېيىن بولغاندا 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگە توغرا كەلگەن. قارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىش ۋاقتى 71.3 كۈن، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 161 كۈن، ئەڭ قىسقا بولغاندا توققۇز كۈندىن توغرا كېلىدۇ.

كەلپىن ئويمانلىقىدا بۇرۇنقى يىللاردا قارنىڭ ئوتتۇرىچە يىغىلىش چوڭقۇرلۇقى بىر سانتىمېتىرغا يەتمىگەن. قېلىن بولغاندا سەككىز سانتىمېتىرغا يەتكەن، ئەڭ ئاز بولغاندا قار يىغىلمىغان. قارنىڭ يىغىلىش ۋاقتى 21.9 كۈن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 74 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى كۈنگە يەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىدە يىل بويى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2864.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 38.8 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، 1734.9 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارىنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىر قانچە يىللىق ئوتتۇرىچە ئاتموسفېرا بېسىمى 884.9 مىللىبار، يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى ئاتموسفېرا بېسىمى 887.1 مىللىبار بولغان. چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى ئاتموسفېرا بېسىمى 912.2 مىللىبارغا يەتكەن، بۇ ئەھۋال 1979 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يۈز بەرگەن. يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن ئاتموسفېرا بېسىمى 882.0 مىللىبار، چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن ئاتموسفېرا بېسىمى 863.9 مىللىبارغا يەتكەن، بۇنداق ئەھۋال 1979 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يۈز بەردى.

ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە پار بېسىمى 5.9 مىللىبارغا، ئۆتكەن يىللاردىكى ئەڭ زور پار بېسىمى 25.5 مىللىبارغا، ئۆتكەن يىللاردىكى ئەڭ كىچىك پار بېسىمى 0.9 مىللىبارغا يەتتى.

ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە مۇتلەق نەملىك 5.9 مىللىبار بولدى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە
نىسپىي نەملىك ئەھۋالى

جەدۋەل 2 ـ 11

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نىسپىي نەملىك | 64 | 54 | 39 | 29 | 32 | 34 | 37 | 36 | 37 | 40 | 52 | 62 | 43 |

## § 5 . شامال

كەلپىن ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە شامال ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ناھىيە بولۇپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال چىقىش ۋاقتى38.5 كۈنگە ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 53 كۈنگە يېتىدۇ .

شامال يۆنىلىشىگە كەلسەك ، بىر يىل ئىچىدە شەرق شامىلى ھەممىدىن كۆپ چىقىدۇ ، ئاندىن قالسا شەرقىي شىمال شامىلى بىلەن غەربىي جەنۇب شامىلى كۆپ چىقىدۇ ، قىشتا غەربىي جەنۇب شامىلى كۆپ چىقىدۇ. چۈش قىيىلغاندىن تارتىپ يېرىم كېچىگىچە شەرق شامىلى كۆپ چىقىدۇ؛ يېرىم كېچىدىن تارتىپ ئەتىسى چۈشكىچە غەربىي جەنۇب شامىلى كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى ئاچال تۈزلەڭلىكىدە 2.6 مېتر / سېكۇنت ، كەلپىن ئويمانلىقىدا 1.9 مېتر / سېكۇنت بولىدى. ئۆتكەن يىللاردا ئەڭ يۇقىرى بوران تېزلىكى 24 مېتر / سېكۇنت بولىدى. ئوتتۇرىچە يىل بويى بوران چىقىدىغان ۋاقىت 33.21 كۈن ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 61 كۈن ، ئەڭ ئاز بولغاندا ئون كۈنگە يەتتى .

1960 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە قارا بورانچىققان ۋاقىت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 39.3 كۈنگە ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 58 كۈنگە ، ئەڭ ئاز بولغاندا 30 كۈنگە يەتتى. چاڭ ـ توزانلىق بوران چىققان ئوتتۇرىچە ۋاقىت 79.7 كۈنگە ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 120 كۈنگە ، ئەڭ ئاز بولغاندا 46 كۈنگە يەتتى.

# IV باپ

# سۇ رابى

كەلپىن ناھىيىسى سۇ قىس جاي بولۇپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى سۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. پەقەت ئاچال رايونىدىلا 1 مىليون مودىن ئوشۇق تېرىشقا بولىدىغان بوز يەر بار ، بۇ يەرلەر تولاراق تۈپتۈز بولۇپ ، تۇپرىقى ناھايىتى ياخشى ، لېكىن سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن ، تېرىلغۇ كۆلىمى تېرىشقا بولىدىغان يەرنىڭ ئاران ئۈچ پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دېھقانچىلىقتا ، ئاساسەن ، ئىككى ئورۇندىكى بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىن سۇدىن پايدىلىنىلىدۇ. تاغلىق رايوندا ، ئاساسەن ، 26 جايدا بۇلاق سۈيى بار. بۇ ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جېنى ، شۇڭا چارۋىچىلار ئۇنى ھاياتلىق بۇلىقى ، ئالتۇن بۇلاق دەپ ئاتىشىدۇ. گەرچە يەر ئاستى سۈيى مول بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ، يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا جايلاشقان ، مە-

نىراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. كەلپىن ئويمانلىقىدىكى يەر ئاستى سۈيى 60 ـ 70 مېتر چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.18 گرام / لىتر؛ ئاچال تۈزلەڭلىكىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئالتە گرام / لىتردىن يۇقىرى. ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 2% — 3% كىلا يېتىدۇ، كەلكۈن تېشىپ ئاپەت پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. 1971 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاغ رايونىدا ئۈچ كۈن قارا يامغۇرياغقانلىقتىن سۇ بېشى ئېقىنىغا 800 كۇب مېتر / سېكۇنتتىن ئارتۇق كەلكۈن كېلىپ، ياسىلىۋاتقان قىسىل چوڭ سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى ۋە ئاچال كۆۋرۈكىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بىر مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

## 1 § . دەريا ـ ئېقىنلىرى

ناھىيە بويىچە ئىككى چوڭ بۇلاق ئېقىنى بار: بىرى، بېلىقلىقبۇلاق، بۇ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا 20 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى سۇ بېشى تېغىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇلاق سۈيىنىڭ يىغىلىشىدىن كەلپىن ئېقىنى ھاسىل بولغان؛ يەنە بىرى، مازار ئېقىنبۇلاق، بۇ بۇلاق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەرگەئالتە ـ يەتتە كىلومېتر كېلىدۇ، بۇ بۇلاق سۈيى يىغىلىپ قىزىل قۇم ئېقىنىنى ھاسىل قىلغان.

**1 . كەلپىن ئېقىنى**

ئېقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتر، ئېقىن قىنى كەڭ، ئاستى شېغىل تاشتىن تەركىب تاپقان. ئوكلونى 1/70 ـ 1/100، ئېقىنىنىڭ ئۆزى ناھىيە بازىرىغا ئون كىلومېتر كېلىدىغان غەربىي شىمال تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ، تومىغا كەلگىچىلىك «يېڭى سەكرەش» تاش ئۆستىڭىدە يەنى قىسىلتاش ئۆستىڭىدە ئاقىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتر، يۇرچى يېزىسى بىلەن گەزلىك يېزىسىدىكى 30 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىدۇ، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 1.676 كۇب مېتر / سېكۇنت. سۇ تارتىلىش پەسلىدە 1.35 كۇب مېتر / سېكۇنتتىن كەم بولمايدۇ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 52 مىليون 130 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ، ئېقىن مىقدارى مۇقىم.

**2 . بېلىقلىق ئېقىنى**

ئۇ كەلپىن ئېقىنىنىڭ بېشى بولۇپ، كۆلچەكلىرى چوڭقۇر، بېلىقلىرى كۆپ بولغاچقا بېلىقلىق ئېقىن دەپ ئاتالغان. بۇ ئېقىن شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 18 كىلومېتر، ئىككى تەرەپ تىك ئېگىز تاغ، ئېقىن قىنى تار ـ سوزۇنچاق، سۇ تېز ئاققانلىقتىن دائىم ئېقىن يولى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئېقىنىنىڭ يالىشى بىلەن بىر مۇنچە چوڭقۇر كۆلچەكلەر ھاسىل بولغان. ياز پەسلىدىكى قىيان ۋاقتىدا ئادەم ۋە ئۇلاغلار كېچىپ ئۆتەلمەيدۇ، ئاپتوموبىللار توسۇلۇپ قالىدۇ.

**3 . قىزىلقۇم ئېقىنى**

ئېقىن ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتر، ئېقىن قىنىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ئوخشاش ئەمەس، چوڭقۇر ـ تېيىزلىكمۇ ئوخشىمايدۇ، ئېقىن تېگى قۇم شېغىل ۋە لاتقىدىن تەركىب تاپقان. ئوكلونى 1/700 ئەتراپىدا، ئېقىن ئاچال يېزىسىغا ئېقىپ بارىدۇ، 20 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ. ئېقىن كۆپ يەردە قىزىل جىنسلىق تۇز قاتلاملىرىدىن ئۆتىدۇ، ئېقىن مۇساپىسىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسمۇ تەدرىجىي ئۆرلەپ تۆت گرام / لىتردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 1.4 كۇب مېتر/سېكونت، يىللىق ئېقىن مىقدارى 45 مىليون 720 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ رايونلار بويىچە كەلكۈن مىقدارى

جەدۋەل 2—12　　　　　　　　　　　　　　　　بىرلىكى : كۇب مېتىر/ سېكۇنت

| يېزا / تۈرى | گەزلىك يېزىسى | يورچى يېزىسى | ئاچال يېزىسى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى | 65 | 220 | 995 | 1280 |
| ئەڭ كىچىك ئېقىن مىقدارى | 10 | 35 | 65 | 110 |
| پايدىلىنىش نىسبىتى | 2% | 3% | | |

**4 . كەلكۈن**

كەلكۈن ئادەتتە 6—9 ـ ئايلاردا كېلىدۇ ، يىللار ئارىسىدىكى پەرق چوڭ . 1974 ـ يىلى تاغدىن كېلىپ قىزىلقۇم ئېقىنىغا كىرگەن كەلكۈننىڭ ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى 400 كۇب مېتىر سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتكەن . 1982 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەلپىن ئېقىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى كەلكۈن مىقدارى 540 كۇب مېتىر /سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتتى . كەلكۈن كېلىش مەزگىلى بىلەن سۇغىرىشقا سۇ لازىم بولىدىغان پەسىل بىردەك بولۇپ ، كەلكۈندىن پايدىلىنىپ قىسمەن ئېتىزلارنى ۋە ئوتلاقلارنى سۇغىرىۋېلىشقا بولىدۇ ، كەلكۈننىڭ كۆپىنچىسى قارا يامغۇردىن ھاسىل بولىدۇ ، تاغلىق رايوندىكى دېڭىز يۈزىدىن 1500—2000 مېتىر ئېگىز بولغان ئوتتۇرا ھال ۋە پاكار تاغلار قارا يامغۇر ياغىدىغان جايلار ھېسابلىنىدۇ ، قارا يامغۇردىن ھاسىل بولىدىغان كەلكۈننى ساقلايدىغان سۇ ئامبىرى بولمىغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن كەلكۈن سۈيىنى توپلاپ ساقلاپقويغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، كەلكۈندىن پايدىلىنىش ۋاقتى قىسقا ، ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ .

## § 2 . بۇلاق سۈيى

كەلپىن ناھىيىسىدە بېلىقلىقبۇلاق بىلەن مازار ئېقىنبۇلاقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۇلاقتىن باشقا يەنە بىر مۇنچە كىچىك بۇلاقلار بار . ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە :

**1 . قۇم بۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمتاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . ئۇنىڭدىن سائىتىگە 117 لىتىر سۇ چىقىدۇ ، بۇ سۇنى ئادەم ۋە چارۋا ماللار ئىچسە بولىدۇ . بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ .

**2 . سۆگەتبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 47.5 كىلومېتىر كېلىدۇ ، تۆت ئورۇندا شىرىم سۇ بار ، بۇلاق سۈيى 20 مولۇق تېرىلغۇ يەر ، يەتتە مو باغ ، 4000 مو ئوتلاقنى سۇغىرىشقا يېتىدۇ . بۇلاق ئەتراپىدا سۆگەت ، توغراق ئۆسىدۇ .

**3 . ھاك بۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 64 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاق سۈيى

جىلغىنىڭ تېگىدىن قايناپ چىقىدۇ، بۇلاقتىن سائەتتە 2200 لىتر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، ئۇنىڭ بىلەن 3200 تۇياق چارۋىنى سۇغىرىشقا بولىدۇ.

**4. شور بۇلاق**

شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 16 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇلاق سۈيى قىزىلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن چىقىدۇ. بۇلاقتىن سائەتتە 54 لىتر سۇ چىقىدۇ، سۈيى قىرتاق، ئاچچىق بولغاچقا ئىچىشكە بولمايدۇ.

**5. ياقىلىقبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 43 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ بۇلاق ئىككى كۆزلۈك بولۇپ، بىرىنىڭ يەنە بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون مېتىر، سائەتتە تەخمىنەن 50 لىتر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، تەخمىنەن 1700 تۇياق چارۋىنى سۇغىرىشقا بولىدۇ.

**6. سىزغان بۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 67 كىلومېتىر كېلىدۇ، 36 كۋادرات مېتىر دائىرىدە سۇ چىقىدىغان يەتتە كۆز بار، شۇڭا ئۇ كۆپ چەشمىلىك بۇلاق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن چىقىدىغان سۇنىڭ مىقدارى كۆپ، ياز پەسلىدە سائەتتە 3000 لىتر ئەتراپىدا سۇ چىقىدۇ؛ قىش پەسلىدە بولسا سائەتتە 2400 لىتر ئەتراپىدا سۇ چىقىدۇ. سۈيى تاتلىق بولۇپ، مۇشۇ جايدىكى ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئىچىشىگە يېتىدۇ.

**7. قىزىلبۇلاق**

بۇلاق سۈيى قىزىل توپىلىق تاغنىڭ باغرىدىن چىقىدىغانلىقتىن سۇنىڭ رەڭگى سۇس قىزىل. بۇلاق شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 64 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاقتىن يىلبويى سائەتتە 2000 لىتردىن سۇ چىقىپ تۇرىدۇ. سۈيى تاتلىق، مۇشۇ جايدىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە يېتىدۇ.

**8. چېچەكبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەھەر بىلەن ئارىلىقى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاق سۈيى قارا ياپلاق تېغىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئويمانلىقتىن كېلىدۇ، بۇلاقتىن سائەتتە 4500 لىتر سۇ چىقىدۇ، سۈيى سۈزۈك، تاتلىق، ئۇنىڭدىن شۇ يەردىكى ئادەم ۋە چارۋىلار تۆت پەسىلدە پايدىلىنىدۇ.

**9. كەكلىكبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 70 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇلاق سۈيى كەلكۈن جىلغىسىدىكى قۇملۇق يەردىن سىزىپ كېلىدۇ، سۈيى تاتلىق، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچسە بولىدۇ. ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپلەر كۆپ، 5000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا باققىلى بولىدۇ. بۇ، چارۋىچىلىق رايونىدىكى بىر قەدەر چوڭ قىشلاقلارنىڭ بىرى.

**10. قاشتېشىبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ يەردە ئىككى بۇلاق بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى قاشتېشىبۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ. سائەتتە 250 لىتر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق. ئەتراپىدا چاكاندا، تىكەنلىك ئوت قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ، 1000 تۇياق چارۋىنى بېقىپ سۇغىرىشقا بولىدۇ.

**11. كۆنگەيبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاقچى ناھىيىسىگە چېگرىداش يەرگە جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىـ

www.uyghurkitap.com

لىقى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. يامغۇر پەسلىدە سائىتىگە 1500 لىتىر سۇ چىقىدۇ. قۇرغاق پەسلىدە بولسا 1000 لىتىر ئەتراپىدا سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، بۇلاق ئەتراپىدىكى ئوتلاقنىڭ كۆلىمى 1500 موغا يېتىدۇ، بۇ يەردە چارۋىچىلارنىڭ ئۆي ۋە ئېغىل ـ قوتانلىرى بار.

12. دونەنبۇلاق (كەلپىن شۇۋىسىدە دونە بۇلاق)

شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شەھەر بىلەن ئارىلىقى 29 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاقنىڭ ئىككى كۆزى بولۇپ، ئارىلىقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا، سائىتىگە 700 لىتىر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، ئىچىشكە ۋە يەر سۇغىرىشقا بولىدۇ.

13. تېرەكبۇلاق

ئىلگىرى بۇلاق ئەتراپىدا بىر تۈپ تېرەك بولغاچقا، شۇ نام بېرىلگەن، بۇلاق شەھەرنىڭ دەل شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاق سۈيى تاغنىڭ قاپتىلىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن سائىتىگە 50 لىتىر ئەتراپىدا سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، 500 تۇياق قوي سۇغىرىشقا يېتىدۇ.

14. قىزىلسۇ بۇلاق

شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 37.7 كىلومېتىر كېلىدۇ، سائىتىگە 20 لىتىر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، يىل بويى ئېقىپ تۇرىدۇ.

15. قارا سۇ بۇلاق

بۇلاقنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم ۋە تاشلارنىڭ رەڭگى قارا، شۇڭا بۇلاق سۈيىمۇ قارا كۆرۈنىدۇ، بۇلاق شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ رايونىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ بۇلاق كۆزى، بىر مۇنچە جايدا شىرمىم سۇ بار. بۇلارنى قوشقاندا سائىتىگە 2000 لىتىر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، بۇلاق ئەتراپىدىكى ئوتلاقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 6000 موغا يېتىدۇ، ئۇنىڭدا 3000 تۇياق چارۋا باققىلى بولىدۇ.

16. كىچىككۇمبۇلاق

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 72 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ يەردە جەمئىي ئۈچ بۇلاق كۆزى بار، سائىتىگە 700 لىتىر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق.

17. قۇشبۇلاق

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 64 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇلاقنىڭ ئىككى كۆزى بولۇپ، سائىتىگە 500 لىتىر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، 500 تۇياق قوي، 250 تۆگىنى سۇغىرىشقا ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ.

18. كۆكبۇلاق

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 83 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاقنىڭ سۈيى قازما تېغىنىڭ ئالدىدىن كېلىدۇ. بۇلاق ئەتراپىدا شىرمىم كۆزلەر بار. بۇلاقتىن سائىتىگە 120 لىتىر سۇ چىقىدۇ، سۈيى تاتلىق، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچسە بولىدۇ.

19. قۇمبۇلاق

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 77 كىلومېتىر كېلىدۇ، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ تۆت ئورۇندىن سۇ چىقىدۇ، ئۇلار تاغ جىلغىسىنى بويلاپ ئۈستۈن تەرەپتىن تۆۋەن تەرەپكە قاتار جايلاشقان، ھەممىسىنى قوشقاندا سائىتىگە 250 لىتىر سۇ چىقىدۇ. بۇلاق سۈيى ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقنى باسقاندىن كېيىن يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ.

**20 . دۆڭبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 80 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاقتىن سائەتتە 70 لىتىر سۇ چىقىدۇ ، سۈيى سۈزۈك ھەم تاتلىق.

**21 . قىزىلكەپلەشنىڭ بۇلىقى**

بۇ بۇلاق سارغان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قىزىل كەپلەشتاغقا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇلاق شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 65 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاق تېرەك ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە چارۋا ماللار مۇشۇ بۇلاقتىنلا سۇ ئىچىدۇ. بۇلاقتىن سائەتتە 2000 لىتىر سۇ چىقىدۇ ، پەسىل ۋە ئىقلىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي يىل بويى ئېقىپ تۇرىدۇ.

**22 . ئالا ئايغىر بۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 89 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاق سۈيى ئىگەر ئالما تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن كېلىدۇ ، بۇلاقنىڭ بەش كۆزى بولۇپ ، سائەتتە 250 لىتىر سۇ چىقىدۇ. ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچسە بولىدۇ.

**23 . تۇمشۇقبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 67 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاق سۈيى تۇمشۇق تېغىنىڭ تۈۋىدىن كېلىدۇ ، بۇلاقنىڭ سۈيى تاتلىق ، سائەتتە 30 لىتىر سۇ چىقىدۇ. بۇلاقنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىدىكى جىلغىدا ئازراق توغراق بار.

**24 . چىشقاقبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 38 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇ بۇلاقنىڭ ئۈچ كۆزى بولۇپ ، سائەتتە 120 لىتىر سۇ چىقىدۇ. سۈيى سۈزۈك ھەم تاتلىق ، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچسە بولىدۇ.

**25 . جىگدە بۇلاق**

بۇلاق گەزلىك يېزىسىنىڭ دەل غەربىگە جايلاشقان ، يېزا بىلەن ئارىلىقى 22 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاقنىڭ سۈيى سۇ بېشى ئېقىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن سىزىپ چىققان ، سائەتتە تەخمىنەن 200 لىتىر سۇ چىقىدۇ. بۇلاق ئەتراپىدا 122 مو تېرىلغۇ يەر ، 20 مو باغ بار.

**26 . شور بۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 84 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاقتىن سائەتتە تەخمىنەن 80 لىتىر سۇ چىقىدۇ ، سۈنى چارۋىلار ئىچىشكىلا بولىدۇ. بۇلاق ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپ كۆپ.

**27 .ئاچچىقبۇلاق**

شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 17.5 كىلومېتىر كېلىدۇ ، بۇلاق ئەتراپىدا شالاڭ ئۆسكەن ئوت ـ چۆپ بار. بۇلاقتىن سائەتتە 73 لىتىر سۇ چىقىدۇ ،بۇ سۈنى چارۋىلار ئىچىدۇ.

**28 . سەرەمبۇلاق**

بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل ، ساياھەتچىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ ، دائىم مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇلاق تېرەكئاۋات كەنتىگە جايلاشقان. سائەتتە 1200 لىتىر سۇ چىقىدۇ. بۇلاق سۈيى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىشىگە ، ئېتىز ۋە باغلارنى سۇغىرىشقا يېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## § 3 . يەر ئاستى سۈيى

**1 . سۇ بېشى ئويمانلىقى يەر ئاستى سۈيى**

ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سۇ بېشى ئورمان بەلبېغى دەريا ئېقىنىنى بويلاپ كەتكەن 120 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە بولۇپ، سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 82 مېترئەتراپىدا بولۇپ، سۇ مىقدارى مول بولغان شېغىل قاتلامدىكى كاۋاكچىلاردا ساقلىنىدۇ، سۇ ئورنى تېيىز، سۇ مىقدارى كۆپ، ئېتىلىپ چىقىدىغان سۇ مىقدارى 7486 توننا / كۈنگە يېتىدۇ. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.46 گرام / لىتر، بۇ مۇشۇ ناھىيەدە سۈپىتى ئەڭ ياخشى سۇ ھېسابلىنىدۇ. سۇ بېشى كەنتىنىڭ غەربىدىكى نەچچە ئون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ موللۇقى شەرقىي قىسمىغا يەتمەيدۇ، سۇ مىقدارى كۆپ ئەمەس. ئېتىلىپ چىقىدىغان سۇنىڭ مىقدارى 100 — 1000توننا / كۈنگە يېتىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى 8 — 10 مېتىر، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرى (ئويمانلىق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن /53 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ) شېغىل، توپا، شېغىل تاش قاتلىمىدىكى كاۋاكچىلاردا سۇ ساقلىنىدىغان سۇ كەمچىل دائىرىگە كىرىدۇ، بۇ، قۇرغاق جاي ھېسابلىنىدۇ، كەلكۈن يەر ئۈستىدىلا ئېقىپ تۈگەپ كېتىدۇ، ئۆلچەپ كۆرۈشكە قارىغاندا، سۇ ئورنى 200 مېتىردىن تۆۋەن ئىكەن.

**2 . كەلپىن ئويمانلىقىدىكى يەر ئاستى سۈيى**

1) **كەلپىن بازىرىدىن گەزلىك يېزىسىغىچە بولغان بەلباغ** كۆلىمى 200 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 40 ـ90 مېترغا يېتىپ، قۇم شېغىل تاشتىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ كاۋاكچە دەرىجىسى ياخشى، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى، تولۇقلىنىش شارائىتى ياخشى، سۇ مىقدارى مول، سۇ ئورنىمۇ بىر قەدەر مۇقىم، كۆمۈلگەن چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر ئەتراپىدا، ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى 5069.52 توننا / كۈن، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.22 گرام / لىتر. سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى غەربتىن شەرققە قاراپ ئاجىزلاپ بارىدۇ، سۇ مىقدارى پەيدىنپەي ئازىيىپ، تۇزلۇق سۇ چىقىدۇ. شەرقىي قىسمى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىك ساي بەلباغقا جايلاشقان، سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 70 ـ100 مېترغا يېتىدۇ، سۇ بېشى ئېقىنىنىڭ سىڭگەن سۈيى بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، سۇنىڭ موللۇقى ياخشى، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى 2053 توننا / كۈن. سۇ ئورنى 20 ـ 50 مېتىر چوڭقۇر، شەرقتىن غەربكە قاراپ سۇ ئورنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئېشىپ 50—100 مېترغا يېتىپ بارىدۇ. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.5 گرام / لىتر.

2) **غەربىي قىسمىدىكى سارغان ئويمانلىقى** يۇقىرى قىسمىدىكى سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى ئاران 20 مېترغا، تۆۋەن قىسمىدىكى ئاساسلىق سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 30 ـ 50 مېترغا يېتىپ بارىدۇ. سۇنىڭ كېلىش مەنبەئى ئاسماندىن چۈشكەن ھۆل ـ يېغىن ۋە يامغۇر پەسلىدە جىلغىلاردا توختاپ قالغان كەلكۈن سۈيىدىن ئىبارەت. سۇنىڭ موللۇقى شەرقىي قىسمىدىن كېيىن تۇرىدۇ. سۇ ئورنى تېيىز، سۇمىقدارى ئاز، ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى4 .516 توننا / كۈن. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 5 ـ 7 گرام / لىتر. سۇنىڭ سۈپىتى ناچار، $CISO_4$ — Na تىپلىق. سۇ مىقدارى ئاز بولغان كاۋاكچىدىكى يوشۇرۇن سۇ (100>توننا / كۈن) ئويمانلىقنىڭ چېتىگە، سارغان ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە ۋە سارغان قۇدۇق ئەتراپىغا جايلاشقان، سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 100 مېتىردىن ئاشىدۇ، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىردىن يۇقىرى. سارغان قۇدۇق ئەتراپى يۇمشاق تۇپراق بەلبېغى بولۇپ، سۇ مىقدارى ئاز. سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى 298 توننا/ كۈنگە يېتىدۇ. ئويمانلىقتىكى سۇ ئېقىنى توختام ـ ئاستا ئېقىش ھالىتىدە، سۇ ئورنى تېيىز، سۇ سۈپىتى ناچار، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 4 — 5 مېتىر. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 7—2 .7 گرام/لىتر، سۈيى $CISO_4$ — Na تىپلىق.

3) ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى تەخمىنەن 120 نەچچە كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان دائىرە يەر تۈزۈلۈشى ئويمان. تو- لۇقلىنىش مەنبەئى يېتەرلىك. يوشۇرۇن سۇنىڭ ئورنى 68 .20 مېتر. قېلىنلىقى 69 .171 مېتر. سۇنىڭ ئېتىـ لىپ چىقىش مىقدارى 2 .1486 توننا/كۈن، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 19 .2 گرام/لىتر ( $ClSO_4-Na$تىپلىق سۇ). يوشۇرۇن سۇ مىقدارى كۈنىگە 1000 تونندىن تۆۋەن بولغان قۇم قاتلىمىدىكى كاۋاكچە بېسىملىق سۇ بولۇپ سارغان ئەتراپىغا تارقالغان ،كۆلىمى ئاران 60 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. بېسىملىق سۇنىڭ مىقدارى 11 مېتر ،قېلىنلىقى 4 .63 مېتر. ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى 44 .131 توننا / كۈن بولۇپ، سۈيى $ClSQ-Na$ تىپلىق.

### 3 . تاغ ئالدى يانتۇ تۈزلەڭلىكىدىكى يەر ئاستى سۈيى

سۇ مىقدارى ئوتتۇراھال بولغان قۇم شېغىل قاتلام كاۋاكچىسىدىكى يوشۇرۇن سۇ كەلپىن تېغىنىڭ ئالدىدىكى يانتۇ تۈزلەڭ چۆل بەلبېغىدا ۋە يۇمشاق تۇپراق بەلبېغىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا كەڭ تارقالغان. سۇ قەۋىتىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 29 .11 — 72 .37 مېتر، چۆل بەلبېغىدىكى يوشۇرۇن سۇ ئورنى ئومۇمەن ئون مېتردىن يۇقىرى، مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئالتە گرام / لىتردىن تۆۋەن بولۇپ، سۈيى سەل تۇزلۇق، يۇمشاق تۇپراقلىق تۈزلەڭلىكتىكى يوشۇرۇن سۇنىڭ ئورنى ئون مېتردىن تۆۋەن، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 20 گرام / لىتردىن يۇقىرى بولۇپ، سۈيى تۇزلۇق رايوندۇر. سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى ئومۇمەن 100 — 1000 توننا / كۈن ئارىلىقىدا.

تاغ ئالدى يانتۇ تۈزلەڭلىكى يۇمشاق تۇپراقلىق بەلباغدا كەڭ ـ كۆلەمدە بېسىملىق سۇ دائىرىسى شەكىللەنگەن. بۇ دائىرىدە ئىككى سۇ قەۋىتى بار: بىرىنچى قەۋىتىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 60 مېتر، قېلىنلىقى 25 مېتر ئەتراپىدا، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى 84 .897 توننا / كۈن؛ ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 100 مېتر ئەتراپىدا، قېلىنلىقى 6 — 7 مېتر، سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش مىقدارى 51 .60 توننا / كۈن. بېسىملىق سۇنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 49 .5 مېتر. شەرقىي قىسمى تۇزلۇق سۇ رايونى بولۇپ، سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 62 .28 گرام / لىتر. قالغان قىسمى ئومۇمەن $ClSO_4-Na$ تىپلىق سۇغا كىرىدۇ.

### 4 .شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى تىنما تۈزلەڭلىك يەر ئاستى سۈيى

سۇ مىقدارى ئوتتۇراھال بولغان يۇمشاق قۇم قاتلام كاۋاكچىلىرىدىكى يوشۇرۇن سۇ قەۋىتى قېلىنلىـ قىنىڭ ئۆزگىرىشى 53 .18 — 89 .58 مېتر. سۇ مىقدارى 100 — 1000 توننا / كۈن ئارىلىقىدا. زەرەپشان دەرياسىنىڭ كونا قىنىنىڭ سۈيى $CQCl-NaCa$ تىپلىق بولۇپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1 — 3 گرام / لىتر. شىمالىدىكى سۇ $ClCO_4-Na$ تىپلىق بولۇپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئېشىپ 3—6 گرام / لىترغا، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىغا يېتىدۇ.

تىنما تۈزلەڭلىكنىڭ تۆۋەنكى قىسمى يوشۇرۇن سۇنىڭ يان قىسمى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. سۇ مىقدارى ئادەتتە 500 توننا / كۈندىن ئاز. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 3 گرام / لىتردىن ئاز. زەرەپشان دەرياسى ئەتراپىنىڭ سۈيى $SOCl-NaCa$تىپلىق. قەشقەر دەرياسى ئېقىمىنىڭ سۈيى $ClSO_4-Na$ ياكى $SQCl-Na$ تىپلىق.

### 5 . تاغلىق رايوننىڭ ماتېرىك جىنسلىق ئېقىن جىلغىسىدىكى يوشۇرۇن سۇلار

مۇنداق سۇ ئادەتتە تاغلارنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىكى ئېقىن جىلغىلىرىغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىـ چىدە ئىنگەن تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ جىلغا تىپىك بولۇپ، سۇ مىقدارى ئادەتتە 100 توننا / كۈنـ دىن تۆۋەن. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1 — 3 گرام / لىتر. سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، $ClSO_4-Na$ تىپلىق سۇغا ياكى $SQCl-Na$ تىپلىق سۇغا يېقىن كېلىدۇ.

تاغلىق رايوندىكى ئالدىنقى تاغ بەلبېغىدا ئۇۋاق تاغ جىنسلىرى تىپىدىكى قاتلام كاۋاكچىلىرىغا

پارچە ـ پۈرات يوشۇرۇن سۇ تارقاق جايلاشقان. بۇ تاغلارنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە جەنۇبىي ئېتىكىدە تاش كاۋاكچىلىرى يېتىلىپ ھەممە خىلمۇخىل ئېرىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ، كاربوناتلىق جىنسلار ۋە ئېرىگەن كاۋاكچىلاردا سۇ ھاسىل بولغان. تاغلارنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسىملىرىدا ماتېرىك جىنسلىق كاۋاكچە سۇلىرى كەمچىل، يالغۇز بۇلاق سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 0.1 لىتىر/ سېكۇنتتىن تۆۋەن، ئېقىن مىقدارى تۇراقسىز، يىل بويى ئېقىپ تۇرىدۇ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.3 گرام / لىتىر، Na —ClSO تىپىدىكى سۇغا كىرىدۇ.

## كەلپىن رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى

جەدۋەل 2—13 بىرلىكى: 10 مىڭ كۇب مېتىر/يىل

| تولۇقلىنىش جايلار / مىقدارى / تولۇقلىنىش تۈرى | سۇ بېشى ئويمانلىقى | كەلپىن ئويمانلىقى | تاغ ئالدى ئويمانلىقى | سارغان تۈزلەڭلىكى | سىرتقا ئاقىدىغان رايونلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھۆل ـ يېغىن | 4953.12 | 1005.58 | 943.73 | 708.4 | | 7610.83 |
| تاغ كەلكۈنى | 5466.12 | 746.97 | 634 | 375.64 | | 7222.84 |
| سۇغىرىش ئۆستىڭى | | 1874.41 | 4434.09 | | | 6308.50 |
| ئېقىن | | 3120.38 | 26754.60 | | | 29874.98 |
| ئېتىزغا قويۇلغان سۇ | | 351.16 | 4928.22 | | | 5279.38 |
| تىك سىزىقتىكى شىرەم سۈيىدىن تولۇقلىنىش | 10419.34 | 7098.50 | 37694.04 | 1084.05 | | 56196.38 |
| ماتېرىك جىنسلىق رايونلارغا ھۆل ـ يېغىننىڭ سىڭىپ كىرىشى | 487.43 | 133.27 | 115.29 | 92.57 | 110.11 | 939.17 |
| رايون سىرتىدىن كىرگەن يەر ئاستى ئېقىن | 801.38 | 171.72 | 22.59 | 197.73 | | 1193.78 |

ئىزاھات: كەلپىن رايونىنىڭ ھەر قايسى سېكسىيەلىرى ئارىسىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ ئېقىنلىرى ھېسابلانمىدى.

# § 4 . سۇنىڭ سۈپىتى

كەلپىن ناھىيىسىدە سۇنىڭ سۈپىتى ناچار ، يەر ئۈستى سۈيى ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۇز تەركىبى كۆپ ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىش مۇساپىسىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ مىنېراللىشىش دەرىجىسمۇ ئۆرلەپ بارىدۇ. ئۆلچەپ كۆرۈلۈشىچە ، ئاچالغا بارىدىغان سۇغىرىش سۈيىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.54 گرام / لىترغا ، ئوتتۇرا ئېقىنىدا 3.42 گرام / لىترغا ، تۆۋەن ئېقىنىدا 4.47 گرام / لىترغا ، چىلان كەنتىدىكى كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى سەككىز گرام / لىترغا يەتكەن. كەلپىن بازىرىدىكى سۇنىڭ مىنېراللىشىش رېئاكسىيىسىدە PH قىممىتى 7.19 — 7.53 ئارىلىقىدا ، ئۈچ خىل ئاساسلىق زىيانلىق ماددا ( سىماب ، خرۇم ، قوغۇشۇن ) نىڭ تەركىبى يۇقىرى بولۇپ ، تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سۇ مەنبەسى ۋە سۇ سۈپىتى ئەھۋالى

جەدۋەل 2—14

| منېراللىنش دەرىجىسى / + ۋە − ئىئونلار / نۇقتىلىق سۇ مەنبەسى | | $Cu^{-}3$ | $HCO_3^{-}$ | $Ce^{-}$ | $SO_4^{-}$ | $Ca^{++}$ | $Mg^{++}$ | $K^{+}Na^{+}$ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەمنات سودا كوپېراتىپىنىڭ قۇدۇق سۈيى | 2.176 | | 0.299 | 0.621 | 0.551 | 0.153 | 0.041 | 0.520 |
| سۇ بېشى بۇلاق سۈيى | 1.54 | | 0.162 | 0.399 | 0.500 | 0.130 | 0.070 | 0.280 |
| سارىم بۇلاق سۈيى | 1.5 | | 0.162 | 0.368 | 0.510 | 0.130 | 0.060 | 0.280 |
| قۇمئېرىق - سارىم بۇلاق سۈيى | 1.45 | | 0.168 | 0.365 | 0.470 | 0.120 | 0.060 | 0.210 |
| —yyتۇڭگۇز بۇرۇن بۇلاق سۈيى | 1.307 | | 0.156 | 0.303 | 0.470 | 0.130 | 0.080 | 0.168 |
| كۆل كەنتىنىڭ يەر ئاستى سۈيى | 9.058 | | 0.120 | 3.328 | 2.500 | 0.420 | 0.260 | 2.430 |
| كۆل غەربى 4 - مەھەللە يەر ئاستى سۈيى | 5.463 | | 0.100 | 1.693 | 1.910 | 0.190 | 0.300 | 1.270 |
| ئاچال گەزلىك ئۆستەڭنىڭ سۈيى | 3.5 | | 0.198 | 1.107 | 1.050 | 0.240 | 0.110 | 0.820 |
| يايدى يەر ئاستى سۈيى | 8.124 | 0.006 | 0.036 | 2.913 | 2.360 | 0.710 | 0.120 | 0.997 |
| ئاچال ئۆستەڭنىڭ سۈيى | 3.428 | | 0.195 | 1.065 | 1.040 | 0.260 | 0.110 | 0.758 |
| ئاچال گەزلىك 4 - مەھەللە سۈيى | 4.47 | | 0.108 | 1.205 | 1.670 | 0.230 | 0.120 | 1.140 |
| كۆل ساي يەر ئاستى سۈيى | 7.665 | 0.018 | 0.126 | 1.888 | 3.100 | 0.610 | 0.170 | 1.753 |

1983 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى تەھلىل قىلىش - تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسە چىقاردى: كەلپىن ناھىيىسىدە سۇ بېشىدىن چىققان بۇلاق سۈيى ياخشى ، دۆلەتنىڭ ئىچىدىغان سۇ ئۆلچىمىگە يېقىنلىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى قۇدۇق سۇلىرىدا زەھەرلىك ماددىلار خېلى يۇقىرى ، سىماب ، خرۇم ، قوغۇشۇن تەركىبى بەلگىلىمىدىن نەچچە ھەسسە ، نەچچە ئون ھەسسە ئېشىپ كەتكەن ، گۈڭگۈرت ۋە خلۇر تەركىبمۇ بەك يۇقىرى.

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىسىدىكى قۇدۇق سۇلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى

جەدۋەل2 ـ 15

| ئورۇنلارنىڭ قۇدۇق سۈيى | رەت نومۇرى | PH | تۇز g/L | ئومۇمىي قاتتىقلىق CaO mg/L | Cl mg/L | Hg mg/L | Mn mg/L | Zn mg/L | Cu mg/L | Ca مىكرو mg/L | Cd مىكرو mg/L | ئامىياك ھالىتىدىكى ئازوت mg/L | F mg/L |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇدۇق ئەترىتىنىڭ | 2811 | 7.41 | 3.43 | 17.64 | 834.34 | 0.98 | 0 | 0 | 0.15 | 0.15 | 6.27 | 54.0 | 0.043 |
| چوشقا فېرمىسىنىڭ | 2812 | 7.19 | 2.15 | 13.24 | 609.31 | 0.72 | 0 | 0.20 | 0.20 | 0.20 | 62.7 | 55.1 | 0.027 |
| رېمونت زاۋۇتىنىڭ | 2813 | 7.21 | 2.57 | 14.74 | 650.85 | 0.93 | 0 | 0.027 | 0.027 | 0.22 | 36.3 | 45.6 | 0.024 |
| تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ | 2814 | 7.42 | 2.54 | 13.35 | 540.07 | 0.42 | بەك ئاز | 0.11 | 0.011 | 0.23 | 13.8 | 56.1 | 0.043 |
| ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ | 2815 | 7.21 | 2.32 | 11.21 | 567.76 | 0.52 | 0.55 | 0.35 | 0.35 | 0.21 | 40.1 | 77.3 | 0.076 |
| بېلىقلىق بولاق سۈيى | 2817 | 7.53 | 2.03 | 12.10 | 456.93 | 0.37 | 0 | 0.087 | 0.087 | 0.10 | 0.626 | 0 | 0.16 |
| دۆلەت ئۆلچىمى | | 6.585 | | 250 | 100 | 0.1 | 0.1 | 1.0 | 1.0 | 1.0 | 1.0 | 1.0 | 0.1 |

# V باب

## تۆپرىقى

1982 ـ ۋە 1983 ـ يىللىرى ناھىيىلىك تۇپراقنى ئومومىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت ئەترىتىنىڭ پۈتۈن ناھىيىدىكى ئۈچ خەلق گوڭشېسى ، بىر سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ 20 مىڭ 74 مو تېرىلغۇ يېرى ۋە قىسمەن بىنەم يەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ( قالغان نۇرغۇن يەر تېخى تەكشۈرۈلگىنى يوق ، شۇڭا بۇ ھەقتە ماتېرىيال يوق ) ، كەلپىن ناھىيىسى تۇپرىقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەبئىي شەكىللىنىش جەريانى ۋە سۈنئىي پىشۇرۇش جەريانى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ . كەلپىن ئويمانلىقىدىكى دېھقانچىلىق تۇپرىقى قەدىمكى بوستانلىقنىڭ ئېكىن تۇپرىقىدۇر .

## 1 § . تۇپراق تۈرى

پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى بويىچە سۇغىرىپ تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان رايوندىكى تۇپراقنى تۆت تۇپراق تۈرى ، يەتتە كەنجى تۈر ، توققۇز تۇپراق تەۋەلىكى ، 13 تۇپراق خىلى ۋە تۆت ئۆزگەرگەن تۇپراق خىلىغا ئايرىشقا بولىدۇ .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقىنى تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى

جەدۋەل 2 ـ 16

| تۇپراق تۈرى | كەنجى تۈر | تۇپراق تەۋەلىكى | تۇپراق خىلى | ئۆزگەرگەن تۇپراق خىلى | جايلىششى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۆلكە يەر تۇپرىقى | نېپىز لاتقىلىق سۇغىرىلىدىغان تۇپراق | جىگەررەڭ تۇپراق | بوز جىگەررەڭ تۇپراق | قېنىق بوز جىگەررەڭ تۇپراق | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى |
| | | | | سۇس بوز جىگەررەڭ قاغجال تۇپراق | « 1 ـ ئىيۇل » گۆڭشىسى |
| | | | | ئۇستى قۇملۇق تۇپراق | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى |
| | | | جىگەررەڭ تۇپراق | | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى سۇ بېشى 3 ـ ئەترەت |
| | | | ئاستى تاش قېنىق بوز جىگەررەڭ تۇپراق | | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى |
| | سۇغىرىلىدىغان تۇپراق | سېرىق تۇپراق | بوز سېرىق تۇپراق | قېنىق بوز سېرىق تۇپراق | « 1 ـ ئىيۇل » گۆڭشىسى سەرەم |
| | | قىزىل تۇپراق | جىگەررەڭ قىزغۇچ تۇپراق | | ئۇرۇقچىلىق مەيدانى |
| | | | قىزغۇچ قۇم تۇپراق | | ئۇرۇقچىلىق مەيدانى |
| جىگەررەڭ چۆل تۇپرىقى | سۇغىرىلىدىغان جىگەررەڭ چۆل تۇپراق | يۇمشاق سېرىق تۇپراق | سۇس بوز جىگەررەڭ قاغجال تۇپراق | | « 1 ـ ماي » ، « 1 ـ ئىيول » گۆڭشىلىرى |
| | | | چۆل تۇپرىقى | | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى |
| | | سۇلفات خلورلۇق بىرىكمىلەر | يېنىك شورلاشقان ئوتتۇرىسى قۇم تۇپراق | | « 1 ـ ئىيول » گۆڭشىسى |
| | | | سۇغىرىلىدىغان ئېغىر شورلاشقان جىگەررەڭ تۇپراق | | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى |
| | | ئاستى چۆللۈك يەر | ئوتتۇرا قاتلام تۇپراق | | « 1 ـ ماي » گۆڭشىسى |
| | جىگەررەڭ چۆل تۇپراق | يۇمشاق سېرىق تۇپراق | | | « 1 ـ ماي » ، « 1 ـ ئىيۇل » گۆڭشىلىرىدىكى ئېچىلمىغان بوزيەرلەر |
| | | شېغىللىق جىگەررەڭ چۆل تۇپراق | | | چۆل |
| | سۇغىرىلىدىغان شورلاشقان جىگەررەڭ تۇپراق | سۇلفات خلورلۇق بىرىكمىلەر | كۈچلۈك شورلاشقان تۇپراق | | « 1 ـ ئۆكتەبىر » گۆڭشىسى |
| | | | يېنىك شورلاشقان تۇپراق | | « 1 ـ ئۆكتەبىر » گۆڭشىسى |
| شورلۇق تۇپراق | قۇرۇق شور تۇپراق | | | | « 1 ـ ئۆكتەبىر » گۆڭشىسىدىكى ئېچىلمىغان بوزيەر |
| كۆچمە قۇملۇق تۇپراق | كۆچمە قۇم تۇپراق | | | | كەلپىن تېغى ئەترابلىرى |

www.uyghurkitap.com

# § 2 . تۇپراق تەركىبى

## 1 . سۇغىرىلىدىغان تۇپراق

سۇغىرىلىدىغان تۇپراق كەلپىن ئويمانلىقىدىكى ئاساسلىق تېرىلغۇ يەر بولۇپ، گەزلىك، يۇرچى يېزىلىرىغا ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا جايلاشقان، كۆلىمى 20 مىڭ 387 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 19.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئامما ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك يەر دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تۇپراقنىڭ پىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، شورى يوق، 0 ـ 20 سانتىمېتر كېلىدىغان تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ماددا تەركىبىدە 1.07% ـ 1.87% گىچە ئورگانىك ماددا، 0.067% — 0.109% گىچە تولۇق ئازوت، 0.062% — 0.074% گىچە تولۇق فوسفور، 50ppm — 80ppm تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت، 2ppm — 10ppm تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور، 200ppm — 600ppm تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي بار، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلىيالايدۇ، سۇ، ئوغۇت، ھاۋا، ئىسسىقلىق نىسبىتىنى تەڭشەش، ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ياخشى. بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىشقا لايىق، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغاندا 500 كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە بولغاندا 250 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

تۇپراق تەنچە قۇرۇلۇشى، تۇپراقنىڭ رەڭگى ۋە تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىغا قاراپ پۈتۈن ناھىيىدىكى سۇغىرىلىدىغان تۇپراقنى ئالتە خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:

1) **بوز جىگەررەڭ تۇپراق** كۆلىمى 18 مىڭ 957 مو، 0 — 60 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدا سازاڭ ۋە ئۇنىڭ مايالقىلىرى ھەم كۆمۈر داشقاللىرى بار. 0 — 20 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدا ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ماددا تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 1.34% — 1.87% گىچە، تولۇق ئازوت 0.084% — 0.109% گىچە، تولۇق فوسفور 0.066% — 0.074% گىچە كېلىدۇ. تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى(0 — 20 سانتىمېترغىچە)دىكى تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تەركىبىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 50ppm—80ppm، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 2ppm — 10ppm، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي 200ppm — 600ppm كېلىدۇ. تېرىقچىلىقتىكى خۇسۇسىيىتى ياخشى، پىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، بۇلار كەلپىن ئويمانلىقىدىكى ئەڭ ياخشى دېھقانچىلىق تۇپراقلىرىدىن بولۇپ، بۇغداي تېرىغاندا، ئومۇمەن، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 275 — 300 كىلوگرامغا، كۆممىقوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 350 كىلوگرامدىنمۇ كۆپرەككە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

2) **ئاستى تاش قېتىق بوز جىگەررەڭ تۇپراق** كۆلىمى 960 مو، گەزلىك يېزىسى قۇملۇق كەنتىنىڭ شەرقىي، غەربىي تەرەپلىرىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان، 90 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىنىڭ ئاستى شېغىل، 0 — 20 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ تەركىبىدىكى ئوتتۇرىچە ئورگانىك ماددا 1.79%، تولۇق ئازوت 0.101%، تولۇق فوسفور 0.069%، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 81ppm، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 4ppm، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي 632ppmكېلىدۇ. بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك يەرگە كىرىدۇ، بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 275 كىلوگرامدىن يۇقىرى، كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 325 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولىدۇ.

3) **جىگەررەڭ تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 150 مو بولۇپ، تاغلىق رايونىدىكى سۇ بېشى كەنتىگە جايلاشقان. تۇپراق ئاساسەن، جىگەررەڭ بولۇپ، سۈپىتى يېنىك ئەت تۇپلىق، ئوتتۇرا ھال تۇپلىق. 0 — 20 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددا تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 1.55% — 2.04%، تولۇق ئازوت 0.075% — 0.106%، تولۇق فوسفور 0.060% — 0.071%، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت

321ppm — 58ppm ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان فوسفور1ppm — 3ppm ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان كالىي 100ppm كېلىدۇ. ئورگانىك ماددا تەركىبى گەرچە يۇقىرىراق بولسىمۇ، لېكىن يەر ئويمان جىلغىدا جايلاشقانلىقى، ھاۋاسى سالقىن بولغانلىقى، ئوزۇقلۇق ماددىلار ئاسان پارچىلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەر بولۇپ قالغان. بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 100 كىلوگرام ئەتراپىدا، كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 150 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

4) **بوز سېرىق تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 70 مو بولۇپ، تاغ رايونىدىكى تىرەك ئاۋات 2 ـ ئەترەتكە جايلاشقان. تۇپراق رەڭگى ساغۇچ جىگەررەڭ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ئەت توپىلىق. 0 — 20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددا تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 2.44% ، تولۇق ئازوت 0.121% ، تولۇق فوسفور 0.078% ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان ئازوت 66ppm ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان فوسفور 2ppm ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان كالىي 151ppm كېلىدۇ. بۇ، 2 ـ دەرىجىلىك يەرگە مەنسۇپ، يەرنىڭ جايلاشقان ئورنى تاغ رايوندا، ئوغۇت بىلەن تەمىنلىنىشى ناچارراق بولغانلىقتىن بۇغداي مەھسۇلاتى 125 كىلوگرام ئەتراپىدا، كۆممىقوناق مەھسۇلاتى 300 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

5) **جىگەررەڭ قىزغۇچ تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 100 مو بولۇپ، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى «قىزىل تاغ» ئالدى يانتۇلۇقىغا جايلاشقان. بۇ خىل تۇپراق قىزغۇچ جىگەررەڭ، ساغۇچ جىگەررەڭ بولۇپ، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر تەكشى، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ئەت توپىلىق، يىنىك ئەت توپىلىق، 0 ـ20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددا تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 1.57% ، تولۇق ئازوت 0.089% ، تولۇق فوسفور 0.068% . تېز ئۆنۈم بېرىدىغان ئازوت 74ppm ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان فوسفور 6ppm ،تېز ئۆنۈم بېرىدىغان كالىي 273ppm كېلىدۇ. بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 175 كىلوگرام ئەتراپىدا، كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 250 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

6) **قىزغۇچ قۇم تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 160 مو بولۇپ، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. قىزغۇچ، جىگەررەڭ تۇپراق قاتلىمىنىڭ 70 سانتىمېتىردىن يۇقىرى قىسمىغا قۇملۇق ئەت توپا، 70 سانتىمېتىردىن تۆۋەنكى قىسمىغا يىنىك ئەت توپا جايلاشقان. قۇرۇلمىسى كاللەكسىمان. 0 — 20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 1.32% ، تولۇق ئازوت 0.070% ،تولۇق فوسفور 0.055% ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان ئازوت 57ppm ، تېز ئۆنۈم بېرىدىغان فوسفور 6ppm كېلىدۇ. بۇ تۇپراقنىڭ قۇم تەركىبى يۇقىرى، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلىقتىن بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 251 كىلوگرام ئەتراپىدا، كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 200 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

## 2. جىگەررەڭ چۆل تۇپراق

ئۇ ئاساسەن، سۇغىرىلىدىغان جىگەررەڭچۆل تۇپراق بولۇپ، جىگەررەڭ چۆل تۇپرىقىدىن سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىغا ئايلىنىشۋاتقان ئۆتكۈنچى تىپقا كىرىدۇ. بۇنداق تۇپراق ئۇچ يېزىنىڭ ھەممىسىدە بار. ئۇنىڭ كۆلىمى 31 مىڭ 273 مو. سۇ ۋە ئوغۇتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاساسەن، يەرنى نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، شۇڭا تۇپراق قۇۋۋەتسىز، دېھقانچىلىق سەۋىيىسى تۆۋەن. تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىغا، تۇپراق تەنچە قۇرۇلۇشى تىپىغا ۋە تۇز تەركىبىگە ئاساسەن، بۇ تۇپراقنى يەتتە خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:

1) **سۇس بوز جىگەررەڭ قاغجال تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 28 مىڭ 541 مو بولۇپ، ئاساسەن، گەزلىك ۋە يۇرچى يېزىلىرىدا مەھەللىلەرگە سەل يىراق بولغان 3 ـ دەرىجىلىك يەرلەرگە جايلاشقان. تۇپراقنىڭ رەڭگى ساغۇچ جىگەررەڭ ـسۇس قىزغۇچ جىگەررەڭ؛ سۈپىتى يىنىك ئەت توپىلىق، قۇمساڭغۇ ئەت توپىلىق. 0 —20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تەركىبىدە ئورگانىك ماددا

0.51% — 0.80% گىچە ، تولۇق ئازوت 0.035% — 0.052% گىچە ، تولۇق فوسفور 0.053% — 0.066% گىچە ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 26ppm — 60ppm گىچە ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 1ppm — 4ppm گىچە ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي 120ppm — 250ppm گىچە كېلىدۇ دېھقانچىلىقتا پايدىلىنىلغان تارىخى قىسقا ، پىشىش دەرىجىسى تۆۋەن ، تۇپراق تەنچىسى قاتتىق ، قۇرغاق ، دېھقانچىلىق سەۋىيىسى تۆۋەن ، بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 75 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

2) **ئوتتۇرىسى قۇمساڭغۇ سۇغىرىلىدىغان جىگەررەڭ چۆل تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 826 مو بولۇپ ، گەزلىك يېزىسىنىڭ باغلىق كەنتى ۋە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىكى 3 - دەرىجىلىك يەرلەرگە جايلاشقان. تۇپراق رەڭگى ساغۇچ جىگەررەڭ - بوز جىگەررەڭ ، سۈپىتى يېنىك ئەت تۇپىلىق - قۇمساڭغۇ ئەت تۇپىلىق - يېنىك ئەت تۇپىلىق ، كالللەكسىمان قۇرۇلمىلىق. 0 — 20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددا تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا 0.67% ، تولۇق ئازوت 0.036% ، تولۇق فوسفور 0.053% ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 42ppm ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 2ppm كېلىدۇ. تۇپراقنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىغا 20 سانتىمېتىردىن قېلىنراق قۇم قەۋەت جايلاشقان ، سۇ ، ئوغۇت توختىمايدۇ ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن ، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 50 — 75 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

3) **يېنىك شورلاشقان ئوتتۇرىسى قۇم تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 632 مو بولۇپ ، ناسىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى بىر پارچە ئويمانلىقتا جايلاشقان ، تۇپراقنىڭ رەڭگى جىگەررەڭگە مايىل سېرىق - ساغۇچ جىگەررەڭ ، سۈپىتى سېغىز - قۇم - سېغىز. 0 - 20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 0.76% ، تولۇق ئازوت 0.042% ، تولۇق فوسفور 0.061% ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 43ppm ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 95ppm كېلىدۇ. 0 - 30 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئومۇمىي تۇز 0.74% كە ، 0 - 60 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئومۇمىي تۇز 0.70% كە يېتىدۇ. بۇ تۇزلار سۇلفادلار تىپىغا كىرىدىغان خلورلۇق بىرىكمىلەردىن ئىبارەت. تۇز زىيانداشلىقى كۆرۈلىدىغان تۇپراق قاتلىمىدا كەسمە يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا 20 سانتىمېتىردىن قېلىنراق قۇم قەۋەت قىستۇرۇلغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 75 - 100 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

4) **قاتتىق شورلاشقان ، سۇغىرىلىدىغان جىگەررەڭ چۆل تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 852 مو بولۇپ ، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇپراقنىڭ رەڭگى ساغۇچ جىگەررەڭ ، سۈپىتى يېنىك ئەت تۇپىلىق ، قۇرۇلمىسى ئۇششاق كاللەكسىمان. 0 - 20 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تەركىبىدە ئورگانىك ماددا 0.75% ، تولۇق ئازوت 0.042% ، تولۇق فوسفور 0.055% ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 65ppm ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 4ppm ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي 761ppm كېلىدۇ. 0 - 30 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى تۇز تەركىبى 1.26% ، 0 — 60 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىدىكى تۇز تەركىبى 0.54% كېلىدۇ ، تۇزلار سۇلفىدلاشقان تۇز - خلورلۇق بىرىكمىلەر تىپىغا كىرىدۇ ، تۇپراقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە شورلىششى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن. بۇ يەرلەردە بىر يىل تېرىپ ئۈچ يىل دەم ئالدۇرۇپ ، ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 50 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

5) **ئوتتۇرا قاتلام تۇپراق** ئۇنىڭ كۆلىمى 420 مو بولۇپ ، گەزلىك يېزىسىنىڭ ئۈستۈن قاشئېرىق كەنتىدىكى قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3 - دەرىجىلىك چۆللۈككە جايلاشقان. بۇ خىل تۇپراقنىڭ 40 سانتىمېتىردىن تۆۋەن قاتلىمى شېغىللىق بولۇپ ، تۇپا قاتلىمى نېپىز ، كۈچى ئاجىز ، سۇ ، ئوغۇت توختىمايدۇ ، بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 50 - 75 كىلوگرامغا يېتىپ بارىدۇ.

6) **سۇغىرىلىدىغان شورلاشقان جىگەررەڭ چۆل تۇپراق** سۇغىرىلىدىغان شورلاشقان جىگەررەڭ چۆل تۇپراق ئاچال يېزىسىدىكى ئاساسلىق تۇپراق تىپىدۇر ، بۇ خىل تۇپراقنىڭ كۆلىمى 48 مىڭ 884 موغا يېتىدۇ. 0 - 30 سانتى-

www.uyghurkitap.com

تىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئېرىشچان تۇز تىپىدىكى ماددىلار 0.52% — 2.07% ؛ 0 — 60 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئېرىشچان تۇز تىپىدىكى ماددىلار 0.48% — 1.97% كېلىدۇ. بۇلار سولفادلار — خلورلۇق بىرىكمىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ئۇنى قاتتىق شورلاشقان تۇپراق، يېنىك شورلاشقان تۇپراق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

قاتتىق شورلاشقان تۇپراق: ئۇنىڭ كۆلىمى 27 مىڭ 608 مو بولۇپ، ئاچال يېزىسىدا ئاق قالدۇرۇپ ئۇچ يىلدا بىر قېتىم تېرىلىدىغان يەرلەر ۋە تاشلاندۇق بوز يەرلەر مۇشۇ تۇپراق خىلىغا كىرىدۇ. بۇ يەرلەردە تولاراق شورتاڭلىق ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ، يەر ئۈستىدە شور توزانلىرى ياكى قاتتىق شور قەۋەتلىرى بار، تۇپراق سۈپىتى بويىچە تۇپراقنىڭ يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك ( ئوتتۇراھال ئەت توپا — سېغىز توپا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ). 0 — 30 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئېرىشچان تۇز تەركىبى 0.89% — 2.07% گىچە، 0—60 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى تۇز تەركىبى 0.72% — 1.97% گىچە يېتىدۇ. تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلار 0.94% — 1.53% گىچە، تولۇق ئازوت 0.056% — 0.066% كىچە، تولۇق فوسفور 0.05% — 0.060% كىچە، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوت 2ppm — 60ppm كىچە، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور 2ppm — 8ppm كىچە، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىي 280ppm—800ppm كىچە يېتىدۇ. 0—60 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ماددىلار تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلار 0.89%، تولۇق ئازوت 0.060%، تولۇق فوسفور 0.058% كە يېتىدۇ.

يېنىك شورلاشقان تۇپراق: ئۇنىڭ كۆلىمى 21 مىڭ 276 مو بولۇپ، بۇ خىل تۇپراق ئاچال يېزىسىنىڭ ئاساسىي ئېتىزلىرىدىكى تۇپراقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تۇز مىقدارى سەل تۆۋەن، يەر ئۈستىدە شورتاڭلىق يەرلەردە ئۆسىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. شور ئۆرلەش پەسىللىرىدە يەر ئۈستىدە يېنىك دەرىجىدە شور توزانلىرى پەيدا بولىدۇ. سۈپىتى: يېپىشقاق توپا، ئېغىر سېغىز توپا — ئېغىر ئەت تۇپراق. 0—30 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوتتۇرىچە تۇز مىقدارى 0.52%، 0—60 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوتتۇرىچە تۇز مىقدارى 0.48% كە يېتىدۇ. 20 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىلار 0.93% — 1.71%، تولۇق ئازوت 0.052%—0.098%، تولۇق فوسفور 0.064% — 0.073% ؛ 0—60 سانتىمېتر تۇپراق قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلار 0.52% — 1.00%، تولۇق ئازوت 0.04% — 0.074%، تولۇق فوسفور 0.060% — 0.069%.

**3 . شور تۇپراق**

ئاچال يېزىسىغا ۋە بوز يەرلەرگە جايلاشقان.

**4 . قۇم تۇپراق**

قۇم تۇپراق كەلپىن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ بەلباغسىمان جايلاشقان، كۆلىمى 4950 مو بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 4.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

# VI باب

# تەبىئىي بايلىقى

## 1 § . كان بايلىقى

كەلپىن ناھىيىسىدە كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، دۆلەت گېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەك-

شۇرۇشقە قارىغاندا ، بۇ ناھىيەدە گۈڭگۈرت ، گۈڭگۈرتلۇك تۆمۈر( زاك ) ، ماگنىتلىق تۆمۈر ، قوڭۇر تۆمۈر ، مىس ، قوغۇشۇن ، فوسفور ، سىنك ، ئۇران ، كۆمۈر ، گەج ، كۋارتس ، خرۇستال ، قاش تېشى ، ھېقىق ، ئاھاك تېشى ، ئىسلاندىيە تېشى ، بازالت قاتارلىق 18 خىل كان بايلىقىنىڭ بارلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى. فوسفور ، قوغۇشۇن ، مىس كان بايلىقلىرىنىڭ ئېچىلىش ئىستىقبالى خېلى زور.

1 )**كەلپىن گۈڭگۈرت كېنى** بۇ كان ئاچالنىڭ غەربىي جەنۇبى ، ئۈرۈمچى - قەشقەر تاش يولنىڭ 1077 كىلومېتر كېلىدىغان قىسمىغا جايلاشقان ، كان زاپىسى 33 مە تونىنا ، گۈڭگۈرت تەركىبى %30تىن يۇقىرى ، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 25 - يىلى ( 1760 - يىلى ) گۈڭگۈرت كېنى ئېچىلغان. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ ئىككى كان نۇقتىسى بار ، ھەر يىلى 300 تونىنا ئەتراپىدا رودا قېزىلىدۇ.

2 ) **ئىنگەن گۈڭگۈرتلۇك تۆمۈر كېنى** بۇ كان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە تەخمىنەن 60 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا بولۇپ ، كان زاپىسى تەخمىنەن 300 مىڭ تونىنا كېلىدۇ. 1960 - يىلدىن ئىلگىرى ئېچىلغان ، 1984 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي كان قۇرۇلۇپ ، قېزىلىشقا باشلىغان ، 1985 - يىلى قېزىلغان رودا 1500 توننىغا يەتتى.

3 ) **ماقچا ماگنىتلىق تۆمۈر كېنى** كەلپىن تېغىنىڭ شىمالىي چېتىگە ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن40 كىلومېتر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان ، رودىنىڭ سۈپىتى ياخشى ، تۆمۈر تەركىبى%58 ، كۆلىمى كىچىكرەك.

4 ) **قىزىلتاغ تامچە قوڭۇر تۆمۈر كېنى** بۇ كان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى 80 كىلومېتر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ ، ئوكسىدلىنىش ئارقىلىق سۇدىن ئايرىلىپ قىزغۇچ تۆمۈر كېنىغا ئايلانغان ، رودا قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېپەكسىمان بولۇپ ، كان گەۋدىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئوكسىدلانغاندىن كېيىنكى تۆمۈر تەركىبى %12.13 ، قىسمەن دەسلەپكى رودا تەركىبىدىكى تۆمۈر %52.64 كە يېتىدۇ.

5 ) **سارغان تاغ قوڭۇر تۆمۈر كېنى** بۇ كان ئىنگەندىكى سارغان تېغىغا جايلاشقان ، ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 80 كىلومېتر كېلىدۇ ، سۈپىتى %50تىن يۇقىرى. بۇ دائىرىدە كۆلىمى چوڭراق شۇ خىل كان ياتىمىسىنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد بار.

6 )**ئاقتام مىس كان نۇقتىسى** بۇ نوقتا قارا تىكە تېغىنىڭ قامۇشتى ( قومۇشلۇق ) بۇلاق دېگەن جاينىڭ غەربىدىكى ئالتە كىلومېتر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان ، سۈپىتى %2.4 .

7 )**چوڭ قوم مىس تەركىبلىك قۇمتاش** ئورنى سارغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تەخمىنەن 20 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا ، چۆكۈندى تىپلىق دەرىجىگە كىرىدۇ ، مىس تەركىبى %0.1 — %0.4 ، سىنك تەركىبى %0.28—%1.1 . بۇ كاننى ئېچىشنىڭ تېخنىكا شارائىتى يوق. بۇ دائىرىدىن مول كان نوقتىسىنىڭ تېپىلىپ قېلىشىدىن ئۈمىد بار.

8 )**ئالىيومىن كېنى** بۇ كان تېتىر تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە چوڭ يىرىلمىلار قوشۇلغان جايدىكى كۆلرەك جىنس بىلەن دولومىت جىنس ئارىسىغا جايلاشقان ، كۆلىمى تەخمىنەن بەش كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. رودا تەركىبىدىكى ئالىيومىن مىقدارى يۇقىرى ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

9 ) **فوسفور كېنى** ئۇ ، كەلپىن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى فوسفورلۇق قۇمتاش جىنسلار ئارىسىغا جايلاشقان. $P_2O_5$ نىڭ تەركىبى %7.17— %15.72 ، گېئولوگىيە زاپىسى بىر نەچچە مىڭ تونىنىدىن يۇقىرى.

10 ) **زاك كېنى** ئىنگەن تېغىغا جايلاشقان ، گېئولوگىيىلىك زاپىسى 53 مىڭ تونىنا. 1985— يىلدىن 1989 يىلىغىچە يىلىغا 1000 تونىنا ئەتراپىدا قېزىلدى.

11 ) **ئىنگەن ئۇران كېنى** كاننىڭ كۆلىمى كىچىك ، 1960 - يىلدىن ئىلگىرى قېزىلغان ، كېيىن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ 1 - تۇەنى بۇ يەردە كان ئېچىپ رودا قازغان ، رودا تاللاش ئۇسۇلى قالاق بولغانلىقتىن ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ كېتىپ ، رودا قېزىش ئىشى توختاپ قالغان.

12) **كۆمۈر كېنى** مور ، قودۇقچە دېگەن ئىككى ئورۇندا يېمىرىلگەن كۆمور تېپىلدى ، قالسا كۆيىدۇ ، ئەمما ئوتىنىڭ كۈچى ئاجىز .

## § 2 . ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك

**1 . ياۋايى ھايۋانلىرى**

كەلپىن ناھىيىسىدە بۆرە ، تۈلكە ، ياۋا چوشقا ، ئارقار ، سۈغۈر ، جەرەن ، توشقان ، بۈركۈت ، ئۇلار ، كەكلىك ، چىل ، قاغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار بار .

**2 . ئۆسۈملۈكلىرى**

ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن يۇلغۇن ، سېرىق سۆگەت ، قوڭغۇراق تىكەن ، يانتاق ، ياپىلاق ئارچا ، كۆك ئەمەن ، ياۋا كەندىر ، قومۇش ، زاغزاق ، سۇتلۇك ئوت ، چار ئوت ، ئېتىز يۆگىمچى ، چوك خوخا ، پېچان ، چىغ ، ئەمەن ، شىۋاق ، تىكەنلىك ئوت ، پاقا يوپۇرمىقى ، پايىزا ، نىجىم( ئەركەك چۆپ ) ، سېسىق ئوت ، سېمىز ئوت ، بۇيا ، كۆمەك ، شورلۇق چىغىرتمىقى ، ياۋا بېدە ، تاغ پىيىزى ، ياۋا كۇدە ، تاغ سامسىقى ، ئازغان ، مامكاپ ، بۇدۇشقاق ، قېرىق ئوت ، تۆگە قۇيرۇق ، قارا زىرىق قاتارلىقلار بار .

1969 – 1971 – يىللىرىدىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ناھىيە بويىچە 170 خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈكى بار ئىكەن . تاغلىق رايونلارغا ، ئېگىزلىكلەرگە تارقالغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تىكەنلىك ماۇرانچىن ، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن ، تاغ پىيىزى ، تاغ سامسىقى ، چاكاندا ، سىلىق غوللۇق ئازغان ، ھىلى ، ئەڭلىك ئوت ، جىنتىيانا ، ياۋا ئارچا ، مارال ئوت ، قان تېپەر ، تاغ لەيلىسى ، رەۋەن ، ئات قۇلاق ، توشقان زەدىكى ، چاچراتقۇ ، دۇخۇ ، چاڭخۇ ، تەيبەيسىن قاتارلىقلار بار . يېزىلاردىكى ئېتىز – ئېرىق بويلىرىغا ، دالىغا تارقالغانلىرىدىن سېمىز ئوت ، توشقۇنماس ، ئاق چېچەكلىك دىدىك ، مامكاپ ، ئىت ياڭىقى ، سېرىق بويا ، چۈچۈك بۇيا ، سىلىق غوللۇق ئازغان ، قارا ئۆرۈك ، ئەنجۈر ، سۆگەت گۈلى ، شۇم بۇيا ، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار . دەريا ، سازلىق جايلارغا تارقالغانلىرىدىن ئىگىر ، قىرلىق پىندەك ، يىكەن سېرىقى ، كەتىرا ، قىرىق بوغۇم ، يۇلغۇن چېچىكى قاتارلىقلار بار . چۆل باياۋانلاردا چاكاندا ، يانتاق ، يەر تۇزغىقى ، شىۋاق ، كەرمان قاتارلىقلار بار .

## § 3 . ئوتلاق ۋە ئورمان

**1 . ئوتلىقى**

كەلپىن ناھىيىسىدە تەبئىي ئوتلاق كۆلىمى 4 مىليون 127 مىڭ 700 موغا يېتىدۇ ، ئۇنىڭ 3 مىليون 974 مىڭ 700 موسى تاغ رايونىغا ، 153 مىڭ موسى تۈزلەڭلىكتىكى جاڭگاللىغا جايلاشقان . ئومۇمىي ئوتلاق ئىچىدە 2 – دەرىجىلىك ئوتلاق كۆلىمى 2000 مونى ، 3 – دەرىجىلىك ئوتلاق 1مىليون 735مىڭ مونى ، 4 – دەرىجىلىك ئوتلاق 481مىڭ مونى ، 5 – دەرىجىلىك ئوتلاق 1مىليون 910 مىڭ مونى تەشكىل قىلىدۇ .

**2 . ئورمانلىقى**

ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ ، ئورمان كۆلىمى 557مىڭ 200 مو( تۇتاش كەتكەن ئورمانلىق228 مىڭ900مو ) غا يېتىدۇ ، ئاساسەن ، قارا كۆل ئورمانچىلىق رايونىغا مەركەزلەشكەن ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى ئورمانلىق ئاران 7800 موغا يېتىدۇ .

www.uyghurkitap.com

## § 4 . بوز يەر بايلىقى

كەلپىن ناھىيىسىدە 2 مىليون 460 مىڭ مو ئەتراپىدا بوز يەر بولۇپ( تاغ رايونىدىكى جىلغا يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) ، ئاساسەن ، ئاچال تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان ، كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 440 مىڭ مو كېلىدۇ ؛ ئاندىن قالسا كەلپىن ئويمانلىقىدا 20 مىڭ مو بوز يەر بار ؛ كەلپىن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى پارچە - پۇرات بەلباغسىمان قۇملۇق بوز يەر 4950 موغا يېتىدۇ . قىسمەن بوز يەرلەردىن نوسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ، بوز يەرنىڭ كۆپ قىسمى جىگەررەڭ قۇمساڭغۇ تۇپراق بولۇپ ، ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش ئاسان ، لېكىن سۇ مەنبەئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش قىيىن .

# VII باب

# تەبىئىي ئاپەتلەر

كەلپىندە ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت كەلكۈن ئاپىتى ، بوران ئاپىتى ۋە مۆلدۈر ئاپىتىدۇر .

## § 1 . قارا يامغۇر ، كەلكۈن

كەلپىندە كەلكۈن تولاراق ، قارا يامغۇردىن ھاسىل بولىدۇ . كەلكۈن ئادەتتە ، 6 ـ 9 ـ ئايلاردا يۈز بېرىدۇ . بەزىدە 10 ـ ئايدىمۇ يۈز بېرىدۇ . قارا يامغۇر كەلكۈنى كۆپىنچە ، دېڭىز يۈزىدىن 1500 ـ 2000 مېتىر ئېگىز بولغان ئاساسلىق قارا يامغۇر بەلبېغىدا يەنى ئوتتۇرا ھال ، پاكار تاغ بەلبېغىدا پەيدا بولىدۇ . قارا يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولىدىغان كەلكۈن شىددەت بىلەن ئېقىپ نۇرغۇنلىغان لاتقا ۋە قۇم - شېغىللارنى ئېقىتىپ ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ، توغانلارنى ۋەيران قىلىپ ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ .

1940 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ ۋە 16 ـ كۈنلىرى قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن زىرائەتلەرنى خېلى زور زىيانغا ئۇچراتتى .

1955 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندىن باشلاپ ئەتىسى تاڭ سەھەرگىچە داۋاملىق قارا يامغۇر يېغىپ ھەم مۆلدۈر چۈشۈپ ، 295 ئۆيلۈك دېھقانغا ۋە 293 مو يەردىكى زىرائەتكە زىيان سالدى .

1961 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قارا يامغۇردىن ھاسىل بولغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن « 1 ـ ئۆكتەبىر » گۈڭشېسىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى ۋەيران قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىققا لازىم سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ ، كۈزلۈك زىرائەتلەر تېرىقسىز قالدى ؛ يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 30% تىن كۆپرەك كېمىيىپ كېتىپ ، 320 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە زىيان بولدى .

يەنە شۇ يىلى يازدا قىيان كېلىپ، سوغۇق چۆشۈپ، «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا 100 تۆگە ۋە 300 تۇياق قوي قىياندا ئېقىپ كەتتى ياكى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى.

1965 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قارا يامغۇردىن پەيدا بولغان قىيان ئالتە تۆگىنى ئېقىتىپ كەتتى، 610 مو ئېتىزنى خاراب قىلدى، 12 ئېغىزلىق ئۆينى ئۆرۈۋەتتى.

1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ۋە 8 - ئاينىڭ 27 -كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئىككى قېتىم ئۆتدا قارا يامغۇر ياغدى ۋە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قىيان يول، كۆۋرۈك، ئۆستەڭ ۋە ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى، زىرائەتلەرگە ئېغىر زىيان كەلتۈردى.

1971 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە جەريانلىق يامغۇر مىقدارى 71.8 ممللىمېتىرغا يېتىپ، زىرائەتلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

يەنە شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆتدا ئۈچ كۈن قارا يامغۇر يېغىپ، پەۋقۇلئاددە زور قىيان كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قىسىل ئېغىزىدىن ئاققان سۇ مىقدارى 425 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا، دولقۇن ئېگىزلىكى تۆت مېترغا يېتىپ، 16 سائەت داۋام قىلىپ، قىسىل سۇئامبىرىنىڭ چۆشۈرگىسىنى، كەلكۈن توسۇش توسمىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 13 -كۈنى ئاچال كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن قىيان ئېقىن مىقدارى 800—1000 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، ئاچال سۇ ئامبىرىنىڭ قېشىنى ئالتە يەردىن (جەمئىي 180مېتىر) بۇزۇۋەتتى، ئامباردىن چىققان قىيان سۈيى تاشيول، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ تاشلىغاچقا، قاتناش ئىككى كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاياغ تەرەپتىكى ئېتىزلار، ئۆيلەر زىيانغا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

1972 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قارا يامغۇر يېغىپ سۇ بېشىدا پەۋقۇلئاددە زور قىيان پەيدا بولۇپ، قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ئۆيلەر زىيانغا ئۇچرىدى. شۇ ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە جەريانلىق يامغۇر مىقدارى 75.2 ممللىمېتىرغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىيان ھاسىل بولۇپ، سۇ مىقدارى 600 كۇب مېتىر/ سېكۇنتقا يېتىپ، كۆۋرۈك، يوللارنى ھەم قىسىل سۇ ئامبىرىنىڭ توغىنىنى بۇزۇپ تاشلىدى، خەۋەرلىشش ۋە قاتناش ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ قويدى، قىسمەن ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ كەتتى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاچال سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى كۆپ قېتىملىق كەلكۈندە بۇزۇلغاچقا، 55 كۈنگىچە زىرائەتلەر سۇسىز قالدى.

1973 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۆتدا يامغۇر ياغقانلىقتىن، خامانلار ئومۇميۈزلۈك ھۆل بولۇپ كېتىپ، بۇغدايلار كۆكىرىپ ئۈنۈپ كەتتى.

1974 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆتدا يامغۇر ياغدى، كۈنگە ياغقان يامغۇر كۆپ دېگەندە 54.9 ممللىمېتىرغا، جەريانلىق يامغۇر 77.8 ممللىمېتىرغا يېتىپ، قىيان تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەرنى ۋەيران قىلدى، زىرائەتلەر بىلەن چارۋا ماللارغا ئېغىر زىيان سالدى.

1976 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە كۈنگە 65.6 ممللىمېتىر يامغۇر ياغدى، ئەڭ كۆپ دېگەندە يېغىن مىقدارى 95.8 ممللىمېتىرغا يېتىپ، زىرائەتلەر بىلەن چارۋا ماللارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قارا يامغۇر يېغىپ، قىسىل ئېقىنىغا 250—300 كۇب مېتىر/سېكۇنت قىيان كەلدى. 30 - كۈنى ئېقىن 500 كۇب مېتىر/ سېكۇنتقا يەتتى. قىيان قۇرۇلۇش ئورنىغا كىرىپ كېتىپ 160 مىڭ يۈەنلىك زىيان بولدى.

يەنە شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە يامغۇر ياغدى، كۈنلۈك ئەڭ كۆپ يامغۇر مىقدارى 33.6 ممللىمېتىرغا، جەريانلىق يامغۇر مىقدارى 45.8 ممللىمېتىرغا يېتىپ، زىرائەتلەر بىلەن چارۋا ماللار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

## § 2 . بوران

كەلپىن ئويمانلىقىدا ئادەتتە ھەر يىلى 4 — ئايدىن 7 — ئايغىچە بوران چىقىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بوران كۈچى 12 بالغا يېتىدۇ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. يىل بويى ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان ۋاقىت 35.5 كۈنگە يېتىدۇ، ئادەتتە 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە 10.2 كۈنگە، 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە 21.8 كۈنگە، 9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە 3.4 كۈنگە يېتىدۇ. ئايلىق ئوتتۇرىچە ئەڭ كۆپ بوران چىقىدىغان ۋاقىت 7 ـ ئاي بولۇپ، 8.4 كۈنگە يېتىدۇ؛ 11 ـ ئايدا ئوتتۇرىچە 0.1 كۈن بولىدۇ، بوران ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ئايلار 5 —، 6 — ئايلار بولۇپ، ئايدا ئەڭ كۆپ دېگەندە 15 كۈنگە يېتىدۇ. بوران چىقىش جەريانى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر قېتىمدا يەتتە كۈن داۋام قىلدى.

1967 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۆلدۈر يېغىپ، بوران چىقتى. 7 ـ ئاينىڭ 23 —، 24 — كۈنلىرى شامال كۈچى 8 — 11 بالغا يېتىپ، 17 سائەت داۋاملاشتى. بۇ تارىختا كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ، زىرائەتلەر خېلى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

1979 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 12 بال بوران چىقىپ، يەتتە سائەتتىن 12 سائەتكىچە داۋاملاشتى. زىرائەتلەرنىڭ غوللىرى سۇنۇپ كەتتى، بەزىلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ كەتتى، مايسىلار ئۇششۇپ نابۇت بولدى، ئېتىزلار قۇم ئاستىدا قالدى. بۇنداق ئاپەت تارىختا كەم ئۇچرايدۇ.

1983 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە 11 بال بوران چىقىپ، ئېتىزلارنى، باغلارنى ۋە چارۋا ماللارنى زىيانغا ئۇچراتتى.

1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 11 بال بوران چىقىپ، 15 سائەت داۋاملاشتى، زىرائەتلەر ۋە چارۋا ماللار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

## § 3 . قۇرۇق ئىسسىق شامال

كەلپىندە قۇرۇق ئىسسىق شامال، ئومۇمەن، 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىقىدۇ. بىر يىل ئىچىدە قۇرۇق ئىسسىق شامال يازدا ھەممىدىن كۆپ چىقىدۇ. قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن سانى 55.9 كۈنگە يېتىدۇ، كۈچلۈك قۇرۇق ئىسسىق شامال 25.4% نى، ئوتتۇرا ھال قۇرۇق ئىسسىق شامال 27.4% نى، ئاجىز قۇرۇق ئىسسىق شامال 47.2% نى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇق ئىسسىق شامال يېنىك چىققان يىللىرى زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى 10% — 5% كېمىيىدۇ، ئېغىر بولغان يىللىرى مەھسۇلات 20% تىن كۆپرەك كېمىيىپ كېتىدۇ. 1966 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە قۇرۇق ئىسسىق شامال چىققانلىقتىن ناھىيە بويىچە بۇغداي مەھسۇلاتى 12% كېمىيىپ كەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىدە قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقىدىغان كۈنلەر سانى

جەدۋەل 2—17

| ئايلار / تۈرى | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاجىزقۇرۇق ئىسسىق شامال (كۈن) | 0.7 | 4.5 | 7.4 | 4.3 | 5.4 | 4.1 | 26.4 |
| ئوتتۇراھال قۇرۇق ئىسسىق شامال (كۈن) | 0.2 | 1.5 | 3.4 | 5.1 | 4.6 | 0.6 | 15.3 |
| كۈچلۈك قۇرۇق ئىسسىق شامال (كۈن) | 0.0 | 0.3 | 2.4 | 5.9 | 5.2 | 0.5 | 14.2 |

| دەسلەپكى كۈنى (ئاي / كۈن) | | | ئاخىرقى كۈنى (ئاي / كۈن) | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە | ئەڭ بالدۇر | ئەڭ كېيىن | ئوتتۇرىچە | ئەڭ بالدۇر | ئەڭ كېيىن |
| 9/5 | 11/4 | 9/6 | 14/9 | 23/8 | 26/9 |

# § 4 . مۆلدۈر (تۆلا)

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تاغلىق رايونىدىكى ئوتتۇرا ھال ، پەس تاغلار بەلبېغى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە مۆلدۈر مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ ، مۇشۇ جايدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلىدۇ ، كەلپىن ناھىيىسى ئوتتۇراھال مۆلدۈر رايونى بولۇپ ، ئوتتۇرىچە ھەر يىلى 1 — 5 قېتىمغىچە مۆلدۈر ياغىدۇ ، ئومۇمەن ئون يىلدا بىر قېتىم ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىدۇ .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 17 - يىلى ( 1893 - يىلى ) 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا كەلپىن يېزىسىغا قاراشلىق 12 كەنتتە بىر سائەت مۆلدۈر يېغىپ ، بۇغداي ۋە قارا ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان .

1957 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە 20 مىنۇت مۆلدۈر يېغىپ ، 281 مو يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى .

1959 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ، ھەر كۈنى مۆلدۈر يېغىپ ، ناھىيە بويىچە 1684 مو يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى . « قىزىل بايراق » 3 - گوگىشېسى چىلان چوڭ ئەترىتىنىڭ زىرائەتلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى .

1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيىدە تۆت مىنۇتتىن 21 مىنۇتقىچە مۆلدۈر ياغدى ، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېترغا يەتتى .

1963 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شەھەردە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى گوگىشېلاردا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى ، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېترغا يەتتى ، « 1 - ماي » گوگىشېسىدا 16 مىڭ 959 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى ( 7356 مو يەر قايتىدىن تېرىلدى ) ، ئۆرۈك ، ئالما مەھسۇلاتى 50% — 90% كىچە كېمىيىپ كەتتى ، ئاشلىقتىن ئاساسەن ھوسۇل ئېلىنمىدى ، 2000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مال ئۆلدى ۋە زەخىملەندى ، ئىقتىسادىي زىيان 400 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى .

1966 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 15 -20 مىنۇت مۆلدۈر ياغدى ، ئەڭ چوڭ مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى

www.uyghurkitap.com

ئىككى سانتىمېترغا يېتىپ بىر قەدەر ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلدى.

1972 ـ يىل 5 ـ ئايدا « 1 ـ ئۆكتەبر » گوڭشېسىدا مۆلدۈر يېغىپ، 1350 مو يەردىكى كۆممقوناقنى، 157 مو يەردىكى ئاق قوناقنى، 75 مو يەردىكى كېۋەزنى، 157 مو يەردىكى ياغلىق زىرائەتنى، 137 مو يەردىكى قوغۇن ـ تاۋۇزنى نابۇت قىلىۋەتتى.

1979 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 16 دىن 54 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ، سائەت 17 دىن ئالتە مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر « 1 ـ ئۆكتەبر » گوڭشېسىدا مۆلدۈر يېغىپ، 400 مو يەردىكى كۆممقوناقنى، 300 مو يەردىكى قوغۇننى نابۇت قىلىۋەتتى.

1981 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىن 19 ـ كۈنگىچە ئون مىنۇتتىن 60 مىنۇتقىچە مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېترى 4—5 سانتىمېترغا يەتتى، يەردە توپلىنىپ قالغان مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 15—30 سانتىمېترغا يېتىپ، زىرائەتلەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى.

1982 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 10 ـ20 مىنۇت مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېترى ئۈچ سانتىمېترغا يېتىپ، يەر يۈزىدە تۆت سانتىمېتر قېلىنلىقتا مۆلدۈر توپلىنىپ قېلىپ، زىرائەتلەر ئاپەتكە ئۇچرىدى، ماللاردا زەخىملىنىش كۆرۈلدى.

1984 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 12 مىنۇت مۆلدۈر يېغىپ، ئاشلىق، كېۋەز ۋە مېۋىلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 20 نەچچە مىنۇت مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېترى 4 ـ5 سانتىمېترغا يەتتى، يەر يۈزىدە توپلىنىپ قالغان مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېترغا يەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىدە مۆلدۈر ياغىدىغان كۈن سانى

جەدۋەل 2—18

| تۈرى \ ئايلار | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە (كۈن) | 0.1 | 0.1 | 0.5 | 0.4 | 0.2 | 0.1 | 0.3 | 0.3 | 1.8 |
| ئەڭ كۆپ (كۈن) | 1 | 1 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 4 |

## § 5 . قۇرغاقچىلىق، يامغۇر ئاپىتى

كەلپىن ناھىيىسىدە قۇرغاقچىلىق ۋە يامغۇر ئاپىتى ھەر يىلى دېگۈدەك يۈز بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ خېلى ئېغىر بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا خېلى زور تەسىر يەتكۈزىدۇ.

كەلپىندە يىلنىڭ تەكرار تولاراق ۋاقتىدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەتىياز ۋاقتىدىكى قۇرغاقچىلىق بىلەن باش ياز ۋاقتىدىكى قۇرغاقچىلىق 4 — 6 ـ ئايلاردا يۈز بېرىدۇ. ئاپەت يۈز بەرگەن يىللىرى يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەيدۇ، كۈزلۈك زىرائەتلەر تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

يامغۇر ئاپىتى ھەر يىلى دېگۈدەك يۈز بېرىدۇ، ئاساسەن شور كۆپ بولغان ئاچال رايونىدا يۈز بېرىدۇ، يامغۇردىن كېيىن يەر شورلىشىپ، زىرائەتلەر كەڭ كۆلەمدە نابۇت بولۇپ كېتىدۇ.

# § 6 . يەر تەۋرەش

كەلپىن يېرىلمىسى بىلەن ماڭغۇت يېرىلمىسى قوشۇلغان جاي كەلپىن يەر تەۋرەش بەلبېغى دېيىلىدۇ، بۇ ئەتراپتا يەر تەۋرەش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. 1904 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە ئۆتكەن 83 يىل ئىچىدە مۇشۇ يەر تەۋرەش بەلبېغىدا 31 قېتىم كەلپىنگە تەسىر كۆرسەتكەن يەر تەۋرەش يۈز بەردى. يەر تەۋرەش ئاساسەن، كەلپىننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى مارالبېشى ناھىيىسىگە يېقىن جايلارغا مەركەزلەشكەن .

كەلپىن ناھىيىسى قەشقەر ـ كەلپىن يەر تەۋرەش بەلبېغىغا جايلاشقان، كەلپىن يېرىلمىسى بىلەن ئىنگەن تاغ يېرىلمىسى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ، كەلپىننى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە بازىرى ئىككى چوڭ يېرىلمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. كەلپىن ناھىيە بازىرىغا چوڭراق تەسىر كۆرسىتىدىغان يەر تەۋرەش مەنبەلىرى يەتتە بال يەر تەۋرەيدىغان شوتا قۇدۇق (ساجىگزا) خەتەرلىك رايونى (ئاچال يېزىسىغا قاراشلىق كۆل، چىلان سايلىقى، قۇرۇق ئۆزۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئالتە بال يەر تەۋرەيدىغان مارالبېشى ئاچىلى خەتەرلىك رايونى (بۇ رايون ماڭغۇت يېرىلمىسى بىلەن كەلپىن يېرىلمىسىنىڭ قوشۇلغان قىسمىغا جايلاشقان)، ئالتە بال يەر تەۋرەيدىغان ئاچال يېزىسى خەتەرلىك رايونى (بۇ رايون تۆمشۇق يېرىلمىسى بىلەن كەلپىن يېرىلمىسىنىڭ قوشۇلغان قىسمىغا جايلاشقان) دىن ئىبارەت. مۇشۇ يېرىلملار كەلپىن تەۋەسىنى نۇرغۇن پارچىلارغا بۆلۈۋېتىپ، يەر ئاستى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆرلەپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان، شۇنىڭ بىلەن كەلپىن يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالغان.

يەر تەۋرەش مەركەزلىرى ناھىيە بازىرىدىن 30—100 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ يەر ئۈستى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ چوڭقۇر دېگەندە 41 كىلومېتر، ئەڭ تېيىز دېگەندە توققۇز كىلومېتر، ئوتتۇرىچە 20 كىلومېتر كېلىدۇ.

كەلپىن ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلاردا يەر تەۋرەش ئەھۋالى

جەدۋەل 2 ـ 19

| رەت نومۇرى | تەۋرەش ۋاقتى: يىل، ئاي، كۈن | تەۋرەش ۋاقتى: سائەت، مىنۇت، سېكونت | تەۋرەش مەركىزى: شىمالىي كەڭلىك | تەۋرەش مەركىزى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق | تەۋرەش دەرىجىسى (MG) | تەۋرەش مەركىزىدىكى چاك | تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى | تەۋرىگەن رايون |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 5. 2. 1904 | 0—0—5 | 40° | 78° | 6 | | | مارالبېشىنىڭ غەربىي شىمالى |
| 2 | 1. 3. 1916 | 0—55—2 | 40°6′ | 78°2′ | 5. 8 | | | ئاقچى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى |
| 3 | 6. 8. 1925 | 33—11—4 | 40° | 78° | 51/4 | | | مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەتتە كۆل قۇدۇق |
| 4 | 3. 1927 | 34—42—15 | 40° | 78° | 43/4 | | | مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەتتە كۆل قۇدۇق ئەتراپى |
| 5 | 16. 3. 1929 | —10 | 40° | 78°8′ | 5 | | | مارالبېشىنىڭ غەربىي شىمالى |
| 6 | 15. 7. 1943 | 52—53—19 | 40° | 78°4′ | 51/2 | | | مارالبېشى ئاچىلى ئەتراپى |
| 7 | 10. 11. 1946 | 40—46—8 | 40°7′ | 79°2′ | 52/2 | | | كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى |
| 8 | 18. 12. 1947 | 10—3—6 | 41°3′ | 79° | 5 | | | ئۈچتۇرپاننىڭ غەربىدىكى يامانسۇ ئەتراپى |
| 9 | 23. 1. 1953 | 38—27—8 | 40°1′ | 78°2′ | 5 | | | كەلپىننىڭ جەنۇبى بىلەن مارالبېشىنىڭ چېگرىداش جايى |
| 10 | 15. 3. 1953 | 4—9—11 | 40°2′ | 77°9′ | 52/2 | | | مارالبېشىنىڭ غەربىي شىمالى |
| 11 | 27. 3. 1953 | 39—35—1 | 39°9′ | 78°2′ | 51/4 | | | مارالبېشى ئاچىلى ئەتراپى |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12 | 16.7.1953 | 3—2—3 | 39°9′ | 78°3′ | 6 | | | مارالبېشى ئاچلى ئەترابى |
| 13 | 10.7.1953 | 33—43—4 | 40°2 | 78°3′ | 51/4 | | | مارالبېشى ئاچلى ئەترابى |
| 14 | 10.7.1953 | 37—36—23 | 40°2 | 78°2 | 43/4 | | | كەلپىننىڭ غەربىي جەنۇبىي |
| 15 | 6.2.1955 | 55—51—22 | 40° | 78°2′ | 5 | | | مارالبېشىنىڭ غەربىي شىمالى |
| 16 | 14.11.1956 | 56—56—11 | 40°5′ | 78°0′ | 43/4 | | | ئاقچىنىڭ جەنۇبى |
| 17 | 24.6.1958 | 20—49—12 | 40°8′ | 76°8′ | 53/4 | | 15 | كەلپىننىڭ غەربىي شىمالى |
| 18 | 21.3.1965 | 13—9—23 | 40°8′ | 78°3′ | 4.9 | | 18 | كەلپىننىڭ غەربىي بىلەن ئاقچىنىڭ چېگرىداش جايى |
| 19 | 12.5.1965 | 48—42—19 | 40°3 | 78°1′ | 5 | | 40 | ئاقچىنىڭ جەنۇبىي ، ئاقچى ـ كەلپىن ، مارالبېشىنىڭ چېگرادash جايى |
| 20 | 12.2.1970 | 56—11—7 | 40°1′ | 77°8′ | 5.5 | | 21 | مارالبېشىنىڭ غەربىي شىمالى |
| 21 | 16.6.1970 | 58—59—23 | 40°9′ | 78°4′ | 4.8 | | 9 | ئاقچى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبى |
| 22 | 16.1.1972 | 47—21—4 | 40°2′ | 79°0′ | 6.2 | 8 | 9 | مارالبېشىنىڭ يالغۇز ئەترابى |
| 23 | 16.1.1972 | 59.5—45—7 | 40° | 78°4′ | 4.8 | | 41 | مارالبېشىنىڭ شەرقىي شىمالى |
| 24 | 27.6.1973 | 9—11—21 | 40°6′ | 79°4′ | 4.7 | | 23 | كەلپىننىڭ شەرقىي شىمالى |
| 25 | 29.9.1974 | 51—51—23 | 40°3′ | 77°9′ | 5.5 | | 24 | ئاقچىنىڭ جەنۇبى بىلەن كەلپىننىڭ چېگرىداش جايى |
| 26 | 10.9.1975 | 31—32—2 | 40°1′ | 78°7′ | 5.5 | | 11 | مارالبېشى ئاچلىنىڭ شەرقىي شىمالى |
| 27 | 25.6.1976 | 2—9—20 | 40°2′ | 77°8′ | 4.7 | | 39 | مارالبېشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى لاتا داۋىنى ئەترابى |
| 28 | 26.10.1977 | 34—0—2 | 40°7′ | 78°2′ | 4.8 | | 19 | ئاقچى ناھىيە بازىرىنىڭ غەبىي جەنۇبى |
| 29 | 6.12.1980 | 29—45—10 | 40°1′ | 78°4′ | 5.3 | | 11 | كەلپىننىڭ جەنۇبى بىلەن مارالبېشىنىڭ چېگرىداش جايى |
| 30 | 24.1.1987 | | 41°7′ | 79°17′ | 6.4 | 8 | 12 | ئۇچتۇرپان يېڭى ئاۋات يېزىسىنىڭ غەربى شىمالى |
| 31 | 24.1.1987 | | 41°23′ | 77°17′ | 4.9 | | | ئۇچتۇرپان يېڭى ئاۋات يېزىسىنىڭ غەربى شىمالى |

**قوشۇمچە : 1991 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەلپىندە 6.5 بال يەر تەۋرىدى**

1991 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 دىن 30 مىنۇت 25 سېكۇنت ئۆتكەندە ، كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىن ، يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن تۇيۇقسىز غايەت كۈچلۈك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەر نۇرى پەيدا بولۇپ ، يەر قاتتىق تەۋرىدى ـ دە ، تاغلار ئۆرۈلۈپ ، يەر يېرىلىپ ئۆلتۈرۈشۈپ كەتتى ، 6.5 باللىق كۈچلۈك يەر تەۋرەش كەلپىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ پەيتتە توخۇلار ئۇچۇپ ، ئىتلار قاۋىشىپ كەتتى ، بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ تاملىرى يېرىلدى ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. تەۋرەش تەسىرىدىن تۇرخۇنلار ئومۇميۈزلۈك ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ناھىيە بازىرىدا يەر تەۋرەشكە چىدايدىغان قىلىپ مۇستەھكەملەنمىگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى ، كۆپ ساندىكى ئۆيلەر ئادەم ئولتۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۆلچەپ بېكىتىشكە قارىغاندا بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە تەۋرەش مەركىزى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى 13 كىلومېتر كېلىدىغان تاغلىق رايونغا يەنى شىمالىي پاراللېل 40°20′ ، شەرقىي مېرىدىئان 79°08′ قا توغرا كەلگەن. تەۋرەش مەنبەئەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 23 كىلومېتر بولغان. ئاساسىي تەۋرەش يۈز بېرىپ 22 مىنۇت ئۆتكەندە يەنە ئۇدا 4.5 بال ، 4.7 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى.

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە كەلپىن خەلقىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتتى. ناھىيە بويىچە 861 مىڭ

كۋادرات مېترلىق ھەر خىل ئۆي ـ ئىمارەت ھەر خىل دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي 296 ئېغىز ، 4967 كۋادرات مېتر؛ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغىنى 2188 ئېغىز ، 52 مىڭ كۋادرات مېتر؛ ئوتتۇراھال دەرىجىدە ۋەيران بولغىنى5900 ئېغىز ، 215 مىڭ كۋادرات مېتر. ناھىيە بازىرىدا 11 كورپۇس بېتون قۇرۇلمىلىق قەۋەتلىك ئىمارەت تۆرلۈك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ناھىيە بازىرىدىن سەككىز كىلومېتر يىراقلىقتىكى «4 ـ ماي» تاشيول چوڭ كۆۋرۈكىگە ئېغىر دەرىجىدە دەز كېتىپ ، كۆۋرۈك ئۇلى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىپ ، ئەگمىسى سۇنۇپ كەتتى ، كۆۋرۈك يۈزى ۋە تاشيول يۈزىدە 200 مېتر ئارلىقتا يوغان يېرىق پەيدا بولدى ، يېرىقنىڭ كەڭ جايى توققۇز سانتىمېترغا يېتىدۇ ، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى ئېقىن ئەتراپىدىن روشەن ھالدا يەر ئاستى سۈيى ئېتىلىپ چىقتى. تەۋرەش مەركىزىگە يېقىن جايدا تاغ چوققىسى يېرىلىپ ، يوغان تاشلار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ، تاغ ئارىسىدىكى يولنى توسۇۋالدى. تاغ گەۋدىسىنىڭ بىر مۇنچە قىسمى يېرىلىپ كەتتى ، يەر يۈزىنى ئون سانتىمېتر قېلىنلىقتا توپا قاپلاپ كەتتى. ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت بىناسى كاردىن چىقتى. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 ـ گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ غول ئوقى سۇنۇپ ، توك چىقىرىش توختاپ قالدى. ناھىيە بازىرىدا خەۋەرلىشىش ئالاقىسى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى ، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسىدىكى باش ئاپپارات ئۆيى ، تېلېگراما ئۆيى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كۆپ جايىدا «X» شەكىللىك چاك پەيدا بولۇپ ، سېمونت تامنىڭ سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ ئۆۋۈلۈپ چۈشتى ، بۇنىڭ بىلەن پوچتا ـ تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىنى سىرتقا يۆتكەشكە توغرا كەلدى. ئورۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ سۇ ساقلاش كۆلى ۋە تىندۇرۇش كۆلچىكىنىڭ بىر مۇنچە جايىدا يوچۇق پەيدا بولۇپ ، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە تەسىر يەتتى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى قاماقخانىلار كاردىن چىقتى. ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت بىناسىنىڭ 2 ـ ،3 ـ قەۋەتلىرىدە بىر مۇنچە ئورۇندا چاك پەيدا بولدى ، ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە نومۇرلىرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىش مۇنارى 16 گرادۇس قىڭغىيىپ قالدى. ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ غول تېمىدا يوغان چاك پەيدا بولدى. ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانا بىناسى ، ناھىيىلىك كىنوخانا ، ناھىيىلىك ئىجتىمائىي ئەمگەك سۇغۇرتىسى ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى ، ناھىيىلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى قاتارلىق ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرىغا يوغان ـ يوغان چاك كەتتى. ناھىيە بويىچە 2102 ئائىلە ، 10 مىڭ 574 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلار 937 ئائىلە ، 5061 ئادەم؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلار 79 ئائىلە ، 389 ئادەم؛ يېنىك يارىدار بولغانلار توققۇز ئادەم. ناھىيە بويىچە ئاھالىنىڭ 95 پىرسەنتى نۆلدىن تۆۋەن يەتتە سېلسىيە گرادۇسلۇق سوغۇقتا كوچىلاردا ، ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ ـ قوپۇشقا مەجبۇر بولدى. يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

6.5 بال يەر تەۋرەپ 30 مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى قۇردى ھەم ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا شەھەردىكى ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان جىددىي يىغىن ئېچىپ ، ئىدارىلەردىن دەرھال يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ ، ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەشنى ، ئۆز ئورنىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىنى تېزدىن ئېنىقلاپ ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشنى؛ ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ، نۆۋەتلىك مۇھىم تارماقلارنى قوغداشنى كۈچەيتىپ ، ئىشنىڭ نورمال يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چيەنەن ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ ئەزالىرى دەرھال بۆلۈنۈپ ئۈچ يېزا ، بىر بازار ۋە

شەھەر رايونىدىكى ئىدارىلەرگە بېرىپ ، ئاپەت ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى ھەم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى . ھاكىم ئابدۇراخمان ئەشەت رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەپ ، ئاممىنى تېزدىن خەتەرلىك ئۆيلەردىن كۆچۈپ بىخەتەر جايلارغا ئورۇنلىشىشقا ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدى . ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا ، ناھىيە بويىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى رەتلىك ، جىددىي ئېلىپ بېرىلدى .

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 2 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت تېلېفون ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چيەنەندىن ئاپەت ئەھۋالىنى سورىدى ھەم مۇھىم يوليورۇق كۆرسەتتى .

ئەتىگەن سائەت ئۈچتىن ئەمدىلا ئۆتۈشكە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۇڭ جاۋخې لى چيەنەنگە تېلېفون بېرىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كېچە سائەت بىر يېرىمدىن تارتىپ سائەت 2 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر قۇرۇلۇش نازارىتى ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى ، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ، پىلان كومىتېتى ، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى ، مالىيە نازارىتى ، سەھىيە نازارىتى ، ھەربىي قىسىم ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ، قوراللىق ساقچى قىسىم ، بىڭتۇەن قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چاقىرىلغان جىددىي يىغىندا چىقىرىلغان ئالتە ماددىلىق يوليورۇقنى ، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇانىڭ باشچىلىقىدا كەلپىن ناھىيىسىگە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ، ئاپەت رايونىدىكى خەلقتىن ھال سوراش ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش قارار قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

كەلپىندە يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە شۇ كۈنى ئاخشىمى سائەت 23 تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، سائەت 23 تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ، ۋىلايەتلىك پارتكوم مەجلىسخانىسىدا ۋىلايەت رەھبەرلىرى ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ، ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتى ، ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ، ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا شىركىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن جىددىي يىغىن چاقىردى . يىغىندا ، دەرھال ۋىلايەتلىك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇش ، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى كاڭ كېجيەن ، مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىسى قاھار ئەممەت ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتمىن زاكىر ، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۇەنى رۇڭ جيامۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوماندان ۋە مۇئاۋىن قوماندان بولۇش قارار قىلىندى . مەتمىن زاكىر يىغىن تېخى ئاياغلاشمايلا جامائەت خەۋپسىزلىكى ، قوراللىق ساقچى ، گېزىتخانا ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق تارماقلاردىن كەلگەن يولداشلارنى باشلاپ كەلپىنگە قاراپ يولغا چىقتى . قاھار ئەممەت يىغىنغا داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلىپ ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى غەملەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى . 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 تىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ، ۋىلايەت رەھبەرلىرى كەلپىندىكى ئاپەت رايونىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپلا جىددىي يىغىن چاقىرىپ ، ئاپەت ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلىدى . ئاندىن ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن تەركىب تاپقان يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى ھەم يەتتە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى . يىغىندىن كېيىن كاتىبات گۇرۇپپىسى ، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ، بىخەتەرلىك ـ قوغداش گۇرۇپپىسىدىن باشقا تۆت گۇرۇپپا دەرھال ئۈچ يېزا ، بىر بازارغا بېرىپ ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى . كەلپىندىكى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قاتنىشىۋاتقان ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى ، مىلـ

لىي - دىنىي ئىشلار باشقارمىسى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى، سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى، دېھقانچىلىق باشقارمىسى، بانكا قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت بەش ئەتراپىدا، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن جاڭ جۇاڭگۇي، مەمتىمىن رېھىم، ۋېي شىڭەن قاتارلىق كىشىلەر 2 - تۇەننىڭ داۋالاش ئەترىتىنى باشلاپ كەلپىندىكى ئاپەت رايونىغا يېتىپ كەلدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ۋە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى كېچىچە ئۇخلىماي ئىشلىدى، ئەتىسى سەھەردە سوغۇققا چىداپ، قالدۇق يەر تەۋرەش خەۋپىدىن قورقماي، تەۋرەش مەركىزى يېنىدىكى ناھىيىلىك گۇڭگۇرت كېنىغا يېتىپ كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى يوقلىدى، ئاپەت ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىلەردە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۋا قۇرۇلۇش نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، ماددىي ئەشيالار ئىدارىسى، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى، بىكتۇەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن 11 كىشىنى باشلاپ كەلپىندىكى ئاپەت رايونىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە دەرھال ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپەت رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى؛ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سەپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق يولداشلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئۇ، ئاپەت رايوندىكى خەلقنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا قۇتقۇزۇشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇرتىنى قايتا گۈللەندۇرۇشنى؛ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىس ماۋدېخۋا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئارىسىغا كېلىپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورىدى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ كادىر - جەڭچىلىرىنى يوقلىدى ھەم ئۇلارنى يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ، ئاپەت رايوندىكى خەلق ئۈچۈن يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈردى.

دۆلەت يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې يۈڭنيەن، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇلىگرېنمۇ كەلپىننىڭ ئاپەت رايونىغا كېلىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خې يۈڭنيەن مۇنداق دېدى: «كەلپىندە 6.5 بال يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلغان، قوماندانلىق كۈچلۈك بولغان، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم، سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، قاتناش ئاساسەن نورمال بولغان، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى ئاپەت رايونىغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈلگەن، ناھىيە بويىچە يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى ياخشى بولغان، تۇققۇز ئادەم يېنىك يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەرمۇ ئادەم ئۆلمىگەن، بۇ، مەملىكەت بويىچە يەر تەۋرىگەن رايونلاردا كۆرۈلمىگەن ئەھۋال. بۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئاممىنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى».

يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، كەلپىننىڭ جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم بولدى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرمىدى. ناھىيىلىك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابى ئاممىنى تېزدىن يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئالدىغان ئاددىي لاپاسلارنى تەييارلاشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئۇيۇشتۇردى. تىببى خادىملار يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئالدىغان لاپاسلارغا بېرىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسە

لىنى داۋالىدى. 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە نۇمۇرلىرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارىلەر، مەكتەپلەر، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار نورمال ئىشلەشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. سودا دۇكانلىرى، ئاشلىق دۇكانلىرى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، بانكا قاتارلىق ئورۇنلارمۇ تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا كۆپ تەرەپ ياردەم قىلدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەلپىن ناھىيىسىدە 6.5 بال يەر تەۋرىگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلان قىلدى. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كەلپىندىكى يەر تەۋرەش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئىنتايىن زور دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى كەلپىنگە ياردەم قولىنى سۇندى. كۆپلىگەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى كەلپىنگە كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ تۇردى. ئىتالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىمۇ كەلپىنگە 300 مىليون لىرا (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن) ئىئانە قىلدى.

شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياردىمى كەلپىننىڭ ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، 98 ياشلىق بوۋاي مۇسا ئەيسا تەسىرلىنىپ: «مەن شۇنچە ياشقا كىرگىچە چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ۋە يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. پەقەت كومپارتىيىلا خەلق ئاممىسىغا مۇشۇنداق غەمخورلۇق قىلىدىكەن، ئەگەر مۇنداق زور ئاپەت ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن بولسا، بىزنىڭ جېنىمىزمۇ ئامان قالمىغان بولاتتى، كومپارتىيىنىڭ ھەممىدىن مېھرىبان ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ ھەممىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم» دېدى. كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا پائال قاتنىشىپ، ئاپەت ئۈستىدىن تېز غەلىبە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرتىنى يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىدى.

كەلپىندە 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىن قالدۇق تەۋرەشلەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى، ھاۋا رايى نورمالسىز بولۇپ، بوران ئاپىتى، يامغۇر ئاپىتى، كەلكۈن، مۆلدۈر، كېسەللىك ـ ھاشارات ئاپىتى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. كەلپىن ناھىيىسىدە ئۆتكەن يىللاردا ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 86 مىللىمېتىر بولغان بولسا، 1991 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئون قېتىم يامغۇر، مۆلدۈر يېغىپ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 67.6 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئۆتكەنكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 78.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە 23 سائەت قارا يامغۇر يېغىپ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 31.1 مىللىمېتىرغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېمپېراتۇرا سەككىز گرادۇس تۆۋەنلەپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 4℃ قا چۈشۈپ قالدى. قىسمەن تاغلىق رايونلاردا50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار ياغدى. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يەنە قارا يامغۇر، مۆلدۈر ياغدى. ھەممىدە كەلكۈن كەلدى، بۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان بولۇپ كەم كۆرۈلگەن قارا يامغۇر ۋە كەلكۈن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن، يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىر قىسىم خەتەرلىك ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى. ناھىيە بازىرىدا سۇ ۋە توك توختاپ قالدى. قىسمەن سۇ سىڭەس ئۇستەڭلەر بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەمدىلا مېۋىگە كىرگەن 7500 مو ئۆرۈكلۈك باغنىڭ 70 پىرسەنتى زىيانغا ئۇچرىدى، 3500مو يەردىكى كۆممىقوناق، 3000 مو يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز يامغۇر سۈيىدە سېسىپ كەتتى، 4400 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مال ھۆلچىلىك، سوغۇق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بەزى كۆللەر، ئېغىل ـ قوتانلار ۋەيران بولدى، ئوت ـ چۆپلەر سۇدا ئېقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئاھالە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئاھالە

## I باب

## ئاھالىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىشى

### § 1 . ئومۇمىي ئاھالە

**1 . چىلك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئاھالە**

چىلك سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى ( 1908 - يىلى ) كەلپىندە 1600 ئۆيلۈكتىن ئوشۇق دېھقان بولغان. ئومۇمىي ئاھالە 5655 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2530 ، ئايال 3125 ئىدى.

شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى ( 1911 - يىلى ) ئومۇمىي ئائىلە سانى 1306 (بۇنىڭ ئىچىدە دائىم تۇرۇشلۇق ئائىلە سانى 820 ) ، ئومۇمىي ئاھالە 5872 (بۇنىڭ ئىچىدە دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالە 4570 ) ئىدى.

**2 . مىنگو دەۋرىدىكى ئاھالە**

مىنگونىڭ 31 - يىلى ( 1942 - يىلى ) كەلپىن ناھىيىسىدە 2661 ئائىلە، جەمئىي 14 مىڭ 248 ئاھالە بولغان.

مىنگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) يېزا، بازار، باغ، جىيالاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 3—1

| يېزا-بازار | باغ سانى | جىيا سانى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئەر | ئايال | جەمئىي |
| «سادائەت» بازىرى | 9 | 101 | 1268 | 3501 | 3024 | 6525 |
| «ئادالەت» يېزىسى | 9 | 102 | 1241 | 3219 | 2664 | 5883 |
| «تىنچلىق» يېزىسى | 6 | 36 | 364 | 1107 | 774 | 1881 |
| جەمئىي | 24 | 239 | 2873 | 7827 | 6462 | 14289 |

**3 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاھالە**

1950 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە ئائىلە 3207 گە ، نوپۇس 15 مىڭ 629 غا (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 8192 ، ئايال 7437 ) يەتتى .

1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئائىلە 3304 كە ، نوپۇس 16 مىڭ 146 گە ( بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكى ئائىلە 1478 ، نوپۇس 7352 ؛ 1 ـ رايوندىكى ئائىلە 1393 ، نوپۇس 6544 ؛ 2 ـ رايوندىكى ئائىلە 433 ، نوپۇس 2250 ) يەتتى .

1962 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئائىلە 4103 ، نوپۇس 19 مىڭ 188 (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىسى 1617 ، يېزا ئاھالىسى 17 مىڭ 571 ) كە يەتتى .

1964 ـ يىلى نوپۇسنى 2 ـ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە ناھىيە بويىچە 4444 ئائىلە ، 19 مىڭ 248 نوپۇس (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردە 240 ئائىلە ، 1230 نوپۇس ؛ « 1 ـ ماي » گوڭشېسىدا 1776 ئائىلە ، 7276 نوپۇس ؛ « 1 ـ ئىيۇل » گوڭشېسىدا 1754 ئائىلە ، 7642 نوپۇس ؛ « 1 ـ ئۆكتەبىر » گوڭشېسىدا 674 ئائىلە ، 3100 نوپۇس ) بارلىقى ئېنىقلاندى .

### 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى رايون ، يېزىلارنىڭ ئاھالىسىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى

جەدۋەل 3—2

| رايون | يېزا | ئائىلە | ئاھالە | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئەر | ئايال |
| 1 ـ رايون | 1 ـ يېزا | 337 | 629 | 634 |
| | 2 ـ يېزا | 225 | 487 | 410 |
| | 3 ـ يېزا | 235 | 645 | 535 |
| | 4 ـ يېزا | 337 | 644 | 654 |
| | 1 ـ تەبىئىي كەنت | 95 | 222 | 223 |
| | 2 ـ تەبىئىي كەنت | 235 | 516 | 427 |
| 2 ـ رايون | 1 ـ يېزا | 246 | 708 | 640 |
| | 2 ـ يېزا | 171 | 495 | 687 |
| | 3 ـ يېزا | 345 | 986 | 921 |
| | 4 ـ يېزا | 259 | 626 | 633 |
| | 1 ـ تەبىئىي كەنت | 179 | 505 | 460 |
| | 2 ـ تەبىئىي كەنت | 132 | 375 | 319 |
| 3 ـ رايون | 1 ـ يېزا | 131 | 350 | 316 |
| | 2 ـ يېزا | 219 | 630 | 537 |
| | 1 ـ تەبىئىي كەنت | 42 | 128 | 105 |
| | 2 ـ تەبىئىي كەنت | 19 | 40 | 35 |
| جەمئىي | | 3207 | 7986 | 7536 |

1982 ـ يىلى نوپۇسنى 3 ـ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە ناھىيە بويىچە 6613 ئائىلە ، 27 مىڭ 846 نوپۇس (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردە 686 ئائىلە ، 2620 نوپۇس ؛ گەزلىك گوڭشېسىدا 2372 ئائىلە ، 9801 نوپۇس ؛ يۇرچى گوڭشېسىدا 2323 ئائىلە ، 9889 نوپۇس ؛ ئاچال گوڭشېسىدا 1232 ئائىلە ، 5536 نوپۇس ) بارلىقى ئېنىقلاندى .

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئائىلە 6463 كە ، نوپۇس 30 مىڭ 900 غا ( بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكى نوپۇس 5708 ، يېزىدىكى نوپۇس 25 مىڭ 192 ) يەتتى .

1990 ـ يىلى نوپۇسنى 4 ـ قېتىم ئومۇميۈزلۈكتەكشۈرگەندە ناھىيە بويىچە 6448 ئائىلە ، 34 مىڭ 158 نوپۇس ( بۇنىڭ ئىچىدە كەلپىن بازىرىدا 1085 ئائىلە ، 5188 نوپۇس ، گەزلىك يېزىسىدا 2289 ئائىلە ، 11 مىڭ 879 نوپۇس ؛ يۇرچى يېزىسىدا 1875 ئائىلە ، 10 مىڭ 494 نوپۇس ؛ ئاچال يېزىسىدا 1002 ئائىلە ، 5686 نوپۇس ؛ ئاچال تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا 197 ئائىلە ، 911 نوپۇس ) بارلىقى ئېنىقلاندى .

## § 2 . تۇغۇلۇش ، ئۆلۈش ئەھۋالى

1964 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 286 بالا تۇغۇلدى ،191 ئادەم ئۆلدى ، 95 ئادەم كۆپىيىپ ، تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.94 بولدى .

1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 294 ئادەم ( بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 14 مىڭ 897 ، ئايال 14 مىڭ 397 ) بار ئىدى ، شۇ يىلى 1288 بالا تۇغۇلدى ، 430 ئادەم ئۆلدى ، 858 ئادەم كۆپىيىپ ، تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰39.3 بولدى .

1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇس 34 مىڭ 158 ( بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 17 مىڭ 546 ، ئايال 16 مىڭ 612 )گە يەتتى . شۇ يىلى 1330 بالا تۇغۇلدى ، 295 ئادەم ئۆلدى ، 1035 ئادەم ساپ كۆپىيىپ ، تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰30.3 بولدى .

1990 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 620 بالا تۇغۇلدى ، 143 ئادەم ئۆلدى ، 477 ئادەم ساپ كۆپەيدى .

### 1964 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ تەبئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 3—3

| تۈرى / ئادەم سانى / ئورۇنلار | ئومۇمىي نوپۇس | | | تۇغۇلغىنى | | | ئۆلگىنى | | | كۆچۈپ كەلگەنلەر | كۆچۈپ كەتكەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئي | ئەر | ئايال | جەمئي | ئوغۇل | قىز | جەمئي | ئەر | ئايال | | |
| جەمئي | 19320 | 9972 | 9348 | 286 | 149 | 137 | 191 | 90 | 101 | 64 | 68 |
| كەلپىن بازىرى | 1230 | 776 | 454 | 29 | 15 | 14 | 1 | 1 | | 25 | 5 |
| « 1 ـ ماي » گوڭشېسى | 7276 | 3688 | 3588 | 86 | 43 | 43 | 78 | 36 | 42 | 4 | 28 |
| « 1 ـ ئىيۇل » گوڭشېسى | 7642 | 3828 | 3814 | 108 | 57 | 51 | 89 | 43 | 46 | 10 | 12 |
| « 1 ـ ئۆكتەبىر » گوڭشېسى | 3172 | 1680 | 1492 | 63 | 34 | 29 | 23 | 10 | 13 | 25 | 23 |

### 1981 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 3—4

| جايلار | تۇغۇلغىنى | | | ئۆلگىنى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | ئەر | ئايال |
| جەمئىي | 1288 | 646 | 642 | 430 | 214 | 621 |
| ناھىيە بازىرى | 106 | 51 | 55 | 11 | 7 | 4 |
| گەزلىك گوڭشېسى | 476 | 248 | 228 | 171 | 90 | 81 |
| يۇرچى گوڭشېسى | 465 | 230 | 235 | 162 | 82 | 80 |
| ئاچال گوڭشېسى | 241 | 117 | 124 | 86 | 35 | 51 |
| كەلپىن گۈڭگۈرت كېنى | 38 | 16 | 4 | 3 | 3 | 2 |

### 1989 - يىلى ۋە 1990 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 3—5

| جايلار | تۇغۇلغىنى | | | ئۆلگىنى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1989 - يىلى | | 1990 -يىلى | 1989 - يىلى | | 1990 -يىلى |
| | يىللىق | ئالدىنقى يېرىم يىلدا | ئالدىنقى يېرىم يىلدا | يىللىق | ئالدىنقى يېرىم يىلدا | ئالدىنقى يېرىم يىلدا |
| جەمئىي | 1330 | 638 | 620 | 295 | 141 | 143 |
| كەلپىن بازىرى | 179 | 81 | 70 | 29 | 17 | 10 |
| گەزلىك يېزىسى | 478 | 218 | 232 | 97 | 44 | 54 |
| يۇرچى يېزىسى | 420 | 211 | 194 | 119 | 57 | 55 |
| ئاچال يېزىسى | 215 | 112 | 120 | 47 | 20 | 22 |
| كەلپىن گۈڭگۈرت كېنى | 38 | 16 | 4 | 3 | 3 | 2 |

## § 3. ئاھالە قۇرۇلمىسى

### 1. شەھەر ۋە يېزا ئاھالىسى

1990 - يىلى ناھىيىنىڭ شەھەرۋەيېزىلىرىدىكى ئومۇمىي ئاھالە سانى 34 مىڭ 158 بولۇپ، 1949 - يىلدىكىدىن 19 مىڭ 235 ئادەم كۆپەيدى (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا كۆپەيگىنى 4928، يېزىلاردا كۆپەيگىنى 14 مىڭ 307)، ھەر يىلى ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 3.14% بولدى.

www.uygurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى شەھەر ۋە يېزا ئاھالىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى قۇرۇلمىسى

جەدۋەل 3 ـ 6

| يىللار | ئومۇمىي ئاھالە | | شەھەر ئاھالىسى | يېزا ئاھالىسى |
|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە | نوپۇس | | |
| 1949 | 3376 | 14923 | 260 | 14663 |
| 1955 | 3427 | 16697 | 439 | 16258 |
| 1961 | 4028 | 18515 | 1603 | 16912 |
| 1965 | 4409 | 19549 | 1898 | 17651 |
| 1970 | 4825 | 22253 | 2340 | 19913 |
| 1975 | 5076 | 25121 | 2750 | 22371 |
| 1982 | 6466 | 28492 | 4910 | 23582 |
| 1985 | 6463 | 30900 | 5708 | 25192 |
| 1990 | 6448 | 34158 | 5188 | 28970 |

### 2 . مىللەت قۇرۇلمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، 1949 ـ يىلى كەلپىندە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قىرغىز ، خۇيـزۇ ، قازاقتىن ئىبارەت بەش مىللەت ، 14 مىڭ 923 نوپۇس بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 14 مىڭ 835 ئىدى .

1990 ـ يىلدىكى نوپۇسنى 4 ـ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا ، كەلپىن ناھىيىسىدە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قىرغىز ، خۇيزۇ ، مانجۇ ، تۇجيا ، جۇاڭزۇدىن ئىبارەت يەتتە مىللەت بولۇپ ، نوپۇسى جەمئىي 34 مىڭ 158 گە يەتكەن . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 33 مىڭ 179 كىشى بولۇپ ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 97.13 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ؛ خەنزۇلار 909 كىشى بولۇپ ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 2.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ؛ ئاندىن قالسا قىرغىزلار50 ، خۇيزۇلار 15 ، مانجۇ بىر ، تۇجيا ئۈچ ، جۇاڭزۇ بىر بولغان .

### 3 . مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەچكە ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى . 1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئالتە ياشتىن يۇقىرى 22 مىڭ 802 نوپۇس ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 52 گە ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 14 كە ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1445 كە ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 4202گە ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 9345 كە يەتتى ، ساۋاتسىزلار بولسا 7744 كىشىگە چۈشتى . 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى ، بۇ ئىش ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈلۈپ ، ئۆلچەمگە يەتكەن دەپ ھېسابلاندى . 1990 ـ يىلى ناھىيىدىكى 34 مىڭ 581 ئاھالە ئىچىدە ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس ۋە تولۇق كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر 305 كە يەتتى ، ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتلار 5031 كىشىگە چۈشتى .

1990 ـ يىلدىكى كەلپىن ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى

جەدۋەل 3—7

| جايلار | جەمئىي | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسى | ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرسى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتلار: كىچىك جەمئىي | ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتلار: بۇنىڭ ئىچىدە 12 ياشتىن يۇقىرىلار | 0 دىن بەش ياشقىچە بولغان ئاھالە | 15 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشلىق ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كەلپىن بازىرى | 5188 | 77 | 125 | 471 | 723 | 1187 | 1262 | 379 | 301 | 964 | 279 |
| گەزلىك يېزىسى | 11879 | 10 | 34 | 164 | 506 | 2237 | 4545 | 1916 | 1326 | 2467 | 130 |
| يۇرچى يېزىسى | 10494 | 29 | 20 | 176 | 509 | 1601 | 4122 | 1810 | 1301 | 2217 | 1088 |
| ئاچال يېزىسى | 5686 | 3 | 6 | 52 | 94 | 527 | 2987 | 807 | 572 | 1210 | 560 |
| كەلپىن تاشيول ئاسراش ئەترىتى | 911 | 1 | 0 | 18 | 70 | 239 | 293 | 119 | 96 | 171 | 10 |
| جەمئىي | 34158 | 120 | 185 | 881 | 1902 | 5801 | 13209 | 5031 | 3602 | 7029 | 3335 |

### 4. يېشى، جىنسى

كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ ياش قۇرامى ئاساسەن مۇنارسىمان بولۇپ، ئومۇمەن، ياش چوڭايغانسېرى چوڭ ياشتىكىلەر ئازىيىپ بارغان. ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەدرىجىي ئۇزارماقتا. جىنس جەھەتتە ئەرلەر ئاياللاردىن سەل كۆپ.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ 1950 ـ يىلدىكى ياش، جىنس ئەھۋالى

جەدۋەل 3—8

| يېشى | ئاھالە سانى: جەمئىي | ئاھالە سانى: ئەر | ئاھالە سانى: ئايال |
|---|---|---|---|
| 1 ـ 12 ياشقىچە | 4295 | 2249 | 2046 |
| 13—20 ياشقىچە | 2356 | 1326 | 1030 |
| 21—30 ياشقىچە | 2731 | 1395 | 1336 |
| 31—40 ياشقىچە | 2246 | 1221 | 1025 |
| 41—50 ياشقىچە | 1756 | 868 | 888 |
| 51—60 ياشقىچە | 1268 | 687 | 581 |
| 60 ياشتىن يۇقىرى | 972 | 559 | 414 |

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ 1964 ـ يىلدىكى ياش ، جىنس ئەھۋالى

جەدۋەل 3—9

| يېشى | ئاھالە سانى | | |
|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال |
| 0—4 ياشقىچە | 2419 | 1250 | 1169 |
| 5—9 ياشقىچە | 2298 | 1150 | 1148 |
| 10—14 ياشقىچە | 2215 | 1131 | 1084 |
| 15—19 ياشقىچە | 2201 | 1146 | 1055 |
| 20—24 ياشقىچە | 1705 | 863 | 842 |
| 25—29 ياشقىچە | 1529 | 744 | 785 |
| 30—34 ياشقىچە | 1156 | 600 | 556 |
| 35—39 ياشقىچە | 1146 | 601 | 545 |
| 40—44 ياشقىچە | 748 | 359 | 389 |
| 45—49 ياشقىچە | 736 | 358 | 378 |
| 50—54 ياشقىچە | 606 | 299 | 307 |
| 55—59 ياشقىچە | 657 | 361 | 296 |
| 60—64 ياشقىچە | 593 | 307 | 286 |
| 65—69 ياشقىچە | 504 | 273 | 231 |
| 70—74 ياشقىچە | 331 | 195 | 136 |
| 75—79 ياشقىچە | 216 | 131 | 85 |
| 80—84 ياشقىچە | 121 | 79 | 42 |
| 85—89 ياشقىچە | 34 | 30 | 4 |
| 90—94 ياشقىچە | 18 | 12 | 6 |
| 95—99 ياشقىچە | 11 | 4 | 7 |
| 100—104 ياشقىچە | 3 | 1 | 2 |
| 105—109 ياشقىچە | 1 | 1 | |

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ 1982 ـ يىلدىكى ياش ، جىنس ئەھۋالى

جەدۋەل 3 ـ 10

| يېشى | ئاھالە سانى | | | جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى (ئايال=100) |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال | |
| ئومۇمىي جەمئىي | 27846 | 14333 | 13513 | 106.07 |
| 0 — 4 ياشقىچە | 4268 | 2173 | 2095 | 103.72 |
| 5 — 9 ياشقىچە | 3942 | 2019 | 1923 | 104.99 |
| 10 —14 ياشقىچە | 3359 | 1727 | 1632 | 105.82 |
| 15 — 19 ياشقىچە | 2797 | 1486 | 13'1 | 113.35 |
| 20 — 24 ياشقىچە | 2295 | 1102 | 1193 | 92.37 |
| 25— 29 ياشقىچە | 2078 | 1047 | 1031 | 101.55 |
| 30 — 34 ياشقىچە | 1691 | 909 | 782 | 116.24 |
| 35 — 39 ياشقىچە | 1248 | 616 | 632 | 97.47 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 44 — 49 ياشقىچە | 1097 | 541 | 556 | 97.30 |
| 45 — 49 ياشقىچە | 1065 | 549 | 516 | 106.40 |
| 50 — 54 ياشقىچە | 910 | 430 | 480 | 89.58 |
| 55 — 59 ياشقىچە | 752 | 413 | 312 | 132.37 |
| 60 — 64 ياشقىچە | 780 | 393 | 387 | 101.55 |
| 65 — 69 ياشقىچە | 532 | 276 | 256 | 107.81 |
| 70 — 74 ياشقىچە | 442 | 252 | 190 | 132.63 |
| 75 — 79 ياشقىچە | 299 | 194 | 105 | 184.76 |
| 80 — 84 ياشقىچە | 186 | 118 | 68 | 173.53 |
| 85 — 89 ياشقىچە | 67 | 46 | 21 | 219.05 |
| 90 — 94 ياشقىچە | 38 | 23 | 15 | 153.33 |
| 95 — 99 ياشقىچە | 20 | 15 | 5 | 300.00 |
| 100 — 104 ياشقىچە | 4 | 3 | 1 | 300.00 |
| 105 — 109 ياشقىچە | 2 | | 2 | |
| 110 — 114 ياشقىچە | 1 | 1 | | |

## 1990 - يىللىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئاھالىنىڭ ياش ، جىنس بويىچە ئايرىلىشى

جەدۋەل 3 - 11 بىرلىكى : ئادەم

| ياش ئايرىمىسى | نوپۇس سانى | | | ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ( % ) | | | ئوخشاش ياشتىكى نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ( % ) | | جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى ئايال=100 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | |
| كەلپىن ناھىيىسى | 34158 | 17514 | 16644 | 100.00 | 51.27 | 48.73 | 51.27 | 48.73 | 105.23 |
| 0 - 4 ياش | 5842 | 3003 | 2839 | 17.10 | 8.79 | 8.31 | 51.40 | 48.60 | 105.78 |
| 0 | 1275 | 654 | 621 | 3.73 | 1.91 | 1.82 | 51.29 | 48.71 | 105.31 |
| 1 | 968 | 489 | 479 | 2.83 | 1.43 | 1.40 | 50.52 | 49.48 | 102.09 |
| 2 | 1152 | 607 | 545 | 3.37 | 1.78 | 1.60 | 52.69 | 47.31 | 111.38 |
| 3 | 1255 | 650 | 605 | 3.67 | 1.90 | 1.77 | 51.79 | 48.21 | 107.44 |
| 4 | 1192 | 603 | 589 | 3.49 | 1.77 | 1.72 | 50.59 | 49.41 | 102.38 |
| 5—9 ياش | 5013 | 2583 | 2430 | 14.68 | 7.56 | 7.11 | 51.53 | 48.47 | 106.30 |
| 5 | 1161 | 576 | 585 | 3.40 | 1.69 | 1.71 | 49.61 | 50.39 | 98.46 |
| 6 | 1169 | 630 | 539 | 3.42 | 1.84 | 1.58 | 53.89 | 46.11 | 116.88 |
| 7 | 934 | 469 | 465 | 2.73 | 1.37 | 1.36 | 50.21 | 49.79 | 100.86 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 108.11 | 48.05 | 51.95 | 1.33 | 1.44 | 2.78 | 456 | 493 | 949 | 8 |
| 107.79 | 48.13 | 51.88 | 1.13 | 1.21 | 2.34 | 385 | 415 | 800 | 9 |
| 106.08 | 48.53 | 51.47 | 5.35 | 5.67 | 11.02 | 1826 | 1937 | 3763 | 10—14 ياش |
| 103.29 | 49.19 | 50.81 | 1.16 | 1.19 | 2.35 | 395 | 408 | 803 | 10 |
| 109.51 | 47.73 | 52.27 | 1.02 | 1.11 | 2.13 | 347 | 380 | 727 | 11 |
| 112.68 | 47.02 | 52.98 | 1.02 | 1.14 | 2.16 | 347 | 391 | 378 | 12 |
| 93.04 | 51.80 | 48.20 | 1.14 | 1.06 | 2.19 | 388 | 361 | 749 | 13 |
| 113.75 | 46.78 | 53.22 | 1.02 | 1.16 | 2.18 | 349 | 397 | 746 | 14 |
| 104.56 | 48.88 | 51.12 | 4.81 | 5.03 | 9.84 | 1643 | 1718 | 3361 | 15—19 ياش |
| 108.59 | 47.94 | 52.06 | 1.06 | 1.15 | 2.20 | 361 | 392 | 753 | 15 |
| 108.04 | 48.07 | 51.93 | 0.98 | 1.06 | 2.05 | 336 | 363 | 699 | 16 |
| 128.52 | 43.76 | 56.24 | 0.83 | 1.07 | 1.90 | 284 | 365 | 649 | 17 |
| 94.02 | 51.54 | 48.46 | 1.03 | 0.97 | 1.99 | 351 | 330 | 681 | 18 |
| 86.17 | 53.71 | 46.29 | 0.91 | 0.78 | 1.70 | 311 | 268 | 579 | 19 |
| 98.05 | 50.49 | 49.51 | 4.49 | 4.41 | 8.90 | 1535 | 1505 | 3040 | 20—24 ياش |
| 85.18 | 54.00 | 46.00 | 1.32 | 1.13 | 2.45 | 452 | 385 | 837 | 20 |
| 98.23 | 50.45 | 49.55 | 0.83 | 0.81 | 1.64 | 282 | 277 | 559 | 21 |
| 90.19 | 52.58 | 47.42 | 0.93 | 0.83 | 1.76 | 316 | 285 | 601 | 22 |
| 118.83 | 45.70 | 54.30 | 0.65 | 0.78 | 1.43 | 223 | 265 | 488 | 23 |
| 111.83 | 47.21 | 52.79 | 0.77 | 0.86 | 1.62 | 262 | 293 | 555 | 24 |
| 98.77 | 50.31 | 49.69 | 3.34 | 3.30 | 6.63 | 1140 | 1126 | 2266 | 25—29 ياش |
| 82.32 | 54.85 | 45.15 | 0.91 | 0.75 | 1.66 | 311 | 256 | 567 | 25 |
| 120.09 | 45.44 | 54.56 | 0.66 | 0.79 | 1.44 | 224 | 269 | 493 | 26 |
| 113.64 | 46.81 | 53.19 | 0.58 | 0.66 | 1.24 | 198 | 225 | 423 | 27 |
| 82.04 | 54.93 | 45.07 | 0.83 | 0.68 | 1.51 | 284 | 233 | 517 | 28 |
| 116.26 | 46.24 | 53.76 | 0.36 | 0.42 | 0.78 | 123 | 143 | 266 | 29 |
| 97.47 | 50.64 | 49.36 | 3.35 | 3.27 | 6.62 | 1145 | 1116 | 2261 | 30—34 ياش |
| 85.99 | 53.77 | 46.23 | 0.92 | 0.79 | 1.71 | 314 | 270 | 584 | 30 |
| 109.57 | 47.72 | 52.28 | 0.55 | 0.60 | 1.15 | 188 | 206 | 394 | 31 |
| 116.67 | 46.15 | 53.85 | 0.56 | 0.66 | 1.22 | 192 | 224 | 416 | 32 |
| 83.83 | 54.40 | 45.60 | 0.78 | 0.65 | 1.43 | 266 | 223 | 489 | 33 |
| 104.32 | 48.94 | 51.06 | 0.54 | 0.57 | 1.11 | 185 | 193 | 378 | 34 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 114.49 | 46.62 | 53.38 | 2.47 | 2.82 | 5.29 | 842 | 964 | 1806 | 35—39 ياش |
| 120.98 | 45.25 | 54.75 | 0.66 | 0.79 | 1.45 | 224 | 271 | 495 | 35 |
| 115.38 | 46.43 | 53.57 | 0.49 | 0.57 | 1.07 | 169 | 195 | 364 | 36 |
| 111.45 | 47.29 | 52.71 | 0.38 | 0.43 | 0.81 | 131 | 146 | 277 | 37 |
| 108.58 | 47.94 | 52.06 | 0.68 | 0.74 | 1.42 | 233 | 253 | 486 | 38 |
| 116.47 | 46.20 | 53.80 | 0.25 | 0.29 | 0.54 | 85 | 99 | 184 | 39 |
| 105.80 | 48.59 | 51.41 | 2.17 | 2.30 | 4.46 | 741 | 784 | 1525 | 40—44 |
| 97.95 | 50.52 | 49.48 | 0.71 | 0.70 | 1.41 | 244 | 239 | 483 | 40 |
| 143.40 | 41.09 | 58.91 | 0.31 | 0.44 | 0.76 | 106 | 152 | 258 | 41 |
| 121.00 | 45.25 | 54.75 | 0.29 | 0.35 | 0.65 | 100 | 121 | 221 | 42 |
| 83.33 | 54.55 | 45.45 | 0.56 | 0.47 | 1.03 | 192 | 160 | 352 | 43 |
| 113.13 | 46.92 | 53.08 | 0.29 | 0.33 | 0.62 | 99 | 112 | 211 | 44 |
| 104.06 | 49.01 | 50.99 | 1.59 | 1.65 | 3.24 | 542 | 564 | 1106 | 45—49 ياش |
| 110.29 | 47.55 | 52.45 | 0.40 | 0.44 | 0.84 | 136 | 150 | 286 | 45 |
| 134.25 | 42.69 | 57.31 | 0.21 | 0.29 | 0.50 | 73 | 98 | 171 | 46 |
| 126.58 | 44.13 | 55.87 | 0.23 | 0.29 | 0.52 | 79 | 100 | 179 | 47 |
| 75.24 | 57.07 | 42.93 | 0.61 | 0.46 | 1.08 | 210 | 158 | 368 | 48 |
| 131.82 | 43.14 | 56.86 | 0.13 | 0.17 | 0.30 | 44 | 58 | 102 | 49 |
| 107.78 | 48.13 | 51.87 | 1.47 | 1.58 | 3.05 | 501 | 540 | 1041 | 50—54 ياش |
| 96.18 | 50.97 | 49.03 | 0.46 | 0.44 | 0.90 | 157 | 151 | 308 | 50 |
| 150.00 | 40.00 | 60.00 | 0.13 | 0.19 | 0.32 | 44 | 66 | 110 | 51 |
| 124.66 | 44.51 | 55.49 | 0.21 | 0.27 | 0.48 | 73 | 91 | 164 | 52 |
| 86.55 | 53.61 | 46.39 | 0.50 | 0.43 | 0.93 | 171 | 148 | 319 | 53 |
| 150.00 | 40.00 | 60.00 | 0.16 | 0.25 | 0.41 | 56 | 84 | 140 | 54 |
| 91.94 | 52.10 | 47.90 | 1.34 | 1.24 | 2.58 | 459 | 422 | 881 | 55—59 ياش |
| 95.37 | 51.18 | 48.82 | 0.32 | 0.30 | 0.62 | 108 | 103 | 211 | 55 |
| 151.92 | 39.69 | 60.31 | 0.15 | 0.23 | 0.38 | 52 | 79 | 131 | 56 |
| 106.38 | 48.45 | 51.55 | 0.14 | 0.15 | 0.28 | 47 | 50 | 97 | 57 |
| 71.29 | 58.38 | 41.62 | 0.61 | 0.44 | 1.05 | 209 | 149 | 358 | 58 |
| 95.35 | 51.19 | 48.81 | 0.13 | 0.12 | 0.25 | 43 | 41 | 84 | 59 |
| 130.56 | 43.37 | 56.63 | 0.84 | 1.10 | 1.94 | 288 | 376 | 664 | 60—64 ياش |
| 108.33 | 48.00 | 52.00 | 0.32 | 0.34 | 0.66 | 108 | 117 | 225 | 60 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 277.78 | 26.47 | 73.53 | 0.05 | 0.15 | 0.20 | 18 | 50 | 68 | 61 |
| 75.00 | 57.14 | 42.86 | 0.13 | 0.10 | 0.23 | 44 | 33 | 77 | 62 |
| 117.58 | 45.96 | 54.04 | 0.27 | 0.31 | 0.58 | 91 | 107 | 198 | 63 |
| 255.56 | 28.13 | 71.88 | 0.08 | 0.20 | 0.28 | 27 | 69 | 96 | 64 |
| 107.43 | 48.21 | 51.79 | 0.87 | 0.93 | 1.80 | 296 | 318 | 614 | 65—69 ياش |
| 96.25 | 50.96 | 49.04 | 0.23 | 0.23 | 0.46 | 80 | 77 | 157 | 65 |
| 146.88 | 40.51 | 59.49 | 0.09 | 0.14 | 0.23 | 32 | 47 | 79 | 66 |
| 150.00 | 40.00 | 60.00 | 0.08 | 0.12 | 0.20 | 28 | 42 | 70 | 67 |
| 91.24 | 52.29 | 47.71 | 0.40 | 0.37 | 0.77 | 137 | 125 | 262 | 68 |
| 142.11 | 41.30 | 58.70 | 0.06 | 0.08 | 0.13 | 19 | 27 | 46 | 69 |
| 127.13 | 44.03 | 55.97 | 0.55 | 0.70 | 1.25 | 188 | 239 | 427 | 70—74 ياش |
| 139.29 | 41.79 | 58.21 | 0.16 | 0.23 | 0.39 | 56 | 78 | 134 | 70 |
| 212.50 | 32.00 | 68.00 | 0.05 | 0.10 | 0.15 | 16 | 34 | 50 | 71 |
| 112.00 | 47.17 | 52.83 | 0.07 | 0.08 | 0.16 | 25 | 28 | 53 | 72 |
| 88.00 | 53.19 | 46.81 | 0.22 | 0.19 | 0.41 | 75 | 66 | 141 | 73 |
| 206.25 | 32.65 | 67.35 | 0.05 | 0.10 | 0.14 | 16 | 33 | 49 | 74 |
| 115.57 | 46.39 | 53.61 | 0.36 | 0.41 | 0.77 | 122 | 141 | 263 | 75—79 ياش |
| 145.16 | 40.79 | 59.21 | 0.09 | 0.13 | 0.22 | 31 | 45 | 76 | 75 |
| 163.64 | 37.93 | 62.07 | 0.03 | 0.05 | 0.08 | 11 | 18 | 29 | 76 |
| 36.36 | 73.33 | 26.67 | 0.06 | 0.02 | 0.09 | 22 | 8 | 30 | 77 |
| 115.38 | 46.43 | 53.57 | 0.15 | 0.18 | 0.33 | 52 | 60 | 112 | 78 |
| 166.67 | 37.50 | 62.50 | 0.02 | 0.03 | 0.05 | 6 | 10 | 16 | 79 |
| 145.45 | 40.74 | 59.26 | 0.19 | 0.28 | 0.47 | 66 | 96 | 162 | 80—84 ياش |
| 108.70 | 47.92 | 52.08 | 0.07 | 0.07 | 0.14 | 23 | 25 | 48 | 80 |
| 255.56 | 28.13 | 71.88 | 0.03 | 0.07 | 0.09 | 9 | 23 | 32 | 81 |
| 128.57 | 43.75 | 56.25 | 0.02 | 0.03 | 0.05 | 7 | 9 | 16 | 82 |
| 157.89 | 38.78 | 61.22 | 0.06 | 0.09 | 0.14 | 19 | 30 | 49 | 83 |
| 112.50 | 47.06 | 52.94 | 0.02 | 0.03 | 0.05 | 8 | 9 | 17 | 84 |
| 295.00 | 25.32 | 74.68 | 0.06 | 0.17 | 0.23 | 20 | 59 | 79 | 85—89 ياش |
| 700.00 | 12.50 | 87.50 | 0.01 | 0.06 | 0.07 | 3 | 21 | 24 | 85 |
| 350.00 | 22.22 | 77.78 | 0.01 | 0.04 | 0.05 | 4 | 14 | 18 | 86 |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 87 | 9 | 6 | 3 | 0.03 | 0.02 | 0.01 | 66.67 | 33.33 | 200.00 |
| 88 | 20 | 11 | 9 | 0.06 | 0.03 | 0.03 | 55.00 | 45.00 | 122.22 |
| 89 | 8 | 7 | 1 | 0.02 | 0.02 | 0.00 | 87.50 | 12.50 | 700.00 |
| 90—94 ياش | 33 | 19 | 14 | 0.10 | 0.06 | 0.04 | 57.58 | 42.42 | 135.71 |
| 90 | 10 | 6 | 4 | 0.03 | 0.02 | 0.01 | 60.00 | 40.00 | 150.00 |
| 91 | 2 | 2 | — | 0.01 | 0.01 | — | 100.00 | — | — |
| 92 | 6 | 4 | 2 | 0.02 | 0.01 | 0.01 | 66.67 | 33.33 | 200.00 |
| 93 | 8 | 3 | 5 | 0.02 | 0.01 | 0.01 | 37.50 | 62.50 | 60.00 |
| 94 | 7 | 4 | 3 | 0.02 | 0.01 | 0.01 | 57.14 | 42.86 | 133.33 |
| 95—99 ياش | 10 | 3 | 7 | 0.03 | 0.01 | 0.02 | 30.00 | 70.00 | 42.86 |
| 95 | 2 | 1 | 1 | 0.01 | 0.00 | 0.00 | 50.00 | 50.00 | 100.00 |
| 96 | 4 | 1 | 3 | 0.01 | 0.00 | 0.01 | 25.00 | 75.00 | 33.33 |
| 98 | 3 | — | 3 | 0.01 | — | 0.01 | — | 100.00 | — |
| 99 | 1 | 1 | — | 0.00 | 0.00 | — | 100.00 | — | — |
| 100 ياشتىن يۇقىرىلار | 1 | 1 | — | 0.00 | 0.00 | — | 100.00 | — | — |

## 5 . كەسپ

كەلپىن ناھىيىسىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ كەسپى تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن زاۋۇت، كارخانا ئاز، ئىشچىلارنىڭ سانى بەك ئاز، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تېخىمۇ ئاز.

كەلپىن ناھىيىسى بويىچە 1982 - يىلدىكى ئىشتىكى ئاھالىنىڭ كەسپىي ئەھۋالى

جەدۋەل 3—12

| جايلار | ئىشتىكى ئاھالىنىڭ ئومۇمىي سانى | ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى | ئىدارىلەردە ئىشلىگۈچىلەر | سودا | مۇلازىمەت كەسپى | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق | ئىشچىلار | باشقا ئەمگەكچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 13299 | 725 | 459 | 73 | 153 | 1158 | 730 | 1 |
| شەھەر | 1064 | 266 | 291 | 42 | 58 | 136 | 270 | 1 |
| «1 - ماي» گۇڭشېسى | 4975 | 165 | 60 | 7 | 24 | 4609 | 115 | |
| «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسى | 4748 | 198 | 52 | 12 | 50 | 4297 | 139 | |
| «1 - ئوكتەبر» گۇڭشېسى | 2512 | 96 | 56 | 12 | 21 | 2121 | 206 | |

www.uygurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئاھالىسىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 3 ـ 13

| يىل | ئومۇمىي ئاھالە | | | | جايلار | | مىللىتى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە سانى | ئاھالە سانى | | | | | | | | | | | | |
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | شەھەر | يېزا | ئۇيغۇر | قازاق | خەنزۇ | خۇيزۇ | قىرغىز | مانجۇ | تۇجيا | جۇاڭزۇ |
| 1949 | 3376 | 14923 | 7741 | 7182 | 260 | | 7182 | 260 | 16 | 7 | 63 | | | |
| 1950 | 2997 | 15625 | 8305 | 7380 | 300 | 14819 | 15027 | 2 | 19 | 7 | 64 | | | |
| 1951 | 3472 | 15346 | 7960 | 7386 | 360 | 15086 | 15218 | 2 | 54 | 7 | 65 | | | |
| 1952 | 3538 | 15638 | 8111 | 7527 | 380 | 15258 | 15467 | 2 | 96 | 7 | 66 | | | |
| 1953 | 3314 | 16127 | 3805 | 7822 | 400 | 15727 | 15953 | 2 | 98 | 7 | 67 | | | |
| 1954 | 3304 | 16146 | 8393 | 7753 | 420 | 15726 | 15946 | | 129 | 10 | 61 | | | |
| 1955 | 3427 | 16697 | 8644 | 8053 | 439 | 16258 | 16461 | 1 | 184 | 15 | 36 | | | |
| 1956 | 3562 | 16835 | 8721 | 8114 | 444 | 16391 | 16581 | 1 | 196 | 17 | 40 | | | |
| 1957 | 3686 | 17128 | 8904 | 8224 | 450 | 16678 | 16867 | 1 | 218 | 2 | 28 | 3 | | |
| 1958 | 3759 | 17834 | 9219 | 8615 | 470 | 17346 | 17634 | 1 | 183 | 2 | 12 | 2 | | |
| 1959 | 3804 | 17381 | 8563 | 8518 | 690 | 16691 | 16910 | | 320 | 3 | 148 | | | |
| 1960 | 4002 | 17848 | 8261 | 8165 | 1422 | 16033 | 17364 | | 258 | 3 | 133 | | | |
| 1961 | 4028 | 18515 | 9575 | 8940 | 1603 | 16912 | 18053 | | 621 | 3 | 133 | | | |
| 1962 | 4103 | 19188 | 8957 | 10231 | 1617 | 17571 | 18605 | 1 | 443 | 3 | 135 | 1 | | |
| 1963 | 4222 | 19242 | 9787 | 9455 | 1619 | 17623 | 18644 | 1 | 474 | 5 | 148 | 1 | | |
| 1964 | 4449 | 19283 | 9876 | 9407 | 1230 | 18053 | 18640 | 1 | 474 | 8 | 159 | 2 | | |
| 1965 | 4409 | 19549 | 9889 | 9660 | 1898 | 17651 | 18911 | | 506 | 6 | 156 | 2 | | |
| 1966 | 4423 | 19817 | 9996 | 9821 | 1722 | 18095 | 19151 | 1 | 546 | 7 | 150 | 2 | | |
| 1967 | 4502 | 20381 | 10301 | 10080 | 1817 | 18564 | 19670 | 1 | 691 | 6 | 156 | 2 | | |
| 1968 | 4601 | 20976 | 10730 | 10246 | 2250 | 18526 | 20113 | 3 | 721 | 12 | 156 | | | |
| 1969 | 4769 | 21691 | 11120 | 10571 | 2290 | 19401 | 20799 | | 745 | 12 | 157 | 1 | | |
| 1970 | 4825 | 22253 | 11244 | 11009 | 2340 | 10991 | 21341 | | 787 | 8 | 157 | | | |
| 1971 | 4941 | 22814 | 11618 | 11196 | 2380 | 20434 | 21856 | | 916 | 9 | 160 | 2 | | |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | ئائىلە سانى | ئومۇمىي ئاھالە: ئاھالە سانى: جەمئىي | ئەر | ئايال | جايلار: شەھەر | يېزا | مىللىتى: ئۇيغۇر | قازاق | خەنزۇ | خۇيزۇ | قىرغىز | مانجۇ | تۇجيا | جۇاڭزۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 4949 | 23611 | 12014 | 11597 | 2400 | 21211 | 22517 | | 1220 | 7 | 169 | 2 | | |
| 1973 | 4971 | 24379 | 12465 | 11914 | 2465 | 21914 | 22983 | | 1353 | 18 | 156 | 1 | | |
| 1974 | 5146 | 25323 | 12471 | 12852 | 2626 | 23697 | 23532 | | 1621 | 13 | 156 | 1 | | |
| 1975 | 5076 | 25121 | 12782 | 12339 | 2750 | 22471 | 23998 | | 949 | 10 | 163 | 1 | | |
| 1976 | 5175 | 25801 | 13145 | 12656 | 2862 | 229339 | 24555 | | 1085 | 7 | 154 | | | |
| 1977 | 5241 | 26423 | 13441 | 12982 | 2914 | 23509 | 251195 | | 1143 | 9 | 156 | | | |
| 1978 | 5381 | 26892 | 13695 | 13191 | 3350 | 23542 | 25580 | | 1145 | 9 | 158 | | | |
| 1979 | 5076 | 27595 | 14042 | 13553 | 3405 | 24190 | 26264 | | 1161 | 10 | 160 | | | |
| 1980 | 5720 | 28301 | 14395 | 13906 | 3930 | 24371 | 26868 | | 1259 | 13 | 161 | | | |
| 1981 | 5673 | 29294 | 14897 | 14397 | 4464 | 24830 | 27971 | 2 | 1150 | 16 | 155 | | | |
| 1982 | 6466 | 28492 | 14506 | 13986 | 4910 | 23582 | 27352 | 2 | 987 | 19 | 132 | | | |
| 1983 | 6613 | 29167 | 14884 | 14283 | 4914 | 24226 | 2804 | | 1032 | 16 | 105 | | | |
| 1984 | 6355 | 29718 | 15113 | 14605 | 5067 | 24651 | 28563 | | 1024 | 15 | 116 | | | |
| 1985 | 6463 | 30900 | 15966 | 14934 | 5708 | 25192 | 29807 | | 959 | 15 | 119 | | | |
| 1986 | 6447 | 31560 | 16296 | 15264 | 5983 | 25577 | 30449 | | 1030 | 12 | 69 | | | |
| 1987 | 6551 | 32414 | 16716 | 15698 | 6358 | 26056 | 31434 | - | 915 | | | | | |
| 1988 | 6569 | 33260 | 17138 | 16122 | 6845 | 26416 | 32151 | | 1044 | 13 | 52 | | | |
| 1989 | 7239 | 34563 | 17759 | 16804 | 7577 | 26986 | 33431 | | 1067 | 13 | 52 | | | |
| 1990 | 6448 | 34158 | 17546 | 16612 | 5188 | 28970 | 33179 | | 909 | 15 | 50 | 1 | 3 | 1 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# II باب

# پىلانلىق تۇغۇت

1983 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلۇپ ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1989 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى ، پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى كونكرېت خىزمەتلەرنى سەھىيە ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ، يېزا ، بازارلاردا پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىلىرى قويۇلدى ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىدا ئايال كادىرلار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى ، ئىدارە ـ ئورگان ، كان ـ كارخانا ، مەكتەپلەردە ئۈچتىن بەشكىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

## 1 §. تەشۋىقات ـ تەربىيە

كەلپىن ناھىيىسىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئىلگىرى پەرزەنتلىك بولۇش خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ، كۆپ بالىلىق بولۇش ئامەت دەيدىغان قاراشتا بولغاچقا ، كۆپ بالىلىقلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى ، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق ئىدى ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات — تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى بىلەن سەھىيە ئىدارىسىنىڭ گەزلىك ۋە يۈرۈش يېزىلىرىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا ئەڭ كۆپ تۇغقانلار 12 دىن بالىلىق بولغان ، نۇرغۇن ئاياللار يەتتىدىن ئونغىچە بالا تۇغقان.

1983 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ـ تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ ، پىلانلىق تۇغۇت بىلەن ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈشنىڭ ۋە مىللەتنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىنىڭ مۇناسىۋىتى ، تۇغۇت ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ساۋاتلىرى تەشۋىق قىلىندى. نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ، كېچىكىپ توي قىلىش ، كېچىكىپ تۇغۇش تەشەببۇس قىلىندى. سۈپەتلىك تۇغۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىشى مەنئىي قىلىندى. شەھەر ـ يېزىلاردا تەشۋىقات ـ تەربىيە ئاڭلىغانلار 48 مىڭ ئادەم ـ قېتىمغا يەتتى.

## 2 §. تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش

كەلپىن ناھىيىسى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەريانىدا ، جاي ۋە مىللەت ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ ، تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلدى. كەلپىن ناھىيىسى چەت ـ ياقا ناھىيە بولغاچقا ، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ چېكى باشقا ناھىيىلەرگە قارىغاندا كەڭرەك قويۇلدى. دائىم تۇرۇشلۇق خەنزۇلار ئارىسىدا بىر ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال ئىككى پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ ، لېكىن تۇغۇش ئارىلىقى ئۈچ يىل

بولۇش كېرەك؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دىكى تەلەپ بويىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن شەھەر، ناھىيە، بازارلاردا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال ئومۇمەن ئىككى پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ، شەرتكە ئۇيغۇنلىرى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ، لېكىن تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىر ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال ئومۇمەن ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ، شەرتكە ئۇيغۇنلىرى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ، لېكىن بەش پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

## § 3. تەدبىرلەر

كەلپىن ناھىيىسى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تۆۋەندىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى:

**1. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇسۇلى**

بۇ ئاساسلىقى، ئاياللارنىڭ تۇخۇم يولىنى بوغدۇرۇش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ھالقىسىنى سالدۇرۇش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئوكۇلى ئۇرغۇزۇش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىچىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش، ھامىلدارلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1983 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئوپېراتسىيە قىلىش ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا 75 ئايال تۇخۇم يولىنى بوغدۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 48، مىللىي 27)؛ 203 ئايال ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ھالقىسى سالدۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 181، خەنزۇ 22)؛ 97 ئايال ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئوكۇلى سالدۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 95، خەنزۇ ئىككى)؛ 118 ئايال ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىچتى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 113، خەنزۇ بەش)؛ 23 ئايال سىرتتىن دورا ئىشلەتتى ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ باشقا چارىلىرىدىن پايدىلاندى، 44 ئايال ھامىلىنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن چۈشۈرۈۋەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 40، خەنزۇ تۆت)؛ ئىككى ئايال ھامىلدارلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي بىر، خەنزۇ بىر)

**2. پىلانلىق تۇغۇتنى تىزىملاش كارتوچكىسى تۇرغۇزۇش**

1987 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىلانلىق تۇغۇتنى تىزىملاش كارتوچكىسى تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ شەھەر، يېزىلاردا توي تىلغۇچىلارغا پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرىدىغان تارماقلار ئىسپات قەغىزى يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تۇرمۇش قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى.

**3. ئېتىبار بېرىش ۋە جەرىمانە قويۇش**

«يالغۇز پەرزەنت كۆرۈش شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغانلار يالغۇز پەرزەنت كۆرگەنلەرگە ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن يىلمۇ يىل بەھرىمەن بولۇپ كەلدى، پىلاندىن سىرت تۇغقانلارغا جەرىمانە قويۇلدى. 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئائىلە ئائىلىلىك خەنزۇ ئاققۇنىڭ پىلان سىرتىدا سەككىز پەرزەنت كۆرگەنلىكى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئائىلە ئۈچتىن پەرزەنت كۆرگەن، تۆت ئائىلە ئىككىدىن پەرزەنت كۆرگەن، ئۈچ پەرزەنت كۆرگەنلەرنىڭ ھەر بىرىگە 2000 يۈەندىن، ئىككى پەرزەنت كۆرگەنلەرنىڭ ھەر بىرىگە 1000 يۈەندىن جەرىمانە قويۇلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ـ تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ ناھىيە بويىچە 24 ئۆيلۈك ئاققۇنى

تەكشۈرۈپ بەش ئائىلىنىڭ بىردىن پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى، 15 ئائىلىنىڭ ئىككىدىن پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى، تۆت ئائىلىنىڭ ئۈچتىن پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى ئېنىقلاپ، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلەرگە جەرىمانە قويدى.

## § 4 . ئۇنۇمى

1989 - يىلدىكى تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، خەنزۇلاردىن تۇغۇت يېشىدىكى ئايال 230، نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئايال 160، ئالدىنقى يېرىم يىلدا تۇغقىنى يەتتە نەپەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى پىلان ئىچىدە تۇغقان بولۇپ، خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ 0.65 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ناھىيە بويىچە مىللىيلاردىن تۇغۇت يېشىدىكى 6652 ئايال ئىچىدە نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئايال 5160، ئالدىنقى يېرىم يىلدا تۇغقىنى 488 (بۇنىڭ ئىچىدە پىلانلىق تۇغقىنى 355، پىلان سىرتىدا تۇغقىنى 153) بولۇپ، تۇغۇلغانلار ئومۇمىي ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ 1.46 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 1989 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھىيە بويىچە ئۆلۈم - يېتىم نىسبىتى 2.86% بولدى، تەبىئىي كۆپەيگەن ئاھالە 398 ئادەم بولۇپ، كۆپىيىش نىسبىتى 1.15% بولدى.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تېرىقچىلىق تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، قىسىل تاغ ئېغىزىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن بۇنىڭدىن 1600 يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرىكى زىرائەت ئۇرۇقى تېپىلدى، بۇ، ئەينى چاغدا ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا كەلپىن ئويمانلىقىدا بوغداي، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىراق، فېئوداللارنىڭ ئۇزاق ۋاقىت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى ۋە پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئېزىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن، كەلپىننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىپتىدائىي، زىرائەت تۈرى ئاز، مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. 1949 - يىلىغىچە يېزىلاردىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالى يەنىلا بوقۇسا، كەتمەن، زەمبىل، ئورغاقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇرۇق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكىدەك قولدا چېچىلاتتى. نوقۇل يەرلىك سورت ئىشلىتىلەتتى، شۇڭا ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى باشتىن - ئاياغ 100 جىڭ ئەتراپىدا توغرا كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلار يەرنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى، تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلدى، يۇقىرى، مۇقىم مەھسۇلاتلىق تۈرلەر كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات، ئومۇمىي مەھسۇلات مۇقىم ئاشتى. 1976 - يىلى، كۆممىقوناقنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 1000 جىڭدىن ئاشتى، بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 818 جىڭغا يەتتى. 1990 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 490.4 جىڭغا يەتتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

## I باب

## ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى يەرگە بولغان فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولۇپ، پومېشچىكلار يەرنى ئىجارىگە بېرىش، ئادەم يالالاش، ئورتاق تېرىش، جازانىخورلۇق قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقتىن، كەڭ نامرات دېھقانلار تۇرمۇشتا ئىنتايىن يوقسۇل ئۆتەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، پومېشچىكلار سىنىپى يوقىتىلدى، كەڭ دېھقانلار قەد كۆتۈرۈپ خوجايىن بولدى؛ ئارقىدىنلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا ھەمكارلىق گۇرۇپپا، كوپېراتىپ قۇرۇش، گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ۋە ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى.

# § 1 . يەر ئىسلاھاتى

منگو دەۋرىدە، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا پومېشچىكلارنىڭ كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەر ئىجارىسى ئادەتتە، تەڭمۇ تەڭ نىسبەت بويىچە ياكى 6:4 نىسبىتى بويىچە ھېسابلىناتتى (پومېشچىكلار ھوسۇلنىڭ يېرىمى ياكى ئالتە ئۈلۈشنى ئالاتتى). يەر ئىگىسى ئىجارىكەشكە ئۇرۇقنىڭ يېرىمىنىلا بېرىپ، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولماي، تەييارغا ئىگە بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا يەر ئىجارىسىنىڭ 2/3 قىسمىنى قىسقارتىش قارار قىلىندى ھەمدە 1951 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ئارقىلىق 115 ئائىلىلىك پومېشچىك، باي دېھقان 23 مىڭ 501 چارەك (جىڭغا سۇندۇرغاندا بىر چارەك 24 جىڭغا باراۋەر) ئاشلىق، 3 مىليون 182 مىڭ يۈەن (شىنجاڭ كونا پۇلى) نەقپۇل، 38 تۆگە، 22 ئات، 105 كالا، 107 قوي، 45 ئېشەك قايتۇردى.

1952 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 1953 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە، كەلپىن يېزىلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى مۇددەتكە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ھەرىكەت داۋامىدا كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارغا تايىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، باي دېھقانلارنى بىر تەرەپ قالدۇرۇش، سودا ـ سانائەتچىلەرنى قوغداش، پومېشچىكلار سىنىپىنى يوقىتىش، فېئودال، يېرىم فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى دېھقانلار يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت فاڭجېن، سىياسەت ئىزچىل ئىجرا قىلىندى.

يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە يېزىلاردا جەمئىي 3214 ئائىلە، 16 مىڭ 101 نوپۇس، 77 مىڭ 37 .100 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى يېزىلاردا تەبىقىلەرنىڭ يەر ئىگىلىشى ئىنتايىن نامۇۋاپىق ئىدى: پومېشچىك 37 ئائىلە، 281 نوپۇس بولۇپ، ئۇلار يېزا نوپۇسىنىڭ 75 .1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا 17 .7938 مو يەر بولۇپ، يېزىلاردىكى يەرنىڭ 29 .10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ يەر ھەر بىر كىشىگە 28 مودىن توغرا كېلەتتى؛ باي دېھقان 12 ئائىلە، 95 نوپۇس بولۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ 47 .0 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ئۇلار 97 .2474 مو يەر ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ، يېزىلاردىكى يەرنىڭ 21 .3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، كىشى بېشىغا 26 مودىن يەر توغرا كېلەتتى؛ ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى (ئاز يەر باشقۇرغۇچى) 34 ئائىلە، 115 نوپۇس بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4 .1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا 59 .2779 مو يەر بولۇپ، يېزىلاردىكى يەرنىڭ 61 .3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتى؛ ئوتتۇرا دېھقانلار 2024 ئائىلە، 11 مىڭ 270 نوپۇس بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ قولىدا 58 مىڭ 15 .4 مو يەر بولۇپ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي يەرنىڭ 23 .75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، بۇ يەر ھەر بىر نوپۇسقا 1 .5 مودىن توغرا كېلەتتى؛ كەمبەغەل دېھقانلار 794 ئائىلە، 3264 نوپۇس بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 27 .20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ قولىدا 24 .5269 مو يەر بولۇپ، يېزىلاردىكى يەرنىڭ ئاران 83 .6 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلاتتى، ھەر بىر نوپۇسقا 6 .1 مودىن يەر توغرا كېلەتتى؛ ياللانما دېھقانلار 180 ئائىلە، 533 نوپۇس بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالـ

نىڭ 30 .3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى ، ئۇلارنىڭ قولىدا 28 .226 مو يەر بولۇپ ، يېزىلاردىكى يەرنىڭ 29 .0 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى ، ھەر بىر نوپۇسقا 4 .0 مودىن يەر توغرا كېلەتتى ؛ ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا تەبىقىدىكىلەر 133 ئائىلە ، 543 نوپۇس بولۇپ ، ئۇلارنىڭ قولىدا 57 .374 مو يەر بار ئىدى.

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا پومېشچىكلاردىن 6946 مو يەر ، 246 ئېغىزلىق ئۆي ، 106 تۇياق تىرىلغۇ ئۇلىقى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئات 23 ، كالا 33 ، ئېشەك 50 ) ، 560 چوڭ - كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى ، 1009 دانە ئۆي سايمىنى ، 12 مىڭ 4 .574 جىڭ ئاشلىق مۇسادىرە قىلىنىپ ، 1411 ئائىلە ( 6426 ئادەم ) نامرات دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى ( بۇ يېزىلاردىكى ئائىلىنىڭ 8 .43 پىرسەنتىنى ، يېزا نوپۇسىنىڭ 86 .40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ) ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەرزلەر بىكار قىلىنىپ ، يەر خەتلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. دېھقانلارغا يەر ئۆي - جاي ، مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق يېزىلاردىكى تەبىقىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ياللانما دېھقانلار 2308 مو يەرگە ئىگە بولدى ، بۇ كىشى بېشىغا 3 .4 مودىن توغرا كەلدى ؛ كەمبەغەل دېھقانلار 8778 مو يەرگە ئىگە بولدى ، بۇ كىشى بېشىغا 6 .3 مودىن توغرا كەلدى ؛ ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن باي دېھقانلار ئەسلىدىكى يەر ئىگىلەش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالدى ؛ پومېشچىكلار 992 مو يەر ئىگىلىگەن بولۇپ ، كىشى بېشىغا 2 .3 مودىن توغرا كەلدى. ياللانما دېھقانلار ئىگىلىگەن ئۆي - ئىمارەت 313 ئېغىزدىن 452 ئېغىزغا كۆپەيدى ، چارۋا 576 تۇياقتىن 622 تۇياققا ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى 265 تىن 422 گە كۆپەيدى.

يەر ئىسلاھاتى كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 332 مىڭ جىڭغا يېتىپ ، 1949 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 92 مىڭ جىڭ ئاشتى ، بىرلىك مەھسۇلاتى 9 .164 جىڭ بولۇپ ، 1949 - يىلدىكىدىن 7 .17 جىڭ ئاشتى ؛ يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالغان چارۋا 52 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ ، 1949 - يىلدىكىدىن 18 مىڭ 200 تۇياق ئاشتى.

## § 2 . ھەمكارلىشىش ، كوپېراتسىيىلىشىش

### 1 . ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

1951 - يىلى پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا پەسىل خاراكتېرلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. 6 - ئايدا ئاچالكۆل كەنتىدە تۇنجى ھەمكارلىق گۇرۇپپا — كۆك توغراق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئارقىدىنلا بىر تۈركۈم ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى ، ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە تەشكىللىنىپ ، ئۆز - ئارا ياردەملىشىش ، لاپقۇتلىشىشنى يولغا قويۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئورتاق ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىپ ، دېھقانچىلىق سىلىكىدە تارقاپ كېتەتتى. كېيىن ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا تەرەققىي قىلدى.

1954 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 310 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، بۇ گۇرۇپپىلارغا 1565 ئائىلە قاتناشتى. بۇ ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 91 .48 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 37 گە ، بۇ گۇرۇپپىلارغا قاتناشقان ئائىلە 300 گە يېتىپ ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 4 .9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1955 - يىلى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 361 گە ، بۇ گۇرۇپپىلارغا قاتناشقان ئائىلە 1325 كە يېتىپ ، ئو-

مۇمى دېھقان ئائىلىسىنىڭ 40.82 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 138 كە، بۇنىڭغا قاتناشقان دېھقان ئائىلىسى 746 گە يېتىپ، ئومۇمى دېھقان ئائىلىسىنىڭ 22.98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم 1953 - يىل 12 - ئايدىن 1954 - يىل 1 - ئايغىچىلىك 54 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشقان ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسانتلار پارتىيىنىڭ ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىشكە دائىر سىياسەتلىرىنى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى يەنە دائىم يېزىلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ھەمكارلاشتى.

## 2. باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى

كەلپىن ناھىيىسى 1954 - يىل 7 - ئايدا باغلىق ۋە يۇرچى كەنتلىرىدە باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى باغلىق كەنتىدە «ئىختىيار قىلىش، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش» پرىنسىپى بويىچە يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان تۇنجى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا 18 ئائىلە ئەزا بولۇپ كىردى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يۇرچىدە ئىككىنچى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا 22 ئائىلە ئەزا بولۇپ كىردى. يۇقىرىقى ئىككى كوپېراتىپقا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «نۇرلۇق ئالغا» 1 - كوپېراتىپى، «نۇرلۇق ئالغا» 2 - كوپېراتىپى دەپ نام بېرىلدى. بۇ ئىككى كوپېراتىپ كۆزلۈك تېرىلغۇدا بۇغداينى قۇرلاپ تېرىش، ياغاچ سىيالكا بىلەن تېرىش قاتارلىق يېڭى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى. باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىدا كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش، ئىشنى باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش، ھېساب بوغۇپ ئېلان چىقىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1955 - يىلى ناھىيە بويىچە يېڭىدىن ئۈچ باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلدى. بۇ كوپېراتىپلارغا 958 ئائىلە ئەزا بولۇپ كىردى، بۇ، ئومۇمى ئائىلىنىڭ 29.48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1956 - يىلى ئەتىيازدا يەنە يېڭىدىن ئۈچ باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

## 3. ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى

1955 - يىلى قىشتىن 1956 - يىلى ئەتىيازغىچە ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە بويىچە ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 18 يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ئومۇمى ئائىلىنىڭ 93.95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئالىي كوپېراتىپ يەرگە ھەق بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپلىرىغا ئايرىم - ئايرىم نام بېرىلدى: «نۇرلۇق ئالغا» 1 - كوپېراتىپى (قارا كۆت)، «نۇرلۇق ئالغا» 2 - كوپېراتىپى (يۇرچى)، «نۇرلۇق ئالغا» 3 - كوپېراتىپى (يۇرچى)، «نۇرلۇق ئالغا» 4 - كوپېراتىپى (يۇرچى)، «نۇرلۇق ئالغا» 5 - كوپېراتىپى (ئارايماق)، «نۇرلۇق ئالغا» 6 - كوپېراتىپى (يۇقىرىس)، «نۇرلۇق ئالغا» 7 - كوپېراتىپى (ئۇستۈن قۇمئېرىق)، «نۇرلۇق ئالغا» 8 - كوپېراتىپى (تۆۋەن قۇمئېرىق)، «نۇرلۇق ئالغا» 9 - كوپېراتىپى(باغلىق)، «نۇرلۇق ئالغا» 10 - كوپېراتىپى (قاشئېرىق)، «نۇرلۇق ئالغا» 11 - كوپېراتىپى (قالما)، «نۇرلۇق ئالغا» 12 - كوپېراتىپى (قۇملۇق) «نۇرلۇق ئالغا» 13 - كوپېراتىپى (گەزلىك)، «نۇرلۇق ئالغا» 14 - كوپېراتىپى(گەزلىك)، «نۇرلۇق ئالغا» 15 - كوپېراتىپى(پاسۇن)، «نۇرلۇق ئالغا» 16 - كوپېراتىپى (پاسۇن)، «نۇرلۇق ئالغا» 17 - كوپېراتىپى (ئاچال قالما كەنتى)، «نۇرلۇق ئالغا» 18 - كوپېراتىپى (چىلان).

يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپلىرىدا ھەر يىلى ياز ۋە كۈزدە ئالدىن تەقسىمات ۋە يىللىق تەقسىماتتىن

ئىبارەت ئىككى قېتىم تەقسىمات بولاتتى. 1957 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 18 يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپىنىڭ كۆزلۈك يىغىم تەقسىماتى مۇنداق بولدى: ئومۇمىي كىرىم (ئاق ئاشلىقتا سۇندۇرغاندا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 9 مىليون 734 مىڭ 400 جىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق كىرىمى 8 مىليون 862 مىڭ جىڭ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى 808 مىڭ 800 جىڭ، چارۋىچىلىق كىرىمى 63 مىڭ 400 جىڭ، باشقا كىرىم 5100 جىڭ، ئومۇمىي چىقىم 3 مىليون 390 مىڭ 900 جىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق بېجى 572 مىڭ 700 جىڭ، ئىشلەپچىقىرىش راسخودى 2 مىليون 126 مىڭ 700 جىڭ، مەمۇرىي باشقۇرۇش راسخودى 41 مىڭ 400 جىڭ، جامائەت فوندى 171 مىڭ 800 جىڭ، چارۋىچىلىق فوندى 55 مىڭ 900 جىڭ، چارۋىچىلارنىڭ ئىش ھەققى 328 مىڭ جىڭ، باشقا چىقىم 94 مىڭ 500 جىڭ؛ ئەمگەككە تەقسىم قىلىنغىنى 6 مىليون 343 مىڭ 400 جىڭ، تەقسىماتقا قاتناشقان ئەمگەك كۈنى 471 مىڭ 600 كۈن، ھەر بىر ئەمگەك كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بېرىلگەن ھەق 13.45 جىڭ، ئەمگەك كۈنىگە بېرىلگەن ھەق ئەڭ يۇقىرى بولغان كوپېراتىپ «نۇرلۇق ئالغا» 1 ـ كوپېراتىپىدا 19 جىڭ، ئەڭ تۆۋەن بولغان «نۇرلۇق ئالغا» 17 ـ كوپېراتىپىدا 8.1 جىڭ بولدى. كۈنلۈك ئەمگەك ھەققى (نومۇر تۈزۈمى) گە 15 جىڭدىن 19 جىڭغىچە ئاشلىق توغرا كەلگىنى يەتتە كوپېراتىپ، ئون جىڭدىن 15 جىڭغىچە توغرا كەلگىنى ئون كوپېراتىپ، ئون جىڭدىن تۆۋەن توغرا كەلگىنى بىر كوپېراتىپ. ناھىيە بويىچە تەقسىماتقا قاتناشقان 3531 ئائىلە ئىچىدە، دارامىتى ئاشقىنى 2264 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 74.83 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كىرىم 1956 ـ يىلدىكىدىن 3.24% كەملىدى. ناھىيە بويىچە 18 ئالىي كوپېراتىپ ئىچىدە 17 سىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1956 ـ يىلدىكىدىن كەملەپ كەتتى.

## § 3. خەلق گۇڭشېسى

1958 ـ يىل 9 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم 1 ـ رايوندا تۇنجى يېزا خەلق گۇڭشېسى (كوممۇنىسى) نى سىناپ قۇردى. 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېلاشتۇرۇش ئىشقا ئېشىپ، ئەسلىدىكى يەتتە يېزا، 18 يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپى ئۈچ گۇڭشې قىلىپ قۇرۇلدى. يېزىلاردىكى 3648 ئائىلىنىڭ ھەممىسى گۇڭشېغا كىردى. گۇڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئالىي كوپېراتىپلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بارلىق مال ـ مۈلكى بىردەك گۇڭشېنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى، ئەزالارغا بېرىلگەن بارلىق قالدۇرۇق يەر، مېۋىلىك باغ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەزالارغا بىردىن قوي بوداشقا قالدۇرۇلغاندىن سىرت، ئەزالارنىڭ قالغان چارۋىسى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل چارۋىلارنىڭ باھاغا سۇندۇرۇلۇشى مۇنداق بولدى: قوي: 1 ـ دەرىجىلىكى 18 يۈەن، 2 ـ دەرىجىلىكى 14 يۈەن، 3 ـ دەرىجىلىكى 12 يۈەن، 4 ـ دەرىجىلىكى ئالتە يۈەن؛ ئۆچكە: 1 ـ دەرىجىلىكى 13.50 يۈەن، 2 ـ دەرىجىلىكى 11.50 يۈەن، 3 ـ دەرىجىلىكى 8.50 يۈەن، 4 ـ دەرىجىلىكى تۆت يۈەن؛ كالا: 1 ـ دەرىجىلىكى 23.50 يۈەن، 2 ـ دەرىجىلىكى 19.06 يۈەن، 3 ـ دەرىجىلىكى 15 يۈەن؛ تۆگە: 1 ـ دەرىجىلىكى 71 يۈەن، 2 ـ دەرىجىلىكى 62 يۈەن، 3 ـ دەرىجىلىكى 50 يۈەن؛ ئات: 1 ـ دەرىجىلىكى 36 يۈەن، 2 ـ دەرىجىلىكى 28.50 يۈەن. شۇنىڭدەك ئەزالارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقنى گۇڭشېنىڭ ئاممىۋى ئاشخانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى.

1958 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېسى ئۈچكە، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى 15 كە، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 512 (3654 ئائىلە، 16 مىڭ 570 نوپۇس) كە يەتتى. گۇڭشېغا

78 مىڭ 972.93 مو يەر، 1768.92 مو باغ، 2664 تۆگە، 90 ئات، 1337 كالا، 7438 قوي، 3133 ئۆچكە، 4632 ئېشەك ئۆتكۈزۈلدى، 158 ئورۇندا ئاممىۋى ئاشخانا قۇرۇلدى، بۇلاردا 15 مىڭ 354 ئادەم تاماق يېدى؛ 38 ئورۇندا بالىلار يەسلىسى قۇرۇلۇپ، 244 بالا قوبۇل قىلىندى.

خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا «مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» پەيدا بولۇپ، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە ئەزالارنىڭ يېرى، مال - مۈلكى، مەبلىغى ۋە ئەمگەك كۈچى خالىغانچە يۆتكەپ ئىشلىتىلىپ، قالدۇرۇق يەر ۋە بازار سودىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاممىۋى ئاشخانا تەمىنات تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خىلاپ كېلىدىغان بۇ خىل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئۇسۇللار دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزدى. 1959 - يىل 5 - ئايدا مەركەزنىڭ جېڭجۇ يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن كەلپىن ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىپ كېتىلگەن مال - مۈلكىنى قايتۇرۇش باشلاندى، ئەزالار گۇڭشېغا قوشقان ئېشەك، سېغىن كالىلار ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى، ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن ئىككىگىچە قوي، بىردىن سېغىن كالا، بىر مودىن باغ قالدۇرۇلدى. ھەر بىر ئەزاغا 1~3 پۇڭغىچە قالدۇرۇق يەر بېرىلدى. ناھىيە بويىچە ئەزالارغا 2759 قوي، 235 ئۆچكە، 3524 ئېشەك، 246 سېغىن كالا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە3712 دېھقان ئائىلىسى، 16 مىڭ 814 ئادەم 147 ئاممىۋى ئاشخانىدا تاماق يېدى. بۇ ئاشخانىلار 1961 - يىل 6 - ئايدا تاقىۋېتىلدى.

1961 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلاپ قايتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گۇڭشېلارنىڭ تەڭشەپ - يۆتكەپ كېتىلگەن مال - مۈلكىنى ئىنقىلاپ قايتۇرۇش باشلاندى.

1962 - يىلى خەلق گۇڭشېلىرى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چۈشۈردى. ناھىيە بويىچە ئەسلىدىكى 125 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قوشۇۋېتىلىپ، 103 كە ئازايتىلدى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدىكى مال - مۈلۈكنى ئىنقىلاپ قايتۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 4 - 1

| گۇڭشېلار ئىسمى | تەڭشەپ يۆتكەلگىنى | | ئىنقىلاپ قايتۇرۇش ئەھۋالى | | | | ئىنقىلاپ قايتۇرۇلغىنى | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئەمەلىي نەرسە | | باھاغا سۇندۇرۇلغىنى | | | | |
| | سانى (دانە) | قىممىتى (يۈەن) | سانى (دانە) | قىممىتى (يۈەن) | سانى (دانە) | قىممىتى (يۈەن) | سانى (دانە) | قىممىتى (يۈەن) | تەڭشەپ يۆتكەش نىسبىتى % |
| «1 - ماي» گۇڭشېسى | 7956 | 34524.71 | 2879 | 9377.26 | 5653 | 5145.72 | 6532 | 14522.98 | 80% |
| «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسى | 7342 | 13668.06 | 7270 | 5801.79 | | 314 | 7270 | 5801.39 | 84% |
| «1 - ئوكتەبىر» گۇڭشېسى | 95259 | 32517.67 | | 2404.14 | | 24314.88 | | 26719.02 | 67% |
| ۋاسىتە قاراشلىق ئەترەت (كۆل) | 278 | 1144.50 | | | 272 | 974.5 | 272 | 974.50 | |
| جەمئىي | 110835 | 81854.44 | 10149 | 1783.19 | 3925 | 30435.10 | 14074 | 48018.29 | 77% |

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىسىدىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل 4 ـ 2 بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى / يىل | 1958 | 1959 | 1960 | 1961 |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| ئومۇمىي كىرىم | 906976 | 1201797. 60 | 1221645. 56 | 815444. 04 |
| ئەزالارغا تەقسىم قىلىنغىنى | 472806 | 718564. 48 | 711688. 87 | 434792. 72 |
| ئەمگەك كۈنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى (ئادەمگە) | 0. 16 | 0. 98 | 0. 97 | 0. 58 |
| ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى (ئادەمگە) | 28. 25 | 42. 21 | 43. 76 | 25. 71 |
| ھەربىر ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى | 67. 20 | 100. 35 | 91. 24 | 59. 35 |

## § 4 . مەھسۇلاتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1979 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن « 1 ـ ماي » گۇڭشېسىدا مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ يولغا قويىدى . 1980 ـ يىل مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ يولغا قويىدى . 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم « ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى 12 ماددىلىق بەلگىلىمە » نى تۆۋەنگە چۈشۈردى . 1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 144 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 101 ىدە مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئەزالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستى ، كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشتى . مەھسۇلاتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، يېزىلاردا نۇرغۇن « كەسپىي ئائىلە » ، « نۇقتىلىق ئائىلە » لەر بارلىققا كەلدى .

1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، كەلپىن ناھىيىسىدە ئائىلىلەر ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ، يېرىك يېزا ئىگىلىكىدە يەرگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە چىڭ تۇرۇلۇپ ، يەرنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ؛ يەرلەر ياخشى تەڭشىلىپ ، تەدرىجىي ھالدا تېرىقچىلىق ماھىرلىرىنىڭ قولىغا توپلاندى ؛ بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن بۆلۈپ باشقۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ ، ھۆددىگەرلىك توختىمى ئەستايىدىل ئىمزالاندى ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىندى ؛ 1 ـ ، 2 ـ خىلدىكى يەرلەرگە ئۆي سېلىش ، باغ بەرپا قىلىش قاتتىق مەنئىي قىلىندى .

## كەلپىن ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى ۋە تەقسىمات ئەھۋالى

جەدۋەل 4 ـ 3

بىرلىكى: يۈەن

| يىل | كىرىم | ساپ كىرىم | ئەزالارغا تەقسىم قىلىنغىنى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى |
|---|---|---|---|---|
| 1956 | 956734 | 752025 | 682239 | 44. 64 |
| 1957 | 874282 | 712209 | 573037 | 35. 04 |
| 1958 | 905977 | 535588 | 386698 | 23. 12 |
| 1959 | 1201799 | 902860 | 718586 | 44. 16 |
| 1960 | 1221645 | 883878 | 711666 | 43. 75 |
| 1961 | 815444 | 543067 | 435292 | 25. 74 |
| 1962 | 572603 | 388473 | 322657 | 18. 23 |
| 1963 | 602252 | 390646 | 310662 | 17. 42 |
| 1964 | 878632 | 613279 | 515096 | 29. 27 |
| 1965 | 1041099 | 759798 | 669193 | 36. 97 |
| 1966 | 1041099 | 759798 | 669193 | 36. 98 |
| 1967 | 999820 | 695023 | 599870 | 32. 50 |
| 1968 | 1013786 | 723412 | 664749 | 33. 96 |
| 1969 | 1027753 | 751802 | 653897 | 33. 51 |
| 1970 | 1070899 | 806603 | 705887 | 34. 71 |
| 1971 | 1073895 | 765796 | 671936 | 53. 71 |
| 1972 | 1324504 | 1119250 | 921600 | 44. 03 |
| 1973 | 1111348 | 778126 | 676222 | 34. 28 |
| 1974 | 1244046 | 878739 | 755520 | 35. 33 |
| 1975 | 1348054 | 958489 | 838854 | 36. 87 |
| 1976 | 1574359 | 1023010 | 881462 | 37. 94 |
| 1977 | 1430856 | 973403 | 797761 | 34. 78 |
| 1978 | 1547069 | 960484 | 792360 | 33. 69 |
| 1979 | 1626150 | 987015 | 881651 | 38. 11 |
| 1980 | 1563690 | 980899 | 896779 | 38. 60 |
| 1981 | 1463764 | 1058675 | 977942 | 41. 40 |
| 1982 | 2013184 | 1517370 | 1418256 | 60. 49 |
| 1983 | 3501669 | 2628387 | 2560011 | 109. 30 |
| 1984 | 3566533 | 2630565 | 2485355 | 104. 22 |
| 1985 | 6099618 | 5145256 | 4985697 | 204. 28 |
| 1986 | 8648138 | 6224038 | 6081213 | 240. 43 |
| 1987 | 8830833 | 6332967 | 6332967 | 254. 22 |
| 1988 | 9827724 | 6740954 | 6583461 | 249. 22 |
| 1989 | 10216486 |  | 6708862 | 252. 02 |
| 1990 | 11657400 | 8264700 | 8020700 | 296. 15 |

www.uyghurkitap.com

# II باب

# تېرىلىدىغان زىرائەتلەر

كەلپىن ئويمانلىقى قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى ، تېرىقچىلىق تارىخى ئۇزۇن ، قولدا بار تارىخى ماتېرىياللار كەلپىندە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ، تېرىقچىلىق كەلپىن تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدىن باشلىنىپ ، ئالدى بىلەن ئاچال ، ئاندىن كېيىن كۆل ، ئەڭ ئاخىرىدا چىلاندا ئېلىپ بېرىلغان. تېرىقچىلىق تۈزۈمىدە بىر يىلدا بىر پىشىدىغان ۋە ئىككى پىشىدىغان ئىككى خىل شەكىل بار. يەر ئىشلىتىش جەھەتتە ، ئوغۇت كەم بولغاچقا ، نۇرغۇن يەرلەر بىر يىل ( ياكى ئىككى يىل ) تېرىلىپ ، بىر يىل دەم ئالدۇرۇلىدۇ ، ئاچال رايونىدا بىر يىل تېرىلىپ ، 2—3 يىل دەم ئالدۇرۇلىدۇ ، كەلپىن ناھىيىسىدە ئۈزلەشتۈرۈلۈپ تېرىشقا بولىدىغان نۇرغۇن بوز يەر بولسىمۇ ، لېكىن سۇ قىس بولغاچقا پايدىلىنىلمىغان.

ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن كۈزگى بۇغداي ، يازغى بۇغداي ، ئارپا ، كۆينەكلىك ئارپا ، كۆممىقوناق ( كۆلىمى ئازراق ) ، ئاق قوناق ، سېرىق پۇرچاق ، ماش ، تېرىق قاتارلىقلار تېرىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز ، زىغىر ، ئاپتاپپەرەس ، كەندىر ، زاراڭزا قاتارلىقلار تېرىلىدۇ؛ مېۋە - چېۋە ، سەي - كۆكتات تۈرىدىن قوغۇن- تاۋۇز ، كاۋا ، قاپاق ، چامغۇر ، يۇمغاقسۈت ، پىياز ، سۇكپىياز ، سەۋزە ، تۇرۇپ ، پېسۇلەك ، چىڭسەي ، قىزىلمۇچ ، كۆدە ، تەرخەمەك ، قىزىلچا قاتارلىقلار تېرىلىدۇ؛ يەم- خەشەك ۋە يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرىدىن بېدە ، قاشقى بېدە قاتارلىقلار تېرىلىدۇ.

تېرىقچىلىقتا بۇلاق سۈيىگە تايىنىلىدۇ ، ئاساسلىقى ، ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ. مىنگونىڭ 28 - يىلى ( 1939 - يىلى ) ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە يېزا ئىگىلىك ھەيئىتى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇراتتى ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىش سەۋيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيىدە يېزا خىزمەت بۆلۈمى ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ( دېھقانچىلىق ئىدارىسى ) ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى ، سورتلۇق ئۇرۇق مەيدانى قاتارلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى ، پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قاراتقان بىر قاتار سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ، تېرىقچىلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1990 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 18 مىليون 250 مىڭ جىڭغا يېتىپ ، 1949 - يىلدىكىدىن 3.3 ھەسسە ئاشتى ، بىرلىك مەھسۇلاتى 147.2 جىڭدىن 490.4 جىڭغا ئۆسۈپ ، 2.3 ھەسسە ئاشتى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10.6 ھەسسە ، ياغلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 11.2 ھەسسە ئاشتى.

# § 1 . كۆلىمى ، مەھسۇلاتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 31 - يىلى ( 1905 - يىلى ) كەلپىن ناھىيىسىدە 18 مىڭ 879 مو پىشقان يەر ، 19 مىڭ 500 مو ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر بار ئىدى . جەمئىي تېرىلغۇ يەر 38 مىڭ 379 موغا يەتكەنىدى . مىنگونىڭ 25 - يىلى ( 1936 - يىلى ) ناھىيە بويىچە تېرىشقا بولىدىغان ( بىنەم ) يەر 117 مىڭ مو ئىدى ، مىنگونىڭ 30 - يىلى ( 1941 - يىلى ) پىشقان يەر 46 مىڭ 981 موغا يەتتى ، بىراق سۇنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن ، بۇ يەرنى تولۇق تېرىش مۇمكىن بولمىدى . شۇ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 13 مىڭ 560 دەن ( بىردەن 100 جىڭ ) گە يەتتى . مىنگونىڭ 32 - يىلى ( 1943 - يىلى ) ناھىيە بويىچە ئەمەلىي تېرىلغان كۈزگى بۇغداي كۆلىمى 4422 مو ، يازغى بۇغداي كۆلىمى 5192 مو ، ئارپا 499 مو ، ئاق قوناق 380 مو ، تېرىق 3800 مو ، كېۋەز 495 مو ، بېدە 480 موغا يەتكەنىدى . مىنگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) ناھىيە بويىچە 46 مىڭ 60 .981 مو تېرىلغۇ يەر ( بۇنىڭ ئىچىدە 1 - يەر 10 مىڭ 80 .818مو ، 2 - يەر 10 مىڭ 66 مو ) بار ئىدى . ئەمەلىي ئاشلىق تېرىلغان كۆلەم 11مىڭ 872 موغا ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 .9082 دەنگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە كۈزگى بۇغداي كۆلىمى 6711 مو ، مەھسۇلاتى 5 .5527 دەن ؛ يازغى بۇغداي كۆلىمى 2711 مو ، مەھسۇلاتى 4 .2708 دەن ؛ ئاق قوناق كۆلىمى 400 مو ، مەھسۇلاتى 200 دەن ؛ ئارپا كۆلىمى 550 مو ، مەھسۇلاتى 6 .192 دەن ؛ تېرىق كۆلىمى 1500 مو ؛ مەھسۇلاتى 450 دەن . مىنگونىڭ 38 - يىلى ( 1949 - يىلى ) ناھىيە بويىچە ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى 28 مىڭ800 مو بولۇپ ، تېرىلغۇ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 8 .81 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە كۈزگى بۇغداي كۆلىمى %7 .34نى ، يازغى بۇغداي كۆلىمى %6 .39 نى ، ئاق قوناق كۆلىمى 3 .7% نى ، ئارپا كۆلىمى %4 .2 نى ، باشقا قارا ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى %6 .1 نى ئىگىلىدى . ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن تاشقىرى ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 55 .2 پىرسەنتىنى ، باشقا زىرائەتلەر %8 .14 نى ئىگىلىدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ خىل زىرائەت قۇرۇلمىسى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى .

1950 - يىلدىن 1959 - يىلغىچىلىك كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تېرىقچىلىقى مۇقىم تەرەققىي قىلدى . 1959 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1949 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى ، بىرلىك مەھسۇلاتى 40 جىڭ ئۆرلىدى . پاختا مەھسۇلاتى ئالتە ھەسسە ، ياغلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 .3 ھەسسە ئاشتى . ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 2 .78 پىرسەنتىنى ، پاختا كۆلىمى %3 .4 نى ئىگىلىدى . باشقا زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى نىسپىي ھالدا كېمەيدى . ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە يازغى بۇغداي كۆلىمى تەدرىجىي %8 .25 كە چۈشۈپ قالدى . كۆممىقوناق كۆلىمى كۆپىيىپ %12 گە يەتتى .

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ئاشلىق مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە كەملەپ كەتتى . 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1959 - يىلدىكى ئاز كام 9 مىليون جىڭدىن 5 مىليون 390 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قالدى ، بىرلىك مەھسۇلاتى 7 .189 جىڭدىن 9 .114 جىڭغا چۈشۈپ ، 9491 - يىلدىكى بىرلىك مەھسۇلاتتىمۇ 3 .32 جىڭ تۆۋەنلەپ كەتتى .

1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى . 1966 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتتا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى ، ئەمما ، بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 5 .175 جىڭ بولۇپ ، 1959 - يىلدىكىدىن 2 .14 جىڭ تۆۋەنلەپ كەتتى .

1967 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى 50 نەچچە مىڭ مودىن 40 نەچچە مىڭ موغا قىسقارتىلدى. ئون يىل ئىچىدە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 800 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 100 جىڭ ئەتراپىدا ئاشتى، ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش نىسبىتى 1.86% بولۇپ، ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل ئىچىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سىرتتىن 2 مىليون جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى. 1971 ـ يىلى 3 مىليون 192 مىڭ جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى. ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 91 پىرسەنتىنى، كېيىن ئاران 1.36% نى ئىگىلىدى.

1977 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، كەلپىننىڭ شارائىتىغا ئاساسەن «سۇغا قاراپ يەر تېرىش، ئاساسلىق ھۆججۈمنى بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش» تىن ئىبارەت فاڭجېن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى 10 مىليون653 مىڭ جىڭدىن تېز ئۆرلەپ 17 مىليون 894 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلات 247.7 جىڭدىن 466 جىڭغا كۆپەيدى. ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى 40 مىڭ مودىن 38 مىڭ موغا قىسقارتىلدى، ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە بۇغداي كۆلىمى 72.6% نى، قارا ئاشلىق كۆلىمى 27.4% (بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 24%) نى ئىگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى باشتىن ـ ئاخىر ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80 — 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ كەلدى. ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە بۇغداي كۆلىمى 1 — ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. كۈزگى بۇغداي كۆلىمى يىلسېرى كۆپەيدى، يازغى بۇغداي كۆلىمى يىلسېرى ئازايدى، 1990 ـ يىلى پەقەت ئاچال يېزىسىلا ئازراق يازغى بۇغداي تېرىدى. كۆممىقوناق يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 1953 ـ يىلى ئاران 100 مو تېرىلغانىدى، 1989 ـ يىلى 12 مىڭ 500 موغا يېتىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى. ئېگىزغا تېرىلىدىغان كۆممىقوناق كۆلىمى بارغانسېرى كۆپەيدى. 1990 ـ يىلى كۆممىقوناقنىڭ كۆلىمى يەنە زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ 8248 موغا چۈشۈپ قالدى.

## 2 § . زىرائەت تۈرى

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ زىرائەتلىرى يەرلىك سورتلاردىن ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز ھالدا سورتلۇق ئۇرۇق كىرگۈزۈلدى ۋە ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى سورتلارنى تەكشۈرۈش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى مۇقىم قۇر، ئەسلى ئۇرۇق، تۇپ سىستېما كاندۇكچىسى بويىچە يېتىشتۈرۈش يولغا قويۇلدى، ئىككى كاندۇكچا ۋە ئۈچ كاندۇكچا تۈزۈملۈك سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1955 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاساسلىق زىرائەتلەردە 8 مىليون جىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇق ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 200 مىڭ جىڭ سورتلۇق ئۇرۇق سىرتتىن يۆتكەپ كېلىندى، ناھىيە تەۋەسىدە 757 مىڭ جىڭ ئۇرۇق تەڭشەپ ئىشلىتىلدى. كەلپىن ناھىيىسى 1990 ـ يىلى سورتلۇق ئۇرۇق بىلەن ئۆز ناھىيىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە 203 مىڭ جىڭ ئۇرۇقنى سىرتقا يۆتكەپ بەردى، ناھىيە بويىچە سورتلۇق ئۇرۇقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 1 . ئاشلىق زىرائەتلىرى

1) **يازغى بۇغداي** 1964 - يىلدىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسەن يەرلىك قاراقىلتىرىقلىق يازغى بۇغداي تېرىلاتتى. 1964 - يىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا پونكىتىدىن «2460» نومۇرلۇق يازغى بۇغداي كىرگۈزۈلدى، 1966 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدىن قەشقەر ئاق يازغىسى كىرگۈزۈلدى، 1975 - يىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا پونكىتىدىن مېكسىكا يازغى بۇغدىيى (شارۇك)، 1976 - يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىدىن «ياشلىق باھار - 5» نومۇرلۇق يازغى بۇغداي كىرگۈزۈلدى. بۇ سورتلارنى سىناپ تېرىش داۋامىدا قەشقەر ئاق يازغىسىنىڭ كەلپىنگە باب كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، قالغانلىرى ئارقا - ئارقىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى.

2) **كۆزگى بۇغداي** 1958 - يىلدىن ئىلگىرى، كەلپىن ناھىيىسىدە ،يەرلىك قىزىل كۆزگى بۇغداي تېرىلاتتى. 1958 - يىلى «خۇابېي — 187، 186» ۋە «شىجاجۇاڭ—407» قاتارلىق سورتلار كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات ئادەتتە 400 جىڭغا يەتكۈزۈلگەنىدى، لېكىن بۇ تۈرلەرنىڭ سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئىدى. 1965 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا ئورنىدىن «باقبۇق» سورتى كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات 300 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. مەزكۇر سورت كەلپىننىڭ 3 - دەرىجىلىك يەرلىرىدە ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورت بولۇپ قالدى. 1966 - يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىدىن «خۇابېي—497» كۆزگى بۇغدىيى سورتى كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 400 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. شۇ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا ئورنىدىن «يېزا ئىگىلىك داشۆسى—183» كۆزگى بۇغدىيى سورتى كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 450 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. 1975 - يىلى يېزا ئىگىلىك 1 - شى 3 - تۈەندىن «شىندوڭ—2» نومۇرلۇق كۆزگى بۇغداي سورتى كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 500 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. 1978 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىن «تيەنشۈەن—501» نومۇرلۇق سورت كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 500 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا ئورنىدىن «تاڭشەن —8689» كۆزگى بۇغداي سورتى كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 600 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. بىرقانچە يىللىق سىناپ تېرىش ئارقىلىق، ھازىر «تيەنشۈەن—501» نومۇرلۇق سورت ئاچال يېزىسىنىڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان كۆزگى بۇغدىيىغا، «تاڭشەن —6898»، «باقبوق»، «شىندۇڭ—2» نومۇرلۇق سورتلار يۇرچى يېزىسى، گەزلىك يېزىسى، كەلپىن بازىرىنىڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان كۆزگى بۇغداي سورتىغا ئايلىنىپ، باشقا سورتلار شاللىۋېتىلدى. «تاڭشەن —6898» سورتى بالدۇر پىشىدىغان، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولغانلىقتىن، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى 1 - دەرىجىلىك يەرلىرىدە بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ سور4198ت - يىلى 7751 مو يەردە تېرىلغان بولۇپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «تيەنشۈەن—501» نومۇرلۇق سورت ئوتتۇراھال پىشىدىغانبۇغداي سورتى بولۇپ، 2 - دەرىجىلىك يەرلەرگە تېرىشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ، ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك، ھەر يىلى 5800 مو تېرىلىپ، ئومۇمىي بۇغداي كۆلىمىنىڭ 22.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

3) **كۆممىقوناق** 1955 - يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسلىق تېرىلغان سورت يەرلىك سېرىق كۆممىقوناق ئىدى. 1955 - يىلى «ئاق ئات چىشى» ناملىق كۆممىقوناق سورتى كىرگۈزۈلۈپ، 20 مو يەرگە سىناپ تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 700-800 جىڭغا يەتتى. 1956 - يىلى «جىن خۇاڭخۇ» سورتى كىرگۈزۈلدى. 1958 - يىلى ئاقسۇدىن قوش شالغۇتلۇق «ۋىل—156» ناملىق سورت كىرگۈزۈلۈپ، بۇلارنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 800 جىڭغا يەتتى. بۇ ئىككى سورت ئەسلىدىكى ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتلارنىڭ ئورنىغا تېرىلىپ، كەلپىندە ئاساسلىق تېرىلىدىغان كۆممىقوناق سورتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «جېندا» تاق شالغۇتلۇق كۆممىقونىقى ئۈلگە كۆرسىتىپ تېرىلدى. 1966 - يىلى ئاقسۇدىن

« ھايتى—101 » كۆممقوناق سورتى كىرگۈزۈلۈپ ، ئاچال يېزىسىدا بالدۇر تېرىلىدىغان كۆممقوناق ئورنىدا تېرىلدى. بىرلىك مەھسۇلاتى 600—700 جىڭدىن توغرا كەلدى. 1980 - يىلى كەلپىن بازىرىدىكى قارا كۆت 8 - ئەترىتىدە « ھايتى—101 » 18 مو يەردە ئېگىزغا تېرىلدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 600 جىڭ ئەتراپىدا بولدى. 1981 - يىلى « ھايتى —101 »ئېگىزغا تېرىلىدىغان قوناق سۈپىتىدە ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1986 - يىلى كۆممقوناقنىڭ « SC704 » سورتى كىرگۈزۈلۈپ ، سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 1400 جىڭغا يەتتى. 1989 - يىلى « SC704 » ( 20 مىڭ جىڭ ) ، « جۇڭنەن—1 » 10 ( مىڭ جىڭ ) ، « بېيجىڭ—8 » ( 16 مىڭ جىڭ ) سورتلىرى كىرگۈزۈلۈپ ، داۋاملىق تۇردە سىناپ تېرىلدى.

4 ) **ئاققوناق** 1967 - يىلدىن ئىلگىرى كەلپىندە ئومۇميۈزلۈك يەرلىك ئاق قوناق تېرىلاتتى. 1967 - يىلى تۇرپان ئاق قونىقى ، قىزىل قوناق ( سۈپۈرگە قوناق ) كىرگۈزۈلۈپ ، 1970 - يىلى « جىنزا—5 » نومۇرلۇق ئاق قوناق كىرگۈزۈلۈپ سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى. بۇ سورتلارنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن بولغانلىقتىن ، ئومۇملاشتۇرۇلمىدى.

## 2 .كېۋەز

1956 - يىلدىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسەن كەلپىن يەرلىك كېۋىزى تېرىلاتتى ، 1956 - يىلى ئاقسۇدىن « C3173 » سورتلۇق قۇرۇقلۇق كېۋىزى كىرگۈزۈلۈپ ، شۇ يىلى موسىدىن 80 جىڭدىن ساپ پاختا ئېلىندى ، 1959 - يىلى « 810 ئەيغۇ » چوڭ غوزىلىق كېۋەز سورتى كىرگۈزۈلۈپ ، شۇ يىلى موسىدىن 200 جىڭدىن ئارتۇق چىگىتلىك پاختا ئېلىندى ، 1967 - يىلى « قۇرۇقلۇق 1470 » كېۋىزى كىرگۈزۈلۈپ ، ھەر موسىدىن 100 جىڭ ساپ پاختا ئېلىندى ، 1965 - يىلى بازار چوڭ ئەترىتىدە ئاز كۆلەمدە سورتلۇق كېۋەز سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ ، موسىدىن 100جىڭ ساپ پاختا ئېلىندى ، 1983 - يىلى ساجىڭزا ( شوتا قۇدۇق ) دىن « ھەربىي—1 » قۇرۇقلۇق كېۋىزى كىرگۈزۈلۈپ ، ئاچالدا 1.8 مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ سىناپ تېرىلىپ ، شۇ يىلى موسىدىن 168 جىڭدىن ساپ پاختا ئېلىندى. 1985 - يىلى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلدى ، 1986 - يىلى « ھەربىي—1 » ئاساسلىق كېۋەز سورتىغا ئايلاندى. شۇ يىلى 1160 مو يەرگە تېرىلىپ ، ھەر مو يەردىن 121 جىڭدىن ساپ پاختا ئېلىندى ، باشقا سورتلارنىڭ ھەممىسى شاللىۋېتىلدى.

## 3 . ياغلىقدان

كەلپىن ناھىيىسىدە ياغلىقدان زىرائەتلىرىدىن كەندىر ، زىغىر ، قىچا ، سېرىق پۇرچاق ،زاراڭزا ، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. سېرىق پۇرچاق بىلەن زىغىر 60 - يىللاردا كىرگۈزۈلۈپ تېرىلغانىدى. 1962 - يىلدىن ئىلگىرى يەرلىك قىچا تېرىلاتتى ، 1962 - يىلى باينىڭ سېرىق قىچىسى كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى ئۇچتۇرپان « جىندۇ—83 » سېرىق پۇرچىقى باي زىغىرى كىرگۈزۈلدى. كەندىردە ئىزچىل تۇردە ئۆز جايىنىڭ سورتى تېرىلدى ، كۆپ قېتىم ياخشىلىغاندىن كېيىن ، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتى ئۆستى. زاراڭزا ۋە ئاپتاپپەرەستە ئۆز جايىنىڭ سورتى ئىشلىتىلگەندىن سىرت ، يەنە ئۇچتۇرپاندىن زاراڭزىنىڭ يېڭى سورتى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ياغلىق ئاپتاپپەرەس كىرگۈزۈلدى. كىرگۈزۈلگەن ياغلىقدان زىرائەتلىرى ئىچىدە ئاپتاپپەرەس كەلپىننىڭ ئاساسلىق ياغلىقدان زىرائىتىگە ئايلىنىپ ، ھەر يىلى 300 مودىن ئارتۇق يەرگە تېرىلدى. كىرگۈزۈلگەن باشقا ياغلىقدان زىرائەتلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئومۇملاشتۇرۇلمىدى ياكى كەڭ كۆلەمدە تېرىلمىدى.

## 4 .كۆكتات

كۆكتات كەلپىننىڭ پۈتكۈل دېھقانچىلىق رايونىدا كەڭ كۆلەمدە تېرىلمايدۇ ، بۇنىڭ سەۋەبى سۇ قىس

(سۇ ئالدى بىلەن ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ)، كۆپىنچە ئېتىز - ئېرىق باشلىرى، قىر بويلىرىغا پارچە - پۇرات تېرىلىدۇ، ئاز ساندىكى جايلاردا مۇئەييەن كۆلەمدە تېرىلىدۇ. كەلپىندە كۆپىنچە چامغۇر، سەۋزە قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلار تېرىلىدۇ، يازلىق كۆكتات ئىنتايىن ئاز. كەلپىن چامغۇرىنىڭ داڭقى بار، چوڭ باش ئالىدۇ، تەمى تاتلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بەكمۇ ياقتۇرىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى1000 مودىن كۆپرەك تېرىلىدۇ.

**5. قاشقا بېدە**

1962 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە قاشقا بېدە كىرگۈزۈلۈپ تېرىلدى. لېكىن سۇنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كەڭ كۆلەمدە تېرىلمىدى. 1982 - يىلى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قاراكۆت چوڭ ئەترىتىدە سىناق ئېلىپ بېرىپ، قاشقا بېدە 120 مو (3 - يەر) بۇغداي يېرىگە كىرىشتۈرۈپ تېرىلدى، قوشۇمچە خەمىيىۋى ئوغۇت بېرىلگەچكە بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 480 جىڭدىن توغرا كەلدى، 1983 - يىلى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 692 جىڭغا يەتتى، بىراق ئومۇملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. سۇ ۋە مەبلەغ كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئەھۋالدا، ئامىمنىڭ كۆپىنچىسى قاشقا بېدە تېرىشنى خالىمىدى.

## § 3. زىرائەتلەرنى ئاسراش

**1. ئاساسلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى**

كەلپىن ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكلەر: بۇغداي ھال كېسىلى، كۆممىقوناق قارا كۈيە كېسىلى، بۇغداي كۈيە باش كېسىلى، كېۋەزنىڭ سارغىيىپ سولۇشۇپ قېلىش كېسىلى ۋە داغ كېسىلىدىن ئىبارەت، قوغۇن - تاۋۇزلاردىكى ۋىرۇس كېسىلىمۇ دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكتۇر. ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلاردىن يوپۇرماق پىتى، يەر يولۋۇسى، قارىغۇ چېر پاشكا (ئۇسۇرغاق قوڭغۇز)، تىرىس، گەز قۇرۇت، ئالما قۇرۇتى، بۇغداي قىل قۇرۇتى قاتارلىقلار بار.

**2. كېسەللىك - ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش**

كەلپىن ناھىيىسى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە بولىدىغان كېسەللىك — ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنى بىر قەدەر چىڭ تۇتتى، تەدبىرلىرى بىر قەدەر پۇختا بولدى، 1990 - يىلى بۇغدايدىكى قارا كۈيە كېسىلى، قىل قۇرۇت كېسىلى، كۆممىقوناقتىكى قارا كۈيە كېسىلى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، كېسەللىك — ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش كۈچەيتىلگەچكە، كېسەللىك يۈز بېرىش نىسبىتى ئەسلىدىكى 10%—20% دىن تۆۋەنلەپ 0.5% كە چۈشتى.

كەلپىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى 1955 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 95 قارارھەر خىل دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 6700 ئادەم (قېتىم) دېھقان تېخنىكىنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى 1805 ئادەم (قېتىم) گە، نۇۋەت بىلەن تەربىيەلەنگەن ياش دېھقانلار ۋە نۇقتىلىق ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەر 2000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 1966 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان كەلپىن ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى ۋە تاۋارلىشىش نىسبىتى

جەدۋەل 4 ـ 4

| يىل | دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | ئاشلىق مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | پاختا، مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | ياغلىقدان مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | تاۋار مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | تاۋارلىشىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1966 | 885930 | 823030 | 15000 | 25800 | 70637 | 7.97 |
| 1967 | 877429 | 824786 | 13614 | 13739 | 70700 | 8.10 |
| 1968 | 915700 | 863315 | 12337 | 21548 | 72160 | 7.88 |
| 1969 | 958976 | 895622 | 15345 | 24600 | 63920 | 6.66 |
| 1970 | 997801 | 941451 | 7950 | 24300 | 73650 | 7.38 |
| 1971 | 998018 | 949753 | 8115 | 15350 | 52500 | 5.30 |
| 1972 | 1203051 | 1149264 | 7422 | 19769 | 94600 | 7.86 |
| 1973 | 1009920 | 849669 | 9502 | 27294 | 69195 | 6.85 |
| 1974 | 1092285 | 1011906 | 9336 | 34855 | 67172 | 6.18 |
| 1975 | 1233901 | 1164242 | 2762 | 29931 | 146930 | 11.90 |
| 1976 | 1315869 | 1212494 | 6423 | 36771 | 177495 | 13.48 |
| 1977 | 1188650 | 1042444 | 2542 | 36569 | 107704 | 9.06 |
| 1978 | 1237979 | 1137801 | 5368 | 28266 | 100425 | 8.11 |
| 1979 | 1308609 | 1224524 | 1859 | 27247 | 152841 | 11.67 |
| 1980 | 1250009 | 1162224 | 2596 | 24191 | 38187 | 3.05 |
| 1981 | 1237000 | 1172000 | 3000 | 35000 | 59624 | 4.82 |
| 1982 | 1824503 | 1655365 | 2542 | 77197 | 154613 | 8.47 |
| 1983 | 2679000 | 2113500 | 2542 | 76190 | 327147 | 12.21 |
| 1984 | 6265600 | 2442400 | 89700 | 158000 | 664000 | |
| 1985 | 6927500 | 2627600 | 166500 | 119600 | 2234400 | |
| 1986 | 8023000 | 2881200 | 199000 | 169800 | 2537600 | |
| 1987 | 8830833 | | | | | |
| 1988 | 9827724 | | | | | |
| 1989 | 10216486 | | | | | |

## كەلپىن ناھىيىسىدە 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان تۈرلۈك زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش كۆلىمى

جەدۋەل: 4 ـ 5 بىرلىكى: مو

| يىل | ئەمەلىي تېرىلغان كۆلەم | ئاشلىق زىرائەتلىرى | | | | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر | | | | | | كۆكتات | قوغۇن ـ تاۋۇز | بېدە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇغداي | كۆممە ـ قوناق | ئاق قوناق | باشقىلار | پاختا | ياغلىق ـ دان | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | |
| | | | | | | | | | قىچا | زىغىر | ئاپتاپ ـ پەرەس | باشقىلار | | | |
| 1949 | 35200 | 28800 | 21400 | - | 2100 | 5300 | 900 | 300 | 200 | - | 100 | - | 1300 | 2300 | 1600 |
| 1950 | 32600 | 26000 | 21500 | - | 2200 | 2300 | 1000 | 300 | 200 | - | 100 | - | 1400 | 2300 | 1600 |
| 1951 | 37300 | 30700 | 23000 | - | 2200 | 5500 | 900 | 300 | 200 | - | 100 | - | 1400 | 2300 | 1700 |
| 1952 | 40400 | 33100 | 23800 | - | 3200 | 6100 | 1100 | 500 | 400 | - | 100 | - | 1400 | 2500 | 1800 |
| 1953 | 41300 | 33900 | 25300 | 100 | 2500 | 6000 | 1300 | 400 | 300 | - | 100 | - | 1400 | 2500 | 1800 |
| 1954 | 46300 | 38400 | 27000 | 450 | 4200 | 6750 | 1500 | 300 | 200 | - | 100 | - | 1400 | 2800 | 1900 |
| 1955 | 46900 | 38500 | 25100 | 2300 | 3700 | 7400 | 1700 | 1400 | 400 | - | 600 | 400 | 1200 | 2500 | 1600 |
| 1956 | 49570 | 41870 | 28200 | 5600 | 2180 | 5890 | 700 | 1600 | 100 | - | 500 | 1000 | 1500 | 2000 | 1900 |
| 1957 | 53800 | 45600 | 32900 | 3300 | 2900 | 6500 | 1000 | 1700 | 400 | - | 600 | 700 | 1200 | 2600 | 1700 |
| 1958 | 50000 | 43100 | 26500 | 4700 | 2700 | 9100 | 600 | 900 | 100 | - | 600 | 200 | 1300 | 2600 | 1500 |
| 1959 | 54085 | 47185 | 28300 | 5700 | 3700 | 9300 | 1500 | 1000 | 100 | 500 | 200 | 200 | 1500 | 1500 | 1400 |
| 1960 | 62250 | 54250 | 30600 | 5800 | 9400 | 8400 | 1200 | 1500 | 400 | 500 | 500 | 100 | 1600 | 2300 | 1400 |
| 1961 | 57720 | 50020 | 29000 | 5200 | 9500 | 6300 | 1100 | 2300 | 200 | 700 | 1200 | 200 | 1500 | 1400 | 1400 |
| 1962 | 52500 | 46900 | 30300 | 4500 | 6000 | 6100 | 1000 | 1600 | 200 | 500 | 400 | 500 | 1300 | 500 | 1200 |
| 1963 | 48900 | 45400 | 28400 | 4100 | 6200 | 6700 | 300 | 1000 | - | 400 | 500 | 100 | 700 | 500 | 1000 |
| 1964 | 56800 | 52800 | 32700 | 5900 | 6400 | 7800 | 400 | 1100 | 100 | 300 | 500 | 200 | 700 | 900 | 900 |
| 1965 | 54600 | 49700 | 33100 | 5800 | 5800 | 5000 | 500 | 1100 | 100 | 300 | 500 | 200 | 800 | 1200 | 1300 |
| 1966 | 56000 | 51400 | 34200 | 6400 | 4700 | 6100 | 500 | 1200 | 100 | 300 | 700 | 100 | 700 | 1000 | 1200 |
| 1967 | 55900 | 52000 | 32300 | 4700 | 5100 | 9900 | 700 | 900 | - | 100 | 800 | - | 600 | 700 | 1000 |
| 1968 | 55200 | 50900 | 32400 | 7100 | 6400 | 5000 | 700 | 900 | - | 100 | 800 | - | 1000 | 700 | 1000 |
| 1969 | 50700 | 46900 | 32900 | 7600 | 3400 | 3000 | 600 | 700 | - | - | 700 | - | 1000 | 700 | 700 |
| 1970 | 57500 | 54200 | 34300 | 7800 | 7000 | 5100 | 200 | 600 | - | - | 600 | - | 1000 | 900 | 600 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | ئەمەلىي تېرىلغان كۆلەم | ئاشلىق زىرائەتلىرى | | | | | ئىقتىسادىي زىرائەتلەر | | | | | | كۆكتات | قوغۇن - تاۋۇز | بېدە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇغداي | كۆممە - قوناق | ئاق قوناق | باشقىلار | پاختا | ياغلىق - دان | يۇڭلۇق ئېمەك | | | | | | |
| | | | | | | | | | قىچا | زىغىر | ئاپتاپ - پەرەس | باشقىلار | | | |
| 1971 | 47000 | 43800 | 27800 | 8500 | 3800 | 3700 | 400 | 400 | - | - | 400 | - | 800 | 1000 | 600 |
| 1972 | 48400 | 44700 | 33000 | 6600 | 2000 | 3100 | 700 | 600 | - | - | 600 | - | 700 | 800 | 900 |
| 1973 | 50300 | 46700 | 33800 | 6600 | 2800 | 3500 | 500 | 800 | - | 200 | 600 | - | 900 | 800 | 600 |
| 1974 | 49650 | 45800 | 33200 | 8300 | 2700 | 1600 | 600 | 700 | - | 100 | 600 | - | 950 | 1000 | 600 |
| 1975 | 47080 | 43700 | 29100 | 8000 | 1800 | 4800 | 200 | 600 | - | - | 600 | - | 980 | 1000 | 600 |
| 1976 | 45100 | 40100 | 30000 | 7000 | 2600 | 500 | 600 | 1000 | - | 100 | 700 | 200 | 1100 | 1500 | 800 |
| 1977 | 43000 | 39800 | 27600 | 7000 | 3800 | 1400 | 200 | 500 | — | — | 500 | — | 1000 | 1000 | 500 |
| 1978 | 44460 | 40600 | 30000 | 7000 | 3000 | 600 | 200 | 700 | — | — | 600 | 100 | 960 | 700 | 1300 |
| 1979 | 44200 | 39200 | 29800 | 5200 | 3600 | 600 | 200 | 700 | — | — | 600 | 100 | 2100 | 1200 | 800 |
| 1980 | 51500 | 47400 | 34100 | 7100 | 3400 | 2800 | 200 | 1000 | 500 | — | 500 | — | 1000 | 900 | 1000 |
| 1981 | 47400 | 42900 | 31000 | 8600 | 2600 | 700 | 400 | 1300 | 300 | — | 900 | 100 | 1500 | 800 | 500 |
| 1982 | 45100 | 40000 | 27700 | 6400 | 1200 | 4700 | 500 | 1000 | — | — | 1000 | — | 2800 | 400 | 400 |
| 1983 | 43300 | 38600 | 26600 | 10100 | 1300 | 600 | 400 | 700 | 100 | — | 600 | — | 1600 | 700 | 700 |
| 1984 | 47800 | 41100 | 29400 | 10500 | 800 | 400 | 500 | 600 | — | — | 600 | — | 2000 | 900 | 1500 |
| 1985 | 45300 | 38900 | 27800 | 10100 | 600 | 400 | 1200 | 400 | — | — | 400 | — | 2600 | 1100 | 1100 |
| 1986 | 44000 | 38200 | 26700 | 10000 | 600 | 900 | 1500 | 400 | — | — | 400 | — | 600 | 2200 | 1100 |
| 1987 | 42200 | 35200 | 24400 | 9600 | 500 | 700 | 1800 | 300 | — | — | 300 | — | 1200 | 2200 | 1500 |
| 1988 | 46104 | 38104 | 25304 | 11800 | 400 | 600 | 1800 | 500 | — | — | 500 | — | 2000 | 2100 | 1600 |
| 1989 | 46300 | 38400 | 24600 | 12500 | 400 | 900 | 2300 | 500 | — | — | 500 | — | 2400 | 1100 | 1600 |
| 1990 | 43754 | 37214 | 25311 | 8248 | 255 | 3400 | 2590 | 500 | | | 500 | | 1100 | 900 | 1400 |

ئىزاھات: شال 1958 - يىلى 1000 مو، 1959 - يىلى 185 مو، 1960 - يىلى 50 مو، 1961 - يىلى 20 مو تېرىلغان، يېشىل ئوغۇت 1983 - يىلى 600 مو، 1984 - يىلى 1200 مو تېرىلغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 4 ـ 6 بىرلىكى: جىڭ

| يىل | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | بۇغداي | | كۆممىقوناق | | ئاق قوناق | | شال | | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات |
| 1949 | 4240000 | 147.2 | 3217000 | 150.3 | — | — | 447000 | 212.9 | — | — | 576000 | 108.7 |
| 1950 | 4344000 | 167.1 | 3275000 | 152.3 | – | — | 465000 | 211.4 | – | – | 604000 | 262.6 |
| 1951 | 4511000 | 146.9 | 3634000 | 158 | — | — | 258000 | 117.3 | — | — | 619000 | 112.5 |
| 1952 | 5323000 | 160.8 | 3814000 | 160.3 | — | — | 711000 | 222.2 | — | — | 798000 | 130.8 |
| 1953 | 5302000 | 156.4 | 4061000 | 160.5 | 24000 | 240 | 569000 | 227.6 | — | — | 648000 | 108 |
| 1954 | 6332000 | 164.9 | 4444000 | 164.6 | 400011 | 253.3 | 1040000 | 247.6 | — | — | 734000 | 108.7 |
| 1955 | 6654000 | 172.8 | 4070000 | 162.2 | 728000 | 316.5 | 922000 | 249.2 | — | — | 934000 | 126.2 |
| 1956 | 7656000 | 182.9 | 4702000 | 166.7 | 1776000 | 317.1 | 357000 | 163.8 | — | — | 821000 | 139.4 |
| 1957 | 8094000 | 177.5 | 5354000 | 162.7 | 1581000 | 479.1 | 441000 | 152.1 | — | — | 718000 | 110.5 |
| 1958 | 8488000 | 196.9 | 4749000 | 179.2 | 2035000 | 433 | 507000 | 187.8 | 18000 | 180 | 1179000 | 129.6 |
| 1959 | 8952000 | 189.7 | 5013000 | 177.1 | 2210000 | 387.7 | 516000 | 139.5 | 37000 | 200 | 1176000 | 126.5 |
| 1960 | 7786000 | 143.5 | 4806000 | 157.1 | 1953000 | 336.7 | 565000 | 60.1 | 5000 | 100 | 457000 | 54.4 |
| 1961 | 5901000 | 117.9 | 2777000 | 95.8 | 1857000 | 357.1 | 860000 | 90.5 | 2000 | 100 | 405000 | 62.3 |
| 1962 | 5388000 | 114.9 | 2644000 | 87.3 | 1542000 | 342.7 | 517000 | 86.2 | — | — | 685000 | 112.3 |
| 1963 | 6189000 | 136.3 | 3294000 | 116 | 1614000 | 393.7 | 436000 | 70.3 | — | — | 845000 | 126.1 |
| 1964 | 8383000 | 158.8 | 4945000 | 151.2 | 1881000 | 318.8 | 736000 | 115 | — | — | 821000 | 105.3 |
| 1965 | 8824000 | 177.5 | 5000000 | 151 | 2304000 | 397.2 | 803000 | 138.4 | — | — | 717000 | 143.4 |
| 1966 | 9022000 | 175.5 | 4608000 | 134.7 | 317000 | 495.3 | 568000 | 120.9 | — | — | 676000 | 110.8 |
| 1967 | 7825000 | 150.5 | 3833000 | 118.7 | 3414000 | 726.4 | 275000 | 53.9 | — | — | 303000 | 30.6 |
| 1968 | 7743000 | 152.1 | 4000000 | 123.5 | 2760000 | 388.7 | 350000 | 54.7 | — | — | 633000 | 126.6 |
| 1969 | 7529000 | 148.5 | 3900000 | 118.5 | 2970000 | 390.8 | 277000 | 81.5 | — | — | 382000 | 127.3 |
| 1970 | 8222000 | 143 | 4050000 | 118.1 | 3296000 | 422.6 | 498000 | 71.1 | — | — | 378000 | 74.1 |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | بۇغداي | | كۆممىقوناق | | ئاق قوناق | | شال | | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات |
| 1971 | 9650000 | 205. 3 | 4080000 | 146. 7 | 4693000 | 552. 1 | 418000 | 110 | — | — | 459000 | 124. 1 |
| 1972 | 9239000 | 109. 9 | 6057000 | 183. 6 | 2684000 | 406. 7 | 134000 | 67 | — | — | 364000 | 117. 4 |
| 1973 | 8983000 | 178. 6 | 4770000 | 141. 1 | 3465000 | 525 | 207000 | 74 | — | — | 541000 | 154. 6 |
| 1974 | 9969000 | 200. 8 | 4783000 | 144. 1 | 3969000 | 478. 2 | 211000 | 78. 1 | — | — | 1006000 | 628. 8 |
| 1975 | 10393000 | 220. 8 | 5104000 | 175. 4 | 3800000 | 475. 8 | 269000 | 149. 4 | — | — | 1220000 | 254. 2 |
| 1976 | 10867000 | 241 | 5098000 | 170 | 5460000 | 682. 5 | 283000 | 108. 8 | — | — | 260000 | 520 |
| 1977 | 10653000 | 247. 7 | 4094000 | 148. 3 | 5209000 | 744 | 450000 | 118. 4 | — | — | 900000 | 642. 8 |
| 1978 | 10433000 | 234. 7 | 5454000 | 181. 8 | 4629000 | 661. 2 | 350000 | 116. 7 | — | — | — | — |
| 1979 | 11772000 | 266. 3 | 7365000 | 247. 1 | 3643000 | 520. 4 | 493000 | 136. 9 | — | — | 271000 | 451. 7 |
| 1980 | 11206000 | 217. 6 | 6588000 | 193. 1 | 3489000 | 491. 4 | 468000 | 137. 6 | — | — | 661000 | 236. 1 |
| 1981 | 11650000 | 245. 8 | 6823000 | 220. 1 | 4131000 | 480. 3 | 420000 | 161. 5 | — | — | 276000 | 394. 3 |
| 1982 | 12555000 | 278. 4 | 7420000 | 267. 8 | 3174000 | 495. 9 | 213000 | 177. 5 | — | — | 1748000 | 371. 9 |
| 1983 | 1425000 | 333. 8 | 8838000 | 332. 3 | 4945000 | 489. 6 | 135000 | 103. 8 | — | — | 336000 | 560 |
| 1984 | 14262000 | 306. 1 | 8462000 | 288 | 5319000 | 506. 6 | 89000 | 111. 3 | — | — | 392000 | 980 |
| 1985 | 15401000 | 340 | 9306000 | 335 | 5460000 | 541 | 217000 | 361. 7 | — | — | 418000 | 1045 |
| 1986 | 16500000 | 375 | 9971600 | 373. 4 | 5785400 | 578. 5 | 156400 | 260. 7 | — | — | 586600 | 651. 8 |
| 1987 | 17192000 | 488 | 10812000 | 443. 1 | 5712000 | 595 | 78000 | 156 | — | — | 590000 | 842. 9 |
| 1988 | 17883000 | 496. 3 | 11279800 | 445. 8 | 6039200 | 511. 8 | 130800 | 327 | — | — | 433200 | 722 |
| 1989 | 17894000 | 466 | 9918000 | 403. 2 | 7470000 | 597. 6 | 74000 | 185 | — | — | 432000 | 480 |
| 1990 | 18250000 | 490. 4 | 11225438 | 443. 5 | 6433440 | 780 | 45400 | 178 | — | — | 545722 | 160. 5 |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان پاختا ، ياغلىقدان مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى

جەدۋەل : 4 ـ 7 بىرلىكى : جىڭ

| يىل | پاختا | | ياغلىقدان | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | قىچا | | زىغىر | | ئاپتاپپەرەس | |
| | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات |
| 1949 | 12000 | 13.3 | 24000 | 80 | 18000 | 90 | 1000 | 50 | 5000 | 50 |
| 1950 | 14000 | 14 | 27000 | 90 | 19000 | 95 | 1000 | 50 | 7000 | 70 |
| 1951 | 13000 | 14.4 | 24000 | 80 | 18000 | 90 | 1000 | 50 | 5000 | 50 |
| 1952 | 17536 | 16 | 46000 | 92 | 36000 | 90 | 1000 | 25 | 9000 | 90 |
| 1953 | 21912 | 16.8 | 39000 | 97.5 | 29000 | 96.5 | 1000 | 37 | 9000 | 90 |
| 1954 | 25058 | 17 | 29000 | 86 | 21000 | 105 | 1000 | 50 | 7000 | 70 |
| 1955 | 45140 | 26.6 | 118000 | 84.3 | 34000 | 85 | — | — | 84000 | 140 |
| 1956 | 61000 | 87.1 | 146000 | 91.3 | 5000 | 50 | — | — | 141000 | 282 |
| 1957 | 48000 | 48 | 98213 | 57.8 | 27000 | 67.5 | — | — | 71213 | 118.6 |
| 1958 | 36000 | 60 | 79000 | 87.8 | 4181 | 41.8 | — | — | 74819 | 124.7 |
| 1959 | 84000 | 56 | 108000 | 108 | 1000 | 10 | 28000 | 56 | 79000 | 395 |
| 1960 | 34000 | 28.3 | 148000 | 98.7 | 16000 | 40 | 11000 | 22 | 121000 | 242 |
| 1961 | 30000 | 27.3 | 141000 | 61.3 | 8000 | 40 | 12000 | 17.1 | 121000 | 100.8 |
| 1962 | 35000 | 35 | 125000 | 78.1 | 6000 | 30 | 9000 | 18 | 11000 | 275 |
| 1963 | 5000 | 16.7 | 85000 | 85 | — | — | 16000 | 40 | 69000 | 138 |
| 1964 | 8000 | 20 | 207000 | 188.2 | 4000 | 40 | 19000 | 63.3 | 184000 | 368 |
| 1965 | 10000 | 20 | 244000 | 221.8 | 6000 | 60 | 9000 | 30 | 229000 | 458 |
| 1966 | 20000 | 40 | 218000 | 181.7 | 3000 | 30 | 9000 | 30 | 206000 | 294.3 |
| 1967 | 44000 | 62.9 | 150000 | 166.6 | — | — | 4000 | 40 | 146000 | 182.5 |
| 1968 | 16000 | 22.9 | 179000 | 198.9 | — | — | 4000 | 40 | 175000 | 218.8 |
| 1969 | 40000 | 66.7 | 205000 | 292.9 | — | — | — | — | 205000 | 292.9 |
| 1970 | 11000 | 55 | 202000 | 336.7 | — | — | — | — | 202000 | 336.7 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | پاختا | | ياغلىقدان | | قىچا | | زىغىر | | ئاپتاپپەرەس | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات |
| 1971 | 11000 | 27. 5 | 152000 | 380 | — | — | — | — | 152000 | 380 |
| 1972 | 10000 | 14. 3 | 165000 | 275 | — | — | — | — | 165000 | 275 |
| 1973 | 14000 | 28 | 197000 | 246. 3 | — | — | 8000 | 40 | 189000 | 315 |
| 1974 | 13000 | 21. 7 | 188000 | 268. 6 | — | — | 4000 | 40 | 184000 | 306. 7 |
| 1975 | 2000 | 10 | 158000 | 263. 3 | — | — | — | — | 158000 | 263. 3 |
| 1976 | 16000 | 26. 6 | 214000 | 214 | — | — | 300 | 30 | 211000 | 301. 4 |
| 1977 | 3000 | 15 | 219000 | 438 | — | — | — | — | 219000 | 438 |
| 1978 | 7000 | 35 | 150000 | 250 | — | — | — | — | 150000 | 250 |
| 1979 | 2000 | 10 | 148000 | 246. 7 | — | — | — | — | 148000 | 246. 7 |
| 1980 | 3000 | 15 | 176000 | 176 | 89000 | 178 | — | — | 87000 | 174 |
| 1981 | 4000 | 10 | 350000 | 269. 2 | 50000 | 166. 7 | — | — | 300000 | 333. 3 |
| 1982 | 3000 | 6 | 329000 | 329 | — | — | — | — | 329000 | 329 |
| 1983 | 3000 | 7. 5 | 352000 | 502. 9 | 20000 | 200 | — | — | 332000 | 553. 3 |
| 1984 | 46000 | 92 | 395000 | 658. 3 | — | — | — | — | 395000 | 658. 3 |
| 1985 | 111000 | 92. 5 | 399000 | 997. 5 | — | — | — | — | 399000 | 997. 5 |
| 1986 | 13000 | 118 | 452800 | 1132 | — | — | — | — | 452800 | 1132 |
| 1987 | 170000 | 94. 4 | 540000 | 1800 | — | — | — | — | 540000 | 1800 |
| 1988 | 216000 | 120 | 591000 | 1182 | | | | | 591000 | 1182 |
| 1989 | 280000 | 121. 7 | 478000 | 956 | | | | | 478000 | 956 |
| 1990 | 340000 | 131. 3 | 600000 | 1200 | | | | | 600000 | 1200 |

www.uyghurkitap.com

# III باب

# دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى

مىڭگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەشغۇلاتىدا ئىزچىل تۇردە ، بوقۇسا ، ئورغاق ، كەتـ مەن قاتارلىق قالاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلگەنىدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلـ لەردە ئات سۆرەيدىغان قوش چاقلىق ـ قوش چىشلىق ساپان قاتارلىق يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئومۇملاشتۇرۇلدى . 1958 ـ يىلى تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « DT28 » ماركىلىق تراكتور سېتىۋېلىندى . 1964 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ـ تراكتور پونكىتى قۇرۇلۇپ ، دېھقانچىلىق ماشىنىـ لىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا خادىملىرى تەدرىجىي كۆپەيدى . 1989 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە چوڭ ـ كىچىك تراكتور 68 گە ، كىچىك تېپتىكى تراكتور 130 غا ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقـ دارى 350 مىڭ ئۆلچەملىك موغا يەتتى .

## § 1 . تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە بوقۇسا ، كەتمەن ، سۆرەم قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلىتىلەتتى . يەر ئاغدۇرۇش ، ئوغۇت چېچىش ، يەر تېرىش ، ئوت ـ چۆپ چاناش ، توپا يۆـ لەش ۋە ئېرىق قېزىش ، سۇغىرىش ، ئۆستەڭ چېپىش ، سۇ باشلاش ، هارۋا ـ زەمبىللەرگە توپا قاچىلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كەتمەن ئىشلىتىلەتتى ، ئورما ئورۇش ، ئوت ـ چۆپ ئورۇشتا بىردەك ئورغاق ئىشـ لىتىلەتتى ، خامان تېپىشتە ياغاچ گۇرجەك ، كالا تېرىسى ۋە سىگىردىن ياسالغان غەلۋىر ، ئۆتكەمە ۋە ياـ غاچ ئارا ، تۇلۇق تاش ئىشلىتىلەتتى ۋە چارۋىغا دەسسىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە كەلپىن ناھىيىسىدە ئات سۆرەيدىغان قوش چاقلىق ، قوش چىشلىق ساپان ، سىيالكا ، ئات سۆرەيدىغان ئورۇش ، يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئومۇملاشتى . 1958 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن « DT28 » ماركىلىق تراكتوردىن بىرى سېتىۋېلىندى . بۇ ، كەلپىندىكى تۇنجى تراكتور بولۇپ قالدى . 1964 ـ يىلى ئاچال سۇ ئامبىرى ئىش ئورنى زەنجىر تاپانلىق « شەرق قىزاردى ـ 54 » تېپلىق تراكتوردىن بىرنى سېتىۋېلىپ ، ئادەتتىـ كى چاغلاردا توسمىنى چىڭداشقا ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە يەر تېرىشقا ئىشلەتتى . بۇ ، كەلپىن ناھىيىسى بويىچە ئەڭ دەسلەپ تېرىلغۇغا ئىشلىتىلگەن تراكتور بولۇپ قالدى .

1965 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى — تراكتور پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1966 ـ يىلى بەزى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى تۇركۇمگە بۆلۈپ تولۇقلاپ بېرىلدى ، پونكىتتا « شەرق قىزاردى—54 » تېپلىق تراكتوردىن تۆتى ، چاۋشيەندە ئىشلەنگەن « تۇلپار—28 » تېپلىق تراكتور- دىن ئىككىسى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ جەمئىي قۇۋۋىتى 227 ئات كۈچىگە يەتتى . ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان ئۇسـ كۇنىلەردىن تۆت دانە بەش چىشلىق ساپان ، 24 قۇرلۇق ئۈچ سىيالكا ، ئۈچ دانە ئىككى چىشلىق ساپان ،

ئېغىر تىپتىكى بەش تىرنا ، بەش كۆلتىۋاتور ، يېنىك تىپتىكى يۇملاق دىسكىلىق ئالتە تىرنا ، بىر دان ئايرىش ماشىنىسى ، بىر ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى بار بولدى. شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرسى سەپلەپ بېرىلدى. 1968 ـ يىلى «شەرق قىزاردى—28» تىپلىق تراكتوردىن بىرى كۆپەيدى.

1971 ـ يىلى «1 ـ ئوكتەبىر» گۇڭشېسى تراكتور پونكىتى «شەرق قىزاردى—28» تىپلىق تراكتوردىن ئىككىنى سېتىۋالدى. 1976 ـ يىلى ئۈچ دەرىجىلىك رېمونت قىلىش ، ياساش تورى قۇرۇلدى. ھەر قايسى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتلىرىغا بەزى رېمونت قىلىش ـ سەپلەش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلدى. «1 ـ ماي» ، «1 ـ ئىيۇل» گۇڭشېلىرىغا تېشىش ستانوكى ، توك بىلەن كەپشەرلەش ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلدى. «1 ـ ئۆكتەبىر» گۇڭشېسى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىغا «ئۈچ ستانوك ،بىر ماشىنا» تولۇق سەپلەپ بېرىلدى ، يەنە يەل بازغىنى ، ھاۋا كۈچى بىلەن يەل بېرىش ماشىنىسى تولۇقلاپ بېرىلدى.

1977 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ـ ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 19 غا ، «ئىشچى ـ دېھقان—11» تىپلىق قول تراكتورى36 گە ، دىزېل ماتورى 20 (500 ئات كۈچى )گە يەتتى ، ئومۇمىي ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى1579 ئات كۈچىگە يېتىپ ، 1967 ـ يىلدىكىدىن 1335 ئات كۈچى ئاشتى ، بۇ ، 1967 ـ يىلدىكىنىڭ 5.47 ھەسسىسىگە باراۋەر.

1978 ـ ،1979 ـ يىللىرى ئۈچ گۇڭشېدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئالتە چوڭ ئەترەت «شەرق قىزاردى—28» تىپلىق تراكتور سېتىۋالدى. مەبلەغنى ئۆزلىرى تەييارلىدى ياكى بانكىدىن قەرز ئالدى ، دۆلەت بىر قىسمىنى ياردەم قىلدى. تراكتورلار ئاساسەن يازلىق يىغىم ، خامان تېپىشكە ئىشلىتىلدى ۋە ترانسپورت ۋاستىسى قىلىندى ، يەر ھەيدەش ۋە باشقا ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتىغا ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلدى. كېيىن باشقۇرۇش ناچار بولغانلىقتىن ،1980 ـ يىلى ناھىيە دۆلەت مەبلىغىگە سېتىۋېلىنغان قىسمەن ماشىنا سايمانلارنى قايتۇرۇۋېلىپ ، يىغىپ باشقۇردى ۋە ئىشلەتتى. 1982 ـ يىلى ناھىيىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىچىدە ، بىر «تۆمۈر بوقا—55» تىپلىق تراكتور ، ئالتە «شەرق قىزاردى—28» تىپلىق تراكتور ، 20 «ئىشچى ـ دېھقان—11» تىپلىق قول تراكتورى ۋە باشقا بىر قىسىم ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار بولۇپ ، بۇ ماشىنا ـ سايمانلارنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر بولغاچقا ، كۆپ قىسمىنى ئىشلەتكىلى بولمىدى. مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان ماشىنىلارنى رېمونت قىلىپ ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا ، پىچەتلەشكە توغرا كەلدى. كېيىنچە چوڭراق تىپتىكى تراكتورلار يېزا ئىگىلىك 1 ـ شى 2 ـ تۈەن ـ مەيدانىغا ، قول تراكتورلار ئەزالارغا سېتىپ بېرىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى. چوڭ ئەترەتلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى تراكتورلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خۇسۇسىلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى.

1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئارىسىدا ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور ،ئاپتوموبىللارنى سېتىۋېلىپ تىجارەت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر مەيدانغا كەلدى. چوڭ ئەترەتلەردىكى بارلىق قول تراكتورلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ، دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلدى. بۇ تراكتورلارنىڭ كۆپىنچىسى ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىش ، يېزا ترانسپورتى ۋە خامان تېپىش قاتارلىق ئىشلارغا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە دۆلەت ، كوللېكتىپ ، شەخسنى ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش شەكلى مەيدانغا كەلدى.

1985 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ـ ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 51 گە ، قۇۋۋىتى 2021 ئات كۈچىگە ، كىچىك تىپتىكى تراكتور 103 كە ، قۇۋۋىتى 1301 ئات كۈچىگە ، ھەرخىل ماتورلۇق ماشىنا ـ سايمان 57 گە ، قۇۋۋىتى 1220 ئات كۈچىگە يەتتى ، يېزائىگىلىك ترانسپورتىغا ئىشلىتىلگەن ماشىنىلار ئىچىدە ئاپتوموبىل 19 غا ، قۇۋۋىتى 1805 ئات كۈچىگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلـ

رى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان يەككە ئائىلە 172 گە يەتتى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ تىپتىكى تراكتور 65 كە، قۇۋۋىتى 2727 ئات كۈچىگە، پىرتسېپ65 كە، كىچىك تىپتىكى تراكتور 167 گە، قۇۋۋىتى 2321 ئات كۈچىگە، كىچىك تىپتىكى پىرتسېپ 167 گە، دىزېل ماشىنىسى 95 كە، قۇۋۋىتى 1575 ئات كۈچىگە، ماتورلۇق ماشىنىلار 103 كە، قۇۋۋىتى 2420 ئات كۈچىگە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن يۈك ئاپتوموبىلى 31 گە يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەككە ئىگىلىكتىكى ماشىنىلاردۇر.

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ھارۋىلارنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

جەدۋەل 4—8

| يىللار | چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار | | | كىچىك تىپتىكى تراكتورلار | | | ماتورلۇق ماشىنىلار | | يۈك ئاپتوموبىلى | | ھارۋا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | ئات كۈچى | پىرتسېپ | سانى | ئات كۈچى | پىرتسېپ | سانى | ئات كۈچى | سانى | ئات كۈچى | |
| 1958 | 1 | 28 | 1 | | | | | | | | 450 |
| 1959 | 1 | 28 | 1 | | | | | | | | 475 |
| 1960 | 1 | 28 | 1 | | | | | | | | 480 |
| 1961 | 1 | 28 | 1 | | | | | | | | 490 |
| 1962 | 1 | 28 | 1 | | | | | | | | 495 |
| 1963 | 1 | 28 | 1 | | | | 1 | 40 | | | 498 |
| 1964 | 1 | 28 | 1 | | | | 1 | 40 | | | 498 |
| 1965 | 6 | 296 | 6 | | | | 1 | 40 | 2 | 188 | 520 |
| 1966 | 7 | 324 | 7 | | | | 1 | 40 | 2 | 188 | 630 |
| 1967 | 7 | 324 | 7 | | | | 1 | 40 | 2 | 188 | 545 |
| 1968 | 8 | 386 | 8 | | | | 2 | 80 | 2 | 188 | 610 |
| 1969 | 9 | 414 | 9 | | | | 2 | 80 | 2 | 188 | 640 |
| 1970 | 7 | 300 | 7 | | | | 2 | 80 | 1 | 94 | 655 |
| 1971 | 13 | 502 | 13 | | | | 2 | 80 | 1 | 94 | 670 |
| 1972 | 13 | 542 | 13 | | | | 3 | 100 | 1 | 94 | 700 |
| 1973 | 13 | 542 | 13 | | | | 3 | 100 | 1 | 94 | 710 |
| 1974 | 14 | 602 | 14 | | | | 4 | 180 | 1 | 94 | 760 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىللار | چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلار | | | كىچىك تىپتىكى تراكتورلار | | | ماتورلۇق ماشىنىلار | | يۈك ئاپتوموبىلى | | هارۋىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | ئات كۈچى | پىرتسېپ | سانى | ئات كۈچى | پىرتسېپ | سانى | ئات كۈچى | سانى | ئات كۈچى | |
| 1975 | 27 | 1003 | 27 | | | | 21 | 347 | 1 | 94 | 780 |
| 1976 | 54 | 1562 | 54 | | | | 25 | 436 | 1 | 94 | 795 |
| 1977 | 62 | 1753 | 62 | | | | 37 | 542 | 1 | 94 | 998 |
| 1978 | 66 | 1912 | 66 | | | | 41 | 616 | 2 | 188 | 1040 |
| 1979 | 67 | 1945 | 67 | | | | 41 | 620 | 3 | 240 | 1158 |
| 1980 | 62 | 1396 | 62 | | | | 56 | 699 | 4 | 360 | 2240 |
| 1981 | 42 | 1147 | 62 | | | | 46 | 561 | 7 | 786 | 2350 |
| 1982 | 32 | 1097 | 32 | 64 | 640 | 64 | 52 | 552 | 8 | 810 | 3560 |
| 1983 | 35 | 1157 | 35 | 70 | 815 | 70 | 55 | 636 | 8 | 810 | 4100 |
| 1984 | 39 | 1539 | 34 | 86 | 977 | 86 | 61 | 1176 | 10 | 950 | 4510 |
| 1985 | 51 | 2021 | 51 | 103 | 1301 | 103 | 57 | 1220 | 19 | 1805 | 5308 |
| 1986 | 46 | 1689 | 48 | 118 | 1413 | 118 | 88 | 1568 | 22 | 1915 | 5308 |
| 1987 | 53 | 3249 | 63 | 127 | 1596 | 127 | 75 | 1353 | 31 | 2725 | 5918 |
| 1988 | 63 | 2453 | 73 | 129 | 1646 | 129 | 80 | 1818 | 31 | 3704 | 5930 |
| 1989 | 68 | 2632 | 78 | 130 | 1657 | 130 | 95 | 1575 | 31 | 2725 | 5930 |
| 1990 | 65 | 2727 | 65 | 167 | 2321 | 167 | 103 | 2024 | 31 | 2725 | 6158 |

## § 2 . مەشغۇلات سەۋىيىسى

1964 ـ يىلى ئاچال سۇ ئامبىرى ئىش ئورنى « شەرق قىزارتى—54 » تىپلىق زەنجىر تاپانلىق تراكتوردىن بىرنى سېتىۋالدى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 5 ـ 6گە يەتتى ، ئۇلارغا بەش چىشلىق ساپاندىن بىرسى سەپلەپ بېرىلدى ، بۇ تراكتور بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە « 1 ـ ئۆكتەبىر » گوڭشېسىنىڭ يەر تېرىشىغا ياردەم بېرىلدى .

1965 ـ يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ـ تراكتور پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تراكتورچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن 17 تراكتورچى تەقسىم قىلىندى ، كېيىن كۆپىيىپ 49 غا يەتتى ، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىدىكى ئۈچ گوڭشې ، 14 چوڭ ئەترەت ، 46 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە تارقىلىپ ئورۇنلىغان يىللىق مەشغۇلات مىقدارى 41 مىڭ 700 ئۆلچەملىك موغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلات مىقدارى 36 مىڭ 700 مو بولۇپ ، ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنىڭ 88.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ؛ ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلغان ۋە ئۇرۇق سېلىنغان يەر كۆلىمى 11 مىڭ 485 مو بولۇپ ، ئومۇمىي تېرىقچىلىق كۆلىمىنىڭ 22.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ھەر بىر ئات كۈچى ئورۇنلىغان يىللىق ئوتتۇرىچە مەشغۇلات مىقدارى 173 ئۆلچەملىك موغا يەتتى . ئۆلچەپ كۆرۈلىشچە ، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىنغاندا ، قولدا ئۇرۇق سېلىش (چېچىش) قا قارىغاندا ، ھەر مودا ئون جىڭدىن كۆپرەك ئۇرۇق تېجەپ قېلىنغان .

1970 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىدىكى تراكتور پونكىتلىرى گوڭشېلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . شۇنىڭ بىلەن گوڭشېلار تراكتورلارنى ئېلىشنى خالىماسلىق ، ئىشلىتىش تېخنىكىسى ناچارلىشىش ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق ۋە ماشىنا بىلەن قىلىنغان تېرىقچىلىق ھەققىنى يىغىۋالالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىپ ، ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش ، ئۇرۇق سېلىش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بېرىش بىر مەھەل تەسكە توختىدى .

1977 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ سانى 112 گە ، ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 21 مىڭ 800 موغا ، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىنغان كۆلەم 11 مىڭ 300 موغا يەتتى . كەنجى قوناق قول تراكتورلىرى بىلەن تېرىلىپ ، تېرىقچىلىقنىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى . شۇ يىلى تراكتورغا چېتىلغان خامان تېپىش ئۇسكۈنىسى بىلەن خامان تېپىلىپ ، يازلىق يىغىم ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى ، ئىلگىرىكى چارۋىلارغا دەسسىتىپ خامان تېپىشتەك ئىپتىدائىي ئۇسۇل ئۆزگەرتىلدى . 1981 ـ يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشنىمۇ گوڭشې ، چوڭ ئەترەتلەردە ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى ؛ كىچىك تىپتىكى تراكتورلار شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ خامان تېپىش ، ئۇن ، ياغ تارتىش ، ياغاچ ھەرىدەش ، كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلدى .

1983 ـ يىلى ئوتتۇرا تىپتىكى رېزىنكە چاقلىق تراكتور ، ئاپتوموبىل ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سېتىۋالىدىغان دېھقان ئائىلىلىرى مەيدانغا كەلدى ، ئەسلىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قول تراكتورلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ، دېھقانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە سېتىپ بېرىلدى .

1985 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان يەككە ئائىلىلەر 172 گە كۆپىيىپ ، ئۇلار 191 مىڭ 700 ئۆلچەملىك مو مەشغۇلات مىقدارىنى ئورۇندىدى . بۇ ، ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى

224 مىڭ 200 ئۆلچەملىك مونىڭ 85.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كوللېكتىپنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئورۇندىغىنى 14 مىڭ 200 ئۆلچەملىك مو بولۇپ، ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارىنىڭ 6.3 پىرسەنتىنى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئورۇندىغان مەشغۇلات مىقدارى 8.2% نى ئىگىلىدى. 1987 ـ يىلى ماشىنا ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان كۆلەم 35 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1990 — 1975 ـ يىللىردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى ۋە مەشغۇلات مىقدارى

جەدۋەل 4 ـ 9

| يىل \ تۈرى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش: قارار سانى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش: ئادەم سانى | دېھقانچىلىق مەشغۇلات مىقدارى (10 مىڭ ئۆلچەملىك مو) |
|---|---|---|---|
| 1975 | 1 | 32 | |
| 1976 | 2 | 62 | |
| 1977 | 2 | 57 | 8.9 |
| 1978 | 1 | 44 | 16.7 |
| 1979 | 3 | 110 | 13.1 |
| 1980 | 4 | 178 | 13.4 |
| 1981 | 3 | 100 | 9.9 |
| 1982 | 3 | 77 | 8.6 |
| 1983 | 4 | 175 | 4.3 |
| 1984 | 2 | 91 | 14.89 |
| 1985 | 3 | 110 | 22.4 |
| 1986 | 4 | 166 | 30.9 |
| 1987 | 3 | 118 | 32.02 |
| 1988 | 1 | 40 | 30.4 |
| 1989 | 1 | 47 | 35.144 |
| 1990 | 2 | 48 | 50 |

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بەشىنچى قىسىم

# چارۋىچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## بەشىنچى قىسىم

# چارۋىچىلىق

كەلپىن دېھقانچىلىق ناھىيىسى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە مەخسۇس چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4.28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1989 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 33 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ، چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ مەھسۇلات قىممىتى 237.78 يۇەنگە يېتىپ ، دېھقانچىلىق ساھەسىدىكى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ مەھسۇلات قىممىتىدىن 85.02 يۇەن ئېشىپ كەتكەن.

كەلپىن ناھىيىسى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسىي جەھەتتىن تەبىئەتكە تايىنىپ ، چارۋىلارنىڭ 85 پىرسەنتىنى تەبىئىي ئوتلاقلاردا باقىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا. ناھىيە بويىچە 4 مىليون 127 مىڭ 800 مو ئوتلاق بار ، تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەسىرى ( ئاساسەن سۇ قىسلىقى ) تۈپەيلىدىن ئەمەلىيەتتە پەقەت 2 مىليون 12 مىڭ 600 مو ئوتلاقتىنلا پايدىلىنىپ كېلىنمەكتە. بۇ ، ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چۆل - باياۋانلىقتىكى ئوتلاق 1 مىليون 258 مىڭ 800 موغا ، پەس يەرلەردىكى سازلىق ئوتلاق 523 مىڭ موغا ، تاغدىكى چۆل ئوتلاقلىرى 122 مىڭ 700 موغا ، ئېگىزلىككە جايلاشقان سوغۇق ئوتلاقلار 108 مىڭ 100 موغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوتى ئورۇۋېلىنىدىغان 1249.5 مو تەبىئىي ئوتلاق بار. شۇڭا كەلپىن ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق تەرەققىياتى يايلاق چەكلىمىسىگە تولىمۇ ئېغىر ئۇچرايدۇ.

مىنگونىڭ 29 - يىلى ( 1940 - يىلى ) ناھىيە بويىچە 59 مىڭ 95 تۇياق چارۋا مال بولغان ، كېيىنچە ئۈزلۈكسىز كېمىيىپ كەتكەن. مىنگونىڭ 38 - يىلى ( 1949 - يىلى )غا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئاران 36 مىڭ 364 تۇياق چارۋا مال قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. 1956 - يىلغا كەلگەندە كەلپىن ناھىيىسىدىكى چارۋا 1949 - يىلدىكى 36 مىڭ 364 تۇياقتىن كۆپىيىپ 66 مىڭ 546 تۇياققا يەتتى ، يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 6.52% بولدى.

1957 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە تەبىئىي ئاپەت ، ئوتلاق ماجىراسى ۋە سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ناھىيىدىكى چارۋا يىلدىن يىلغا ئازىيىپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئازىيىش نىسبىتى 7.6% كە يەتتى. 1962 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چارۋا سانى 33 مىڭ 100 تۇياققا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چارۋا 1949 - يىلدىكىدىن 3.2% ئازىيىپ كەتتى.

1963 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن يىلغا ياخشىلىنىپ ، چارۋا سانى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.47% دىن كۆپەيدى.

1969 — 1976 - يىللاردىكى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يە-

نە تۆۋەنلەشكە باشلاپ ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.53% دىن ئازىيىپ باردى.
1977 — 1980 - يىللاردا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسەن بىر ئىزدا توختاپ قالدى ، ئېشىش ھەجمى چوڭ بولمىدى.
1981 — 1983 - يىللىرى چارۋىچىلىقتا مىسلىسىز مول ھوسۇل ئېلىندى. 1983 - يىلى قوتاندىكى چارۋا سانى 86 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.
1984 — 1985 - يىللىرى قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەنلىكى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكلەيدىغان چاكاندىلار ھەددى - ھېسابسىز كولاپ كېتىلگەنلىكى ھەم يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ ، نۇرغۇن چارۋا قىرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە سېتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن چارۋا سانى يەنە كېمىيىپ كەتتى.
1986 - يىلدىن كېيىن چارۋا يىلمۇ يىل كۆپىيىشكە باشلاپ ، 1990 - يىلىغا يەتكەندە چارۋا سانى 104 مىڭ تۇياققا يەتتى.
كەلپىن ناھىيىسىدىكى تۆگە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي تۆگە سانىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىدىكى بىر چوڭ ئۈستۈنلۈك ھېسابلىنىدۇ. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە تۆگە سانى 2900 گە يەتتى.
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى 1956 - يىلغىچە يەككە ئىگىلىكتىن ئىبارەت بولغانىدى. تۆگىلەر ئائىلىلەر بويىچە تاغلىق رايوندا كۆچمەن ھالەتتە بېقىلاتتى. 1956 - يىلى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى داۋامىدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى باھاغا سۇندۇرۇپ پاي ھېسابىدا كوپېراتىپقا قوبۇل قىلىش ۋە تارقاق چارۋىلارنى ۋەكالىتەن بېقىشتىن ئىبارەت ئۆزگەرتىش چارىسىنى قوللىنىپ ، چارۋىنى كوپېراتىپنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. بۇ مەزگىلدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاقچى ، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرىدە كۆچمەن ياشاۋاتقان چارۋىچىلار ۋە چارۋا ماللارنى ئۆز جايىدا ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. ئاقچى ،ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرى ئۆز دائىرىسىدە كوپېراتىپ تەشكىل قىلدى. 1958 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە خەلق گوڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. چارۋىچىلارمۇ گوڭشېغا ئەزا بولۇپ كىردى. 1985 - يىلى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، چارۋا ماللار شەخسلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ بېقىپ باشقۇرۇشىغا تەقسىملەپ بېرىلدى.

# I باب

# ئوتلاق

## § 1 . ئوتلاق كۆلىمى

كەلپىن ناھىيىسىدىكى تەبىئىي ئوتلاقلاردىن پايدىلانغىلى بولىدىغىنى ئاران 2 مىليون 10 مىڭ مو بولۇپ ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 21 .15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ، ئۇنىڭدا جەمئىي 64 مىڭ 22 .398 تۇياق چارۋا (قوي بىرلىكى بويىچە ھېسابلاندى ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئوتلىيالايدۇ. جۈملىدىن ئوتلاقنىڭ شىمالىي تاغلىق رايونغا جايلاشقىنى 492 مىڭ 700مو بولۇپ ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 21 .7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .بۇنىڭدا 16 مىڭ 1 .450 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ. جەنۇ-

بىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكتە (ئويمانلىقتا) پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 25 مىڭ 500 مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 7. 99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدا 42 مىڭ 948. 29 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ.

ئوتلاق كۆلىمى جەھەتتە تۈزلەڭلىكتىكى ئوتلاقتاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلاردىن چوڭ. تۈزلەڭ، چۆل ـ باياۋاندىكى ئوتلاقلار بىلەن ئويمان شورلۇق يەرلەردىكى ئوتلاقلارنىڭ تۇپراق قاتلىمى قېلىنراق، توپىسى يۇمشاق ھەم تۈز، يەر ئۈستىدە تۇز تەركىبى سەل يۇقىرى؛ تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلارنىڭ تۇپرىقى يىرىك، يانتۇلۇقى زور، جىلغىلار چوڭقۇر، ئوت ـ چۆپ مىقدارى ئازراق، ئومۇمەن ھەر بىر مو ئوتلاقتىن چىقىدىغان ھۆل ئوت 6 .17—83 .503 كىلوگرام كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاران ئالتە ئۆرۈڭدىن مو بېشىغا125 كىلوگرامدىن يۇقىرى ھۆل ئوت چىقىدۇ. باشقا جايلاردا مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 49 .95 كىلوگرامدىن ئازراق ھۆل ئوت چىقىدۇ.

كەلپىندە سۇ ئاز، سۇنىڭ سۈپىتى ناچار، مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، ئوتلاقلارنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. تاغلىق رايونلاردا چارۋىنى ئۇزاقراق بېقىش نەتىجىسىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بەزى تاغلىق رايونلاردا بۇلاقلارنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇدىن قىسىلىپ قالغان. بەزى تاغلىق رايونلاردا چارۋا ماللار ھەپتىدە ئاران بىر قېتىم سۇ ئىچەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىچىش ئۈچۈن دائىم نەچچە ئون كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كەلگەن. تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلاردا چارۋىلار ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئوت ـ چۆپ ناھايىتى ئاز.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى پاكار ئۆسكەن بولۇپ، ئوت ـ چۆپ قاتلىمى ئاران 3—5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئوت بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى ئاران %70—%80 گە يېتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ھەر بىر مو ئوتلاقتىن 15 .104 كىلوگرام قۇرۇق ئوت چىقىدۇ. ناھىيە بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك ۋە 1 ـ، 2 ـ خىل ئوتلاق يوق. ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشى شالاڭ بولۇپ، كۆپىنچىسى يېقىلغۇ ئۆسۈملۈكلىرى ياكى يېرىم ئوتۇن تۈرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت، تۆگە بېقىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوتلاق 815 مىڭ 800 موغا يېتىدۇ.

ئېقىلمىنىڭ قۇرغاقلىقى، يامغۇرنىڭ ئازلىقى، يەنە كېلىپ سۇغىرىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن كەلپىندە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشى ئاستا، لېكىن چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشى بىر قەدەر تېز بولىدۇ. شۇڭا، ئوتلاقلاردا چارۋىلارنى بېقىش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىپ، ئوتلاقلاردا ئومۇميۈزلۈك چېكىنىش يۈز بەرگەن. بەزى ئوتلاقلارنىڭ ئاقچى ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلار بىلەن بولغان چېگرىسى ئېنىق ئايرىلمىغانلىقتىن، كىرىشتۈرۈپ مال بېقىلىپ، چارۋا ماللارنى ئوتلاقتا بەك كۆپ بېقىش ئەھۋالى كۆچىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 70 ـ يىللاردا ئوتلاقلار ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئاشلىق تېرىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىلغۇ مەزگىلىدە سۇ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەدرىجىي ھالدا 66 مىڭ مودىن ئارتۇق ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئوتلاق تاشلىنىپ قالدى. بۇ تاشلىنىپ قالغان ئوتلاقلار 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوت ـ چۆپ بولۇق ئۆسىدىغان يەرلەر ئىدى.

## § 2 . ئوتلاق تۈرى

كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلار 14 رايونغا جايلاشقان بولۇپ، ئالتە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## 1 . تۈزلەڭ چۆللۈكتىكى ئوتلاقلار

تۈزلەڭ چۆللۈك ئوتلاقلىرى ئاچال يېزىسىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىگە جايلاشقان ، كۆلىمى 591 مىڭ 700 مو ، پايدىلانغىلى بولىدىغىنى 544 مىڭ 400 مو بولۇپ ، ناھىيە بويىچە ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 27.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . بۇ ئوتلاقلاردا 21 مىڭ 344.03 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ . ئەمما بۇ ئوتلاقلارنىڭ سۈيى كەمچىل ، تۇپرىقى قۇۋۋەتسىز بولغاچقا ، پەقەت شورغا ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئۆسۈملۈكلەرلا ئۆسەلەيدۇ . يىرىك ئوت - چۆپلەرنى يېيىشكە لايىق تۆگە ، ئۆچكە ، ئات ، كالا قاتارلىق چارۋىلارنى ياز پەسلىدە بېقىشقا بولىدۇ .

تۈزلەڭ چۆللۈكتىكى ئوتلاقلارنى تۈزلەڭ شورلۇقتىكى ئوتلاقلار ۋە تۈزلەڭ چۆللۈكتىكى ئوتلاقلار دەپ ئايرىشقا بولىدۇ .

**تۈزلەڭ شورلۇقتىكى ئوتلاقلار** يەر يۈزىدە دائىم 3 — 5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شور قەۋەت بولىدۇ . ئۇ تېپىك شور تۇپراققا كىرىدۇ . بۇ ئوتلاقلار ئاساسەن گەزلىك يېزىسى بىلەن ئاچال يېزىسى ئەتراپىغا جايلاشقان ، كۆلىمى 281 مىڭ 400 مو كېلىدۇ . ئۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇشۇ خىلدىكى ئوتلاقلار كۆلىمىنىڭ 51.69 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ .

**تۈزلەڭ چۆللۈكتىكى ئوتلاقلار** ئاساسەن ئاچال يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ، كۆلىمى 285 مىڭ 800 مو كېلىدۇ . پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 262 مىڭ 900 موغا يېتىپ ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بۇ خىلدىكى ئوتلاقلارنىڭ 48.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .

## 2 . تاغلىق چۆللۈكتىكى ئوتلاقلار

بۇ ئوتلاقلار ناھىيىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى پاكار تاغ - داۋانلارغا جايلاشقان ، كۆلىمى 726 مىڭ 200 مو كېلىدۇ . پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 689 مىڭ 900 مو بولۇپ ، ناھىيە بويىچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 34.37 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . ئۇلاردا 9093.19 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ . بۇ جايلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق ئىقلىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن تېپىك تاغلىق چۆللۈكنىڭ قۇرغاق ئىقلىمىنى شەكىللەندۈرگەن ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 90 ممللىمېتىردىن تۆۋەن ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى بولۇپ 2900 ممللىمېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ . بۇ يەرنىڭ تۇپرا قاتلىمى نېپىز ، تۇپرىقى قۇۋۋەتسىز ، يەر يۈزى تۇپرا بىلەن ئۇششاق تاشلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان قوڭۇر تۇپراقبولۇپ ، چاتقال ۋە تۆرى ئاز بولغان پاكار ، ئۇششاق يېيىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ .

## 3 . تاغدىكى چۆل يايلاق ئوتلاقلىرى

تاغدىكى چۆل يايلاق ئوتلاقلىرى يايلاق ئوتلىقىغا ئۆتۈش ئۆتكۈنچى خاراكتېردىكى ئوتلاق بولۇپ ، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ، ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپرەك ، تۇپراقتا ئورگانىك ماددا خېلى كۆپ ، يېيىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى خېلى يۇقىرى ، ئوت - چۆپ تۈرىمۇ خېلى كۆپ . بۇنداق ئوتلاق ناھىيىنىڭ غەربى ۋە غەربىي شىمالىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2500—2700 مېتىر ئېگىز بولغان ئوتتۇرا ھال تاغلارغا جايلاشقان ، كۆلىمى 122 مىڭ 600 مو كېلىدۇ . پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 116 مىڭ 500 موغا يېتىپ ، ناھىيە بويىچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 5.98 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭدا 2525.75 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ . تاغ گەۋدىسىنىڭ كەسمە يۈزى بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ ، قىسمەن جايلىرى بىر قەدەر تۈز ، جىگەررەڭ كالتسىيلىق تۇپراقتا چاتقال ۋە يېرىم چاتقال ، ئەمەن ۋە باشقا باشاقلىق ئوتلار ئۆسىدۇ . ئۇلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى %20 — %25 . يۇقىرى قەۋەتتىكى چاتقال ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئېگىزلىكى 20 — 30 سانتىمېتىر ، تۆۋەن قەۋەتتىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئېگىزلىكى 15 — 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ .

**4 . ھاۋاسى سوغۇق ئېگىزلىككە جايلاشقان ئوتلاقلار**

بۇ خىلدىكى ئوتلاقلار يۇرچى يېزىسىنىڭ قارا چوققا ، ھېيتىكە جىلغىسى قاتارلىق ئورۇنلىرىغا جايلاشقان ، كۆلىمى 102 مىڭ 800 مو ، پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 97 مىڭ 700 مو بولۇپ ، ناھىيىدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 4.85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ ، ئۇنىڭدا 2427 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ . ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان . بۇ ئوتلاقلار نەم بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئوت ـ چۆپ تۇرىمۇ كۆپ ، ئاساسەن ، بۈك ئۆسىدىغان باشاقلىق ئوتلار ۋە يۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ . بۇ يەردە سۇ تۇپراقنى ئاسان ئېقىتىپ كېتىدىغانلىقتىن ئېكولوگىيىسى سەل ناچار . ئادەتتە ، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا ، ئوت ـ چۆپلىرى پاكار ئۆسىدۇ .

**5 . ئويمان يەرلەردىكى سازلىق ئوتلاقلار**

بۇنداق ئوتلاقلار ، ئاساسلىقى ، قەشقەر دەرياسىنىڭ غەربى ، ئاچال يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ ، ئىنتايىن قۇرغاق چۆل ئىقلىمى شارائىتىدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن . يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئون مېتر ئەتراپىدا ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1030 — 1070 مېترغىچە كېلىدۇ ، كۆلىمى 523 مىڭ مو ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 481 مىڭ 100 مو بولۇپ ، ناھىيە بويىچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 24.67 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭدا 26 مىڭ 604 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ .

**6 . ئېگىز ھەم سوغۇق جايلاردىكى سازلىق ئوتلاقلار ( ئوتى ئورۇۋېلىنىدىغان تەبىئىي ئوتلاقلار )**

ئوتى ئورۇۋېلىنىدىغان تەبىئىي ئوتلاقلار ئەرەمجان تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان ، كۆلىمى 1249.5 مو ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 1187.03 مو ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2400 مېتر ، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ـ باراقسان ئۆسىدۇ . ئوت بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى 75% — 80% گىچە ، ئوت قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 60 — 65 سانتىمېتر ، ھەر مو ئوتلاقتىن 500 كىلوگرام ھۆل ئوت يىغىۋېلىنىدۇ ، ئۇنىڭدا 284.6 تۇياق چارۋا ئوتلىيالايدۇ . بۇ ئىككىنچى خىل 5 ـ دەرىجىلىك ئوتلاققا كىرىدۇ . ئوتلاقنىڭ ھاۋاسى سوغۇق ، نەم بولۇپ ، تاغ گەۋدىسى سەل يانتۇ ، توپا قەۋىتى سەل قېلىن بولغان تەسكەي قاپتال ۋە ئويمان يەرلەردە ھاسىل بولغان . ئوتلاقنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 2900 مېتىردىن ئېگىزرەك كېلىدۇ . تۇپراق تەركىبىدە ئورگانىك ماددا مول ، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى يېتەرلىك ، ئۆششاق مۈخ ، ئەمەن ۋە باشقا ئوت خىلىدىكى يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ .

# § 3 . ئوتلاق قۇرۇلۇشى

ئوتلاق قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا باشلانغان . ئۇ چاغلاردا چارۋا باقىدىغان يەردە بىر نەچچە ئېغىز ئادىي ئۆي سېلىنغان ۋە بىر مۇنچە ئادىي كۆللەر كولانغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئوتلاق قۇرۇلۇشى خېلى تەرەققىي قىلدى . 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە مالچىلار يېتىپ قوپىدىغان 189 ئېغىز ئۆي سېلىندى ، ئىككى ئورۇندا سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش نۇقتىسى ، 184 قوتان بەرپا قىلىندى ، بەش ئورۇندا كۆل ، ئالتە ئورۇندا توسما ياسالدى ، 40 قۇدۇق كولاندى ، سەككىز بۇلاق كۆزى ئېچىلدى ، بەش كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى ، 1400 مو ئوتلاق قاشالاشتۇرۇلدى ، سۈنئىي ئۇسۇلدا 2000 مو ئوتلاق بەرپا قىلىندى ، 100 مو يەردە كۆچەت تىكىلىپ ئورمانبىنا قىلىندى .

## § 4 . ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەك

ناھىيە بويىچە ئوتلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلەردىن چىقىدىغان ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەكنىڭ ئومۇمىي مىقـ
دارى خېلى كۆپ ، ناھىيە بويىچە ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەك چىقىدىغان 100 مىڭ مو يەر بار ، تېرىلىدىـ
غىنى 50 مىڭ مودىن ئارتۇق ، ھەر يىلى 14 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامدىن ئوشۇق شاخ ـ سامان ۋە ئوت ـ
چۆپ ئېلىنىدۇ ، پايدىلىنىش نىسبىتى %80كە يېتىدۇ ، 24 مىڭ 510 تۇياق چارۋىنى باقىقلى بولىدۇ. ئېلىـ
نىدىغان ھەر خىل يەم ـ خەشەك 547 مىڭ 300 كىلوگرام بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن 2307 تۇياق قوي باقىقلى
بولىدۇ. ھەر يىلى 10 مىڭ موچە يەرگە كۆممىقوناق تېرىلىدۇ ، قوناق شېخىدىن 15 — 20 مىڭ توننا سىـ
لوس تەييارلىغىلى بولىدۇ ، بۇ ئۇسۇل ياخشى ئۈنۈم بەردى. ناھىيە بويىچە ئورمانلىق ، ئورمان ئارىسىـ
دىكى بوز يەر ، چاتقال ئورمانلىق 8 مىليون 493 مىڭ 800 موغا يېتىدۇ ، بۇلاردىن 170 نەچچە مىليون كىـ
لوگرام ئوت ـ چۆپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 42 مىڭ 286 تۇياق چارۋىنى باقىقلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشـ
قا ، پارچە ـ پۇرات يېيىنچا ئۇسۇملۇكلەردىن پايدىلىنىپ يەنە 36 مىڭ 985 تۇياق چارۋىنى باقىقلى بولـ
دۇ. ئەگەر ئوتلاقلاردىن تولۇق پايدىلىنىلسا ، ئوتلاقلارنىڭ يۈكنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

# II باب

# چارۋا مال تۈرلىرى

كەلپىن ناھىيىسىدە چوڭ چارۋىدىن ، ئاساسەن ، كالا ، ئات ، تۆگە ، ئېشەك ، قېچىر قاتارلىقلار ؛
ئۇششاق چارۋىدىن قوي ، ئۆچكە ، چوشقا قاتارلىقلار بار.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ ، مۇـ
ئەييەن نەتىجىگە ئېرىشىلدى.

## § 1 . تۆگە

ئىقلىم ، ئوتلاق تىپى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، تارىختىن بۇيان ، كەلپىن ناھىيىسى ئاقسۇ
ۋىلايىتى بويىچە تۆگە ئەڭ كۆپ بېقىلىدىغان ناھىيە بولۇپ كەلدى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2845 تۆـ
گە بولۇپ ، 1949 ـ يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتتى ، 1985 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 3000 غا يېقىن تۆگە ئازـ
يىپ كەتتى ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ، بىرىنچىدىن ، تۆگىلەر باھالاپ ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن ، باشقۇرۇش
بوشاپ كېتىپ ، تۆگىلەر كۆپلەپ سېتىۋېتىلگەن ، سويۇۋېتىلگەن ؛ ئىككىنچىدىن ، ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق بوـ
لۇپ ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەن ، كۆپلىگەن چاكاندا كولاپ كېتىلگەن ، شۇنىڭ بىلەن ، تۆگىلەر ئوتـ

www.uyghurkitap.com

تىن قىسىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، قان سپورا قۇرتى، ئېغىز پەردە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقالغان.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى تۆگىلەر تىپىك جەنۇبىي شىنجاڭ تۆگىلىرىگە تەۋە بولۇپ، يۇڭىنىڭ رەڭگى بېغىررەڭ، ئاق كېلىدۇ؛ جۇغى ئىنچىكە، بېشى چىرايلىق، بۇرنى تۈز، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، بوينى ئۇزۇن، پۇتى ئۇزۇن، كۆكرىكى سەل ئىچكىرى، لېكىن ئانچە كەڭ ئەمەس، دۈمبە مويلىرى سەل قىسقا. بۇنداق تۆگە تىۋىت ئېلىشقا، گۆشىنى يېيىشكە، ئىشلىتىشكە يارايدىغان تۆگە تىپىغا كىرىدۇ. چوڭ تۆگىلەردىن يىلىغا ئوتتۇرىچە بەش كىلوگرام تىۋىت چىقىدۇ. كەلپىن تۆگىلىرى «چۆل كېمىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى تاغ - داۋانلاردىن ئاشالايدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارغىمۇ ئىگە.

## § 2 . قوي - ئۆچكە

كەلپىن ناھىيىسىدە قوي ۋە ئۆچكە بېقىلىدۇ.

**1 . قوي**

قوي كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرى. 1989 - يىلى 49 مىڭ 337 تۇياق قوي بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 49.93 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1972 - يىلدىن ئىلگىرى گۆش ۋە يېغىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان يېرىك يۇڭلۇق قوي ئاساس قىلىنغانىدى. پەقەت ئاز ساندىلا تاشقورغان يوغان قۇيرۇقلۇق قويىنىڭ ئەۋلادى بار ئىدى. 1972 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئەلتىرە قويى يېتىشتۈرۈلىدىغان رايون قىلىپ بېكىتىلدى. 1974 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدىكى ساۋخۇدىن 476 تۇياق نەسىللىك قارا كۆل قوشقىرى («ئۈچ شىمال» قويى) كەلتۈرۈلۈپ، قوي نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى باشلاندى. ئىككى يىل شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەلتىرە قويىنىڭ سانى 10 مىڭ 334 تۇياققا يەتكۈزۈلدى. جۈملىدىن بىرىنچى ئەۋلاد ئەلتىرە قويى 4310 تۇياققا، ئىككىنچى ئەۋلاد ئەلتىرە قويى 2591 تۇياققا يەتتى. يەنە تۆت يىل نەسلىنى ياخشىلاش ۋە تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق 1980 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئەلتىرە قويى يېتىشتۈرۈلىدىغان رايونغا ئايلاندى. 1980 - يىلدىكى باھالاش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، كەلپىن ناھىيىسىدىكى قويلار ئارىسىدا قارا كۆل، ئەلتىرە قويى ۋە ئۇنىڭ نەسلى ياخشىلانغان ئەۋلادى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن. لېكىن نەسلى ياخشىلانغاندىن كېيىن، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، نەسلى ياخشىلانغان قويلار يۇڭىنىڭ ساپلىقى بۇزۇلۇپ رەڭگى تۇتۇقلىشىپ، بۇدرە ھالقىلىرى قالايمىقانلىشىپ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئەلتىرە قويلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گۆش قويىغا ئايلىنىپ قالغان.

**2 . ئۆچكە**

كەلپىندىكى چارۋا ماللار ئىچىدە قويدىن قالسا ئۆچكە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 978 تۇياق ئۆچكە بولۇپ، تاغ ئوتلاقلىرىدا بېقىلىدىغان ئۆچكە، قوي سانىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆچكىلىرى يەرلىك سورتقا تەۋە بولۇپ، يېرىك يەم - خەشەك بىلەن ئوزۇقلىنىشقا لايىقلاشقان، تېنى ساغلام، كۆركەم، كېسەللىككە چىداملىق، يۇڭ، گۆش، تىۋىت، سۈت بېرىدۇ. چوڭ ئۆچكىلەرنىڭ ھەر بىر تۇيىقىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىلوگرام ئەتراپىدا تىۋىت چىقىدۇ. چوڭ تېكىسنىڭ ئېغىرلىقى 35 — 45 كىلوگرام ئارىلىقىدا، چىشى ئۆچكىسىنىڭ ئېغىرلىقى 25 — 35 كىلوگرام ئارىلىقىدا كېلىدۇ. كۆپىيىش نىسبىتى 75% — 95% ئەتراپىدا بولىدۇ، نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يېتەرلىك ئىشلەنمىگەچكە ئۆچكىلەرنىڭ تىۋىت رەڭگى ساپ بولمىغان، قوش تۈللەش ۋە تۈللەرنىڭ ئەمىي بولۇش نىسبىتى سەل تۆۋەنلەپ كەتكەن.

## § 3 . باشقا چارۋاماللار

**1 . ئېشەك**

كەلپىن ئېشەكلىرىنىڭ جۇغى كىچىك ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئومۇمەن 1.10 مېتىر ، كۆپىيىش ، ئەي بولۇش نىسبىتى 40% — 70% ، يېرىك يەم ـ خەشەك بىلەن ئوزۇقلىنىشقا كۆنۈك ، سوغاققا ، كېسەلگە چىداملىق ، ئوت سەرپىياتى تۆۋەن ، ئىشلەش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ ، ئاساسەن ، يېزىلاردا بېقىلىدۇ . ئېشەك دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش جەھەتلەردىكى كەم بولسا بولمايدىغان قورالى . ئىككى ئېشەكنى ساپانغا قوشۇپ يەر ھەيدەش كەلپىندە بىر خىل ئادەت ھېسابلىنىدۇ . 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئېشەك 4814 كە يەتتى .

**2 . كالا**

كالا كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسلىق چوڭ چارۋا خىللىرىنىڭ بىرى . كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى سىستېمىلىق ئىشلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ، كالا نەسلى شالغۇتلىشىپ كەتكەن . كەلپىنگە سۈت ئېلىشقا ۋە ئىشلىتىشكە بولىدىغان شىمالنىڭ نەسىللىك ئالا كالىلىرى كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى ناچار ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى سەل تۆۋەن بولغاچقا شاللىۋېتىلدى . كېيىنچە يەنە سىمىنتال كالىسى كەلتۈرۈلۈپ ، قوڭغۇر كالا بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ ، كالا نەسلىنى ياخشىلاشتا مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى . گۆش ۋە سۈت مىقدارى ئاشتى .

**3 . ئات ، قېچىر**

كەلپىندە ئات ، قېچىرنىڭ سانى سەل ئاز . 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئات 484 كە ، قېچىر 78 گە يەتتى . ئۇلار ئاساسەن ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بېقىلىدۇ . نەسىل جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭ ئېتى ئاساس قىلىنىپ ، ئاساسەن مىنىشكە ئىشلىتىلىدۇ ھەم ترانسپورتقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ .

**4 . چوشقا**

چوشقا ناھايىتى ئاز . 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىككى چوشقا فېرمىسى بولۇپ ، چىقىم قىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولدى . 1959 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى يىل ئاخىرىدىكى چوشقا سانى ئاران 100 تۇياق ئەتراپىدىلا بولۇپ كەلدى ، ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلى 400 تۇياققا يەتتى . چوشقىنىڭ ئاساسلىق نەسللىرىدىن يوركېشا ، چاڭبەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يوغان ئاق چوشقىلىرىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئەۋلادلىرى بار .

# III باب

# بېقىش ـ باشقۇرۇش

## § 1 . چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بېقىش ـ باشقۇرۇش

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئوتلاق كۆلىمى كەڭ بولسىمۇ ، لېكىن ئوت ـ چۆپ مەھسۇلاتى تۆۋەن ، سۇ تولىمۇ كەمچىل ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋا ماللار ، ئاساسەن ، ئىپتىدائىي ھالەتتىكى كۆچۈپ يۈرۈپ ئوتلىتىش ئۇسۇلى بويىچە بېقىلىدۇ . چارۋا پادىلىرى يېرىم يىغىنچاق ، يېرىم تارقاق شەكىلدە بېقىلىدۇ . قىش

پەسلىدە چارۋا ماللارنىڭ 70 پىرسەنتى ، ياز پەسلىدە چارۋا ماللارنىڭ 90 پىرسەنتى تاغلىق رايوندا بېقىلىدۇ .

1 - ۋە 2 - ئايلاردا چارۋىلارنى ۋە بوغاز ماللارنى قوغداش ھەم ئۇلارنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش ئاساس قىلىنىدۇ . بۇ چاغدا ھاۋا سوغۇق ، يەم - خەشەك بىر قەدەر ئاز بولغانلىقى ، چىشى چارۋىلار بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى پەيتىدە تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئومۇمەن ، چارۋىلار كۈنگەي يانباغىرلاردىكى ، شامال تەگمەيدىغان ، ھاۋاسى سەل مۆتىدىل بولغان پاكار تاغ ئېدىرلىرىدىكى ئوتلاقلاردا قوتاندىن ۋاقىچە چىقىرىپ ، بالدۇر قايتۇرۇپ كېلىش يولى بىلەن بېقىلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، قوشۇمچە ئاز - پاز يەم - خەشەك بېرىلىدۇ . تاغلىق رايوندىكى ئوتلاقلاردا سۇ بەك قىس بولغاچقا ، بىر مۇنچە چارۋىچىلار قىشتا ئاچال ۋە زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئوتلاقلارغا كۆچۈپ كېلىپ مال باقىدۇ. 3 - ، 4 - ئايلارنىڭ ئوتتۇرىسى بوغاز ماللار تۇغۇلىدىغان پەيت بولۇپ ، ماللار كۆكلەملەرگە كۆچۈرۈلىدۇ . چارۋىچىلار قوتانلارنى ۋە تۇل ئېلىش ئۆيلىرى بىلەن تۇللەرنى ئاسراش ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، تۇل ئېلىش ۋە تۇللەرنى ئاسراش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ . بۇچاغ ئوت - چۆپلەر ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلايدىغان سېرىقتال پەيت بولۇپ ، چارۋا ماللارنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرغىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇللىگەن ساغلىقلار ، كېسەل ۋە ئاجىز ماللاردا چىقىم كۆپ بولىدۇ . بۇ چاغدا ئۆلگەن چارۋىلار پۈتۈن يىلدا ئۆلگەن چارۋىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ .

ئوتلاق بەك قىس بولغاچقا كەلپىن ناھىيىسى ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا ۋە ئوتلاق باشقۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ، چارۋىچىلار ئوتلاقتىن پايدىلىنىش گۇۋاھنامىسىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئوتلاقنى رايونغا ئايرىپ ، چارۋىلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېقىپ ، ئوتلاقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، چارۋىلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشىنى تەمىن ئەتتى .

## § 2 . دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى بېقىش - باشقۇرۇش

دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋا ماللار يېرىم قوتاندا بېقىش ، يېرىم دالىدا بېقىش شەكلىدە بېقىلىدۇ . مۇنداق بېقىلىدىغان چارۋىلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس . ئادەتتە بۇلار نۆۋەت بىلەن ئاق تاشلانغان يەر ۋە چۆل ئوتلاقلاردا بېقىلىدۇ . دېھقانلار چارۋىلارنى بېقىش جەريانىدا مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان . ئۇلار چارۋىلارغا مۇۋاپىق ۋاقىتتا قوشۇمچە يەم - خەشەك بېرىپ ، چارۋا پادىلىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ . 1966 - 1976 - يىللاردىكى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا « سىنىپي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش » ، « كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش » قاتارلىق « سول » خاتا ئىدىيىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دېھقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ قالدۇرۇق چارۋىلىرىنى بېقىشىغىمۇ يول قويۇلمىدى . پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، چارۋا ماللار باھالاپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى ، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئۆسۈپ ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى .

www.uyghurkitap.com

## 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى چارۋا ماللار سانىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 5 ـ 1 بىرلىكى: تۇياق

| تۈرى / يىل | چوڭ چارۋا | | | | | | كىچىك چارۋا | | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كالا | ئات | تۆگە | قېچىر | ئېشەك | كىچىك جەمئىي | قوي | ئۆچكە | چوشقا | كىچىك جەمئىي | |
| 1949 | 3131 | 667 | 2955 | — | 4418 | 11171 | 18993 | 6200 | — | 25193 | 36364 |
| 1950 | 3340 | 779 | 3020 | — | 4479 | 11618 | 22101 | 7285 | — | 29386 | 41004 |
| 1951 | 3137 | 703 | 3175 | — | 4732 | 11747 | 26797 | 8353 | — | 35150 | 46897 |
| 1952 | 3324 | 695 | 3140 | 1 | 4984 | 12144 | 25272 | 9412 | — | 34684 | 46828 |
| 1953 | 3882 | 834 | 3536 | 2 | 5718 | 13972 | 27025 | 10602 | — | 37627 | 51599 |
| 1954 | 4155 | 817 | 3898 | 3 | 5671 | 14544 | 31618 | 11480 | — | 43098 | 57642 |
| 1955 | 4137 | 745 | 4028 | 2 | 5022 | 13934 | 28591 | 11519 | — | 40110 | 54044 |
| 1956 | 4212 | 800 | 4187 | 3 | 5010 | 14212 | 30720 | 11614 | — | 42334 | 56546 |
| 1957 | 3139 | 696 | 3875 | 2 | 5076 | 12788 | 27274 | 10130 | — | 37404 | 50192 |
| 1958 | 2743 | 533 | 3871 | 3 | 4986 | 12136 | 29307 | 8707 | 23 | 39037 | 50173 |
| 1959 | 2337 | 580 | 3889 | — | 4487 | 11293 | 32314 | 10535 | 111 | 42960 | 54253 |
| 1960 | 2268 | 589 | 3798 | — | 4358 | 11013 | 24127 | 9400 | 296 | 33823 | 44836 |
| 1961 | 3443 | 538 | 4033 | — | 4147 | 12161 | 20728 | 9493 | 353 | 30574 | 42735 |
| 1962 | 2269 | 364 | 3173 | — | 4503 | 10309 | 17818 | 8314 | 122 | 26254 | 36563 |
| 1963 | 2245 | 342 | 3062 | — | 4001 | 9650 | 14873 | 6226 | — | 21099 | 30749 |
| 1964 | 2486 | 394 | 3516 | 3 | 4498 | 10897 | 21299 | 10930 | — | 32229 | 43126 |
| 1965 | 2864 | 373 | 3783 | 4 | 4573 | 11597 | 22612 | 9723 | — | 32335 | 43932 |
| 1966 | 2861 | 376 | 3737 | 4 | 4334 | 11312 | 22702 | 10789 | — | 33491 | 44803 |
| 1967 | 3040 | 412 | 7867 | 4 | 4626 | 15949 | 24000 | 10632 | — | 34632 | 50581 |
| 1968 | 3200 | 409 | 3092 | 7 | 4871 | 11579 | 26229 | 12278 | — | 38507 | 50086 |
| 1969 | 2952 | 433 | 4079 | 11 | 4878 | 12353 | 22609 | 14208 | — | 36817 | 49170 |
| 1970 | 2562 | 326 | 3752 | 12 | 4542 | 11194 | 20841 | 12893 | 69 | 33803 | 44997 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| تۈرى / يىل | چوڭ چارۋا | | | | | | كىچىك چارۋا | | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كالا | ئات | تۆگە | قېچىر | ئېشەك | كىچىك جەمئىي | قوي | ئۆچكە | چوشقا | كىچىك جەمئىي | |
| 1971 | 2347 | 314 | 3432 | 4 | 4500 | 10597 | 21052 | 13898 | 385 | 35335 | 45932 |
| 1972 | 2107 | 344 | 3278 | 9 | 4481 | 10219 | 23841 | 17447 | 550 | 41838 | 52057 |
| 1973 | 2616 | 414 | 3955 | 9 | 4583 | 11577 | 26382 | 19331 | 239 | 45952 | 57529 |
| 1974 | 2333 | 490 | 3955 | 10 | 4632 | 11420 | 25117 | 17455 | 74 | 42646 | 54066 |
| 1975 | 2636 | 463 | 4082 | 15 | 4258 | 11454 | 25665 | 18030 | 64 | 43759 | 55213 |
| 1976 | 2274 | 435 | 4168 | 15 | 4044 | 10936 | 22350 | 18725 | 108 | 41183 | 52119 |
| 1977 | 2251 | 471 | 4528 | 17 | 4157 | 11424 | 21251 | 19931 | 278 | 41460 | 52884 |
| 1978 | 2265 | 508 | 4615 | 24 | 4100 | 11512 | 22495 | 23028 | 515 | 46038 | 57550 |
| 1979 | 2415 | 434 | 4581 | 18 | 4440 | 11888 | 26930 | 23172 | 417 | 50519 | 62407 |
| 1980 | 2360 | 387 | 4375 | 30 | 4781 | 11933 | 25569 | 22397 | 301 | 48267 | 60200 |
| 1981 | 2310 | 402 | 4327 | 42 | 4952 | 12033 | 29614 | 23096 | 300 | 53010 | 65043 |
| 1982 | 2568 | 448 | 4586 | 45 | 5260 | 12907 | 35882 | 26797 | 204 | 62883 | 75790 |
| 1983 | 2459 | 542 | 5332 | 59 | 4386 | 12778 | 41306 | 32134 | 159 | 73599 | 86377 |
| 1984 | 2843 | 523 | 5393 | 70 | 4841 | 13670 | 39094 | 32004 | 79 | 71177 | 84847 |
| 1985 | 2733 | 518 | 4450 | 59 | 4489 | 12249 | 35907 | 29100 | 73 | 65080 | 77329 |
| 1986 | 3064 | 454 | 2306 | 78 | 4185 | 10087 | 45615 | 28636 | 149 | 74400 | 84487 |
| 1987 | 3184 | 472 | 2200 | 80 | 4352 | 10288 | 47295 | 29548 | 152 | 76995 | 87283 |
| 1988 | 3703 | 471 | 2405 | 78 | 4689 | 11346 | 51982 | 34932 | 157 | 87071 | 98417 |
| 1989 | 4104 | 484 | 2845 | 79 | 4814 | 12326 | 49337 | 36978 | 159 | 86474 | 98800 |
| 1990 | 4669 | 507 | 3220 | 76 | 5013 | 13485 | 51299 | 39274 | 115 | 90688 | 104173 |

# IV باب

# چارۋا مەھسۇلاتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيسىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سان ، سۈپىتى يىلمۇ يىل زور دەرىجىدە ئاشتى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . گۆش 1982 – يىلى 1965 – يىلدىكىدىن 78.59% ، 1976 – يىلدىكىدىن 36.52% كۆپەيدى ، 1985 – يىلى يەنە 1982 – يىلدىكىگە قارىغاندا 30% ئاشتى . ھەر يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە گۆش مىقدارى 1965 – يىلدىكى 11.5 كىلوگرامدىن كۆپىيىپ 1982 – يىلدىكى 13.4 كىلوگرامغا يەتتى ، 1985 – يىلى يەنە كۆپىيىپ 17.4 كىلوگرامغا يەتتى . گۆش تۈرىدە قوي گۆشى ۋە چوشقا گۆشى ھەممىدىن تېز كۆپەيدى ، چوشقا گۆشى 1982 – يىلى 1965 – يىلدىكىگە قارىغاندا 2.4 ھەسسە ، قوي گۆشى 1.4 ھەسسە كۆپەيدى . 1985 – يىلى چوشقا گۆشى 1982 – يىلدىكىگە قارىغاندا يەنە 46.92% ، قوي گۆشى 16.9% ، ئۆچكە گۆشى 53.15% كۆپەيدى . بۇندىن باشقا ، قوي يۇڭى ، تۆگە تىۋىتى ، قوي تېرىسى ، كالا تېرىسى ، كالا سۈتى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى . ئۆچكە تىۋىتى مەھسۇلاتى ئۈزۈلدىن بۇيان ئانچە ئاشمىدى .

1986 – يىلى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك يۈز بەرگەنلىكتىن ، كالا ۋە ئۆچكە تېرىسىدىن باشقا چارۋا مەھسۇلاتلىرى 1985 – يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى ، تۆگە يۇڭى 61.11% ، ئۆچكە تىۋىتى 44% ، تۈرلۈك گۆش مىقدارى 26% كېمەيدى .

1989 – يىلى تۈرلۈك گۆش مىقدارى 506 توننىغا يېتىپ ، 1965 – يىلدىكىدىن 1.31 ھەسسە ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 38 توننا ، قوي گۆشى 333 توننا بولۇپ ، 1965 – يىلدىكىدىن كالا گۆشى 7.73 ھەسسە ، قوي گۆشى 6.78 ھەسسە ئاشتى . قوي يۇڭى 76 توننىغا يېتىپ ، 1965 – يىلدىكىدىن 5.74 ھەسسە ئاشتى ؛ تۆگە يۇڭى 12 توننىغا يېتىپ ، 1965 – يىلدىكىدىن 0.45 ھەسسە ئاشتى ؛ قوي تېرىسى 21 مىڭ 400 پارچىگە يېتىپ ، 1965 – يىلدىكىدىن 6.54 ھەسسە ئاشتى ؛ ئۆچكە تېرىسى 8900 پارچىگە يېتىپ ، 1965 – يىلدىكىدىن 82.6 ھەسسە ئاشتى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1965 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى مىقدارى

جەدۋەل 5 ـ 2

| يىل | گۆش | | | | | سۈت (كىلوگرام) | قوي يۇڭى (كىلوگرام) | ئۆچكە يۇڭى (كىلوگرام) | تۆگە يۇڭى (كىلوگرام) | ئۆچكە تىۋىتى (كىلوگرام) | كالا تېرىسى (پارچە) | قوي تېرىسى (پارچە) | ئۆچكە تېرىسى (پارچە) | ئات تېرىسى (پارچە) | ئىشەك تېرىسى (پارچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىچىك جەمئىي (كىلوگرام) | چوشقا گۆشى (كىلوگرام) | كالا گۆشى (كىلوگرام) | قوي گۆشى (كىلوگرام) | باشقا گۆشلەر (كىلوگرام) | | | | | | | | | | |
| 1965 | 206900 | 1350 | 4350 | 42800 | 158400 | 16040 | 11280 | 4530 | 8300 | | 32 | 2840 | 2390 | 5 | 23 |
| 1966 | 208360 | 1380 | 4380 | 43100 | 159500 | 16000 | 11350 | 4490 | 8210 | | 34 | 3100 | 2410 | 8 | 25 |
| 1967 | 210290 | 1400 | 4490 | 43400 | 161000 | 16100 | 11400 | 4710 | 8180 | | 35 | 2750 | 2710 | 6 | 24 |
| 1968 | 211950 | 1410 | 4540 | 43800 | 162200 | 16050 | 11390 | 4680 | 8200 | | 33 | 2800 | 2660 | 6 | 22 |
| 1969 | 215660 | 1440 | 4620 | 44500 | 165100 | 16510 | 11410 | 4720 | 8120 | | 38 | 2650 | 2750 | 7 | 28 |
| 1970 | 222650 | 1540 | 4510 | 45600 | 171000 | 16420 | 11700 | 4800 | 8410 | | 35 | 2710 | 2910 | 8 | 30 |
| 1971 | 234090 | 1740 | 4850 | 49500 | 178000 | 16500 | 12100 | 4900 | 8350 | | 40 | 2650 | 2850 | 5 | 32 |
| 1972 | 239050 | 1850 | 5000 | 56400 | 175800 | 16900 | 11950 | 4850 | 8200 | | 46 | 2700 | 2910 | 8 | 30 |
| 1973 | 249000 | 1800 | 4500 | 58600 | 184100 | 17250 | 12300 | 5000 | 8150 | | 44 | 2600 | 2950 | 6 | 28 |
| 1974 | 265300 | 2100 | 6400 | 66300 | 190500 | 17300 | 12750 | 5020 | 8100 | | 85 | 4300 | 2800 | 7 | 25 |
| 1975 | 281300 | 2200 | 8700 | 75300 | 195100 | 18200 | 12900 | 5050 | 8250 | | 93 | 5120 | 1750 | 9 | 28 |
| 1976 | 270665 | 2400 | 13650 | 52515 | 202100 | 17100 | 12800 | 5100 | 8100 | | 52 | 5420 | 2300 | 8 | 25 |
| 1977 | 311310 | 4100 | 4500 | 84180 | 218530 | 17300 | 13100 | 5810 | 8200 | | 25 | 3895 | 2410 | 10 | 12 |
| 1978 | 280630 | 3500 | 7900 | 49620 | 219610 | 16500 | 13000 | 5500 | 8000 | | 42 | 3400 | 2748 | 15 | 40 |
| 1979 | 272055 | 2720 | 2600 | 35045 | 231690 | 17250 | 14216 | 4912 | 10500 | 1912 | 55 | 3540 | 2665 | 22 | 35 |
| 1980 | 310000 | 4000 | 7500 | 73500 | 225000 | 17500 | 22500 | 5100 | 11000 | 1900 | 100 | 5418 | 5705 | 20 | 40 |
| 1981 | 311000 | 2500 | 15500 | 79000 | 214000 | 17400 | 26500 | 5150 | 12000 | 2000 | 358 | 5900 | 4830 | 19 | 35 |
| 1982 | 379500 | 8100 | 10000 | 124000 | 237400 | 17800 | 32000 | 5200 | 11150 | 2110 | 100 | 7300 | 4500 | 21 | 40 |
| 1983 | 330100 | 4100 | 20000 | 61000 | 245000 | 18000 | 32000 | 5250 | 13500 | 2200 | 195 | 5460 | 4878 | 19 | 38 |
| 1984 | 212050 | 4000 | 15700 | 65000 | 127350 | 2500 | 40700 | 12500 | 13300 | 3140 | 200 | 9530 | 5909 | 15 | 22 |
| 1985 | 211000 | 10000 | 10000 | 100000 | 91000 | 131000 | 37000 | 9500 | 13000 | 5000 | 100 | 15200 | 10500 | 18 | 25 |
| 1986 | 338000 | 8000 | 30000 | 172000 | 128000 | 150000 | 59300 | 11500 | 14000 | 5600 | 400 | 9600 | 7200 | 20 | 28 |
| 1988 | 436500 | 7500 | 30000 | 286000 | 113000 | 173000 | 80000 | 9000 | 12000 | 6250 | 300 | 1480 | 7600 | | |
| 1989 | 506000 | 3000 | 38000 | 333000 | 132000 | 160000 | 76000 | 9000 | 12000 | 6310 | 400 | 21400 | 8900 | | |
| 1990 | 726000 | 7000 | 80000 | 625000 | 14000 | | 78000 | 10000 | 13000 | 6656 | 500 | 21800 | 13900 | | |

# V باب

# چارۋامال كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئورگىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى كەسپىي خادىم يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، مال دوختۇرلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خادىملىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، 1989 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى قۇرۇلدى، مال دوختۇرلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خادىملىرى 24 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئىنژېنېر، ئۈچى ياردەمچى ئىنژېنېر، قالغانلىرى تېخنىكا خادىملىرى. ناھىيىدە مال دوختۇرلىرى ھەر يىلى ئىككى قېتىم يىغىپ تەربىيىلەندى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بويىچە، كېيىنكى يېرىم يىلدا نەسىللەندۈرۈش كەسپى بويىچە تەربىيىلەندى. چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى، چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قوشۇنىنىڭ زورىيىشى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئۆزگەرتىشتىن بۇيان، كەلپىن ناھىيىسىدە «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بويىچە ھەر تەرەپلىمە تەدبىرلەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى، كارانتىن قىلىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە قۇرت چۈشۈرۈش خىزمىتى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىنىپ، ئارىلىقتىكى پارازىت ئىگىلىرى يوقىتىلدى، كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش يولى ئېتىۋېتىلدى. جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك پەيدا بولغان ھامان دەرھال يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا دوكلات قىلىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىك پەيدا بولغان رايون تېزلىك بىلەن قامال قىلىنىپ كارانتىن قىلىندى، كېسەل چارۋىلار ئايرىم بېقىلىپ، ئۆزلۈك - كېسەل دېزىنفېكسىيە قىلىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىك تېزدىن يوقىتىلدى.

## § 1 . چارۋامال كېسەللىكلىرىنىڭ تۈرلىرى

**1 . پارازىت قۇرت كېسەللىكى**

پارازىت قۇرت كېسەللىكى ناھىيىدىكى چارۋىلار ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، ئۇنىڭ خىللىرى

كۆپ ، ئۇلار : ئۆپكە قىل قۇرتى ، تۆگە تىرپانو سوماسى ، ئات ئاشقازان بۆگىلەك قۇرتى ، قوي بۇرۇن قۇرتى ، كالا بۇرۇن ئوقىرەك قۇرتى ، سېنۇروز لىچىنكىسى ، جىگەر ياپىلاق قۇرتى ، كالا ، قوي ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى يىپچە قۇرتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ پارازىت قۇرتلار ئۇزۇن يىللىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئارقىسىدا ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى. پەقەت سېنۇروز لىچىنكىسى ، جىگەر ياپىلاق قۇرتى ۋە كالا ، قوي ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى يىپچە قۇرتى كېسەللىكى بەزى چاغلاردا يەنىلا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

## 2 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

ئاساسەن ئاتلاردا بولىدىغان ماڭقا كېسەللىكى ، قوزىلاردا بولىدىغان تولغاق كېسەللىكى ، ئۆچكىلەردە بولىدىغان يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردە ياللۇغى ، قويلاردا بولىدىغان قوتۇر كېسەللىكى ، چوشقا ۋاباسى ، قاتما كېسلى ، بروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكى ، كۆيدۈرگە كېسلى قاتارلىقلار بار بولۇپ ، بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى. تۆگىلەردە بولىدىغان ئېغىز پەردە ياللۇغى ، توخۇ خولېراسى ، قوي چېچىكى ، قويلاردا بولىدىغان قوتۇر كېسلى ، توخۇ ۋاباسى قاتارلىق كېسەللىكلەر بەزى چاغلاردا يەنە كۆرۈلمەكتە ھەمدە ئۇنىڭ زىيىنى بىر قەدەر چوڭ بولماقتا.

## 3 . كۆپ يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەر

دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەردىن زۇكام ، يېلىن ياللۇغى ، جىنسىي يول ياللۇغى ، ئۈچەي ياللۇغى ، ئاشقازاننىڭ كېرىلىپ كېتىشى ، ئۈچەي تارتىشىپ قېلىش ، شۇنىڭدەك تاشقى زەخمىلىنىشلەر بار. كۆپ يۈز بېرىدىغان بۇ كېسەللىكلەر ئومۇمەن ، ۋاقتىدا داۋالاندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بەزىدە زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

# § 2 . ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە كۆپ قېتىم يۇقۇملۇق كېسەللىك يۈز بەرگەن. ئۇ چاغدا ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش خادىملىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش تەدبىرلىرى بولمىغاچقا ، چارۋىلار ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى خېلى چىڭ تۇتۇلدى. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خادىملىرى كەسپكە ئاكتىپ بېرىلىپ ، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىپ ، چارۋىلاردىكى كېسەللىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا داۋالاپ ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى جىددىي تىزگىنلىدى ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا ، قەرەللىك ھالدا ۋاكسىنا ئوكۇلى سېلىپ ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، چارۋىلاردا كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى تىزگىنلىدى.

1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش خىزمىتى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىق ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ، تىزگىنلەنگەن بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

يەنە پەيدا بولدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى يېڭىباشتىن نورمال ئىزغا چۈشتى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ بېرىشىغا ۋە «ئۈچ ھايۋانلىرى، ئۈچ قۇشلىرىنى يوقۇتمىلۇق كېسەللىكلەردىن ساقلاش نىزامى»، «ئۈچ ھايۋانلىرى، ئۈچ قۇشلىرىنى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلاش نىزامىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەلپىن ناھىيىسىدە چارۋىلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى يىلدىن يىلغا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. 1976 ـ يىلى 1199 تال ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، كۆيدۈرگە كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن 65 مىڭ 976 تۇياق چارۋىغا ئوكۇل ئۇرۇلدى، 1978 ـ يىلى 47 مىڭ 173 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 2984 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا قۇرت چۈشۈرۈش ئوكۇلى ئۇرۇلدى؛ 9757 تۇياق قوي (قېتىم) ۋاننا قىلىندى، 1980 ـ يىلى 17 مىڭ 48 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى. 24 مىڭ 56 تۇياق قوي ۋاننا قىلىندى. 1981 ـ يىلى 28 مىڭ تال ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 21 مىڭ 66 تۇياق چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 53 مىڭ 811 تۇياق چارۋىدىكى برۇتسېللېيوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى، 5000 توخۇغا ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 95 مىڭ 856 تۇياق قوي (قېتىم) ۋاننا قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، 6232 تۇياق چارۋا تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە قىلىندى. 1982 ـ يىلى ئاچال يېزىسىدا ئاقسىل كېسىلى يۈز بەردى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر رايونى دەرھال قامال قىلىندى، باردى ـ كەلدى، ئاپتوموبىل ـ ھارۋا ۋە چارۋىلار قاتتىق تەكشۈرۈلدى، ئىككى ئايلىق ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى ئارقىلىق ياخشى نەتىجە قازىنىلدى. بۇ مەزگىلدە جەمئىي 27 مىڭ 112 دانە ئاپتوموبىل، ھارۋا، 46 مىڭ 811 ئادەم، 40 قۇر يۈك توقۇلما بۇيۇم، 82 مىڭ 88 دانە تېرە، 138 ئېشەك، 670 تۆگە تەكشۈرۈلدى. كېسىلى تەكشۈرۈلگەن تۆگە پۈتۈن ناھىيىدىكى تۆگە ئومۇمىي سانىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. برۇتسېللېيوز كېسىلىنىڭ مۇسبەتلىك نىسبىتى 0.15% ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى تۆگىلەردە كۆرۈلىدىغان برۇتسېللېيوز كېسىلىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. قان ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق پارازىت قۇرتلارنىڭ تارقىلىش نىسبىتىنىڭمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى. 1983 ـ يىلى 2876 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 3640 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا كۆيدۈرگىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 10 مىڭ 768 تۇياق (قېتىم) قوي ۋاننا قىلىندى، 20 مىڭ 746 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى 13 مىڭ 186 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 45 مىڭ 494 تۇياق (قېتىم) قوي ۋاننا قىلىندى، 29 مىڭ 915 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ھەر خىل كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 44 مىڭ 446 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا كۆيدۈرگىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى 28 مىڭ 315 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 37 مىڭ 540 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى برۇتسېللېيوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى، 289 مىڭ 163 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا كۆيدۈرگىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 73 مىڭ 680 تۇياق چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 23 مىڭ 541 دانە توخۇغا ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 16 مىڭ 724 تۇياق

(قېتىم) چارۋىدىكى ھەر خىل كېسەللىك داۋالاپ ساقايتىلدى. 1986 ـ يىلى 28 مىڭ 787 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 10 مىڭ 401 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى برۇتسىللىيوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى، 10 مىڭ 776 دانە توخوغا ئاق تولغاقتىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى. 10 مىڭ 776 توخۇغا ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى. 671 تۇياق (قېتىم) چارۋا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلاپ قېلىندى، 30 مىڭ 707 تۇياق قوي ۋاننا قىلىندى، 12 مىڭ 891 تۇياق چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى. 1987 ـ يىلى 94 مىڭ 712 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 2130 تۇياق چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 42 مىڭ 517 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى برۇتسېللىيوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى، 29 مىڭ 622 تۇياق چارۋىغا كۆيدۈرگىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 11 مىڭ 216 دانە توخۇغا ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 28 مىڭ 916 تۇياق چارۋا (قېتىم) ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەلدىن ساقلاپ قېلىندى، 70 مىڭ 180 تۇياق قوي ۋاننا قىلىندى. 1988 ـ يىلى 208 مىڭ 900 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى. 12 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 20 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى برۇتسېللىيوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى، 29 مىڭ 622 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا كۆيدۈرگىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 14 مىڭ دانە توخۇغا ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 94 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 67 مىڭ تۇياق قوي ۋاننا قىلىندى. 1989 ـ يىلى 239 مىڭ 600 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 14 مىڭ تۇياق چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 20 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى برۇتسېللىيوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى، 65 مىڭ 600 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا كۆيدۈرگىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى، 14 مىڭ دانە تېخۇغا ۋابادىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 45 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ۋاكسىنىسى ئۇرۇلدى، 67 مىڭ تۇياق قوي ۋاننا قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

ئالتىنچى قىسىم

# ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## ئالتىنچى قىسىم

# ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك

كەلپىن ناھىيىسىدە سۈنئىي ئورمانلاردىن سىرت غەربىي شىمال تاغلىق رايونىدا قارىغاي تەبىئىي قارىغايلىقى، شەرقىي جەنۇب تۈزلەڭلىكىدىكى قاراكۆل دەرياسى بويىدا قارا كۆل توغراقلىقى، يايدى يۇلغۇنلۇقى ۋە كۆرۈكلۈكى بار. سۆگەت، دۆنە، مەممەت توقاي، تايغاق، قارا شېغىل قاتارلىق جايلاردىمۇ خېلى كۆپ توغراقلىق ۋە سۆگەتلىك بار. شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئۆزىنىڭ مېۋىلىك بېغى بار بولۇپ، ئاساسلىقى، ئۆرۈكلۈك باغ، ئۆرۈكلۈك باغ كىرىمى باغ كىرىمىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلەيدۇ. قارا كۆل توغراقلىقى ۋە قارىغاي تەبىئىي قارىغايلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئورمانلىق دۆلەت ئىگىلىكىدە بولغاندىن سىرت، قالغان ئورمانلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كىم بەرپا قىلغان بولسا، شۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ۋە شۇنىڭ ئىلكىدە بولدى.

كەلپىن ناھىيىسىدە بىر قانچە تۈپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن سۆگەت دەرىخى بار، بۇنىڭ بىر تۈپى ناھىيە زېمىنىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دۆڭگە جايلاشقان. بۇ دەرەخ ئاستىدا بىر بۇلاق بار، بۇ سۆگەتنىڭ دىئامېترى بىر مېتىردىن ئاشىدىغان 13 تال شېخى بار، بۇنىڭ ئالتە تېلى كېسىۋېتىلگەن، قالغان يەتتە تېلىنىڭ ئىچىدىكى بىر تېلىنىڭ غولىنىڭ دىئامېترى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدۇ، مۆلچەرلەپ ھېسابلاشلاردىن قارىغاندا بۇ سۆگەت 800 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا دۆڭگە تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان قورام دېگەن جايدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۈپ سۆگەت بار.

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 557 مىڭ 200 مو (تۇتاش ئورمان 228 مىڭ 900مو) غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قارا كۆل ئورمان رايونىنىڭ كۆلىمى 549 مىڭ 400 مو، دېھقانچىلىق رايوندىكىسىنىڭ كۆلىمى 7841 مو.

كەلپىن باغۋەنچىلىكىدە ئاساسلىقى، ئۆرۈك ئۆستۈرۈلىدۇ. كەلپىن ئۆرۈكى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر. باشقا مېۋىلەر ئۆستۈرۈلسىمۇ، ئەمما سانى ئاز، سۈپىتى ئادەتتىكىچە، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش كۆلىمى ئانچە زور ئەمەس.

## I باب

## ئورمانچىلىق

### 1§ . تەبىئىي ئورمان

**1 . توغراقلىق**

قارا كۆل توغراقلىقى ئاچال تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىم توغراقلىقـ

نىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇ ئورغاقسىمان سوزۇنچاق بەلباغ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 48 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 — 5
كىلومېتىر، كۆلىمى 549 مىڭ 400 مو. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 40.7%، ياغاچ زاپىسى 540 مىڭ
كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئورمان مەيدانىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى يار قۇدۇق، شەرقىي چېگرىسى بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرۈش 3 - تۇەنىنىڭ 7 - لىيەندىن باشلىنىپ، دۆڭقوتان، جۇۋاز قۇدۇق، لەگلەك چولا بىلەن، غەرب ۋە
شىمال تەرىپى يايدى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قارا كۆل توغراقلىقىنى 1960 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى-
نىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك -
ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس باشقۇردى. ئورمان مەيدانى توققۇز ئورۇنغا ئورمان ئاسراش
قاراۋۇلخانىسى قۇردى، ئۇلار يات قۇدۇق، قىزىلتام، سەكسەن خامان، سۆگەت ئۆتەڭ، خۇمدان بېشى،
تومۇ، توما بېشى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 3 - تۇەنىنىڭ 4 - لىيەن، 7 - لىيەندىن ئىبارەت. 1962 - يىل-
دىن 1972 - يىلغىچە بەشتىن يەتتىگىچە ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا-
ۋامىدا توغراقلىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1972 - يىلى قارا كۆل تەبىئىي توغراقلىقىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 30 دىن ئارتۇق ئىشچى
ئالدى. ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ياغاچ سېتىشقا تايىنىپ تارقاتتى. 1983 - يىلدىن ئىلگىرى ھەر يىلى ئوت-
تۇرا ھېساب بىلەن 23 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق كېسىش، ئۇنىڭ
ئۈستىگە يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا ئانار كۆل (شاۋ خەيزى) سۇ ئامبىرى قۇرۇش سەۋەبىدىن سۇ
مەنبەئى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، توغراقلىق كۆكلەشتىن توختاپ، كۈندىن - كۈنگە قۇرۇپ كەتتى. 1984 - يىل-
دىن كېيىن باشقۇرۇش مۇكەممەل بولمىغاچقا، توغراقلىقنىڭ قالايمىقان كېسىلىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.
1985 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ، ئورمان مەيدانىنى ئاسراش
خىزمىتىنى ئاچال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى، ئاچال يېزىلىق ھۆكۈمەت ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى قوللى-
نىپ، شەخسلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەمما، ئورمانلار بۇزۇنقىدەكلا نابۇت بولىۋەردى.
1986 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، بەزى كونكرېت تەدبىرلەرنى
قوللاندى، مەسىلەن، ئورمان ئاسرىغۇچى خادىملارنى، ئەسلىھە - جاھازلارنى كۆپەيتتى ھەمدە خادىم ۋە
ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىشكىلا بولىدۇكى، كېمەيتىشكە بولمايدۇ دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىل-
نىڭ ئاخىرىدا قارا كۆل ئورمان ئاسراش پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 39 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە
ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئىشچىسى 35. بۇ پونكىت ئىلكىدە يەنە ئىككى تراكتور، ئۈچ ئېشەك، تۆت
كالا، ئىككى ئات، سەككىز تۆگە، 180 قوي بار. شۇنىڭدىن كېيىن ئورمانلىق بىر قەدەر ياخشى ئاسرى-
لىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

### 2. چۆللۈكتىكى چاتقاللىقلار

چۆللۈكتىكى چاتقاللىقلار تەبىئىي ئورمانلىقنىڭ چۆرىسىدىكى قۇملۇق بەلباغلارغا جايلاشقان بو-
لۇپ، يۇلغۇن، سۆكسۆك، كۆرۈك قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. قاپلىنىش نىسبىتى 8%. قۇم بارخانلىرى (دۆۋ-
لىرى) ئىچىدە مەلۇم ساندىكى يۇلغۇن كۆتەكلىرى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، ئۇنى ئوتۇن قىلىشقا كولاپ كېتىش
ئېغىر بولغاچقا، قۇمدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، قۇم ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئور-
مان كۆلىمى كېمىيىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

### 3. تاغلىق رايوندىكى ئورمانلار

كەلپىننىڭ تاغلىرىدا ئورمان بىر قەدەر ئاز، قىر تاغنىڭ تەسكەي ۋە يېرىم تەسكەي تۆپىلىكلىرىدىن
ئىشتالى، قۇشلۇق، قارىغاي قاتارلىق جايلاردا كىچىكرەك دائىرىدە تۇتاش قارىغايلىق بار. سۆگەت
بۇلاقتا كىچىكرەك دائىرىدە توغراقلىق بار. 60 - يىللاردىن ئېتىبارەن، تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانلارمۇ
ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بەزى كىچىكرەك دائىرىدىكى تۇتاش ئورمانلار تۈگەپ كېتىش گىردابىغا بې-
رىپ قالدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە ياغاچ زاپىسى 4000 كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى.

## § 2 . سۇنئىي ئورمان

### 1 . كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش

يېزىلاردىكى سۇنئىي ئورمانلار مەھەللىلەر، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى ۋە يول ياقىلىرىغا جايلاشقان، كۆلىمى 7841موغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 4836مو، ماتېرىيال ئورمىنى 3005مو، بۇلۇڭ ـ پۇشقاق جايلارغا تىكىلگىنى 614مىڭ تۈپ، يېزىلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.8%، ياغاچ زاپىسى 9000 كۇب مېتىر. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئادمۇت، ئۈزۈم، تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە ۋە ئاز ساندا ئەنجۈر، ئەينۇلا، قارا ئۆرۈك، ئانار قاتارلىقلار بار.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) كەلپىن خەلقى بىلىقلىقتا كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلغان، كېيىن نابۇت قىلىنغان. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 2000مودىن ئارتۇق مېۋىلىك باغ بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشتا يېڭى تەرەققىيات بولدى، ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3710 مو مېۋىلىك باغ بولۇپ، 124 مو يەرگە 41 مىڭ 798 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭدىن 32 مىڭ 310 تۈپ ئەي بولدى. ئېھاتە ئورمىنى 13 مو بۇلۇڭ ـ پۇشقاق يەرلەرگە تىكىلگەن ئورمان 111 مو، كېسىلگەن ياغاچ 48 كۇب مېتىر بولدى.

1958 ـ يىلدىن باشلاپ گەزلىك، يۇرچى گۆڭشېلىرى ئورمان ئەھيا قىلىپ، گۆڭشې ئورمانچىلىق مەيدانى بىنا قىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون 510 مىڭ تۈپ كۆچەت قويۇلدى، 145.5 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى (مېۋىسىز دەرەخ كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلمىدى). 1958 ـ يىلدىن كېيىن يېزىلاردا ئورمانلار زور مىقداردا كېسىلگەنلىكتىن، 1962 ـ يىلغا كەلگەندە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 2172 موغا چۈشۈپ قېلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 1538 مو ئازىيىپ كەتتى، بۇلۇڭ ـ پۇشقاق يەرلەردىكى ئورمانلارمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1976 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 189 مىڭ 561 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك كۆچەت 93 مىڭ 967 تۈپ بولۇپ، تەخمىنەن 50% نى ئىگىلىدى، يېڭىدىن 628 مو باغ بەرپا قىلىندى. «1 ـ ئىيۇل» گۆڭشېسى بىلەن «1 ـ ماي» گۆڭشېسى سايدا تۇتاش كەتكەن ئورمان بىنا قىلدى (كېيىن باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا پۈتۈنلەي نابۇت بولۇپ كەتتى). شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى مەخمۇد ئەخمەدى «1 ـ ئىيۇل» گۆڭشېسى (ھازىرقى يۇرچى) نىڭ نەچچە مىڭ نەپەر ئەزاسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇگگۈز بۇرۇندا تاغ يېرىپ، سۇ باشلاپ چىقىپ 100 موغا يېقىن باغ بەرپا قىلدى.

1977 ـ يىلى «1 ـ ماي» گۆڭشېسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئېلى سالى ئەزالارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇملۇق چوڭ ئەترىتىنىڭ قۇمىيەر دېگەن يېرىدە 200 موغا يېقىن باغ بەرپا قىلدى.

1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 593 مىڭ 863 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك كۆچەت 212 مىڭ 732 تۈپ، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان باغ 1300 مو.

1986 ـ يىلدىن باشلاپ كەلپىن ـ مازار ئېقىن كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى، 1989 ـ يىلغىچە 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 200 مو ئورمان بىنا قىلىندى، جەمئىي 35 مىڭ تۈپ كۆچەت قويۇلدى، 700 مو بىنەم ئۈزلەشتۈرۈلدى. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئېتىز ـ ئېرىق ئورمىنى 1530 موغا يەتتى.

1989 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى تەرىپىدىن لاياقەتلىك دەپ قارىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچىلىك بولغان ئورمانچىلىق ئەھۋالى

جەدۋەل 6 ـ 1

| يىل | باغ كۆلىمى (مو) | تىكىلگەن دەرەخ كۆلىمى (مو) | | | | كېسىلگەن ياغاچ (كۇب مېتىر) | كۆچەتزارلىق (مو) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئىھاتە ئورمىنى | بۆلۈڭ-پۇشقاقتا تىكىلگەن ئورمان | پارچە ئورمان | | |
| 1949 | 3840 | 88 | 12 | 76 | — | 48 | 2 |
| 1950 | 3710 | 124 | 13 | 111 | — | 48 | 2 |
| 1951 | 3620 | 100 | 13 | 87 | — | 48 | 3 |
| 1952 | 3560 | 112 | 14 | 83 | 15 | 54 | 4 |
| 1953 | 3455 | 132 | 15 | 97 | 20 | 57 | 4 |
| 1954 | 3400 | 144 | 14 | 108 | 22 | 60 | 5 |
| 1955 | 3370 | 160 | 16 | 114 | 30 | 60 | 6 |
| 1956 | 3342 | 174 | 17 | 125 | 32 | 67 | 6 |
| 1957 | 3273 | 185 | 18 | 132 | 35 | 64 | 7 |
| 1958 | 3268 | 204 | 20 | 124 | 60 | 50 | 7 |
| 1959 | 3222 | 219 | 20 | 136 | 63 | 59 | 8 |
| 1960 | 3113 | 163 | 17 | 106 | 40 | 51 | 4 |
| 1961 | 2785 | 264 | 19 | 195 | 50 | 54 | 3 |
| 1962 | 2572 | 25 | 10 | 5 | 10 | 96 | 2 |
| 1963 | 2437 | 40 | 11 | 14 | 15 | 90 | 4 |
| 1964 | 2504 | 172 | 16 | 131 | 25 | 83 | 6 |
| 1965 | 2572 | 120 | 7 | 105 | 8 | 85 | 7 |
| 1966 | 2572 | 176 | 22 | 116 | 38 | 87 | 8 |
| 1967 | 2572 | 128 | 18 | 65 | 45 | 92 | 9 |
| 1968 | 2572 | 64 | 13 | 31 | 20 | 95 | 11 |
| 1969 | 2615 | 132 | 12 | 105 | 15 | 98 | 12 |
| 1970 | 2793 | 143 | 14 | 111 | 18 | 98 | 14 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | باغ كۆلىمى (مو) | تىكىلگەن دەرەخ كۆلىمى (مو) | | | | كېسىلگەن ياغاچ (كۇب مېتىر) | كۆچەتزارلىق (مو) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئىھاتە ئورمىنى | بۇلۇڭ ـ پۇشقاققا تىكىلگەن ئورمان | پارچە ئورمان | | |
| 1971 | 2707 | 164 | 15 | 129 | 20 | 118 | 14 |
| 1972 | 2767 | 180 | 16 | 139 | 25 | 144 | 15 |
| 1973 | 2707 | 160 | 18 | 112 | 30 | 157 | 18 |
| 1974 | 2707 | 284 | 26 | 198 | 60 | 190 | 17 |
| 1975 | 2727 | 335 | 34 | 221 | 80 | 190 | 19 |
| 1976 | 2863 | 200 | 30 | 120 | 50 | 197 | 16 |
| 1977 | 3117 | 119 | 28 | 41 | 50 | 204 | 14 |
| 1978 | 2999 | 283 | 48 | 165 | 70 | 211 | 21 |
| 1979 | 2950 | 550 | 40 | 260 | 250 | 231 | 25 |
| 1980 | 3621 | 496 | 37 | 290 | 169 | 251 | 38 |
| 1981 | 3919 | 853 | 31 | 490 | 332 | 254 | 40 |
| 1982 | 4250 | 646 | 149 | 392 | 105 | 256 | 70 |
| 1983 | 4589 | 556 | 125 | 323 | 108 | 260 | 87 |
| 1984 | 4082 | 599 | 277 | 32 | 290 | 185 | 122 |
| 1985 | 5585 | 320 | 20 | 30 | 270 | 100 | 89 |
| 1986 | 6342 | 692 | 56 | 192 | 444 | 150 | 80 |
| 1987 | 7056 | 653 | 255 | | | 145 | 138 |
| 1988 | 7887 | 786 | 221 | | | 120 | 66 |
| 1989 | 8137 | 931.5 | 300 | | | 150 | 40 |

**2 . كۆچەت يېتىشتۈرۈش**

كەلپىن ناھىيىسىدە ھەر يىلى كۆچەت يېتىشتۈرۈلەتتى ، بىراق ، بۇ كۆچەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆرۈك كۆچىتى ئىدى ، باشقا كۆچەتلەرنىڭ تۈتۈشى قىيىن بولۇپ ، 1958 ـ يىلدىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش سىنىقى مەغلۇپ بولدى .

www.uyghurkitap.com

70 ـ يىللاردىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە ئۆرۈكتىن باشقا مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. 1978 ـ يىلدىن باشلاپ كىچىك كۆلەمدە تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش باشلاندى، گۇڭشې ـ مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدە تەجرىبە خاراكتېرلىك كۆچەتزارلىق قۇرۇلدى. ئورمانچىلىق سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر كۆچەتزارلىق بەرپا قىلىپ، كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان بولدى. 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى كاماتىكەندە 100 مو كېلىدىغان كۆچەتزارلىق بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەلپىن ناھىيىسىنىڭ كۆچەتكە بولغان ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرى ئاز مىقداردا باشقا جايلارغا سېتىپ بېرىلدى. 1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 138 مو كۆچەتلىك بەرپا قىلىندى.

## § 3 . ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش

### 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتى

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە ئورمانچىلىقنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى ۋە دېھقانچىلىق ئىدارىسى ئورمانچىلىقنى قوشۇمچە تۇتتى. 1981 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئورمانچىلىقنى مەخسۇس تۇتتى. 1982 ـ يىلى گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1989 ـ يىلى ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدا ئىشچى ـ خىزمەتچى 22 گە يەتتى، ئورمان رايونىدا تۆت تەكشۈرۈش پونكىتى، توققۇز قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىندى، ئۇلار 540 مىڭ مو ئورماننى مۇھاپىزەت قىلدى.

### 2 . ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى؛ 2 ـ ئايدا ئورمانچىلىق خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك كۆكەرتىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، «كىم بەرپا قىلسا شۇ باشقۇرۇش، شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش» تىن ئىبارەت ئورمانچىلىق سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەنلىكتىن، ئاممىنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىش، باشقۇرۇش ئاكتىپچانلىقى ئۈنۈملۈك ئۆستى.

### 3 . ئورمانچىلىقنى رايونغا ئايرىش

كەلپىن ناھىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى مۇۋاپىق تۆردە رايونلارغا ئايرىپ چىقتى؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئويمانلىق ئېھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى ۋە ئىقتىسادىي ئورمانغا تەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان رايون قىلىندى؛ شەرقىي تۈزلەڭ قىسمى ئېھاتە ئورمىنى ۋە ئوتۇن ئورمىنى ئارىلاش تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايون قىلىندى؛ شەرقىي قىسىم ۋە جەنۇبىي قىسىم تۈزلەڭلىك بولسا، تەبىئىي چاتقال ئورمانلىقى ئاسرىلىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايون قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# II باب

# باغۋەنچىلىك

كەلپىننىڭ باغۋەنچىلىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىدىن ئۆرۈك، ئالما، ئۈجمە، جىگدە، چىلان، قارا ئۆرۈك، ئانار، ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ ئۆرۈك ئەڭ كۆپ، باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر ئىنتايىن ئاز. كەلپىندە ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مودىن ئارتۇق ئۆرۈكلۈك بېغى بار. كونا جەمئىيەتتە ئۇلار ئۆرۈكلۈك بېغىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بايلىقنى ئۆلچىشەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بايلىق ئۆلچەش ئۆلچىمى گەرچە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، كەلپىنلىكلەر ئۆرۈك يېتىشتۈرۈشكە يەنىلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

## § 1 . ئۆرۈك

كەلپىن ئۆرۈكىنىڭ نامى شىنجاڭغا مەشھۇر، ئۇ ئەتلىك، شېكەر تەركىبى يۇقىرى، مېزىلىك بولۇپ، گۆلە قۇرۇتۇش، خورما، مۇراببا، كانسىرۋا ئىشلەشكە ياخشى. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە 8137 مو مېۋىلىك باغ بولۇپ، 4583 موسى مېۋە بەردى (قالدۇق يەرگە بىنا قىلىنغان باغلار بۇنىڭ سىرتىدا). مېۋە بەرگەن باغ كۆلىمى ئىچىدە ئۆرۈك 4258 مو، ئالما 175 مو، ئۈزۈم 135 مو، نەشپۈت 15 مو. ئادەتتە ئۆرۈكتىن قىلىنىدىغان يىللىق ئىقتىسادىي كىرىم 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ، بەزى يىللاردا بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

1984 - يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئىلمىي لايىھەسى بويىچە ئۆرۈكنى ئوخشاشمىغان سورتلىرىغا ئاساسەن، رايون، دائىرىلەرگە بۆلۈپ، مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش يولىغا قويۇلغانلىقتىن، سۈپەت ۋە مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئۆستى ۋە كۆپەيدى. 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئۆرۈكنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 22 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1987 - يىللىق مەھسۇلات ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 25 مىليون 870 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

### 1 . ئۆرۈك سورتلىرى

1986 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كەلپىندە 22 خىل ئۆرۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بالدۇر پىشىدىغان سورت ئۈچ خىل، يەنى ئىككى خىلى خۇۋەينى، بىر خىلى قىزىلاڭ؛ ئوتتۇرا ھال پىشىدىغان سورت ئىككى خىل، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى خۇۋەينى؛ كەنجى پىشىدىغان سورت ئۈچ خىل، يەنى ئىككى خىل خۇۋەينى ۋە قارا غازاڭ؛ ئادەتتىكى سورت 17 خىل بولۇپ، ئۇلار قارا خۇۋەينى، قوشماق مېغىزلىق خۇۋەينى، ئۈزۈنچاق خۇۋەينى، سېرىق خۇۋەينى، ماروشو، موللاۋى، قارا غازاڭ، قىزىلاڭ (ئىككى خىل

سورتى بار) ، كۇمۇت ئۆرۈك ، قىزىل ئۆرۈك ، چوڭ قىزىل ئۆرۈك ، سېرىق ئۆرۈك ، ئاق ئۆرۈك ، پوداق ئۆرۈك ، ياڭاق ئۆرۈك ، كۆكچى ئۆرۈك ، لەش ئۆرۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

1) **ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان خوۋمىنى** مېۋىسى يۇملاق ، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 31.6 گرام ، مېۋە پوستى سېرىق ، سەل قىزىلى بار . ئېتى ساغۇچ ئاق رەڭدە ، ئازراق تالاسى بار . ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 1.2 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل ، تاتلىق ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا مىقدارى 22% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرىراق . ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ . ئۇچكىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 3.94 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، چۇرۇك ، ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.8 گرام ، مېۋىسى چوڭ ، ئېتى قېلىن ، قەنت ماددىسى يۇقىرى ، مول ھوسۇل بېرىدىغان سورت بولۇپ گۆلە قۇرۇتۇش ، خورما ئىشلەشتىكى ياخشى خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ ، مۇراببا ئىشلەشكىمۇ بولىدۇ . مېغىزى چوڭ ۋە تاتلىق بولغانلىقتىن يېيىشكە بولىدۇ .

2) **بالدۇر پىشار خوۋمىنى** مېۋىسى يۇملاق ، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 27 گرام ، پوستى سېرىق ، سەل قىزىلى بار . مېۋىسىنىڭ ئېتى ئاق سېرىق رەڭدە ، ئېتى خېلى يۇمشاق ، يىرىك تالالىرى يوق ، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 1.1 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، خېلى مىزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 19.5% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ، مول ھوسۇللۇق ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.8 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، چۇرۇك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.85 گرام . گۆلە قۇرۇتۇشقا ، خورما ، مۇراببا ئىشلەشكە ، مېغىزىنى يېيىشكە بولىدۇ .

3) **كەنجى پىشار خوۋمىنى** مېۋىسى يۇملاق ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى28.75 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى سېرىق ، قىزىلى بار ، ئېتى سۇس سېرىق ، ئېتى چىڭ ، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل ـ تاتلىق شىرنىسى ئاز ، مىزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 18% ، سۈپىتى ئەلا ، مول ھوسۇللۇق سورت . ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.9 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۇرۇك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.1 گرام .

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى چوڭ ، ئېتى قېلىن ، گۆلە قۇرۇتۇشقا ، خورما ، مۇراببا ئىشلەشكە باب كېلىدۇ . مېغىزى توق ۋە چوڭ بولغانلىقتىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

4) **قارا خوۋمىنى** مېۋىسى سوقىچاق ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 25.1 گرام ، مېۋە پوستى سېرىق رەڭدە ، سەل قىزىلى بار ، ئېتى ساغۇچ ، چىڭ ، شىرنىسى ئاز ، يىرىك تالالىرى يوق ، قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مىزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 24% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ، مول ھوسۇللۇق سورت ، بىر تۈپتىن ئەڭ كۆپ بولغان يىلى 650 جىڭ ئۆرۈك ئالغىلى بولىدۇ . ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.5 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۇرۇك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.85 گرام ، چوڭ ئۇچكىلىرى قوشماق مېغىزلىق .

بۇ خىل ئۆرۈكنىڭ مېۋىسى بىر قەدەر چوڭ ، ئېتى چىڭ ، قەنت ماددىسى يۇقىرى بولۇپ ، ئۇ ، گۆلە قۇرۇتۇش ، خورما ، مۇراببا ئىشلەشكە ۋە مېغىزىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان ئەلا سورت ھېسابلىنىدۇ .

5) **قوشماق مېغىزلىق خوۋمىنى** مېۋىسى ياپىلاق كەلگەن يۇملاق ، مېۋىسىنىڭ پوستى ساغۇچ قىزىل كېلىدۇ ، قىپقىزىل ، بىنەپشە قىزىل رەڭلىرىمۇ بار . ئېتى سېرىق ، شىرنىسى ئاز ، يىرىك تالالالىرى يوق ، ئېتى چىڭ ، ئەت قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مىزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 27% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.5 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، چۇرۇك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.1 گرام ، قوش مېغىزلىق نىسبىتى 50% .

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى ئوتتۇرا ھال ، قوش مېغىزلىق نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولسىمۇ ، لېكىن مېغىزى كىچىك ، تولمىغان ، تاۋارلىق قىممىتى تۆۋەن ، ئۇنى سورت سۈپىتىدە كېڭەيتىشكە باب كەلمەيدۇ ، سورت بايىلىقى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ.

6) **ئۆزۈنچاق خوۋمىنى** مېۋىسى سوقچاق شەكىلدە بولۇپ ، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 17.8 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى ، ئېتى سېرىق ، شىرنىسى كۆپ ، يېرىك تالالىرى كۆپ ، ئەت قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، خېلى مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 24% ، سۈپىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ئوتتۇرا ھال ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.2 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.65 گرام.

بۇ سورتنىڭ پوستى ، ئېتى سۇس رەڭدە ، قاق سېلىشقا ، خورما ، شىرنە ياساشقا باب كېلىدۇ. مەھسۇلاتى يۇقىرى ئەمەس ، سورت بايلىقى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ.

7) **سېرىق خوۋمىنى** مېۋىسى ياپىلاق كەلگەن سوقچاق ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 16.3 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى سېرىق ، ئېتى ئاق ھەم چىڭ ، شىرنىسى ئاز ، يېرىك تالالىرى ئاز ، ئەت قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، سەل تۇزسىز ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 21% ، سۈپىتى ئەلا ، مول ھوسۇللۇق سورت ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.84 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، ئارىلاپ قوشماق مېغىزلىقلىرى بار.

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى ئوتتۇرا ھال ، ئېتى قېلىن ، چىڭ ، پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىنتايىن باب كېلىدۇ. مېغىزى تاتلىق بولۇپ ، ئىستېمالغا باب كېلىدۇ ، مەھسۇلاتى يۇقىرى ، قاق سېلىشقا ، خورما ، كونسېرۋا ئىشلەشكە بولىدۇ.

8) **ماروشو** مېۋىسى يۇملاق ، ئۇچى سەل تۈز ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 27.6 گرام. مېۋە پوستى سېرىق ، قىزىل جايلىرىمۇ بار. ئېتى ساغۇچ ، ئەت قېلىنلىقى 1.1 سانتىمېتىر ، يېرىك تالالىرى ئاز ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، ناھايىتى مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىوچان قاتتىق ماددا تەركىبى 24% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشىراق. مەھسۇلات مىقدارى ئوتتۇرا ھال. ئۇچكىسى ئاجرىمايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 5.27 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، بىر قەدەر چوڭ.

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى چوڭ ، ئېتى قېلىن ، مېغىزى چوڭ ، مېغىزى ۋە ئېتى جەھەتتىن ئالغاندا ياخشى سورت ، ئۇچكىسى يېپىشقاق بولغاچقا گۆلە قۇرۇتۇشقا ياكى ئۇچكىلىك كونسېرۋا ئىشلەشكە باب كېلىدۇ.

9) **موللاۋىي** مېۋىسى يۇملاق ، ئۇچى سەل تۈز ، مېۋىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 16.4 گرام. پوستى سېرىق ، قىزىل جايلىرىمۇ بار ، ئېتى سېرىق ، يۇمشاق ، شىرنىلىك ، ئەت قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، ناھايىتى مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرىۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 25% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ، ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.32 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك كېلىدۇ ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى بىر گرام.

بۇ سورتنىڭ قەنت تەركىبى يۇقىرى ، شىرنىسى كۆپ ، تەمى تاتلىق ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ ، شىرنە ، مۇراببا ئىشلەشتىكى ياخشى خام ئەشيا ، بۇ ئۆرۈكتىن گۆلە قۇرۇتسىمۇ ، خورما ، كونسېرۋا تەييارلىسىمۇ بولىدۇ.

10) **قارا غازاڭ** مېۋىسى يۇملاق ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 21.1 گرام. مېۋە پوستى سېرىق ، قىپقىزىل جايلىرىمۇ بار. ئېتى ساغۇچ ، چىڭ ، شىرنىسى بىر قەدەر كۆپ ، ئەت قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر ، تە-

مى چۈچۈمەل تاتلىق، خېلى مېزىلىك پۇرايدۇ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 21% . سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشى، مۇقىم مول ھوسۇللۇق سورت، ھەر بىر تۈپ ئۆرۈكتىن يىلىغا300 كىلوگرام ئەتراپىدا ھۆل مېۋە ئالغىلى بولىدۇ. ئۇچكىسى ئاجرايدۇ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقىتىدىكى ئېغىرلىقى 1.86 گرام، مېغىزى تاتلىق، توق، چۇرۇك، مېغىزىنىڭ ئېغىرلىقى 0.75 گرام.

بۇ مۇقىم مول ھوسۇللۇق سورت. مېۋىسى، مېغىزى بىر قەدەر چوڭ، يېڭى پېتى يېيىشكە ھەم مېغىزىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغان ياخشى سورت.

11) **كەنجى پىشار قارا غازاڭ** مېۋىسى يۇملاق بولۇپ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 21.7 گرام. مېۋە پوستى سېرىق، قىپقىزىل جايلىرىمۇ بار. ئېتى ساغۇچ، شىرنىسى بىر قەدەر كۆپ، ئېتى يۇمشاق، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى ئادەتتە 25%كە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 29%كە يېتىدۇ. سۈپىتى ئەلا، مول ھوسۇللۇق سورت. ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ،ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقىتىدىكى ئېغىرلىقى 1.7 گرام، مې-غىزى تاتلىق، توق، چۇرۇك، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقىتىدىكى ئېغىرلىقى 0.9 گرام.

قارا غازاڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ سورتنىڭ مېۋىسى چوڭ، ئېتى يۇمشاق، قەنت تەركىبى يۇقىرى، مېغىزى چوڭ، توق بولۇپ، خورما، كونسېرۋا ئىشلەشكە، مېغىزىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغان كەنجى پىشار سورت.

12) **قىزىلاڭ** مېۋىسى يۇملاق، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 18.35 گرام. پوستى سېرىق، قىزىل جايلىرىمۇ بار، ئېتىنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق، ئەت قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر، ئېتى يۇمشاقراق، شىرنىسى كۆپ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، ناھايىتى مېزىلىك پۇرايدۇ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 26% . سۈپى-تى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشى، مول ھوسۇللۇق سورت. ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ئېغىر-لىقى 1.9 گرام، مېغىزى تاتلىق، توق، چۇرۇك، ھۆل ۋاقىتىدىكى ئېغىرلىقى 0.55 گرام.

قىزىلاڭنىڭ ئىككى خىل ئايىنغان سورتى بار: (1) مېۋىسى ياپىلاق ھەم يۇملاق، مېۋە پوستى سې-رىق، كۈنگە باققان تەرىپى قىزىل، مېۋىسىنىڭ ئېتى سېرىق، مېزىلىك پۇرايدۇ، مول مېۋە بېرىدۇ. (2) مېۋىسى يۇملاق، كىچىك، پوستى سېرىق، سەل قىزىل ياكى قىزىللىق يوق، ئېتى قىزىل، يۇمشاق، يې-رىك تالالىسى يوق، شىرنىسى كۆپ، ئەت قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، مېزىلىك پۇ-رايدۇ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 22% . سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشى، بالدۇر پىشىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى بازارغا سېلىشقا بولىدۇ، ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ.

13) **كۇمۇت ئۆرۈك** مېۋىسى سوقىچاق، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 21.85 گرام. مېۋىسىنىڭ پوستى قىزغۇچ سې-رىق، ئۈستى ياكى تېگى تەرىپى يېشىل رەڭلىك، سۇس قىزىل رەڭلىك، ئېتى سېرىق، سەل يۇمشاق، شىرنىسى كۆپ، ئەت قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر، يېرىك تالالىرى ئاز، تەمى تاتلىق، مېزىلىك پۇرايدۇ، ئې-رۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 20% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشىراق، مول ھوسۇللۇق سورت، ئۇچك-سى ئاجرىمايدۇ. ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقىتىدىكى ئېغىرلىقى 3.1 گرام، مېغىزى تاتلىق، توق، چۇرۇك، مېغ-زىنىڭ ھۆل ۋاقىتىدىكى ئېغىرلىقى 0.7 گرام.

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى چوڭ، ئېتى يۇمشاق بولۇپ، يېڭى پېتى يېيىشكە باب كېلىدىغان ياخشى سورت، ئۇنىڭدىن شىرنە ئىشلىسىمۇ بولىدۇ.

14) **قىزىل ئۆرۈك** مېۋىسى ياپىلاق ۋە يۇملاق، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 16.3 گرام. مېۋىسىنىڭ پوستى قىز-

غوچ سېرىق ، قىزىل جايلىرىمۇ بار . ئېتى ئالتۇندەك سېرىق ، يۇمشاق ، شىرنىسى كۆپ ، ئەت قېلىنلىقى 0. 9 سانتىمېتر ، يېرىك تالاسى يوق . تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، ناھايىتى مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۇۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 21% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشى ، مول ھوسۇللۇق سورت ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1.88 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، بىر قەدەر توق ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.65 گرام .

بۇ سورتنىڭ ئېتى يۇمشاق ، قېلىن ، رەڭگى ئالتۇندەك سېرىق بولۇپ ، شىرنە ، مۇراببا ئىشلەشتىكى ئاساسلىق سورتتۇر .

15 ) **چوڭ قىزىلاك** مېۋىسى يۇملاق ، چوڭ ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 32.35 گرام . پوستى قىزغوچ سېرىق ، رەڭگى بەك چىرايلىق ، ئېتى ئاقۇش سېرىق ، ئەت قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر ، يۇمشاق ، شىرنىسى كۆپ ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۇۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 21% ، سۈپىتى ئەلا ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.28 گرام ، ئۇچكىسى بىر قەدەر چوڭ ، لېكىن پۇچەك مېغىزلىقلىرى 30% نى ئىگىلەيدۇ .

بۇ سورتنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق ، مېۋىسى چوڭ ، مېغىزى چوڭ ، يېگى پىتى يېيىشكە ، مېغىزىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغان سورت .

16 ) **سېرىق ئۆرۈك** مېۋىسى ياپىلاق ۋە يۇملاق ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 18.9 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى ، ئېتى سېرىق ، سەل يۇمشاق ، شىرنىسى ئوتتۇرا ھال ، يېرىك تالالىرى ئاز ، ئەت قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر ، تەمى تاتلىق ، ناھايىتى مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۇۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 21% ، مول ھوسۇللۇق سورت ، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.15 گرام . مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.78 گرام .

بۇ سورتنىڭ مېۋىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال ، ئېتى قېلىن ، تەمى تاتلىق ، مېزىلىك بولۇپ ، گۈلە قۇرۇتۇشقا ، خورما قاق ، كونسېرۋا ئىشلەشكە بولىدىغان ياخشى سورت ، مۇراببا ئىشلەشكىمۇ بولىدۇ .

17 ) **ئاق ئۆرۈك** مېۋىسى يۇملاق ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 27.89 گرام . مېۋە پوستى سېرىق ، قىزىل جايلىرىمۇ بار . ئېتى ئاق ، يۇمشاق ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۇۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 21.4% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھالدىن ياخشىراق . مول ھوسۇللۇق سورت . ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ . ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 2.6 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.63 گرام .

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى چوڭ ، ئېتى يۇمشاق ، تەمى تاتلىق ، كۆركەم بولغانلىقتىن يېگى پىتى يېيىشكە ۋە شىرنە ياساشقا بولىدىغان ياخشى سورت .

18 ) **پوداق ئۆرۈك** مېۋىسى يۇملاق ، دانىسى يوغان ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 40.4 گرام ، ئەڭ چوڭ مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 51 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى ، ئېتى سېرىق ، ئەت قېلىنلىقى 1.1 سانتىمېتر ، يۇمشاق ، شىرنىسى كۆپ ، يېرىك تالاسى ئاز ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۇۋچان قاتتىق ماددا تەركىبى 20% ، سۈپىتى ئەلا ، ئۇچكىسى ئاجرىمايدۇ ياكى يېرىم ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 4.1 گرام . مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.87 گرام .

بۇ سورت مېۋىسى چوڭ ، شەكلى چىرايلىق ، يېگى پىتى پىيشكە باب كېلىدىغان ياخشى سورت ، كونا سېرۋا ئىشلەشنىڭمۇ سۈپەتلىك خام ئەشياسى .

19 ) **ياڭاق ئۈرۈك** مېۋىسى ياپىلاق ۋە يۇمىلاق ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 21.1 گرام ، مېۋە پوستى سېرىق ، تۇم قىزىل جايلىرىمۇ بار . ئېتى سۇس سېرىق ، يۇمشاق ، ئەت قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 24% ، سۈپىتى ، مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھال ، ئۇچكىسى ئاجرىمايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 3.5 گرام ، مېغىزى تاتلىق ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.85 گرام ، قوشماق مېغىزلىق نىسبىتى 42.86% .

بۇ سورت مېۋىسى چوڭ ، ئېتى يۇمشاق ، مېزىلىك بولۇپ ، شىرنە ، مۇراببا ئىشلەشكە ماس كېلىدۇ . سۈپىتى ئادەتتىكىدەك ، سورت بايلىقى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقىلا بولىدۇ .

20 ) **كۆكچى ئۈرۈك** مېۋىسى يۇمىلاق ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 15.3 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى سېرىق ھەم قىزىل ، تۈكسىز ، ئېتى سېرىق ، يۇمشاق ، تالاسى سەل يىرىك ، شىرنىسى كۆپ ، ئەت قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 24% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ، مول ھوسۇللۇق سورت ، ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.35 گرام . مېغىزى تاتلىق ، توق ، چۈرۈك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.68 گرام .

بۇ سورتنىڭ مېۋىسى كىچىك ، ئېتى يۇمشاق ، قەنت تەركىبى يۇقىرى ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، شىرنە ، مۇراببا ياساشقا بولىدۇ . ئۇنى كۆپەيتىشكە باب كەلمەيدۇ ، سورت بايلىقى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ .

21 ) **لەش ئۈرۈك** مېۋىسى ياپىلاق ۋە يۇمىلاق ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 12.6 گرام . مېۋىسىنىڭ پوستى سېرىق ھەم قىزىل ، ئېتى سېرىق ھەم بوش ، يىرىك تالالىرى كۆپ ، ئەت قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتر . شىرنىسى كۆپ ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، مېزىلىك پۇرايدۇ ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 24% ، سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ۋە ئوتتۇراھالدىن تۆۋەن ، مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھال ، ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.5 گرام ، مېغىزى تاتلىق ،چۈرۈك ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.25 گرام .

بۇ سورتنىڭ يىرىك تالالىرى كۆلدىكى لەشكە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن ، شۇنداق نام قويۇلغان ، ئۇنى بايلىق مەنبەسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقىلا بولىدۇ .

22 ) **مەرىشۇ** مېۋىسى يۇمىلاق ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 20.8 گرام ، مېۋىسىنىڭ پوستى ، ئېتى سېرىق ، ئېتى چىڭ ، شىرنىسى كۆپ ، ئەت قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتر ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق ، ئېرۈچان قاتتىق ماددا تەركىبى 26% ، پوستىدا قىسقا تۈكچىلەر بار ، ئۇچكىسى يېرىم ئاجرايدۇ ، ئۇچكىسىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 1.55 گرام . مېغىزى تاتلىق ، مېغىزىنىڭ ھۆل ۋاقتىدىكى ئېغىرلىقى 0.5 گرام . توق مېغىزلىقلىرى 20% كىلا يېتىدۇ . بۇ سورتنىڭ سۈپىتى ئوتتۇرا ھال ۋە ئەلا بولۇپ ، مول ھوسۇل بېرىدىغان سورت ھېسابلىنىدۇ .

**2 . ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىش**

كەلپىن ئۈرۈكنى ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىشتا روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك بار . بىرىنچىدىن ، تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، سۇغىرىلىشى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ . ئۈچىنچىدىن ،

ئۈلاشتا مەۋسۇمگە قارىلىدۇ.

كەلپىنلىكلەر ئۈرۈكلۈك باغ باشقۇرىدىغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ «كۆچەت» سۆزىنى ئۈلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ چاقىرىدۇ.

1) **تېرىپ ئۆستۈرۈش** ئۈرۈك دەرىخى ئۈرۈك ئۇرۇقچىسىنى تېرىش ئارقىلىق ئۆستۈرۈلىدۇ، ئادەتتە كۈزدە ئۇرۇقچا يەرگە دۈۋىلەپ كۆمۈپ قويۇلىدۇ، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا كۆمۈلگەن يەردىن ئېلىنىپ قايتا تېرىلىدۇ.

2) **سۇغىرىش** ئۈرۈكلۈك باغلار ھەر يىلى 5 ـ ، 8 ـ ، 10 ـ ئايلاردا سۇغىرىلىدۇ. كەلپىن ناھىيىسىدە سۇ قىس بولسىمۇ، لېكىن، ئۈرۈكلۈك باغقا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇشقا جەزمەن كېپىللىك قىلىنىدۇ. ئەتىيازدا (ئۈرۈك چېچەكلىگەندە) سۇ قۇيۇشقا بولمايدۇ.

3) **ئۈلاش** ئۆتمۈشتە كەلپىنلىكلەر ئۈرۈك ئۈلاشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئۈلانمىغان ئۈرۈكنىڭ مېۋىسى سۇلۇق، قەنت تەركىبى يۇقىرى بولىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. 70 ـ يىللاردىن بۇيان پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا ئۈرۈكنى ئۈلاش ئۈرۈكى بار دېھقانلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئەمەلىيەت ئۈلانغاندىن كېيىنكى ئۈرۈكنىڭ ئۈلانمىغان ئۈرۈككە قارىغاندا سۈپىتى ياخشى بولۇپلا قالماي بەلكى مەھسۇلاتىنىڭمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۈرۈكلەر ئەتىياز ۋە كۈزدە ئۈلىنىدۇ. ئەتىيازلىق ئۈلاش ئۈرۈك پىششىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ.

4) **باشقا پەرۋىش** ئۈرۈكلۈك باغنى پەرۋىش قىلىشتا تۇپراقنى ئاغدۇرۇش ۋە ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت — چىرىگەن چارۋا قىغى بېرىلىپ، گەندە ۋە ئەخلەتلەر بىلەن ئوغۇتلاش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئىلگىرى كەلپىن ئۈرۈكلىرىگە دېھقانچىلىق دورىسى چېچىلمايتتى، 1980 ـ يىلدىن بۇيان دورا چېچىش تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىتىش ۋە ئۈنىڭ زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان بولدى.

## 3 . پىششىقلاش

كەلپىن ئۈرۈكى — گۆلە، خورما، مېغىز پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى ياخشى خام ئەشيا، ئەمگەكچى كەلپىن خەلقى گۆلە، مېغىز، مېغىزلىق خورما ئىشلەش ئارتۇقچىلىقىغا ۋە ئەنئەنىسىگە ئىگە. بىراق چەك سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە بۇ ئىشنى پۇتۇنلەي شەخسلەر ئۆزى قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، ھۆل ئۈرۈك سېتىۋېلىنغان، بىر قىسىم گۆلە، مېغىزلىق خورما قاق ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ قىسمىنى يەنىلا دېھقانلار ئۆزى پىششىقلاپ ئىشلەپ كەلدى. پىششىقلاش ئۇسۇلى مۇنداق: (1) تاللىنىدۇ. زەخىملەنگەن، ئېغىر دەرىجىدە قۇرتلىغان ۋە بەك پىشىپ كەتكەنلىرى ئىلغاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. (2) چايقاپ تازىلىنىدۇ. لاي ـ قۇملىرى، ئەخلەت ـ پاسالىرى ئىلغىۋېتىلىدۇ. (3) گۈڭگۈرت بىلەن ئىسلىنىدۇ. لېكىن ئىس نىسبىتى 0.8% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

1985 ـ يىلى پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇرچى يېزىسىدا بىر خورما قاق زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 18.7 تونىنا خورما قاق ئىشلەندى. مەھسۇلات قىممىتى 64 مىڭ يۈەن، پايدىسى 24 مىڭ يۈەن بولدى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ناھىيىلىك خورما قاق زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى ئەسلىدىكى 25 كىشىدىن 35 كە كۆپەيدى. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن20 توننىدىن 50 توننىغىچە خورما قاق پىششىقلاپ ئىشلەندى. 1989 ـ يىلى سېتىلىش يولى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاران سەككىز توننا خورما قاق ، 742 كىلوگرام مېغىز، 5000 قۇتا ئۆرۈك كونسېرۋاسى، 600 كىلوگرام ئۆرۈك قىسمىقى ئىشلەپچىقىرىلدى. باشقا ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرىنى قوشقاندا مەھسۇلات قىممىتى 25 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 2. باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر

كەلپىن ناھىيىسىدە ئۆرۈكتىن باشقا مېۋىلەردىن ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئەينۇلا، ئۈزۈم، ئانار، قارا ئۆرۈك، ئەنجۈر، ئۈجمە قاتارلىقلار بار، لېكىن سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. گەزلىك يېزىسىدا ئۈزۈم كۆپرەك، كەلپىن بازىرىدا ئانار كۆپرەك، باشقا مېۋىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇرچى يېزىسى بىلەن سۈپەتلىك ئۆرۈكچىلىك مەيدانىدىن چىقىدۇ. ئاچال يېزىسىنىڭ تۇپرىقى شورلۇق بولغاچقا، مېۋىلىك كۆچەت ئۆستۈرۈشكە باب كەلمەيدۇ. شۇڭا مېۋە مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى ئاز.

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كەلپىن خەلقى ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلغاندا، ئۆرۈكلۈكنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئالما، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، ئۆرۈكنىڭ ئۈسۈشىنى قوغداپ قالاتتى. بەش ـ ئالتە يىلدىن كېيىن، ئۆرۈك باراقسانلاپ مېۋىلىرى كۆپەيگەندە ئەتراپىدىكى ئالما، شاپتۇل قاتارلىق دەرەخلەرنى كېسىۋېتىپ، ئۆرۈكنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە مېۋىلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرەتتى. شۇڭا ئالما، شاپتۇلنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار ئىدى. 50 ـ يىللارغىچە كەلپىندە ئىنچىل تۈردە يەرلىك يازلىق ئالما ئۆستۈرۈلەتتى. 60 ـ يىللاردىن باشلاپ كۈزلۈك ئالما ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىدى. «دۆلەت نۇرى» قاتارلىق يېڭى سورتلار كۆپەيتىلدى ھەممە ئۇلاش ئارقىلىق بەزى يەرلىك ئالما سورتلىرى ياخشىلاندى. ئۈجمە كەلپىندە ئۆرۈكتىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. كەلپىن ئويمانلىقىدىكى ھەر بىر باغدا دېگىدەك ئۈجمە دەرىخى بار. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ھەممە كەنتلەردە ئۈجمىلىك بار ئىدى. كىشىلەر ئۈجمىلىكنى ئاتىلىق تۈردە ئاسرايتتى ۋە پەرۋىش قىلاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا پارچە ـ پۇرات ئۈجمىلەر كېسىپ تاشلاندى. ئۈجمىلىكلەرمۇ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۈجمە تىكىشكە يەنە تەدرىجىي رەۋىشتە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۈجمىلىك باغلار بەرپا قىلىندى، ئۈجمىلىكلەر كېڭەيتىلدى. لېكىن زور كۆپ قىسمى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىلىكىدە بولدى. ئۈجمە سورتلىرىدىن ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە، چېقىر ئۈجمە، بىنەپشەرەڭ ئۈجمىلەر بار. ئۈزۈم 1980 ـ يىلدىن كېيىن كۆپەيدى. كىشىلەر يېڭى ئۆي سالغاندا بىر ـ ئىككى باراڭ ئۈزۈم قويىدۇ. لېكىن، ئۈزۈمنىڭ سورتى بىر خىللا بولۇپ سۈپىتى ئادەتتىكىچە.

1949 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 12 مو ئالما، ئالتە مو ئۈزۈم بار ئىدى. 1986 ـ يىلى ئالما387 موغا، ئۈزۈم 115 موغا كۆپەيتىلدى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچىلىك مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 6 ـ 2 بىرلىكى: مو (كۆلىمى)، 10 مىڭ جىڭ (مەھسۇلاتى)

| يىللار | باغ كۆلىمى | جەمئىي: مەھسۇلات بەرگەن كۆلىمى | جەمئىي: مەھسۇلات مىقدارى | ئۈرۈك: كۆلىمى | ئۈرۈك: مەھسۇلات مىقدارى | ئالما: كۆلىمى | ئالما: مەھسۇلات مىقدارى | ئۈزۈم: كۆلىمى | ئۈزۈم: مەھسۇلات مىقدارى | نەشپۈت: كۆلىمى | نەشپۈت: مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 3 840 | 3840 | 145 | 3812 | 141.75 | 12 | 2.50 | 0.25 | 6 | 10 | 0.50 |
| 1950 | 3 710 | 3700 | 147 | 3681 | 143.25 | 13 | 2.50 | 6 | 0.25 | 10 | 1.00 |
| 1951 | 3 620 | 3600 | 156 | 3589 | 151.04 | 13 | 2.68 | 7 | 0.28 | 11 | 2.00 |
| 1952 | 3 560 | 3 510 | 149 | 3 528 | 144.77 | 14 | 2.95 | 7 | 0.285 | 11 | 1.00 |
| 1953 | 3 455 | 3 434 | 159.04 | 3 422 | 154.15 | 14 | 3.10 | 7 | 0.29 | 12 | 1.50 |
| 1954 | 3 400 | 3 378 | 150.23 | 3 360 | 144.70 | 17 | 3.25 | 8 | 0.28 | 15 | 2.00 |
| 1955 | 3 370 | 3 347 | 175.5 | 3 328 | 169.16 | 19 | 3.56 | 8 | 0.28 | 15 | 2.50 |
| 1956 | 3 442 | 3 310 | 138.6 | 3 294 | 131.90 | 25 | 3.80 | 9 | 0.30 | 14 | 2.60 |
| 1957 | 3 273 | 3 241 | 137.6 | 3 225 | 129.70 | 25 | 4.00 | 9 | 0.30 | 14 | 3.60 |
| 1958 | 3 268 | 3 236 | 209.7 | 3 218 | 203.00 | 25 | 3.80 | 10 | 0.30 | 15 | 2.60 |
| 1959 | 3 222 | 3 199 | 246.15 | 3 172 | 238.00 | 24 | 3.65 | 11 | 3.20 | 15 | 1.30 |
| 1960 | 3 113 | 3090 | 172.8 | 3 061 | 130.40 | 26 | 34.50 | 11 | 6.70 | 15 | 1.2 |
| 1961 | 2 785 | 2 763 | 606.4 | 2 736 | 561.50 | 26 | 35.00 | 11 | 9.10 | 12 | 0.80 |
| 1962 | 2 572 | 2 354 | 808.7 | 2 520 | 729.80 | 27 | 65.50 | 13 | 10.4 | 12 | 3.00 |
| 1963 | 2 437 | 2 326 | 667.0 | 2 384 | 616.00 | 27 | 40.00 | 13 | 9.00 | 13 | 2.00 |
| 1964 | 2 504 | 2 486 | 517.9 | 2 449 | 474.10 | 29 | 34.20 | 13 | 8.40 | 13 | 1.20 |
| 1965 | 2 572 | 2 554 | 716.4 | 2 516 | 679.30 | 29 | 25.30 | 13 | 9.90 | 14 | 1.90 |
| 1966 | 2 572 | 2 555 | 679 | 2 515 | 643.00 | 30 | 25.00 | 13 | 9.30 | 14 | 1.70 |
| 1967 | 2 572 | 2 560 | 681.30 | 2 512 | 644.00 | 31 | 26.00 | 15 | 9.30 | 14 | 2.00 |
| 1968 | 2 572 | 2 552 | 646.2 | 2 514 | 607.40 | 33 | 28.00 | 15 | 9.30 | 10 | 1.50 |
| 1969 | 2 615 | 2 569 | 689.3 | 2 512 | 644.00 | 33 | 35.00 | 16 | 9.30 | 8 | 1.00 |
| 1970 | 2 793 | 2 573 | 663.1 | 2 514 | 607.40 | 34 | 45.90 | 18 | 9.30 | 7 | 0.50 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىللار | كۆلىمى | جەمئىي | | ئۆرۈك | | ئالما | | ئۈزۈم | | نەشپۈت | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مەھسۇلات بەرگەن كۆلىمى | مەھسۇلات مىقدارى | كۆلىمى | مەھسۇلات مىقدارى | كۆلىمى | مەھسۇلات مىقدارى | كۆلىمى | مەھسۇلات مىقدارى | كۆلىمى | مەھسۇلات مىقدارى |
| 1971 | 2 707 | 2 687 | 510. 4 | 2 647 | 466. 40 | 35 | 35. 00 | 18 | 8. 50 | 7 | 0. 50 |
| 1972 | 2 767 | 2 696 | 585. 3 | 2 705 | 550. 40 | 36 | 32. 00 | 19 | 2. 40 | 7 | 0. 50 |
| 1973 | 2 707 | 2 684 | 548. 7 | 2 643 | 545. 95 | 38 | | 20 | 2. 50 | 6 | 0. 25 |
| 1974 | 2 707 | 2 686 | 590. 60 | 2 643 | 546. 00 | 38 | 41. 50 | 20 | 2. 50 | 6 | 0. 60 |
| 1975 | 2 727 | 2 693 | 600. 00 | 2 663 | 554. 40 | 38 | 42. 00 | 20 | 3. 00 | 6 | 0. 60 |
| 1976 | 2 863 | 2 550 | 618. 5 | 2 797 | 571. 50 | 38 | 44. 00 | 21 | 2. 30 | 7 | 0. 70 |
| 1977 | 3 117 | 3 096 | 614. 00 | 3050 | 565. 30 | 38 | 44. 00 | 21 | 4. 00 | 8 | 0. 70 |
| 1978 | 2999 | 2910 | 6220 | 2898 | 566. 89 | 69 | 46. 00 | 23 | 6. 50 | 9 | 0. 81 |
| 1979 | 2950 | 2937 | 595. 86 | 2832 | 546. 72 | 80 | 43. 55 | 29 | 4. 92 | 9 | 0. 67 |
| 1980 | 3 621 | 3 576 | 611. 87 | 3 455 | 566. 50 | 85 | 42. 40 | 71 | 2. 00 | 10 | 0. 97 |
| 1981 | 3 919 | 3 621 | 672. 29 | 3 724 | 598. 90 | 105 | 43. 70 | 80 | 28. 69 | 10 | 1. 00 |
| 1982 | 4 250 | 4 235 | 682. 20 | 4 040 | 607. 10 | 115 | 45. 00 | 85 | 29. 00 | 10 | 1. 10 |
| 1983 | 4 580 | 4 515 | 1 937 | 4 330 | 1 845. 50 | 132 | 60. 00 | 85 | 30. 00 | 33 | 1. 50 |
| 1984 | 4 082 | 3 819 | 1 108. 7 | 3 819 | 1 059. 00 | 155 | 21. 00 | 85 | 28. 00 | 23 | 0. 70 |
| 1985 | 5 585 | 3 832 | 1 086. 1 | 5 281 | 1 036. 00 | 167 | 21. 20 | 115 | 28. 20 | 22 | 0. 70 |
| 1986 | 6 342 | 5 886 | 1 026. 2 | 5 342 | 976. 00 | 387 | 26. 00 | 115 | 23. 00 | 42 | 1. 20 |
| 1987 | 7 056 | 4 425 | 5 451 | 4 095 | 5 174 | 190 | 139 | 125 | 128 | 15 | 10 |
| 1988 | 7 887 | 4 583 | 4 785 | 4 258 | 4 510 | 175 | 130 | 135 | 135 | 15 | 10 |
| 1989 | 8 137 | 4 583 | 4 820 | 4 258 | 4 545 | 175 | 130 | 135 | 135 | 15 | 10 |

ئىزاھات: 1986 ـ يىلدىن كېيىنكى باغ كۆلىمى قالدۇرۇق يەرلەردە بىنا قىلىنغان باغ كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ.

## § 3 . قوغۇن ـ تاۋۇز

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش تارىخى ئۇزۇن ، ھەر يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىدا ، ھەر مۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى تەخمىنەن 1000 كىلوگرام بولۇپ كەلدى. ئاساسلىقى قوغۇن تېرىلىدۇ. تاۋۇز 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

قوغۇن تۈرلىرىدىن كۈزلۈك ، قارا كۆكچى ، بېشەكسىرىن ، ناشپەر ، چىلگە ، سېرىق كۆكچى قاتارلىقلار بار. كۆپىنچە بېشەكسىرىن ، چىلگە قاتارلىق بالدۇر پىشىدىغان تۈرلەر تېرىلىدۇ. كۈزلۈك قوغۇن ناھايىتى ئاز تېرىلىدۇ. كۈزلۈك قوغۇنغا بولغان ئېھتىياج ئاساسەن سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنىپ قاندۇرۇلىدۇ. قوغۇن ئاساسلىقى ئاچال تۈزلەڭلىكىدە تېرىلىدۇ. ئاچال تۈزلەڭلىكىنىڭ تۇپرىقى ، ھاۋا كىلىماتى قوغۇن ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. قوغۇنىنىڭ قەنت تەركىبى يۇقىرى بولۇپ ، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان ناشپەرنى مەشھۇر پەيزىۋات قوغۇنى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ.

كەلپىن تاۋۇزى ياخشىلانغان يەرلىك سورتتىن ئىبارەت.

كەلپىنلىكلەر قوغۇن ـ تاۋۇزلارغا ئادەتتە خىمىيۋى ئوغۇت بەرمەيدۇ. كۆپىنچە قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى بۇيا ، يانتاق ۋە تۆگە قىغى ، مال قىغى بىلەن ئوغۇتلايدۇ. ئادەتتە ، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق سۇغارمايدۇ.

يەتتىنچى قىسىم

# سۇ ئىشلىرى . سۇ ئېلېكترى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرىسى

# يەتتىنچى قىسىم

# سۇ ئىشلىرى . سۇ ئېلېكترى

## I باب

## سۇ ئىشلىرى

كەلپىن ناھىيىسى نوقۇل سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تامامەن سۇغىرىشقا تايىنىلىدىغانلىقتىن ، سۇ ئىنشائاتى ئىنتايىن مۇھىم. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل ئىلگىرى قىسىل تومىسى ياسالغان ، شۇنىڭدىن بۇيان ، ئۆستەڭ چېپىش ، توما ياساش ھەر يىلى داۋام قىلىپ تۇرغان. لېكىن ، كەلكۈننىڭ رەھىمسىز زەربىسى ، پەن - تېخنىكىنىڭ تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۇدۇللۇق ياسالغان سۇ ئىنشائاتلىرى ئۇدۇللۇق ۋەيران بولۇپ تۇرغان ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىرى يەنە ئۇدۇللۇق ياسىلىپ تۇرغان ، شۇنىڭ بىلەن ، پەسىل خاراكتېرلىك سۇغىرىش ئېھتىياجى ئاران قاندۇرۇلغان. دېمەك ، سۇنىڭ قىسلىقىدىن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچراپ ، نۇرغۇن يەرلەر ئاق قالغان سۇنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان.

### § 1 . ئېرىق - ئۆستەڭ

كەلپىن ناھىيىسىدە ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى تېرىقچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي راۋاجلانغان ، لېكىن ، سۇ ئاز بولغاچقا ، ئېرىق - ئۆستەڭمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16 - يىلى ( 1890 - يىلى )قىزىلتامدا بىر ئۆستەڭ چېپىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 - يىلى ( 1907 - يىلى ) سېرىق توغراقتىن قىسىلغىچە بىر ئۆستەڭ چېپىلغان.

مىنگونىڭ 5 - يىلى ( 1916 - يىلى ) شەھەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن بىر ئۆستەڭ سۇ بازارغا باشلاپ كېلىنىپ ، كۆلچەكلەرگە تولدۇرۇلۇپ ، شەھەردىكىلەرنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغان.

مىنگونىڭ 7 - يىلى ( 1918 - يىلى ) قاراكۆل دەرياسىغا توغان ياسىلىپ ، دەريا ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەر دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ تېرىقچىلىق قىلىنغان.

مىنگونىڭ 25 - يىلى ( 1936 - يىلى ) يۇقىرىس كەنتىدىن مۇنچاقپىغا 700 مېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ باشلاش ئۆستىڭى چېپىلغان.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) ئاقسۇ خاڭگۇڭدىن چىلانغا ئۆستەڭ چېپىلىپ ، چىلان سايلىقى سۇغىرىلغان. شۇنىڭغا قەدەر ناھىيەدە ئۈچ غول ئۆستەڭ ، 14 تارماق ئۆستەڭ بارلىققا كېلىپ ، سۇغىرىلىدىغان يەر 5752 مو توققۇز يۈز ئىككى لىغا يەتكەن.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى ( 1941 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىسىدىن 400 ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىنىپ ، چىلاندىن ئۆتىدىغان خاڭگۇڭ ئۆستىڭى پۈتكۈزۈلۈپ ، سۇ ئاچالغا باشلاپ كېلىنىپ ، ئاچال چىلاندىكى كۆلگە سۇ تولدۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى( 1946 ـيىلى ) 7 ـ ئاينىڭ 15 ـكۈنى خاڭگۇڭدىن چىلانغا تۇتىشىدىغان ئۆستەڭ قايتا چېپىلىپ ، 9 ـ ئايدا پۈتكۈزۈلگەن. لېكىن ئۆستەڭنىڭ يانتۇ بولۇشى ، سۇنىڭسىڭىپ كېتىشى ھەم سۇ مەنبەسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېتىپ كەلگەن سۇ بەك ئاز بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق سۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، كەلپىن خەلقى كۆپلىگەن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چاپتى.

1951 ـ يىلى بېلىقلىقتىن قىسلىغا بىر توسمىلىق ئۆستەڭ چېپىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي قىيان كېلىپ ئۇنى بۇزۇۋەتتى.

1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ياسالغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 97 مىڭ 646 مېترغا يەتتى ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى ئۈچ مېتردىن تۆت مېترغىچە ، ئەڭ كىچىك ئۆستەڭلەرنىڭ كەڭلىكى بىر مېتردىن بىرېرىم مېترغىچە كېلىدۇ. شۇ يىلى يېڭىدىن ئۇزۇنلۇقى 600 مېتر ، كەڭلىكى ئۈچ مېتر ، چوڭقۇرلۇقى 0.56 مېتر كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ چېپىلدى.

1958 ـ يىلى ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتر ، كەڭلىكى بەش مېتر ، چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتر كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ چېپىلدى. شۇ يىلى غول ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس تاش ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايغىچە « 1 ـ ماي » ، « 1 ـ ئىيۇل » گۇڭشېلىرىغا بارىدىغان تارماق ئۆستەڭلەر پۈتكۈزۈلدى ھەمدە ئىككى گۇڭشېدىكى تومىلار 4.7 كىلومېتر تۆۋەنگە كۆچۈرۈلدى.

1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 120.15 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاچال ئۆستىڭى يېڭىدىن رېمونت قىلىنىپ ، شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پۈتكۈزۈلدى.

1960 ـ يىلى باغلىق ، قاشىرىق ، قۇملۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 مىڭ 500 مېتر كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ چاپتى.

1961 ـ يىلى قىسىل غول ئۆستىڭىنى ياساش ئۈچۈن گەزلىك يېزىسى 820 كۇب مېتر تاش ياتقۇزۇش ، 2672 كۇب مېتر توپا قېزىش ۋەزىپىسىنى ؛ يۇرچى يېزىسى 700 كۇب مېتر تاش ياتقۇزۇش ، 2228 كۇب مېتر توپا قېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1963 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە ئۇزۇنلۇقى 72 مىڭ 919 مېتر كېلىدىغان 151 ئۆستەڭ ؛ ئۇزۇنلۇقى 6000 مېتر كېلىدىغان ئۈچ تاناپ كەلكۈن بۆلۈۋېتىش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى ؛ ئۇزۇنلۇقى 590 مېتر كېلىدىغان توققۇز ئۆستەڭ يېڭىدىن چېپىلدى.

1964 ـ يىل 8 ـ ئايدا « ئۆكتەبىر » گۇڭشېسىدىكى سۇ باشلاش تومىسىدا قۇرۇلۇش باشلاندى.

1968 ـ يىلى ئۇستۈن قاشىرىق كەنتىدىن تۆۋەن قاشىرىق كەنتىگىچە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتر ، كەڭلىكى 1.5 مېتر ، چوڭقۇرلۇقى 1.2 مېتر ، بويىغا يانتولۇقى 1:15 كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ چېپىلغانىدى. كېيىن ئۇ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشلىتىلمىدى.

1974 ـ يىل كۈزدە ساقدا ئۇزۇنلۇقى 6000 مېتر ، كەڭلىكى ئىككى مېتر ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتر كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ چېپىلدى.

www.uyghurkitap.com

1975 - يىل 11 - ئايدا ئاچال يېزىسى تورا كەنتىنىڭ غەربىدە بىر زەيكەش چېپىلدى . قىشتا ناھىيە بويىچە 5000 ئەمگەك كۈچى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» غول ئۆستىڭى ( ھازىرقى باش غول ئۆستەڭ ) ۋە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭى زەربىدارلىق بىلەن رېمونت قىلىندى .

1983 - يىلى قىسىل ئۆستىڭىنىڭ ئېلىش بېشى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ ، شۇ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ ، گەزلىك ، يورچى يېزىلىرىغا توسما ياساپ سۇ باشلاندى .

1985 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاچال ئۆستىڭىنىڭ ئېلىش بېشى قۇرۇلۇشى باشلاندى . بۇ قۇرۇلۇشنى يېزا ئىگىلىك 1 - شى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 2 - تۈەن- مەيدانى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۈستىگە ئالدى . 1986 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇرۇلۇش تاماملاندى . قۇرۇلۇشقا 38 مىڭ 745 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى ، 2845 كۇب مېتر توپا قېزىلدى ، 24 مىڭ 781 كۇب مېتر توپا تىندۇرۇلدى ، 2444 كۇب مېتر بېتون قاتۇرۇلدى ، 4237 كۇب مېتر تاش ئىشلىتىلدى .

### كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ ، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ 1950 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 7 - 1

| نامى | غول ئۆستەڭ | | | | | تارماق ئۆستەڭ | | | | | ئېرىق | | | | | كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | ماشىنىلاشقان قۇدۇق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | ئۇزۇنلۇقى ( مېتر ) | سەكرەتمە سانى | كۆۋرۈك سانى | توما ( تاقاق ) | سانى | ئۇزۇنلۇقى ( مېتر ) | سەكرەتمە سانى | كۆۋرۈك سانى | توما ( تاقاق ) | سانى | ئۇزۇنلۇقى ( مېتر ) | سەكرەتمە سانى | كۆۋرۈك سانى | توما ( تاقاق ) | | |
| كەلپىن ئويمانلىقى | 1 | 5000 | 5 | 8 | 7 | 2 | 3700 | 3 | 1 | 6 | 16 | 62000 | 68 | 158 | 66 | 5 | 22 |
| ئاچال تۆزلەڭلىكى | 1 | 5000 | يوق | 2 | 3 | 1 | 15000 | 4 | 4 | 4 | 7 | 56000 | 4 | 80 | 74 | يوق | 6 |
| جەمئىي | 2 | 10000 | 5 | 10 | 10 | 3 | 18700 | 7 | 5 | 10 | 23 | 118000 | 72 | 238 | 140 | 5 | 28 |

## § 2 . سۇ ئامبىرى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە سۇ ئامبىرى يوق ئىدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، ئۈچ سۇ ئامبىرى ياسالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي قىيان كېلىپ بۇزۇۋەتتى . 1990 - يىلغىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى .

### 1 . قۇمىيەر سۇ ئامبىرى

1964 - يىلى قىشتا «1 - ماي» گۇڭشېسىنىڭ قۇمىيەر سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ ، 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سۇ ئامبىرى پۈتتى . ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 600 مىڭ كۇب مېتىردىن 800 مىڭ كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ . سۇ چىقىرىش ئاغزى مۇۋاپىق بولمىغاچقا ، 1971 - يىلى سۇ ئامبىرىنى يار

ئېلىپ كېتىپ، ھازىرغىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى.

### 2 . ئاچال سۇ ئامبىرى

1965 - يىلى ئاچال سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغانىدى. 1967 - يىلى سۇ ئامبىرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، 1968 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئامبارغا سۇ باشلاندى ھەم شۇ يىلى سۇ ئامبىرىغا 6 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. 1971 - يىلى ئەتىيازدا سۇ ئامبىرىنىڭ قېشىنى يار ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئامبار قايتا رېمونت قىلىنمىدى.

### 3 . قىسىل (سۇ بېشى) سۇ ئامبىرى

قىسىل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 1970 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رەسمىي باشلاندى. ئاساسىي توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 26 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 370 مېتىر، ئۈل كەڭلىكى 126 مېتىر، سىغىمچانلىقى 20 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ لايىھەلەنگەن ئىدى. 1971 - يىل 1 -، 2 - ئايلاردا ئارمىيىنىڭ ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق «7972» قىسمىدىكى 2000 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - جەڭچى دالا يۈرۈشى قىلىپ، كەلپىن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار سۇ ئامبىرىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشتى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كېلىپ چوڭ توسمىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. خەلق ئىشچىلىرى دەرھال توسمىنى جىددىي رېمونت قىلىشقا كىرىشىپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە1200 كۇب مېتىر تاش تىزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. 1976 - يىلى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ئىشلەش ئارقىلىق سۇ ئامبىرىنىڭ كەلكۈننى بۆلۈۋېتىش تەشمىسى پۈتكۈزۈلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا 2000 دىن ئارتۇق خەلق ئىشچىسى تاغنىڭ شىمالىدىن كالا ھارۋىسى ۋە ئېشەك ھارۋىسى بىلەن تاش توشۇپ سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتىكى توسمىنى پۈتكۈزدى. ئامبارغا سۇ قاچىلىنىپ 15 كۈن ئۆتكەندە كەلكۈن كېلىپ بۇ توغاننى بۇزۇۋەتتى.

1978 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيە قىسىل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كېيىنگە قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر 47 مىڭ كۇب مېتىر توپا - شېغىل قېزىلدى، 354 مىڭ كۇب مېتىر تاش - توپا تىندۇرۇلدى، 310 كۇب مېتىر بېتون قاتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن 1 مىليون ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى، دۆلەت 5 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، خەلق ئىشچىلىرى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەنلىك ئىش قىلدى.

## § 3 . قۇدۇق

كەلپىن ناھىيىسىدە يەر ئۈستى سۈيى ئىنتايىن ئاز، شۇڭا، قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىپ ئېھتىياجنى قامداش كەلپىن خەلقى ئۈچۈن ئەزەلدىن تارتىپ مۇھىم ئىش بولۇپ كەلگەن. كىم بىرەر قۇدۇق چېپىپ سۇ چىقارسا، شۇ باتۇر ھېسابلانغان. 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ئارايماق كەنتىدىن دالى يۈسۈپ پالۋان يۈرچى بىلەن ئاچال ئوتتۇرىسىدىكى سايدا چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 18 مېتىر كېلىدىغان بىر قۇدۇق قېزىپ، سۇ چىقارغان. قۇدۇقنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىشكە بولمىسىمۇ، يەنىلا كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 31 - يىلى (1905 - يىلى) يازدا تومىبرىق كەنتىدىن ھاشىم خاگىتۇ يۈرچى يېزىسىدىن ئاچالغا بارىدىغان چوڭ يول بويىدا 27 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قازغان، بۇ قۇدۇق

www.uyghurkitap.com

« ھاشىم قۇدۇقى » دەپ ئاتالغان .

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) ئىبزىز بەگ « ھاشىم قۇدۇقى » نى بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان ھەمدە شۇ چاغدىكى « شىنجاڭ گېزىتى » گە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن « تەشنالىقنى قوتۇلدى » دېگەن تېمىدا ئالاھىدە خەۋەر بېسىلغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تەشكىللىك قۇدۇق قېزىش باشلىنىپ ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى .

1954 ـ يىلى ئىبراھىم سايىت باشچىلىقىدا بىر قىسىم كىشىلەر « ھاشىم قۇدۇقى » نى بىر قېتىم رېمونت قىلدى .

1959 ـ يىلى يۇرچى يېزىسىدىكى يۇقىرىس چوڭ ئەترەتنىڭ 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىر بۆلۈم ئەزالارنى تەشكىللەپ ئاتلە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بەش ئورۇنغا يوغان ئېغىزلىق قۇدۇق قېزىپ ئون مو يەردىكى كۆممقوناقنى چىلەكتە سۇ توشۇپ سۇغۇردى .

1964 ـ يىلى يايدى چارۋىچىلىق رايونىدا ئۈچ قۇدۇق ، دەڭلىمدە بىر قۇدۇق قېزىلدى .

1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كۆل بويلىرىغا 26 قۇدۇق قېزىلدى ، 35 ئورۇنغا مەھەللىۋى سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى .

1976 ـ يىلى « ئاچال » گۇڭشېسى ئورگىنىنىڭ ھويلىسىغا راكېتا بۇرغىسى بىلەن 25 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قېزىلىپ ، ئۇنىڭغا سېمونت تۇرۇبا ئورنىتىلغاندى . لېكىن قۇدۇق سۈيى بەك تۇزلۇق بولغاچقا ، سېمونت تۇرۇبا چىرىپ ئۆزۈلۈپ كەتتى . كېيىن ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىدە 21 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قېزىلدى ھەم تۇرۇبا ئورنىتىلدى ، بىراق قۇدۇق سۈيى تۇزلۇق بولغاچقا ئىشلىتىلمىدى .

1977 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىدە قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ ، مامۇت ھامۇت ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى . دەسلەپتە ئەترەت ئەزاسى يەتتە نەپەر ئىدى ، 10 ـ ئايدا ئادەم سانى ئونغا كۆپەيتىلدى . ئەترەت ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىشقا كىرىشىپ ، شۇ يىلى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا 50 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق ، ناھىيىلىك قۇراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىگە 52 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق ، چوشقا فېرمىسىغا 60 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قېزىپ بەردى . چوشقا فېرمىسىدىكى قۇدۇقنىڭ سۈيى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ ، ئىچىشكە يارىغاندىن باشقا ، قالغانلىرىنىڭ سۈيى ناچار بولغانلىقتىن ئاساسىي جەھەتتىن پايدىلىنىلمىدى .

1985 ـ يىلى ئاچال يېزىسىنىڭ يول بويىغا ئېغىزىنىڭ دىئامېترى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان ،12 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق قېزىلىپ ، قۇدۇقنى قازغۇچى ئارا ئارايماق يېزىلىق دالى ئۇستامنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى . سۈيى شورلۇق بولغاچقا ئىچكىلى بولمىدى .

1986 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە قۇدۇق سۈيى تۇرمۇشقا ۋە يەر سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەندى .

1986 ـ يىلى شەھەردە ۋە قىسمەن يېزىلاردا تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ، قۇدۇق سۈيى ئىچىلمەيدىغان بولدى .

1988 ـ يىلى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ، ئۈچ چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلدى . قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 75 مېتىر ، سۇ مىقدارى 35—40 كۇب مېتىر/سېكۇنت كېلىدۇ ، سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى ، ئىچىشكە بولىدۇ .

1974 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 31 قۇدۇق قېزىلدى ، ئەمما ئۇنىڭ تەخمىنەن يېرىمىدىنلا پايدىلىنىلغىلى بولدى .

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1974 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە قۇدۇق قېزىش ئەھۋالى

جەدۋەل 7 ـ 2

| ئورنى | قۇدۇق سانى | چوڭقۇرلۇقى | قېزىلغان ۋاقتى | سۇ سۈپىتى | سۇ مىقدارى (كۇب مېتر ـ سېكۇنت) | سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | | قۇدۇق ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | دۆلەت بەرگىنى | ئۆزى تەييارلىغىنى | |
| ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | 1 | 190 | 1974 | تاتلىق | 36 | 25. 000 | | ياخشى |
| تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | 1 | 190 | 7419 | تاتلىق | 36 | 30. 000 | | ياخشى |
| تەمىنلەش پونكىتى | 1 | 50 | 1976 | ئاچچىق | 20 | | | 1980 ـ يىلى كېرەكسىز قىلىنغان |
| ياساش ـ رېمونت قىلىش زاۋۇتى | 1 | 80 | 1977 | ئاچچىق | 20 | 32000 | | ئىچىشكە بولمايدۇ |
| چوشقا فېرمىسى | 1 | 70 | 1977 | تاتلىق | 20 | 25000 | | ياخشى |
| قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى | 1 | 60 | 1977 | ئاچچىق | 20 | | | ئىچىشكە بولمايدۇ |
| باغلىق كەنتى | 2 | 60 | 1978 | تاتلىق | 20 | 20000 | | بىرى بۇزۇلغان |
| قۇم يەر | 1 | 60 | 1978 | تاتلىق | 20 | | | رېمونت قىلىنماقچى |
| گەزلىك ئورمانچىلىق مەيدانى | 1 | 60 | 1978 | تاتلىق | 20 | | | رېمونتقىلىنماقچى |
| چىلان | 1 | 70 | 1978 | تاتلىق | 20 | 30000 | | رېمونت قىلىنماقچى |
| گەزلىك كەنتى | 1 | 53 | 1978 | تاتلىق | 20 | | 3000 | رېمونت قىلىنماقچى |
| قالما كەنتى | 1 | 48 | 1978 | تاتلىق | 20 | | 3000 | رېمونت قىلىنماقچى |
| تۆۋەن قاشئېرىق | 1 | 52 | 1978 | تاتلىق | 20 | | 3000 | رېمونت قىلىنماقچى |
| قۇدۇق قېزىش ئەترىتى | 1 | 70 | 1979 | تاتلىق | 20 | | 25000 | ياخشى |
| يۇرچى ئورمانچىلىق مەيدانى | 1 | 70 | 1979 | تاتلىق | 20 | | | ياخشى |
| توما ئېرىق | 2 | 70<br>75 | 1979 | تاتلىق | 20 | | | رېمونت قىلماقچى |
| تاشيول ئاسراش ئەترىتى داۋبەن | 1 | 70 | 1979 | تاتلىق | 20 | 24000 | | ياخشى |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| ئورنى | قۇدۇق سانى | چوڭقۇرلۇقى | قېزىلغان ۋاقتى | سۇ سۈپىتى | سۇ مىقدارى (كۇب مېتر/سېكۇنت) | سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | | قۇدۇق ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | دۆلەت بەرگىنى | ئۆزى تەييارلىغىنى | |
| ئاچال | 1 | 72 | 1980 | تاتلىق | 20 | | | رېمونت قىلىنماقچى |
| قىشلاق | 1 | 70 | 1980 | تاتلىق | 20 | | | رېمونت قىلىنماقچى |
| تاشيول ئاسراش ئەترىتى | 1 | 73 | 1981 | تاتلىق | 20 | | 24000 | ياخشى |
| گەزلىك يېزىسى | 1 | 150 | 1981 | تاتلىق | 20 | | | ياخشى |
| ئاچال دەن | 1 | 150 | 1981 | تاتلىق | 20 | | | بۇزۇلغان |
| ئاشلىق ئىدارىسى | 1 | 180 | 1983 | تاتلىق | 20 | | 30000 | ياخشى |
| قوراللىق بۆلۈم | 1 | 70 | 1984 | تاتلىق | 20 | | 30000 | ياخشى |
| ج خ ئىدارىسى | 1 | 180 | 1984 | تاتلىق | 20 | | 30000 | ياخشى |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 1 | 70 | 1985 | تاتلىق | 20 | | 25000 | ياخشى |
| لوپ | 1 | 75 | 1988 | تاتلىق | 20 | | 32000 | ياخشى |
| لوپ | 1 | 75 | 1988 | تاتلىق | 20 | | 31000 | ياخشى |
| يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى | 1 | 75 | 1988 | تاتلىق | 20 | | 33000 | ياخشى |

## § 4 . كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى

كەلكۈن كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق ئاپەتلەرنىڭ بىرى ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرىنى ياساش ئىنتايىن مۇھىم ، چىلك سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ ، كۆپلىگەن كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ياسالغان .

چىلك سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى ( 1910 ـ يىلى ) قىسىل تاغ ئېغىزىدىن گەزلىك ، يۇرچى يېزىلىرىغا بارىدىغان ئىككى توما ئارىلىقىغا بىر سۇ باشلاش ئۆستىڭى چېپىلغان ، بۇنىڭ بىلەن ھەم كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ، ھەم كەلكۈن سۈيى بىلەن گەزلىك ، يۇرچى يېزىلىرىدىكى ئېتىزلار سۇغىرىلغان .

مىنگونىڭ 33 ـ ، 34 ـ يىللىرى ( 1944 ـ 1945 ـ يىللىرى ) قۇمبېر ئۆستىڭىگە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن ئورۇندا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرى ياسالدى .

1950 ـ يىلى قۇمبېر ئۆستىڭىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى رېمونت قىلىندى .

1954 ـ يىلى ئاچال ، ئارايماق ، قۇمبېرىقلاردائومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 999 مېتر ، كەڭلىكى 2—1 مېتر ، ئېگىزلىكى 1.5 مېتر كېلىدىغان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى ، 1752 ئەمگەك كۈنى

www.uyghurkitap.com

سەرپ قىلىندى.

1956 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاچال يېزىسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدا ئۆلچەش — لايىھىلەش باشلاندى. 1958 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پۈتكۈزۈلدى.

1965 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قىسىل كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن 188 ئەمگەك كۈچى 12 كۈن ئىشلىدى. بۇنىڭغا 8998 كىلوگرام يۇلغۇن، 436 تال ياغاچ، 5799 كىلوگرام سامان، 319 كىلوگرام قوناق شېخى، 354 مېتر كۆلا ئىشلىتىلدى.

1975 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسىنىڭ ئارايماق، قۇمئېرىق چوڭ ئەترەتلىرىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى پۈتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتر، كەڭلىكى 3—4 مېتر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتر كېلىدۇ. ›

## § 5 . سۇ ئىشلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

### 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىنغان؛ مەھەللىلەرگە كىرەكلىك سۇ تۇما ئارقىلىق تەقسىم قىلىنغان. بۇ ئىشلارغا مىراپلار مەسئۇل قىلىنغان. ئۇن ئائىلىنى بىر گۇرۇپپىغا ئايرىپ سۇ تۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە ئازادلىقتىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە سۇ خوجىسى ئىگىلىكتە ئىدى. ئەمەلدارلار، مۇشتۇمزورلار سۇنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ خالىغانچە ساتالايتتى. سۇنى ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىۋېلىپ، سۇ ئىگىسى بولۇۋالغانىدى. يېزىدا بىر ئۆلۈش سۇ بىلەن يەتتە چارەكلىك (يەتتە مو) يەرنى سۇغىرىشقا 16 سەر كۈمۈش تۆلىنەتتى (بۇ 16 تۆگىگە ياكى 36 قويغا توغرا كېلىدۇ). بەزىلەرنىڭ سۈيى بولسىمۇ يېرى يوق ئىدى، ئۇلار سۇنى باشقىلارغا سېتىپ بېرەتتى. بەزىلەرنىڭ يېرى بار ياكى كۆپ بولسىمۇ، سۈيى يوق ياكى سۈيى يېتىشمەيتتى، سۈيى بارلاردىن سۇ سېتىۋالاتتى. بەزىلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە قەرز تارقاتقاندەك سۈيىنى سۈيى يېتىشمەيدىغان ياكى سۈيى يوقلارغا قەرز بېرەتتى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، سۇ قەرز ئالغۇچىلار شۇ چاغدىكى ئاشلىق باھاسى بويىچە باھاغا سۇندۇرۇپ، سۇ ئىگىسىگە ئاشلىق بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 9 - ئايدا سۇغا بولغان خوجىسى مۈلۈكچىلىك بىكار قىلىنىپ، سۇ ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى، رايونلاردا سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ھەيئىتى قۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ 23 - كۈندىن 30 - كۈنىگىچە ھەر قايسى رايونلاردا كەينى - كەينىدىن سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1957 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سۇ تېخنىكا كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، سۇغىرىشنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. 26 نەپەر كۇرسانت سۇ ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. شۇ يىلى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

1959 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارى-

www.uyghurkitap.com

سىگە قوشۇۋېتىلدى .

1960 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك دائىملىق سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىل قىلىندى ، بۇ ئەترەت 52 كىشىدىن تەركىب تاپتى ( بۇنىڭ ئالتە نەپىرى بۇرۇنقى سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ كادىرى ) .

1962 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ كەسپىي ئورگىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى .

1965 ـ يىلى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدا 29 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلىدى ، بۇنىڭ ئالتە نەپىرى كادىر .

1981 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گۇڭشېلاردا سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇشنى ، ھەر بىر پونكىتتا بەش كىشىنىڭ ئىشلىشىنى بەلگىلىدى( قىسىل سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدا ئون كىشى ئىشلىدى ) .

1990 ـ يىلى ناھىيە ۋە يېزا ، بازارلاردا سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ ، كەنتلەردە سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خادىمى قويۇلۇپ ، سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى .

## 2 . سۇغىرىشنى باشقۇرۇش

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەلپىننىڭ سۈيى بىلىقلىق ۋە مازار ئېقىن بۇلاقلىرىدىن چىقىپ ئىككى توما ئارقىلىق گەزلىك ، يۇرچى يېزىلىرىغا ئېقىپ باراتتى ؛ ئاندىن يەنە ئالتە توما ئارقىلىق 12 مەھەللىگە باراتتى . ئەينى ۋاقىتتا سۇ مىقدارى كەنتلەرنىڭ ئاھالىسىگە ۋە تېرىلغۇ كۆلىمىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن . سۇنى ئۆلچەش بىرلىكى « مىسقال » بولۇپ ، بىر مىسقال تەخمىنەن 15 لىتر ئىدى . گەزلىك يېزىسىغا 52.5 مىسقال سۇ بۆلۈپ بېرىلگەن . بۇ سۇنىڭ مەھەللىلەرگە تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان : باغلىق ، قالما بىر مەھەللە بولۇپ ، 12.5 مىسقال سۇ تەقسىم قىلىنغان ، يۇقىرى ، تۆۋەن قاشئېرىق بىر مەھەللە بولۇپ ، ئون مىسقال سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ، پاسۇن بىر مەھەللە بولۇپ ئون مىسقال سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن . يۇرچىگە 15 مىسقال سۇ بۆلۈپ بېرىلگەن ، بۇ سۇنىڭ مەھەللىلەرگە تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان : قۇمئېرىققا توققۇز مىسقال ، ئارايىماققا توققۇز مىسقال ، يۇرچىگە توققۇز مىسقال ، يۇقىرىسىغا سەككىز مىسقال ، قارا كۆتقا ( بازارغا ) يەتتە مىسقال .

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۆۋەن قاشئېرىق كەنتىدىكى ئوقەتباي شۇ چاغدىكى بىر قەدەر ئىلغار راق سۇ تەقسىم قىلىش چارىسىنى قوللانغاندىن كېيىن ، تۆۋەن قاشئېرىق كەنتىدە بىر قېتىملىق سۇغىرىش نۆۋىتى بۇرۇنقى 43 كۈندىن 12 كۈنگە قىسقارغان ، پۈتۈن كەنت ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ، ھەر بىر گۇرۇپپا 70 كىشىدىن تەركىب تاپقان ، ھەر بىر چوڭ گۇرۇپپا ئىككى كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ، ھەر بىر گۇرۇپپىدا 35 كىشى بولغان ، ھەر بىر گۇرۇپپا يەنە ئىككىگە ئايرىلىپ ، 24 سائەت ئىچىدە نۆۋەت بىلەن سۇغارغان .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 10 ـ يىلى ( 1871 ـ يىلى ) دىن باشلاپ ئاچال يېزىسىدا توما ياسالغان ، سۇنىڭ بۆلۈنۈشىدە « تاغار » ئۆلچەم قىلىنغان . ( بۇنىڭدا بىر تاغار ئۇرۇق چېچىلغان يەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ ، بىر تاغار لىق سۇ 3.125 لىترغا تەڭ ) ، سۇنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى « مىسقال » بولغان .

ئاچال تومىسىدا سۇ مۇنداق تەقسىم قىلىنغان : تۇرا مەھەللىسىگە 60 تاغار ، قالما ، قاشئېرىق مەھەللىرىگە 30 تاغار ، چىلان مەھەللىسىگە 70 تاغار ، كۆل مەھەللىسىگە 166 تاغار ، پاسۇن مەھەللىسىگە 44 تاغار ، قۇملۇق مەھەللىسىگە 140 تاغار .

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى ( 1941 ـ يىلى ) 12 ـ ئايدا گەزلىك ۋە يۇرچى يېزىلىرىنىڭ سۈيى ئايرىم تەڭشەلگەن . گەزلىك يېزىسىدا سۇ تەقسىم قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان : باغلىق مەھەللىسىگە سەككىز مىس

قال ، سۇ ھەققى 152.25 يۇەن ؛ قاشئېرىق مەھەللىسىگە ئون مىسقال ، سۇ ھەققى 190.50 يۇەن ؛ قالما مەھەللىسىگە 4.5 مىسقال ، سۇ ھەققى 85.75 يۇەن ؛ گەزلىك مەھەللىسىگە ئون مىسقال ، سۇ ھەققى 190.50 يۇەن ؛ قۇملۇق مەھەللىسىگە ئون مىسقال ، سۇ ھەققى 190.50 يۇەن ؛ پاسۇن مەھەللىسىگە ئون مىسقال ، سۇ ھەققى 190.50 يۇەن.

يۇرچى يېزىسىدا سۇ تەقسىم قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: يۇقىرىس مەھەللىسىگە سەككىز مىسقال ، سۇ ھەققى 156.80 يۇەن ؛ تومئېرىق مەھەللىسىگە توققۇز مىسقال ، سۇ ھەققى176.65 يۇەن ؛ قاراكۆت مەھەللىسىگە يەتتە مىسقال ، سۇ ھەققى 137.80 يۇەن ؛ ئارايماق مەھەللىسىگە توققۇز مىسقال ، سۇ ھەققى 176.65 يۇەن ؛ قۇملۇق مەھەللىسىگە توققۇز مىسقال ، سۇ ھەققى 176.65 يۇەن ؛ يۇرچى مەھەللىسىگە توققۇز مىسقال ، سۇ ھەققى 176.65 يۇەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇ دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتۈپ ، سۇ تەقسىملەش ئىشىنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تارمىقى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. ئۆستەڭنىڭ سۇ مىقدارى ، ئېقىن مۇساپىسى ۋە سۇغىرىش رايونىدىكى يەر كۆلىمىگە ئاساسەن ، سۇ تەقسىملىنىدىغان ، ئاندىن شەخسلەر ياكى كوللېكتىپ يەر سۇغىرىدىغان بولدى.

## 1950 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدىكى كەنتلەردە سۇغىرىش ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ ، سۇ تەقسىملەش ئەھۋالى

جەدۋەل 7 - 3

| كەنت ئىسمى | سۇغىرىش كۆلىمى (مو) | سۇ مىقدارى (مىسقال) | ئېرىق-ئۆستەڭلەر (مېتر) چوڭقۇرلۇقى | كەڭلىكى | ئۇزۇنلۇقى | ئېرىق-ئۆستەڭ نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پاسۇن | 2036 | 10 | 1 | 2 | 22 | پاسۇن |
| گەزلىك | 2000 | 10 | 1 | 2 | 22 | گەزلىك |
| قۇملۇق | 1621 | 10 | 1 | 2 | 22 | قۇملۇق |
| قاشئېرىق | 1395 | 10 | 1 | 2 | 22 | قاشئېرىق |
| باغلىق | 1200 | 5 | 1 | 2 | 22 | باغلىق |
| قالما | 800 | 5 | 1 | 1 | 22 | قالما |
| قاراكۆت | 2900 | 8 | 1 | 1.5 | | قاراكۆت |
| يۇرچى | 2100 | 10 | | 2 | | يۇرچى |
| تومئېرىق | 2100 | 10 | | | | تومئېرىق |
| ئارايماق | 1500 | 10 | | | | ئارايماق |
| قۇمئېرىق | 1900 | 10 | | | | قۇمئېرىق |
| يۇقىرىس | 1000 | 8 | 1 | 1.5 | 20 | يۇقىرىس |
| ئاچال | 3600 | 360تاغار | 4 | 7.5 | 30 | ئاچال |
| چىلان | 800 | 80 تاغار | 2 | 4 | 50 | چىلان |
| كۆل | 1100 | 120تاغار | 2.5 | 5 | 35 | كۆل |

1958 - يىلغىچە گەزلىك ، يۇرچى يېزىلىرىنىڭ تومىلىرى تۆت قېتىم ئۆزگەرتىلدى. 1963 - يىل 3 - ئايدا يۇرچى يېزىسى يەنە ئەسلىدىكى تومىلارنى تېرىلغۇ كۆلىمىگە قاراپ ئىككى قېتىم ئۆزگەرتتى. تومىلار ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ، كەنتلەرگە سۇ تەقسىم قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: بازارنىڭ سۈيى يەتتە مىسقال ( 107 لىتر ) دىن 125 لىترغا ، قۇمئېرىقنىڭ سۈيى توققۇز مىسقال ( 137 لىتر ) دىن 166 لىتر-

غا كۆپەيتىلدى ؛ يۇرچىنىڭ سۈيى توققۇز مىسقال ( 137 لىتر ) دىن 118 لىترغا ، تومئېرىقنىڭ سۈيى توققۇز مىسقال ( 137 لىتر ) دىن 130 لىترغا ، ئارايماقنىڭ سۈيى توققۇز مىسقال ( 137 لىتر ) دىن 120 لىترغا ، يۇقىرىسنىڭ سۈيى سەككىز مىسقال ( 122 لىتر ) دىن 110 لىترغا ئازايتىلدى. يۇرچى يېزىسى ئورگىنى ئىلگىرى ھەر بىر لىتر سۇ بىلەن 15.3 مو يەر سۇغارغان بولسا ، بۇ قېتىم ھەر بىر لىتر سۇ بىلەن 18.4 مو يەرنى سۇغىرىش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاپ سۇ بۆلدى .

1960 ـ يىلى گۇڭشېلاردا چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى .

1963 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە نورمىلىق سۇغىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، بەلگىلىمە بويىچە كەنتلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن سۇ بىلەن ھەممە يەرنى 24 سائەت ئىچىدە سۇغىرىپ بولۇش بېكىتىلدى.

1979 ـ يىلى يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ، ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، سۇ ئىشلىتىشتە ئاساسي جەھەتتىن يەنىلا نورمىلىق سۇغىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى .

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1963 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى يەر سۇغىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 7 ـ 4

| ئۆستەڭ نامى | سۇ مىقدارى ( لىتر ) | سۇغىرىش كۆلىمى ( مو ) | ئۆستەڭ نامى | سۇ مىقدارى ( لىتر ) | سۇغىرىش كۆلىمى ( مو ) |
|---|---|---|---|---|---|
| باغلىق | 111 | 40 | تومئېرىق | 146 | 45 |
| قاشئېرىق | 148 | 45 | يۇقىرىس | 114 | 30 |
| قالما | 77 | 30 | ئارايماق | 146 | 45 |
| قۇملۇق | 148 | 45 | قۇمئېرىق | 146 | 45 |
| گەزلىك | 148 | 45 | ئاچال | 580 | 110 |
| پاسۇن | 148 | 45 | كۆل | 528 | 80 |
| قاراكۆت | 114 | 40 | چىلان | 276 | 60 |
| يورچى | 146 | 40 | | | |

### 3 . سۇ ھەققى

1955 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1 ـ دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ 100 جىڭ ھوسۇلىغا ئىككى جىڭ ، 2 ـ دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ 100 جىڭ ھوسۇلىغا 1.5 جىڭ ، 3 ـ دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ 100 جىڭ ھوسۇلىغا بىر جىڭ بۇغداي ھېسابلاپ سۇ ھەققى ئېلىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سۇ ھەققى ئۈچۈن 83 مىڭ 508 جىڭ بۇغداي يىغىۋېلىندى. بۇ خەلق پۇلى ھېسابىدا 6371.66 يۈەن بولىدۇ.

1956 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سۇ ھەققى ئېلىش چارىسى بويىچە، كۆكتات ، بۇغداي ، كېۋەز ، كۆممىقوناق ، ياغلىقدان ، تېرىق ، بېدە ، مېۋىلىك باغنىڭ ھەر موسىغا ئىككى جىڭ بۇغداي ، تۇگمەنلەردىن ھەر 100 جىڭ بۇغداي تارتىش ئۈچۈن ئۈچ جىڭ بۇغداي ئېلىندى .

1960 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 7743.38 يۈەن سۇ ھەققى يىغىۋېلىندى .

1964 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ،

قالدۇرۇق يەرلەردىن سۇ ھەققى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى.

1964 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيە سۇ ھەققىنى يەردىن قىلىندىغان كىرىم ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش، كىرىمنىڭ ئىككى پىرسەنتىنى سۇ ھەققى قىلىپ ئېلىشنى بەلگىلىدى. كېيىن، سۇ ھەققى 2% ئاساسىدا سەل ـ پەل لەيلىتىپ قويۇلدى.

# II باب

# سۇ ئېلېكترى

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايون كۆلىمى كەڭ، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر چوڭ، ئېقىن مىقدارى تۇراقلىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە سۇ ئېلېكتر مىقدارى3584.4 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، كەلپىن ئويمانلىقىدىكى ئىككى يېزىنىڭ تارماق ئۆستەڭدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە توك ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ.

قىسىل (كەلپىن)، قىزىلقۇم ئېقىنلىرىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە جەدۋىلى

جەدۋەل 7 ـ 5

| ئېقىن نامى | نورمال ئېقىن مىقدارى m³/s | تەبىئىي پەسىيىش پەرقى (مېتر) | نورمال سۇ ئېنېرگىيىسى (kw) |
|---|---|---|---|
| قىسىل ئېقىنى | 1.67 | 260 | 1.67×260×7=3039.4 |
| قىزىلقۇم ئېقىنى | 1.47 | 48 | 1.47×48×7=493.92 |
| جەمئىي | 3.14 | | 3533.32 |

## § 1. كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى

كەلپىن ناھىيىسىدە مۇئەييەن سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى بار. 1960 ـ يىلدىن ئىلگىرى تۈگمەن چۆرگەندىن تاشقىرى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى يوق ئىدى. 1960 ـ يىلى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئۆستىڭىدە تۇنجى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1989 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بەشكە يەتتى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 573 كىلوۋات بولۇپ، ئەمەلىي چىقىرىلغان توك مىقدارى 440 كىلوۋاتقا يەتتى. سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تەخمىنەن پۈتۈن ناھىيىدىكى سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقىنىڭ 1/5 قىسمىنى تەشكىل قىلدى. 1989 ـ يىلى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى 1 مىليون 364 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، بۇ، 1961 ـ يىلدىكى 85 مىڭ كىلوۋات سائەتتىن 15 ھەسسە كۆپ.

1960 ـ يىل 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولغان 1 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1961 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئىستانسا پۈتۈپ، توك بې-

رىشكە باشلىدى. گېنېراتور سىغىمچانلىقى 55 كىلوۋات بولۇپ، ئەمەلىي توك تارقىتىش مىقدارى 30 كىلوۋاتقا يەتتى. 1975 ـ يىلى 2 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتى. گېنېراتور سىغىمچانلىقى 64 كىلوۋاتقا، ئەمەلىي توك تارقىتىش مىقدارى 55 كىلوۋاتقا يەتتى. 1977 ـ يىلى 3 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 84 كىلوۋاتقا، ئەمەلىي توك تارقىتىش مىقدارى 70 كىلوۋاتقا يەتتى. 1984 ـ يىلى 4 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 120 كىلوۋاتقا، ئەمەلىي توك تارقىتىش مىقدارى 85 كىلوۋاتقا يەتتى. 1986 ـ يىلى 5 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قورۇلدى، گېنراتور سىغىمچانلىقى 250 كىلوۋاتقا، ئەمەلىي توك تارقىتىش مىقدارى 200 كىلوۋاتقا يەتتى. مۇشۇ بەش سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ھەممىسى قىسىل تاش ئۆستىڭىگە قۇرۇلدى. ئىستانسىلار سۇ ئېقىنىغا قارشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار رەت بويىچە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نومۇرلۇق دەپ ئاتالدى. 1 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى شەھەرگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كىلومېتر كېلىدۇ. 5 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى شەھەرگە ئەڭ يىراق جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن ئون كىلومېتر كېلىدۇ.

## § 2 . توك بىلەن تەمىنلەش

1961 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى ھەم ئالتە كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلىپ، ناھىيە بازىرىغا توك يەتكۈزۈلدى. توك پەقەت يورۇتۇشقىلا ئىشلىتىلدى، ھەر ئائىلىنىڭ يورۇتۇشقا تۆت سائەتلا توك بېرىلدى. 1975 ـ ۋە 1977 ـ يىللىرى 2 ـ، 3 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىغا كۈن بويى توك بېرىلىدىغان بولدى. ئاندىن 2 ـ نومۇرلۇق ۋە 3 ـ نومۇرلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى پۈتۈپ، «1 ـ ماي» ۋە «1 ـ ئىيۇل» گۆشكىلىرىغا توك سىمى تارتىلدى. توك بىلەن تەمىنلەش سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1986 ـ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، جەمئىي 52.1 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 73 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلىپ، ناھىيە بازىرى ۋە كەلپىن بازىرى، گەزلىك ۋە يۇرچى يېزىلىرىغا توك بېرىلدى. 1988 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى كەلپىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەتكە 150 مىڭ كىلوۋات سائەت، يېزا ئىگىلىكىگە 55 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئاھالىلەرنىڭ چىراق يورۇتۇشقا 320 مىڭ كىلوۋات سائەت توك سەرپ قىلىندى.

1961 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر شىركىتى (ئىستانسىسى) جەمئىي 9 مىليون 953 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1970 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 591 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 29 يىل داۋامىدا، يەتتە يىلدا 25 مىڭ 100 يۈەن پايدا ئالدى؛ 22 يىلدا 113 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسى بويىچە توققۇز كەنتكە توك بارمىغاندىن تاشقىرى، قالغان كەنتلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە توك بارىدىغان بولدى.

## كەلپىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر شىركىتى(ئىستانسىسى) نىڭ 1961 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە توك تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل 7 ـ 6

| يىللار | تارقىتىلغان توك (كىلوۋات سائەت) | يىللار | تارقىتىلغان توك (كىلوۋات سائەت) |
|---|---|---|---|
| 1961 | 85000 | 1976 | 200000 |
| 1962 | 45000 | 1977 | 110000 |
| 1963 | 45000 | 1978 | 290000 |
| 1964 | 60000 | 1979 | 330000 |
| 1965 | 80000 | 1980 | 380000 |
| 1966 | 60000 | 1981 | 470000 |
| 1967 | 71000 | 1982 | 510000 |
| 1968 | 90000 | 1983 | 580000 |
| 1969 | 95000 | 1984 | 575000 |
| 1970 | 110000 | 1985 | 640000 |
| 1971 | 98000 | 1986 | 791210 |
| 1972 | 40000 | 1987 | 1200000 |
| 1973 | 41000 | 1988 | 1508000 |
| 1974 | 40000 | 1989 | 1364000 |
| 1975 | 45000 | 1990 | 1440000 |

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى قىسىم

# سانائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى قىسىم

# سانائەت

كەلپىن ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ، ئاشلىق، پاختا، ياغ، چارۋا ھەم قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، تېرە - يۇڭ، ئۈچەي قاتارلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ، سانائەت ئاساسى ئاجىز. تاغلىق جايلىرىدىن گۈڭگۈرت، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، كۆمۈر، ئۇران، گەج قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. بۇلار يېمەكلىك، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مېتالچىلىق سانائەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ بازىرى، يېزىلىرىدا پەقەت بىر قىسىم يەككە قول ھۈنەرۋەنچىلىكلا بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنئەنىۋى قول سانائەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە، زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرىمۇ تەدرىجىي مەيدانغا كەلدى. 1958 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسى — كەلپىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 275 مىڭ يۈەنگە، 1959 - يىلى 528 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1960 - يىل 3 - ئايدا تۇنجى كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 697 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1964 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئىككى توك تۈگمىنى سېتىۋېلىپ، ئۇن زاۋۇتى قۇردى. 1966 - يىلى ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى پۈتتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. گۈڭگۈرت كېنى ئۈچ قېتىم ئېچىلىپ، ئۈچ قېتىم تاقىلىپ، 1984 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1985 - يىلى بىناكارلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، پاختا زاۋۇتى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، كېيىن يەنە ئۆرۈك خورمىسى زاۋۇتى، تۆگە يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېلېكتر، كانچىلىق، سېمونت، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش قاتارلىق سەككىز سانائەت كارخانىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئالتە، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئىككى. بۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 694 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 91مىليون 428 مىڭ 500يۈەنلىك سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 28 .29 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارقىتىلغان توك 1 مىليون 364 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 123 مىڭ يۈەنگە، تارتىلغان ئۇن ۋە ياغ 1327 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 587 مىڭ يۈەنگە، چىگىتى ئايرىلغان پاختا 155 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 715 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىلغان ساپ گۈڭگۈرت 30 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 36 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونت 124 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 16 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 72 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى سەككىز بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 709مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 436مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1989 ـ يىلى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى 7977 يۈەنگە، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كوللېكتىپ سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى 13 مىڭ 375 يۈەنگە يەتتى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 1 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | سېلىنغان جەمئىي مەبلەغ | مەبلەغ مەنبەسى: دۆلەت سالغان مەبلەغ | مەبلەغ مەنبەسى: ئۆزى توپلىغان مەبلەغ | مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى: ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى | مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى: غەيرى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى | پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۈلۈك | ئاساسىي قۇرۇلۇش: ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى | ئاساسىي قۇرۇلۇش: غەيرى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1967 | 26.5 | 26.5 | | 17.7 | 8.8 | 2105 | 26.5 | | 2105 |
| 1969 | 22.85 | 22.85 | | 11.65 | 11.7 | 2161 | 22.85 | | 2161 |
| 1970 | 36.7 | 36.7 | | 32.2 | 4.5 | 1200 | 36.7 | 300 | 900 |
| 1972 | 54.73 | 37.73 | 17 | 33.53 | 21.2 | 3526 | 34.66 | | 3526 |
| 1973 | 54.81 | 52.2 | 2.61 | 29.77 | 25.04 | 5296 | 27.51 | 810 | 4486 |
| 1974 | 65.15 | 61.75 | 3.4 | 28.4 | 36.75 | 5593 | 36.75 | 637 | 4956 |
| 1975 | 47.6 | 18.7 | 28.9 | 32.9 | 14.7 | 9789 | 33.1 | 298 | 9491 |
| 1976 | 36.1 | 29.9 | 6.2 | 15 | 21.1 | 1661 | 18.1 | 803.5 | 857.5 |
| 1977 | 24.32 | 14.5 | 9.82 | 20.1 | 4.22 | 1456 | 12.32 | 210 | 1246 |
| 1978 | 41.2 | 19.5 | 21.7 | 17.7 | 23.5 | 2413 | 41.2 | 264 | 2149 |
| 1979 | 19 | 8.5 | 10.5 | 8 | 11 | 1880 | 10.9 | 1320 | 560 |
| 1980 | 116 | 78 | 38 | 76 | 40 | 7316 | 114 | 3895 | 3421 |
| 1981 | 75 | 37 | 38 | 35 | 40 | 7320 | 68 | 1132 | 6188 |
| 1982 | 103 | 51 | 52 | 30 | 73 | 11556 | | | 11356 |
| 1983 | 112 | 63 | 49 | 20 | 92 | 4456 | | | |
| 1984 | 159 | 65 | 94 | 38 | 121 | 10362 | 150 | 222 | 10140 |
| 1985 | 206 | 116 | 90 | 16 | 190 | 2418 | 124 | 760 | 6658 |
| 1986 | 346 | 215 | 131 | 154 | 192 | 4878 | 346 | | 4878 |
| 1988 | 236 | 144 | 92 | 120 | 116 | 5373 | 233 | | 5373 |
| 1989 | 197 | 37 | 160 | 24 | 173 | 3259 | 189 | 2313 | 946 |
| 1990 | 179 | 18 | 161 | 103 | 76 | 2084 | 179 | 208 | 1876 |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 2

| يىللار | كارخانا سانى | | | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىلليون يۈەن، 1970 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى | ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى | ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش |
| 1960 | 11 | 2 | 4 | 67.9 | 18.3 | 49.6 |
| 1961 | 15 | 4 | 7 | 32.4 | 16.9 | 12.2 |
| 1962 | 7 | 6 | 3 | 26.95 | 14.62 | 11.99 |
| 1963 | 6 | 5 | 4 | 13.25 | 8.76 | 3.25 |
| 1964 | 7 | 5 | 3 | 10.21 | 5.25 | 1.2 |
| 1965 | 5 | 4 | 2 | 12.59 | 9.08 | 1.13 |
| 1966 | 6 | 5 | 3 | 14.75 | 7.72 | 3.37 |
| 1967 | 5 | 4 | 3 | 19.71 | 14.03 | 8.59 |
| 1968 | 5 | 4 | 2 | 17.09 | 11.79 | 4.7 |
| 1969 | 5 | 4 | 3 | 16.1 | 15.57 | 4.08 |
| 1970 | 6 | 5 | 3 | 20.09 | 13.9 | 7.3 |
| 1971 | 6 | 5 | 3 | 21.18 | 16.88 | 10.08 |
| 1972 | 6 | 5 | 3 | 27.17 | 22.77 | 10.98 |
| 1973 | 7 | 6 | 4 | 33.35 | 28.52 | 15.1 |
| 1974 | 7 | 6 | 4 | 42.3 | 34.3 | 17.2 |
| 1975 | 7 | 6 | 4 | 53.8 | 44.2 | 32.7 |
| 1976 | 7 | 6 | 4 | 65.1 | 53.8 | 51.3 |
| 1977 | 7 | 6 | 4 | 89.87 | 75.91 | 73.86 |
| 1978 | 7 | 6 | 4 | 10.5 | 89.6 | 85.5 |
| 1979 | 7 | 6 | 4 | 126.5 | 111.7 | 92.1 |
| 1980 | 6 | 5 | 4 | 96.37 | 85.04 | 63.36 |
| 1981 | 6 | 5 | 4 | 53.59 | 42.58 | 19.88 |
| 1982 | 5 | 4 | 3 | 66.48 | 54.63 | 22.63 |
| 1983 | 5 | 4 | 3 | 76.6 | 65 | 28 |
| 1984 | 7 | 5 | 4 | 95.44 | 75.82 | 33.89 |
| 1985 | 8 | 6 | 4 | 79.74 | 65.78 | 26.67 |
| 1986 | 8 | 6 | 4 | 94.06 | 78.42 | 34.08 |
| 1987 | 8 | 6 | 4 | 114.8 | 79.9 | 71 |
| 1988 | 8 | 6 | 4 | 101.6 | 61.8 | 62.1 |
| 1989 | 8 | 6 | 4 | 151.8 | 61.8 | 108.1 |

www.uyghurkitap.com

# I باب

## قول سانائەت

كەلپىن ناھىيىسىدە قول سانائىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيە بويىچە بابكاچىلىق، تىكۈچىلىك، تېرىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، بىناكارلىق (تامچىلىق) قاتارلىق 18 خىل كەسىپ بولۇپ، بۇ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 449 كىشى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى قول سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 303 كىشىگە، 1954 - يىلى قول سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 17 مىليون 380 مىڭ يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) گە يەتتى. 1955 - يىل 8 - ئايدا بىر تىكۈچىلىك كوپېراتىپى، بىر موزدوزچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 2 - ئايدا ناھىيە بويىچە يەككە قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قول سانائەتچىلەر كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا ماڭدى ھەم بەش كوپېراتىپ (ئىككى تىكۈچىلىك كوپېراتىپى، بىر تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى، ئىككى موزدوزچىلىق كوپېراتىپى) قۇرۇلدى، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ سانى 77گە، مەبلىغى 2834.81 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە قول سانائەت كوپېراتىپى ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا قىسمەن ئۇستىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىغا بىرىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتى. ئۇلار ھەم سانائەت بىلەن، ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتتى. 1958 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقان بولۇپ كەتكەن قىسمەن ھۈنەرۋەنلەر يەنە رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىغا كېلىپ ئىشلىدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىر مەزگىل ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كەتتى، قىسمەن ھۈنەرۋەنلەر يەنە يېزىغا بىرىپ دېھقانچىلىق قىلدى. 1962 - يىلى «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا نۇرغۇن تېخنىكا ئىشچىلىرى ھۈنەرنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شەھەر - يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قول سانائەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىشى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قول سانائىتىدە ھۈنەر - سەنئەتنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى چىقتى، ياغاچ قوشۇق، يىڭ، تەگلىمات قاتارلىق مەھسۇلاتلار خېلى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، 1990 - يىلى كەلپىن ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى قارمىقىدا 19 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بىر كارخانا قۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 440 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

كەلپىن ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى) نىڭ بىر قانچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 3

| يىللار | ئادەم سانى | مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | يىللار | ئادەم سانى | مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | يىللار | ئادەم سانى | مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 298 | 76408 | 1966 | 41 | 47918 | 1979 | 94 | 167729 |
| 1950 | 303 | 82524 | 1967 | 41 | 47469 | 1980 | 66 | 154293 |
| 1951 | 303 | 86150 | 1968 | 41 | 47446 | 1981 | 147 | 173274 |
| 1952 | 306 | 90240 | 1969 | 41 | 47981 | 1982 | 95 | 286486 |
| 1953 | 306 | 94234 | 1970 | 41 | 47931 | 1983 | 112 | 296478 |
| 1954 | 319 | 101738 | 1971 | 41 | 48336 | 1984 | 118 | 290745 |
| 1955 | 344 | 108816 | 1972 | 41 | 48118 | 1985 | 137 | 330574 |
| 1956 | 345 | 125436 | 1973 | 41 | 48396 | 1986 | 22 | 260000 |
| 1958 | 348 | 166757 | 1974 | 57 | 84222 | 1987 | 25 | 356000 |
| 1962 | 41 | 47584 | 1975 | 75 | 118401 | 1988 | 23 | 398000 |
| 1963 | 41 | 48184 | 1976 | 97 | 132907 | 1989 | 19 | 435700 |
| 1964 | 41 | 48074 | 1977 | 99 | 142667 | 1990 | 19 | 440500 |
| 1965 | 41 | 47391 | 1978 | 101 | 173293 | | | |

# II باب

# كانچىلىق

## § 1 . گۈڭگۈرت كېنى

كەلپىن ناھىيىسىدە گۈڭگۈرت كېنى ئېچىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) باشلانغان. شۇ يىلى ئون ئۇيغۇر 607 جىڭ گۈڭگۈرت رودىسى قېزىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، كان ئېچىش تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ داۋام قىلىپ، پارچە ـ پۇرات قېزىلغان، رودا مىقدارىمۇ بەك ئاز بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىل 12 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىل

www.uyghurkitap.com

غان ساپ گۈڭگۈرت ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئېچىلغان يەرلىك مەھسۇلاتلار يىغىنىدا كۆر-گەزمە قىلىپ سېتىلدى ، 1955 - يىلدىن كېيىن گۈڭگۈرت كېنى ئېچىش خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى .

## 1 . ناھىيىلىك گۈڭگۈرت كېنى

1955 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كەلپىن گۈڭگۈرت كېنى رەسمىي قۇرۇلدى ، ئەينى ۋاقىتتا ئون ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىدى ، شۇ يىلى كاندا 50 توننا رودا قېزىلدى ، مەھسۇلات قىممىتى 26 مىڭ 250 يۈەنگە ، پايدىسى 6000 يۈەنگە يەتتى. 1961 - يىلى كاننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 300 گە ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 733 تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 116 مىڭ يۈەنگە ، پايدىسى 13 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى گۈڭگۈرت كېنىنى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. كاننىڭ 232 ئىشچى - خىزمەتچىسى قىسقارتىۋېتىلدى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 148 تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 52 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1963 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن يەنە 26 كىشى قىسقارتىلدى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 16 تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 8500 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1964 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى. 1966 - يىلى ئاپپارات ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1976 - يىلغا كەلگەندە كان بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 188 گە ، يىللىق مەھسۇلاتى 802 تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 289 مىڭ 700 يۈەنگەيېتىپ ، مەھسۇلات قىممىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى ، پايدا 95 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980 - يىلى يىللىق مەھسۇلات 1812تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 217 مىڭ يۈەنگە يەتتى ، 165 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى. 1981 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كېتىپ ، يىللىق مەھسۇلات 138 تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىڭ 700 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى ، 172 مىڭ 500 يۈەن زىيان كۆرۈلدى .

1982 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلدى. 1984 - يىلى كان تەرتىپكە سېلىنىپ ، قايتا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ۋە ئىگىلىكنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، شۇ يىلى 62 ئىشچى - خىزمەتچى قازغان گۈڭگۈرت رودىسى 680 تونناغا ، مەھسۇلات قىممىتى 82 مىڭ يۈەنگە ، پايدا 1000 يۈەنگە يەتتى. يۇقىرىغا 4000 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى بۇ كانغا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ، يول ۋە ئۆيلەرنى رېمونت قىلدى ، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ سېتىۋالدى ، شۇ يىلى كاندا قېزىلغان رودا 131 توننا ، مەھسۇلات قىممىتى 44 مىڭ يۈەن بولۇپ ، 33 مىڭ 600 يۈەن زىيان كۆرۈلدى. 1989 - يىلى كان بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 26 ، قېزىلغان رودا 47 توننا ، مەھسۇلات قىممىتى 67 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ ، 55 مىڭ 600 يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

## 2 . گەزلىك يېزىلىق گۈڭگۈرت كېنى

1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گەزلىك يېزىلىق گۈڭگۈرت كېنى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى ، شۇ يىلى 2825 توننا گۈڭگۈرت رودىسى قېزىلىپ ، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 17 مىڭ يۈەنگە يەتتى ھەم 4000 يۈەن پايدا ئېلىندى. 1986 - يىلى 1533 توننا رودا قېزىلدى ، مەھسۇلات قىممىتى 556 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 80 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. كېيىن رودىنىڭ خېرىدارى ئازلاپ كەتكەچكە ، رودا كۆپ قېزىلمىدى. 1989 - يىلى ئاران توققۇز توننا ، 1990 - يىلى 13 توننا رودا قېزىلدى.

## كەلپىن ناھىيىلىك گۈڭگۈرت كېنىنىڭ 1955 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 4

بىرلىكى: توننا، يۈەن

| يىللار | ئىشچى خىزمەتچى سانى | قېزىلغان رودا مىقدارى (توننا) | مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | پايدا، زىيان (يۈەن) | باج (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 10 | 50 | 26250 | 6000 | |
| 1956 | 10 | 100 | 26250 | 10000 | |
| 1957 | 35 | 385 | 134800 | 17000 | 5440 |
| 1958 | 158 | 1451 | 297500 | 35000 | 12000 |
| 1959 | 327 | 1821 | 637400 | 121000 | 396000 |
| 1960 | 458 | 850 | 507900 | 94000 | 33400 |
| 1961 | 300 | 733 | 115900 | 13000 | 2820 |
| 1962 | 68 | 148 | 57800 | 3500 | 1200 |
| 1963 | 42 | 16 | 8500 | | 100 |
| 1964 | 12 | | | | |
| 1965 | 12 | | | | |
| 1966 | 12 | 36 | 10300 | | |
| 1967 | 52 | 49 | 28300 | | 3900 |
| 1968 | 51 | 70 | 31800 | 6000 | 2300 |
| 1969 | 43 | 53 | 18600 | —148 | 2300 |
| 1970 | 59 | 94 | 32900 | 7500 | 2100 |
| 1971 | 72 | 144 | 50400 | 20000 | 6000 |
| 1972 | 73 | 170 | 59500 | 24000 | 7616 |
| 1973 | 74 | 185.8 | 64800 | 7900 | 4472 |
| 1974 | 82 | 210 | 73600 | 37000 | 8712 |
| 1975 | 173 | 453 | 158550 | 53000 | 12684 |
| 1976 | 188 | 802 | 289772 | 95000 | 28805 |
| 1977 | 181 | 2073 | 186600 | 14502 | 3420 |
| 1978 | 277 | 1628 | 569800 | 195000 | 41656 |
| 1979 | 227 | 2824 | 589050 | 86996 | 37514 |
| 1980 | 251 | 1812 | 171800 | —16458 | 5242 |
| 1981 | 78 | 138 | 20700 | —172468 | 1000 |
| 1982 | 61 | | | | |
| 1983 | 57 | | | | |
| 1984 | 62 | 680 | 81704 | 1055 | 4303 |
| 1985 | 53 | 247 | 62403 | —28332 | 1257 |
| 1986 | 51 | 131 | 44000 | —33600 | 1464 |
| 1987 | 87 | 137 | 82000 | —32000 | 4250 |
| 1988 | 88 | 181 | 104337 | —59639 | 4855 |
| 1989 | 26 | 47 | 67607 | —55576 | 4063 |

www.uyghurkitap.com

## § 2 . زاك (گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر) كېنى

كەلپىن ناھىيىلىك زاك كېنى 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندى. شۇ يىلى 1212 توننا رودا قېزىلىپ، 1200 توننىسى سېتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 99 مىڭ 534 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى 1401 توننا رودا قېزىلىپ، 1300 توننىسى سېتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 119 مىڭ 453 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى زاك كېنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 25 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 1986 - يىلى 103 مىڭ توننا رودا قېزىلىپ، 1003 توننىسى سېتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1987 - يىلى 18 مىڭ 87 توننا رودا قېزىلىپ، 1711 توننىسى سېتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 187 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلى 849 توننا رودا قېزىلىپ، 849 توننىسى سېتىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 93 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلى كان بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 87 (بۇنىڭ ئىچىدە توختاملىق ئىشچى 55) گە، مۇقىم مۈلۈك 181 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە مەبلەغ 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1989 - يىلى ناھىيىلىك زاك كېنى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ بىناكارلىق - خىمىيە زاۋۇتى بىلەن توختام تۈزۈپ، كاننى ئۇنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشىغا بەردى. بىر يىلدىن كېيىن بۇ كان ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلىپ، تاقىۋېتىلدى.

# III باب

# پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى

## § 1 . ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە ئۇن ۋە ياغ تارتىشتا، ئاساسەن، ياغۇنچاق، جۇۋاز، تۈگمەنلەرگە تايىنىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ مەھەللىۋى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئۇن، ياغ تارتىلغان. 1958 - يىلى «1 - ماي»، «1 - ئىيۇل» گۇڭشېلىرىدا ئىككى تۈگمەن قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئاچال گۇڭشېسى چوڭ ئەترەتلەردىن مەبلەغ توپلاپ، «3110» تىپلىق دىزېل ماتورلۇق بىر ئۇن تارتىش ماشىنىسى سېتىۋالدى. 1964 - يىلى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئىككى ئۇن زاۋۇتى سېتىۋېلىپ ئۇن تارتتى. 1968 - يىلى دۆلەت 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ماشىنىلاشقان ئۇن، ياغ تارتىش زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇتتا كۈنىگە 8000 جىڭدىن 10 مىڭ جىڭغىچە ئۇن تارتىلدى. 1982 - يىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ناھىيىلىك ئۇن، ياغ تارتىش زاۋۇتىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىلىپ، پىششىقلاش تۈرى كۆپەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى «1 - ئىيۇل»، «1 - ئۆكتەبىر» گۇڭشېلىرىنىڭ ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسى ئۇن زاۋۇتىدا كۈنىگە 4000 جىڭ، «1 - ئوكتەبىر» گۇڭشېسى ئۇن زاۋۇتىدا كۈنىگە 6000 جىڭ ئۇن تارتىلدى، 1988 -

يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يەنە بىر ئۇن زاۋۇتى قۇردى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 753 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كېيىنكى يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە تارتىلغان ئۇن مىقدارى 1957 ـ يىلدىكى 373 مىڭ جىڭدىن 1989 ـ يىلى 1 مىليون 953 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 4.2 ھەسسە كۆپەيدى.

1984 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۇن، ياغ تارتىش زاۋۇتىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىگىلىكنى ھۆددىگە بېرىش ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر ـ بازارلارنى ئۇن، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۇن، ياغلىرىمۇ تارتىپ بېرىلىپ، 10 مىڭ يۈەنلىك كىرىم ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى 1450 توننا ئۇن، ياغ تارتىلىپ، پىلان 45% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى ھەم 500 يۈەن ساپ پايدا ئېلىنىپ، ئۇدا11 يىل زىيان تارتىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. 1985 ـ يىلى بۇ زاۋۇت ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۇن، ياغ تارتىش ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 5 بىرلىكى: جىڭ، يۈەن

| يىللار | ئۇن | ياغ | مەھسۇلات قىممىتى |
|---|---|---|---|
| 1957 | 372870 | 3515 | |
| 1958 | 534993 | 4456 | |
| 1959 | 577436 | 306 | |
| 1960 | 546242 | 1800 | 87000 |
| 1961 | 674892 | 3600 | 136000 |
| 1962 | 586536 | 2675 | 6300 |
| 1963 | 420536 | | 55100 |
| 1964 | 465174 | | 59100 |
| 1965 | 716381 | | 79500 |
| 1966 | 331105 | | 29500 |
| 1967 | 841066 | | 54400 |
| 1968 | 618208 | 750 | 70900 |
| 1969 | 817828 | 2230 | 114900 |
| 1970 | 56252 | | 66000 |
| 1971 | 348458 | | 68000 |
| 1972 | 854379 | | 126400 |
| 1973 | 775929 | | 134100 |
| 1974 | 922130 | 4900 | 171000 |
| 1975 | 823552 | 7700 | 115000 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| 25000 | 4779 | 1027534 | 1976 |
| 20500 | 2088 | 991650 | 1977 |
| 41000 | 9517 | 1290518 | 1978 |
| 196000 | | 1438527 | 1979 |
| 216800 | 269 | 1681568 | 1980 |
| 227000 | | 1818600 | 1981 |
| 320000 | | 1879500 | 1982 |
| 370000 | 10000 | 2252700 | 1983 |
| 446800 | 300 | 2373600 | 1984 |
| | | 2550100 | 1985 |
| 434522 | | 2538000 | 1986 |
| 346658 | | 2579560 | 1987 |
| 282765 | | 2000000 | 1988 |
| 387809 | | 1952000 | 1989 |
| 1149100 | | 5200000 | 1990 |

## § 2 . يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش

1960 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى سىستېمىسى بويىچە دۇفۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۇ 1962 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1963 ـ يىلى بۇ زاۋۇت جاڭيۇ، سوپۇنلارنىمۇ ئىشلەيدىغان بولدى. شۇ يىلى سەككىز تونىنا ئاچچىقسۇ، تۆت تونىنا جاڭيۇ، 540 كىلوگرام دۇفۇ، 2500 توقاچ سوپۇن ئىشلەپچىقاردى. 1970 ـ يىلى بۇ زاۋۇت يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، پېچىنە ـ پىرەنىك، فىنتوزا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەشكە كىرىشتى، شۇنىڭدەك چوكا مۇز، ساڭزا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قوشۇپ ئىشلەپ بازارنى تەمىنلىدى.

1983 ـ يىلى ناھىيىلىك يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزۈپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلكى 30 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە مەبلىغى 2500 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 25كە يەتتى. 1989 ـيىلى يېمەكلىك ئىشلەش زاۋۇتى پەقەت چوكا مۇزلا ئىشلەيدىغان بولدى. 1990 ـ يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلىگەن چوكا مۇز 218 تونىنىغا، مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 1 مىليون 526 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 3 . پاختا ـ تىۋىت پىششىقلاپ ئىشلەش

1985 ـ يىلى دۆلەت 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 9425 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كەلپىن ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىنى قۇرۇپ، توققۇز پاختا ئايرىش ماشىنىسى (سائىتىگە 500 كىلوگرام ساپ پاختا چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە)، بىر پاختا تايلاش ماشىنىسى (55 ئات كۈچىگە ئىگە، سائىتىگە

بەش تاي پاختا تايلىيالايدۇ. ھەر بىر تاي پاختىسىنىڭ ئېغىرلىقى 75 كىلوگرام ئەتراپىدا) ، ئىككى دىزېل ماشىنىسى سېتىۋالدى. 1986 – يىلى بۇ زاۋۇت 48 توننا پاختا ئايرىپ، بۇنىڭ 46 توننىسىنى سىرتقا يۆتكىدى. ئەمما زاۋۇت 1400 يۈەن زىيان تارتتى. 1987 – يىلى 158 توننا پاختا ئايرىپ، 157 توننىسىنى سىرتقا يۆتكەپ، 5127 يۈەن پايدا ئالدى. 1988 – يىلى 183 توننا پاختا ئايرىپ، 182 توننىسىنى سىرتقا يۆتكىدى، 16 مىڭ 533 يۈەن پايدا ئالدى. 1989 – يىلى 217 توننا پاختا ئايرىدى.

1986 – يىل 6 – ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەلپىن ناھىيىلىك يۇڭ – تىۋىت زاۋۇتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا ئاپتونوم رايون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 1987 – يىل 4 – ئايدا زاۋۇت رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇ چاغدا زاۋۇتنىڭ 20 گە يېقىن ئىشچى – خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە تۆگە يۇڭى، تۆگە تىۋىتى پىششىقلاپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، تۈزۈك خېرىدار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن مەھسۇلات سېتىلماي بېسىلىپ قېلىپ، 1988 – يىلى ئىش توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، زاۋۇتتا پەقەت تۆت ئىشچى – خىزمەتچى قالدى.

## § 4 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش – رېمونت قىلىش

1958 – يىل 11 – ئاينىڭ 2 – كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1960 – يىلى كېڭەيتىلىپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. زاۋۇتتا تۆت ستانوك، 34 ئىشچى – خىزمەتچى بار ئىدى. ئەسلىدىكى تېرە كۆرۈك ئورنىغا توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىلدى. 1961 – يىلى بۇ زاۋۇتتا 1050 دانە كەتمەن، 1041 دانە ئورغاق، 101 يار – يار ھارۋا ياسالدى، مەھسۇلات قىممىتى 159 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1965 – يىلى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1974 – يىل 4 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تراكتور پونكىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش – رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1971 – يىلى بۇ زاۋۇت 24 دانە پىرتىسىپ، ئون دانە چىغىرىق ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 149 مىڭ يۈەن بولدى. 1975 – يىلدىن كېيىن تېخنىكا خادىملىرى كەينى – كەينىدىن سىرتقا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكتىن ئىشلەپچىقىرىش تەسىرگە ئۇچراپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ، بۇ كارخانا يىلمۇ يىل زىيان تارتىدىغان كارخانا بولۇپ قالدى. 1980 – يىلى تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ زاۋۇت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش – رېمونت قىلىشتىن سىرت، بىر قىسىم خەلق تۇرمۇشىغا لازىملىق بۇيۇملارنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەشكە كىرىشىپ، 1986 – يىلى زىيانىنى تۈگىتىپ پايدا ئالدى. 1987 – يىل 2 – ئايدا بۇ زاۋۇت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش – رېمونت قىلىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1989 – يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش – رېمونت قىلىش پونكىتىدا 26 ئىشچى – خىزمەتچى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 74 مىڭ 182 يۈەنگە، پايدا 8885 يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 1581 يۈەنگە يەتتى.

1971 – يىلدىن 1989 – يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش – رېمونت قىلىش زاۋۇتى (پونكىتى) نىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 486 مىڭ يۈەن، چىقىمى 2 مىليون 906 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 82 مىڭ يۈەن) ، زىيان 420 مىڭ يۈەن بولدى.

كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى (پونكىتى) نىڭ 1971 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 6

| يىللار | ئىشچى-خىزمەتچى سانى | يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | پايدا - زىيان | باج سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1971 | 54 | 148735 | —32543 | 4521 |
| 1972 | 55 | 149984 | —42672 | 4652 |
| 1973 | 48 | 159352 | —38435 | 4252 |
| 1974 | 55 | 172482 | —28252 | 4821 |
| 1975 | 62 | 145527 | —41427 | 4752. 31 |
| 1976 | 67 | 132774 | —34376 | 4521. 20 |
| 1977 | 70 | 152348 | —30835 | 4642. 25 |
| 1978 | 64 | 128165 | —26570 | 4575. 98 |
| 1979 | 66 | 121991 | —31193 | 2621. 20 |
| 1980 | 66 | 245340 | 10242 | 2566. 97 |
| 1981 | 58 | 127624 | —39672 | 2702. 85 |
| 1982 | 59 | 138716 | —34282 | 4186. 26 |
| 1983 | 51 | 166110 | —25578 | 3053 |
| 1984 | 55 | 116545 | —16342 | 2—157 |
| 1985 | 38 | 76407 | —16396 | 1819 |
| 1986 | 32 | 103000 | 5000 | 20000 |
| 1987 | 28 | 64373 | —18904 | 1931 |
| 1988 | 27 | 62046 | —15649 | 2861 |
| 1989 | 26 | 74182 | 8885 | 1581 |
| 1990 | 26 | 82614 | 7524 | 1597 |

www.uyghurkitap.com

# IV باب

# بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

## § 1. بىناكارلىق كەسپى

**1. بىنا لايىھەلەش**

60 - يىللاردىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە مەخسۇس بىنا لايىھەلەش كۈچى يوق ئىدى. 1970 - يىلى بىر بىنا لايىھەلەش تېخنىكى بار بولدى، 1982 - يىلى يەنە بىر تېخنىك كەلدى. شۇندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدە بەزى چوڭراق بىنالار ئۆزىدە لايىھىلىنىپ سېلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن: 1983 - يىلى سېلىنغان ناھىيىلىك كىنوخانىنىڭ كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر، تاماشىبىنلار ئولتۇرىدىغان زالنىڭ چات ئارىسى 70 مېتىر بولۇپ، پولات چىۋىقلىق بېتون قوش ئەگمە لىم ئىشلىتىلدى. 1984 - يىلى سېلىنغان ئاشلىق ئىدارىسى بىناسىنىڭ كۆلىمى 1100 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1985 - يىلدىن كېيىن 1600 كۋادرات مېتىرلىق ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى، 800 كۋادرات مېتىرلىق مېھمانخانا بىناسى، 600 كۋادرات مېتىرلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىناسى، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قاتارلىق بىنالار سېلىندى.

**2. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش قوشۇنى**

1) **ناھىيىلىك بىناكارلىق ئەترىتى** 1959 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە بىر بىناكارلىق ئەترىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا 40 نەپەر مىللىي ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. بۇ ئەترەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تارقىتىۋېتىلدى.

2) **2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى بىناكارلىق ئەترىتى** 1974 - يىلى ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (كېيىنكى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى) بىر بىناكارلىق ئەترىتى قۇردى، ئەترەتنىڭ 80 نەپەر مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. بۇ ئەترەت كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇن بولۇپ، توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاددىي ئۆي - ئىمارەتلەرنى سالاتتى، ئۇ كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر مۇھىم قۇرۇلۇش قوشۇنى ئىدى. 1979 - يىلى بۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى قىلغان قۇرۇلۇش 4915 كۋادرات مېترغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 3900 كۋادرات مېترغا، مەھسۇلات قىممىتى 73 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 631 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1982 - يىلى بۇ ئەترەت 5000 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاپ، يىل ئاخىرىغا قەدەر قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزدى، مەھسۇلات قىممىتى 176 مىڭ يۈەنگە يەتتى، خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 2985 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1985 - يىلى 5707.5 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزدى، مەھسۇلات قىممىتى 669 مىڭ يۈەنگە يەتتى، خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 2880.78 يۈەندىن توغرا كەلدى.

3) **ناھىيىلىك بىناكارلىق كوپېراتىپى** 1985 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە بىناكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇ كوپېراتىپتا بىر مىللىي، بىر خەنزۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى بولۇپ، ئۇلاردا 80 نەچچە ئادەم بار ئىدى. كوپېراتىپ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇن بولۇپ، سىرتنىڭ تېخنىكا كۈچلىرىنى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تايانچ قۇرۇلۇش قوشۇنى بولۇپ قالدى. ئۇ 1985 - يىلدىن

1987 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىلىك تۆگە يۇڭى زاۋۇتى، مېھمانخانا، سوت مەھكىمىسى، دوختۇرخانا قا-تارلىق ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 26 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدىغان بىنا قۇرۇلۇشىنى لايىھىدىكى سۈپەت تەلىپىگە مۇۋاپىق پۈتكۈزدى. بۇ كوپىراتىپنىڭ 1985 ـ يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى 465 مىڭ يۈەنگە، 1986 ـ يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى 750 مىڭ يۈەنگە، 1987 ـ يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈچ يىلدا يۇقىرىغا جەمئىي 85 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 86 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن كوپىراتىپ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى | يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 66.28 | 17.1 | 1985 | 169 | 37 |
| 1981 | 42.85 | 15.7 | 1986 | 211 | 54.33 |
| 1982 | 56 | 20.5 | 1987 | 169.45 | 43.64 |
| 1983 | 64.3 | 23.45 | 1988 | 72.74 | 18.73 |
| 1984 | 21.7 | 7.9 | 1989 | 97.93 | 29.2 |

## كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ 1988 ـ يىلدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

جەدۋەل 8 ـ 8

| ئىمارەت كۆلىمى | ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلما بويىچە ئايرىلىشى | | | | | | ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئىشلىتىلىش بويىچە ئايرىلىشى | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق | | خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق | | توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق | | تۇرالغۇ ئۆي | | ئىشخانا قىلىنغان ئۆي | | سانائەت ـ قاتناش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر | | سودا ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر | | داۋالاش ۋە مائارىپ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۆي ئىمارەتلەر | | باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر | |
| m² | m² | % | m² | % | m² | % | m² | % | m² | % | m² | % | m² | % | m² | % | m² | % |
| 115839 | 9114 | 7.87 | 20272 | 17.5 | 86453 | 74.63 | 54601 | 47.14 | 8052 | 6.95 | 16392 | 14.15 | 16644 | 14.37 | 13162 | 11.36 | 6983 | 6.03 |

كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ 1988 ـ يىلدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

جەدۋەل 8 ـ 9

| تۈرى | ئومۇمىي ئىمارەت كۆلىمى | سېلىنغان يىلى | | | | قەۋەت سانى | | ئىمارەت سۈپىتى | | | | | يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى | | | مۇستەھكەملىنىش ئەھۋالى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 50 ـ يىللار | 60 ـ يىللار | 70 ـ يىللار | 80 ـ يىللار | بىر قەۋەتلىك | 2 ـ 3 قەۋەتلىك | ياخشى | ئاساسەن ياخشى | ئادەتتە كىچىك بۇزۇلغىنى | ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغىنى | خەتەرلىك ئۆي | مۇداپىئە قىلىنمىغىنى | يەتتە يىللىق مۇداپىئە قىلىنغىنى | سەككىز يىللىق مۇداپىئە قىلىنغىنى | يېڭىدىن سېلىنغىنى | مۇستەھكەملەنگىنى | مۇستەھكەملىنىدىغىنى | مۇستەھكەملەنمىگەن قىسمى |
| m2 | 115839 | 5283 | 4816 | 40294 | 65446 | 110150 | 5689 | 44386 | 68811 | 1506 | 927 | 209 | 106725 | 7684 | 1430 | 9114 | | 8470 | 96255 |
| % | 100 | 4.56 | 4.16 | 34.78 | 56.50 | 95.09 | 49.1 | 38.32 | 59.4 | 1.3 | 0.8 | 0.18 | 92.13 | 6.64 | 1.23 | 7.87 | | 7.3 | 84.83 |

## § 2 . بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

### 1 . خىش خۇمدىنى ، ھاك خۇمدىنى

1956 ـ يىلى دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ ، خىش پىشۇردى ، ھاك كۆيدۈردى ، 1959 ـ يىلى كۆك خىش پىشۇرۇش ، ھاك كۆيدۈرۈش ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللاندى . ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 39 مىڭ 974 يۈەنگە يەتتى .

1 ) **خىش خۇمدىنى** 1981 ـ يىلى دۆلەت تەرىپىدىن 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ، بىر خىش خۇمدىنى قۇرۇلدى . خۇمداننىڭ 44 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ ، ئۇلار 70 مىڭ دانە قىزىل خىش پىشۇرغاندى ، ئەمما سۈپىتى ناچار بولۇپ ، ئالدىنغان خېرىدار چىقماي ، زىيان كۆرۈلگەچكە ، 1985 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلدى .

2 ) **ھاك خۇمدىنى** 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك بىناكارلىق كوپېراتىپى بىر ھاك خۇمدىنى قۇردى . بۇ خۇمدان يىلىغا 960 توننا ھاك كۆيدۈرگەندى . 1986 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلدى .

### 2 . سېمونت زاۋۇتى

1973 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى قىسىل سۇ ئامبىرىغا ئىشلىتىدىغان سېمونت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، كاما تىكەندە سېمونت زاۋۇتى قۇرۇشقا كىرىشتى . بۇ زاۋۇت بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ ، بىر تەرەپتىن سېمونت ئىشلەپچىقاردى . 1974 ـ يىل 1 ـ ئايدا زاۋۇت رەسمىي پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقارغان سېمونت 110 تونىنغا ، مەھسۇلات قىممىتى 4650 يۈەنگە يەتتى . 1977 ـ يىلى مەھسۇلات مىقدارى 1100 تونىنغا ، مەھسۇلات قىممىتى 156 مىڭ يۈەنگە يەتتى . 1980 ـ يىلى مەھسۇلات مىقدارى 1514 تونىنغا ، مەھسۇلات قىممىتى 239 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى . 1989 ـ يىلى سېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 325 ـ نومۇرلۇق سېمونت دۆلەتنىڭ ئۆلچەم تارمىقىنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ ، لايا-

قەتلىك ئۆلچىمگە يەتتى. شۇ يىلى 130 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 26 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

1973 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە سېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سېمونت 13 مىڭ 38 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 172 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1973 - يىلى 15 توننا، 1975 - يىلى 500 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 77 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكۈزۈلدى؛ 1980 - يىلى 1514 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 239 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكۈزۈلدى؛ 1986 - يىلى 520 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 147 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇدا بىر قانچە يىل زىيان كۆرۈلۈپ مەھسۇلاتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتتى. 1987 - يىلى 375 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 120 مىڭ 200 يۈەن بولدى، 20 مىڭ 200 يۈەن زىيان كۆرۈلدى؛ 1988 - يىلى 264 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 70مىڭ 200 يۈەن بولدى، 31 مىڭ 900 يۈەن زىيان كۆرۈلدى؛ 8919 - يىلى 130 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 26 مىڭ 600 يۈەن بولدى، 94 مىڭ 500 يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

# V باب

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

كەلپىننىڭ يېزا - بازارلىرىدا ئۆزۈندىن بۇيان، نۇرغۇن كىشىلەر تۆمۈر، ياغاچ سايمانلارنى ياساش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ياغ تارتىش، باپكارلىق، ئۇلاغ ترانسپورتى، سودىگەرچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار تەدرىجىي تەشكىللىنىپ، كوللېكتىپ كارخانىلارنى شەكىللەندۈردى، ئاساسەن، خىش پىشۇرۇش، ھاك كۆيدۈرۈش، بىناكارلىق، ترانسپورت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە دۆلەت يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 109 مىڭ 270 يۈەن ھەقسىز ياردەم بەردى؛ 350 مىڭ يۈەن ئۆسۈملۈك قەرز بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيە بويىچە يېزا، بازارلاردا ئۇن زاۋۇتى، خورما قاق زاۋۇتى، خىش خومدىنى، گۈڭگۈرت كېنى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى سەككىزگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 154 كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 255 مىڭ 900 يۈەنگە، پايدىسى 168 مىڭ 500 يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 29 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. سانائەت، سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 395 ئائىلە، 1010 كىشىگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 462 مىڭ 100 يۈەنگە، پايدىسى 274 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋە يەككە ئائىلىلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ، مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل 8 ـ 10

| يىللار | ئادەم سانى | يىللىق كىرىم (يۈەن) | پايدا (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1977 | 199 | 50430 | 22280 |
| 1978 | 170 | 45163 | 15000 |
| 1979 | 489 | 215525 | 83750 |
| 1980 | 497 | 145555 | 60886 |
| 1981 | 177 | 151100 | 4000 |
| 1982 | 201 | 151715 | 47674 |
| 1983 | 274 | 344995 | 64051 |
| 1984 | 265 | 330000 | 23500 |
| 1985 | 302 | 1775000 | 97600 |
| 1986 | 372 | 19164000 | 150000 |
| 1987 | 417 | 2100000 | 198000 |
| 1988 | 1035 | 2383700 | 447350 |
| 1989 | 1178 | 3233000 | 474710 |
| 1990 | 1164 | 3718067 | 642520 |

توققۇزىنچى قىسىم

# قاتناش . پوچتا ـ تېلېگراف

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توققۇزىنچى قىسىم

# قاتناش . پوچتا ـ تېلېگراف

## I باب

## قاتناش

### § 1 . يول

**1 . قەدىمكى يوللار**

كەلپىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش يولىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى « يىپەك يولى » نىڭ جەزمەن ئۆتىدىغان جايى ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە كەلپىندىن قۇم (هازىرقى ئاقسۇ، ئاقسۇ كونا شەھەر)، سۇلى (هازىرقى قەشقەر) گە بارىدىغان بىرخان يولى، ئۈچ تارماق يول بولۇپ، ئونسۇ(هازىرقى ئۈچتۇرپان)، ۋېيتو (هازىرقى مارالبېشى ۋە ئاقچىنىڭ بىر قىسمى) لارغا بارىدىغان تارماق يوللار بىلەن ئۆزئارا تۇتاشقانىدى.

1 ) **كەلپىندىن ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇشقا بارىدىغان خان يولى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەلپىن تەۋەسىدىكى خان يولىدا چوڭ كىچىك تۆت ئۆتەڭ بار ئىدى. يەنى ئاقسۇدىن يەكەن، قەشقەرلەرگە بارىدىغان يول چۆل قىزدۆۋ (هازىرقى ساجىگىزا « 55 ـ ئاشخانىسى » يېنىدا) ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە يېڭى ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ 50 كىلومېتر ماڭسا چىلان ئۆتەڭ (هازىرقى كەلپىن ناهىيىسىدىكى چىلان) گە باراتتى. چىلان ئۆتەڭدىن غەربكە قاراپ 40 كىلومېتر ماڭسا ئاچال كىچىك ئۆتەڭگە باراتتى. ئاچال كىچىك ئۆتەڭدىن غەربكە قاراپ 50 كىلومېتر ماڭسا كەلپىن كىچىك ئۆتەڭگە باراتتى. تارىخىي كىتابلاردا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: « چىلان ئۆتەڭدە 12 ئات، ئالتە ئات باقار، بىر پوتۇكچى بولۇپ، ئايلىق ئەمەلىي چىقىمى كۆمۈش پۇل ھېسابىدا 59 سەر بىر مىسقال، يىللىق چىقىمى 714 سەر ئۈچ مىسقال ئىدى. ئاچال كىچىك ئۆتەڭدە ئىككى ئات، ئىككى ئات باقار، بىر پوتۇكچى بار ئىدى. كەلپىن ئۆتەڭدە ئىككى ئات، ئىككى ئات باقار، بىر پوتۇكچى بار ئىدى ».

2 ) **كەلپىندىن ئاتۇشقا بارىدىغان تارماق يول** كەلپىندىن ئاتۇشقا بارىدىغان ئىككى تارماق يول بار ئىدى. بۇنىڭ بىرى كەلپىندىن غەربكە مېڭىپ، گەزلىك يېزىسىغا بېرىپ، قارا تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ 50 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭسا ساغانغا باراتتى، يەنە 25 كىلومېتر ماڭسا ئاتۇشقا باراتتى؛ يەنە بىرى، بىر قەدەر كىچىك قەدىمكى يول بولۇپ، كەلپىندىن غەربكە قاراپ بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق ماڭغاندا قىسىل تاغ ئىچىگە، سۇ بېشىغا باراتتى، يەنە قارا تاغنىڭ شىمالىي باغرىنى بويلاپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا پاقىلىق سۆگەتتىن ئېشىپ سىزغان بۇلاققا باراتتى، يەنە بىر نەچچە ئون چاقىرىم ماڭسا كەل-

پىن چېگرىسىدىن چىقىپ ئاتۇشقا باراتتى.
3) **كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تارماق يول** كەلپىندىن شىمالغا قاراپ ماڭسا توڭگۇز بۇرۇنغا، ئاندىن
تاغ ئىچىگە كىرىپ تېرەك ئاۋاتقا، يەنە شىمالغا قاراپ مېڭىپ، سىغىزغان ئاتنىڭ بېلىگە بېرىپ، كەلپىن تە-
ۋەسىدىن چىقىپ، ئۇچتۇرپان تەۋەسىگە كىرەتتى.
4) **كەلپىندىن ئاقچىغا بارىدىغان تارماق يول** كەلپىندىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، قىسلىدىن ئۆتۈپ، سۇ بېشىغا
باراتتى، ئاندىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ شوربۇلاققا بېرىپ، نەچچە ئون چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئاقچىغا
باراتتى.

## 2. تاشيول

1) **ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولىنىڭ كەلپىن قىسمى** دۆلەت يولى «314» لىنىيىسى (ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيو-
لى) كەلپىن تەۋەسى ئىچىدە 146 كىلومېتىر (1048 كىلومېتىردىن 1194 كىلومېتىرغىچە) ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بۇ
يول مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) دىن ئىلگىرى ساجىڭزا (شوتا قۇدۇق) دىن كونا چىلانغا كې-
لىپ، ئاندىن جەنۇبقا قاراپ يايدىغا بېرىپ، قىزىل تام ئارقىلىق قەشقەرنىڭ مارالبېشى تەۋەسىگە كىرىپ
كېتەتتى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 7 - ئايدا كەلپىندە خەلق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 500 دىن
ئارتۇق خەلق ئىشچىسى، 120 دىن ئارتۇق ھارۋا سەپەرۋەر قىلىنىپ، ناھىيە تەۋەسى ئىچىدىكى قەشقەر -
ئۈرۈمچى تاشيولى ياسالغان ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە «بىر ياماق لازىم ئەمەس» دەپ دوكلات
يېزىلغان. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) تاشيول لىنىيىسى ئۆزگەرتىلىپ، چىلاندىن جەنۇبقا قا-
راپ ئاچال، يىجيەنفاڭزى، لەلى تاغ (دەرۋازاتاغ) ئارقىلىق مارالبېشى تەۋەسىگە كىرىدىغان بولغان،
كېيىن ئۇزاق مۇددەت ئاسرالمىغاچقا تاشيول بۇزۇلغان ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئاچالداتاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى قۇرۇلدى.
ئون نەچچە يول ئاسراش بەنى تەسىس قىلىنىپ، تاشيول ئاسرالدى ۋە كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى.
1955 - يىلى ئاچال ئېقىنىنىڭ غەربىدىكى ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئالتە مېتىر كەڭلىكتە، 15
سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شېغىل ياتقۇزۇلۇپ، يول ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. شۇ چاغدا ئا-
چال ئېقىنىغا بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يالغۇز تۈشۈكلۈك ياغاچ كۆۋرۈكتىن بەشى سېلىنىپ، قىش پەسلىدە
ئاپتوموبىللارنىڭ مۇزلۇق سۇدىن ئۆتۈش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. 1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قات-
ناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسىنىڭ نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن دۆلەت يولى «314»
لىنىيىسىنىڭ كەلپىن تەۋەسىدىكى 146 كىلومېتىرلىق قىسمىغا ئاسفالت ياتقۇزۇش باشلاندى. يول قۇرۇلۇشى
1978 - يىل 10 - ئايدا پۈتتى.
2) «**4 - ماي» تاشيولى** يەنى ئاچالدىن كەلپىن بازىرىغا بارىدىغان تاشيول. ئۈرۈمچى - قەشقەر تاش-
يولىنىڭ 1124 كىلومېتىرلىق جايىدىن غەربكە قاراپ كەلپىن بازىرىغا كەلگىچىلىك 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
تاشيول كەلپىن بازىرىنى دۆلەت يولى بولغان ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بىردىن-
بىر يول، بۇ يول مىنگو دەۋرىدە ئات ھارۋا قاتنايدىغان توپا يول بولۇپ، يول ناھايىتى ناچار ئىدى،
ئاپتوموبىللار تەسلىكتە قاتنىيالايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى 3850 خەلق ئىشچىسى، 500 ھارۋا ۋە 1600 تۆگىنى ئىشقا سېلىپ، 32 كۈن ۋاقىت ئىچىدە توپا
يولنى رېمونت قىلىپ چىقتى. 13 مىڭ 62.8 كۇب مېتىر شېغىل توشۇپ كېلىنىپ، 9.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
يول يۈزى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، يول يۈزىگە ئالتە مېتىر كەڭلىكتە، 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شېغىل تۆكۈل-
دى. بىراق، رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى توپا يولدا ئاپتوموبىللارنىڭ قاتنىشى يەنىلا قىيىن بولدى.
1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە خەلق ئىشچىلىرىنى قوزغاپ، توپا يولنى ئاپتوموبىل قاتنى-
يالايدىغان قولايلىق يول قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ يول 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇملۇق بەلباغدىن ئۆت-
كەچكە، يول ياساش قىيىن بولدى. 1975 - يىلى تاشيول يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 5000 دىن
ئارتۇق خەلق ئىشچىسى 1500 ئۇلاغ ھارۋىسى بىلەن ئون نەچچە كۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق 65 مىڭ 400

كۇب مېتر توپا، 1938 كۇب مېتر شېغىل قېزىپ، 89 سۇڭگۈچنى ياساپ، يولنى 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىپ، شېغىل ياتقۇزدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش 1975 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى باشلانغانلىقتىن «〈4 ـ ماي〉 تاشيولى» دەپ ئاتالدى. 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى ئاسفالت ماتېرىيال ئۈچۈن 480 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، كەلپىن ناھىيىسى كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، كەلپىن تاشيول ئاسراش ئۆچاستكىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، بۇ تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ، 18 جايدا پولات چۆيۈنلۈق بېتون سۇڭگۈچ ياساپ چىقتى، شۇنىڭدەك، ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان 3 .2 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزدى.

3) **كەلپىن بازىرىدىن گەزلىك يېزىسىغا بارىدىغان تاشيول** ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 .6 كىلومېتر كېلىدىغان بۇ تاشيول 1978 ـ يىلى خەلق ئىشچىلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ ياسالغان، شېغىل ياتقۇزۇلغان 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى، ئاشلىق، پاختا، رەخت باھاسى ئۈچۈن 213 مىڭ 700 يۈەن قوشۇمچە ياردەم ئاجرىتىشى، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ پۇلغا سۇندۇرغاندا 214 مىڭ يۈەنلىك ئەمگىكى ئارقىلىق بۇ يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. يولدا 19 سۇڭگۈچ، تۆققۇز يۈملاق نور بار. يول بويى ياخشى كۆكەرتىلدى. ئوتتۇرىچە ھەر كىلومېتر يولنى ياساشقا 81 مىڭ 200 يۈەن كەتتى.

4) **كەلپىن بازىرىدىن يۇرچى يېزىسىغا بارىدىغان تاشيول** بۇ، 1978 ـ يىلى خەلق ئىشچىلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ ياسالغان، شېغىل يېيىلغان 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتر كېلىدۇ. يولدا تۆققۇز بېتون كۆۋرۈك، ئىككى يۈملاق نور بار. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى، ئاشلىق، پاختا، رەخت باھاسى ئۈچۈن 128 مىڭ 300 يۈەن قوشۇمچە ياردەم ئاجرىتىشى، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ پۇلغا سۇندۇرغاندا 128 مىڭ يۈەنلىك ئەمگىكى ئارقىلىق، بۇ يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ھەر كىلومېتىرنىڭ پۈتۈش باھاسى 76 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلدى.

5) **كەلپىن بازىرىدىن سېمونت زاۋۇتىغا بارىدىغان تاشيول** بۇ، ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتر كېلىدىغان، 1977 ـ يىلى خەلق ئىشچىلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ ياساپ چىقىلغان، شېغىل ياتقۇزۇلغان 4 ـ دەرىجىلىك تاشيول. بۇ يولدا ئىككى مەزمۇت كۆۋرۈك (ئۇزۇنلۇقى 12 مېتر)، ئىككى پولات چۆيۈنلۈق بېتون سۇڭگۈچ بار.

6) **باشقا تاشيوللار** 1971 ـ يىل 7 ـ ئايدا كەلپىن بازىرىدىن ئىشتالى كۆمۈركېنىغا بارىدىغان تاشيولدا ئاپتوموبىل قاتنىدى. شېغىل ياتقۇزۇلغان بۇ تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 82 كىلومېتر كېلىدۇ. 1975 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىن سېمونت زاۋۇتىغا بارىدىغان، ناھىيە بازىرىدىن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بارىدىغان تاشيوللار ياسالدى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ياسالغان ناھىيە ـ يېزا تاشيوللىرى 66 گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2 .159 كىلومېتىرغا، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول 75 .7 كىلومېتىرغا يەتتى. يېڭىدىن ياسالغان يېزا ـ كەنتلەر ئارىسىدىكى ئاددىي تاشيول 22 گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 .88 كىلومېتىرغا، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول يۈزى 93 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازىرىدىن يېزا ـ كەنتلەرگە ھەم سېمونت زاۋۇتى، گۈڭگۈرت كېنى، زاك كان، ئورمانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بارىدىغان تاشيوللار بارلىققا كەلدى.

## 3. توپا يوللار

1) **يېزا ـ كەنت يوللىرى** مىنگو دەۋرىدە كەلپىننىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە 19 يەرلىك يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 .56 كىلومېتر ئىدى. جۈملىدىن، يۇرچى يېزىسىدا يەتتە يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتر ئىدى؛ ئاچال يېزىسىدا تۆت يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 .29 كىلومېتر ئىدى؛ پاسۇن (ھازىرقى گەزلىك يېزىسى) دا سەككىز يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا ـ كەنت يوللىرى ياسىلىپ كېڭەيتىلدى. قىسمەن يوللار تاشيولغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى قۇرۇلغان ئەترەت، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە يول ياسالدى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يېزا ـ كەنتلەردىكى يول

26 گە ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 132 كىلومېتىرغا يېتىپ ، 1949 - يىلدىكىدىن 133.6% ئاشتى.

2 ) **كەلپىندىن ئاقچىغا بارىدىغان يول** كەلپىن ناھىيىسىدىن ئاقچىغا بارىدىغان جەمئىي يول ئالتە ، غەربتىكى توققۇز جىلغا ئىچىدە تۆت يول ، شەرقتىكى ئۈچ جىلغا ئىچىدە ئىككى يول بار. جۈملىدىن ، بىر يول سۇ بېشى ، سۆگەت ، جاغىلا ، مۇزلۇق ، قارا سۇ ئارقىلىق قارىغايغا بېرىپ ، بەلدىن ئۆتۈپ ئاقچىغا بارىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر.

3 ) **كەلپىندىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان ئۈچ كىچىك يول** بىرى ، سەرەم ، تېرەك ئاۋات ئارقىلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ ئۈچتۇرپانغا بارىدۇ ؛ يەنە بىرى ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ئۆتۈپ تاغقا كىرىپ ، دۆنە ئارقىلىق غەربتىكى سايغا ئۆتۈپ ، ئۈچتۇرپانغا بارىدۇ. ئۈچىنچىسى ، گەزلىك يېزىسىنىڭ باغلىق كەنتىدىن چىقىپ ، تاغ جىلغىسىنى بويلاپ مېڭىپ ، ئۈچتۇرپانغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 120—150 كىلومېتىر.

4 ) **كەلپىندىن مارالبېشىنىڭ ئاچىلغا بارىدىغان كىچىك يول** يەنى يۇرچى يېزىسىدىن چىقىپ ئىنگەن تېغى ، تۆۋەنكى كەلپىن تېغىنى بويلاپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ، تاغقا كىرىپ ، چاققۇ بۇلاق ئارقىلىق تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، مارالبېشىنىڭ ئاچىلغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومېتىر.

5 ) **باشقا يوللار** ئاچالدىن چىقىپ چىلان چۆلىدىن ئۆتۈپ ، توغراقلىققا بېرىپ ، ئاندىن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىنىڭ 51 - تۇەن 2 - يىڭ شتابىغا بارغىلى بولىدىغان بىر كىچىك يول بار ؛ يايلاقلار ئارىسىدا ئادەم ۋە چارۋىلار ماڭالايدىغان 11 كىچىك يول بار بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق.

## § 2 . كۆۋرۈك - سۇگۈچ

1989 - يىلنىڭ ئاخىرىدا كەلپىن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك 115 كە ، سۇگۈچ 49 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ، ئاچال كۆۋرۈكى ۋە « 4 - ماي » كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت.

1988 - ، 1989 - يىللاردا كەلپىننىڭ يېزا - كەنت تاشيوللىرىغا 98 كۆۋرۈك سېلىندى ، تۆت كۆۋرۈك رېمونت قىلىندى ، بۇنىڭغا جەمئىي 66 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

### 1 . ئاچال كۆۋرۈكى

ئاچال كۆۋرۈكى دۆلەت يولى « 314 » لىنىيىسىدىكى ئوتتۇراھال كۆۋرۈك بولۇپ ، بۇ يول لىنىيىسىنىڭ 1126.8 كىلومېتىرلىق قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ مازار ئېقىن (قىزىل قۇم ئېقىن) غا سېلىنغان ، ئېقىن كەڭلىكى 86 مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 4.5 مېتىر. ئېقىن ئاستىدا ئاقما قۇم خېلى چوڭقۇر ، سۇ سوغۇلغان چاغلاردا ئادەتتىكى ئېقىن مىقدارى 1.3 كۇب مېتىر/سېكۇنت بولىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىن مىقدارى 800 كۇب مېتىر/سېكۇنتتىن 900 كۇب مېتىر/سېكۇنتقىچە بولىدۇ. 1954 - يىلدىن ئىلگىرى بۇ ئېقىن ئۈستىدە كىچىك ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. ئاپتوموبىللار ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئېقىندىن ئۆتەتتى. كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا ئاپتوموبىل ۋە ھارۋا ، ئادەملەر ئۆتەلمەي قاتناش ئۈزۈلۈپ قالاتتى. 1957 - يىل 8 - ئايدا ئاقسۇ تاشيول ئۈچاستىكىسى 56 مىڭ 600 يۈەن تاشيول ئاسراش مەبلىغى ئاجرىتىپ ، كەڭلىكى بەش مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 58.6 مېتىر كېلىدىغان 11 تۆشۈكلۈك كۆۋرۈك ياسىدى ، 1966 - يىل 8 - ئايدا بۇ كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئېلىپ كەتتى.

1967 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى 318 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئون مېتىر يۇقىرىسىغا مەزمۇت كۆۋرۈك سالدى. 1968 - يىل 4 - ئايدا كۆۋرۈك پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ كۆۋرۈك سەككىز تۆشۈكلۈك (ھەر بىر تۆشۈك ئارىلىقى 18 مېتىر) ، كاۋاك قوش ئەگمىلىك كۆۋرۈك بولۇپ ، تۆۋەن قىسمىغا سېمونت تۈۋرۈك قويۇلغان ، ئۈستۈن قىسمىدا سۇپا بولۇپ ، كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر ،

ئۆزۈنلۇقى 64 مېتر . ئىككى تەرىپىدە 0.75 مېتر كەڭلىكتە پىيادىلەر يولى بار . كۆۋرۈكنىڭ ھەر مېترى 4969 يۈەنگە پۈتتى . بۇ كۆۋرۈكنىڭ لايىھىلىنىشىدە سەۋەنلىك بولغاچقا ، 1973 ـ يىلى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى . 1974 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاچال كۆۋرۈكى قايتا سېلىندى . ئاپتونوم رايون 561 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى ، كۆۋرۈكنى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ تاشيول لايىھىلەش ئورنى تەكشۈرۈپ لايىھىلىدى ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى 13 ئاي جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق 1975 ـ يىل 6 ـ ئايدا كۆۋرۈكنى پۈتتۈردى .

يېڭىدىن سېلىنغان ئاچال كۆۋرۈكى پۈتۈن تىرەكلىك قۇرۇلما بولۇپ ، تۆۋەن قىسمىغا سېمونت تۈۋرۈك لۇك سۇپا قىلىنغان ، ئۈستى « I » شەكلىدە بولۇپ ، سەل ئېگىلگەن . كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتر ، ئىككى تەرەپتە 0.75 مېتر كەڭلىكتە پىيادىلەر يولى بار . يولغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلغان . كۆۋرۈكتە جەمئىي ئالتە تۆشۈك بار ، ھەر بىر تۆشۈكنىڭ ئارىلىقى 16.8 مېتر ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100.8 مېتر ، كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 60 توننا ( يەنى يۈك ئاپتوموبىلىدىن 15 نى ، پىرىتسېپتىن 80نى كۆتۈرەلەيدۇ ) . ئۇنىڭ ھەر مېترىنىڭ ئوتتۇرىچە پۈتۈش باھاسى 5413 يۈەن ، پەۋقۇلئاددە كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىپ ، كۆۋرۈكنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تېمىغا بېتوندىن چوڭ مەزمۇت مۇداپىئە قېشى ياسالدى .

ئاچال كۆۋرۈكىنىڭ پۈتۈشى كەلپىننىڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيالار ترانسپورتىدا مۇھىم رول ئوينىدى .

## 2 . « 4 ـ ماي » كۆۋرۈكى

« 4 ـ ماي » كۆۋرۈكى ناھىيە بازىرىدىن 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى « 4 ـ ماي » تاشيولىغا جايلاشقان . كۆۋرۈك مازار ئېقىن ( قىزىل قۇم ) نىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا سېلىنغان . ئېقىننىڭ كەڭلىكى 68 مېتر ، چوڭقۇرلۇقى 7.5 مېتر ، ئېقىن تېگى ئاقما قۇم ، تىنما لايدىن ئىبارەت . 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى كۆۋرۈك بولمىغانلىقتىن ، ئات ـ ئۇلاغ ، ئاپتوموبىل ، تراكتورلار ئېقىندىن ئەگىپ ئۆتەتتى ، كەلكۈن كەلگەندە سۇ ئۇلغىيىپ ، ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى ۋە ئېشەك ھارۋىلىرى ئۆتەلمەيتتى . ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى تىك يار بولغانلىقتىن ، يامغۇر ياغقان چاغلاردا يول تېخىمۇ پاتقاقلىشىپ ، قاتناش قىيىنلىشىپ ، كەلپىننىڭ قاتنىشىغا تېخىمۇ توسالغۇ پەيدا قىلاتتى .

1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا « 4 ـ ماي » كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى . بۇنىڭغا ئاپتونوم رايون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى . كۆۋرۈك 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى . بۇ كۆۋرۈكنى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى لايىھىلەش ئورنى ئۈلچەپ لايىھىلىگەن ، ئاقسۇ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى سالغان ، كۆۋرۈك بېتون تۈۋرۈكلۈك قۇرۇلمىدىن ئىبارەت . كۆۋرۈكتە تۆت تۆشۈك بار ، ھەر تۆشۈكنىڭ ئارىلىقى 20 مېتر ، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتر ، ئۇزۇنلۇقى85.75 مېتر ، ئەڭ چوڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 80 توننا ، ئەڭ چوڭ كەلكۈن چىقىرىش مىقدارى 800 كۇب مېتر/ سېكۇنت ، بۇ كۆۋرۈككە « ‹4 ـ ماي› كۆۋرۈكى » دەپ نام بېرىلدى . كۆۋرۈك پۈتكەندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ باشقا جايلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىگە زور قولايلىق يارىتىلدى .

# § 3 . ترانسپورت

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى ئوتتۇرىسىدا ھارۋا ـ ئۇلاغ يولى بولۇپ ، ئاساسلىق قاتناش قورالى تۆگە ۋە ئاز ساندىكى كالا ھارۋىسى ،ئېشەك ھارۋىسى ، يار ـ يار

ھارۋىدىن ئىبارەت ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ترانسپورت مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1955 ـ يىلى «4 ـ ماي» تاشيولدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدە ئاپتوموبىل ترانسپورتى باشلاندى. لېكىن، ئاساسلىقى، يەنىلا ئۇلاغ ترانسپورتىغا تايىنىلدى. 1956 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە ترانسپورت بىكىتى قۇرۇلۇپ (1970 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدى)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش شىركىتى بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى يولۇچى توشۇشنى ئۈستىگە ئالدى. 1961 ـ يىلى ناھىيىلىك گۇڭگۇرت كېنى تۆت تونىنلىق بىر ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. بۇ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى تۇنجى ئاپتوموبىل ھېسابلىنىدۇ. 1964 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى كەلپىن ناھىيىسىگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى خاتىرجەم ئىشلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى يولغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، نەنجىڭدە ئىشلەنگەن 2.5 تونىنلىق «گاز ـ 51» تىپلىق بىر ئاپتوموبىلنى كەلپىنگە ھەقسىز ئاجرىتىپ بەردى. شۇندىن كېيىن ناھىيىدىكى ئاپتوموبىل داۋاملىق كۆپەيدى. 1984 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاچال يېزىسىنىڭ چىلان كەنتىدىكى دېھقان تىلىۋالدى تۇنجى بولۇپ، تۆت تونىنلىق «زىل» ماركىلىق ئازراق ئىشلىتىلگەن يۈك ئاپتوموبىلىنى شەخسىي سېتىۋالدى. 1989 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئاپتوموبىل 153 كە (شەخسلەرنىڭ 33، يۈك ئاپتوموبىلى 116، پىكاپ 36، ئاپتوبۇس بىر)، تراكتور 212 گە، كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور 95 كە، موتسىكلىت 35 كە، ئېشەك ھارۋىسى 4510 غا، تۆگە 3220 گە، كالا ھارۋىسى ۋە ئات ھارۋىسى 320 گە، قول ھارۋىسى 1328 گە يېتىپ، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قاتناش قوراللىرىنى ئاساس قىلغان، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى قاتناش قوراللىرىنى قوشۇمچە قىلغان مال توشۇش، يولۇچى توشۇش قوشۇنى شەكىللەندى. يىللىق ترانسپورت مىقدارى 14 مىڭ 633 توننىغا يەتتى.

## 1. يۈك توشۇش

كەلپىن ناھىيىسىدە ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى بىلەن يۈك توشۇش 60 ـ يىللاردا باشلاندى. 70 ـ يىللاردا يۈك توشۇيدىغان ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يۈك توشۇلۇش مىقدارى يىلسېرى كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 786.3 توننا ئاشلىق، 20 توننا سۈيىغى، 2600 توننا تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر، 605 توننا پولات، بىناكارلىق ماتېرىيالى، 800 توننا نېفىت توشۇپ كېلىندى؛ 678 توننا رودا، 100 توننا ئۈزۈك مەھسۇلاتلىرى (گۆلە، خورما قاق، مېغىز، كونسېرۋا)، 35 توننا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى (ھەر خىل يۇڭ ـ تىۋىت، تېرە، ئۈچەي)، بەش توننا كېرەكسىز ماددىي ئەشيا (كېرەكسىز پولات ـ تۆمۈر، مىس، سۆڭەك قاتارلىق) لار توشۇپ چىقىرىلدى؛ ناھىيە ئىچىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45 توننا پاختا، 410 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى.

1986 ـ يىلى جەمئىي 3 مىليون 648 مىڭ توننا/ كىلومېتر كېلىدىغان 10 مىڭ 153 توننا ھەر خىل ماددىي ئەشيا توشۇپ كېلىندى ۋە چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1920 توننا ئاشلىق، 212 توننا پولات، 2674 توننا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، 812 توننا نېفىت، 3100 توننا كۆمۈر توشۇپ كېلىندى؛ 550 توننا ئۈزۈك مەھسۇلاتى، 885 توننا چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە رودا توشۇپ چىقىرىلدى. 1989 ـ يىلى يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 10 مىڭ 300 توننا، 1 مىليون 540 مىڭ توننا/ كىلومېترغا يەتتى. 1990 ـ يىلى توشۇلغان يۈك مىقدارى 20 مىڭ توننىغا يەتتى. شۇ يىلى ئاپتوموبىل ئېشىپ قالدى، توشۇلىدىغان يۈك ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ناھىيىدە ترانسپورت باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولمىغاچقا، يۈك توشۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرغىلى بولمىدى، قىسمەن يۈكلەرنى سىرت جايلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى تو-

شۇپ كەتتى. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئاپتوموبىللارمۇ يۈكنى تالىشىپ توشۇپ، يۈك توشۇش جەھەتتە ئىسراپچىلىق پەيدا قىلدى. باج ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ترانسپورت كىرىمى 1988 ـ يىلى 541 مىڭ يۈەنگە ، 1989 ـ يىلى 533 مىڭ يۈەنگە يەتكەن ، ئەكسىچە ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يىللىق ترانسپورت كىرىمى ئاران 10 مىڭ يۈەن بولغان.

## 2 . يولۇچى توشۇش

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە يولۇچى توشۇيدىغان ئاپتوموبىل يوق ئىدى. ئۆزۈن سەپەرگە چىققاندا تۆگە ، ئات ھارۋىسى قاتارلىقلارغا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ يولۇچى توشۇيدىغان ئاپتوموبىل يوق ئىدى. كىشىلەر باشقا جايلارغا بارماقچى بولسا، ئادەتتە ، ئۇلاغ كۈچى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ ئاچالغا باراتتى ، ئاندىن يولدىن ئۆتكەن ئاپتوموبىللارغا ئولتۇراتتى. 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتى قۇرۇلدى. ئاپتوموبىل بىلەن يولۇچى توشۇش كەسپىگە ئاقسۇ ترانسپورت باش بېكىتى مەسئۇل بولدى ، كەلپىن بازىرى بىلەن ئاقسۇ ئارىسىدا قەرەلسىز رەۋىشتە يولۇچى ئاپتوموبىلى قاتناپ تۇردى. ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتى ، ئاساسلىقى ، كېلىپ ـ كېتىدىغان يولۇچىلار بىلەن ئاپتوموبىللارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. 1962 ـ يىلى يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىلى قەرەللىك قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، كۈن ئارىلاپ قاتنايدىغان بولدى. 1970 ـ يىلى ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، يولۇچى توشۇش كەسپىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتى مەسئۇل بولدى. 1973 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەلپىن بازىرىدىن ئاقسۇغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان يولۇچى توشۇش جىددىيلىكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ، 39 ئورۇنلۇق بىر ئاپتوبۇس سېتىۋېلىپ ، ئاقسۇ بىلەن كەلپىن بازىرى ئارىسىدا قەرەلسىز ھالدا يولۇچى توشۇشنى يولغا قويدى. بۇ ئاپتوبۇس ، ئادەتتە ، ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم قاتنىدى. كېيىنچە ، ئۇزۇن يوللۇق يولۇچى توشۇش رەسمىيىتى ئۆتەلمىگەچكە ، بۇ ئاپتوبۇس ھەر كۈنى كەلپىن بازىرى بىلەن ئاچال ئارىسىدا قاتنىدى. 1983 ـ يىلى زىيان كۆرۈلگەچكە ئاپتوبۇس قاتنىشى توختىتىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتى كەلپىن بازىرىدىن ئاقسۇغا قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم قاتنايدىغانغا ئۆزگەرتتى ، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە كۈن ئارىلاپ قاتنايدىغانغا ئۆزگەرتتى. 1985 ـ يىلى ھەر كۈنى بىر قېتىم قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ، بۇ ھالەت 1990 ـ يىلغىچە ئۆزگەرمىدى.

1987 ـ يىلى ئاچال يېزىسىدىكى دېھقان ئابدۇرازىق ۋە گەزلىك يېزىسىدىكى دېھقان ئېزىز قارى « 130 » تىپلىق كىچىك يولۇچى ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ ، يەككە ھالدا يولۇچى توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى ، بۇ ئاپتوموبىللار ھەر كۈنى ناھىيە بازىرى بىلەن ئاچال ئارىسىدا قاتناپ تۇردى. 1990 ـ يىلى ئابدۇرازىق 12 ئورۇنلۇق مىنىبۇس سېتىۋېلىپ ، يولۇچى توشۇش كەسپىنى كېڭەيتتى.

1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ناھىيە بازىرىدىن ئاقسۇغا قاتنايدىغان بىرلا يولۇچى توشۇش لىنىيىسى بار بولۇپ ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بارىدىغانلار ئاچالدا ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ كەلدى ؛ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلارمۇ ئاچالدا ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ كەلدى ياكى ئاقسۇغا بېرىپ نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا چۈشتى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى 1986 ـ يىلى 14 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىدى ، 1989 ـ يىلى 25 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

# كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل 9 ـ 1

| ئاپتوموبىل ئالغان ۋاقتى | ماركىسى | توننا ـ ئورۇن | قاراشلىق ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 1961 | كونا گاز | تۆت توننا | گوڭگۇرت كېنى |
| 1964 | گاز 69 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك پارتكوم |
| 1964 | نەنجىڭ 130 | 2.5 توننا | ناھىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 1966 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | رېمونت زاۋۇتى |
| 1969 | نەنجىڭ قۇتقۇزۇش 130 | بىر توننا | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| 1970 | تەڭرىتاغ | تۆت توننا | سېمونت زاۋۇتى |
| 1970 | تەڭرىتاغ | تۆت توننا | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 1973 | ئازاد | 39 كىشىلىك | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 1973 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 1974 | نەنجىڭ 130 | 2.5 توننا | پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى |
| 1974 | رۇمىنىيە بۇچىج | تۆت توننا | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى |
| 1975 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | گوڭگۇرت كېنى |
| 1975 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | سېمونت زاۋۇتى |
| 1976 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى |
| 1977 | نەنجىڭ 130 | 2.5 توننا | تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى |
| 1978 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | قۇدۇق ئەترىتى |
| 1978 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | سېمونت زاۋۇتى |
| 1978 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | ئاشلىق ئىدارىسى |
| 1978 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى |
| 1978 | نەنجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك پارتكوم |
| 1979 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | گوڭگۇرت كېنى |
| 1979 | نەنجىڭ 130 | بىر توننا | يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى |
| 1979 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | سېمونت زاۋۇتى |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| ئاپتوموبىل ئالغان ۋاقتى | ماركىسى | توننا ـ ئورۇن | قاراشلىق ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 1979 | پولشا | توققۇز توننا | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |
| 1979 | پولشا | توققۇز توننا | نېفت شىركىتى |
| 1980 | چاۋشيەن 130 | 2.5 توننا | 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | ئاشلىق ئىدارىسى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | رېمونت زاۋۇتى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | ئاچال يېزىسى |
| 1980 | فېڭلېي | تۆت توننا | چارۋىچىلىق ئىدارىسى |
| 1980 | داجياڭخۇەي | سەككىز توننا | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى |
| 1980 | نەنجىڭ 130 | 2.5 توننا | مال دوختۇرلۇق پونكىتى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | گەزلىك يېزىسى |
| 1980 | كۆنىمىڭ | بەش كىشىلىك | ج خ ئىدارىسى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپى |
| 1980 | غەربىي شىمال 212 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | يورچى يېزىسى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق ئىدارىسى |
| 1980 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | باج ئىدارىسى |
| 1980 | رىم | بەش توننا | گۆڭگۆرت كېنى |
| 1981 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | يول ئاسراش ئەترىتى |
| 1981 | نەنجىڭ 130 | 2.5 توننا | يېزا ئىگىلىك بانكىسى |
| 1982 | تيەنجىن چوڭقا | 12 كىشىلىك | ناھىيىلىك پارتكوم |
| 1982 | چاڭچۈن | 1.5 توننا | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |
| 1983 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | ج خ ئىدارىسى |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| ئاپتوموبىل ئالغان ۋاقتى | ماركىسى | توننا ئورنى | قاراشلىق ئورنى |
|---|---|---|---|
| 1983 | ئازاد CA—10B | بەش توننا | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 1983 | ئازاد CA—10B | بەش توننا | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى |
| 1983 | نەنجىڭ 130 | 2.5 توننا | پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى |
| 1983 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | باج ئىدارىسى |
| 1984 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى |
| 1984 | شەرق شامىلى 140 | بەش توننا | ناھىيىلىك پارتكوم |
| 1984 | شەرق شامىلى 140 | بەش توننا | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 1984 | شەرق شامىلى 140 | بەش توننا | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 1984 | شەرق شامىلى 140 | بەش توننا | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتىپى |
| 1984 | شەرق شامىلى 140 | بەش توننا | سەھىيە ئىدارىسى |
| 1984 | شەرق شامىلى 140 | بەش توننا | سەنئەت ئۆمىكى |
| 1984 | خېبېي مەھبۇس ماشىنىسى | توققۇز كىشىلىك | سوت مەھكىمىسى |
| 1985 | شىنجاڭ 130 | 1.5 توننا | رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| 1985 | ياپونىيە تويوتا | 1.5 توننا | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى |
| 1985 | ياپونىيە تويوتا | 1.5 توننا | ئاشلىق ئىدارىسى |
| 1985 | شىنياڭ 132 | 1.5 توننا | ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى |
| 1985 | ئازاد CA—10B | بەش توننا | پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى |
| 1985 | ئازاد CA—10B | تۆت توننا | خەلق بانكىسى |
| 1985 | ياپونىيە نىسسان | 1.5 توننا | مالىيە ئىدارىسى |
| 1985 | سوۋېت ئىتتىپاقى زىل | بەش توننا | ئاشلىق ئىدارىسى |
| 1985 | ياپونىيە سەنلىڭ | 12 كىشىلىك | يېزا ئىگىلىك بانكىسى |
| 1985 | بېيجىڭ 121 | سەككىز كىشىلىك | پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى |
| 1986 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| ئاپتوموبىل ئالغان ۋاقتى | ماركىسى | تونا ـ ئورۇن | قاراشلىق ئورۇن |
| --- | --- | --- | --- |
| 1986 | ياپونىيە تويوتا | 1.5 توننا | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 1986 | شەرق شاملى 140 | بەش توننا | خەلق بانكىسى |
| 1986 | سوۋېت ئىتتىپاقى لادا | توت كىشىلىك | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش |
| 1986 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ج خ ئىدارىسى |
| 1986 | شىنىياڭ 132 | 1.5 توننا | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى |
| 1986 | شەرق شاملى 140 | بەش توننا | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |
| 1986 | شەرق شاملى 140 | بەش توننا | گۆڭگۆرت كېنى |
| 1986 | شەرق شاملى 140 | بەش توننا | نېفىت شىركىتى |
| 1986 | شەرق شاملى 140 | بەش توننا | گەزلىك ئوتتۇرا مەكتىپى |
| 1986 | شەرق شاملى 140 | بەش توننا | گۆڭگۆرت كېنى |
| 1986 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ئىقتىساد كومىتېتى |
| 1986 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | خەلق ئىشلار ئىدارىسى |
| 1986 | بېيجىڭ 121 | سەككىز كىشىلىك | سودا ـ سانائەت ئىدارىسى |
| 1986 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | پىلان كومىتېتى |
| 1986 | شىنىياڭ 132 | 1.5 توننا | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1986 | شىنىياڭ 132 | 1.5توننا | ئاچال يېزىسى |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى |
| 1987 | نىسسان | يەتتە كىشىلىك | ناھىيىلىك پارتكوم |
| 1987 | | سەككىز كىشىلىك | پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ئەدلىيە ئىدارىسى |
| 1987 | | | قاتناش ئىدارىسى |
| 1987 | 3BC | بەش توننا | خەلق ئىشلار ئىدارىسى |
| 1987 | 3BC | بەش توننا | ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 1987 | ياۋئات | سەككىز كىشىلىك | قورالLiق بۆلۈم |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| ئاپتوموبىل ئالغان ۋاقتى | ماركىسى | تونىنا ـ ئورۇن | قاراشلىق ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 1987 | 130 | ئىككى تونىنا | يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى |
| 1987 | 130 | ئىككى تونىنا | مەدەنىيەت يۇرتى |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش |
| 1987 | | | ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ئاچال |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | مالىيە ئىدارىسى |
| 1987 | شەرق شاملى | بەش تونىنا | يېزا ئىگىلىك بانكىسى |
| 1987 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | ئاشلىق ئىدارىسى |
| 1987 | | بەش كىشىلىك | ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى |
| 1987 | | سەككىز كىشىلىك | شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى |
| 1988 | | بەش كىشىلىك | شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى |
| 1988 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | چارۋىچىلىق ئىدارىسى |
| 1988 | 3EC | بەش تونىنا | ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى |
| 1988 | 130 | ئىككى تونىنا | خورماقاق زاۋۇتى |
| 1988 | 130 | ئىككى تونىنا | تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى |
| 1988 | 130 | ئىككى تونىنا | قۇدۇق ئەترىتى |
| 1988 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | يېزا ئىگىلىك بانكىسى |
| 1988 | شەرق شاملى | بەش تونىنا | سودا ـ سانائەت بانكىسى |
| 1988 | | بەش كىشىلىك | پېشقەدەم كادىرلار ساناتورىيىسى |
| 1989 | | | پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى |
| 1990 | شىڭەن قۇتقۇزۇش ماشىنىسى | | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| 1990 | شەرق شاملى ( پىرتىسپىلىق ) | | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| 1990 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى |
| 1990 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى |
| 1990 | شەرق شاملى | بەش تونىنا | مال دوختۇرلۇق پونكىتى |
| 1990 | بېيجىڭ 212 | بەش كىشىلىك | تەرەققىيات ئىشخانىسى |
| 1990 | ۋۇخەن 213 | | رېۋىزىيە ئىدارىسى |

# § 4. قاتناش باشقۇرۇش

1950 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچىلىك كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى قاتناش باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1958 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قاتناش باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1969 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قاتناش باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1974 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى قاتناش باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1984 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە قاتناش ئىشلىرىنى ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتى باشقۇردى.

## 1. تاشيول ئاسراش

1962 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئۈچ ئىشچى ياللاپ، كەلپىن بازىرىدىن ئاچالغىچە بولغان 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول يۈزىنى ئاسراشقا قويدى. بۇ ئارىلىقتا ئىككى يول ئاسراش بەنى تەسىس قىلىندى. 1963 ـ يىل 11 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە تاشيول ئاسراش ئەترىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا سەككىز ئىشچى ئېلىندى. بۇ ئەترەت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. تاشيول ئاسراش ئەترىتى تاشيول ئاسراش ۋە تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى كۆكەرتىشكە مەسئۇل بولدى. تاشيول ئاسراش ئەترىتى ناھىيە بازىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا بىر قۇدۇق كولاپ، ئورمان بەلبېغىنى سۇغاردى. لېكىن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇزى كۆپ بولغانلىقتىن، قويۇلغان كۆچەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇتمىدى. كېيىن ئۇلار ھەر خىل ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىپ، ئورمان بەلبېغىنى سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە ـ يېزا تاشيوللىرىنى كۆكەرتىش ئاساسەن ئىشقا ئاشتى.

كەلپىندە قاتتىق يامغۇر، كەلكۈن، بوران كۆپ بولىدۇ. بۇلار تاشيول، كۆۋرۈكلەرگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. 1963 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «4 ـ ماي» تاشيولىنىڭ 238 جايىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى (بۇزۇلغان يول يۈزى 2650 كۋادرات مېتىر)، كەلكۈن تاشيول كۆۋرۈكىنى ئىككى قېتىم بۇزۇۋەتتى، تاشيولنىڭ 19 جايى بوراندا قۇمغا كۆمۈلۈپ قالدى. تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرى ئادەتتىكى چاغلاردا دائىملىق يول ئاسراش خىزمىتىنى ئورۇنداپ، كەلكۈن مەزگىلىدە بارلىق كۈچ بىلەن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، تاشيول ترانسپورتىنىڭ توسالغۇسىز راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

## 2. قاتناشنى نازارەت قىلىش

كەلپىن ناھىيىسىدە قاتناشنى نازارەت قىلىش ئورگىنى يوق بولۇپ، ناھىيىنىڭ قاتناشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قاتناش نازارەت ئورنى باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. 1988 ـ يىلى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئاچال يېزىسىدا جامائەت خەۋپسىزلىك پەيچۇسسىنى قۇردى، بۇ پەيچۇسو ۋىلايەتلىك قاتناشنى نازارەت قىلىش ئورنىغا ماسلىشىپ، تەۋەسىدىكى قاتناشنى نازارەت قىلىش خىزمەتلىرىنى باشقۇردى.

**قوشۇمچە: قاتناش ۋەقەلىرى**

1) 1963 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ مەلۇم كۈنى كورلا ترانسپورت شىركىتى 2 ـ كالوننىنىڭ «0682—27» نومۇرلۇق ئاپتوموبىلى ئورۇمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ كەلپىن ئاچال دەڭىدە تۆت ياشلىق بىر قىزنى باستۇرۇۋەتتى.

2 ) 1979 - يىل 2 - ئاينىڭ بىر ئاخشىمى قىسىل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدىن ئون ئىشچى - خىزمەتچى « 1 - ماي » گۈڭشېسىغا ( ھازىرقى گەزلىك يېزىسىغا ) مېھمان بولغىلى بېرىپ ، بېيجىڭ ۋاقتى سەھەر سائەت ئۈچتە چىرىغى يوق « شەرق قىزاردى—28 » تراكتورى بىلەن ئامبارغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا ، 1 - ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 50 مېتر كېلىدىغان جايدا ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى ، كەلپىندىكى داڭلىق قىزىقچى ئىسكەندەر ھەققۇلى شۇ يەردىلا ئۆلۈپ كەتتى ، بىر كىشى ئېغىر يارىلاندى ، بىر كىشى يېنىك يارىلاندى .

3 ) 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك قۇدۇق ئەترىتىنىڭ تراكتور شوپۇرى ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئاشلىق بېسىلغان تراكتورنى ھەيدەپ « 4 - ماي » تاشيولىنىڭ داۋىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا تراكتور ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ ، ئىككى ئادەم ئۆلدى .

4 ) 1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى شياۋفۇكاڭ « بېيجىڭ 212 » ماركىلىق پىكاپ بىلەن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ ، ئاچال كۆۋرۈكىگە كەلگەندە تورمۇز قىلالماي قالغانلىقتىن ، پىكاپ رىشاتكىنى بۇزۇپ كۆۋرۈك ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى ، شياۋفۇكاڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۆلدى ، ئىككى كىشى ئېغىر يارىلاندى .

# II باب

# پوچتا - تېلېگراف

## § 1 . ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 14 - يىلى ( 1925 - يىلى ) كەلپىندە پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ ، 43 ئورۇن قاتارىدا مارالبېشىغا قارىغان ، ئېزىز بەگ ۋەكالەتچى بولغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1953 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى ، شىڭ جېنيىڭ تۇنجى ئىدارە باشلىقى بولدى . بۇ ئىدارىنىڭ ئۈچ نەپەر خىزمەتچىسى بار ئىدى . 1955 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى . 1956 - يىلى ئاچال پوچتا - تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلدى ، ئۇنىڭغا ئىمىن ھېيت مۇدىر بولدى .

1969 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىلدى . تېلېگراف ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . 1972 - يىل 1 - ئايدا پوچتا بىلەن تېلېگراف بىرلەشتۈرۈلۈپ ، يەنىلا « ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى » دەپ ئاتالدى .

1985 - يىل 8 - ئايدا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك بىناسى پۈتتى . ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 876 كۋادرات مېتر كېلىدۇ ، بۇنىڭغا 189 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ كەتتى . 1986 - يىلى ئاچال پوچتا - تېلېگراف پونكىتى پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 34 كە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچى 28 .

## § 2. پوچتا

### 1 . پوچتا كەسپى

منگو دەۋرىدە پوچتا كەسپى سۇس بولۇپ، خەت ـ ئالاقە يەتكۈزۈش كەسپلا يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرى يەتكۈزۈلگەن، خەلق پايدىلىنىدىغان كەسپ ناھايىتى ئاز بولغان. پوچتا يوللانمىلىرى پوچتىكەش ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، خەت ـچەك، پوسۇلكا، پىرېۋوت، مەخپىي خەت ـ چەك پوچتىسى ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. 1989 ـ يىلى پوچتا تېز يوللانمىسى كەسپى يولغا قويۇلدى. 1956 ـ يىلى خەت ـ ئالاقە، پوسۇلكا، پىرېۋوتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى يوللانمىنىڭ جەمئىي سانى 6588، ھېسابلانغان ھەق كىرىمى 6176 يۈەن ئىدى. 1976 ـ يىلى يوللانما سانى 52 مىڭ 807 گە، ھېسابلانغان ھەق كىرىمى 49 مىڭ 723 يۈەنگە يەتتى. 1989 ـ يىلى يوللانما سانى 114 مىڭ تۆتكە يېتىپ، 1956 ـ يىلدىكىدىن 16.3 ھەسسە ئاشتى، ھېسابلانغان ھەق كىرىمى 105 مىڭ 367 يۈەنگە يېتىپ،1956 ـ يىلدىكىدىن 16.1 ھەسسە ئاشتى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پوچتا تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل 9 ـ 2 بىرلىكى: پارچە/يۈەن

| يىللار | خەت ـ چەك: سانى | خەت ـ چەك: ھەقىقى | پوسۇلكا: سانى | پوسۇلكا: ھەقىقى | پىرېۋوت چېكى: سانى | پىرېۋوت چېكى: ھەقىقى | مەخپىي خەت ـ چەك: سانى | مەخپىي خەت ـ چەك: ھەقىقى | جەمئىي (پارچە/ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 26 425 | 24 718 | 461 | 459 | 1 381 | 1 320 | 1 425 | 1 336 | 29 692/27 833 |
| 1964 | 19 846 | 18 547 | 446 | 446 | 890 | 862 | 1 007 | 977 | 22 189/20 832 |
| 1971 | 30 366 | 28 866 | 548 | 548 | 1 083 | 1083 | 217 | 217 | 33214/30714 |
| 1976 | 48 321 | 45 279 | 1 355 | 1 355 | 2 784 | 2 742 | 347 | 347 | 52 807/49 723 |
| 1981 | 33 962 | 31 564 | 1 285 | 1 285 | 2 089 | 2 046 | 389 | 389 | 37 725/35 284 |
| 1986 | 42 673 | 42 228 | 1 535 | 1 535 | 3862 | 3 857 | 213 | 213 | 48 283/47 833 |
| 1989 | 107 974 | 99 396 | 1693 | 1692 | 4 078 | 4 020 | 259 | 259 | 114 004/105 367 |
| 1990 | 69 117 | 67 826 | 1 049 | 1 049 | 5 218 | 5 100 | 205 | 205 | 75589/74 180 |

### 2 . پوچتا يولى

منگونىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە كەلپىن بازىرى بىلەن ئاچال ئارىسىدا پوچتا يوللانمىلىرى ئات بىلەن تو-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇلىدىغان بىرلا پوچتا يولى بولۇپ ، تاق مۇساپىسى 28 كىلومېتىر ئىدى ، يېزىلارغا پوچتا يولى بارمايتتى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ پوچتا يولى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى . 1953 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ناھىيە بازىرىدىن باشقا ئالتە پوچتا يولى ئېچىلدى . ئۇلار ناھىيە بازىرىدىن گەزلىك يېزىسىغا ، ناھىيە بازىرىدىن يۇرچى يېزىسىغا ، ناھىيە بازىرىدىن ئاچال يېزىسىغا ، ئاچال يېزىسىدىن گۇڭگۇرت كېنىغا ، ئاچال يېزىسىدىن ئىنگەن كان رايونىغا ، ئاچال يېزىسىدىن چىلان كەنتىگە باراتتى . ئالتە پوچتا يولىنىڭ تاق مۇساپە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 98 كىلومېتىر ئىدى ، يوللانمىلار ئات ياكى ئات ھارۋىسى بىلەن يەتكۈزۈلەتتى . 1960 - يىلدىن باشلاپ پوچتا يوللانمىلىرى ۋېلسىپىت بىلەن توشۇلدى . 1975 - يىلى كەلپىن بىلەن ئاچال ئارىسىدا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇش باشلاندى . 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە پوچتا ئىشلىرىغا ئىككى ئاپتوموبىل ، بىر موتسىكلىت ، يەتتە ۋېلسىپىت سەپلەپ بېرىلدى .

1989 - يىلى ناھىيە بويىچە ئالتە پوچتا يولىنىڭ تاق مۇساپە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 149 كىلومېتىرغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 29 كىلومېتىر ، ۋېلسىپىت بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 120 كىلومېتىر . پوچتا يوللانمىلىرى ھەر ھەپتىدە تۆت نۆۋەت يەتكۈزۈلىدى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پوچتا يولى ئەھۋالى

جەدۋەل 9 - 3

بىرلىكى : كىلومېتىر

| يىللار | ئومۇمىي پوچتا يولى مۇساپىسى (تاق) | ئاپتوموبىل پوچتا يولى | ۋېلسىپىت پوچتا يولى | ئات پوچتا يولى |
|---|---|---|---|---|
| 1966 | 149 | | 119 | 30 |
| 1970 | 123 | | 93 | 30 |
| 1975 | 131 | 28 | 103 | |
| 1980 | 179 | 29 | 150 | |
| 1985 | 179 | 29 | 150 | |
| 1986 | 149 | 29 | 120 | |
| 1989 | 149 | 29 | 120 | |
| 1990 | 149 | 29 | 120 | |

### 3 . گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى

1953 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش كەسپى يولغا قويۇلدى ، شۇ يىلى 126 سان ، 3150 نۇسخا گېزىت - ژۇرنال تارقىتىلدى . 1963 - يىلى 437 سان ، 90 مىڭ 524 نۇسخا گېزىت - ژۇرنال تارقىتىلدى ( بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت 85 مىڭ 575 نۇسخا ، ژۇرنال 4949 نۇسخا ) . 1989 - يىلى تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 3742 سان ، 462 مىڭ 691 نۇسخىغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت 410 مىڭ 898 نۇسخا ، ژۇرنال 51 مىڭ 793 نۇسخا . 1989 - يىلى تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 1963 - يىلدىكىدىن 4.1 ھەسسە ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت 3.8 ھەسسە ، ژۇرنال 9.5 ھەسسە ئاشتى .

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل 9 — 4

| يىللار | گېزىت | | ژۇرنال | |
|---|---|---|---|---|
| | چىققان سانى | نۇسخا سانى | چىققان سانى | نۇسخا سانى |
| 1953 | 126 | 3 150 | | |
| 1954 | 758 | 11 875 | 456 | 1680 |
| 1955 | 888 | 22 200 | 510 | 2 220 |
| 1956 | 1 092 | 25 621 | 1443 | 2164 |
| 1957 | 1 377 | 38 185 | 1 102 | 1 652 |
| 1958 | 1 177 | 41 200 | 1 237 | 1 855 |
| 1959 | 475 | 144 084 | 567 | 9 279 |
| 1960 | 800 | 79 100 | 723 | 12 210 |
| 1961 | 4 927 | 101 066 | 3 643 | 4 275 |
| 1962 | | 102 350 | | 3 065 |
| 1963 | 306 | 85 575 | 131 | 4 949 |
| 1964 | 333 | 93655 | 525 | 8203 |
| 1965 | | 92 484 | | 3 956 |
| 1966 | 976 | 123 184 | 252 | 7 576 |
| 1967 | 929 | 158 695 | 249 | 3 142 |
| 1968 | 943 | 161 172 | 208 | 2499 |
| 1969 | 600 | 102 558 | 131 | 1569 |
| 1970 | 715 | 122 268 | 169 | 2 028 |
| 1971 | 713 | 122 268 | 169 | 2 028 |
| 1972 | 637 | 15 713 | 185 | 513 |
| 1973 | 833 | 202 445 | 551 | 6 263 |
| 1974 | 873 | 228 428 | 2 613 | 11960 |
| 1975 | 749 | 267 722 | 654 | 14 615 |
| 1976 | 749 | 224 812 | 654 | 6 647 |
| 1977 | 1442 | 337 424 | 368 | 3 800 |
| 1978 | 1 759 | 395 299 | 829 | 8 390 |
| 1979 | 1 026 | 284 884 | 377 | 4 713 |
| 1980 | 1374 | 307 839 | 1 254 | 16 555 |
| 1981 | 1 453 | 259 161 | 998 | 12 809 |
| 1982 | 1 296 | 281 543 | 1 336 | 14 488 |
| 1983 | 2 083 | 355 629 | 1 546 | 19 432 |
| 1984 | 2 493 | 270 284 | 2 108 | 24 205 |
| 1985 | 1960 | 311 216 | 2 286 | 28 565 |
| 1986 | 2 067 | 345 076 | 2 286 | 24 495 |
| 1987 | 2 039 | 370 237 | 2 915 | 39 363 |
| 1988 | 2 711 | 470 259 | 4313 | 52 380 |
| 1989 | 1 716 | 410 898 | 2 026 | 51 793 |
| 1990 | 1 850 | 427 693 | 2 057 | 31 629 |

## § 3 . تېلېگراف

**1 . تېلېگراما**

1955 ـ يىل 11 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىگە 15 ۋات 55 تېپلىق ، 15 ۋات XD تېپلىق ئىككى سىمسىز

تېلېگراف ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى ، بۇ ئىككى قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئاپپاراتى سەپلەنگەندىن كېيىن ، ناھىيەدە تېلېگراف كەسپى يولغا قويۇلدى . 1958 - يىلدىن كېيىن تېلېگراف يولى ئادەم كۈچى بىلەن بېجىرىلىدىغان سىملىق تېلېگراف يولىغا ئۆزگەرتىلدى . 1986 - يىلى تېلېگراف يولى ئۈچكە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە سىملىق تېلېگراف يولى ئىككى ، سىمسىز تېلېگراف يولى بىر ، بۇنىڭدىن باشقا ، ھاۋارايىغا ئىشلىتىلىدىغان بىر مەخسۇس تېلېگراف يولى بولۇپ ، بۇنىڭدا ئىككى تېلېگراممىچى ( رادىست) بار ئىدى .

تېلېگراف كەسپى مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى ، 1989 - يىلى يوللانغان تېلېگرامما 6834 كە يېتىپ ، 1956 - يىلدىكى 1353 تىن 4.1 ھەسسە ئاشتى ؛ ھېسابلانغان ھەق كىرىمى 6656 يۈەنگە يېتىپ ، 1956 - يىلدىكى 2379 يۈەندىن 1.8 ھەسسە ئاشتى .

### 2 . تېلېفون

1 ) **بازار ئىچى تېلېفونى** 1958 - يىلى 50 توچكىلىق ماگنىتلىق باش ئاپپاراتتىن بىرى سەپلىنىپ ، 15 تېلېفون ئورنىتىلىپ ، بازار ئىچى تېلېفونى يولغا قويۇلدى . ستولبا يول ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر ئىدى . 1990 - يىلى بازار رايونىدا (گۇڭگۇرت كېنى ، تاشيول ئاسراش ئەترىتى ، سېمونت زاۋۇتى ، ترانسپورت بېكىتى قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە ) 22.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 33 سىم يولى بولۇپ ، تېلېفون سانى 123 كە يەتتى .

2 ) **يېزا تېلېفونى** 1958 - يىل 12 - ئايدا يېزا تېلېفونى يولغا قويۇلۇپ ، ئۈچ گۇڭشېغا تېلېفون سىمى تارتىلدى . سىم يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 34 كىلومېتىر بولۇپ ، 20 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتوردىن ئۈچى ، 19 تېلېفون ئورنىتىلدى ، ناھىيە بويىچە ئۈچ گۇڭشې ۋە 15 چوڭ ئەترەتكە تېلېفون ئۇلاندى . 1990 - يىلغا كەلگەندە ، گەزلىك يېزىسى ۋە يۇرچى يېزىسىدا 20 توچكىلىق ئىككى باش ئاپپارات ، ئاچال يېزىسى ۋە ئاچال پوچتا - تېلېگراف پونكىتىدا 30 توچكىلىق ئىككى باش ئاپپارات بولۇپ ، تېلېفون ئالاقىسى كەنتلەرگىچە يېتىپ باردى .

1990 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدىن ئاچال يېزىسىغا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەرگە تارتىلغان ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 34.9 كىلومېتىر كېلىدىغان تاق مۇساپىلىك بىر سىم يولى ، ناھىيە بازىرىدىن گەزلىك يېزىسىغا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەرگە تارتىلغان ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان تاق مۇساپىلىك بىر سىم يولى ، ناھىيە بازىرىدىن يۇرچى يېزىسىغا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنتلەرگە تارتىلغان ، ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جۈپ مۇساپىلىك سىم يولى ، 4.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاق مۇساپىلىك سىم يولى بارلىققا كەلدى .

3 ) **يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون** 1985 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى كەلپىن ناھىيىسىگە جۇڭگودا ئىشلەنگەن ZMX201N تىپلىق كىرىستال لامپىلىق ئۈچ يوللۇق بىر يۇكلىمە دولقۇن ئاپپاراتى ئاجرىتىپ بەردى . بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى يول ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مەخسۇس پايدىلىنىشىغا ئىجارىگە بېرىلدى .

4 ) **ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون** 1957 - يىلى كەلپىن بازىرىدىن ئاقسۇغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولغا قويۇلدى . ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ تاق سىم يولىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغاچقا ، سۆزلىشىش ئۈنۈمى تۆۋەنىدى . 1970 - يىلى بۇ سىم يولى قوش مۇساپىلىك سىم يولغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ، سۆزلىشىش ئۈنۈمى ياخشىلاندى . 1985 - يىلى يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ ئۈنۈمى ئۆستى . 1989 - يىلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇلدى .

## كەلپىن ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى تېلېگرامما (تېلېفون) دىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە كىرىم ئەھۋالى

جەدۋەل 9 ـ 5

| يىللار | بېرىلگەن تېلېگرامما | | بېرىلگەن تېلېفون | | يېزا تېلېفونى | | بازار تېلېفونى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قېتىم سانى | ھەققى (يۈەن) | قېتىم سانى | ھەققى (يۈەن) | قېتىم سانى | ھەققى (يۈەن) | ئابونتچى سانى | ھەققى (يۈەن) |
| 1956 | 1 353 | | | | | | | |
| 1957 | 815 | | 85 | | | | | |
| 1958 | 1 330 | | 119 | | | | 15 | |
| 1959 | 2 895 | 2 379 | 2 156 | 1 755 | | | 22 | 18 |
| 1960 | 4 832 | 4 796 | 2 280 | 2 210 | | | 20 | 18 |
| 1961 | 4 440 | 4 158 | 1 632 | 1 545 | | | 30 | 25 |
| 1962 | 4 973 | 4 740 | 1 445 | 1 370 | | | 26 | 21 |
| 1963 | 4 441 | 4 259 | 1 217 | 1 118 | | | 28 | 23 |
| 1964 | 4 351 | 4 267 | 1 454 | 1 347 | | | 29 | 23 |
| 1965 | 4 033 | 3 918 | 1 313 | 1 199 | 2 741 | 2 720 | 28 | 23 |
| 1966 | 2 437 | 2 315 | 1 205 | 1 046 | 19 494 | 19 314 | 31 | 26 |
| 1967 | 3 605 | 3 555 | 1 003 | 900 | 8 178 | 7 174 | 35 | 29 |
| 1968 | 2 512 | 2 402 | 1 341 | 1 270 | | | 34 | 29 |
| 1969 | 2 450 | 2 249 | 1 724 | 1 291 | | | 38 | 33 |
| 1970 | 2 500 | 2 302 | 1 208 | 884 | | | 38 | 33 |
| 1971 | 2 927 | 2 683 | 1 496 | 1 381 | | | 35 | 29 |
| 1972 | 3 500 | 3 400 | 1 642 | 1 381 | | | 38 | 34 |
| 1973 | 4 800 | 4 750 | 1 781 | 1 039 | 2 015 | 1 953 | 37 | 33 |
| 1974 | 4 260 | 4 056 | 1 238 | 1 134 | 1 652 | 1 300 | 41 | 36 |
| 1975 | 4 699 | 4 639 | 1 680 | 1 560 | 2 550 | 2 444 | 43 | 38 |
| 1976 | 4 476 | 4434 | 1786 | 1734 | 2611 | 2493 | 53 | 38 |
| 1977 | 4 576 | 4 476 | 1 786 | 1 734 | 3 017 | 2 914 | 51 | 43 |
| 1978 | 4 435 | 4 012 | 1 899 | 1 832 | 2 503 | 2 440 | 49 | 42 |
| 1978 | 4 435 | 4 012 | 1 899 | 1 832 | 2 503 | 2 440 | 49 | 42 |
| 1979 | 4 521 | 4466 | 2188 | 2060 | 3177 | 3101 | 56 | 50 |
| 1980 | 4 876 | 4 828 | 2 860 | 2 439 | 2 745 | 2 651 | 58 | 52 |

www.uygurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 51 | 58 | 2 869 | 2 938 | 2 454 | 3 075 | 5 254 | 5 330 | 1981 |
| 55 | 62 | 3 218 | 3 387 | 2 971 | 3 009 | 5 241 | 5 346 | 1982 |
| 59 | 65 | 3 744 | 3 778 | 2 877 | 2 837 | 5 609 | 5 641 | 1983 |
| 64 | 71 | 3 353 | 3 445 | 4 423 | 4 699 | 5 309 | 5 343 | 1984 |
| 70 | 77 | 4 443 | 4 554 | 4 770 | 5 671 | 4 622 | 4 663 | 1985 |
| 73 | 81 | 4 286 | 4 314 | 5 620 | 6 357 | 5 476 | 5 574 | 1986 |
| 83 | 93 | 5 341 | 5 394 | 7 055 | 7 731 | 6 273 | 6 363 | 1987 |
| 97 | 107 | 5 649 | 5 729 | 9 139 | 10 738 | 7 031 | 7 134 | 1988 |
| 108 | 119 | 6 041 | 6 139 | 10 278 | 12 089 | 6 656 | 6 834 | 1989 |
| 115.4 | 123 | 5 118 | 5 244 | 11 794 | 13 148 | 6 312 | 6 499 | 1990 |

ئىزاھات: 1958 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچىلىك «يېزا تېلېفونى» دېگەن گرافىنىڭ ئاق قېلىشىدىكى سەۋەب ئەينى يىللىرى بۇ كەسپ ئىشلەنـ گەن بولسىمۇ، ستاتىستىكىلىق سان ـ ساناق بولمىغانلىقتىن بولغان.

## كەلپىن ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل 9 ـ 6

| زىيان (يۈەن) | چىقىم (يۈەن) | كىرىم (يۈەن) | | | | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | يېزا تېلېفونى | تېلېگراف | پوچتا | |
| −355 | 540 | 185 | | | 185 | 1953 |
| −2 580 | 3 720 | 1 140 | | | 1 140 | 1954 |
| | | 4 120 | | 420 | 3 700 | 1955 |
| −5 942 | 15 380 | 9 438 | | 3 262 | 6 176 | 1956 |
| −11468 | 21 447 | 9 979 | | 2 112 | 7 867 | 1957 |
| −9209 | 18 870 | 9 661 | | 3 523 | 6 138 | 1958 |
| −526 | 31 429 | 30 903 | 13 185 | 10 546 | 7172 | 1961 |
| −5 468 | 2 3351 | 28 819 | 13 146 | 9 673 | 6 000 | 1962 |
| −128 | 23 958 | 23 830 | 11 276 | 8 074 | 4 480 | 1963 |
| −2 293 | 25 944 | 23 651 | 10 485 | 7 931 | 5 235 | 1964 |
| −4244 | 27 539 | 23 295 | 11 880 | 6 466 | 4 949 | 1965 |
| −3 754 | 23 328 | 19 574 | 8 154 | 6 216 | 5 204 | 1966 |
| −8 847 | 25 346 | 16 499 | 5 665 | 5 988 | 4 846 | 1967 |
| −9 657 | 21 386 | 11 729 | 1 941 | 5 213 | 4 638 | 1968 |
| −7 301 | 22 060 | 14 759 | 4 493 | 5 407 | 4 859 | 1969 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| —8 902 | 23 418 | 14 516 | 5 395 | 5 528 | 3 593 | 1970 |
| —24 574 | 38 982 | 14 408 | 4 754 | 5 378 | 4 276 | 1971 |
| —35 286 | 49 920 | 14 634 | 4548 | 4 888 | 5 198 | 1972 |
| —15 292 | 31 709 | 16 417 | 3 401 | 6 802 | 6 214 | 1973 |
| —20 977 | 38 457 | 17 480 | 4 182 | 5 799 | 7 499 | 1974 |
| —19 400 | 37 436 | 18 066 | 3 850 | 5890 | 8 326 | 1975 |
| —24 393 | 41 623 | 17 230 | 4 259 | 6 122 | 6 849 | 1976 |
| —22 650 | 40 345 | 17 695 | 4 416 | 6 354 | 6 925 | 1977 |
| —28 077 | 46 573 | 18 496 | 4 961 | 6 614 | 6 921 | 1978 |
| —25 012 | 45 949 | 20 937 | 5 036 | 7 818 | 8 083 | 1979 |
| —30 801 | 54 504 | 23 703 | 5 309 | 9 907 | 8 487 | 1980 |
| —21748 | 47 911 | 26 163 | 5 588 | 11 184 | 9 391 | 1981 |
| —25 879 | 50 985 | 25 106 | 5 209 | 12858 | 7 039 | 1982 |
| —21 351 | 52 430 | 31 079 | 5 242 | 14 769 | 11 068 | 1983 |
| —38 138 | 73 668 | 35 530 | 5 127 | 18 910 | 11 493 | 1984 |
| —30 280 | 90 912 | 60 632 | 8 630 | 36 537 | 15 465 | 1985 |
| —44 139 | 120 192 | 76 053 | 7 851 | 50 766 | 17 436 | 1986 |
| —46 649. 46 | 122 149. 91 | 75 500. 45 | 9 263. 70 | 48 630. 04 | 17 606. 71 | 1987 |
| —71 961. 4 | 154 529. 94 | 82 568. 54 | 11 308. 48 | 49 489. 17 | 21 770. 89 | 1988 |
| —42 161. 41 | 154 519. 89 | 112 358. 48 | 12 057. 62 | 72 976. 05 | 27 324. 51 | 1989 |
| —61 564 | 193 000 | 131 436 | 13 838 | 82 282 | 35 316 | 1990 |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئونىنچى قسىم

# سودا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى

# ئونىنچى قىسىم

# سودا

كەلپىن ناھىيىسى چەت ـ ياقا تاغلىق رايونغا جايلاشقان. تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئاز مىقداردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنىلا يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى. XIX ئەسىردە روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا، سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى ئىنتايىن نامۇۋاپىق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى سانائەت بۇيۇملىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىپ ساتاتتى ھەمدە نېسىغا سېتىش، قەرز تارقىتىش قاتارلىق ئېغىر ئۆسۈم ئېلىپ، يەرلىك خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت سودا سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا رەھبەرلىكىدىكى سودا بازىرى قۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق باھا سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىر قانچە قېتىم تەڭشەپ ئۆستۈرۈلۈپ، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنلىتىلدى ھەمدە قوغداش باھاسى ئىجرا قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىغە ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## I باب

# ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

## § 1. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئەنگلىيە، ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ سودىگەرلىرى كەلپىنگە كېلىپ تىجارەت قىلغان. بۇ سودىگەرلەر قەرز پۇل تارقىتىپ، ئېغىر ئۆسۈم ئېلىپ، قاقتى ـ سوقتى قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى) كەلپىن بازىرىدا ئاران 34 ئائىلە بولۇپ، كۆپىنچىسى ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاز ساندا سودىگەرمۇ بار ئىدى. سودىگەرلەردىن مەھەممەت ھاجى، قازى مىراپ، تۆمۈر شاكىيۇ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق

جايلارغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ ، توقۇلما ماللار ، فار فۇر قاچا ـ قۇچىلار ، كىچىك ياغاچ ئەسۋابلارنى ئېلىپ كېلىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇراتتى . سودا بازىرى ناھىيىلىك مەھكىمىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان ( ھازىرقى قاراكۆت كەنتىنىڭ ئاياغ چېتى ) ئىچىدە ئىدى .

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر بىۋاسىتە قىلغان . يەرلىك ھۆكۈمەت پەقەت چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشنى ۋە باج ئېلىشنىلا باشقۇرغان . كەلپىنلىك مەھەممەت ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گەزلىمە ، قاچا ـ قۇچىلارنى ئېلىپ كېلىپ ، چارۋا ، ئاشلىق ، يۇڭ ـ تېرە قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرغان . سانائەت ، يېزائىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش باھاسى ئىنتايىن نامۇۋاپىق ئىدى . تۆت چىنە ياكى بەش مېتىر گەزلىمنى بىر قويغا ، بىر قاپ سەرەڭگىنى تۆت جىڭ بۇغدايغا ئالماشتۇرۇشقا بولاتتى . مىنگونىڭ 9 ـ يىلى ( 1920 ـ يىلى ) مەھەممەت ھاجىنىڭ كارۋانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستانىغا يۇڭ ، تېرە ، ئۆچكە يي ، قۇرۇق مېۋە ئېلىپ بېرىپ ، مالنى مالغا ئالماشتۇرۇپ ، چىبەرقۇت ، قاراكاجى ، چىت ، قاگالتىر ، مىق ، پولات چۆيۈن ، سەرەڭگە قاتارلىق سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ ، كەلپىندە ساتقاندىن تاشقىرى ، ئاقسۇ ، ئۈچتۇرپان ، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان . مەھەممەت ھاجىنىڭ كارۋانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىر قېتىمدا 400 تۆگىلىك مال ئاپارغان بولۇپ ، ئۇ ، ناھىيە بويىچە بىردىنبىر چوڭ توپ تارقىتىدىغان سودىگەر بولۇپ قالغان ، ئۇ يەنە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى توشۇپ سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ،باشقا ناھىيىلەردىن سۇ يېغى ، گۈرۈچ ئېلىپ كېلىپ كەلپىندە ساتقان . مەھەممەت ھاجى مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان .

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى ( 1930 ـ يىلى ) قۇربانجان ، ئابلا گەيجاڭ قاتارلىق كىشىلەر بازاردا تۇنجى ئاشخانا ئېچىپ ، سامسا ، پولۇ ، نان ، پىششىق گۆش ساتقان . مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) كەلپىن سودىگەرلىرىگە گەزلىك يېزىسىدىن ھاپىز شاگىيۇ ، قۇمئېرىق كەنتىدىن قازى مىراپ ، ئارايماق كەنتىدىن مەھەممەتقۇلى شاگىيۇ ، قاراكۆت كەنتىدىن مەسۇم موللا ، قۇربان رەئىس ، باغلىق كەنتىدىن تۆمۈر شاگىيۇ ، يۈسۈپ شاگىيۇ قاتارلىق كىشىلەر قوشۇلغان . ئۇلار كەلپىندىن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ، گۆلە ئېلىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ ئاشلىق ، ياغ ، گەزلىمە ، قەن ـ گېزەك ، يىپ ـ يىڭنە قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇپ كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان . ئۇ چاغدا باھا ئىنتايىن تۇراقسىز ، كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرى بەك قىس ئىدى . بىر قاپ سەرەڭگىگە تۆت جىڭ بۇغداي ، بىر كەتمەنگە 500 جىڭ بۇغداي تېگىشلەتتى ، بىر قېرىنداش قەلەم سەككىز جىڭ بۇغدايغا سۇندۇرۇلاتتى .

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـ يىلى ) 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ، كەلپىن ناھىيىسى دائىرىسىدە 43 ئېلىپ ـ ساتار بولۇپ ، دەسمايىسى 3200 يۈەن ئىدى ؛ تۇراقلىق ئولتۇرۇپ تىجارەت قىلىدىغانلار بەش بولۇپ ، دەسمايىسى 1200 يۈەن ئىدى ؛ كۆچۈپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغانلار 60 بولۇپ ، دەسمايىسى 5000 يۈەن ئىدى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، دۆلەت خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا يار ـ يۆلەك بولدى . 1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار28 ئائىلە ، 38 ئادەم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دەسمايىسى 4500 يۈەن ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق ئولتۇرۇپ سودا قىلىدىغانلىرى تۆت ئائىلە ، ئالتە ئادەم بولۇپ ، دەسمايىسى 1700 يۈەن ، يايمىچى 24 ئائىلە ، 32 ئادەم بولۇپ ، دەس-

مايىسى 2800 يۈەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا 13 كەسپىي قاسساپ بار ئىدى.

1956 - يىلى خۇسۇسىي سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، «بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومومىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، ئىلتىماسقا ئاساسەن تىزىملاش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە ئىككى پارچە سېتىش سودا كوپېراتىپى گۇرۇپپىسى ۋە بىر قاسساپلار كوپېراتىپى گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مال بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. 1959 - يىلى كوپېراتىپ گۇرۇپپىلىرىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق قىلىدىغان بولدى، سودىگەرلەردىن ئابدۇقادىر كاشال، مەھەممەت سودىگەر، ھوشۇر كاشال تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قاتناشتى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خۇسۇسىي سودا يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بازاردا سودا قىلىدىغان سودىگەر 301 ئائىلە، 504 ئادەمگە، ئۇلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى 679 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، 1990 - يىلى بازارغا سېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون يۈەن بولۇپ، شەھەر، يېزا بازارلىرى كۆنسېرى ئاۋاتلاشتى.

## § 2. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

1950 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شەھەر - يېزىلارنىڭ مال ئالماشتۇرۇشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇشنى قارار قىلدى. دېھقانلار مەبلەغ توپلاپ كوپېراتىپقا پاي قوشتى. يىل ئاخىرىدا كوپېراتىپقا 462 ئائىلە قاتنىشىپ، 62 مىليون 287 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) پاي يىغىلدى. 1951 - يىلى ھۆكۈمەت تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا 95 مىليون 945 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) مەبلەغ سالدى، ئابدۇ خالىق مەخسۇت دىرېكتور، قۇربان باۋجاڭ، يۈسۈپ شاڭيۈلار مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. 1952 - يىلى يورچى يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1953 - يىلى گەزلىك يېزىلىق، ئاچال يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى. 1954 - يىل 7 - ئايدا ئۆلكىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپ ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى بىلەن كەسپىي باشقۇرۇشى ئايرىلىپ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارىمىقىدا تەمىنات - سودا تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1955 - يىل 2 - ئايدا ئابدۇراخمان ئامان دىرېكتور بولدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك تاشقى سودا شىركىتى تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى. 1957 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك سودا شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا سانائەت بۇيۇملىرى تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1957 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا بىر ناھىيىلىك كوپېراتىپ، ئۈچ ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ، ئىككى تىجارەت بۆلۈمى، ئون ماگىزىن، 42 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، كوپېراتىپقا پاي قوشقان ئەزا 1659 بولۇپ، پاي پۇلى 15 مىڭ 786 يۈەن (يېڭى پۇل، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى، ھۆكۈمەت 4244.5 يۈەن دەسمايە سالدى، بۇ ئورۇنلار توقۇلما بۇيۇملار، تۈرلۈك ماللار، يەرلىك مەھسۇلاتلار، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەر، مېتال بۇيۇملار قاتارلىق كەسپلەر بويىچە تىجارەت قىلدى. 1957 - يىلى سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 567 مىڭ يۈەن

بولدى.

1958 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەمما ئۇچ ئاـ ساسىي قاتلام كوپىراتىپ يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. 1962 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوـ پىراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1974 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى پاختا پىششىقلاپ ئىشـ لەش زاۋۇتى قۇردى. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سىستېمىسىدا ئۈچ ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپ، ئىككى تىجارەت بۆلۈمى، ئۈچ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئون دۇكان، تۆت يېمەك ـ ئىچمەك ئورنى، ئالتە مۇلازىمەت ئورنى، تۆت شۆبە سېتىش پونكىتى، 16 ۋەكالىتەن سېتىش پونكىتى، 610 ئىشچى ـ خىزمەتچى، 275 مىڭ يۈەن تۇراقسىز مەبلەغ بولۇپ، يىللىق سېتىش ئومۇمىي قىمـ مىتى 1 مىليون 527 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1978 ـيىلدىن كېيىن تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىق، باشقۇرۇش جەھەتتىكى دېموكراتىيە، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى جانلىقلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرـ لىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش سايلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، تەمىـ نات ـ سودا مۇلازىمەت ساھەسى كېڭەيتىلدى. يېزا ئىگىلىك بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىش، سانائەت بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىش، سودا ئورۇنلىرى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ھەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، ترانسپورت، تېرىقچىلىق قاتارلىقلارنى دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىرلەـ شىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشى، دېھقان، چارۋىچىلارـ نىڭ ئەمگەك ئارقىلىق بېيىشىغا مۇلازىمەت قىلىندى. شۇنىڭدەك يېڭى ئەزالار كۆپەيتىلىپ، مەبلەغ تولۇقلاندى. 1983 ـ يىلى 1137 ئەزا قوبۇل قىلىنىپ، 7706.67 يۈەن پاي قوشۇلدى، 30 ئورۇن كوللېكتىپ ھالدا 9348 يۈەن پاي قوشتى؛ ئەزالار 70.34% ، پاي پۇلى 108.61% ئاشتى.

1983 ـ يىلى 3 ـ قېتىملىق كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، تەمىنات ـ سودا خىزمىتى خۇلاسىلەندى، يېڭى مۇدىرىيەت، نازارەت ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى، سۈيۈجاڭ مۇدىر بولدى. يەرلىك مەھسۇلاتلار تىجارەت بۆلۈمى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، سانائەت بۇيۇملىرى تىجارەت بۆلۈمى تۇرلۇك ماللار شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك كوپىراتىپتا چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى (كېيىن چاي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى). شۇ يىلى دۆلەت 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيىلىك پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇردى. توققۇز غالتەكلىك چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، ئىككىھەرە چىشلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، ئىككى دىزېل ماشىنىسى، بىر تايلاش ماشىنىسى سېتىۋالدى.

1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەلپىن ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سىستېمىسىدا بىر ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپىراتىپ، ئۈچ ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپ، ئۈچ كەسپىي شىركەت، 11 دۇكان، 13 شۆبە سېـ تىش پونكىتى، 16 ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش ـ سېتىش نۇقتىسى، ئالتە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى، 138 ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، تۇراقسىز مەبلىغى 541 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكى 451 مىڭ يۈەنـ گە، ئومۇمىي سېتىۋېلىش قىممىتى 4 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي سېتىش قىممىتى 5 مىليون 173 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1957 ـ يىلدىكىدىن 8.12 ھەسسە ئاشتى).

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىلىك تەمنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل 10 ـ 1

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى | | سېتىش سوممىسى | ئىشلىتىلگەن خىراجەت | پايدا ـ زىيان | باج سوممىسى | بانكىنىڭ ئۆسۈمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بانكىدىن قەرز ئالغىنى | ئۆزىدە بار مەبلەغ | | | | | |
| 1950 | 19.9 | 0.62 | 0.4 | 0.14 | 0.02 | | |
| 1951 | 1 | 1.7 | 3 | 0.4 | 0.4 | | |
| 1952 | 1.6 | 1.6 | 2.1 | 0.3 | 0.03 | | |
| 1953 | 1.8 | 5.2 | 8.2 | 1.5 | 2.9 | | |
| 1954 | 2.5 | 4.8 | 2.6 | 1.4 | 0.5 | | |
| 1955 | | 20.9 | 20.9 | 3.5 | 1.4 | | |
| 1966 | 19.9 | 17.5 | 71 | 8.8 | 0.6 | 1.5 | 2.7 |
| 1967 | 15.4 | 17.5 | 77.8 | 7.6 | −0.6 | 1.5 | 1.5 |
| 1968 | 7.3 | 22.5 | 69.7 | 6.4 | 0.4 | 1.4 | 0.9 |
| 1969 | 9.9 | 22.5 | 65.6 | 7.2 | −0.3 | 1.5 | 1.3 |
| 1970 | 17.2 | 22.5 | 67.2 | 6.5 | 1 | 1.6 | 1.2 |
| 1971 | 23.2 | 22.5 | 82 | 8.3 | 0.5 | 1.7 | 1.6 |
| 1972 | 17.3 | 22.5 | 83.5 | 8.4 | −1.1 | 1.5 | 1.2 |
| 1973 | 18.7 | 22.5 | 86 | 9.7 | −0.5 | 1.2 | 1 |
| 1974 | 15.1 | 27.5 | 105.6 | 9.3 | −1.8 | 1.4 | 0.9 |
| 1975 | 16.4 | 27.5 | 121.5 | 9.4 | 1.25 | 1.6 | 1.1 |
| 1976 | 21.8 | 27.5 | 115.5 | 10.9 | 1 | 1.5 | 1.2 |
| 1977 | 24.6 | 27.5 | 124.6 | 11.7 | 0.47 | 1.8 | 1.6 |
| 1978 | 27.7 | 27.5 | 152.7 | 13.7 | −1.4 | 2.5 | 1.4 |
| 1979 | 28 | 27.5 | 139.2 | 15.4 | −0.4 | 2.1 | 1.7 |
| 1980 | 29.5 | 27.5 | 149.6 | 16 | −2.3 | 2.2 | 1.7 |

( ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى )

| يىللار | مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى | | سېتىش سوممىسى | ئىشلىتىلگەن خىراجەت | پايدا - زىيان | باج سوممىسى | بانكىنىڭ ئۆسۈمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بانكىدىن قەرز ئالغىنى | ئۆزىدە بار مەبلەغ | | | | | |
| 1981 | 40.7 | 27.5 | 199.9 | 19.8 | −2.6 | 2.6 | 1.9 |
| 1982 | 55.3 | 27.5 | 196.2 | 18.9 | −3.5 | 2.6 | 2 |
| 1983 | 56.8 | 27.5 | 203.2 | 20.2 | −3.4 | 2.7 | 2.3 |
| 1984 | 63 | 27.5 | 208.4 | 20.8 | −2.5 | 2.8 | 2.3 |
| 1985 | 72.1 | 27.5 | 216 | 19.7 | 0.1 | 2.9 | 2.5 |
| 1986 | 133.1 | 53.7 | 285.4 | 36.4 | 0.1 | 5.7 | 5.7 |
| 1987 | 167.4 | 55.2 | 298.2 | 41.3 | −0.3 | 6.1 | 6.5 |
| 1988 | 203.8 | 55.2 | 397.9 | 49.6 | 1.3 | 8.6 | 14.9 |
| 1989 | 218.7 | 54.1 | 517.3 | 63.3 | −4.7 | 9.9 | 19.9 |

## § 3 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا

### 1 . سودا شىركىتى

1950 - يىلى كەلپىن ناھىيىلىك سودا شىركىتى قۇرۇلدى، شۇ چاغدا بەش ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1953 - يىلى بەكرى دىرېكتورلۇققا تەيىنلەندى. 11 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بۇ شىركەت مېتال بۇيۇملار، توقۇلما بۇيۇملار، تۈرلۈك ماللار قاتارلىق كۈندىلىك لازىملىق سانائەت بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، يۇڭ - تىۋىت، تېرە، ئۈچەي قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالاتتى. شىركەت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئاقسۇ سودا شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ باردى. 1953 - يىلى تۇنجى قېتىم بىر ۋېلسىپىت، بىر پاتىفون سېتىپ (پارچە سېتىش باھاسى كونا پۇل ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى). ۋېلسىپىت ۋە پاتىفوننى مامۇت سىدىق ۋە دايىم رەھمەت سېتىۋالدى. 1957 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك سودا شىركىتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، «ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى تىجارەت بۆلۈمى» دەپ ئاتالدى.

### 2 . سودا ئىدارىسى

1958 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك سودا - سانائەت بۆلۈمى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر ئاشخانا، بىر ساتىراشخانا بولۇپ، 26 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1960 - يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قارىمىقىدا بىر يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، بىر يۇڭ - تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى سەككىز تۇننا ئاچچىقسۇ،

تۆت توننا جاڭيۇ ، بەش توننا دۇفۇ ، 2500 توقاچ سوپۇن ئىشلەپچىقاردى ، 1961 ـ يىلدىن باشلاپ فىنتوزا ، ساڭزا ، پېچىنە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپ بازارغا سالدى. 1961 ـ يىلى سودا ئىدارىسى بىر سۇرەتخانا ، بىر ۋېلسىپىت رېمونتخانىسى ئاچتى. 1962 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قېلىپ ، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ۋە تاشقى سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلدى.

### 3. نېفىت شىركىتى

1981 ـ يىلدىن ئىلگىرى كەلپىن ناھىيىسىدە ماي ئامبىرى يوق ئىدى. كىرسىننى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ۋەكالىتەن ساتاتتى ، ئىدارە ـ ئورۇنلاردا ماي ساقلاش ئورنى بار ئىدى. 1980 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ماي ئامبىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا ماي ئامبىرى پۈتتى. ماي ئامبىرىدا ياتما شەكىللىك 50 كۇب مېترلىق ماي باكىدىن ئونى بولۇپ ، ئەڭ كۆپ ماي ساقلاش مىقدارى 700 توننا ئىدى ، ماي باكىغا توك ناسوسى ئىشلىتىلمەيتتى ، ماي ئۆزى ئېقىپ كىرەتتى ۋە ئېقىپ چىقاتتى. سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، نېفىتنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلسېرى ئاشتى ، 1982 ـ يىلى بېنزىن ، دىزېلىن بولۇپ جەمئىي 464 توننا سېتىلدى ، 1985 ـ يىلى 683 توننا سېتىلدى ، 1988 ـ يىلى 905 توننا سېتىلدى ، 1989 ـ يىلى 982 توننا سېتىلدى( 1982 ـ يىلدىكىدىن 1.12 ھەسسە ئاشتى ).

### قوشۇمچە : ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى( 1943 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىسىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قۇرۇلدى. ( ئۇ شىنجاڭ « يۈشىن » يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە قاراشلىق شۆبە ئورگان ئىدى ). ئۇنىڭ ناھىيە بازىرىدا بەش خىزمەتچىسى بار بىر ماگىزىنى بولۇپ ، دىرېكتور ھامىت ناسىر ئىدى. بۇ ماگىزىن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ، قۇرۇق مېۋە ، بۆز سېتىۋېلىپ ، گەزلىمە ، چاي ، قەن ـ گىزەك قاتارلىق بۇيۇملارنى ساتاتتى. بۇ ماگىزىن مىنگونىڭ 34 ـ يىلى( 1945 ـ يىلى ) 11 ـ ئايدا تاقالدى.

# II باب

# تاۋار ئوبوروتى

## § 1. تاۋار سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

كەلپىن ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى 1959 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەزى يىللاردا كىرگۈزگەن تاۋارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى مۇنداق بولدى : 1959 ـ يىلى 454 مىڭ يۈەن ، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 148 مىڭ يۈەن ؛ 1965 ـ يىلى 377 مىڭ يۈەن ، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 196 مىڭ يۈەن ؛ 1975 ـ يىلى 539 مىڭ يۈەن ، بۇنىڭ

ئىچىدە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 230 ملڭ يۈەن؛ 1980 - يىلى 219 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 194 ملڭ يۈەن؛ 1985 - يىلى 1 مىليون 93 ملڭ يۈەن (ھەممىسى دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى)؛ 1986 - يىلى 1 مىليون 113 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 939 ملڭ يۈەن؛ 1987 - يىلى 1 مىليون 606 ملڭ يۈەن بولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 2.45 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 568 ملڭ يۈەن بولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 2.84 ھەسسە ئاشتى.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىنىڭ 1959 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەزى يىللاردىكى تاۋار سېتىش ئومۇمىي قىممىتى مۇنداق بولدى: 1959 - يىلى 1 مىليون 28 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 428 ملڭ يۈەن؛ 1965 - يىلى 955 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 525 ملڭ يۈەن؛ 1970 - يىلى 1 مىليون 328 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 640 ملڭ يۈەن؛ 1975 - يىلى 1 مىليون 41 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 611 ملڭيۈەن؛ 1980 - يىلى 2 مىليون 523 ملڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 1 مىليون 578 ملڭ يۈەن؛ 1986 -يىلى 4مىليون 532 ملڭ يۈەنبولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 3.4 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 1 مىليون 878 ملڭ يۈەن بولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 4.4 ھەسسە ئاشتى، 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خۇسۇسىي سودا تىجارىتىندا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىدىكى سېتىش سوممىسىمۇ روشەن ھالدا ئاشتى. 1989 - يىللىق سېتىش سوممىسى 8 مىليون 60 ملڭ يۈەنگە يەتتى.

## 1959 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىدىكى سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل 10 - 2　　　　بىرلىكى: 10 ملڭ يۈەن

| يىللار | ساپ سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ناھىيە بازىرى | يېزىلار | يېزىلاردا سېتىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى |
| 1959 | 102.8 | 60 | 42.8 | 3.3 |
| 1960 | 68.7 | 29 | 39.7 | 3.3 |
| 1961 | 69.9 | 21.7 | 48.2 | 3.6 |
| 1962 | 103.3 | 46.5 | 56.8 | 12.6 |
| 1963 | 101.5 | 50.4 | 51.1 | 6.2 |
| 1964 | 86.6 | 35.2 | 51.4 | 5.1 |
| 1965 | 95.5 | 43 | 52.5 | 10.6 |
| 1966 | 72.1 | 29.3 | 42.8 | 9.1 |
| 1967 | 120.7 | 59.3 | 61.4 | 12.4 |
| 1968 | 80.8 | 38 | 42.8 | 4 |
| 1969 | 108.8 | 67.7 | 41.1 | 8.8 |
| 1970 | 132.8 | 68.8 | 64 | 17.1 |
| 1971 | 153 | 61.3 | 91.7 | 23.6 |
| 1972 | 109.2 | 47.4 | 61.8 | 1.4 |
| 1973 | 144.8 | 60.7 | 84.1 | 9.9 |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1974 | 209.5 | 106 | 103.5 | 10.5 |
| 1975 | 104.1 | 43 | 61.1 | 25.8 |
| 1976 | 142.7 | 113.8 | 28.9 | 15.4 |
| 1977 | 184.8 | 82.4 | 102.4 | 46.8 |
| 1978 | 184.8 | 113 | 71.8 | 29.8 |
| 1979 | 229.2 | 153.1 | 76.1 | 34 |
| 1980 | 252.3 | 157.8 | 94.5 | 27.3 |
| 1981 | 257.7 | 162.6 | 95.1 | 18.8 |
| 1982 | 288.4 | 140 | 148.4 | 35.5 |
| 1983 | 333.2 | 151.4 | 181.8 | 22.9 |
| 1984 | 335.1 | 143.8 | 191.3 | 27.9 |
| 1985 | 345.8 | 161.9 | 183.9 | 26.6 |
| 1986 | 453.2 | 265.4 | 187.8 | 29 |
| 1987 | 454 | 259 | 198 | 43 |
| 1988 | 606 | 256 | 350 | 75 |
| 1989 | 806 | 430 | 460 | 110 |
| 1990 | 843 | 294 | 549 | 150 |

## § 2. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىشى

1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كەلپىن ناھىيىسىدە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى مۇنداق بولدى: 1960 ـ يىلى 782 مىڭ يۈەن؛ 1965 ـ يىلى 1 مىليون 5000 يۈەن؛ 1970 ـ يىلى 1 مىليون 391 مىڭ يۈەن؛ 1975 ـ يىلى 1 مىليون 469 مىڭ يۈەن؛ 1980 ـ يىلى 2 مىليون 270 مىڭ يۈەن؛ 1985 ـ يىلى 3 مىليون 25 مىڭ يۈەن؛ 1989 ـ يىلى 7 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1960 ـ يىلدىكىدىن 6.8 ھەسسە ئاشتى، يىللىق ئېشىشى 23.43% بولدى.

## 1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 10—3 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى | سودا: پارچە سېتىلىش سوممىسى | سودا: بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى | سودا: بۇنىڭ ئىچىدە: تەمىنات سودا كوپىراتىپ | سانائەت: پارچە سېتىلىش سوممىسى | سانائەت: بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى | سانائەت: بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ | يېمەك ـ ئىچمەك: پارچە سېتىلىش سوممىسى | يېمەك ـ ئىچمەك: بۇنىڭ ئىچىدە: تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپ | يېمەك ـ ئىچمەك: بۇنىڭ ئىچىدە: يەككە ئىگىلىك | باشقا كەسىپلەر | سېتىش ئوبيېكتى: ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالى | سېتىش ئوبيېكتى: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | سېتىش ئوبيېكتى: ئىجتىمائىي گۇرۇھلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 78.2 | 61.8 | 21.8 | 40 | 5 | 2.1 | 2.9 | 5.4 | 5.4 | | 6 | 61.3 | 10.9 | 6 |
| 1961 | 63.7 | 63.7 | | 63.7 | | | | | | | | 58.3 | 3 | 2.4 |
| 1962 | 133.2 | 122.2 | 27.3 | 94.9 | 6 | | 6 | 4.4 | 4.4 | | 0.6 | 91 | 28.9 | 13.3 |
| 1963 | 106.4 | 100.5 | 26.7 | 73.8 | 3.8 | 0.9 | 2.9 | 2.1 | 2.1 | | | 96.2 | 6.2 | 4 |
| 1964 | 98.3 | 93.6 | 27.8 | 65.8 | 2.5 | 1.4 | 1.1 | 2.2 | 2.2 | | | 89.2 | 5.7 | 3.4 |
| 1965 | 100.5 | 96.2 | 26.6 | 69.6 | 2 | 1 | 1 | 2.3 | 2.3 | | | 82.3 | 13.7 | 4.5 |
| 1966 | 73.2 | 68 | 5.3 | 62.7 | | | | | | | 5.2 | 54.8 | 12.4 | 6 |
| 1967 | 121.7 | 116.4 | 28.6 | 87.8 | 1.6 | 0.9 | 0.7 | 3.7 | 3.7 | | | 106.2 | 13.1 | 2.4 |
| 1968 | 80.3 | 76.6 | | 76.6 | | | | | | | 3.7 | 73.7 | 4.3 | 2.3 |
| 1969 | 77 | 74.2 | | 74.2 | | | | | | | 2.8 | 71.2 | 3.3 | 2.5 |
| 1970 | 139.1 | 130.2 | 48.9 | 81.3 | 6.2 | | | 1.5 | 1.5 | | 1.2 | 112.8 | 21.6 | 4.7 |
| 1971 | 160.3 | 150.7 | 49.6 | 101.1 | 6.7 | | | 1.6 | 1.6 | | 1.3 | 31.5 | 26 | 2.8 |
| 1972 | 122 | 101.7 | 23.4 | 78.3 | 8.8 | | | | | | 11.5 | 105.2 | 7.2 | 9.6 |
| 1973 | 155.8 | 134.6 | 47.8 | 86.8 | 8.8 | | | 0.9 | 0.9 | | 11.5 | 136.9 | 11.9 | 7 |
| 1974 | 239.6 | 216.5 | 48.2 | 168.3 | 23.1 | | | | | | | 207.3 | 17.5 | 14.8 |
| 1975 | 146.4 | 104.1 | 55.4 | 48.7 | 42.3 | 32.7 | 9.6 | | | | | 79.5 | 24.7 | 42.2 |
| 1976 | 224.1 | 133.2 | 13.8 | 119.4 | 70.8 | 59.6 | 11.2 | | | | 20.1 | 146.6 | 30.5 | 47 |
| 1977 | 273.3 | 184.9 | 142.5 | 42.4 | 88.4 | 74.4 | 14 | | | | | 118.2 | 58.8 | 96.3 |
| 1978 | 200.2 | 184.8 | 60.6 | 124.2 | 15.4 | | 15.4 | | | | | 123 | 29.8 | 37.4 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىللار | تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى | سودا: پارچە سېتىلىش سوممىسى | سودا، بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى | سودا، بۇنىڭ ئىچىدە: تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ | سانائەت: پارچە سېتىلىش سوممىسى | سانائەت، بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى | سانائەت، بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ | يېمەك ـ ئىچمەك: پارچە سېتىلىش سوممىسى | يېمەك ـ ئىچمەك، بۇنىڭ ئىچىدە: تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ | يېمەك ـ ئىچمەك، بۇنىڭ ئىچىدە: يەككە ئىگىلىك | باشقا كەسىپلەر | سېتىش ئوبيېكتى: ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالى | سېتىش ئوبيېكتى: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | سېتىش ئوبيېكتى: ئىجتىمائىي گۇرۇھلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 213.4 | 208.3 | 59.5 | 148.8 | | | | 3.7 | 3.7 | | 1.4 | 175.1 | 3.4 | 4.3 |
| 1980 | 227 | 187 | 41.9 | 145.1 | 5.8 | 2.8 | 3 | 4.3 | 4.3 | | 29.9 | 191.2 | 29.9 | 5.9 |
| 1981 | 253.6 | 245.1 | 66.3 | 178.8 | 4.6 | 2.9 | 1.7 | 3.9 | 3.9 | | | 223.2 | 19.3 | 11.1 |
| 1982 | 290.1 | 278.1 | 78.4 | 199.7 | 3.2 | 1.4 | 1.8 | 8.2 | 8.2 | | 0.6 | 261.1 | 12.9 | 16.1 |
| 1983 | 299.9 | 295.2 | 84.2 | 211 | 2.4 | 1.6 | 0.8 | 2.3 | 2.3 | | | 269.9 | 22.9 | 7.1 |
| 1984 | 280.7 | 271.9 | 87.1 | 184.8 | 6.4 | 4 | 2.4 | 2.4 | 2.4 | | | 241.5 | 27.9 | 11.3 |
| 1985 | 302.5 | 291.8 | 109.3 | 182.5 | 1.7 | 0.8 | 0.9 | 2 | 2 | | 7 | 265.3 | 26.2 | 11 |
| 1986 | 406.8 | 364.3 | 117.6 | 204.9 | 9.6 | 8.1 | 0.5 | 22.4 | 0.7 | 21.7 | 10.5 | 343 | 37.2 | 26.6 |
| 1987 | 398.3 | | | | | | | | | | | | | |
| 1988 | 661 | 565 | 127 | 251 | 15 | 3 | 12 | 25 | 1 | 24 | 56 | 560 | 72 | 29 |
| 1989 | 703 | 617 | 270 | 263 | 13 | 3 | 10 | 30 | 1 | 29 | 43 | 536 | 128 | 39 |

## § 3 . سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1 . **سېتىۋېلىش**

1950 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كەلپىن ناھىيىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسىدا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش قىممىتى 56 مىليون 227 مىڭ يۈەنگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق تاۋارلاردىن قەن ـ شېكەر 692.7 توننا ، چاي 486.6 دەن ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى 3095 ، ۋېلىسىپىت 4135 ، رادىئو 1118 ، سوپۇن 5421.1 ساندۇق ، پاختا رەخت 91 مىليون 673 مىڭ مېتر ، خىمىيۋى تالالىق رەخت 131 مىڭ مېتر ، تاۋار ـ دۇردۇن 3 مىليون 512 مىڭ مېتر .

2 . **سېتىش**

1950 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كەلپىن ناھىيىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسىدا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 62 مىليون 744 مىڭ يۈەنگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى 3055 ، قول سائەت 1631 ، ۋېلىسىپىت 4035 ، رادىئو 1018 ، سوپۇن 5321.1 ساندۇق ، پاختا رەخت 19 مىليون 573 مىڭ مېتر ، خىمىيۋى تالالىق رەخت 111 مىڭ مېتر ، تاۋار ـ دۇردۇن 3 مىليون 502 مىڭ مېتر .

1989 ـ يىلى سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون713 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 57 ھەسسە ئاشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان پاختا رەخت 2 مىليون 280 مىڭ مېتر بولۇپ ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 346 ھەسسە ئاشتى ؛ سېتىلغان قەن ـ شېكەر 41 توننا بولۇپ ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 135.7 ھەسسە ئاشتى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 10 ـ 4

| يىللار | سېتىلىش ئومۇمي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پاختا رەخت (100 مېتر) | تاۋار دۇردۇن (100 مېتر) | خىمىيۋى تالالىق رەخت (100 مېتر) | كىيىم تىكىش ماشىنىسى (دانە) | ۋېلسىپت (دانە) | قول سائەت (دانە) | رادىئو (دانە) | سوپۇن (ساندۇق) | چاي (دىن) | قەن ـ شېكەر (توننا) | پاپىروس (ساندۇق) | تۇز (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 8.9 | 65.7 | | | | | | | | 4 | 0.3 | | |
| 1951 | 13.8 | 74.4 | | | | | | | | 6 | 0.4 | | |
| 1952 | 14.5 | 90.8 | | | | | | | | 6.5 | 0.5 | | |
| 1953 | 27 | 98.5 | | | | 1 | | | | 9.8 | 0.8 | | |
| 1954 | 23.7 | 104.3 | | | | | | | | 10.6 | 1 | | |
| 1955 | 43 | 121 | | | | | | | | 12.8 | 1.2 | | |
| 1956 | 26.8 | 130.3 | | | | | | | | 13 | 1.8 | | |
| 1957 | 54.9 | 140.7 | | | | | | | | 14 | 4.4 | | |
| 1958 | 58.8 | 131.2 | | | | | | | | 14.3 | 4.3 | | |
| 1960 | 78.2 | 619 | | | 29 | 55 | 8 | 11 | 133 | 39 | 12 | 16 | 3 |
| 1961 | 63.7 | 538 | 71 | | 31 | 67 | 6 | 8 | 154 | 44 | 11 | 12 | 3 |
| 1962 | 133.2 | 1 198 | 84 | | 26 | 8 | 7 | 7 | 197 | 9 | 14 | 8 | 2 |
| 1963 | 106.4 | 1 065 | 151 | | 67 | 11 | 4 | 3 | 223 | 8 | 10 | 11 | 3 |
| 1964 | 98.3 | 1 151 | 144 | | 88 | 11 | 4 | 10 | 179 | 6 | 4 | 8 | 3 |
| 1965 | 100.5 | 1 371 | 73 | | 87 | 9 | 10 | 7 | 85 | 9 | 5 | 5 | 3 |
| 1966 | 73.2 | 1 380 | 70 | | 51 | 21 | 9 | 1 | 131 | 7 | 7 | 3 | 4 |
| 1967 | 121.7 | 1 715 | 52 | | 269 | 20 | 8 | 9 | 121 | 9 | 11 | 7 | 5 |
| 1968 | 87.3 | 1 851 | 132 | | 215 | 31 | 17 | 8 | 118 | 10 | 9 | 11 | 3 |
| 1969 | 77 | 2 071 | 148 | | 156 | 40 | 21 | 11 | 152 | 8 | 10 | 8 | 2 |
| 1970 | 139.1 | 2 708 | 181 | | 148 | 42 | 29 | 5 | 129 | 15 | 12 | 10 | 4 |
| 1971 | 160.3 | 868 | 178 | | 16 | 39 | 9 | | 254 | 10 | 7 | 9 | 6 |
| 1972 | 122 | 1 338 | 179 | 58 | 65 | 41 | 18 | | 131 | 17 | 18 | 1 | 5 |
| 1973 | 155.8 | 1 556 | 140 | 51 | 30 | 50 | 22 | 18 | 152 | 9 | 20 | 2 | 5 |
| 1974 | 239.6 | 2 263 | 28 | 208 | 48 | 55 | 99 | 37 | 266 | 11 | 22 | 9 | 5 |
| 1975 | 146.4 | 845 | 227 | 71 | 56 | 142 | 199 | 10 | 105 | 5 | 9 | 19 | 5 |
| 1976 | 224.1 | 1 972 | 43 | 57 | | 115 | | 11 | 110 | 8 | 9 | 25 | 5 |
| 1977 | 273.3 | 1 632 | | 70 | 79 | 120 | 150 | 49 | 287 | 11 | 15 | 28 | 4 |
| 1978 | 200.3 | 1 997 | 100 | 49 | 126 | 257 | 92 | 57 | 269 | 7 | 21 | 8 | 5 |
| 1979 | 213.4 | 2 217 | 43 | 93 | 126 | 121 | 102 | 21 | 220 | 13.9 | 22 | 35 | 8 |
| 1980 | 229 | 2 528 | 148 | 23 | 181 | | 120 | 25 | 212 | 18.2 | 18 | 30 | 6 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىللار | سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ياختا رەخت (100 مېتر) | تاۋار دۇردۇن (100 مېتر) | خىمىيۋى تالالىق رەخت (100 مېتر) | كىيىم تىكىش ماشىنىسى (دانە) | ۋېلىسىپىت (دانە) | قول سائەت (دانە) | رادىئو (دانە) | سوپۇن (ساندۇق) | چاي (دەن) | قەن ـ شېكەر (توننا) | پاپىروس (ساندۇق) | تۇز (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 253.6 | 2 618 | 249 | 78 | 162 | 261 | 91 | 25 | 364 | 18.1 | 16 | 104 | 4 |
| 1982 | 298.1 | 1 749 | 511 | 59 | 178 | 235 | 135 | 13 | 139 | 14.4 | 15 | 38 | 6 |
| 1983 | 299.9 | 1 116 | 279 | 54 | 187 | 473 | 89 | 62 | 163 | 15.8 | 20 | 72 | 5 |
| 1984 | 280.9 | 173 | 392 | 141 | 175 | 489 | 146 | 75 | 100 | 13.3 | 19 | 136 | 6.4 |
| 1985 | 302.5 | 932.6 | 368 | 95.6 | 166 | 414 | 62 | 329 | 171 | 21.4 | 20.9 | 269 | 8.6 |
| 1986 | 285.4 | 1088.45 | 1734.1 | 1410 | 90 | 315 | 64 | 60 | 31 | 15.6 | 20 | 168 | 11 |
| 1987 | 298.2 | 700 | 1200 | 100 | 100 | 205 | 68 | 45 | 300 | | 30 | 170 | 30 |
| 1988 | 397.9 | 2316 | 1140.7 | 1315 | 64 | 241 | 20 | 44 | 25 | 14.1 | 22 | 138 | 39 |
| 1989 | 571.3 | 2280 | 840 | 4185 | 39 | 147 | 16 | 47 | 19 | 8.65 | 41 | 39 | 27 |

# § 4 . دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش

## 1 . دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش

كەلپىن ناھىيىسى — ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆرۈك ۋە پاختا چىقىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن، ئاساسلىقى، ئۆرۈك ياسالمىلىرى ۋە پاختا سېتىۋېلىندۇ. 1989 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆرۈكنى ئاساس قىلغان قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە كىرىمى 600 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 5.87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بەردى، پىلانلىق سېتىۋېلىش، توختام بىلەن سېتىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى تارقىتىش، ئالدىن پۇل تۆلەش، مۇكاپاتلاش ۋە ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمىغا باھا قوشۇپ بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. سېتىۋېلىش باھاسى تۆت قېتىم تەڭشەلدى. گۈلنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 1956 ـ يىلدىكى ئوتتۇرىچە 0.4 يۈەندىن 1978 ـ يىلى 1.16 يۈەنگە، مېغىزنىڭ 0.94 يۈەندىن 2.33 يۈەنگە؛ ھەر دەن پاختا (ساپ پاختا) نىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1956 ـ يىلدىكى 72 يۈەندىن 1979 ـ يىلى 146.55 يۈەنگە تەڭشەلدى. 1977 ـ يىلدىن كېيىن سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ يۇقىرىغا تەڭشىلىش ھەجمى گۈلنىڭ 190%، مېغىزنىڭ 148%، پاختىنىڭ 103.5% بولدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن گۈلە، مېغىزنىڭ باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەلدى.

1950 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي تاۋار قىممىتىنىڭ 9.31 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، سېتىۋېلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: گۈلە (خورما قاق، مېغىزلىق

خورما قاق ) 3118.2 تونىنا ، مېغىز 146.4 تونىنا ، پاختا 1176.2 تونىنا ، كەندىر 22.8 تونىنا ، زاراڭزا 8.2 تونىنا .

## 2 . چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ستىۋېلىش

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يايلىقى كەڭ بولۇپ ، ھەر مىللەت خەلقى كالا ، ئات ، تۆگە ، قوي ، ئۆچكە ، ئېشەك ، قېچىر بېقىش ئەنئەنىسىگە ئىگە . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، چارۋا مال دوختۇرخانىسى قۇردى ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈردى . كەلپىن ناھىيىسىدە 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چارۋا سانى 98 مىڭ 887 تۇياققا يېتىپ ، 1949 - يىلدىكىدىن 1.7 ھەسسە ئاشتى . 1961 - يىلى 1434 تۇياق چارۋا ، 1985 - يىلى 2643 تۇياق چارۋا سېتىۋېلىندى ، سېتىۋېلىنغان چارۋا 1989 - يىلى 4928 تۇياققا يەتتى . 1950 - يىلى 9924 كىلوگرام يۇڭ - تىۋىت ، 2055 پارچە تېرە سېتىۋېلىندى ، 1989 - يىلى 10 مىڭ 388 كىلوگرام يۇڭ - تىۋىت ، 917 پارچە تېرە ، 323 ئۆچكە سېتىۋېلىندى .

### كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسلىق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل 10 - 5

| يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ يۈەن | گۈلە (كىلوگرام) | مېغىز (كىلوگرام) | پاختا (كىلوگرام) | كەندىر (كىلوگرام) | زاراڭزا (كىلوگرام) | يۇڭ - تىۋىت (كىلوگرام) | تېرە (پارچە) | ئۆچكە (تال) | چارۋا (تۇياق) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 8005 | 452 | 8432 | | 319 | 9924 | 2055 | | | |
| 1951 | 12.7 | 7923 | 564 | 12155 | | 528 | 6920 | | | |
| 1952 | 13.7 | 9624 | 781 | 17355 | | 684 | 18613 | 2180 | | |
| 1953 | 16.7 | 11132 | 826 | 19460 | | 795 | 24650 | 2676 | | |
| 1954 | 17.3 | 11358 | 845 | 20855 | | 756 | 27230 | 2932 | | |
| 1955 | 18.3 | 14858 | 976 | 23150 | | 821 | 23556 | 3484 | 7295 | 201 |
| 1956 | 18.4 | 22564 | 1087 | 24320 | | 884 | 18309 | 4912 | 8127 | |
| 1957 | 20.1 | 24678 | 1385 | 25600 | | 1093 | 1093 | 18654 | 3816 | 8847 |
| 1958 | 22.1 | 37000 | 1300 | 29800 | | 2304 | 26029 | 9056 | 8672 | |
| 1961 | | 2000 | 15000 | | | | | | 1434 | |
| 1962 | | 5000 | | | | | | | | 642 |
| 1963 | | 16000 | 400 | | | | | | | 700 |
| 1965 | 22 | 186931 | 7037 | 1350 | 3361 | | | | | 2110 |
| 1966 | 12.4 | 29851 | 2130 | 1575 | 3284 | | | | | 2141 |
| 1967 | 9.7 | 7866 | 941 | 2500 | 1672 | | | | | 2126 |
| 1968 | 14.6 | 99460 | 9129 | 1900 | 431 | | | | | 2126 |
| 1969 | 3 | 1232 | 787 | 450 | 907 | | | | | 1138 |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1683 | | | | | 2141 | 1200 | 5340 | 41370 | 12. 2 | 1970 |
| | | | | | 1797 | | 5043 | 69970 | 11. 3 | 1971 |
| 608 | | | | | 1280 | | 4827 | 66163 | 10. 1 | 1972 |
| 67 | | | | | 1654 | 350 | 7608 | 110939 | 15. 1 | 1973 |
| 2167 | | | | | 1376 | 8000 | 775 | 29983 | 17. 8 | 1974 |
| 1411 | | | | | 274 | 8000 | 7 | 555 | 3. 9 | 1975 |
| 2120 | | | | | 300 | | 800 | 64600 | 15 | 1976 |
| 1232 | | | | | 350 | | 1300 | 37000 | 18 | 1977 |
| 1427 | | | | | 600 | | 600 | 49000 | 14 | 1978 |
| 1671 | 2715 | 5921 | 12610 | | | | 101 | 14615 | 12. 2 | 1979 |
| 2109 | 3607 | 3621 | 14546 | | | | 647 | 31471 | 16. 4 | 1980 |
| 2457 | 4093 | 3426 | 15935 | | | | 6033 | 924 | 29. 1 | 1981 |
| 2622 | 1148 | 2809 | 28275 | | | | 5609 | 227164 | 34. 6 | 1982 |
| 2638 | 4050 | 5504 | 36662 | | | 2300 | 13092 | 632261 | 72 | 1983 |
| 2775 | 2410 | 1904 | 20680 | | | 48502 | 5757 | 189437 | 57. 4 | 1984 |
| 2643 | 2601 | 16151 | 23629 | | | 218201 | 18329 | 416535 | 91. 1 | 1985 |
| | 137 | 25678 | 12676 | | | 48000 | 9286 | 245164 | 38 | 1986 |
| | 970 | 6363 | 8311 | | | 158000 | 817 | 104000 | 80. 8 | 1987 |
| | 2000 | 8080 | 24509 | | | 183000 | 6381 | 43185 | 104. 2 | 1988 |
| 4928 | 3237 | 917 | 10388 | | | 217000 | 25308 | 72490 | 74. 9 | 1989 |

## § 5 . گۆش ، پاختا بىلەن تەمىنلەش

**1 . گۆش بىلەن تەمىنلەش**

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى چارۋا سانى 1950 ـ يىلدىكى41 مىڭ تۇياقتىن 98 مىڭ 800 تۇياققا يەتتى. 1960 ـ يىلى 18 مىڭ 600 تۇياق چارۋا سويۇلغان بولسا ، 1989 ـ يىلى 14 مىڭ 700 تۇياق چارۋا سويۇلدى. ئاقسۇغا 1959 ـ يىلى 400 تۇياق قوي ، 1962 ـ يىلى 20 تۆگە ، 1973 ـ يىلى 30 تۆگە يۆتكەلدى. 1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي قىممىتى 765 مىڭ 600 يۈەن كېلىدىغان 590 تونىنا گۆش بىلەن تەمىن ئېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوي گۆشى 2 .507 تونىنا بولۇپ ، ئومۇمىي گۆشنىڭ 95 .85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى ؛ كالا گۆشى 1 .58 تونىنا بولۇپ ، ئومۇمىي گۆشنىڭ 85 .9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى ؛ چوشقا گۆشى 8 .24 تونىنا بولۇپ ، ئومۇمىي گۆشنىڭ 2 .4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1957 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بازار ئاھالىسىنى بىلەتكە ئاساسەن گۆش بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى قوللىنىلىپ ، ھەر ئايدا ھەر ئادەمگە نورمىلىق گۆش سېتىپ بېرىلدى. چارۋا يىغىپ سېتىۋېلىنىد‌ـ

غان ، گۆش ئايغا بۆلۈپ تەمىن ئېتىلىدىغان بولغاچقا ، ساقلانغان چارۋا سانى كۆپىيىپ ، خىراجەت ئۆر-لەپ ، بىر قىسىم چارۋا ئورۇقلاپ ، ئۆلۈپ كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن تىجارەتتە زىيان كۆرۈلدى . 1978 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى 16 مىڭ 643.5 كىلوگرام گۆش بىلەن تەمىنلىدى ، شۇ يىلى تەننەرخ خىراجەت چىقىمى 49 مىڭ 263.89 يۈەن بولۇپ ، 28 مىڭ 428.47 يۈەن زىيان كۆرۈلدى ، زىيان نىسبىتى 57.7% بولدى . 1980 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى 29 مىڭ 237 كىلوگرام گۆش بىلەن تەمىنلىدى . بۇنىڭ تەننەرخ خىراجەت چىقىمى 82 مىڭ 825.13 يۈەن بولۇپ ،44 مىڭ 891.22 يۈەن زىيان كۆرۈلدى . 1981 - يىلى باھا قوشۇپ سېتىۋېلىش ئارقىلىق (ھەر كىلوگرام گۆش ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.29 يۈەن باھا قو-شۇپ سېتىۋېلىندى) دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىلھام بې-رىلگەن بولسىمۇ ، تىجارەت زىيىنى داۋاملىق كۆپەيدى . سىياسەت خاراكتېرلىك زىياننى ۋىلايەت مالىيىسى نورما بويىچە تولۇقلاپ بەردى . 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە 400 مىڭ يۈەنلىك زىيان تولۇقلاپ بېرىل-مەي قېپقالدى .

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، ناھىيە بويىچە گۆش بىلەن تەمىنلەش مىقدارى خېلى تېز ئاشتى . 1982 - يىلى 1965 - يىلدىكىدىن 78.6% ئاشتى . 1985 - يىلى 1982 - يىلدىكىدىن 30% ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئىستىمال قىلىنغان قوي ، چوشقا گۆشى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 17.4 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ ، 1965 - يىلدىكى 11.8 كىلوگرامدىن 47.46% ئاشتى . 1986 - يىلدىن بۇيان گۆش بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلىپ ، بازار ئاھالىسى ۋە كا-دىر ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە گۆش باھاسى قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى (ھەر ئادەمگە ھەر يىلدا 18 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى) .

**2 . پاختا بىلەن تەمىنلەش**

پاختا — پىلانلىق سېتىۋېلىنىپ ، پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان ماددىي ئەشيا . پاختا بىلەن تەمىنلەش ئاھا-لىلەر ئىشلىتىدىغان پاختا ، قۇتقۇزۇش پاختىسى ، قوشۇمچە ياردەم پاختىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئا-لىدۇ . ئۇ يىلمۇ يىل تەمىنلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ ، بازار ئاھالىسىنى پاختا بىلەن بىلەتلىك ، نورمىلىق تەمىنلەش يولىغا قويۇلدى . 1979 - يىلى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستى ، تەمىنلەش باھاسى ئۆز-گەرمىدى . تىجارەتتە كۆرۈلگەن زىيان مالىيىدىن تۇلۇقلاپ بېرىلدى . 1985 - يىلى تەمىنلەنگەن پاختا 19 مىڭ 335 كىلوگرام بولۇپ ، 13 مىڭ 356.62 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى . 1981 - يىلدىن 1985 - يىل-غىچە بولغان بەش يىلدا مالىيىدىن پاختىغا 61 مىڭ 21.48 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى .

# § 6 . ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى— دېھقانچىلىق دورىسى ، خىمىيىۋى ئوغۇت ، دورا ياساش ماشىنىلىرى ، تېرىلغۇ ئۆلاغلىرى ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى ، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى پىلانلىق تەمىنلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇردى (1964 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كې-يىن ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى) .

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، گۆش، پاختا بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل 10—6

| يىللار | خىمىيۋى ئوغۇت (توننا) | دېھقانچىلىق دورىسى (توننا) | تراكتور (دانە/ئات كۈچى) | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى (دانە) | نېفىت (توننا) | گۆش قويى (كىلوگرام/تۇياق) | گۆش كالىسى (كىلوگرام/تۇياق) | چوشقا گۆشى (كىلوگرام/تۇياق) | پاختا (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | | | | 10 | | | | | |
| 1957 | | | | 8 | | | | | |
| 1958 | | | | 3 | | | | | |
| 1960 | | 5 | | | | 15360/1280 | 1210/11 | 1680/24 | 3700 |
| 1962 | 1 | 1 | | 36 | | 7188/599 | 4290/39 | 280/4 | 3250 |
| 1963 | 18 | 6 | | | | 8340/695 | 220/2 | 210/3 | 3550 |
| 1964 | 51 | 4 | | 68 | | 6492/541 | 660/6 | 140/2 | 4500 |
| 1965 | 59 | 1 | | 90 | | 28220/1080 | 1210/11 | 560/8 | 3900 |
| 1966 | | | | 88 | | 32408/2092 | 5280/48 | 70/1 | 4050 |
| 1967 | 175 | 3 | | 54 | | 27600/1840 | 2310/21 | 420/6 | 3600 |
| 1968 | 58 | 4 | | 56 | | 9820/1051 | 1980/18 | 350/5 | 4550 |
| 1969 | 28 | 5 | | 31 | | 19445/858 | 1210/11 | 770/11 | 2050 |
| 1970 | 79 | 2 | | 78 | | 10820/985 | 880/8 | 1260/18 | 2000 |
| 1971 | 13 | 5 | | 70 | | 12669/1673 | 550/5 | 1820/26 | 4200 |
| 1972 | 12 | 1 | | | | 11462/560 | 880/8 | 1400/20 | 4950 |
| 1973 | 24 | 10 | | 79 | | 13157/2480 | 1320/12 | 6650/95 | 6050 |
| 1974 | 108 | 2 | | | | 15258/1740 | 3630/33 | 3080/44 | 8750 |
| 1975 | 28 | 2 | 5/150 | 49 | | 9370/1238 | 16830/153 | 1400/20 | 2700 |
| 1976 | 133 | 6 | 3/45 | 12 | | 24756/2063 | 4090/39 | 1260/18 | 450 |
| 1977 | 168 | 7 | 8/160 | 1 | | 14107/1175 | 3410/31 | 1820/26 | 1400 |
| 1978 | 381 | 5 | 5/177 | 33 | | 14203/1399 | 1320/12 | 1120/16 | 2500 |
| 1979 | 259 | 2 | 7/250 | 28 | | | | | |
| 1980 | 310 | 5 | 12/548 | 8 | | 27087/1371 | 330/3 | 1820/26 | |
| 1981 | 177 | 4 | 1/55 | 6 | | 20400/1700 | 880/8 | 140/2 | 6841.5 |
| 1982 | 112 | 3 | 2/120 | 180 | 464 | 6000/500 | | 350/5 | 11225 |
| 1983 | 237 | 1 | | | 609 | 12000/1000 | 330/3 | 70/1 | 16581 |
| 1984 | 294 | 2.4 | 2/110 | 3 | 646 | 1320/110 | 1870/17 | | 37066.5 |
| 1985 | 166 | | 6/90 | 1 | 683 | 1992/166 | 2530/23 | | 19335 |
| 1986 | 327.3 | | 5/220 | 2 | 808 | | | | |
| 1987 | 515 | | 1/55 | 4 | | | | | |
| 1988 | 571 | | 13/592 | 3 | 905 | | | | |
| 1989 | 627.8 | | | 15 | 982 | 13867/1155 | | 1820/26 | |

# III باب

# يېمەك ـ ئىچمەك . مۇلازىمەت

## § 1 . يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى

كەلپىن ناھىيىسى چەت ـ ياقا رايونغا جايلاشقان، بازار ئاھالىسى ئاز بولغاچقا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) قۇربانجان، نامەتجان، ئابلا ـ جانلار ناھىيە بازىرىدا تۇنجى ئاشخانا ئېچىپ، نان، پەرمۇدە، ئۆپكە ـ ھېسىپ قاتارلىق پىششىق يېمەك ـ لىكلەرنى ساتقان. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) روزى ئاخۇن، توختىخان، ئابدۇقادىر موللا ئاشخانا ئېچىپ، لەغمەن، سامسا، پىششىق گۆش ساتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 70 ـ يىللارغىچە يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدە ئانچە كۆپ تەرەققىيات بولمىدى. ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىر ئاشخانا ئېچىپ، لەغمەن، پولو، نان، سامسا، چاي تىجارىتى قىلدى، بۇ ئاشخانىدا روزى ئاخۇن ئاشپەزلىك قىلدى، ئاشخانىنىڭ ئۈچ خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1976 ـ يىلى ئاچال ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىر ئاشخانا ئېچىپ، ئۇن ـ تا ـ ماق، پولۇ، سامسا تىجارىتى قىلدى، ئاشخانىدا ئۈچ خىزمەتچى بار ئىدى. 1960 ـ يىلدىن 1985 ـ يىل ـ غىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئاشخانىسىنىڭ تىجارەت سوممىسى يىلىغا 21 مىڭ 100 يۈەندىن توغرا كەلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاشلىق سودا بازىرى ئېچىۋې ـ تىلىپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. ھەر بازار كۈنى ھەر خىل يېمەكلىكلەر، يەرلىك مەھسۇلاتلار بازارغا كۆپلەپ كىردى. خۇسۇسىيلار ئاشخانىسى، ناۋايخانىسى كۆپەيدى. بۇلاردىن بىر قەدەر مەشھۇرلىرى ئەيساجان ئاشخانىسى، ئابدۇراخمان ناۋايخانىسى، مۇنىردىن ناۋايخانىسى، يا ـ سىن، مۇختەرنىڭ ئاچالدىكى ئاشخانىسى، ئەمەرجان ئاشخانىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازار ـ يېزىلاردا 31 ئاشخانا، سەككىز ناۋايخانا بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 117 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 2 . مۇلازىمەت كەسپى

1955 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىر ساتىراشخانا ئاچتى، بۇ ساتىراشخانا ھەر شەنبە كۈنى تىجارەت قىلاتتى. 1960 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى بىر پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇتنىڭ 25 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، جاكيۇ، ئاچچىقسۇ، دۇفۇ، سوپۇن ئىشلەپچىقى ـ رىپ بازارغا سالدى. 1963 ـ يىلى بۇ زاۋۇت كېڭەيتىلىپ، فىنتوزا، پېچىنە، ساگزا قاتارلىق يېمەكلىكلەر ـ

نى ئىشلەيدىغان بولدى. 1961 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ۋىلسىپىت، سائەت رېمونتخانىسى ئاچتى. رېمونتخانا قوشۇمچە تامغا ئويدى. 1960 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى بىر چەگىت ئايرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى. 1974 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى بىر پاختا ئېتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، تور پاختا ئېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1976 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى بىر سۈرەتچى تەكلىپ قىلىپ سۈرەتخانا ئاچتى. كېيىن ئۇنىڭ تىجارىتى ياخشى بولماي تاقالدى. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى بىر مۇز نوكچە ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، مۇز نوكچە ئىشلەپ ساتتى. 1982 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپى ئىككى ياغاچچى ياللاپ، ياغاچ ئۆي جاھازلىرى كارخانىسى قۇردى. 1990 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدا بىر مونچا قۇرۇلۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلدى.

# IV باب

# ئاشلىق، باغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

كەلپىن ناھىيىسى دېھقانچىلىق رايونى بولسىمۇ، بىراق سۇ قىس بولغانلىقتىن، تارىختىن بۇيان ئاشلىق، ياغ بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي كەلدى. مىنگو دەۋرىدە ھۆكۈمەت پەقەت پاراق، يەر بېجىنى ئېلىشنىلا بىلىپ، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش بىلەن كارى بولمىغاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، فېئودال ـ پومېشچىكلار ۋە بايلارنىڭ شىلىۋېلىشى، ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ئاشلىق، مايدا بېسىمدارلىق قىلىپ، يېڭى ئاشلىق بازارغا كىرگەن چاغلاردا باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋېلىپ، سېرىقتال مەزگىللەردە باھاسىنى ئۆرلىتىپ سېتىشى ئارقىسىدا ئەمگەكچى خەلق ئىنتايىن قىيىن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر جان بېقىش ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولدى. 40 يىل ئىچىدە دۆلەت يېزا ئىگىلىكىگە 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. خەلقنى سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىشكە سەپەرۋەر قىلدى. 1989 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 1949 ـ يىلدىكى 4 مىليون 240 مىڭجىڭدىن 17 مىليون 893 مىڭ جىڭغا يەتتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئاشلىق 284 جىڭدىن ئېشىپ 577.2 جىڭغا يەتتى. لېكىن، تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى، ئاھالىنىڭ بىر قەدەر تېز كۆپىيىشى سەۋەبىدىن ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى، ناھىيە ئۇزاقتىن بۇيان سىرتتىن بىر قىسىم ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ كىلىش ئارقىلىق ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ كەلدى.

## § 1. ئاپپارات، ئەسلىھە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30 ـ يىلى (1904 ـ يىلى) كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى ئاشلىق ئامبىرى — ئېھتىيات ئاشلىق ئامبىرى سېلىندى. بۇ ئامبار مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) بىر قېتىم چوڭ رېمونت

قىلىندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، كەلپىن ناھىيىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاشلىقىنى يىغىش، يۆتكەش، ساقلاش ۋە كىرىم - چىقىم قاتارلىق تۈرلۈك كەسپلەرنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم قويدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە بۆلۈم قارمىقىدا ئاشلىق باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلدى، بۇ ئورۇندا ئۈچ ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1950 - يىلى سۇۋان قۇربان ئاشلىق ئامبىرىنىڭ مۇدىرى بولدى. 1954 - يىلى ئاشلىق باشقۇرۇش ئورنى ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇ بۆلۈمدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 گە يەتتى. 1958 - يىل 12 - ئايدا ئاشلىق بۆلۈمى ئاساسىدا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسى قارمىقىدا ئىشخانا، كەسپىي بۆلۈمچە، ئاشلىق پونكىتى، ئاشلىق-ياغ دۇكىنى تەسىس قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 34 كە يەتتى. 1972 - يىل 2 - ئايدا ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1977 - يىل 12 - ئايدا ئاشلىق ئىدارىسى سىستېمىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 45 كە يەتتى. 1981 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسىدە ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىم باھادا سېتىش تىجارەت بۆلۈمى ۋە دۇكىنى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا ئېلىپ، كېلىشىم باھادا سېتىش تىجارەت بۆلۈمىنى ۋىلايەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئىلغار كارخانا قىلىپ بېكىتىپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاشلىق ئىدارىسى سىستېمىسىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورنى ئالتىگە، مۇستەقىل ھېسابات ئورنى ئۈچكە، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 91 گە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە مىللىي ئىشچى - خىزمەتچى 66 نەپەر.

## كەلپىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل 10 - 7

| يىللار | تۈرى | كۆلىمى | كەتكەن مەبلەغ (يۈەن) | سىغىمى (جىڭ) |
|---|---|---|---|---|
| 1955 | ئاشلىق ئامبىرى | بىر ئېغىزلىق | | 500000 |
| 1958 — 1959 | ئاشلىق ئامبىرى | ئىككى ئېغىزلىق | 37107.7 | |
| 1966 | سېمونت ياتقۇزۇلغان مەيدان | | 2127.05 | |
| 1966 | ياغ تارتىش ماشىنىسى | | 394877 | |
| 1967 | ئۇن زاۋۇتى | | 2536611 | |
| 1972 | رېمونتخانا | | 1000 | |
| 1972 | ئۇن ئامبىرى | $168m^2$ | 8000 | |
| 1976 | ئاشلىق ئامبىرى | ئىككى ئېغىزلىق | 31937.24 | 1000000 |
| 1983 | خىزمەت بىناسى | $1240m^2$ | 211736.41 | |
| 1983 | كېلىشىم باھا دۇكىنى | $120m^2$ | 17000 | |
| 1983 | چوڭ گىر | | 13704 | |
| 1983 | قۇدۇق | | 70000 | |
| 1984 | سۇ مۇنارىسى | $50m^3$ | 48939.27 | |
| 1989 | ئۇن زاۋۇتى | $537^2$ | 510000 | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## § 2 . پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش

**1 . پاراق ئېلىش**

مىنگو دەۋرىدە غەللە ـ پاراق ئىنتايىن ئېغىر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سودىگەرلەر بازاردىن تۆۋەن باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىپ ، شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەپ يۇقىرى باھادا ساتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بەلگىلىمە بويىچە باج ئېلىش ، قانۇن بويىچە ئازايتىش ، كېچىرىم قىلىشتىن ئىبارەت مۇۋاپىق سېلىق سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن ، ھەر مىللەت خەلقى قىزغىنلىق بىلەن غەللە ـ پاراق تاپشۇرىدىغان بولدى. 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن غەللە ـ پاراق 14 مىليون 298 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1984 ـ يىلى مەھسۇلات ئاشسىمۇ باجنى ئاشۇرماسلىقتىن ئىبارەت باجنى يېنىكلىتىش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلغاچقا ، ئامبارغا تاپشۇرۇلىدىغان غەللە ـ پاراق كېمىيىپ كەتتى. 1984 ـ يىلى دېھقانچىلىق باج سېلىقىنىڭ نىسبىتى 1953 ـ يىلدىكى 9.23% تىن 1.69% كە چۈشۈپ قالدى. يىللار بويىچە ئېلىنغان غەللە ـ پاراق ئامبارغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ، مالىيە تەرىپىدىن باھا بويىچە ئاشلىق ئىدارىسىگە بۆيرۈپ بېرىلىپ ، مالىيە كىرىمىگە كىرگۈزۈلدى ، ئۇ خەلقتىن ئېلىنىپ ، خەلققە ئىشلىتىلدى.

**2 . ئاشلىق سېتىۋېلىش**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ، كەلپىن ناھىيىسىدە قىسمەن ئاشلىق سېتىۋېلىندى. شۇندىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق ، ياغ بازىرى قۇرۇلۇپ ، بازار ئارقىلىق ئېلىش ـ چىقىرىش بىرلەشتۈرۈلۈپ ، بازارغا كىرگەن ئاشلىق ، ياغ سېتىۋېلىندى ، ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ئاشلىق ، ياغنى توشۇپ سېتىش ۋە بازار سىرتىدا سودا قىلىشى چەكلىنىپ ، ئاشلىق بازىرى تۇراقلاشتۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئاشلىقنى سېتىۋېلىش داۋامىدا ئائىلىلەر بىرلىك قىلىنىپ ، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق ـ كەمى ھېسابلىنىپ ، ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋېلىندى ، كەم ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى. 1957 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىپ ، پىلانلىق تەمىنلەش (بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ ، بىر تۇتاش سېتىش) يولغا قويۇلدى ، ئائىلە بويىچە ھېسابلىنىپ ، گۆشكە بويىچە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى ، مەھسۇلات مىقدارى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، ئوزۇقلۇق ئاشلىق ، ئۇرۇق ۋە يەم ـ خەشەك يېتەرلىك قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئېشىنچە ئاشلىقنىڭ 80 — 90 پىرسەنتىنى دۆلەت سېتىۋالدى ، ئاشلىق يېتىشمىسە ، نورما بويىچە تەمىنلەندى ، چەت ـ ياقا ، چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەتكە ئاساسەن ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىنكى بازارغا كىرگەن ئاشلىق ، ياغنى ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇشقا يول قويۇلۇپ ، ئارتۇق ـ كەمى ۋەتۈرى تەڭشەلدى. 1962 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق سېتىپ بەرگۈچىلەرنى مۇكاپاتلاش چارىسى يولغا قويۇلدى؛ 750 كىلوگرام ئاق ئاشلىق سېتىپ بەرسە ئالتە مېتىر پاختا رەخت ، ئىككى پار رېزىنكە ئاياغ كىيىم ، ئۈچ كىلوگرام شېكەر ، ئىككى مېتىر تاۋار ، 0.5 كىلوگرام تاغار توقۇيدىغان پاختا ، 0.5 كىلوگرام چاي مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلدى؛ 750 كىلوگرام قارا ئاشلىق سېتىپ بەرسە بەش مېتىر پاختا رەخت ، ئىككى پار رېزىنكە ئاياغ كىيىم ، ئىككى كىلوگرام شېكەر ، 0.5 كىلوگرام تاغار توقۇيدىغان پاختا مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلدى. 1965 ـ يىلى ئارتۇق سېتىپ بەرگەن ئاشلىققا باھا قوشۇپ مۇكاپات بېرىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ، ئارتۇق تاپشۇرۇلغان قىس

مغا %30 بويىچە باھا قوشۇپ مۇكاپات بېرىلدى. يازلىق ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەر يازدا مۇكاپاتلاندى، كۈزلۈك ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەر كۈزدە مۇكاپاتلاندى. گۈرۈچ، بۇغداي، ياغلىقدان، ماش ـ پۇرچاقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ 30 پىرسەنتى بويىچە باھا قوشۇپ بېرىلدى، كۆممىقوناق قاتارلىق قارا ئاشلىققا %20 بويىچە باھا قوشۇپ بېرىلدى. ئارتۇق ئاشلىق، ياغلىقدان سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قوشۇلغان باھا ۋە مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولغان گۈڭشې، ئەترەتلەر ۋە دېھقانلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق سېتىپ بېرىلمىدى.

1979 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزىلارغا ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى توختام بويىچە سېتىۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي توختامنامىدە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ۋە مۇئەسسەسىلىرى داۋاملىق ياخشىلىنىپ، يەر گىرى ئورنىتىلدى، خادىملار كۆپەيتىلدى، سىناپ تەكشۈرۈش، تارازىدا تارتىش، بېلەت كېسىش، پۇل تۆلەشتىن ئىبارەت ئۇلانما مەشغۇلات ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئاشلىق سېتىشقا قولايلىق يارىتىلدى؛ «ئەلا سۈپەتكە ئەلا باھا قويۇش، سۈپىتى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ باھا قويۇش» تىن ئىبارەت باھا سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىق كۆپ سېتىۋېلىنىپ ۋە كۆپ ساقلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئاشلىقنىڭ تاۋارلىق نىسبىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، سېتىۋېلىندىغان ئاشلىقمۇ كۆپەيدى، 1953 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 420 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 7.92 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1954 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 290 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 4.58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1964 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 500 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 5.96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1974 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 310 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 3.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 741 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 4.81 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 660 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 4.17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 3 . تەمىنلەش

### 1 . ئاشلىق، ياغ بازىرى

1949 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق بازىرى خېلى جانلاندى، يىللىق سودا مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1954 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازىرى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق سودىسىنىڭ مىقدارى ۋە باھاسى داۋاملىق مۇقىملاشتى. 1957 ـ يىلى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق بازىرى تاقىۋېتىلدى، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، يەنە ئاز مىقداردىكى ئاشلىق بازارغا سېلىندى. 1979 ـ يىلى ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا سېتىش يولغا قويۇلۇپ، بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ تەڭشەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق ـ ياغ بازار سودىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 ـ يىلى كېلىشىم باھادا 19 مىڭ 824 جىڭ ئاشلىق، 15 مىڭ 163 جىڭ سۇ يېغى سېتىلدى. 1980 ـ يىلى ئاشلىق بازىرىدىكى سودا مىقدارى 2 مىليون جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىللىق سودا مىقدارى 2 مىليون جىڭدىن يۇقىرى بولدى. 1981 ـ يىلى ئاشلىق ئىدارىسىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ، كېلىشىم باھادا سېتىش تى-

جارەت بۆلۈمى ۋە دۇكىنى قۇرۇلدى ، شۇ يىلى 255 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىلدى ، 1982 ـ يىلى 484 مىڭ جىڭ ، 1985 ـ يىلى 516 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىلدى ، 1986 ـ يىلى 102 مىڭ جىڭ گۈرۈچ ، 65 مىڭ جىڭ سۇ يېغى سېتىلدى ، 1988 ـ يىلى 505 مىڭ جىڭ ئاشلىق ، 105 مىڭ جىڭ سۈيېغى سېتىلدى ، 1989 ـ يىلى 380 مىڭ جىڭ ئاشلىق ، 65 مىڭ جىڭ سۇ يېغى سېتىلدى .

## 2 . ئاشلىق ، ياغ بىلەن تەمىنلەش

1 ) **بازار ئاھالىسىنىڭ ئىستېمال ئاشلىقى** 1949 ـ يىلدىن 1957 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنى ئاشلىق ، ياغ بىلەن تەمىنلەشتە نورما يولغا قويۇلمىدى . 1957 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى . بۇنىڭدا ئادەمگە قاراپ نورما بەلگىلەندى ۋە ئەمگەك سالمىقىنىڭ ئېغىر يېنىكلىكىگە قاراپ ئىش تۈرى بېكىتىلىپ ، نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى . 11 ياشتىن يۇقىرىلارنىڭ ئايلىق تەمىنلىنىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 30 جىڭ ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغانلارنىڭ ئايلىق تەمىنلىنىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 42 جىڭدىن 52 جىڭغىچە ، يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغانلارنىڭ ئايلىق تەمىنلىنىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 32 جىڭدىن 40 جىڭغىچە ، بىر ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ ئايلىق تەمىنلىنىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئالتە جىڭ ، بىر ياشلىق بالىلارنىڭ ئايلىق تەمىنلىنىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى توققۇز جىڭ ( شۇندىن باشلاپ ھەر يىلى ئىككى جىڭ قوشۇلدى ) بولدى . سۇ يېغى ھەر كىشىگە ھەر ئايدا يېرىم جىڭ بېرىلدى . ھېيت ـ بايراملاردا سۇ يېغى كۆپەيتىپ بېرىلدى . ئاشلىق ، ياغ تۈرى مۇۋاپىق تەڭشەلدى . ئاشلىقنى تېجەپ ئىشلىتىش ، پىلانلىق ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىنىپ ، تېجەپ قېلىنغان ئاشلىق ئۆزىگە مەنسۇپ بولدى . 1960 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ ناھىيە بازىرىدىكى 11 ياشتىن يۇقىرى ئاھالىلەرنىڭ ھەر بىرى ھەر ئايدا بىر جىڭدىن ئاشلىق تېجەپ قالدى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيە بازىرى ئاھالىسى خېلى تېز كۆپەيدى . 1989 ـ يىلى بازار ئاھالىسى 1950 ـ يىلدىكى 1200 ئادەمدىن 7704 ئادەمگە يېتىپ ، 5.4 ھەسسە ئاشتى . 1989 ـ يىلى ناھىيە بازىرى تەمىنلەنگەن ئاشلىق 1953 ـ يىلدىكى 700 مىڭ جىڭدىن 2 مىليون 862 مىڭ جىڭغا يېتىپ ، 3.09 ھەسسە ئاشتى . 1990 ـ يىلى ناھىيە بازىرى 2 مىليون 732 مىڭ جىڭ ئاشلىق ، 54 مىڭ جىڭ ياغ بىلەن تەمىنلەندى .

2 ) **سودا ـ سانائەت كەسپىدە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق** 1957 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ ناھىيە بازىرىدىكى سودا ـ سانائەت كەسپىدە سېتىلغان يېمەكلىكلەرگە ۋە ئاشلىقنى خام ئەشيا قىلغان تەييار بۇيۇملارغا ئاشلىق بېلىتى ئېلىندى ، تەييار بۇيۇملارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق ۋە ياغ بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلان بويىچە تەمىنلەندى . 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى سودا ـ سانائەت كەسپىدە ئىشلىتىلگەن ئاشلىقنىڭ ئاشلىق بېلىتى ئېلىنىدىغان قىسمى سېتىش تاختاي باھاسى بويىچە تەمىنلەنگەن ، ئاشلىق بېلىتى ئېلىنمايدىغان قىسمى كېلىشىم باھا بويىچە تەمىنلەنگەندى . 1981 ـ يىلدىن كېيىن سودا ـ سانائەت كەسپىنى ئادەتتىكى باھادىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى .

3 ) **يېزىلار ئىشلىتىدىغان ئاشلىق** 1954 ـ يىلدىن باشلاپ يېزا ، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىشلىتىدىغان ئاشلىقنى ، گۆڭشې( يېزا ) بىرلىك قىلىنىپ ، ئارتۇق ـ كېمى تەڭشىلىپ ، ئارتۇق قىسمى سېتىۋېلىندى ، كەم قىسمى تەمىنلەپ بېرىلدى . ھەر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 410 جىڭ بولدى . 1960 ـ يىلدىن كېيىن ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى بىلەن قوشۇمچە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى پەرقلەندۈرۈلدى . ئاساسلىق ئەمگەك كۈچىنىڭ يىللىق نورمىسى 420 جىڭدىن ئاشۇرۇلمىدى ، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچىنىڭ يىللىق نورمىسى 320 جىڭدىن تۆۋەنلىتىلمىدى .

1989 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىسى 1949 ـ يىلدىكى 14 مىڭ 923 تىن 26 مىڭ 859 غا يېتىپ ، 79.98% كۆپەيدى . يېزىلار تەمىنلەنگەن ئاشلىق 1954 ـ يىلى 850 مىڭ جىڭ ، 1956 ـ يىلى 1

مىليون 850 مىڭ جىڭ، 1971 ـ يىلى 2 مىليون 40 مىڭ جىڭ بولدى. 1982 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىلار تەمىنلىگەن ئاشلىق تۆۋەنلەپ، 1989 ـ يىلى 614 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئاشلىق بازىرى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يېزىلار ئىشلىتىدىغان ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمى بازار ئارقىلىق تەمىنلەندى.

## § 4. ساقلاش، توشۇش

**1. ئامباردا ساقلاش**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە بىرلا ئاشلىق ئامبىرى (ئېھتىيات ئامبىرى) بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، كەلپىن ناھىيىسىدە پەقەت تۆت ئېغىزلىق، 240 كۋادرات مېترلىق بىر ئاددىي ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق سىغاتتى. 1958 ـ يىلى سىغىمى 2 مىليون جىڭلىق بىر ئۆلچەملىك ئامبار سېلىندى. 1984 ـ يىلى 2364.4 كۋادرات مېترلىق، سىغىمى 6 مىليون جىڭلىق ئامبار سېلىندى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يەتتە ئاشلىق ئامبىرى سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئۆلچىمى دەرىجىسىدىكى ئامبار ئىككى)، ئامبار سىغىمى 6 مىليون 500 مىڭ جىڭغا يەتتى.

ئاشلىق ساقلاشتا «تۆتتىن خالى» (زىيانداش ھاشاراتتىن خالى، سېسىپ قېلىشتىن خالى، چاشقاندىن خالى، خېيىم ـ خەتەردىن خالى) ئاشلىق ئامبىرى يارىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق كەلپىن ناھىيىسى «تۆتتىن خالى» ئاشلىق ئامبىرى ياراتقان ناھىيە دەپ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1981 ـ يىلى 117 مىڭ جىڭ ئاشلىقتا مېتە چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ يىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان 2 مىليون 920 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تازىلاش ۋە دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش نەتىجىسىدە مېتە چۈشكەن ئاشلىق 1983 ـ يىلى 37 مىڭ جىڭغا تۆۋەنلەپ، يىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان 3 مىليون 640 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ 1.02 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1983 ـ يىلى 900 مىڭ جىڭ كۆممىقوناقنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكى بايقالدى، ئامباردىن ئالماشتۇرۇش، ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق بۇ ئاشلىق زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. شۇ يىلى ھەر10 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى ساقلاش خىراجىتى 3.5 يۈەنگە چۈشتى. 1984 ـ يىلى ئاچال يېزىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى ھەرىكەتلىنىپ، 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان بىر ئامبار سالدى. ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا بۇ ئاشلىق ئامبىرى «تۆتتىن خالى» ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ باھالاندى. 1988 ـ يىلى «تۆتتىن خالى» ئاشلىق ئامبىرىنى مۇستەھكەملەش مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئېنىق ئىش تەقسىم قىلىنىپ مەسئۇل بولۇش يولغا قويۇلۇپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چارىسى بەلگىلەندى. ئامبار باشقۇرغۇچىلار پۈتۈن ئاشلىق ئامبارلىرىنى دورا ئارقىلىق ئىسلاپ زەھەرسىزلەندۈردى ھەم ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ تازىلاپ، ئامبار ئىچىنى سۈپۈرۈپ پاكىزلەپ، تاملارنى ئاقارتىپ، ئامبارنىڭ ساقلاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

**2. ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش**

1955 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ئاشلىقنىڭ كەم قىسمىنى ئاساسەن شەخسلەر سىرتتىن يۆتكەپ كېلەتتى. 1955 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش يۆتكەيدىغان بولدى. ئاشلىق توشۇشتا، ئاساسلىقى، سىرت ناھىيىلەرنىڭ ۋە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاز ساندىكى ئاپتوموبىللىرىغا تايىنىل-

دى. ناھىيە ئىچىدە ئاشلىق يۆتكەشتە تۆگە، ئېشەك ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى ئىشلىتىلدى. 1974 ـ يىلى ئاشلىق ئىدارىسى «35» ماركىلىق ئىككى تىراكتور سېتىۋېلىپ، بازار، يېزىلاردا ئاشلىق يۆتكەشكە ئىشلەتتى. 1978 ـ يىلى، 1980 ـ يىلى «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن ئىككىسى سېتىۋېلىندى، 1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «130» تىپلىق 1.5 توننىلىق بىر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى، 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «زىل» ماركىلىق بەش توننىلىق بىر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە ئىچىدىكى ئاشلىق توشۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

كەلپىن ناھىيىسىدە سۇ ئېغىر دەرىجىدە قىس. غەيرىي يېزا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى تېز بولغانلىقتىن، ئۆزلۈكتىن بۇيان بىر قىسىم ئاشلىقنى باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كەلدى. 1953 ـ يىلى يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 510 مىڭ جىڭغا يېتىپ، شۇ يىللىق تەمىنلەنگەن 700 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ 72.86 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1963 ـ يىلى يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 1 مىليون 910 مىڭ جىڭغا يېتىپ، شۇ يىللىق تەمىنلەنگەن 2 مىليون 180 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ 87.61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە جەمئىي 4 مىليون 50 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 60 مىڭ جىڭ سۇ يېغى يۆتكەپ كېلىندى. 1973 ـ يىلى يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 1 مىليون 600 مىڭ جىڭ بولۇپ، شۇ يىللىق تەمىنلەنگەن 2 مىليون 650 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ 60.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1983 ـ يىلى يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 2 مىليون 950 مىڭ جىڭ بولۇپ، شۇ يىللىق تەمىنلەنگەن 3مىليون 750 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ 78.67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1989 ـ يىلى يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 2 مىليون 340 مىڭ جىڭ بولۇپ، شۇ يىللىق تەمىنلەنگەن 3 مىليون 476 مىڭ جىڭ ئاشلىقنىڭ 67.32 پىرسىنتىنى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلى ئادەتتىكى باھادا 2 مىليون 706 مىڭ جىڭ ئاشلىق، كېلىشىم باھادا 200 مىڭ جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى. دۆلەت ئۆزلۈكتىن بېرى كەلپىن ناھىيىسى ئۈچۈن ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ بەردى. بۇ، كەلپىن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، كەلپىننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ پاراق ئېلىش، ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىش، تەمىنلەش، يۆتكەپ كېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 10 ـ 8 بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

| يىللار | پاراق ۋە سېتىۋېلىنىشى | | | تەمىنلەنگىنى | | | | يۆتكەپ كېلىنگىنى | | ئامباردىكى ئاشلىق قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئاشلىق | | | | | | |
| | جەمئىي | پاراق | سېتىۋېلىنىشى | جەمئىي | بازار | يېزا | سۈيىغى | ئاشلىق | سۈيىغى | |
| 1953 | 92 | 50 | 42 | 70 | 70 | | | | | 82 |
| 1954 | 82 | 53 | 29 | 139 | 54 | 85 | | 57 | | 22 |
| 1955 | 60 | 43 | 17 | 124 | 46 | 78 | | 183 | | 123 |
| 1956 | 89 | 47 | 42 | 245 | 60 | 185 | | 118 | | 39 |
| 1957 | 176 | 57 | 119 | 199 | 53 | 146 | | 112 | | 21 |
| 1958 | 163 | 81 | 82 | 235 | 80 | 155 | | 31 | 6.7 | 20 |
| 1959 | 160 | 80 | 80 | 134 | 67 | 67 | | 56 | 2.4 | 64 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 48 | 0.6 | 19 | 0.8 | 71 | 82 | 153 | 50 | 90 | 140 | 1960 |
| 19 | 1.7 | 21 | 0.4 | 131 | 95 | 226 | 8 | 47 | 55 | 1961 |
| 35 | 1.5 | 174 | 1.6 | 140 | 72 | 212 | 1 | 28 | 29 | 1962 |
| 141 | 2.2 | 191 | 1.7 | 150 | 68 | 218 | 6 | 40 | 46 | 1963 |
| 17 | 0.7 | 197 | 1.6 | 139 | 88 | 227 | 50 | 77 | 127 | 1964 |
| 172 | 1.3 | 106 | 1.7 | 123 | 97 | 220 | 41 | 84 | 125 | 1965 |
| 156 | 0.7 | 81 | 1.9 | 122 | 114 | 236 | 23 | 38 | 61 | 1966 |
| 147 | 1.5 | 148 | 2.3 | 172 | 111 | 283 | 15 | 37 | 52 | 1967 |
| 113 | 1.5 | 278 | 2.1 | 175 | 108 | 283 | 10 | 55 | 65 | 1968 |
| 100 | 2.2 | 186 | 2.2 | 146 | 120 | 266 | 9 | 40 | 49 | 1969 |
| 85 | 1.6 | 197 | 7.1 | 148 | 111 | 259 | 11 | 55 | 66 | 1970 |
| 84 | 2.7 | 318 | 2.8 | 204 | 118 | 322 | 38 | 15 | 53 | 1971 |
| 139 | 1.2 | 105 | 2.5 | 74 | 117 | 191 | 48 | 38 | 86 | 1972 |
| 90 | 1.5 | 160 | 2.3 | 145 | 120 | 265 | 37 | 33 | 70 | 1973 |
| 65 | 3 | 243 | 2.2 | 96 | 123 | 219 | 31 | 25 | 56 | 1974 |
| 117 | 3 | 185 | 2.6 | 85 | 121 | 206 | 77 | 54 | 131 | 1975 |
| 98 | 2.8 | 100 | 1.9 | 90 | 124 | 214 | 103 | 54 | 157 | 1976 |
| 170 | 2.7 | 175 | 2.7 | 88 | 125 | 213 | 90 | 56 | 146 | 1977 |
| 168 | 2.9 | 233 | 2.7 | 103 | 125 | 228 | 35 | 56 | 91 | 1978 |
| 206 | 3 | 261 | 3 | 148 | 130 | 278 | 109 | 2 | 111 | 1979 |
| 169 | 2.8 | 357 | 3 | 146 | 188 | 334 | 15 | 13 | 28 | 1980 |
| 292 | 3.5 | 380 | 7 | 166 | 192 | 358 | 11 | 13 | 24 | 1981 |
| 312 | 7.5 | 254 | 17 | 185 | 201 | 386 | 39.5 | 12.5 | 52 | 1982 |
| 364 | 10.9 | 295 | 11 | 149 | 226 | 375 | 56.7 | 13.3 | 70 | 1983 |
| 336 | 12.2 | 294 | 9 | 153 | 239 | 392 | 72.9 | 24.1 | 97 | 1984 |
| 281 | 8.4 | 219 | 13.6 | 72 | 232 | 304 | 74.1 | 18.9 | 93 | 1985 |
| 318.4 | 6.5 | 224 | 7 | 116.8 | 247.3 | 364.1 | 49.7 | 20 | 78.2 | 1986 |
| 393.4 | 11.9 | 202 | 6.8 | 82 | 254.4 | 336.4 | 50 | 20 | 63.6 | 1987 |
| 247.2 | 10.5 | 241 | 5.1 | 83.5 | 281.5 | 365 | 51.56 | 20 | 66.2 | 1988 |
| 450.2 | 6.5 | 234 | 5.2 | 61.4 | 286.2 | 347.6 | 50 | 20 | 52 | 1989 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# V باب

# تاشقى سودا

ناھىيىلىك تاشقى سودا شىركىتى 1954 ـ يىل 2 ـ ئايدا قۇرۇلدى ، 1955 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى . 1958 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى سودا ئىدارىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى . 11 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بۇ ئىدارىگە لىۋداشەن باشلىق بولدى . تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق كەسپى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ھەم ئىچكى قىسمدا سېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، كىگىز باستۇرۇپ ، جۇۋا تىكتۈرۈپ ، كۆن ـ چەم ئىشلەپ بازارنى تەييار بۇيۇم بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى . 1960 ـ يىلى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قارمىقىدا بىر پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ، بىر سودا دۇكىنى قۇرۇلدى . ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 25 كە يەتتى . ھاشخان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا باشلىق بولدى ، گويىگىسەي سودا دۇكىنىغا دىرېكتور بولدى . تاشقى سودا دۇكىنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت ، يەنە سارجا ، سوكنو قاتارلىق تاۋارلار بىلەنمۇ تەمىنلىدى . 1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا تاشقى سودا ئىدارىسى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى . 1982 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى يەنە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى ، ئۇنىڭ ھېساباتىنى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى بىر تۇتاش قىلدى . ناھىيە بازىرىدا سېتىۋېلىش ـ سېتىش نۇقتىسى ، گۇڭشېلاردا ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش نۇقتىسى قۇرۇلدى . 15 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بۇ ئىدارىگە ئەمەر يولبولدى باشلىق بولدى . بۇ ئىدارە 1982 ـ ، 1983 ـ يىللىرى پايدا ئالدى ، 1984 ـ يىلى زىيان تارتتى . 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ ، « ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارەت بۆلۈمى » دەپ ئاتالدى .

# VI باب

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش

1964 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلۇپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش كەسپى باشلاندى . شۇ يىلى يېزىلار تۆت « شەرق قىزىل ـ 54 » تىپلىق تراكتور ، بىر چاۋشيەنىنىڭ « تۇلپار ـ 28 » تىپلىق تراكتورى ، تراكتورغا سۆرەتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن تۆت دانە بەش چىشلىق سوقا ، 24 قۇرلۇق ئۈچ سىيالكا ، ئىككى چىشلىق ئۈچ

سوقا ، بەش ئېغىر تىپتىكى تىرنا ، بەش ئوتتۇرا تىپتىكى كولتىۋاتور ، ئالتە يېنىك تىپتىكى يۇمىلاق تىرنا ، بىر بۇغداي دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى ، بىر تالالاش ماشىنىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەندى .

1973 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلۇپ ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى . شۇندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرى تىجارىتى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە پولات ماتېرىياللىرى ، سېمونت ، ئەينەك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تىجارىتىمۇ يولغا قويۇلدى .

1974 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كۆپ يول بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى . 1990 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 36 مىڭ يۈەنگە يەتتى .

1985 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش شىركىتى » دەپ ئاتالدى . شىركەتكە لى كۈي دىرېكتور بولدى . 1985 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بۇ شىركەت 25 يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ، 25 تراكتور ، 923. 9 توننا پولات ، 2781 توننا سېمونت ، 2643 ساندۇق ئەينەك ( ھەر ساندۇقى 100 كۋادرات مېتر ) ، 33. 1 توننا ئاسفالت ، 265 ئاپتوموبىل بالونى ، 2253 كاناپ تاغار بىلەن تەمىنلىدى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1973 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى ئەھۋالى

جەدۋەل 10 ـ 9 بىرلىكى : يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | ئامبار قالدۇقى | تۈرلەر / يىللار | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 171840 | 215577 | 75013 | 1982 | 445076 | 353496 | 256112 |
| 1974 | 108645 | 137768 | 80490 | 1983 | 397700 | 412710 | 265108 |
| 1975 | 294666 | 223876 | 157355 | 1984 | 591100 | 619728 | 204557 |
| 1976 | 154705 | 188616 | 125311 | 1985 | 626462 | 689711 | 186808 |
| 1977 | 331543 | 353273 | 110619 | 1986 | 699122 | 884157 | 157996 |
| 1978 | 310105 | 267606 | 161328 | 1987 | 916035 | 1000211 | 193711 |
| 1979 | 955663 | 935164 | 264495 | 1988 | 1002075 | 1061597 | 134169 |
| 1980 | 499955 | 507376 | 316940 | 1989 | 833691 | 923324 | 44636 |
| 1981 | 148546 | 164807 | 213325 | | | | |

## ئون بىرىنچى قىسىم

# سودا ـ سانائەت . مال باھاسى . ئۆلچەم باشقۇرۇش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## ئون بىرنچى قسم

# سودا ـ سانائەت . مال باھاسى . ئۆلچەم باشقۇرۇش

## I باب

## سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

### 1 § . باشقۇرۇش ئاپپاراتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ،1950 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ كەلپىننىڭ سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ناھىيلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى قوشۇمچە ئىشلىدى. شۇيىلى سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى ، 1959 ـيىل 1 ـئايدا بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى ، 1965 ـيىلى ئۈچ مەخسۇس كادىر سەپلەپ بېرىلدى. 1978 ـيىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى ئاساسىدا سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 13كە كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچسى ، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمچسى ، يەككە ئىگىلىك بۆلۈمچسى ، ئىقتىسادىي توختام باشقۇرۇش بۆلۈمچسى قۇرۇلدى ، ئىقتىسادىي توختام كېسىم قىلىش كومىتېتى ، يەككە تىجارەتچىلەر ئىگىلىك باشقۇرۇش جەمئىيىتى قوشۇمچە تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاچال يېزىسى ، گەزلىك يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىدا بىردىن سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىندى.

### 2 § . بازار باشقۇرۇش

كەلپىن ناھىيىسى ھەر يىلى بىر قېتىم سودا ـ سانائەت كەسىپلىرىنى تىزىملاپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇردى ، 1959 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ خىزمەتنى قۇرۇلۇش بۆلۈمى خادىم تەش-

كىللەپ ئىشلىگەنىدى. 1952 ـ يىلى كەسىپلەرنى تىزىملاش، تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كەسىپداشلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇلكىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توپ تارقىتىش سودا بازىسى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، خۇسۇسىي سودا ئىشلىرى مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇلدى. 1963 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاپ، تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇپ، كىنىشكىسىز تىجارەتچىلەرنى ئېنىقلاپ، بازار تەرتىپىنى رەتكە سالدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1980 ـ يىلى تاۋار ئوبوروتى تۈزۈلمىسى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، بىر تۈركۈم كوللېكتىپ سودا ۋە يەككە سودا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرى ئېچىلىپ، يېزىلارنىڭ بازار سودىسى قويۇۋېتىلدى. سودا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى كۆپەيتىلدى. بازاردا جانلىق، ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كېلىپ، ئاساسلىق تاۋارلار بىلەن تولۇق تەمىن ئېتىلدى، تاۋارلارنىڭ ئوبوروت سوممىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىسى 16 گە، ئۇلارنىڭ خادىمى 704 كە، كۆچمە مەبلىغى 657 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي توختاملىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىسى 46 گە، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارەت ئورنى 82 گە، مەبلىغى 7 مىليون 602 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981 ـ يىلدىكىدىن 10. 56 ھەسسە ئاشتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئائىلىسى 103 كە يېتىپ 1979 ـ يىلدىكىدىن 14 ھەسسە، ئادىمى 504 كە يېتىپ 20 ھەسسە، مەبلىغى 679 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 22. 8 ھەسسە ئاشتى. 1990 ـ يىلى شەھەر ـ يېزىلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەر ئائىلىسى( سودا، ترانسپورت، قۇرۇلۇش، مۇلازىمەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 395 كە، ئادىمى 1010غا يەتتى.

## § 3. بازار سودىسىنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدە سودا بازارلىرىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى ۋە بازارلار، رايونلارغا ئايرىپ باشقۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى شەھەر، يېزا بازىرىدا دەسلەپكى ئاشلىق بازىرى قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش بىر مەھەل قاتتىق ۋە چىڭ تۇتۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسىدا «ۋەكالىتەن بېجىرىش» كەسپى يولغا قويۇلۇپ، تاۋارلار ھەددىدىن زىيادە كونترول قىلىنىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ مال مەنبەسى ئازىيىپ، تىجارەت سوممىسى تۆۋەنلەپ، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشىغا تەسىر يەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ يې-

زىلاردىكى بازار سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بازار بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، كەلپىن ناھىيىسىدە 1960 ـ يىلى ۋە 1961 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يېزا بازارلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە بەرپا قىلىندى. بازار سودىسى جانلىنىشقا يۈزلىنىپ، بازاردىكى مال باھاسى تۇراقلىق بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلىدى.

1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئىشتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىشقا رۇخسەت قىلىنماي، بازار سودىسى كاساتلىشىپ كەتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بازار سودىسى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بازار سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1983 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ 778 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 591 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر قەدەر چوڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر بازار قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 67 مىڭ 182.87 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدىن باشقا ھەر قايسى يېزىلاردىمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 31 مىڭ 910 كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1454 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

بازار سودىسىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىرتۇتاش سېتىش سىياسىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ مەھسۇلاتلارنى ئاشلىق ۋە سودا تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالدى ۋە ساتتى؛ ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، مۇھىم چارۋىلار ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى، مۇھىم قۇرۇق مېۋە (گۈلە ۋە ياڭاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مۇھىم يەرلىك ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، مۇھىم دورا ماتېرىياللىرى ھەمدە مەركەزلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى 2 ـ خىل ماددىي ئەشيا قىلىنىپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ سېتىۋېلىش توختىمى تۈزۈپ سېتىۋالدى. ۋەزىپە ئورۇندالغاندىن كېيىنكى قىسمىنى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى؛ ئومۇمەن، 1 ـ، 2 ـ خىل ماددىي ئەشيا قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن نەرسىلەر ئەركىن ئېلىپ سېتىلىدىغان 3 ـ خىل ماددىي ئەشيا قىلىندى.

1980 ـ يىلدىن بۇيان بازار سودىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ تۈرى ۋە سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى زور ھەجىمدە ئاشتى. 1980 ـ يىلى بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ تۈرى 72 گە، ئومۇمىي قىممىتى 954 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1990 ـ يىلى بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ تۈرى 130 غا، ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تاۋار تۈرى 80.56%، ئومۇمىي قىممىتى 4.24 ھەسسە ئاشتى.

بازار سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بازار باشقۇرۇش رەسمىيەت ھەققىدىن قىلىنىدىغان كىرىممۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشتى. 1990 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش رەسمىيەت ھەققىدىن 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 35 ھەسسە ئاشتى.

## كەلپىن ناھىيىسىدە 1980—1990 - يىللاردا يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ۋە تۈرىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 - 1

| يىللار | بازارغا سېلىنغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | تاۋار تۈرى (خىل) |
|---|---|---|
| 1980 | 95. 49 | 72 |
| 1981 | 110. 35 | 75 |
| 1982 | 122. 13 | 78 |
| 1983 | 134. 55 | 80 |
| 1984 | 136. 12 | 94 |
| 1985 | 140. 72 | 100 |
| 1986 | 153. 01 | 103 |
| 1987 | 171. 18 | 107 |
| 1988 | 124. 90 | 110 |
| 1989 | 158. 77 | 120 |
| 1990 | 500 | 130 |

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى بازار باشقۇرۇش رەسمىيەت ھەققى كىرىم سوممىسىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 - 2

| يىللار | كىرىم سوممىسى (يۈەن) | يىللار | كىرىم سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1963 | 1943. 31 | 1980 | 4381. 02 |
| 1964 | 4220. 02 | 1981 | 6765. 00 |
| 1965 | 2010. 73 | 1982 | 12337. 60 |
| 1966 | 1633. 55 | 1983 | 18060. 18 |
| 1967 | 4015. 71 | 1984 | 29966. 16 |
| 1968 | 3101. 51 | 1985 | 38299. 66 |
| 1969 | 2729. 47 | 1986 | 41523. 30 |
| 1970 | 1660. 65 | 1987 | 44168. 27 |
| 1971 | 2292. 45 | 1988 | 417117. 65 |
| 1972 | 1981. 75 | 1989 | 61022. 55 |
| 1979 | 2701. 90 | 1990 | 100 000. 00 |

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تارىيسى

# II باب

# مال باھاسنى باشقۇرۇش

كەلپىن ناھىيسىنىڭ مال باھاسى خىزمىتىنى 1950 ـ يىلى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇرغانىدى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى. 1962 ـ يىلى ناھىيىلىك بازار باشقۇرۇش كومىتېتى باشقۇردى، 1980 ـ يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. ھەممە مەخسۇس مال باھاسى كادىرى سەپلەندى. 1984 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىدا مال باھاسنى تەكشۈرۈش ئورنى قۇرۇلدى.

## § 1 . مىنگو دەۋرىدىكى مال باھاسى

مىنگو دەۋرىدە بازارلار كاساتلىشىپ، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە نەق پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، بىر جىڭ ئاق ئۇننىڭ باھاسى بىر مىسقال بىر نەچچە پۇڭ كۈمۈشكە يەتكەن، باشقا ماللارنىڭ باھاسمۇ ناھايىتى قىممەت ئىدى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا ھەر 100 جىڭ بۇغداي ئۇننىڭ باھاسى 8000 سەر كۈمۈشكە، ھەر بىر جىڭ سۇ يېغىنىڭ باھاسى 300 سەر كۈمۈشكە يېتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئون ھەسسە ئۆرلىگەن. كەمبەغەللەر جان بېقىشقا ئامال تاپالماي، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن زار ـ زار قاقشىغان.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلىدىن 29 ـ يىلىغىچە (1937 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە) جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاقسۇ ناھىيسىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىكىگە قاتنىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغانلىقتىن، بازار پۇل مۇئامىلىسى، مال باھاسى مۇقىملىشىشقا يۈزلەنگەن. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا كىرگەن. گومىنداڭنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، بازارلار كاساتلىشىپ، خەلق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (2194 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 53 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگە قەدەر ناھىيە بويىچە مال باھاسى 100 ھەسسە ياكى نەچچە يۈز ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن. بىر بۆزنىڭ باھاسى 2.50 يۈەندىن 280 يۈەنگە ئۆسۈپ، 111 ھەسسە ئۆرلىگەن، بىر پارچە كىگىزنىڭ باھاسى 15 يۈەندىن 1000 يۈەنگە ئۆسۈپ، 65 ھەسسە ئۆرلىگەن، بىر جۈپ ئات تاقىسىنىڭ باھاسى 2.50 يۈەندىن 800 يۈەنگە ئۆسۈپ، 319 ھەسسە ئۆرلىگەن.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى بازار مال باھاسى

جەدۋەل 11 ـ 3 بىرلىكى : يۈەن

| ۋاقتى / مەھسۇلات ئىسمى | بىرلىكى | مىنگونىڭ31 ـيىلى (1942 ـيىلى) 5 ـئاينىڭ 30 ـكۈنى | مىنگونىڭ 33 ـيىلى (1944 ـيىلى) 6 ـئاينىڭ 19 ـكۈنى | مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 يىلى ) 4 ـئاينىڭ 15 ـكۈنى | 4 ـئاينىڭ 30 ـكۈنى | مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى ( ھەسسە ) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| گۈرۈچ | دىن | | 600 | 26000 | 26000 | 43.3 |
| بۇغداي | دىن | | 320 | 15000 | 16000 | 50 |
| پاختا | جىڭ | 1.3 | 8 | 140 | 180 | 138.5 |
| سۈيىغى | جىڭ | 1.8 | 6 | 260 | 270 | 150 |
| قوي گۆشى | جىڭ | 0.8 | 5.5 | 150 | 160 | 200 |
| قوي مېيى | جىڭ | 1 | 6 | 250 | 260 | 260 |
| كالا گۆشى | جىڭ | 0.35 | | 100 | 100 | 285.7 |
| كالا مېيى | جىڭ | 0.5 | 4 | 200 | 210 | 420 |
| توخۇ | دانە | 0.7 | | 5 | 6 | 8.6 |
| يۇڭ ،تىۋىت | 100جىڭ | 16.5 | 146 | 10000 | 10000 | 606.1 |
| تۆگە يۇڭى | جىڭ | | 4.25 | 120 | 160 | 37.6 |
| قوي تېرىسى | دانە | 2 | 15 | 200 | 320 | 160 |
| ئات تېرىسى | دانە | 11 | | 6000 | 6500 | 590.9 |
| كالا تېرىسى | دانە | 30 | | 7000 | 7500 | 250 |
| كىگىز | دانە | 15 | 40 | 900 | 1000 | 65 |
| تاغار | دانە | 5 | | 800 | 800 | 160 |
| بۆز | دانە | 2.5 | 22 | 270 | 280 | 111 |
| خوتەن قەغىزى | تاختا | | | | 500 | |
| ئات تاقىسى | بىرجۈپ | 2.5 | | 700 | 800 | 319 |

## 2 § . يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى مال باھاسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلىپ ، بازار مۇقىملاشتۇرۇلدى ، شۇنىڭ بىلەن مىنگو ۋاقتىدىكى مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىدىغان ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى . ئاندىن كېيىن دۆلەت سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنى مۇناسىپ ھالدا ئۆستۈرۈپ ، سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما باھاسىنى مۇۋاپىقلاشتۇردى . 1958 ـ يىلدىن باشلاپ نامرات تاغلىق رايونلار دۆلەت بەلگىلىگەن قوغداش باھاسىدىن بەھرىمەن بولدى : دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىدا ئەڭ تۆۋەن چەكلىك باھا ئىجرا قىلىندى ؛ سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىش باھاسىدا ئەڭ يۇقىرى چەكلىك باھا ئىجرا قىلىندى ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودا تارماقلىرىنىڭ كىرا ھەققى قوشۇمچە پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى .

### 1 . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، 1950 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلنىڭ باشلىرىغىچە

بازاردىكى ئاشلىق باھاسى بىر مەزگىل تۇراقسىز بولدى. قانۇنسىز سودىگەرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، خەلق ھۆكۈمىتى ماددىي ئەشيا زاپىسىنى ئاساس قىلىپ بىر قىسىم ئاشلىقنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپ، ئاشلىق باھاسىنى تېزدىن مۇقىملاشتۇردى. كېيىن يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى داۋاملىق ئۆستۈردى. 1952 ـ يىلى يۇڭ ـ تىۋىت قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىمۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %20 ئەتراپىدا ئۆستۈردى.

1953 ـ يىلى ھەربىر جىڭ بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.0625 يۈەن بولغان بولسا، 1954 ـ يىلى 0.0667 يۈەنگە، 1955 ـ يىلى 0.082 يۈەنگە، 1956 — 1957 ـ يىللىرى 0.09 يۈەنگە تەڭشىلىپ، ئىلگىرىكىدىن %44 ئۆستۈرۈلدى ھەمدە گۈرۈچ، كۆممىقوناق ۋە باشقا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستۈرۈلدى.

1961 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغلىقدانىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %43 ئۆستۈرۈلدى، باشقا ئاشلىق، ياغلىقدان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلدى. تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، چۈچۈكبۇيا، سوغۇ گۈل، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى ئاشلىق، پاختا، ياغ، گۆش قاتارلىق ئاساسلىق تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، سېتىۋېلىش، سېتىش ـ سېتىش راۋانلاشتۇرۇلدى.

1963 ـ يىلى ھەر بىر كىلوگرام تۆگە يۇڭىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 2.64 يۈەندىن 3.73 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %41.29 ئۆستۈرۈلدى.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پاختا، يۇڭ، تىۋىت، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى يەنە خېلى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈلدى. ھەر بىر دەن ئۆلچەملىك ساپ پاختىنىڭ باھاسى 1967 ـ يىلى 116.2 يۈەن بولغان بولسا، 1982 ـ يىلى 163.14 يۈەنگە تەڭشەلدى، 1989 ـ يىلى يەنە 231.42 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 1967 ـ يىلدىكىدىن %99.16 ئاشتى. 1979 ـ يىلدىن باشلاپ پاختا سېتىۋېلىشتا ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەنلەرنى باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، باھا قوشۇش ھەجىمى %18 بولدى. 1989 ـ يىلى يۇڭ ـ تىۋىت، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 1979 ـ يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %70 تىن كۆپرەك، قۇرۇق مېۋىنىڭ %35 تىن كۆپرەك ئۆستۈرۈلدى.

1980 ـ يىلدىن باشلاپ پىلاننى ئورۇندىغاندىن سىرت سېتىۋېلىندىغان 1 ـ، 2 ـ خىلدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە 3 ـ خىلدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىپ ۋە سېتىلىپ، بازار سودىسى ئاۋاتلاشتۇرۇلدى.

## 2. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدە تاۋار باھاسى ئۈزلۈكسىز مۇقىم بولدى. 1960 ـ يىلى تاۋار باھاسى تۆۋەنلىتىلدى، 129 خىل تۇرلۇك ماللار تاۋارلىرىنىڭ باھاسى %5.89، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى %2.94، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنىڭ باھاسى %2.16، پاختا يىپ باھاسى %4.42، يۇڭ رەختلەرنىڭ باھاسى %3.25 تۆۋەنلىتىلدى. 1963 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %19.1 تۆۋەنلىتىلدى. سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.94 تۆۋەنلىتىلدى.

1964 ـ يىلى مال باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشىلىپ، پاختا رەختنىڭ باھاسى 5.73% ، ئىلمە توقۇلما ماللارنىڭ باھاسى 4.14% ، يۇڭ رەختلەرنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1% ، يۇڭ يىپ ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.4% تۆۋەنلىتىلدى. شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسى باھا قوغدىلىدىغان رايون قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، قوغدىلىدىغان باھا ئىجرا قىلىندى. سانائەت بۇيۇملىرىغا كونكرېت باھا قويۇشتا ئاقسۇنىڭ باھاسى ئاساسىي باھا قىلىنىپ، كىرا ھەققىنىڭ 30 پىرسەنتى قوشۇلۇپ، توپ تارقىتىش باھاسى بېكىتىلدى.

1965 ـ يىلى تۈرلۈك ماللار، پاختا ئىلمە توقۇلما ماللىرى، قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىش باھاسى، بازار سودىسىدىكى باھا داۋاملىق تۆۋەنلىتىلىپ، بازارلار ماددىي ئەشيا بىلەن تولۇق تەمىنلەندى.

1984 ـ يىلى قىسمەن ئۆسۈشتىن تاۋارلارغا تۇراقسىز باھا يولغا قويۇلۇپ، 1988 ـ يىلغىچە قىسمەن سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆستۈرۈلدى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مال باھاسى ئەھۋالى

جەدۋەل 11 ـ 4 بىرلىكى: يۈەن

| مال ئىسمى | بىرلىكى | 1950 ـيىل 3 ـئايدىكى باھاسى | 1960 ـيىل | 1970 ـ يىل | 1978 ـيىلدىن 1980 ـيىلغىچە | 1985 ـيىل | 1990 ـيىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | كىلوگرام | بىركۈرە1.00 | 0.39 | 0.28 | 0.28 | 0.28 | 0.27 |
| گۈرۈچ | كىلوگرام | بىركۈرە1.50 | 0.62 | 0.42 | 0.42 | 0.42 | 0.42 |
| قوناق ئۇنى | كىلوگرام | بىركۈرە 0.6 | 0.32 | 0.18 | 0.18 | 0.18 | 0.184 |
| بۇغداي ئۇنى | كىلوگرام | 0.50 | 0.54 | 0.32 | 0.32 | 0.32 | 0.31 |
| كالا گۆشى | كىلوگرام | 0.40 | 0.94 | 0.94 | 3.36 | 3.50 | 6.50 |
| قوي گۆشى | كىلوگرام | 0.50 | 1.10 | 1.10 | 3.72 | 5.00 | 8.00 |
| سۈ يېغى | كىلوگرام | 0.50 | 3.20 | 1.56 | 1.56 | 1.56 | 1.56 |
| قاراچاي | تاختا | 4.00 | 5.20 | 5.20 | 5.20 | 6.60 | 11.20 |
| خەسە | مېتر | 1.00 | 0.86 | 1.13 | 1.68 | 1.92 | 2.42 |
| پاختا | كىلوگرام | 1.50 | 2.00 | 2.40 | 2.80 | 3.20 | 4.70 |
| سەرەڭگە | قاپ | 0.02 | 0.02 | 0.02 | 0.02 | 0.03 | 0.06 |
| دۇيۈگجۇ ماركىلىق ۋېلسىپىت | دانە | 160.00 | 160.00 | 184.00 | 184.00 | 184.00 | 297.00 |
| كىيىم تىكىش ماشىنىسى | دانە | 160.00 | 160.00 | 160.00 | 182.00 | 179.00 | 304.00 |
| بەش قاداقلىق چايدان | دانە |  | 5.50 | 5.50 | 6.00 | 6.80 | 14.11 |
| ئاق شېكەر | كىلوگرام | 1.93 | 1.93 | 1.93 | 1.93 | 1.93 | 2.46 |
| گۈلە | كىلوگرام | 0.50 | 0.50 | 0.80 | 1.20 | 1.20 | 2.00 |
| مېغىز | كىلوگرام | 1.50 | 1.50 | 2.50 | 3.50 | 4.50 | 5.50 |
| خورما قاق | كىلوگرام |  | 1.70 | 1.70 | 2.30 | 3.00 | 4.00 |

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1989 ـ يىلدىكى مال باھاسى ئەھۋالى

جەدۋەل 11 ـ 5

| مال ئىسمى | بىرلىكى | دۆلەت باھاسى (يۈەن) | ئەركىن باھا (كېلىشىم باھا) | بازار باھاسى (يۈەن) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| گۈرۈچ | كىلوگرام | 0. 42 | 1. 44—1. 80 | 1. 50—1. 80 | |
| بۇغداي | كىلوگرام | 0. 27 | 0. 64 | 0. 75 | |
| بۇغداي ئۇنى | كىلوگرام | 0. 31 | 1. 00 | 1. 00 | |
| قوناق ئۇنى | كىلوگرام | 0. 184 | — | — | |
| سۈ يېغى | كىلوگرام | 1. 56 | 5. 20 | 5. 20 | |
| قوي گۆشى | كىلوگرام | | 7. 00 | 7. 00 | |
| كالا گۆشى | كىلوگرام | | 6. 00 | 6. 00 | |
| قوي | تۇياق | | 200 | 200 | |
| توخۇ | كىلوگرام | | 6. 00 | 6. 00 | |
| تۇخۇم | كىلوگرام | | 5. 40 | 5. 40 | |
| ياڭاق | كىلوگرام | 3. 00 | 3. 30 | 3. 30 | |
| كالا تېرىسى | دانە | | 20—30 | 20—30 | |
| قوي تېرىسى | دانە | | 13 | 13 | |
| قوي يۇڭى | كىلوگرام | | | 10 | |
| قارا سوكنا | مېتىر | 38,49,63 | | 38,49,63 | |
| كىيىم تىكىش ماشىنىسى | دانە | 285. 138 | | | |

## باب III

# ئۆلچەم، سۈپەت باشقۇرۇش

## § 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتى

ناھىيىلىك ئۆلچەم باشقۇرۇش پونكىتى 1977 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلدى، ئاپپارات ئورنى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدا بولۇپ، مەخسۇس بىر كەسىپي خادىم سەپلەپ بېرىلدى. خىراجىتىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى ۋەكالىتەن باشقۇردى. 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا خىزمەتچىسى ئىككىگە يەتتى، 1982 ـ يىلى مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويدى. 1985 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۆلچەم باشقۇرۇش پونكىتى ئۆلچەمنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ، رايون (بۆلۈم) دەرىجىلىك ئورگان قىلىنىپ، ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا خىزمەتچىسى ئونغا كۆپەيتىلدى. 1989 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۆلچەمنى نازارەت قىلىش — تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى ناھىيىلىك ئۆلچەم ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ رايون (بۆلۈم) دە-

رىجىلىك ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

## § 2. ئۆلچەم باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلچەم باشقۇرۇش خىزمىتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، رېمونت قىلىش، قان بېسىم ئۆلچىگۈچنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، شۇنىڭدەك ئۆلچەملەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە كەلپىن ناھىيىسى يەنىلا منگو دەۋرىدىكى ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتتى. بۇ ئەسۋابلارنىڭ تۈرلىرى مۇرەككەپ، ئۆلچەملىرى بىردەك ئەمەس ئىدى. 1959 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە بازارلاردىكى دۆلەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئۆلچەم سايمانلىرى ئومۇمىي ئۆلچەم سايمانلىرىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەم خىزمىتى خادىملىرى ناھىيە بازىرى، يېزا ۋە زاۋۇت، كان - كارخانىلارغا بېرىپ، ھەر خىل ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە رېمونت قىلدى، بازارلاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ۋە ئۆلچىمى خاتا بولغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىشنى چەكلىدى. 1985 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆلچەم باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. 1989 - يىلى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئىشلىتىش تېزلىتىلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا ناھىيە بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە بازار سودىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. ئىلگىرىكى شەخسلەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان تاشلىق، چوكا جىڭلار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. 1987 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 228 دانە چوكا جىڭ، 207 دانە گىر، تۆت دانە قان بېسىم ئۆلچىگۈچ تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى.

### كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1987 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە رېمونت قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 11 - 6

| يىل | چوكا جىڭ (دانە) | گىر (دانە) | قان بېسىم ئۆلچىگۈچ |
|---|---|---|---|
| 1987 | 30 | 25 | 4 |
| 1988 | 38 | 30 | |
| 1989 | 50 | 38 | |
| 1990 | 110 | 114 | |
| جەمئىي | 228 | 207 | 4 |

www.uyghurkitap.com

## § 3. سۈپەت باشقۇرۇش

كەلپىن ناھىيىسىدە سانائەت مەھسۇلاتى (سمونت)، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى (بۇغداي، قوناق، كېۋەز)، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر (پېچىنە، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ، ئۇن، سۈيۈقلۈك، خورما قاق) دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە 13 خىل مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1980 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۆلچەم باشقۇرۇش پونكىتى ئون تۈرلۈك مەھسۇلاتنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈردى ھەمدە بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ۋەكالىتەن تەكشۈرۈشىگە، قايتا تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، كۆپلىگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكىنى بايقىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق كارخانىلارغا ياخشىلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. 1982 ـ يىلى سېمونت زاۋۇتى 253 ـ نومۇرلۇق سېمونتنىڭ تۈرلۈك فىزىكىلىق كۆرسەتكۈچىنى لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى. 1988 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۈرۈك خورمىسى لاياقەتلىك مەھسۇلات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئىككىنچى قىسىم

# مالىيە . باج . پۇل مۇئامىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## ئون ئىككىنچى قىسىم

# مالىيە . باج . پۇل مۇئامىلە

## I باب

## مالىيە

### § 1 .ئاپپارات

منگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا ئاقسۇ مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، كەلپىن قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان ، شۇ يىلى 2 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك شۆبە مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى ناھىيىلىك باج ، غەللە ـ پاراق ئېلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن. منگونىڭ 31 ـ يىلى ( 1942 ـ يىلى ) 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۇنىڭ دەرىجىسى 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە ئۆستۈرۈلگەن ، منگونىڭ 33 ـ يىلى ( 1944 ـ يىلى ) ناھىيىلىك باج ، غەللە ـ پاراق ئېلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي باج ، غەللە ـ پاراق ئېلىش شۆبە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. منگونىڭ 36 ـ يىلى( 1947 ـ يىل ) 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەنە ناھىيىلىك باج ، غەللە ـ پاراق ئېلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن ، كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى ، 1960 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى .« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە مالىيە ـ سودا ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1978 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەنە ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىگە ، 1984 ـ يىلى بولسا مالىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

### § 2 .مالىيە كىرىم ـ چىقىمى

منگو دەۋرىدە مالىيە كىرىمى ئاساسلىقى غەللە ـ پاراق ۋە تۇياق بېجىدىن كىرەتتى ،بۇنىڭدىن قالسا چارۋا بېجى ، تىجارەت بېجى ، تىجارەت كىنىشكىسى بېجى ۋە توختام بېجى قاتارلىقلاردىن كىرەتتى . مالىيە چىقىمى ئاساسلىقى ، ھۆكۈمەت خادىملىرى ، ساقچى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل خىراجىتى ۋە ئىسسىنىش خىراجىتىگە ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چى-

قىمى ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئارخىپتا خاتىرىلىنىشىچە، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي مالىيە كىرىمى بۇغداي ھېسابىدا 300 مىڭ 926 دەن، نەق پۇل ھېسابىدا 160 مىڭ 44 .265 يۈەن (غەللە - پاراقنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 47 مىڭ 1 .657 يۈەن، تۇياق بېجى 65 مىڭ 95 .210 يۈەن، تىجارەت بېجى 35 .8948 يۈەن، تىجارەت كىنىشكىسى بېجى 98 .7837 يۈەن، توختام بېجى 75 .5066 يۈەن) ئىدى. يىللىق مالىيە چىقىمى 165 مىڭ 52 .579 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيلىك ھۆكۈمەتنىڭ راسخوتى 55 مىڭ 700 يۈەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ راسخوتى 26 مىڭ 52 .468 يۈەن، مالىيە - باج ئىدارىسىنىڭ راسخوتى 24 مىڭ 815 يۈەن، مەركىزىي مەكتەپنىڭ راسخوتى 24 مىڭ 108 يۈەن، خەلق مەكتەپلىرىنىڭ راسخوتى 22 مىڭ 860 يۈەن، قالغانلىرى ئىسسىنىش چىقىمى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە مالىيە كىرىمى چىقىمى بىلەن ئاساسەن تەڭپۇڭلىشىپ، ئازراق ئاشتى. 1950 - يىلى مالىيە كىرىمى 76 مىڭ 772يۈەنگە، چىقىمى 64 مىڭ 350 يۈەنگە يېتىپ، 14 مىڭ 244 يۈەن ئاشتى. 1958 - يىلى كىرىم 549 مىڭ 757 يۈەنگە، چىقىم 423 مىڭ 838 يۈەنگە يېتىپ، 125 مىڭ 919 يۈەن ئاشتى.

1959 - يىلدىن باشلاپ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىي - مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مالىيە چىقىمى ھەسسىلەپ ئاشتى، مالىيە كىرىمىدىكى سودا - سانائەت بېجى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باجلىرىنىڭ ئۆسۈشى چەكلىك بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپىنچە يىللاردا كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتتى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۆلەت ھەر يىلى كەلپىن ناھىيىسىگە مالىيە جەھەتتە كۆپلەپ قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە توغرا كەلدى. 1959 - يىلى مالىيە كىرىمى 182 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 487 مىڭ 800 يۈەنگە، دۆلەت بەرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى 305 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 1976 - يىلى كىرىم 222 مىڭ 100 يۈەنگە، چىقىم بىر مىليون 639 مىڭ 200 يۈەنگە، دۆلەت بەرگەن قوشۇمچە ياردەم 1 مىليون 417 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. 1965 - يىلى، 1981 - يىلى، 1982 - يىلى ۋە 1989 - يىلى مالىيە چىقىمىدا پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردىمىگە تايىنىلدى. 1990 - يىلى كىرىم 54 مىڭ 500 يۈەنگە، چىقىم 9 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتنىڭ بەرگەن قوشۇمچە ياردىمى 8 مىليون 965 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

1964 - يىلى ناھىيىنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 106 مىڭ 07 .51 يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بەلگىلىگەن خام چوتتىكى كىرىم ۋەزىپىسى %60 .190 ئورۇندالدى (جۈملىدىن كىرىم زىيىنى 43 مىڭ 58 .368 يۈەن بولدى). شۇ يىلدىكى مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 589مىڭ 02 .686 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكى پۇلنىڭ 95 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى 118مىڭ 32 .875 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكى پۇلنىڭ 60 .98 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ ئىجتىمائىي مەدەنىي - مائارىپ راسخوت چىقىمى 197 مىڭ 36 .480 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكى پۇلنىڭ 48 .96 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجەت چىقىمى 216 مىڭ 87 .599 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكى پۇلنىڭ 30 .92 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ باشقا چىقىم 56 مىڭ 47 .730 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكى پۇلنىڭ 94 .95 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. شۇيىلى يەرلىك ئۆزى توپلىغان راسخوت 15مىڭ 22 .447يۈەن بولۇپ، ناھىيە ئورۇنلاشتۇرغان پىلاننىڭ 42 .95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت، قاتناش بېجى قوشۇمچە كىرىمى %69 .70، دېھقانچىلىق بېجىنىڭ قوشۇمچە كىرىمى%17 .98، چارۋىچىلىق بېجىنىڭ قوشۇمچە كىرىمى %19 .76 ئورۇندالدى.

1981 - يىلى ئومۇمىي كىرىم زىيىنى ئەمەلىيەتتە 135 مىڭ 304 يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بېكىتكەن 62 مىڭ يۈەن زىيان سوممىسىنىڭ 218 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى، تۈرلۈك باج كىرىمى 139مىڭ 545 يۈەن بولۇپ، بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچنىڭ 77 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت بېجى ۋە-

زىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى . دېھقانچىلىق بېجى ئاساسىي جەھەتتىن كەچۈرۈم قىلىندى . شۇ يىلى مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 2 مىليون 434 مىڭ 545 يۈەن بولۇپ ، بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچنىڭ 112 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى .

1985 ـ يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا كىرىمنى كۆپەيتىپ ، چىقىمنى تېجەش ، مالىيە مەنبەسىنى كەڭ ئېچىش ئارقىلىق كەلپىننىڭ مالىيە كىرىمىدە ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى . مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 188 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، ۋەزىپىنىڭ 146 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە تۆرلۈك سودا ـ سانائەت بېجى 138 مىڭ 870 يۈەن ئورۇندىلىپ ، ۋەزىپىنىڭ 144 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بېجى 44 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ ، ۋەزىپىنىڭ 76 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى . باشقا كىرىم 8000 يۈەن ئورۇندىلىپ ، ۋەزىپىنىڭ 160 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى . مالىينىڭ ئومۇمىي چىقىمى 5 مىليون 257 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، كۆرسەتكۈچتە بېكىتىلگەن 4 مىليون 973 مىڭ يۈەننىڭ 106 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل 12 ـ 1

بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | مالىيە كىرىمى | | | | | | | مالىيە چىقىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | سودا سانائەت بېجى كىرىمى | دېھقان چىلىق بېجى كىرىمى | چارۋىچىلىق بېجى كىرىمى | كارخانا كىرىمى | زايوم كىرىمى | باشقا كىرىم | جەمئىي | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى | ئىجتىمائىي مەدەنىي مائارىپ چىقىمى | مەمۇرىي باشقۇرۇش چىقىمى | باشقا چىقىم |
| 1950 | 76772 | 33321 | 38557 | 4280 | | | 614 | 64359 | | | | |
| 1951 | 134720 | 11774 | 73651 | 11544 | | | 37751 | 13472 | | | | |
| 1952 | 158435 | 15469 | 35976 | 14752 | | 31708 | 126726 | | | 31708 | 126726 | |
| 1953 | 256582 | 32273 | 39043 | 4377 | | | 180889 | 256582 | | 54516 | 201927 | 139 |
| 1954 | 223803 | 66884 | 41299 | 12725 | | 19539 | 83356 | 223803 | | 57807 | 165996 | |
| 1955 | 222066 | 64843 | 39630 | 8801 | | 6977 | 101815 | 222066 | 6056 | 51476 | 164534 | |
| 1956 | 359879 | 71587 | 37346 | 6661 | | 6558 | 237727 | 35879 | 18547 | 135118 | 206134 | 80 |
| 1957 | 363470 | 83946 | 38069 | 6737 | 2500 | 5826 | 226392 | 363470 | 16006 | 113853 | 233112 | 499 |
| 1958 | 549577 | 76331 | 6202 | 5853 | 57023 | 12345 | 336185 | 423838 | 101523 | 117953 | 203930 | 432 |
| 1959 | 182063 | | | | | | | 487899 | 156211 | 116411 | 208158 | |
| 1960 | 209506 | | | | | | | 553025 | 189381 | 167697 | 194606 | 1341 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2404 | 187595 | 144977 | 85864 | 420839 | | | | | | | 184887 | 1961 |
| 10646 | 159031 | 1579 | 29096 | 356709 | 5173 | | | 7826 | 30666 | 71034 | 114701 | 1962 |
| 15348 | 172715 | 170628 | 115044 | 473736 | | | | | | | 103783 | 1963 |
| 216599 | | 197480 | 118875 | 589686 | 3317 | | | | | 763336 | 106051 | 1964 |
| 14577 | 286934 | 233865 | 189772 | 725148 | 4058 | | −34336 | 7577 | 57023 | 47229 | −18905 | 1965 |
| 9235 | 234414 | 201908 | 13000 | 605894 | 12891 | | −3730 | 7973 | 50850 | 57149 | 125134 | 1969 |
| 528808 | 240438 | 193073 | 196662 | 890580 | 8956 | | −7268 | 8250 | 52000 | 56164 | 118102 | 1970 |
| 23903 | 241169 | 207044 | 590198 | 1543753 | 3616 | | −76926 | 7190 | 37984 | 50721 | 44644 | 1971 |
| 13124 | 274953 | 324754 | 388902 | 1173198 | 1586 | | −78027 | 7531 | 34570 | 54507 | 39213 | 1972 |
| 16928 | 314994 | 307469 | 369380 | 1493872 | 8959 | | −80764 | 7287 | 28000 | 55075 | 33098 | 1973 |
| −13257 | −367887 | 318076 | −471812 | −1892396 | 7143 | | −51421 | 6053 | 24810 | 81466 | 68051 | 1974 |
| 42604 | 332186 | 348608 | 195000 | 1698385 | 10228 | | 387 | 6236 | 34600 | 100888 | 169838 | 1975 |
| 15242 | 374694 | 351720 | 155000 | 1639253 | 4432 | | 56931 | 7605 | 47710 | 90183 | 222145 | 1976 |
| 44909 | 308196 | 336466 | 2[illegible]9000 | 1655111 | 6782 | | 63537 | 7056 | 44000 | 107170 | 243051 | 1977 |
| 17830 | 443108 | 474628 | 198000 | 1841816 | 4327 | | 31986 | 6519 | 46000 | 140056 | 240358 | 1978 |
| 26947 | 418681 | 547657 | 65000 | 1872750 | 3297 | | −1686 | 10425 | 3000 | 146839 | 175865 | 1979 |
| 294700 | 609878 | 698000 | 105000 | 2688278 | 3107 | | −143413 | 3499 | 17918 | 136480 | 27506 | 1980 |
| 178369 | 592482 | 754000 | 23500 | 2434545 | 6427 | | −280276 | 3320 | | 127003 | −135304 | 1981 |
| 250885 | 681820 | 966045 | 22000 | 2924564 | 5288 | | −218000 | 3000 | 13000 | 150275 | −39389 | 1982 |
| 92700 | 1115168 | 1156500 | 140000 | 3416271 | 8634 | | 68060 | 3000 | 21000 | 160651 | 138189 | 1983 |
| 547000 | 1393000 | 1617000 | 540000 | 5368000 | 8487 | | −159920 | 3000 | 39593 | 145999 | 56881 | 1984 |
| 171000 | 1682000 | 2015000 | | 5257000 | 7865 | | −95000 | 43529 | 43913 | 128870 | 188408 | 1985 |
| 665000 | 2358000 | 2151000 | 123000 | 8016000 | 8000 | | −225000 | | 30000 | 224000 | 47000 | 1986 |
| 715000 | 2167000 | 2541000 | 72000 | 7783000 | 12000 | | −228000 | | 30000 | 211000 | 34000 | 1987 |
| | 2296000 | 2690000 | 435000 | 8741000 | 33000 | | 332000 | | 72000 | 244000 | 34000 | 1988 |
| 325000 | 2497000 | 2834000 | 315000 | 8874000 | 54000 | | −470000 | 7000 | 54000 | 296000 | −13000 | 1989 |
| 231000 | 2894000 | 3250000 | 550000 | 9020000 | 78000 | | | 15000 | 42000 | 367000 | 54450 | 1990 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# II باب

# باج

## § 1 . غەللە ـ پاراق ، دېھقانچىلىق بېجى

**1 . غەللە ـ پاراق**

منگو دەۋرىدە غەللە ـ پاراق يەرنىڭ مو سانى بويىچە ئېلىنىدىغان ئاشلىققا قاراپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن. 1 ـ دەرىجىلىك ھەرمو يەردىن تۆت شىك ( ھەر شىك تۆت جىڭ ، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش ) ، 2 ـ دەرىجىلىك ھەرمو يەردىن ئۈچ شىك ، 3 ـ دەرىجىلىك ھەرمو يەردىن ئىككى شىك غەللە ـ پاراق ئېلىنغان. منگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى ) ھۆكۈمەت 1254.1 دەن غەللە ـ پاراق ئاشلىقى ئېلىشنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە 1254.07 دەن ئاشلىق ئالغان ھەممە قوشۇمچە 11 مىڭ 286.61 يۈەن تۈز بېجى ئالغان. ئۆلكىلىك ئاشلىق ساقلاش ـ يۆتكەش باشقارمىسى كەلپىنگە ئەۋەتكەن ئەمەلدار يىغلىغان ئاشلىقنى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەپ كەتكەن.

**2 . دېھقانچىلىق بېجى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىدە يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ غەللە ـ پاراق ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1950 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ « دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش چارىسى » دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن ، « قاتلامغا بۆلۈپ ، نىسبەت بويىچە ھېسابلاپ ئېلىش ، قانۇن بويىچە كېمەيتىش ، كەچۈرۈم قىلىش » تىن ئىبارەت ئەقلىغە مۇۋاپىق سىلىق سىلاش سىياستى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، ئايرىم كەسىپ بويىچە باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامەت 150 جىڭغا يەتمىسە ، باج كەچۈرۈم قىلىندى ، 151 جىڭ باج ئېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى. 1953 ـ يىلى باج ئېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى 180 جىڭغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 500 مىڭ جىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى ، بۇ ، شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 9.43 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1954 ـ يىلى 530 مىڭ جىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى ، بۇ شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 8.37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1964 ـ يىلى 770 مىڭ جىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى ، بۇ شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 9.18 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1965 ـ يىلى غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش بويىچە بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياستى يولغا قويۇلدى. 1974 ـ يىلى 250 مىڭ جىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى. بۇ ، شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1975 ـ يىلى بىر بەلگىلەپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياستى يولغا قويۇلغاندا ، ناھىيە بويىچە غەللە ـ پاراق ئېلىش ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپـ

سى 380 ملڭ جىڭ قىلىپ بېكىتىلدى. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈرۈپ سانى 130 ملڭ جىڭ قىلىپ بېكىتىلدى. 1984 ـ يىلى 241 ملڭ جىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى. بۇ، شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 69.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي 14 مىليون 298 ملڭ جىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇ 323 مىليون 8000 جىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 48.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلدىن كېيىن كەلپىن ناھىيىسى دۆلەت تەرىپىدىن نامرات ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر يىلى پەقەت 500 ملڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە غەللە ـ پاراق 200 ملڭ جىڭ بولۇپ، بىر بەلگىلەنگەنچە بەش يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى.

## § 2. سودا ـ سانائەت بېجى

### 1. باج ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاقسۇ كونا شەھەردە ئاقسۇ ـ ئاقسۇ كوناشەھەر ـ ئۇچتۇرپان ـ ئاۋات ـ كەلپىن باج ئىدارىسى قۇرغان، بۇ ئىدارە بەش ناھىيىنىڭ باج ئىشلىرىنى باشقۇرغان. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ باج خىزمىتىنى كەلپىن ناھىيىلىك مالىيە شۆبە ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان. شۇندىن كېيىن ناھىيىلىك باج ئېلىش ئورنى، ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قىلىنغان. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا چىلان ئۆتەڭدە باج ئېلىش چازىسى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) باج ئىدارىسى ناھىيىلىك باج ئېلىش ئورنى دەپ ئاتالغان، كېيىن باج، غەللە ـ پاراق ئېلىش شۆبە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) يەنە كەلپىن ناھىيىلىك باج ئېلىش ئورنى دەپ ئاتالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىدە باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلپىن ناھىيىسىدە مەركىزىي باج پونكىتى قۇرۇلدى. 1954 ـ يىل 7 ـ ئايدا باج پونكىتى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1960 ـ يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. 1961 ـ يىلى باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىلنىڭ دەسلىپىدە ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدە كەسپىي بۆلۈمچە، بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، كادىرلار بۆلۈمچىسى، ئاچال باج پونكىتى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى گەزلىك يېزىلىق باج پونكىتى ۋە يۇرچى يېزىلىق باج پونكىتى قۇرۇلدى.

### 2. مىنگو دەۋرىدىكى باج ئىشلىرى

ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلانغان مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى ئارخىپنا خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغدا شىنجاڭدا 62 خىل باج بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك باج 54 خىل ئىكەن. كەلپىن ناھىيىسى كىچىكرەك ناھىيە بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئون نەچچە خىللا باج يولغا قويۇلغانىكەن.

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى ) ۋە مىنگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) دىكى باج كىرىمىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

جەدۋەل 12 - 2

بىرلىكى : يۈەن

| باج تۈرى | مىنگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى ) | مىنگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) | ئاشقىنى |
|---|---|---|---|
| تىجارەت بېجى | 55902. 60 | 151275. 78 | 95373. 18 |
| گۇۋاھنامە بېجى | 17633. 20 | 36173. 80 | 18540. 60 |
| چارۋا بېجى | 65241. 12 | 251122. 30 | 185811. 18 |
| ئاشلىق بېجى | 7923. 25 | 16153. 80 | 8230. 55 |
| قان بېجى | 4044. 93 | 26342. 20 | 22297. 07 |
| ماركا بېجى | 8511. 66 | 30472. 00 | 21960. 34 |
| ئۆي ئىجارىسى | 388. 80 | 1870. 00 | 1481. 20 |
| ئىشلىتىش بېجى | 4337. 00 | 3395. 50 | —941. 50 |
| جەرىمانە | 933. 82 | 35117. 60 | 25786. 78 |
| توختام بېجى | 16384. 53 | 43355. 23 | 26970. 70 |
| مىراس بېجى | 2706. 25 | 10622. 50 | 7916. 25 |

### 3 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باج

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلق ھۆكۈمىتى يولغا قويغان باج ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بېجى قاتارلىقلار ئېلىنىدى . 1974 - يىلغا كەلگەندە باج تۈرى كۆپىيىپ ، جەمئىي سودا - سانائەت بېجى ، سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى ، قان بېجى قاتارلىق ئۈچ چوڭ خىل ، 15 تۈرگە يەتتى . 1985 - يىلى شەھەر قۇرۇلۇشنى مۇھاپىزەت قىلىش بېجى ، بىناكارلىق بېجى ، مۇكاپات پۇلى بېجى قاتارلىق ئۈچ باج تۈرى كۆپەيتىلدى . 1986 - يىلى دۆلەت باج تۈرىنى تەڭشىدى . شۇنىڭ بىلەن باج 12 تۈرگە يەتتى . 1987 - يىلى كەلپىندە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇكاپات بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1989 - يىلى فوند تەڭشەش بېجى قوشۇلدى . 1990 - يىلى دۆلەتنىڭ سودا - سانائەت بېجى 32 خىل ، 26 تۈرگە يەتتى ، كەلپىن ناھىيىسىدە مەھسۇلات بېجى ، تىجارەت بېجى ، قۇرۇلۇش بېجى ، مۇكاپات بېجى ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى ، ماشىنا - كېمە ئىشلىتىش بېجى ، قان بېجى ، چارۋا سودىسى بېجى ، شەھەر قۇرۇلۇشنى مۇھاپىزەت قىلىش بېجى ، ئاشقان قىممەت بېجى بولۇپ جەمئىي 11 خىل باج ئېلىندى . كەلپىن ناھىيىسىدە ئېلىنىدىغان نورمال باج تۈرىدىن مەھسۇلات بېجى ، تىجارەت بېجى ، قۇرۇلۇش بېجى ، شەھەر قۇرۇلۇشنى مۇھاپىزەت قىلىش بېجى ، قان بېجى ، چارۋا سودا بېجى ، ماشىنا - كېمە ئىشلىتىش بېجى ، ئېنېرگىيە فوندى ، مائارىپ قوشۇمچە بېجى بولۇپ جەمئىي توققۇز خىل باج يولغا قويۇلدى ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى نۇقتىلىق باج تۈرى تىجارەت بېجى ، مەھسۇلات بېجى ، قۇرۇلۇش بېجىدىن ئىبارەت بولدى . 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسى ئىقتىساد تۈزىدىكى ھەر خىل باجلارنى بىر ئاز تەڭشىدى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1974 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان سودا ـ سانائەت باج كىرىمى ئەھۋالى

جەدۋەل 12 ـ 3 — بىرلىكى : يۈەن

| باج تۈرى / يىل | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 82196 | 101900 | 106531 | 122903 | 159922 | 162684 | 148094 | 137807 | 159926 | 195017 | 180960 | 231630 |
| بۆلۈنگەنچىدەيىزا | 19076 | 728 | 14025 | 7081 | 10869 | 11663 | 10857 | 12223 | 7144 | 30950 | 35426 | 32593 |
| 1. سودا ـ سانائەت بېجى | 72193 | 90581 | 91249 | 108399 | 148232 | 148454 | 137959 | 129738 | 151948 | 179466 | 157319 | 139441 |
| سۇ ئېلېكتر | 426 | 214 | 469 | 630 | 1269 | 1932 | 1361 | 2208 | 2282 | 2325 | 4776 | 267 |
| كانچىلىق | 8650 | 16444 | 26421 | 33872 | 40197 | 40864 | 21325 | 1564 | 2014 | 7055 | 5368 | 4053 |
| ماشىنسازلىق | 1013 | 2231 | 2700 | 2425 | 4761 | 2213 | 4534 | 2720 | 2389 | 2180 | 1595 | 1264 |
| قۇرۇلۇش ماتېرىيالى | 2584 | 7422 | 3518 | 3567 | 17070 | 23070 | 16588 | 8651 | 8824 | 16823 | 10890 | 551 |
| ئورمان كېسىش | 3956 | 3916 | 3260 | 5255 | 7808 | 9734 | 11273 | 16367 | 19803 | 16529 | 11705 | 6128 |
| تېرە ـ يۇڭ ، خۇرۇم | 3930 | 5647 | 4548 | 4836 | 4617 | 4850 | 6141 | 8096 | 17239 | 22133 | 330 | 271 |
| موخۇركا | 132 | 41 | 51 | 75 | 234 | 179 | 304 | 131 | 129 | 78 | 141 | 125 |
| باشقىلار | 1490 | 1659 | 1961 | 2123 | 11644 | 4478 | 4287 | 8501 | 969 | 981 | 13190 | 823 |
| تاۋار سېتىش | 31249 | 35882 | 34348 | 36346 | 35777 | 40399 | 44776 | 48525 | 51574 | 53625 | 49395 | 47321 |
| قاتناش ـ ترانسپورت | 1841 | 2146 | 2203 | 3998 | 3344 | 4612 | 6330 | 6374 | 9796 | 11380 | 8150 | 7883 |
| مۇلازىمەت كەسپى | 3081 | 3798 | 3412 | 7870 | 7441 | 7408 | 6573 | 3259 | 10516 | 24417 | 40362 | 56558 |
| ۋاقىتلىق تىجارەت | 13841 | 11181 | 8358 | 7401 | 14070 | 8715 | 14467 | 23342 | 26413 | 21940 | 11417 | 14197 |
| 2. سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | 4254 | 6816 | 11517 | 9580 | 7296 | 6789 | 4129 | 4740 | 4776 | 4981 | 10268 | 12847 |
| ئاساسىي قاتلام تەمىنات سودا كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | 10268 | |
| 3. باشقا سودا ـ سانائەت بېجى | 5749 | 4463 | 3765 | 4910 | 4373 | 7441 | 6006 | 3329 | 3202 | 10570 | 13373 | 9511 |
| قان بېجى | 641 | 367 | 438 | 469 | 563 | 1482 | 2396 | 3326 | 3202 | 4790 | 5063 | 3952 |
| چارۋا سودا بېجى | 3007 | 1834 | 1356 | 1975 | 1530 | 3156 | 1993 | | | 5780 | 8310 | 5559 |
| بازار سودىسى بېجى | 2101 | 2262 | 1971 | 2466 | 2280 | 2803 | 1617 | | | | | |
| 4. شەھەر قۇرۇلۇشى ئاسراش بېجى | | | | | | | | | | | | 4407 |
| 5. قۇرۇلۇش بېجى | | | | | | | | | | | | 63102 |
| 6. مۇكاپات بېجى | | | | | | | | | | | | 1044 |

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىلىدىن 1990 يىلىغىچە ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە باج ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 12 ـ 4

بىرلىكى : يۈەن

| يىللار / سانى / تۈرى | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|
| سودا ـ سانائەت بېجىنىڭ يىغىندىسى | 265587 | 222368 | 264573 | 308637 | 366273. 11 |
| مەھسۇلات بېجى | 24885 | 30127 | 29846 | 25465 | 67717 |
| قىممەت ئېشىش بېجى | | | 308 | 1451 | 3498 |
| تىجارەت بېجى | 165816 | 111305 | 140067 | 205462 | 228283 |
| كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى | 17341 | 1809 | 21902 | 5705 | 13649 |
| شەھەر ـ يېزىلاردىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تاپاۋەت بېجى | 4534 | 2017 | 3212 | 5345 | 6444 |
| شەخسىلەرنىڭ كىرىمىنى تەڭشەش بېجى | | | 3010 | | 3138 |
| شەھەر قۇرۇلۇشنى ئاسراش بېجى | 7160 | 5090 | 5762 | 8008 | 11067 |
| ماشىنا ـ كېمە ئىشلىتىش بېجى | 14 | 1955 | 1823 | 2092 | 2270 |
| قان بېجى | 6481 | 7647 | 9122 | 7977 | 5792 |
| چارۋا مال سودىسى بېجى | 5279 | 7375 | 3945 | 2437 | 3965 |
| دۆلەت كارخانىلىرى مۇكاپات پۇلى بېجى | | | | 373 | 564 |
| كەسپىي ئورۇنلار مۇكاپات پۇلى بېجى | 1310 | | | | |
| كوللېكتىپ كارخانىلار مۇكاپات پۇلى بېجى | | | 1797 | | |
| ماركا بېجى | | | 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ ماركا بېجى ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى | 3382 | 2005 |
| بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش بېجى | 31956 | 54070 | 40486 | 39397 | 15737 |
| باج كېچىكتۈرگەنلەردىن تولۇقلاپ ئېلىنغان باج جەرىمانە كىرىمى | 811 | 973 | 3273 | 1643 | |
| تەڭشەش فوندىسى | | | | 5288 | 29169 |

### 4 . باج ئېلىشنى باشقۇرۇش

باج ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامىغا ئاساسەن ، كەلپىن ناھىيىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كوللېكتىپ كارخانا ئورۇنلىرى ، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا باج تاپشۇرىدىغان ئورۇنلار بويىچە باج تاپشۇرۇشنى تىزىملاش ، مەلۇم قىلىش ، بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى . ئومومەن ، ئىشلەپچىقىرىش ، تىجارەت ، ئاسا-

سي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرگە قارىتا باج تىزىملاش ، مەلۇم قىلىش ۋە بې-
كىتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى .

كەلپىن ناھىيىسىدە يېزا - ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى تۆتكە يەتتى ، مال بازىرى ، گۆش
بازىرى ، تۆرلۈك ماللار بازىرى ، مېۋە - چېۋە ، كۆكتات بازىرى ، يېمەك - ئىچمەك بازىرى قاتارلىق مەخ-
سۇس بازارلار قۇرۇلدى . يىللىق بازار سودىسىدا پۇتۇشۇلگەن سومما 60 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى .
بازارغا كىرگەن چارۋا مۇقىم جايدا سويۇلۇپ ، جىڭلىنىپ باج ھېسابلاندى ؛ مال بازىرىغا كىرگەن چارۋىنى
سودا - سانائەت ئىدارىسى تىزىملاپ ، ئۇنىڭدىن پۇتۇشۇلگەن سومما بويىچە باج ئېلىندى ؛ سانائەت
بۇيۇملىرى تىجارىتى ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكاندارلارغا قارىتا نورمىلىق باج
ئېلىش چارىسى يەنى تىجارەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ، ئۆزى مەلۇم قىلىش ، ئامما باھالاش ، باج ئىدار-
سى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ، باج سوممىسىنى پەسىل بويىچە بېكىتىش ، تارقاق باج مەنبەلىرىدىن ۋاقىتلىق باج
ئېلىش چارىسى قوللىنىلدى . باج تاپشۇرماي قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلى-
رى سودا بازىرىدا باج قوغدىغۇچى تۇرغۇزۇلدى .

1985 - يىلى ناھىيە بويىچە باج تاپشۇرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 14 كە ، كوللېكتىپ ئى-
گىلىكىدىكى كارخانا 16 گە ، يەككە تىجارەتچى 224 ( جۈملىدىن 114 ترانسپورت كەسپى ئائىلىسى ، 35
يېمەك - ئىچمەك كەسپى ئائىلىسى ، 37 سودا كەسپى ئائىلىسى ، 11 قاسساپ ئائىلىسى ، سەككىز تىككۈ-
چى ئائىلىسى ۋە تۆمۈرچى ، ياغاچچى ، موزدۇز ، مىسكەر قاتارلىق كەسپى ئائىلىلەر ) گە يەتتى .

باج ئېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قانۇنغا رىئايە قىلىپ باج تاپشۇرۇش ،
باج سىياستى ، باج قانۇنى جەھەتتىكى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى . تەشۋىقات ما-
شىنىسى چىقىرىش ، رادىئو - تېلېۋىزوردىن پايدىلىنىش ، مالىيە - بوغالتىر خادىملىرى ۋە كەسپى ئائىلى-
لەر يىغىنىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە سىياسى - قانۇن ،
مالىيە ، بانكا ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن
بىرلىكتە باج يىغىش ، باج باشقۇرۇش جەريانىدىكى مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ، بىر تەرەپ قىلىندى .
1958 - يىلى باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىققان ئىككى ئائىلىدىن كەم تاپشۇرغان 10 مىڭ يۈەن باج پۇلى
قايتۇرۇۋېلىندى . 1988 - يىلى ئاممىنىڭ پاش قىلىشىغا تايىنىپ ، كەم تاپشۇرۇلغان 79 مىڭ يۈەن باج تو-
لۇقلاپ ئېلىندى .

# باب Ⅲ

# پۇل مۇئامىلىسى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى ،
تاۋار ئوبوروتىدا ئۆزئارا ئۆتنە - بېرىم قىلىش ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە سىرتقى جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن
پۇل ئاساس قىلىنغان . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە يامبۇ ، كۈمۈش ، تەڭگە ، يارماق قا-
تارلىقلار ئوبوروت قىلىنغان . مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى ، كۈمۈش تەڭگە ، ئاقسۇ گۇللۇك پۇلى
ۋە قەشقەر پۇلى قاتارلىقلار ئوبوروت قىلىنغان . مىنگونىڭ 38 - يىلى ( 1949 - يىلى ) 5 - ئايدا كۈمۈش

تەڭگە ئوبوروت قىلىنغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىل 6 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتى — جۇڭگو خەلق بانكىسى كەلپىن ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك بانكىسى ، سودا ـ سانائەت بانكىسى ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ۋە سۇغۇرتىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى ، شۇنىڭدەك پوچتا پۇل ئامانىتى ئاپپاراتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ ، مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىلىرى شەھەر ـ يېزىلارغىچە تارقالدى .

## § 1 . ئاپپارات

### 1 . خەلق بانكىسى

1950 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى ، تارماق بانكا قارىمىقىدا ئاچال ، يۇرچى ، گەزلىكلەردە ئۈچ تىجارەت پونكىتى قۇرۇلدى . ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پۇل ئوبوروتىنى باشقۇرۇش ، پۇل قىممىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ، كۆمۈش تەڭگە ۋە ئالتۇن ـ كۆمۈشنىڭ بازاردا ئېقىپ يۈرۈشىنى چەكلەش ، نەق پۇل باشقۇرۇش ، خەلق پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇش ، كرېدىت ، مۇئامىلە ھېسابىنى راسچوت قىلىش ۋە پېرېۋوت كەسپىنى يولغا قويۇش ، بازارنى تۇراقلاشتۇرۇش ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى .

1958 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق بانكىسى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىغا قارىتا « تولۇق سوممىلىق ئامانەت ـ قەرز »نى ، يېزا ئىگىلىك ئامانەت ـ قەرزگە قارىتا « پەرقلىق سوممىلىق كۆتۈرە بېرىش »نى يولغا قويۇپ ، مەبلەغ بىلەن كەڭتاشا تەمىنلىگەچكە ، ئامانەت ـ قەرز بىر مەھەل تىزگىنلەنمەي قالدى .

1958 ـ يىلى ناھىيىلىك تارماق بانكا ئاچال دەڭدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى .

1961 ـ يىلى « تولۇق سوممىلىق ئامانەت ـ قەرز » مەبلەغنى سىستېمىغا بۆلۈپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ ، ئامانەت بىلەن قەرزگە ئايرىم ـ ئايرىم ھېساب ئېچىلىپ ، قەرز پۇل سانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، پۇلنىڭ تارقىلىشى تىزگىنلەندى ، پۇل يىغىۋېلىش ئۈزۈۋېشتۈرۈلۈپ ، پۇل مۇئامىلە بازىرى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇلدى .

1979 ـ يىلى پۇل مۇئامىلە خىزمىتى تەرتىپكە سېلىنىپ ، پۇل ئوبوروتى تەڭشەلدى ، پۇل ئامانىتى جەلپ قىلىنىپ ، سانائەت ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىلدى .

1984 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى كەلپىن ناھىيىلىك تارماق بانكىنى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى .

### 2 . يېزا ئىگىلىك بانكىسى

1964 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىلىدىغان مەبلەغنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى .

1965 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلىپ ، خەلق بانكىسىدا يېزا پۇل مۇئامىلە بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى .

1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىلىدىغان مەبلەغ بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كەسپى يولغا قويۇلۇپ ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىنىپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپـ

چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىندى.

1990 - يىلى قەرز پۇل بېرىشتە «يېزا ئىگىلىكىگە مايىل بولۇش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى، قەرز پۇل ئومۇمىي سانى تىزگىنلىنىپ، نۇقتىلىق مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئوبوروت يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

### 3. سودا - سانائەت بانكىسى

1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ئاساسىدا ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كرېدىت مەبلىغى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش، تاۋار ئوبوروتىنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

### 4. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى

1954 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇنجى تۈركۈمدە ئىككى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 744 ئائىلە، 3000 ئادەم ئەزا بولۇپ، 9000 يۈەن پاي پۇلى قوشتى. 1958 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى يەتتىگە كۆپىيىپ، 3519 ئائىلە، 8272 ئادەم ئەزا بولدى، پاي پۇلى 34 مىڭ 346 يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئەزاسى 9241 گە، پاي سوممىسى 64 مىڭ 164 يۈەنگە يېتىپ، يېزا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. بۇ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، جازانىخورلۇق ھەرىكىتىنى چەكلەپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە زور رول ئوينىدى.

### 5. سوغۇرتىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى

1983 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى (كېيىنكى سودا - سانائەت بانكىسى) ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا سوغۇرتىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، ئائىلە مال - مۈلكى، كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش ۋە كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ تاسادىپىي يولۇققان ھادىسىلىرىگە قارىتا خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى، كارخانىلارنىڭ داۋاملىق تىجارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىندى.

## § 2. پۇل ئوبوروتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ئاقسۇدا شەكلى يۇمىلاق، چاسا تۆشۈكلۈك «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» پۇلى قۇيۇلغان (شۇ چاغدا يارماق دەپ ئاتالغان)، شۇندىن كېيىن يەنە بەش داڭلىق، ئون داڭلىق، 100 داڭلىق قاتارلىق كۆپ خىل مىس پۇل، كۆمۈش پۇل ۋە تەڭگە پۇللار قۇيۇلغان،

كېيىن ئاقسۇ پۇل ئىدارىسى يەنە قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقان، بۇقىرىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى كەلپىن بازىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

منگو دەۋرىدە كەلپىندە شىنجاڭ قەغەز پۇلى، ئۆلكە پۇلى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېقىپ كىرگەن فابى پۇلى، ئالتۇن دوللار پۇل ۋە كۈمۈش تەڭگە ھەمدە 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بېسىپ تارقاتقان كۈمۈش تەڭگە قاتارلىقلار ئوبوروت قىلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بازارنى، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈمۈش تەڭگە پۇلنىڭ بازاردا ئوبوروت قىلىنىشىغا يول قويۇلدى، شۇ چاغدا كۈمۈش تەڭگە پۇل بىلەن خەلق پۇلىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى 500:1 يۈەن بولدى، 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە كۈمۈش تەڭگە پۇل بىلەن خەلق پۇلىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى 350:1 يۈەن قىلىپ تەڭشەلدى.

1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە ئۇيغۇرچە يېزىق ۋە تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۈمۈش تەڭگە پۇلى چەكلىك مۇددەتتە يىغىۋېلىندى. بىر كۈمۈش تەڭگە پۇل 350 يۈەن خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە يېزىقى يوق خەلق پۇلىمۇ بازاردا ئوبوروت قىلىندى. شۇ يىلى دۆلەت ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش چارىسىنى ئېلان قىلدى، ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ، كۈمۈش تەڭگە قاتارلىقلار خەلق بانكىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش يىغىۋېلىنىپ، بازاردا ئوبوروت قىلىش مەنئىي قىلىندى. 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە تۆت ئاي ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە بويىچە جەمئىي 1 مىليون 198 مىڭ 29 .314 يۈەن كۈمۈش تەڭگە پۇل يىغىۋېلىندى، 419 مىليون 410 مىڭ 5 .1 يۈەن خەلق پۇلى (كونا پۇل) تارقىتىلدى.

1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق بانكىسى يېڭى خەلق پۇلىنى تارقىتىشقا باشلىدى (يېڭى پۇلنىڭ بىر يۈەنى كونا پۇلدا 10 مىڭ يۈەنگە سۇندۇرۇلغان). يېڭى خەلق پۇلىنىڭ سومىسى بىر يۈەن، ئىككى يۈەن، ئۈچ يۈەن، بەش يۈەن، ئون يۈەن ۋە بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭ، بەش پۇڭ، بىر مو، ئىككى مو، بەش مو بولۇپ، جەمئىي 11 خىلغا يەتكەنىدى. يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە بازىرى تەرتىپكە چۈشتى، مال باھاسى مۇقىملاشتى. 1955 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە بويىچە 686 مىليون 905 مىڭ يۈەن كونا پۇل ئالماشتۇرۇلدى ۋە يىغىۋېلىندى.

1963 - يىلى 1953 - يىلى چىقىرىلغان قارا رەڭلىك «ئىشچى - دېھقان» سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئون يۈەنلىك پۇل، 1953 - يىلى بېسىلغان بىنەپشە رەڭلىك «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەش يۈەنلىك پۇل، 1953 - يىلى بېسىلغان قېنىق يېشىل رەڭلىك «جەڭگاھشىمن» نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ يۈەنلىك پۇل يىغىۋېلىندى. 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يىغىۋېلىش - ئالماشتۇرۇش خىزمىتى باشلاندى، يىغىۋېلىش - ئالماشتۇرۇش داۋامىدا ئۈچ خىل پۇلنىڭ بازاردا داۋاملىق ئوبوروت بولۇشىغا يول قويۇلدى، بانكا يىغىلغان كونا پۇللارنى قايتا تارقاتمىدى. 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈچ خىل پۇلنىڭ بازاردا ئوبوروت بولۇشى توختىتىلىپ، 30 كۈن ئىچىدە ئالماشتۇرۇش ئاخىرلاشتۇرۇلدى. 1964 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 77 مىڭ يۈەن كونا پۇل يىغىۋېلىندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

# § 3 . ئىناۋەتلىك قەرز

## 1 . پۇل ئامانىتى

مىنگو دەۋرىدە كەلپىندە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى يوق بولغاچقا ، پۇل ئامانەت كەسپىمۇ يولغا قويۇلمىغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 50 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە تۇرلۇك پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى ئانچە كۆپ بولمىدى . 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرلۇك پۇل ئامانىتى ( مالىيە خاراكتېرلىك پۇل ئامانىتى ، سودا ـ سانائەت پۇل ئامانىتى ۋە يېزىلارنىڭ پۇل ئامانىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئاران 49 مىڭ 316 يۈەن بولغانىدى . كېيىن تەدرىجىي كۆپەيدى . 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئامانەت پۇل سوممىسى 570 مىڭ 820 يۈەنگە يېتىپ ، 1959 ـ يىلدىكىدىن 10.5 ھەسسە ئاشتى . 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامانەت پۇل قالدۇقى ئېشىپ 1 مىليون 374 مىڭ 631 يۈەنگە يېتىپ ، 1985 ـ يىلدىكىنىڭ 2.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى .

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تۇرلۇك پۇل ئامانەت
قالدۇقى جەدۋىلى

جەدۋەل 12 ـ 5 بىرلىكى : يۈەن

| يىللار | ئامانەت قالدۇقى | يىللار | ئامانەت قالدۇقى | يىللار | ئامانەت قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 49316 | 1973 | 827521 | 1982 | 497777 |
| 1962 | 104565 | 1974 | 1214161 | 1983 | 491833 |
| 1963 | 264857 | 1975 | 937280 | 1984 | 530147 |
| 1965 | 399865 | 1976 | 902469 | 1985 | 570820 |
| 1967 | 506807 | 1977 | 1016571 | 1986 | 964133 |
| 1970 | 765976 | 1978 | 1686656 | 1987 | 1571777 |
| 1971 | 633181 | 1979 | 1373190 | 1988 | 924490 |
| 1972 | 982438 | 1981 | 596578 | 1989 | 1374631 |

## 2 . قەرز پۇل بېرىش

كەلپىن ناھىيىسىدىكى كەسپىي بانكىلار ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى كرېدىت مەبلىغىگە مەدەت بېرىش ئارقىلىق سانائەت ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇشتا تاۋار ئوبوروتىنى كېڭەيتىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىمۇ ھەم رول ئوينىدى .

1 ) **دېھقانچىلىق قەرز پۇلى** 1952 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن 14 مىڭ 469 يۈەن ، تۇرمۇش ئۈچۈن 813 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى . 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، 1098 ئائىلىلىك

كەمبەغەل دېھقانغا كەمبەغەل دېھقانلار كوپېراتىپىنىڭ فوندىدىن 31 مىڭ 35.67 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1961 ـ يىلى باش خەلق بانكىسىنىڭ قارارى ئىجرا قىلىنىپ، 1010 ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانغا كەمبەغەل دېھقانلار كوپېراتىپىنىڭ فوندىدىن بېرىلگەن 19 مىڭ 568.24 يۈەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى. 1971 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قەرزىنىڭ قالدۇقى 207 مىڭ 747 يۈەن بولۇپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىنىڭ 4.41 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1980 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كونسېرى مۇۋاپىقلاشتى. بانكا ئامانەت ـ قەرز سىياسىتىنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋەتتى، يېزا مەبلىغىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنى ئۆز ۋاقتىدا تارقاتتى. 1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىلدا يېزا ئىگىلىككە جەمئىي 1 مىليون 695 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، بۇ، يىلىغا 339 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

2) **سودا ـ سانائەت قەرز پۇلى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى سانائەت ۋە سودا قەرز پۇلى كەسپىنى يولغا قويدى. 1982 ـ يىلدىن باشلاپ يەنە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل بېرىش كەسپى قوشۇلدى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار ۋە يەرلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، قەرز پۇل مۇددىتىنى ئۇزارتىش ۋە مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىش پرىنسىپى ئىجرا قىلىندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 835 مىڭ 67 يۈەن بولۇپ، 1962 ـ يىلدىكىنىڭ 8.2 ھەسسىسىگە؛ سانائەت قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 944 مىڭ 607 يۈەن بولۇپ، 1963 ـ يىلدىكىنىڭ 6.7 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

3) **ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قەرز پۇلى** كەلپىن ناھىيىسىدە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل بېرىشى 1955 ـ يىلى باشلاندى. شۇ يىلى جەمئىي 25 مىڭ 259 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل 7535 يۈەن، تۇرمۇشتا بېرىلگەن قەرز پۇل 12 مىڭ 950 يۈەن، قوشۇمچە كەسپكە بېرىلگەن قەرز پۇل 4774 يۈەن، 9551 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇل 147 مىڭ 61 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشقا بېرىلگەن قەرز پۇل 114 مىڭ 331 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل 20 مىڭ 849 يۈەن، قوشۇمچە كەسپكە بېرىلگەن قەرز پۇل 11 مىڭ 881 يۈەن. 1980 ـ يىلدىن كېيىن تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى كەسپىنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ، مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرۇپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ئامانەت قەرزنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. 1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئۈچ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى جەمئىي 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن ھەر خىل قەرز پۇل تارقاتتى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 281 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىپ، يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدىكىسىنىڭ 7.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1985 ـ يىلى كەلپىن بازارلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 488 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى جەمئىي 1 مىليون 272 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تارقاتقان قەرز پۇل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

# § 4 . خەلق پۇل ئامانىتى

منگو دەۋردە كەلپىندە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بولمىغاچقا ، خەلق پۇل ئامانىتى كەسپىمۇ يوق ئىدى .

## 1 . خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ تۈرلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بانكا قەرەلسىز ، پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان ۋە قەرەللىك پۇل ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى .

1950 – يىل 10 – ئايدا دەسمايىسى ۋە قىممىتى ساقلاپ قىلىنىدىغان پۇل ئامانىتى بېجىرىلىپ ، ئامانەت پۇلنىڭ ۋاقتى توشقاندا مال باھاسىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ھەقىقىي بىرلىك بويىچە دىرى بىلەن ئۆسۈمى قايتۇرۇپ بېرىلدى .

1952 – يىلنىڭ بېشىدا مۇقىم سوممىلىق پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى . بۇ ، بەش يۈەنلىك ، ئون يۈەنلىك ، 50 يۈەنلىك ، 100 يۈەنلىك دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئامانەت قويغۇچىلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بانكىلاردىن پۇل ئالالايتتى .

1953 – يىلى « مۇكاپاتلىق ماركا چاپلانغان پۇل ئامانىتى » كەسپى يولغا قويۇلدى ، ھەر نۇسخىسى ئىككى يۈەن بولۇپ ، ئۆسۈم ھېسابلانماي ، ئاي بويىچە ماركا چاپلىنىپ كېيىنكى ئايدا مۇكاپات تارقىتىلدى .

1953 – يىل 12 – ئايدىن 1955 – يىل 10 – ئايغىچە ئاشلىق ، ياغ سېتىۋېلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ، « ئاشلىق ساتقۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش ئامانىتى » يولغا قويۇلدى .

1956 – يىلدىن باشلاپ ئارقا – ئارقىدىن « پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان پۇل ئامانىتى » ۋە « جۇڭگو مۇھاجىرلىرى خەلق پۇل ئامانىتى » يولغا قويۇلدى .

1987 – يىلى مۇقىم سوممىلىق مۇكاپاتلىق پۇلئامانىتى يولغا قويۇلۇپ ، 20 يۈەنلىك ، 30 يۈەنلىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلدى . 1989 – يىلى « قىممىتى ساقلاپ قىلىنىدىغان پۇل ئامانىتى » ۋە « ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان پۇل ئامانىتى »يولغا قويۇلدى .

## 2 . پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

مال باھاسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ ، پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىمۇ مۇناسىپ تەڭشەلدى . يىللار بويىچە قەرەللىك پۇل ئامانىتى ( بىر يىللىق توپ قويۇپ توپ ئالىدىغان )نىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى : 1951 – يىل 1 – ئايدىن 3 – ئايغىچە ئايلىق ئۆسۈمى 33 لى ( تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئايلىق ئۆسۈم ، لى ) بولغانىدى ، كېيىن ئارقا – ئارقىدىن 30 ، 27 ، 20 ، 12 گە تەڭشەلدى ،1955 – يىل 10 – ئايدا 6 .6 گە ، 1959 – يىلى تۆتكە ، 1965 – يىلى 3 .3كە ، 1971 – يىلى 2.7 گە ، 1980 – يىلى 3 .3كە ، 1982 – يىلى 5 .4كە ، 1985 – يىلى ئالتىگە ، 1988 – يىل 9 – ئايدا 7. 2كە ، 1989 – يىل 2 – ئايدا 9.45 كە تەڭشەلدى .

## 3 . شەھەر پۇل ئامانىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ كىرىمى يىلدىن يىلغا ئاشتى ، تۇرمۇشىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى . بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى يىلدىن – يىلغا ئاشتى . 1950 – يىلنىڭ ئاخىرىدا شەھەرنىڭ پۇل ئامانەت قالدۇقى ئاران 2000 يۈەن بولغانىدى ، 1960 – يىلنىڭ ئاخىرىدا 136 مىڭ يۈەنگە يەتتى ، 1980 – يىلنىڭ ئاخىرىدا 335

ملىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 1960 ـ يىلدىكىنىڭ46 .1 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى . 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇل ئامانەت قالدۇقى 2 ملىيون 549 ملىڭ يۈەنگە يېتىپ ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 7.61 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى .

## 4 . يېزا پۇل ئامانىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يېزا پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى يىلدىن يىلغا تېز سۈرئەت بىلەن ئاشتى ، 1952 ـ يىلى يېزا پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 10 ملىڭ 700 يۈەن ، 1955 ـ يىلى 24 ملىڭ 700 يۈەن ، 1957 ـ يىلى 46 ملىڭ 146 يۈەن ، 1958 ـ يىلى 86 ملىڭ يۈەن بولدى .

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى پۇل ئامانىتى تېخىمۇ كۆپەيدى . ناھىيلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى نۇرغۇن يېزا پۇل ئامانىتىنى جەلپ قىلدى : ئامانەت پۇل 1980 ـ يىلى 418 ملىڭ يۈەن ، 1981 ـ يىلى 596 ملىڭ يۈەن ، 1982 ـ يىلى 647 ملىڭ يۈەن ، 1983 ـ يىلى 826 ملىڭ يۈەن ، 1984 ـ يىلى 946 ملىڭ يۈەن ، 1985 ـ يىلى 1 ملىيون 360 ملىڭ يۈەن ، 1989 ـ يىلى 1 ملىيون 656 ملىڭ يۈەن بولۇپ ، 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 6 ملىيون663 ملىڭ يۈەنگە يەتتى . 1990 ـ يىلى يەنە يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى جەلپ قىلغان دېھقانلارنىڭ ئامانەت پۇلى 517 ملىڭ يۈەنگە يەتتى .

### كەلپىن ناھىيلىك خەلق بانكىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە پۇل ئامانىتى ۋە قەرز پۇل كەسپىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 12 ـ 6

بىرلىكى : يۈەن

| يىللار | يېزا ئىگىلىـ كىگە بېرىلگەن قەرز پۇل | شەخسكە بېرىلگەن قەرز پۇل | ئاشلىق ۋە سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل | سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل | بېرىلگەن جەمئىي قەرز پۇل | شەھەردە ئامانەت قويۇلغان پۇل | ھەرخىل ئامانەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | |
| 1950 | | | | | | 2464 | |
| 1951 | | | | | | 2534 | |
| 1952 | 14469 | 813 | | | 15282 | 10700 | |
| 1953 | 18683 | 1151 | | | 19834 | 18000 | |
| 1954 | 21983 | 1617 | | | 23600 | 19500 | |
| 1955 | 29452 | 14611 | | | 44063 | 24700 | |
| 1956 | 65350 | 47297 | | | 112647 | 132300 | |
| 1957 | 5280 | 31506 | | | 37786 | 46146 | |
| 1958 | 8464 | 39367 | | | 47731 | 86000 | |
| 1959 | | | | | | 19290 | 49316 |
| 1960 | | | | | | | |
| 1961 | | | | | | | |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 52219 | | 97250 | | 149469 | 49277 | 104565 |
| 1963 | 45031 | | | 141829 | 186860 | 45932 | 26485 |
| 1964 | | | 213675 | 10000 | 223675 | 58729 | 218699 |
| 1965 | 180925 | | 747767 | | 928692 | 81275 | 399865 |
| 1966 | 69222 | | | 454477 | 523699 | 80002 | 605198 |
| 1967 | 181150 | | | 348532 | 529682 | 100829 | 506198 |
| 1968 | 436190 | | | 255699 | 691889 | 90522 | 964230 |
| 1969 | 110479 | | | 292103 | 402582 | 108615 | 1035719 |
| 1970 | 152986 | | 103301 | 372774 | 629061 | 121602 | 765926 |
| 1971 | 207727 | | 53167 | 445715 | 706629 | 136469 | 633181 |
| 1972 | 203884 | | 60330 | 336412 | 600626 | 144190 | 982438 |
| 1973 | 223554 | | 75665 | 378522 | 677741 | 168432 | 827521 |
| 1974 | 222447 | | | 338748 | 561195 | 190210 | 1214161 |
| 1975 | 239247 | | 1181 | 501533 | 741961 | 207963 | 937280 |
| 1976 | 260026 | | 1311 | 628638 | 889975 | 211151 | 902469 |
| 1977 | 275826 | | 25000 | 729436 | 1030262 | 226171 | 1016571 |
| 1978 | 277295 | | | 675995 | 953290 | 271381 | 1686656 |
| 1979 | 408438 | | | 687898 | 1096336 | 293077 | 1373190 |

## كەلپىن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ 1980 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە پۇل ئامانىتى ۋە قەرز پۇل بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 12 ـ 7 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | كوللېكتىپقا بېرىلگەن قەرزپۇل | شەخسكە بېرىلگەن قەرزپۇل | ئاشلىق ۋە سودىغا بېرىلگەن قەرزپۇل | سانائەتكە بېرىلگەن قەرزپۇل | جەمئىي بېرىلگەن قەرزپۇل | شەھەردە ئامانەت قويۇلغان قەرزپۇل | ھەرخىل ئامانەت پۇل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 0 | 9650 | 21534 | 286734 | 317918 | 335338 | 1578944 |
| 1981 | 0 | 1178 | 14434 | 703751 | 719363 | 436362 | 596578 |
| 1982 | 5076 | 52803 | 536976 | 594856 | 1189711 | 751022 | 497777 |
| 1983 | 18741 | 2041 | 700555 | 72337 | 793674 | 598645 | 491833 |
| 1984 | 32263 | 47407 | 708964 | 788634 | 1577268 | 479145 | 530147 |
| 1985 | 42758 | 66782 | 835067 | 944607 | 1889214 | 197912 | 570820 |
| 1986 | 228115 | 63453 | 957423 | 10000 | 1258991 | 1464955 | 946133 |
| 1987 | 229916 | 89009 | 654050 | 25000 | 997975 | 1839967 | 1571777 |
| 1988 | 216656 | 175460 | 751525 | 108000 | 1251641 | 2196260 | 924490 |
| 1989 | 13609 | 129000 | 846391 | 151000 | 1140000 | 2549169 | 3924000 |
| 1990 | 0 | 89000 | 781000 | 163000 | 1033000 | 3126000 | 416000 |

1980 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە ئامانەت قەرز كوپىراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىككە قەرز پۇلى تارقىتىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 12 ـ 8

بىرلىكى : 1000يۈەن

| يىللار | ئورۇن / تۈرى / سانى | بانكىنىڭ جەمئىي | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى | گەزلىك تىجارەت پونكىتى | يۇرچى تىجارەت پونكىتى | ئاچال تىجارەت پونكىتى | ئامانەت قەرز كوپىراتىپ جەمئىي | گەزلىك ئامانەت قەرز كوپىراتىپى | يۇرچى ئامانەت قەرز كوپىراتىپى | ئاچال ئامانەت قەرز كوپىراتىپى | كەلپىن بازارلىق ئامانەت قەرز كوپىراتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | تارقاتقىنى | 131 | — | 48 | 52 | 31 | 88 | 23 | 49 | 16 | |
| | يىغىۋالغىنى | 115 | — | 50 | 24 | 31 | 67 | 22 | 29 | 16 | |
| | نىسبىتى (%) | 87.7 | — | 110 | 65 | 100 | 76 | 92 | 59 | 100 | |
| | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | 364 | — | 185 | 113 | 66 | 58 | 16 | 34 | 8 | |
| 1981 | تارقاتقىنى | 63 | 1 | 11 | 26 | 25 | 83 | 36 | 28 | 19 | |
| | يىغىۋالغىنى | 115 | 1 | 32 | 43 | 39 | 90 | 37 | 34 | 19 | |
| | نىسبىتى (%) | 156 | 100 | 290 | 165 | 156 | 108 | 102 | 102 | 100 | |
| | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | 312 | — | 164 | 96 | 52 | 51 | 15 | 28 | 8 | |
| 1982 | تارقاتقىنى | 255 | 11 | 67 | 130 | 47 | 231 | 75 | 121 | 35 | |
| | يىغىۋالغىنى | 253 | 10 | 66 | 124 | 53 | 229 | 76 | 118 | 35 | |
| | نىسبىتى (%) | 112 | 90 | 115 | 95 | 112 | 99.5 | 102 | 97 | 100 | |
| | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | 314 | 1 | 165 | 102 | 46 | 53 | 14 | 31 | 8 | |
| 1983 | تارقاتقىنى | 413 | 16 | 100 | 198 | 99 | 290 | 103 | 130 | 57 | |
| | يىغىۋالغىنى | 402 | 14 | 136 | 165 | 87 | 271 | 98 | 120 | 53 | |
| | نىسبىتى (%) | 99 | 87.5 | 136 | 87.3 | 87.8 | 94.5 | 94.5 | 92 | 94 | |
| | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | 325 | 3 | 129 | 135 | 58 | 72 | 19 | 41 | 12 | |
| 1984 | تارقاتقىنى | 972 | 46 | 357 | 337 | 232 | 718 | 257 | 322 | 139 | |
| | يىغىۋالغىنى | 503 | 22 | 172 | 207 | 102 | 378 | 115 | 184 | 79 | |
| | نىسبىتى (%) | 43 | 48 | 48 | 39 | 87 | 57.2 | 44.7 | 53 | 57 | |
| | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | 794 | 27 | 314 | 265 | 188 | 412 | 161 | 179 | 72 | |
| 1985 | تارقاتقىنى | 2078 | 795 | 625 | 330 | 328 | 488 | 128 | 192 | 59 | 109 |
| | يىغىۋالغىنى | 2019 | 778 | 623 | 389 | 229 | 544 | 149 | 209 | 83 | 103 |
| | نىسبىتى (%) | 89 | 98 | 99.7 | 118 | 70 | 111 | 116 | 109 | 140 | 95 |
| | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | 2343 | 916 | 416 | 530 | 481 | 319 | 97 | 107 | 49 | 66 |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 292 | 114 | 301 | 397 | 1104 | 588 | 696 | 561 | 1225 | 3070 | تارقاتقىنى | 1986 |
| 220 | 104 | 271 | 273 | 868 | 469 | 605 | 494 | 880 | 2448 | يىغىۋالغىنى | |
| 75 | 91 | 90 | 69 | 79 | 80 | 87 | 88 | 72 | 80 | نىسبىتى (%) | |
| 132 | 58 | 136 | 221 | 547 | 600 | 621 | 483 | 1261 | 2965 | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | |
| 475 | 143 | 752 | 555 | 1925 | 1163 | 1516 | 938 | 2785 | 6402 | تارقاتقىنى | 1987 |
| 382 | 149 | 573 | 506 | 1610 | 720 | 1046 | 656 | 1911 | 4333 | يىغىۋالغىنى | |
| 80 | 104 | 76 | 91 | 84 | 62 | 69 | 70 | 69 | 68 | نىسبىتى (%) | |
| 224 | 52 | 316 | 127 | 863 | 1047 | 1091 | 765 | 2135 | 5038 | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | |
| 679 | 305 | 562 | 601 | 2147 | 1616 | 1695 | 1188 | 2590 | 7089 | تارقاتقىنى | 1988 |
| 633 | 257 | 549 | 632 | 2071 | 1020 | 1402 | 1094 | 1848 | 5364 | يىغىۋالغىنى | |
| 93 | 84 | 98 | 105 | 97 | 63 | 83 | 92 | 71 | 76 | نىسبىتى (%) | |
| 270 | 100 | 329 | 239 | 938 | 1639 | 1384 | 860 | 2877 | 6760 | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | |

## كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ 1980 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان ھەر خىل پۇل ئامانەتكە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 12 ـ 9 بىرلىكى: 1000 يۈەن

| 1990 | 1989 | 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | يىل / تۈرلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4159 | 3286 | 2515 | 1874 | 1268 | 1360 | 947 | 821 | 647 | 586 | 418 | جەمئىي | |
| 1056 | 867 | 518 | 421 | 341 | 249 | 136 | 94 | 61 | 29 | | تىجارەت پۇنكىتى | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى |
| 502 | 406 | 345 | 284 | 183 | 461 | 365 | 201 | 236 | 235 | 265 | ئامانەت قەرز كوپېراتىپى | |
| 412 | 384 | 499 | 287 | 205 | 108 | 85 | 40 | 28 | 17 | 10 | تىجارەت پۇنكىتى | گەزلىك |
| 812 | 588 | 469 | 339 | 209 | 142 | 101 | 167 | 105 | 95 | 47 | ئامانەت قەرز كوپېراتىپى | |
| 238 | 178 | 107 | 71 | 61 | 38 | 30 | 20 | 16 | 10 | 7 | تىجارەت پۇنكىتى | يۇرچى |
| 558 | 472 | 317 | 326 | 178 | 191 | 104 | 205 | 121 | 132 | 50 | ئامانەت قەرز كوپېراتىپى | |
| 344 | 227 | 176 | 82 | 43 | 40 | 29 | 20 | 15 | 13 | 11 | تىجارەت پۇنكىتى | ئاچال |
| 237 | 164 | 84 | 64 | 48 | 131 | 97 | 74 | 65 | 55 | 28 | ئامانەت قەرز كوپېراتىپى | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## § 5. زايوم

**1. نەق نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان خەلق غالىبىيەت زايومى**

1950 - يىل 1 - ئايدا دۆلەت كەلپىندە نەق نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان خەلق غالىبىيەت زايومىنى تارقاتتى. ناھىيە بويىچە خەلق جەمئىي 2528 پارچە زايوم سېتىۋالدى.

**2. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى**

1954 - ، 1955 - ، 1956 - يىللىرى پۈتۈن ناھىيە خەلقى جەمئىي 44 مىڭ 493 يۈەنلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى سېتىۋالدى.

**3. دۆلەت خەزىنە چېكى**

1981 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت دۆلەت خەزىنە چېكى قارقاتتى. كەلپىن خەلقى قىزغىن سېتىۋالدى، 1986 - يىلى 135 مىڭ يۈەنلىك، 1987 - يىلى 135 مىڭ يۈەنلىك، 1988 - يىلى 135 مىڭ يۈەنلىك، 1989 - يىلى 135 مىڭ يۈەنلىك خەزىنە چېكى سېتىۋالدى.

## § 6. سۇغۇرتا

1983 - يىلى سۇغۇرتىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇغۇرتا كەسپىنى ۋەكالىتەن باشقۇردى.

**1. سۇغۇرتا تۈرلىرى**

كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپنىڭ جىسمانى سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل سۇغۇرتا كەسپى يولغا قويۇلدى.

**2. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى**

1983 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىلدا جەمئىي 77 مىڭ 191.03 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلدىكىسى 3124 يۈەن، 1984 - يىلدىكىسى 3247.2 يۈەن، 1985 - يىلدىكىسى 15 مىڭ 979 يۈەن، 1986 - يىلدىكىسى 14 مىڭ 187يۈەن، 1987 - يىلدىكىسى 13 مىڭ 377 يۈەن، 1988 - يىلدىكىسى 16 مىڭ 184.72 يۈەن، 1989 - يىلدىكىسى 11 مىڭ 92.16 يۈەن.

**3. تۆلەم**

1983 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىلدا جەمئىي 42 مىڭ 454.45 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، تۆلەم نىسبىتى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ 54.99 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1984 - يىلى 77. 75 يۈەن، 1985 - يىلى 9756 يۈەن، 1986 - يىلى 8155.49 يۈەن، 1987 - يىلى 727 يۈەن، 1988 - يىلى 13 مىڭ 733.47 يۈەن، 1989 - يىلى 6277.21 يۈەن، 1990 - يىلى 3727.53 يۈەن تۆلەپ بېرىلدى. سۇغۇرتا كەسپى بويىچە تۆلەمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# سىياسىي پارتىيىلەر . ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# سىياسىي پارتىيىلەر. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىر تۈركۈم ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇاڭ خو چىڭ، لىن جىلۇ، چېڭ جيۈكې قاتارلىق ئون كىشى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئامما بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ياشلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتى بىلەن پائال شۇغۇللاندى، ماركسىزم، لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلدى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، قاتناشنى ياخشىلاپ، مەكتەپ ئېچىپ ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى كەلپىن ناھىيىسىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

1950 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ناھىيىدىكى ئىدارە - ئورۇنلاردىن تۇنجى تۈركۈم پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 11 - ئايدا تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1952 - يىلى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى يېزىلاردا تۇنجى تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە پارتىيە تەشكىلاتى تېز تەرەققىي قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ بولۇپ قالدى، پارتىيىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تەدرىجىي نورماللاشتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 1145 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 986، ئايال 159؛ خەنزۇ 106، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 1039؛ رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 1059، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 86. 1990 - يىلى پارتىيە ئەزالىرى سانى 1340 قا يەتتى.

جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسى (شيەنداڭبۇسى) مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈچ رايونلۇق پىرقە (چۇ داڭبۇ)، ئىككى بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە رايونلۇق پىرقە (چۇفېنبۇ)، ئون شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى. گومىنداڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپ 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ

يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر جەمئىي 150 نەپەر گومىنداڭ پارتىيىسى ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسى، ئاياللار ئۇيۇشمىسى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار جەمئىيىتى (كەمبەغەل، ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى)، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى (يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى)، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىن ئىبارەت ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى.

# باب I

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

مىنگونىڭ 27 - يىلى(1938 - يىلى) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خۇاڭ مىنغۇ (ئەسلى ئىسمى خۇاڭ خوچىڭ) قاتارلىق ئون نەپەر ئەزاسى ئاقسۇ رايونىغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 2 - ئايدا ئاقسۇ رايونىنىڭ مەمۇرىي ۋالىيسى خۇاڭ مىنغۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە كەلپىنگە كېلىپ، ئۆزى بىلگەن ئەسكىلىكنى قىلغان كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىنى مەنسىپىدىن قالدۇردى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) كەلپىن قارا يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇبىن (كوممۇنىست ماۋزېمىن) كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇردى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 2 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئاقسۇ، ئاقسۇ كونا شەھەر، ئاۋات، كەلپىن ناھىيىلىرى باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان چېڭ جيۇكى (كوممۇنىست) كەلپىن ناھىيىسىنىڭ باج خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

شىنجاڭ 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەن 2 - جۇن پىيادە ئەسكەرلەر 5 - شىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مىللىي ئارمىيە 13 - شى 37 - تۇەندىن ئىمىر باقى كەلپىنگە مۇۋەققەت ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلدى.

## § 1. ناھىيىلىك پارتكوم

1950 - يىل 3 - ئايدا 2 - جۇننىڭ 5 - شىسى تيەن دېسەي، جاڭ گۇڭباۋ قاتارلىق ئون كادىرنى

www.uyghurkitap.com

كەلپىنگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تېيەن دىيسەي شۇجىلىققا تەيىنلەندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە پارتكومنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كاتىبات ئىشخانىسى (1959 - يىلى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى)، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (1956 - يىل 4 - ئايدا رېۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى)، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى (1962 - يىل 9 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1963 - يىلى قايتا تەسىس قىلىندى)، مالىيە - سودا بۆلۈمى (1965 - يىلى مالىيە - سودا - سىياسىي بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىل 1 - ئايدا مالىيە - ئىقتىساد - سىياسىي بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى)، پارتىيە مەكتىپى، ئارخىپخانا، ئورگان پارتكومىدىن ئىبارەت بولدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرى ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ناھىيىلىك پارتكومىدىن ھوقۇق تارتىۋالدى، ناھىيىلىك پارتكوم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1970 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى (1973 - يىلى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى)، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، ئارخىپخانا، ئورگان پارتكومى قۇرۇلدى. 1970 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1973 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومغا تەۋە ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى خىزمەت باشلىدى. شۇ چاغدا پارتكوم قارمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، ئارخىپخانا، ئورگان پارتكومى بار ئىدى.

1980 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى يېزا خىزمەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى (قىسقارتىلىپ ‹زەربە بېرىش ئىشخانىسى› دەپ ئاتالدى، 1987 - يىل 7 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) قۇرۇلدى. 1985 - يىلى پارتىيە تارىخى - ناھىيە تەزكىرىسى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

## § 2 . ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى

### 1 . پارتىيە ياچېيكىسى كومىتېتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىل 11 -

ئايدا كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى يەنى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى ، ئۇ-نىڭدا توققۇز پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى . 1952 - يىلى يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى قانات يايدۇ-رۇلغاندا باغلىق كەنتىدە ناھىيە بويىچە تۇنجى يېزا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى . 1954 - يىلدىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ، يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ۋە گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرى-كىتى داۋامىدا ناھىيە بويىچە پارتىيە تەشكىلى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى . يېزىلاردا ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى بىرلىك قىلىنىپ پارتىيە ياچېيكىلىرى قۇرۇلدى ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلى-رى بىرلىك قىلىنىپ پارتىيە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى ؛ سودا - سانائەت ، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئا-دەتتە ، شۇ ئورۇن ئاساس قىلىنىپ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى . 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە 22 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ بولغان ئىدى . 1966 - يىلدىكى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىلگىرى ناھىيە بو-يىچە 43 پارتىيە ياچېيكىسى بار ئىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن كېيىن ، ھەر قايسى ئو-رۇنلاردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى . 0197 - يىلى پارتىيە تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېين ، ياچېيكىلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . 1976 - يىلغا كەلگەندە ، ناھىيە بويىچە 55 پارتىيە ياچېيكىسى بار بولدى . 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيك-سى 80 گە ، 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيكىسى 98 غا يەتتى .

## 2 . پارتىيە باش ياچېيكا كومىتېتى

1957 - يىل 2 - ئايدا ئورگان باش ياچېيكىسى كومىتېتى قۇرۇلۇپ ، مۇستەقىل خىزمەت ئاپپاراتى بولدى . 1966 - يىل 5 - ئايدا ئورگان پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى . 1956 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە جەمئىي تۆت باش ياچېيكا كومىتېتى يەنى ئارايماق يېزىلىق ، تومىېرىق يېزىلىق ، باغ قاشېرىق يېزىلىق ، قۇملۇق يېزىلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى كومىتېتلىرى بار بولدى .

## 3 . ئاساسىي قاتلام پارتكوملىرى

1951 - يىل 8 - ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئۈچ رايوندا بىرلا ۋاقىتتا رايونلۇق ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قۇرۇلدى . 1958 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە گۇڭشېلىشىش يېزىلغا قويۇلۇپ ، 1 - رايونلۇق كومىتېت « قىزىلبايراق » 1 - گۇڭشې پارتكومغا ، 2 - رايونلۇق كومىتېت « قىزىلبايراق » 2 - گۇڭشې پارت-كومغا ، 3 - رايونلۇق كومىتېت « قىزىلبايراق » 3 - گۇڭشې پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى . 1959 - يىل 7 - ئاي-دا يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا « قىزىلبايراق » 1 - گۇڭشې پارتكومى « 1 -ماي » گۇڭشې پارتكومغا ، « قىزىلبايراق » 2 - گۇڭشې پارتكومى « 1 - ئىيۇل » گۇڭشې پارتكومغا ، « قىزىلبايراق » 3 - گۇڭشې پارت-كومى « 1 - ئۆكتەبىر » گۇڭشې پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى . 1984 - يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا گۇڭشې ئە-مەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، يېزا قۇرۇلدى . « 1 - ماي » گۇڭشې پارتكومى گەزلىك يېزىلىق پارتكومغا ، « 1 - ئى-يۇل » گۇڭشې پارتكومى يۇرچى يېزىلىق پارتكومغا ، « 1 - ئۆكتەبىر » گۇڭشې پارتكومى ئاچال يېزىلىق پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، سابىق قارا كۆت چوڭ ئەترىتى ئاساسىدا كەلپىن بازىرى قۇرۇلدى ھەم بازارلىق پارتكوم تەشكىللەندى .

www.uyghurkitap.com

## § 3. پارتىيە ئەزالىرى

### 1. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى

منگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە كومپارتىيە ئەزاسى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنى ئاكتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، پارتىيە تەشكىلى دەل ۋاقتىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئاكتىپلار ئىچىدىن پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇردى. 1950 - يىل 7 - ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە - ئورگانلاردىن تۇنجى تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئۇلار ئىمىر باقى، يەن شىمىن، مامۇت ھاجى، ئايىمخانلار ئىدى. 1952 - يىل 2 - ئايدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 1 - رايون 2 - يېزىدىن كەلپىن يېزىلىرى بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە يەتتە نەپەر پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئۇلار تالىپ ھوشۇر، روزى ئىسمايىل، ئالتۇنخان سايىم، قەلەمخان، مۇھەممەت ئابلا، مۇھەممەت رەھىم، ئىسمايىل قۇربانلار ئىدى. 1966 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 663كە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغاچقا، 1967 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى. 1970 - يىل 2 - ئايدا «پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. لېكىن «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى ۋە تەرەپبازلىقنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، پارتىيە تەشكىلاتى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىدە نورمالسىز ھالەت پەيدا بولۇپ، شەرتى توشمايدىغان بەزى كىشىلەرمۇ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 1971 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي تۈرمۇشى ئەسلىگە كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 1966 - يىلدىكى 636 كىشىدىن 740 كىشىگە كۆپەيدى. 1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ئاكتىپ، ئېھتىياتچان بولۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلدى، 1985 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 1145 كە يەتتى.

### 2. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا كادىرلار ئاساس قىلىنغاندى؛ 1955 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلارنىڭ سانى كۆپ سانىنى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە بولۇپ، ئاز ساندا زىيالىيلار بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەردىن ئىبارەت بولدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن زور تۈركۈم مۇنەۋۋەر زىيالىيلار ۋە باشقا ئىلغارلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

### 3. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى تەدرىجىي تۇرغۇزۇلۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» (پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى، ياچېيكا يىغىنى، پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، پارتىيە دەرسى) تۈزۈمى ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا ئومۇميۈزلۈك، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى. ئادەتتە، ئايدا بىر قېتىم پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تۇرمۇش يىغىنى ئېچىلدى. ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنى قەرەلسىز ئېچىلىپ تۇردى. ھەر ئايدا بىر قېتىم پارتىيە دەرسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى نائىلاج توختىتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يەنە ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### 4. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش

1952 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە مەركەزلىك ھالدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىدىكى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى داۋامىدا ئاشكارىلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىندى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىلدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىدە ناھىيە بويىچە بىر قېتىم «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» نۇقتىلىق مەزمۇن قىلىنغان «پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، پارتىيە قۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى خاتا بولغاچقا، گەرچە پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم يولداشلارغا ئازار بېرىلدى، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىلدى. بۇ شۇ چاغدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1970 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بىر قېتىم «كونىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىنى قوبۇل قىلىش» تىن ئىبارەت پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بىر قىسمى بولدى. تەرەپبازلىقنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ ھەرىكەت پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە يەنە بىر قېتىم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش، پارتىيە ئەزالىرىنى يېڭىباشتىن تىزىملاش ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيە تەشكىلى ساغلاملاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى.

### 5. پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلەش

1959 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش ئاساس قىلىندى، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلدى. پارتىيە مەكتىپى ھەر يىلى ئىككى - ئۈچ قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشتا ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ تۇردى. 1967 - يىلغىچە پارتىيىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش بويىچە 21 قارار تۇرلۇك كۇرس ئېچىلىپ، 1892 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن پارتىيە مەكتىپى تاقالدى. 1973 - يىلى پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1989 - يىلغىچە جەمئىي 18 قارار كۇرس ئېچىلىپ پارتىيە ئەزالىرىدىن 982 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

## جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 13 ـ 1

| يىللار | پارتىيە تەشكىلاتى / تۈرلەر | جەمئىي | سانائەت | قاتناش | يېزا ئىگىلىكى | مالىيە ـ سودا | مەدەنىيەت، سەھىيە | ئاساسىي قۇرۇلۇش | ئورگان | باشقىلار | رايونلۇق پارتكوم | پارتىيە گۇرۇپپىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | ياچېيكا | 1 | | | | | | | 1 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1951 | ياچېيكا | 1 | | | | | | | 1 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1952 | ياچېيكا | 2 | | | 1 | | | | 1 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1953 | ياچېيكا | 4 | | | 1 | | | | 3 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1954 | ياچېيكا | 9 | | | 3 | | | | 6 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1955 | ياچېيكا | 14 | 9 | | | | | | 5 | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | | | | 1 | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 4 | | | | | | | | | 3 | 1 |
| 1956 | ياچېيكا | 16 | | | 7 | 2 | | | 7 | | | |
| | باش ياچېيكا | 4 | | | 4 | | | | | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1957 | ياچېيكا | 15 | | | 7 | 2 | | | 5 | 1 | | |
| | باش ياچېيكا | 5 | | | 4 | | | | 1 | | | |
| | پارتكوم | 3 | | | | | | | | | 3 | |
| 1958 | ياچېيكا | 22 | 3 | | 12 | 3 | | | 4 | | | |
| | باش ياچېيكا | 12 | 11 | | | | | | 1 | | | |
| | پارتكوم | 4 | 1 | | | | | | | | 3 | |
| 1959 | ياچېيكا | 29 | 2 | 2 | 15 | 2 | | | 7 | 1 | | |
| | باش ياچېيكا | 2 | | | 1 | | | | 1 | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 4 | 1 | | | | | | | | 2 | 1 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 7 | | | 2 | 16 | 1 | 1 | 28 | ياچېيكا | |
| | | | 1 | | | | 2 | | | 3 | باش ياچېيكا | 1960 |
| 1 | 3 | | | | | | | | | 4 | پارتكوم (گۇرۇپپا) | |
| | | | | | | | | | | 31 | ياچېيكا | |
| | | | 1 | | | | 2 | | | 3 | باش ياچېيكا | 1961 |
| 1 | 3 | | | | | | | | | 4 | پارتكوم (گۇرۇپپا) | |
| | | | 14 | | | | | | | 37 | ياچېيكا | |
| 0 | | | 1 | | | | 1 | | | 2 | باش ياچېيكا | 1962 |
| 1 | 3 | | | | | | | | | 4 | پارتكوم (گۇرۇپپا) | |
| | | | | | | | | | | 42 | ياچېيكا | |
| | | | 1 | | | | 1 | | | 2 | باش ياچېيكا | 1963 |
| | 3 | | | | | | | | | 3 | پارتكوم | |
| | | | 11 | | | | | | | 41 | ياچېيكا | |
| | | | | | | | 1 | | | 2 | باش ياچېيكا | 1964 |
| | 3 | | | | | | | | | 3 | پارتكوم | |
| | | | 2 | 3 | 1 | 6 | 22 | | | 42 | ياچېيكا | |
| | | | 1 | | | 1 | 2 | | | 4 | باش ياچېيكا | 1965 |
| 1 | 2 | | | | | | | | | 3 | پارتكوم (گۇرۇپپا) | |
| | | | | | | | | | | 43 | ياچېيكا | |
| | | | | | | | | | | 1 | باش ياچېيكا | 1966 |
| 1 | | | 1 | | | | 3 | | | 5 | پارتكوم (گۇرۇپپا) | |
| | | 1 | 7 | | 3 | 6 | 22 | 1 | 3 | 43 | ياچېيكا | |
| | | | 1 | | | | | | | 1 | باش ياچېيكا | 1971 |
| | | | 1 | | | | 3 | | | 4 | پارتكوم | |
| | | 1 | 7 | | 3 | 6 | 22 | 3 | 3 | 44 | ياچېيكا | |
| | | | | | | | | | | | باش ياچېيكا | 1972 |
| | | | | | | | 3 | | | 3 | پارتكوم | |
| | | | 8 | | 1 | 9 | 24 | 1 | 5 | 48 | ياچېيكا | |
| | | | | | | | | | | | باش ياچېيكا | 1973 |
| | | | 1 | | | | 3 | | | | پارتكوم | |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | ياچېيكا | 55 | 4 | 2 | 25 | 9 | 6 | | 9 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 4 | | | 3 | | | | 1 | | | |
| 1976 | ياچېيكا | 54 | 4 | 1 | 25 | 9 | 6 | | 9 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 4 | | | 3 | | | | 1 | | | |
| 1977 | ياچېيكا | 58 | | | | | | | | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 4 | | | 3 | | | | 1 | | | |
| 1978 | ياچېيكا | 58 | | | | | | | | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | 1 | | | | | | |
| | پارتكوم | 4 | | | 3 | | | | 1 | | | |
| 1979 | ياچېيكا | 61 | | | | | | | | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | 1 | | | | | | |
| | پارتكوم | 4 | | | 3 | | | | 1 | | | |
| 1980 | ياچېيكا | 60 | 5 | 1 | 28 | 8 | 7 | | 11 | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | 1 | | | | | | |
| | پارتكوم | 4 | | | 3 | | | | 1 | | | |
| 1981 | ياچېيكا | 64 | 3 | 1 | 30 | 9 | 9 | 1 | 11 | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | 1 | | | | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 5 | | | 3 | | | | 1 | | | 1 |
| 1982 | ياچېيكا | 71 | 3 | 1 | 30 | 11 | 14 | 1 | 11 | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | 1 | | | | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 5 | | | 3 | | | | 1 | | | 1 |
| 1983 | ياچېيكا | 74 | 3 | 2 | 37 | 9 | 5 | | 18 | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | 1 | | | | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 5 | | | 3 | | | | 1 | | | 1 |
| 1984 | ياچېيكا | 74 | 3 | 2 | 37 | 9 | 5 | | 18 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 12 | | | 3 | 1 | | | 1 | 1 | | 6 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | ياچېيكا | 80 | 3 | 2 | 31 | 13 | 14 | 1 | 16 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم(گۇرۇپپا) | 13 | | | | 1 | | | 5 | 1 | | 6 |
| 1986 | ياچېيكا | 81 | 4 | 2 | 31 | 13 | 14 | | 17 | | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم (گۇرۇپپا) | 14 | | | | 1 | | | 6 | 1 | | 6 |
| 1987 | ياچېيكا | 85 | 4 | 2 | 30 | 14 | 16 | | 18 | 1 | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | | 1 | | | | | |
| | پارتكوم | 14 | | | | 1 | | | 7 | | | 6 |
| 1988 | ياچېيكا | 87 | 3 | 2 | 26 | 13 | 19 | | 23 | 1 | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | | 1 | | | | | |
| | پارتكوم | 7 | | | | 1 | | | 6 | | | |
| 1989 | ياچېيكا | 89 | 3 | 2 | 28 | 13 | 20 | | 23 | | | |
| | باش ياچېيكا | 1 | | | | | 1 | | | | | |
| | پارتكوم | 7 | | | | 1 | | | 6 | | | |
| 1990 | ياچېيكا | 96 | 4 | 2 | 28 | 13 | 22 | | 26 | 1 | | |
| | باش ياچېيكا | | | | | | | | | | | |
| | پارتكوم | 7 | | | | 1 | | | 6 | | | |

ئىزاھات: 1967 - يىلدىن 1970 - يىلغىچىلىك ۋە 1974 - يىللىق سانلىق مەلۇماتلار كەم.

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جىنسى، كەسپى قۇرۇلمىسى

جەدۋەل 13—2

| تۈرلەر / يىللار | ئادەم سانى | | | | | كەسپى | | | | كەسپلەرگە تارقىلىشى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەر | ئايال | رەسمىي | كاندىدات | كادىر | ئىشچى | دېھقان-چارۋىچى | باشقىلار | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق | سانائەت، قاتناش | سودا، مالىيە، باج، پۇل-مۇئامىلە | سەھىيە، مائارىپ | پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى | باشقىلار |
| 1950 | 8 | 7 | 1 | 6 | 2 | 7 | | | 1 | | | 1 | | 7 | |
| 1951 | 14 | 12 | 2 | 10 | 4 | 11 | | 3 | | | | | | 14 | |
| 1952 | 41 | 33 | 8 | 23 | 18 | 34 | | 7 | | | | | | | |
| 1953 | 45 | 37 | 8 | 31 | 14 | 36 | 1 | 6 | 2 | 7 | | | 1 | 37 | |
| 1954 | 65 | 54 | 11 | 45 | 20 | 46 | | 19 | 1 | 24 | 1 | 4 | 1 | 35 | |
| 1955 | 143 | 129 | 14 | 81 | 62 | 65 | | 74 | 4 | 74 | | | | 65 | 4 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8 | 95 | 9 | 14 | 1 | 176 | 8 | 176 | 2 | 117 | 184 | 119 | 25 | 278 | 303 | 1956 |
| | 88 | 8 | 17 | 6 | 180 | 10 | 158 | 4 | 135 | 87 | 220 | 30 | 277 | 307 | 1957 |
| 30 | 57 | 8 | 6 | 8 | 174 | 13 | 146 | 7 | 117 | 18 | 265 | 30 | 253 | 283 | 1958 |
| 12 | 114 | 7 | 22 | 37 | 277 | 12 | 277 | 25 | 155 | 172 | 297 | 58 | 411 | 469 | 1959 |
| 10 | 136 | 15 | 65 | 66 | 334 | 10 | 418 | 21 | 177 | 258 | 368 | 98 | 530 | 626 | 1960 |
| 74 | 87 | 12 | 35 | 14 | 428 | | 493 | | 157 | 97 | 553 | 89 | 561 | 650 | 1961 |
| | 41 | 28 | 65 | 25 | 514 | | 514 | | 135 | 60 | 613 | 105 | 568 | 673 | 1962 |
| | | | | | | | 522 | | | 4 | 668 | 102 | 570 | 672 | 1963 |
| 3 | 128 | 12 | 46 | 33 | 433 | 3 | 433 | 35 | 194 | 4 | 661 | 97 | 568 | 665 | 1964 |
| 4 | 124 | 15 | 51 | 26 | 454 | 4 | 454 | 77 | 139 | 15 | 659 | 96 | 578 | 674 | 1965 |
| 1 | 133 | 15 | 53 | 28 | 436 | | 436 | 81 | 146 | 17 | 646 | 87 | 576 | 663 | 1966 |
| 19 | 127 | 19 | 46 | 43 | 490 | | 490 | 88 | 166 | | | 109 | 635 | 744 | 1971 |
| | 124 | 23 | 53 | 41 | 499 | 4 | 461 | 71 | 204 | | | 114 | 626 | 740 | 1972 |
| 4 | 118 | 24 | 68 | 32 | 526 | 1 | 526 | 27 | 218 | | | 112 | 660 | 772 | 1973 |
| | | | | | | | | | | | | | | 765 | 1974 |
| 6 | 158 | 38 | 48 | 54 | 552 | 10 | 556 | 68 | 222 | | | 124 | 732 | 856 | 1975 |
| | 171 | 26 | 63 | 41 | 565 | 15 | 543 | 59 | 249 | | | 121 | 745 | 866 | 1976 |
| | | | | | | | 639 | | | 60 | 813 | 122 | 751 | 873 | 1977 |
| | | | | | | | 666 | | | 51 | 865 | 133 | 793 | 926 | 1978 |
| | | | | | | | 657 | | | 27 | 917 | 133 | 811 | 944 | 1979 |
| | 198 | 59 | 93 | 50 | 644 | 3 | 750 | 76 | 215 | 85 | 959 | 153 | 891 | 1044 | 1980 |
| | 221 | 52 | 82 | 71 | 729 | 5 | 636 | 66 | 448 | 82 | 1073 | 165 | 990 | 1155 | 1981 |
| | 243 | 78 | 93 | 56 | 616 | 10 | 586 | 131 | 359 | 23 | 1063 | 144 | 942 | 1086 | 1982 |
| 8 | 264 | 65 | 76 | 112 | 580 | 30 | 529 | 116 | 420 | 15 | 1070 | 160 | 925 | 1085 | 1983 |
| 8 | 264 | 70 | 74 | 110 | 560 | 34 | 525 | 119 | 408 | 16 | 1070 | 161 | 925 | 1086 | 1984 |
| 4 | 281 | 108 | 96 | 56 | 600 | 67 | 555 | 118 | 405 | 86 | 1059 | 159 | 988 | 1145 | 1985 |
| 1 | 320 | 113 | 96 | 63 | 609 | 99 | 567 | 92 | 444 | 58 | 1144 | 165 | 1037 | 1202 | 1986 |
| 4 | 358 | 124 | 115 | 73 | 572 | 53 | 548 | 125 | 520 | 62 | 1184 | 180 | 1066 | 1246 | 1987 |
| 9 | 436 | 134 | 85 | 34 | 561 | 3 | 553 | 144 | 705 | 50 | 1239 | 190 | 1099 | 1289 | 1988 |
| 3 | 458 | 149 | 98 | 58 | 539 | 3 | 517 | 138 | 574 | 39 | 1266 | 185 | 1120 | 1305 | 1989 |
| 5 | 446 | 169 | 102 | 63 | 555 | 5 | 523 | 139 | 585 | 38 | 1302 | 200 | 1140 | 1340 | 1990 |

ئىزاھات: 1967 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانلىق مەلۇماتلار كەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مىللىتى، يېشى، پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 13 ـ 3

| تۈرلەر / يىللار | پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | مىللىتى | | | يېشى | | | | | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | باشقىلار | 25 ياشتىن تۆۋەنلەر | 26 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغانلار | 36 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلار | 46 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغانلار | 60 ياشتىن يۇقىرىلار | 1937 - يىل 7 - ئايدىن 1945 - يىل 9 - ئايغىچە | 1945 - يىل 10 - ئايدىن 1949 - يىل 9 - ئايغىچە | 1949 - يىل 10 - ئايدىن 1966 - يىل 4 - ئايغىچە | 1966 - يىل 5 - ئايدىن 1976 - يىل 10 - ئايغىچە | 1976 - يىل 11 - ئايدىن 1990 - يىلغىچە |
| 1950 | 8 | 5 | 3 | | 4 | 4 | | | | 2 | 1 | 5 | | |
| 1951 | 14 | 8 | 6 | | 6 | 8 | | | | 4 | 3 | 7 | | |
| 1952 | 41 | 28 | 13 | | | | | | | | | | | |
| 1953 | 45 | 36 | 8 | 1 | 15 | 30 | | | | 1 | 14 | 30 | | |
| 1954 | 65 | 26 | 39 | 1 | 28 | 37 | | | | 1 | 13 | 51 | | |
| 1955 | 143 | 31 | 112 | | 47 | 95 | | 1 | | | 7 | 136 | | |
| 1956 | 303 | 31 | 271 | 1 | 106 | 195 | | 2 | | 3 | 15 | 285 | | |
| 1957 | 307 | 36 | 269 | 2 | 106 | 201 | | | | 18 | 23 | 266 | | |
| 1958 | 283 | 30 | 252 | 1 | 64 | 218 | | 1 | | | 20 | 263 | | |
| 1959 | 469 | 37 | 432 | | 102 | 158 | 195 | 14 | | 1 | 18 | 450 | | |
| 1960 | 626 | 32 | 594 | | 145 | 187 | 272 | 22 | | 1 | 14 | 611 | | |
| 1961 | 650 | 44 | 606 | | 177 | 176 | 267 | 30 | | 6 | 21 | 623 | | |
| 1962 | 673 | 46 | 627 | | | | | | | | | | | |
| 1963 | 672 | 50 | 616 | 6 | 142 | | 332 | 30 | | 6 | 31 | 230 | | |
| 1964 | 665 | 52 | 613 | | 79 | | 371 | 41 | | 1 | 25 | 639 | | |
| 1965 | 674 | 56 | 618 | | 66 | 162 | 399 | 47 | | 1 | 23 | 650 | | |
| 1966 | 663 | 60 | 603 | | 31 | 158 | 412 | 62 | | | 21 | 642 | | |
| 1971 | 744 | 60 | 683 | 1 | 55 | 250 | 415 | 24 | | | 16 | 625 | 103 | |
| 1972 | 740 | 55 | 684 | 1 | | 247 | 467 | 467 | 26 | | 15 | 611 | 114 | |
| 1973 | 772 | 51 | 720 | 1 | 19 | 221 | 494 | 38 | | | 14 | 606 | 152 | |
| 1974 | 765 | | | | | | | | | | | | | |
| 1975 | 856 | 57 | 799 | | 22 | 181 | 602 | 51 | | | 12 | 614 | 230 | |
| 1976 | 866 | 56 | 810 | | 30 | 167 | 607 | 62 | | | 12 | 608 | 246 | |
| 1977 | 873 | 71 | 802 | | | | | | | | | | | |
| 1978 | 926 | | | | | | | | | | | | | |
| 1979 | 944 | 86 | 858 | | | | | | | | | | | 231 |
| 1980 | 1044 | 90 | 954 | | 41 | 258 | 337 | 326 | 82 | | 11 | 516 | 286 | 279 |
| 1981 | 1155 | 109 | 1046 | | 48 | 288 | 426 | 346 | 47 | | 12 | 501 | 362 | 291 |
| 1982 | 1086 | 96 | 990 | | 28 | 255 | 409 | 346 | 48 | | 11 | 453 | 331 | 294 |
| 1983 | 1085 | 100 | 985 | | 29 | 248 | 409 | 356 | 43 | | 7 | 453 | 331 | 306 |
| 1984 | 1086 | 100 | 986 | | 37 | 251 | 403 | 352 | 43 | | 5 | 448 | 327 | 417 |
| 1985 | 1145 | 106 | 1039 | | 17 | 229 | 347 | 487 | 65 | | 2 | 407 | 319 | 471 |
| 1986 | 1202 | 113 | 1089 | | 24 | 254 | 370 | 489 | 65 | | 2 | 406 | 323 | 523 |
| 1987 | 1246 | 122 | 1124 | | 25 | 208 | 432 | 496 | 85 | | 4 | 446 | 273 | |
| 1988 | 1289 | 120 | 1169 | | 24 | 229 | 412 | 555 | 59 | | 4 | 432 | 283 | 570 |
| 1989 | 1305 | 128 | 1177 | | 34 | 251 | 392 | 569 | 59 | | 4 | 421 | 292 | 588 |
| 1990 | 1340 | 139 | 1201 | | 36 | 353 | 141 | 753 | 57 | | 4 | 394 | 280 | 622 |

ئىزاھات: 1967 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانلىق مەلۇماتلار كەم.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 13 ـ 4

| يىللار / تۈرلەر | پارتىيەئەزالىرى ئومۇمىي سانى | ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ | ساۋاتسىز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 8 | | | | 1 | 5 | 2 |
| 1951 | 14 | | | | 3 | 11 | |
| 1952 | 41 | | | | | | |
| 1953 | 45 | | | | 3 | 34 | 8 |
| 1954 | 65 | | | | 9 | 39 | 17 |
| 1955 | 143 | | | 1 | 20 | 79 | 43 |
| 1956 | 303 | | | | 24 | 237 | 42 |
| 1957 | 307 | | | | 31 | 205 | 71 |
| 1958 | 283 | | | | | 201 | 53 |
| 1959 | 469 | | | 2 | 56 | 291 | 120 |
| 1960 | 626 | | | 4 | 43 | 447 | 132 |
| 1961 | 650 | | | 8 | 65 | 423 | 154 |
| 1962 | 673 | | | 8 | 85 | 512 | 68 |
| 1963 | 672 | | | 10 | 85 | 507 | 70 |
| 1964 | 665 | | | 5 | 73 | 372 | 215 |
| 1965 | 674 | | | 8 | 82 | 368 | 216 |
| 1966 | 663 | 1 | | 7 | 101 | 347 | 207 |
| 1971 | 744 | 2 | | 7 | 135 | 600 | |
| 1972 | 740 | 1 | | 32 | 126 | 581 | |
| 1973 | 772 | 4 | | 24 | 129 | 615 | |
| 1980 | 1044 | 12 | 26 | 99 | 278 | 382 | 247 |
| 1981 | 1155 | 14 | 29 | 141 | 312 | 247 | 412 |
| 1982 | 1086 | 19 | 26 | 132 | 313 | 247 | 349 |
| 1983 | 1085 | 17 | 28 | 147 | 309 | 426 | 158 |
| 1984 | 1086 | 16 | 29 | 149 | 308 | 426 | 158 |
| 1985 | 1145 | 32 | 135 | 115 | 270 | 398 | 195 |
| 1986 | 1202 | 41 | 155 | 129 | 281 | 401 | 195 |
| 1987 | 1246 | 58 | 209 | 131 | 310 | 387 | 151 |
| 1988 | 1289 | 51 | 232 | 158 | 322 | 401 | 121 |
| 1989 | 1305 | 62 | 240 | 162 | 321 | 401 | 119 |
| 1990 | 1340 | 73 | 269 | 166 | 303 | 375 | 154 |

ئىزاھات: قىسمەن يىللاردىكى سانلىق مەلۇماتلار كەم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# § 4 . پارتىيە قۇرۇلتايلىرى

## 1 . ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى يېزا ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغان پەيتتە ئېچىلدى ، 1956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 29 ـ كۈنى ئاياغلاشتى ، يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل 36 ، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل توققۇز ؛ ئۇيغۇر ۋەكىل 30 ، خەنزۇ ۋەكىل 15 . بۇلار پۈتۈن ناھىيىدىكى 16 پارتىيە ياچېيكىسى ، 176 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلدى .

بۇ قېتىمقى يىغىندا مەركەزلىك مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ ، يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 12 يىللىق پىلانى ( لايىھە ) نى مۇزاكىرە قىلىش ، ۋىلايەتلىك پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش ، ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىك كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈش ، 1956 ـ يىلدىكى ھەر خىل خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى چىقىرىشتىن ئىبارەت بولدى . يىغىندا يەنە ياسىنوپ ئابلا بەرگەن خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى ، كامال ئەخمىدى بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى .

ياسىنوپ ئابلا ،كامال ئەخمىدى ، جاۋئەيشۇ ، ئابدۇراخمان ئىسلام ، سەيجىنجاۋ ، جاۋئەنجى ، ئىسمايىل قۇربان ، گۇسۇنخانلار ۋىلايەتلىك پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قىلىپ سايلاندى .

رەھبەرلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ۋاڭ فايۇەن ، ئەمەر يولبولدى ، مەمتىمىن ئەمەت ، جاۋئەنجى ، قۇربان قەمبەر ، ياسىنوپ ئابلا ، جاۋئەيشۇلاردىن ئىبارەت بولدى ، ياسىنوپ ئابلا رەھبەرلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى ، ۋاڭفايۇەن رەھبەرلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى .

## 2 . ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى

كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر يىغىنى 1958 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاياغلاشتى . يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى . ئۇلار پۈتۈن ناھىيىدىكى 22 پارتىيە ياچېيكىسى ، 174 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلدى .

يىغىندا ئاساسلىق قارالغان مەسىلىلەر 1956 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان تۆرلۈك خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش ، 1958 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 12 يىللىق پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكىدە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولدى . ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ سۇنجۇ ئىككى يىللىق خىزمەتلەردىن خۇلاسە دوكلات بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرىنىڭ چوقۇم ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئوڭچىل كونسېرۋاتىپلىق ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەنقىد قىلىپ ، پارتىيە تاپشۇرغان ھەر خىل خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى .

## 3 . ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى

1 ـ قۇرۇلتاي ناھىيە مىقياسىدا خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشقان ۋەزىيەتتە ، 1959 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاياغلاشتى . قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئاساسلىق رەھبەرلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چاقىرغان ئالتە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا قاتناشقاچ ـ

قا ، قۇرۇلتاي 20 كۈن توختاپ قالدى ، ئەمەلىيەتتە 12 كۈن ئېچىلدى ، قۇرۇلتايغا 65 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى ، 20 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ئۇلار ناھىيىدىكى 29 پارتىيە ياچېيكىسىغا ، 302 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلدى.

قۇرۇلتايدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىشلار قاراپ چىقىلدى: ياڭ جىنفېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ۋە جىڭجۇ يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايون ئاچقان ئالتە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. پارتىيىنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مۇھاكىمە قىلىنىپ ، توققۇز يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى؛ خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە مۇلۇكچىلىك مەسىلىسى ، 1959 - يىللىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نى قانداق ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى؛ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ياڭ جىنفېڭ ، توختى خۇدا بەردى ، قۇربان قەمبەر ، ليۇجىفا ، جاۋئەيشۇ ، جاۋتيەنزۇ ، ۋاڭفايۇەن ، مامۇت خۇدا بەردى ، جاڭ پېڭشۇەنلەردىن ئىبارەت. توققۇز نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى ، چىن شاۋشياڭ ، ۋاڭ لى ، ئىسمايىل قۇرباندىن ئىبارەت. ئۈچ نەپەر كاندىدات ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا ياڭ جىنفېڭ پارتكومغا شۇجى ، توختى خۇدا بەردى مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۆۋەندىكى بەش كىشىدىن تەشكىللەندى ، ئۇلار ياڭ جىنفېڭ ، توختى خۇدا بەردى ، قۇربان قەمبەر ، ليۇجىفا ، جاۋئەيشۇدىن ئىبارەت.

قۇرۇلتاي ياڭ جىنفېڭ ، قۇربان قەمبەرلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قىلىپ سايلىدى.

## 4 . ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيى

2 - قۇرۇلتاي 1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە ئېچىلدى ، قۇرۇلتايغا 78 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى ، 21 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. رەسمىي ۋەكىل ئىچىدە ئۇيغۇر 64 ، خەنزۇ 14 ، ئايال 12 بولۇپ ، ئۇلار ناھىيىدىكى 29 پارتىيە ياچېيكىسى ، 650 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلدى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق كۈن تەرتىپى ئالدىنقى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى توختى خۇدا بەردى ناھىيىلىك پارتكومغا ۋەكالىتەن «ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن دوكلات» بېرىش ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، ھاكىم قۇربان قەمبەر «1962 - يىلدىكى تۆرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات» بېرىش ، «1962 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى» نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش ، يېڭى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە رېۋىزىيە كومىتېتىنى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

قۇرۇلتاي خەلق گۇڭشېسى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ، «بىرىنچىدىن تەڭشەش ، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» ۋە «مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى» سەۋەنلىكى ھەمدە ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلاتنىڭ ئۇدا كېمىيگەنلىكى ۋە مالىيىدىكى قىزىل رەقەم قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھەر مىللەت خەلقىدىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

قۇرۇلتايدا يېڭى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ياڭ جىنفېڭ ، توختى خۇدا بەردى ، قۇربان قەمبەر ، لى زىچ-

ياڭ ، مامۇت خۇدا بەردى ، جاۋ ئەيشۇ ، جاۋتيەنزۇ ، ۋاڭلى ، جاڭ پېڭشۇەن ، ئىسمايىل قۇربان ، لى ياۋلاردىن ئىبارەت 11 نەپەر ئەزاسى ، جامال يۇسۇپ ، كەنجى روزى ، چېن شاۋشياڭدىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر كاندىدات ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى .

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ سەككىز نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى . توختى خۇدا بەردى شۇجى ( قوشۇمچە ) ، نى بىياۋ مۇئاۋىن شۇجى بولدى .

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەتتە كىشىدىن تەشكىللەندى ، ئۇلار ياڭ جىنفېڭ ، توختى خۇدابەردى ، قۇربان قەمبەر ،لى زىنچياڭ ، مامۇت خۇدابەردى ، جاۋ ئەيشۇ ، جاۋتيەنزۇدىن ئىبارەت . ياڭ جىنفېڭ شۇجى ، توختى خۇدابەردى مۇئاۋىن شۇجى بولدى .

قۇرۇلتاي كامىل راخمان ، قۇربان قەمبەرلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قىلىپ سايلىدى .

**5 . ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى**

3 - قۇرۇلتاي 1970 - يىل 9 -ئاينىڭ 21 - كۈنى چاقىرىلىپ ، 9 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاياغلاشتى . قۇرۇلتايغا 133 ۋەكىل سايلاندى ، ئەمەلىيەتتە يىغىنغا 128 ۋەكىل قاتناشتى ، بەش ۋەكىل سەۋەبلىك قاتناشمىدى ، 19 ۋەكىل تەكلىپ بىلەن قاتناشتى . بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ، بەزى خاتا قارارلارنى ماقۇللىدى .

قۇرۇلتايدا دياۋيۇنرۇي ( ھەربىي ۋەكىل )نىڭ پارتىيە يادرولۇق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى . ماۋجۇشىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانلىرى ، پارتىيىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيدا ماقۇللانغان يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى ۋە يېڭى ئاساسىي قانۇن ( لايىھە )ئۆگىنىلدى ، پارتىيە 9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ « ئاخباراتى » ئۆگىنىلىپ ، مۇزاكىرە قىلىندى . كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سەككىز يىلدىن بۇيانقى ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبىلىرى تەھلىل قىلىندى ، يەكۈنلەندى . ئۈچ ئىلغار كوللېكتىپ ، 19 نەپەر ئۈلگىلىك شەخسىنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى ۋە ئۆگىنىلدى ھەمدە قالما چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنى ناھىيە بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە موللاق ھەببۇللانى ناھىيە بويىچە ئىلغار شەخس قىلىپ تىكلەش توغرىسىدىكى قارار مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى .

قۇرۇلتايدا كەلپىندىكى ئاتالمىش « ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىچى » ، « يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر »لارنىڭ جىنايىتى پاش قىلىنىپ تەنقىد قىلىندى ھەمدە قۇربان قەمبەر ( ھاكىم )نى پارتىيىدىن چىقىرىش تەك خاتا قارار چىقىرىلدى .

قۇرۇلتاي پارتىيىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيدا ماقۇللانغان يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىگە ئاساسەن 3 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 19 ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى . ئۇلار دياۋيۇنرۇي ( ھەربىي ۋەكىل ) ، يۈباۋخۇا ( ھەربىي ۋەكىل ) ، دالى سابىر ، ۋاڭ چيەنرېن ( ھەربىي ۋەكىل ) ، ۋاڭ رۇيفېن ، موللاق ھەببۇللا ، جامال يۇسۇپ ( ھەربىي ۋەكىل ) ، دېڭ شۇشېڭ ، ئۆمەر قادىر ، دالى روزى ، چېن شاۋشياڭ ، جاۋ جىيۇەن ( ھەربىي ۋەكىل ) ، زورىخان ، ۋۇچىنيەن ، جاڭ جۇاڭ ، ليۇشىجۇن ، شۇجىنباۋ( ھەربىي ۋەكىل ) ، پاتەم مۇھەممەت ، دى ليەنكې ( ھەربىي ۋەكىل ) لاردىن ئىبارەت ؛ ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى دياۋيۇنرۇي ( ھەربىي ۋەكىل ) ، دالى سابىر ، جاڭ جۇاڭ ، شۇجىنباۋ ، جاۋجىيۇەندىن ئىبارەت بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى ، دياۋ يۇنرۇي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ، جاڭ جۇاڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى .

**6 . ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 4 - قۇرۇلتىيى**

4 - قۇرۇلتاي 1980 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چاقىرىلىپ ، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاياغلاشتى ،

قۇرۇلتايغا 107 رەسمىي ۋەكىل قاتنىششقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 102 ۋەكىل ( بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 16، ئۇيغۇر ۋەكىل 86، ئايال ۋەكىل 12 )، 14 كاندىدات ۋەكىل، سەككىز ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتاي پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانىنى ماقۇللىدى. ئالدىنقى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا خاتا ھالدا پارتىيىدىن چىقىرىلغان سابىق ھاكىم قۇربان قەمبەرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاقلىدى. كەلپىن ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

شى مىڭيى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتقا ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى خۇلاسىلىنىپ، ئۇن يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ كەلپىنگە كەلتۈرگەن زىيانلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

قۇرۇلتاي ئەمەلىيەت - ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، كەلپىن خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، كەلپىننىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

قۇرۇلتاي 19 كىشىدىن تەركىب تاپقان يېڭى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنى سايلاپ چىقتى، ئۇلار شى مىڭيى، مەمتىمىن مەمەت، توختى خۇدابەردى، يۈجۈگۈۋ، زەي جىشىڭ، دېڭ جىچىڭ، دالى سابىر، جاۋ جىيۇەن، مۇھەممەت كەنجى، دەي شىنجۇڭ، تالىپ ھوشۇر، جىن فۇجى، چېن شاۋشياڭ، تىلىۋالدى توختى، ئېلى سالى، ئابدۇراخمان ئىسلام، ناسىرنۇرى، ئۆمەر سابىت، پاتەم مۇھەممەتلەردىن ئىبارەت. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى مىڭيى، مەمتىمىن ئەمەت، توختى خۇدابەردى، يۈجۈگۈۋ، زەي جىشىڭ، دالى سابىر، جاۋجىيۇەندىن ئىبارەت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. مەمتىمىن ئەمەت، شى مىڭيى، توختى خۇدابەردى، يۈجۈگۈۋدىن ئىبارەت تۆت كىشى مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ سايلاندى. 1981 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەمتىمىن ئەمەتنى شۇجى قىلىپ تەيىنلىدى.

قۇرۇلتاي ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ئۇنىڭ ئەزالىرى توختى خۇدابەردى، جىڭ فۇجى، تالىپ ھوشۇر، دەي شىنجۇڭ، زەي جىشىڭ، ئابدۇرېھىم، شۇشىنچاڭدىن ئىبارەت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. توختى خۇدابەردى شۇجى، جىڭ فۇجى مۇئاۋىن شۇجى بولدى. قۇرۇلتاي مەمتىمىن ئەمەتنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قىلىپ سايلىدى.

## 7. ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 5 - قۇرۇلتىيى

5 - قۇرۇلتاي 1989 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئېچىلىپ، 7 - كۈنى ئاياغلاشتى. قۇرۇلتايغا 100 ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار ناھىيىدىكى 29 پارتىيە ياچېيكىسى، 1289 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدى. قۇرۇلتايغا 81 ئۇيغۇر ۋەكىل، 19 خەنزۇ ۋەكىل، 16 ئايال ۋەكىل قاتناشتى.

قۇرۇلتاي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى.

قۇرۇلتاي پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى ۋە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 5 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 18 نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى، ئۇلار لى چيەنەن، فەن مياۋ، ئابدۇراخمان ئەشەت، دەي شىنجۇڭ، فېي شىڭچېڭ، دالى سابىر، توختى ئىسمايىل، مەمتىمىن ئەمەت، تىلىۋالدى توختى، شۇشىڭچاڭ، جياۋشاۋ جيې، مۇھەممەت مۇسا، ۋاڭ دېيى، قاسىم مەخسۇت، توختى موللاك، مۇسا ئەيسا، تۇردى نۇر، جۇيەنجۇڭدىن ئىبارەت.

قۇرۇلتاي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئالتە نەپەر دائىمى ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى ، ئۇلار لى چيەننەن ، فەن مياۋ ، توختى ئىسمايىل ، ئابدۇراخمان ئەشەت ، دەي شىنجۇڭ ، فېيشىڭچېڭلاردىن ئىبارەت . لى چيەنـ نەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا ، فەن مياۋ ، توختى ئىسمايىللار مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى .

قۇرۇلتاي ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ يەتتە نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى . دائىمىي كومىتېت دەي شىنجۇڭ ، ئابلىز يولداش ، لىن شىيىڭ ، گۈلنىساخان ، ئابدۇرىشىت موللاقتىن ئىبا- رەت بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى . دەي شىنجۇڭ شۇجى بولدى .

## ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجى ، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 13 ـ 5

| ئىسىم-فامىلىسى | ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| تيەن دىسەي | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1953.7—1950.3 |
| يەن زىمىن | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى زىجۇ | 1958.8—1953.2 |
| ۋاڭ سۇنجۇ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي نىڭجىن | 1958.8—1957.7 |
| ياڭ جىنفىڭ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي جىڭدىڭ | 1963.10—1958.7 |
| شۆي خۇاڭ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى جىدمىن | 1966.1—1963.10 |
| چاڭ كۇچىڭ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | 1971.11—1965.12 |
| دياۋ يۇنرۇي | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ سەيشى | 1973.1—1970.12 |
| مەخمۇت ئەخمىدى | شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كۇچا | 1980.4—1973.1 |
| مەتىمىن ئەمەت | شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1987.6—1981.1 |
| لى چيەننەن | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خۇنەن جۇجۇ | 1987.8 ـ ھازىرغىچە |
| جۇچيۇەنجيا | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي | 1958—1956.9 |
| ياسىنوپ ئابلا | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر | 1965.10—1955.10 |
| ياڭ جىنفىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي جىڭدىڭ | 1965.9—1963.10 |
| توختىخۇدابەردى | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1963.6—1959.3 |
| لى زىچياڭ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋەنرۇڭ | 1969.4—1964.9 |
| جاڭ جۇاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | 1972.8—1970.12 |
| يەن جىلەي | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ جۇشەن | 1973.1 ـ( ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلمىدى ) |
| شى مىڭيى | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى فۇپىڭ | 1978.2—1973.1 |
| مەتىمىنئەمەت | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1981.1—1974.11 |
| توختى خۇدا بەردى | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1984.4—1979.11 |
| يۆجۇگۇۋ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ تيەنشۇي | 1986.7—1980.5 |
| ئۆمەر ساۋۇت | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1989—1984.7 |
| فەن مياۋ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سىچۇەن لۇجۇ | 1986.7 ـ ھازىرغىچە |
| توختى ئىسمايىل | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1986.7 ـ ھازىرغىچە |

## § 5 . تەشۋىقات ـ تەربىيە

### 1 . تەشۋىقات خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى دوكلات يىغىنى ئېچىش، تام گېزىتى، قارا دوسكا گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئاممىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، تەشۋىقاتچىلارنى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى، شۇ ئارقىلىق كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى، شەھەر ئاھالىسىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە قىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەشۋىقات بۆلۈمىنى ئاساس قىلىپ، رايون، يېزىلاردا رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىنى باشلامچى قىلىپ، كەنتلەردە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى (ياشلار ئىتتىپاقى)نى ئاساس قىلىپ تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ھەر خىل تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى.

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك تەشۋىقاتچى قويۇلدى. تەشۋىقاتچىلىقنى ئادەتتە، مەلۇم تەشۋىقات ئىقتىدارىغا ئىگە، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاممىۋى ئىچىدىكى ئاكتىپلار ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتى سىياسىتى ۋە مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. تەشۋىقات ئارقىلىق پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىلدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق يېڭى مۇناسىۋەتتى ئورنىتىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. بۇ تەشۋىقات خىزمىتى يەر ئىسلاھاتى مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش، فېئودال كۈچلەرنى يوقىتىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى داۋامىدا تەشۋىقات خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاياغ پارتىيىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش مەزگىلىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئاساسلىق ۋەزىپە قىلىندى. يېزىلارغا بارغان كادىرلار تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرگە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1957 ـ يىلدىن باشلاپ پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىش ئاساسلىق ۋەزىپە قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسىدىن ئىبارەت «ئۈچ قىزىل بايراق» زىچ دەۋر قىلىنغان ھالدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ ھەرىكەت كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى. لېكىن بۇ مەزگىلدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى كەم بولۇش، مۇبالىغىچىلىك قىلىش، سىنىپىي كۈرەشنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەش، زەربە بېرىش دائىرىسىنى بەك كېڭەيتىۋېتىش ئەھۋاللىرى ساقلانغانلىقتىن بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بېرىلدى.

1961 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىپ، 84 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا 532 ئادەم قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئالتە گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ 120 ئادەم قاتناشتى. گۇڭشې ئورگانلىرىدا ئىككى گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ 23 ئادەم قاتناشتى. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە سەككىز گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، 83 ئادەم قاتناشتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە يەتتە گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، 70 ئادەم قاتناشتى. زاۋۇت ـ كانلاردا يەتتە گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ 54 ئادەم (ئائىلە تاۋابىئاتلاردىن 13 كىشى) قاتناشتى. يېزىلاردا 54 گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، 152

www.uyghurkitap.com

ئادەم قاتناشتى. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىما ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشنى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ ئېھتىياجى قىلدى، ناھىيە بويىچە نۇرغۇن ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى مەيدانغا كەلدى.

1962 ـ يىلى يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى مەركەز قىلغان گۆڭشېنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلار ۋە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى خەلق گۆڭشېسى توغرىسىدىكى 60 ماددىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا ئالتە ئۆچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە پائال ئۇيۇشتۇردى. ئۆگىنىش ئارقىلىق 243 «بەشتە ياخشى» كادىر ۋە 2078 نەپەر «بەشتە ياخشى» گۆڭشې ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى. بۇ مەزگىلدە تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 16 چىراغ ئەترەتتە 88 تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تەشۋىقاتچىلار 248 گە يەتتى.

1963 ـ يىلى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە «قىزىللاشتۇرۇش»، «سادىقلىق ئۇسسۇلى» ئويناش، «ئەتىگەندە يوليورۇق سوراپ، كەچتە دوكلات قىلىش» قاتارلىقلار كەڭ يولغا قويۇلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى تەدرىجىي مۇنتىزىملىشىش يولىغا ماڭدى. پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلى ئەسلىگە كەلدى. تەشۋىقات تارماقلىرى تۈرلۈك مەركىزىي خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» مۇسابىقە پائالىيىتى، بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتى ۋە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش» خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىككى مەدەنىيەتلىك ئورۇن باھالاپ چىقىلدى. 29 ئورۇنغا «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ، 281 ئائىلىگە مەدەنىيەتلىك ئائىلە دەپ، 204 ئىشخانىغا مەدەنىيەتلىك ئىشخانا دەپ نام بېرىلدى. 38 ئورۇن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

## 2. نەزەرىيە ئۆگىنىش

1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە مەسئۇل بولدى، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەر ھەپتىدە سەككىز سائەت سىياسەت ـ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. سىياسىي ھەرىكەت ۋە مەركىزىي خىزمەتنى نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى.

1959 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى، پارتىيە مەكتىپى كادىرلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، كۇرسانت قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىلگىرىكى يېزا ـ كەنت كادىرلىرىدىن ناھىيە دەرىجىلىك بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگانلاردىكى كادىرلارغا كېڭەيتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دائىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ـ ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، بەزى ئورۇنلاردا ئىمتىھانمۇ ئېلىندى.

## § 6 . بىرلىكسەپ

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كۈندىلىك بىرلىكسەپ خىزمىتىگە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كاتىبات ئىشخانىسى، تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇل بولغانىدى. 1953 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىرلىكسەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرلىكسەپ بۆلۈمى دائىم دىنىي ساھەدىكىلەر، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەر، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە ساھەسىدىكىلەر ھەم ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بۈيۈك تەدبىرلىرىنى ئورتاق مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارغا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاق بولۇشنى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بىرلىكسەپ بۆلۈمى يەنە ھەر ساھە زاتلارنى باشقا جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، پەقەت سوتسىيالىزملا يېڭى جۇڭگونى گۈللەندۈرەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆز رولىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى.

50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كونا ھاكىمىيەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە پارتىيىنىڭ مىللىي ـ دىنىي سىياسىتىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، سودا ـ سانائەتچىلەرنى قوغداش، باي دېھقانلار ئىگىلىكىنى قوغداش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. دىنىي مەكتەپلەر ۋە خانىقالارنىڭ ئىگىلەپ تۇرغان يەرلىرىنى بىردەك ئۆتكۈزۈۋالدى؛ يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى خالىغان پومېشچىكلارنى كۆرەش قىلماسلىق ئۇسۇلىنى قوللاندى. پومېشچىكلار ئارىسىدىكى ئاما بىلەن مۇناسىۋىتى بار دىنىي زاتلارغا قارىتا مۇسادىرە قىلىشتا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى؛ تەسىرى چوڭراق دىنىي زاتلارنى يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆتكەلدىن قوغداپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

1958 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلدىكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىغىچە، ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتى بىر مەزگىل كاشىلىغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خاتا ھالدا، قىسمەن مىللىي ـ دىنىي زاتلار ۋە ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تارتىپ چىقىرىلىپ، كۆرەش قىلىندى، بىر قىسىم مەسچىتلەر بۇزۇۋېتىلدى، تاقىۋېتىلدى ياكى باشقا ئىشقا ئىشلىتىلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك بىرلىكسەپ سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1978 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتتە قايتقان 21 كىشىگە، 31 نەپەر سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋە مىللىي ـ دىنىي زاتقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلدى؛ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتتە قايتقان 45 نەپەر خادىمغا ھەقىقەتتە قايتقانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى؛ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ياسىغان، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن 99 مەسـ

چىت ـ خانىقا ئېچىپ بېرىلدى. دۆلەت يەنە 8000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، دىنىي ساھە، سودا ـ سانائەتچىلەر ساھەسى، زىيالىيلار ساھەسىدىكى تەسىرى بار، مۇئەييەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 40 كىشى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە پەسىل خاراكتېرلىك تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئەڭ كۆپ بولغاندا ئېيىغا 94 يۈەن، ئەڭ ئاز بولغاندا 18 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. بىر يىللىق چىقىم 18 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى1986 ـ يىل 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، ناھىيە بويىچە سەككىز كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى. بىركىشى ئاپتونوم رايون ئاچقان دىنىي كۇرستا بىلىم ئاشۇردى. بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدە ئوقۇدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دىنىي زات 115كە يەتتى.

40 يىلدىن بۇيان («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ناھىيە بويىچە دىنىي ساھەدىكى تەسىرى بار زاتلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا پائال قاتناشتى. تۆت كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى، بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. بىر قانچە كىشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى مىللىي ـ دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلارنى سىياسىي ـ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۆز ئورنىدا ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن سىرت، يەنە مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئاپتونوم رايون، قەشقەر، ئاقسۇلاردىكى سىياسىي مەكتەپلەرگە 60 كۇرسانت (قېتىم) ئەۋەتتى، ئۇلارغا دائىملىق تۇردە سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ـ دىنىي سىياسەت تەربىيىسى بەردى، ئۇلارنى جايلارنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى رولىنى پائال جارى قىلدۇردى.

مۇھاجىرلار سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلىپ مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئىككىگە، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق مۇھاجىر يەتتىگە يەتتى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئىككى نەپەر مۇھاجىر يۇرتىغا كېلىپ تۇغقان يوقلىدى؛ ناھىيىسكى ئامىدىن چەت ئەللەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ، پۇل ۋە خالتا (پوسۇلكا) ئەۋەتىشىدىغانلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى.

## § 7 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ رېۋىزىيە خىزمىتىگە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇل بولغانىدى. 1953 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى؛ ئۇ چاغدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس خادىمى يوق ئىدى. 1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياسىنوپ ئابلا ئۇنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ھەر قايسى رايونلۇق كومىتېتلارنىڭ شۇجىلىرى، يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا رېۋىزىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىپ، ياسـ

نوپ ئابلا قوشۇمچە شۇجى ، ۋاڭ فايۈەن مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 2 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا ۋۇـ جۇدقا كەلگەن رېۋىزىيە كومىتېتىغا تولۇقتى خۇدابەردى قوشۇمچە شۇجى، نى بياۋ مۇئاۋىن شۇجى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك 4 ـ قۇرۇلتىيى جۇڭگو كوممۇـ نىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 1984 ـ يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ ، دىڭ جىچىڭ شۇجى ، ئەمەت تەـ ۋەككۇل مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ( رېۋىزىيە كومىتېتى ) قۇرۇلغاندىن بۇيان ، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارغا ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىـ يە تەشكىلاتلىرىغا ماسلىشىپ ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، پارـ تىيىلىك كادىرلار ئىچىدە ساقلانغان سىياسەتنى ئىجرا قىلماسلىق ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىنتىزامنى بۇـ زۇش ، خىيانەتچىلىك ، ئوغرىلىق ، ھايانكەشلىك قىلىش ، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىش ، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىپ ئۆزىنى سەمرىتىش ، مەيدانىنى يوقىتىش ، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇـ زۇش ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قاتارلىق پارتىيە ئىنتىزامى ، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى بىر تەـ رەپ قىلدى.

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسىغا ئۇچراش ئەھۋالى

جەدۋەل 13—6

| تۈرى / سانى / يىلى | پارتىيىدىن چىقىرىلىشى | پارتىيىدە سىناقتا قالدۇرۇلغىنى | ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى | ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى | جازالانغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جەمئىي سانى | پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | جازالانغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرى سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى( % ) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 4 | 1 | 1 | | 6 | 12 | 303 | 3.96% |
| 1957 | 2 | 1 | | 3 | | 6 | 307 | 1.95% |
| 1958 | 7 | 2 | 2 | 3 | 6 | 20 | 283 | 7.07% |
| 1959 | 1 | 1 | | 3 | 1 | 6 | 469 | 1.26% |
| 1960 | 3 | 5 | 1 | 7 | 1 | 17 | 626 | 2.71% |
| 1961 | 4 | 5 | 2 | 5 | 1 | 17 | 650 | 2.62% |
| 1962 | 2 | 1 | 1 | 6 | 2 | 12 | 673 | 1.78% |
| 1963 | 4 | 3 | | 1 | 4 | 12 | 672 | 1.79% |
| 1964 | | | | | . | | 665 | |
| 1965 | 7 | 4 | 1 | 10 | 5 | 27 | 674 | 4% |

1980 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇ ، ئاساسلىقى ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى تۇتتى. خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بەردى ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى خىزمىتىگە قاتناشتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە قۇـ

رولۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشكە ھەمكارلاشتى. ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش داۋامىدا ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قاتناشتى. تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش، خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، رېۋىزىيە، تەپتىش، مۇپەتتىشلىك، سودا ـ سانائەت، باج تارماقلىرى قاتارلىق ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارغا يېقىندىن ماسلىشىپ، قوغداش، جازالاش، نازارەت قىلىش، تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش قوشۇنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى بىلەن ئاممىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى.

# II باب

# جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسى

گومىنداڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسى (شيەنداڭبۇسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەلپىندە قۇرۇلدى. 6 ـ ئايدا جۇڭگو گومىنداڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسىنى قۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، ھاكىم جۇمىڭيۈەن قوشۇمچە شۇجىجاڭ بولدى. قۇرۇلۇش يىغىنىدا 55 نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسىغا ئەزالىق كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ناھىيىلىك پىرقە قارمىقىدا رايونلۇق پىرقىدىن (چۈداڭبۇ)دىن بىرى، رايونلۇق شۆبە پىرقە (چۈفىنبۇ)دىن تۆتى، گۇرۇپپىدىن توققۇزى قۇرۇلدى.

گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىگە كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گومىنداڭ بىلەن شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرى ئارىسىدا ئىمزالانغان بىتىمغا ئاساسەن، ناھىيىلەردە «خەلقچىل سايلام» ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى. كەلپىن ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقچىل سايلام» دا سابىق ھاكىم، گومىنداڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى جۇمىڭيۈەن سايلامدىن چۈشۈپ قالدى. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق گارنىزونىنىڭ سىلىڭبۇسى جۇمىڭيۈەننى كەلپىن ناھىيىسىگە يەنىلا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى قىلىپ ئەۋەتتى ھەم كەلپىن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش مەخسۇس يېتەكچى خادىمى قىلىپ تەيىنلىدى، ھاكىم ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا قويۇلدى. جۇمىڭيۈەن كەلپىنگە كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ھەدەپ تەرەققىي قىلدۇردى. ھەر قايسى رايونلۇق شۆبە پىرقىلەرنىڭ شۇجىلىقىنى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلىدىن 38 ـ يىلىغىچە (1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە) ناھىيە بويىچە جەمئىي 170 ئىشپىيون، پايلاقچى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيون 24 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئەزاسى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

منگونىڭ 38 - يىلى ( 1949 - يىلى ) ناھىيە بويىچە 150 نەپەر گومىنداڭ ئەزاسى ، ناھىيىلىك پىرقە قارىمىقىدا ئۈچ رايونلۇق پىرقە ، ئىككى بىۋاستە قاراشلىق رايونلۇق شۆبە پىرقە ، ئون رايونلۇق شۆبە پىرقە بار ئىدى. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىلىرى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ كەلپىن ناھىيىلىك پىرقىسىمۇ تارقىلىپ كەتتى .

# III باب

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

## § 1 . ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ( قىسقارتىلىپ « ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى » دەپ ئاتالدى ) نىڭ كەلپىن شۆبىسى منگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى ) 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلدى. مۇھەممەت ھاجى رەئىس ، ئەرشىدىن موللا مۇئاۋىن رەئىس بولدى. موللا مامۇت ، موللاق ، قادىر مىراپ ، مۇسا مىراپ ، ئەمەت شاڭيۇ ، ھەققۇل شاڭيۇ ، رىشىت ھاجى ، سىيىت شاڭيۇ ، نىياز شاڭيۇ ، يولداش قازى ، موللا ياقۇپ ئىجرائىي ھەيئەت بولدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا تۆت بۆلۈم تەسىس قىلىندى ، منگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) غىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلاندى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى يىغىۋالىدىغان ئۆشرە - زاكات تەخمىنەن 200 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. خىراجەت مەنبەسى ئىسلام دىنى شەرئىتىدە بەلگىلەنگەن زاكات ، ئۆشرەدىن ئىبارەت ئىدى.

ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەلپىننىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇئەييەن تۆھپە قوشتى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىسىدا ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، توققۇز باشلانغۇچ مەكتەپ ، يەنى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ، يۇرىچى باشلانغۇچ مەكتىپى ، قاشىرىق باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپى ، چىلان باشلانغۇچ مەكتىپى ، ياسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى ، گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپى ، قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى ، قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇردى ، شۇنىڭدەك شەھەر - يېزىلاردا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ دراما ، ئوپېرا قويۇپ بەردى ، ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ كەلپىن شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى ، 1951 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## § 2 . ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى

كەلپىن ناھىيىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسى منـ
گونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدا قۇرۇلدى ، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن نا-
ھىيە خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش ئىدى . شۇ يىلى 24
مىليون 982 مىڭ 350 سەر پۇل ئىئانە توپلىنىپ ، ئاقسۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا تاپـ
شۇرۇپ بېرىلدى . مىنگونىڭ 28 ـ يىلى( 1939 ـ يىلى ) 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك ياپون باسقۇنچىـ
لىرىغا قارشى ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسى ناھىيە خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، 600 مىڭ
سەر پۇل ئىئانە توپلىدى . مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) 12 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ
گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان كوماندىر ـ جەڭچىلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن ،
4169 يۈەن پۇل ئىئانە توپلاپ ، ئاقسۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى .
بۇ ئۇيۇشما مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى )نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پائالىيىتىنى توختاتتى .

## § 3 . دېھقانلار جەمئىيىتى ، كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

### 1 . دېھقانلار جەمئىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ئىشلەپچىقىرىشنى را-
ۋاجلاندۇرۇش ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ، پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىـ
شىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ ، يېزىلارنىڭ چوڭ
ئىشلىرىنى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى . شۇ يىلى 12 ئاساسىي قاتلام دېھقانلار
جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ ، 666 كىشى ئەزا بولدى .
1951 ـ يىلى ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى . شۇنىڭ
بىلەن بىللە ، ئۈچ رايوندا بىرلا ۋاقىتتا رايونلۇق دېھقانلار جەمئىيىتى ، بەش يېزىدا يېزىلىق دېھقانلار
جەمئىيىتى ، سەككىز كەنتتە دېھقانلار جەمئىيىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىگە تەيـ
يارلىق كۆرۈش كومىتېتىدا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىدى . توختى كەنجى ناھىيىلىك دېھقانلار
جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا رەئىس ، ناسىر زايىت مۇئاۋىن رەئىس بولدى . يەر ئىسلا-
ھاتىدىن كېيىن دېھقانلار جەمئىيىتى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى .

### 2 . كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

1965 ـ يىل 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
1964 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇ-
را دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (لايىھە ) نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇ-
رۇش » ىغا ئاساسەن ، ھەر قايسى خەلق گۇڭشېلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتـ

تۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ناھىيە بويىچە بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇپ كىرگەن كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1965 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە، كەلپىن ناھىيە بازىرىدا تۇنجى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار (چارۋىچىلار) قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 52 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل دېھقان 47، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان بەش، ئەر 42، ئايال ئون. قۇرۇلتاي كەلپىن ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچىلار) لار جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. رېن گولياڭ مۇدىر بولدى. كومىتېت ئەزالىرى رېن گولياڭ، موللاق ھەبىبۇللا، ھاپىز گايىت، ھېسامىدىن تەۋەككۈل، توختىنىياز مېھمان، سايىم يولداشتىن ئىبارەت ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى خىزمىتى تەسىرگە ئۇچراپ ئاپپاراتلىرى تارقىتىۋېتىلدى.

1974 ـ يىل 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار (چارۋىچىلار) قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 179 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار (چارۋىچىلار) نىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» تىكى مۇھىم رولى نۇقتىلىق خۇلاسە قىلىندى ھەمدە كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنى سايلاپ چىقىلدى. ئىش بېجىرىش ئورگىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا تەسىس قىلىندى. قۇرۇلتاي مەمتىمىن ئەمەتنى مۇدىرلىققا، قاسىم ياسىننى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلىدى. 1976 ـ يىلغا كەلگەندە كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

## § 4. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

1950 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك گۇڭگۇرت كېنى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، ئاشلىق ئامبىرى، خەلق بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى قۇرۇلدى، بۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى باشقۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى زەربىگە ئۇچراپ، پائالىيىتى بىر مەھەل توختاپ قالدى.

1975 ـ يىل ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە توققۇز ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى، 19 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا 326 كىشى ئەزا بولدى. 1985 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى تەرەققىي قىلىپ 35 كە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى 116 گە، ئەزالىرى 1373 كە يەتتى (ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى). 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى 76 گە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى 2088 گە يەتتى (ناھىيىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى).

### 1. قۇرۇلتايلىرى

1973 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە كەلپىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 60 ۋەكىل

قاتناشتى. قۇرۇلتاي ۋاڭ جېنفۇنى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى.

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە كەلپىن ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 79 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئىسرائىل بەردىنى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، مىي جاۋشەننى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىدى.

## 2. ئاساسلىق پائالىيىتى

كەلپىن ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1984 - يىلدىن بۇيان، ئاساسلىقى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى تۇتتى: ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتتى؛ مەسئۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچىل بولۇش ۋە ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى؛ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ھەقىقىي تۈردە «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، «ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوستى» غا ئايلاندۇردى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» 27 گە يەتتى.

ھەر قېتىملىق چوڭ ھېيت - بايراملاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كوللېكتىپ ھېيتلاش، چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى. ئادەتتە، دائىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ تۈردە ئاڭلاپ، ئەمگەك مۇھاپىزىتى، بىخەتەرلىك سۈغۇرتىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلىدى.

1983 - يىلى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، 1952 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، تىزىملاپ چىقتى؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا ۋە يۈرگۈزۈشكە ياردەم بەردى ھەمدە كارخانىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەنە ئېلېكتر تېخنىكىسى، چوت سوقۇش، داۋالاش - كۈتۈش تۈرلىرى بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە كەسپىي تېخنىكىدىن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

1985 - يىلدىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىككى قارار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى داۋامىدا كەلپىن ناھىيىسىدە بىر تۈركۈم ئاممىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپلىرى بارلىققا كەلدى. ناھىيىلىك گۇڭگۇرت كېنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ رەئىسى ئابلىز قۇربان كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەمەت مۇھەممەتكە «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى» دەپ نام بەردى. ئەمەت مۇھەممەت ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

1986 - يىلى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت (ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت) قۇرۇلۇشى ئاكتىپلىرى قۇرۇلتىيى ئاچتى. قۇرۇلتايدا 36 كىشى تەقدىرلەندى. ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەنە «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»، «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» بويىچە باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىدى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 22 ئادەم «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى، 16 كىشى «1 - ماي ئىلغار خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالاندى. توققۇز ئورۇن «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com

## § 5 .كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

1952 ـ يىلى ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى كەلپىن ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى ، لىۋگۇاڭجۇن مۇئاۋىن شۇجى بولدى ، يىل ئاخىرىدا 106 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ، يەتتە ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى .

1957 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى كەلپىن ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى ( قىسقارتىپ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى دېيىلدى ) .

1959 ـ يىلى كەلپىندىكى ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە ئىتتىپاق باش ياچېيكىلىرى قۇرۇلدى ، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئىتتىپاق ياچېيكىسى 34 كە ، ئىتتىپاق ئەزاسى 666 گە يەتتى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » جەريانىدا 1967 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى . 1973 ـ يىلى ئىتتىپاق خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . 1977 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئىتتىپاق ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ ، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇش كۈچەيتىلدى ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى باھالاپ چىقتى .

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، كەلپىن يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى . ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يېزىلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلىنى بىر قېتىم تەڭشىدى ، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا ئۆزگەرتتى ، شۇنىڭدەك ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى ئازايتتى ۋە ئەمەلدىن قالدۇردى . ناھىيە بازىرىدىكى ئىتتىپاق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەپسىز بولغان قىسمەن ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى بىر ياچېيكا قىلىپ بىرلەشتۈرۈۋەتتى . 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بەش ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى ، 85 ئىتتىپاق ياچېيكىسى ، 1575 ئىتتىپاق ئەزاسى بار بولدى ( بۇ پۈتۈن ناھىيىدىكى ياشلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ) .

### 1 . ئىتتىپاق قۇرۇلتايلىرى

كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1954 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چاقىرىلدى . قۇرۇلتايغا 30 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى . بىر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى . قۇرۇلتايدا ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ يەتتە نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى . لىۋگۇاڭجۇن مۇئاۋىن شۇجى بولدى .

ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1956 ـ يىل 5 ـ ئايدا چاقىرىلدى . قۇرۇلتايغا 38 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى ، ئۈچ ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى . قۇرۇلتاي يەتتە كىشنى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى ، مۇللاق ئېلى مۇئاۋىن شۇجى بولدى .

ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1957 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چاقىرىلدى . قۇرۇلتايغا 33 ۋەكىل قاتناشتى . قۇرۇلتاي ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ توققۇز نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى . ساۋ جېنىيىڭ شۇجى ، مۇللاق ئېلى مۇئاۋىن شۇجى بولدى .

ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چاقىرىلدى . قۇرۇل ـ

تايغا 36 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا توققۇز كىشى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ساۋجېنيىلىك شۇجى، موللاق ئېلى مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 39 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، سەككىز ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتاينىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ناھىيىلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرۇلتايدا ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ توققۇز ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ساۋجېنيىلىك شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1960 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 55 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، ئون ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ توققۇز ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. ساۋجېنيىلىك شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1963 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 43 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، ئون ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى ناھىيىلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرۇلتاي ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ توققۇز نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. دالى سابىر مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1973 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 75 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 22 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا «ئىتتىپاقلىشىپ، شيۇجېڭجۇيىنى تەنقىد قىلىپ، ئىستىل تۈزىتىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولايلى» سەرلەۋھىلىك دوكلات ماقۇللاندى. ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 11 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. توختى مۇھەممەت مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1979 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 83 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 17 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا «ئىتتىپاقلىشىپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» سەرلەۋھىلىك دوكلات ماقۇللاندى. ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 13 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. لى چاڭچىڭ مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 108 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 13 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. قۇرۇلتايدا ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 12 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. گۈلنىساخان رەھمەت مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى 1988 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 103 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 18 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا «ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ناھىيىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قاراپ يۈرۈش قىلايلى» سەرلەۋھىلىك دوكلات ماقۇللاندى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئون ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. شۈي دۈگمىڭ شۇجى، ئەنۋەر ئامان مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

## 2 . ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

1952 - يىلى ناھىيىلىك ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى مەركىزىي خىزمەت قىلىپ، كەڭ ياشلارنى دېھقانلار جەمئىيىتىگە پائال قاتنىشىشقا، ئالدى بىلەن پومېشچىكلار سىنىپىنى سىياسىي جەھەتتىن ئاغدۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا قولاي-

لىق بولسۇن ئۈچۈن، ناھىيىلىك ئىتتىپاق خىزمەت كومىتېتى دېھقانلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان ياشلاردىن تەشۋىقات تەربىيە گۇرۇپپىسى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. 1953 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 1488 نەپەر ياش يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشتى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ياشلارنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. زور بىر تۈركۈم ياش يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىتتىپاق خىزمەت كومىتېتى ئاساسلىقى يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىش كوپېراتسىيىلىشىشنى دەۋر قىلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىغا، ياشلارغا سوتسىيالىستىك تەربىيە بەردى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ھەمكارلىشىش ـ كوپېراتسىيىلىشىش داۋامىدا باشلامچىلىق رول ئوينىشقا قوزغاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، تۆت زىيانداش (چاشقان، پاشا، چىۋىن، قۇشقاچ، كېيىن چۈشسىغا ئۆزگەرتىلدى) نى يوقىتىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 576 نەپەر ياش ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە ياشلار 16 مىڭ 51 چاشقان يوقاتتى، 15 .28 مو يەردە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلدى.

1959 ـ ، 1960 ـ يىللىرى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكومغا ماسلىشىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتىگە سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلارنىڭ زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىزىل بايراقدارى ۋە كۈز ئورنى قىزىل بايراقدارى مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 104 نەپەر ياش مۇنەۋۋەر ئەمگەكچى بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭدەك ئىدارە، مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئارىسىدا مۇ كەسپىي مۇسابىقە ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

1961 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئىتتىپاق تەشكىلى كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئارىسىدا ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىدى. ئىتتىپاق ئەزالىرىنى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئۈيۈشتۇردى. ياش زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ «قىزىل بايراقدارلار» مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. بۇ جەرياندا ناھىيە بويىچە 28 نەپەر قىزىل بايراقدار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدەك ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى» ئىتتىپاق ئەزاسى، «تۆتتە ياخشى» ئىتتىپاق ياچېيكىسى بولۇش مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ياش ئىشچىلار ئارىسىدا تېخنىكا ئۆگىنىش، تېخنىكا ئىشلىتىش پائالىيىتى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ھەر قايسى سەپلەردىكى ياش ئاكتىپلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن 1965 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە «تۇنجى قېتىملىق ياش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى قۇرۇلتىيى» ئېچىپ، ھەر قايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياشنى تەقدىرلىدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق خىزمىتى پالەچ بولۇپ قالدى.

1973 ـ يىلى ئىتتىپاق خىزمىتى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1974 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى «لىن بياۋ، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش» ۋە يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1978 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى، نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلار مەيدانغا چىقتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ياش ئاكتىپلار قۇرۇلتىيى چاقىردى. قۇرۇلتايغا 150 ۋەكىل قاتناشتى، قۇ-

رۇلتاي ياشلارنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياشلىق باھارىنى بېغىشلاشقا چاقىردى.

1979 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارغا جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى بەردى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئارىسىدا لېيفېڭدىن ئۆگىنىش، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، كەڭ ياشلار ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى»دىن بولۇشقا ۋەسوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا، ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشقا چاقىردى.

1983 ـ يىلى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرى جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا «بەش كىچىك» (كىچىك ئىجادىيەت، كىچىك يېڭىلاش، كىچىك ئۆزگەرتىش، كىچىك لايىھە، كىچىك ئىلمىي ماقالە) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. يۇرچى يېزىسىدىن تۇرسۇن ھامۇت ياسىغان «كرىستال لامپىلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك، ماگنىت دولقۇنلۇق سىگنال تارقاتقۇچ»، ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن خەن گوشىن ياسىغان «ئېلېكتر ماگنىتلىق زەمبىرەك»، ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن خۇاڭ شيەنفۇ ياسىغان «يىراقتىن كونترول قىلىندىغان مۇسابىقە ماشىنىسى» ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىرلىكتە تەقدىرلىشىگە ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1984 ـ يىلى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارا قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەتلىك ـ ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا، ناھىيە بويىچە قىلىنغان ياخشى ئىش 1658 گە، تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن نەرسىلەر 349 غا ،ياردەم بېرىلگەن ئائىلە 20 گە، تەقدىم قىلىنغان ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 200 يۈەنگە، ئىئانە قىلىنغان پۇل 275 يۈەنگە يەتتى؛ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇسىغا ياردەم بېرىپ تۇشۇپ بېرىلگەن ئوغۇت 14 مىڭ 30 تاغارغا، سۇغىرىپ بېرىلگەن ئېتىز 268 موغا، ھەيدەپ بېرىلگەن يەر 50 موغا يەتتى.

1985 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قانات يايدۇرغان لاياقەتلىك «ياشلار ئائىلىسى» قۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىش، «ئىككى ئائىلە» (پەن ـ تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى، كەسپىي ئائىلە) ئىلغار ياشلىرىدىن بولۇش پائالىيىتى جەريانىدا ناھىيە بويىچە ئالتە «ياشلار ئائىلىسى»، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر ئىلغار شەخس، «ئىككى ئائىلە» بويىچە ئىككى ئىلغار ياش ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

1988 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ باشلامچىلىقىدا يېزىلاردا ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 45 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، 1286 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 1989 ـ يىلى 15 قارار «كىچىك تەرەققىيات» كۇرسى ئېچىلىپ، 2050 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

1990 ـ يىلى 1093 ئادەم قاتناشقان 176 لېيفېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 1522 ئادەمنىڭ چېچى خالىسانە ئېلىپ قويۇلدى، 1212 ئادەمنىڭ سالامەتلىكى خالىسانە تەكشۈرۈلدى (ياش تىببىي خادىملار تەكشۈردى)، 86 دانە ئېلېكتر ئەسۋابى، 222 ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى، 1007 ۋېلسىپىت رېمونت قىلىندى، نامرات ئائىلە «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگەن ئائىلە»لەرگە 4554 جىڭ ئۇن، 143 جىڭ گۈرۈچ ،321 جىڭ سۇ يېغى، 2142 جىڭ كۆكتات ئىئانە قىلىندى ،2600 جىڭ مەھەللىۋى ئوغۇت توشۇپ بېرىلدى، 3800 دانە باشقا بۇيۇملار ئىئانە قىلىندى. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا 3269.62 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلى ئەھۋالى

جەدۋەل 13—7

| يىللار | ياشلار سانى | ئىتتىپاق ئەزالىرى سانى | ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى سانى | ئىتتىپاق ياچېيكىسى سانى | شۇ يىلى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىنغان ئادەم سانى | شۇ يىلى ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن پارتىيىگە كىرگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 1006 | 106 | | 7 | 106 | |
| 1953 | 2198 | 140 | | 17 | 30 | 3 |
| 1954 | 2396 | 143 | | | | 9 |
| 1955 | 1813 | 250 | | 15 | 105 | 17 |
| 1956 | 2367 | 590 | | 22 | 290 | 44 |
| 1957 | 2371 | 623 | | 29 | 67 | 4 |
| 1958 | 3018 | 496 | | 32 | 18 | |
| 1959 | 3036 | 666 | 3 | 34 | 250 | 68 |
| 1960 | 3156 | 714 | 3 | 51 | 163 | 25 |
| 1961 | 3298 | 682 | 3 | 52 | | 13 |
| 1962 | 3678 | 742 | 3 | 70 | 156 | 5 |
| 1963 | 3689 | 803 | 3 | 101 | 58 | |
| 1964 | 3685 | 823 | 3 | 103 | 15 | |
| 1965 | 4206 | 997 | 3 | 100 | 151 | 6 |
| 1966 | 3426 | 937 | 3 | 103 | 105 | 7 |
| 1973 | 3643 | 1096 | 3 | 42 | | |
| 1974 | 5366 | 1281 | 3 | 128 | 293 | 29 |
| 1975 | 5677 | 1443 | 3 | 131 | 239 | 32 |
| 1976 | 5605 | 1637 | 3 | 157 | 353 | 18 |
| 1977 | 5306 | 1555 | 3 | 174 | 305 | 10 |
| 1978 | 5672 | 1448 | 3 | 164 | 140 | 22 |
| 1979 | 5677 | 1549 | 4 | 186 | 169 | 6 |
| 1980 | 6122 | 1560 | 4 | 167 | 122 | 16 |
| 1981 | 6845 | 1574 | 4 | 153 | 236 | 35 |
| 1982 | 6852 | 1543 | 3 | 90 | 187 | 17 |
| 1984 | 6876 | 1458 | 3 | 81 | 186 | 2 |
| 1985 | 6876 | 1453 | 4 | 83 | 129 | 12 |
| 1986 | 7656 | 1577 | 4 | 83 | 175 | 1 |
| 1987 | 8435 | 1569 | 4 | 85 | 196 | 46 |
| 1988 | 8497 | 1687 | 5 | 85 | 306 | 23 |
| 1989 | 8580 | 1652 | 5 | 82 | 395 | 6 |
| 1990 | 8673 | 1575 | 5 | 85 | 360 | 9 |

ئىزاھات: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا1967 — 1972 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خىزمىتى پالەچ بولۇپ قالغاچقا، شۇ يىللارنىڭ سانلىق مەلۇماتى بېرىلمىدى.

### 3 . پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى

1954 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىدا پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پىئونېرلار ئەترىتى شۇچاغدا جۇڭگو ئۆسمۈر باللار ئەترىتى دەپ ئاتالغانىدى. 1957 ـ يىلى جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1961 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پىئونېرلار تەرەققىي قىلىپ 1494 كە يەتتى. ئۇن پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى، 35 ئوتتۇرا ئەترىتى، 135 كىچىك ئەترىتى قۇرۇلدى. پىئونېرلار ئەترىتى باش يېتەكچىسى توققۇزغا، ئوتتۇرا ئەترەت يېتەكچىسى 39 غا يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا «كىچىك قىزىل ئەسكەرلەر» پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلىنىڭ ئورنىنى ئالدى. 1978 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كەل-

پىن ناھىيىسىدىكى جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىللىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «كىچىك قىزىل ئەسكەرلەر» تەشكىلاتىنى تارقىتىۋەتتى. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە 4126 ئۆسمۈر بولۇپ، تۇنجى تۈركۈمدە 1007 ئۆسمۈر پىئونېرلىققا قوبۇل قىلىندى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئۆسمۈرلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بەش پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى، 17 ئوتتۇرا ئەترىتى، 45 كىچىك ئەترىتى قۇرۇلۇپ، 60 يېتەكچى، 20 كەسپىي يېتەكچى تەيىنلەندى. 1979 - يىلى پىئونېرلار تەرەققىي قىلىپ 1375 كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئۆسمۈرلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1987 - يىلى ناھىيە بويىچە 4384 ئۆسمۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پىئونېر 3181 گە يېتىپ، ناھىيە بويىچە باللار ئومۇمىي سانىنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە 22 چوڭ ئەترەت، 65 ئوتتۇرا ئەترەت، 18 كىچىك ئەترەت قۇرۇلدى، 92 نەپەر يېتەكچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەترەت يېتەكچىسى 23، ئوتتۇرا ئەترەت يېتەكچىسى 69.

ئەترەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پىئونېرلار ئەترىتىگە كىرىدىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ شەرتى «تىرىشچان بولۇش، ئادەم ئۇرماسلىق، تىللىماسلىق، كوللېكتىپ ئىنتىزامغا بويسۇنۇش» تىن ئىبارەت بولغانىدى. پىئونېرلار ئەترىتى ئۆسمۈر باللارغا خەلقنى، يېڭى جۇڭگونى، ماۋجۇشىنى، ئۆگىنىشنى، ئەمگەكنى، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى، ئىلىم - پەننى سۆيۈش تەربىيىسى بەردى.

1962 - يىلى ناھىيە بويىچە پىئونېرلار تەشكىلىدە شۇ تېلى بوۋايدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى، ئىنقىلابىي ھېكايە ئېيتىش پائالىيىتى ۋە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پىئونېر ليۇۋېنشۆدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پىئونېرلار ئارىسىدا ئەترەت نىزامنامىسى ۋە پىئونېرلار ئەترىتى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، پىئونېرلارغا دەسلەپكى قەدەمدە كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسى بېرىلدى، يەنە تەبىئەتتە كەم ئۇچرايدىغان چوڭ مۈشۈك ئېيىقنى قوغداشقا ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1982 - يىلى «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىدە «قىزىل گۈل ئۆسمۈر» بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 13 پىئونېرغا «جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن «قىزىل گۈل ئۆسمۈر» دەپ نام بېرىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا مىللەتلەر بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلىپ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇلاردا «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلدى. 1984 - يىلى «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بەش مۇنەۋۋەر پىئونېرلار يېتەكچىسى ۋە 15 مۇنەۋۋەر پىئونېرنى بىرلىشىپ تەقدىرلىدى. 1984 - يىلى يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپى پىئونېرلار ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىلغار پىئونېرلار ئەترىتى» بولۇپ تەقدىرلەندى. 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە پىئونېرلار ئارىسىدا لېيفېڭدىن ئۆگىنىش ۋە لەي نىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

## § 6. ئاياللار بىرلەشمىسى

1950 - يىل 3 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئۈچ رايوندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. 1953 - يىلى ھەر قايسى يې-

زىلاردا دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى، كەنتلەردە ئاياللار قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى ناھىيە-
لىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى توختاپ قال-
دى، 1973 - يىلى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئەسلىگە كەلدى.

## 1 . ئاياللار قۇرۇلتايلىرى

كەلپىن ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1950 - يىلى ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 45 ۋەكىل قاتناش-
تى. قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق كۈن تەرتىپى ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇش، ناھىيىلىك
دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان
ۋەكىللەرنى سايلاشتىن ئىبارەت بولدى. ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى توققۇز ئەزادىن تەر-
كىب تاپتى. گۇسۇنخان كەنجى مۇدىر، ئايىمخان مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

كەلپىن ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1957 - يىل 12 - ئاۋغۇستتىن 14 - ئاۋغۇستقىچە ئې-
چىلدى، ئۇنىڭغا 61 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىز-
مەتلىرىنى خۇلاسىلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، بەش تۈرلۈك
قارارنى ماقۇللاش، ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەركىبىگە كىرىدىغان خادىملارنى ۋە
ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاشتىن ئىبارەت بولدى. ناھىيىلىك
دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى 11 ئەزادىن تەركىب تاپتى، گۇسۇنخان كەنجى مۇدىر بولدى.

ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1960 - يىل 23 - فېۋرالدىن 25 - فېۋرالغىچە ئېچىلدى.
ئۇنىڭغا 53 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى خۇلا-
سىلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىلغار ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنى مۇ-
كاپاتلاش، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەركىب تاپىدىغان خادىملارنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار
قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاشتىن ئىبارەت بولدى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 11 ئە-
زادىن تەركىب تاپتى، تىللاخان سابىر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1973 - يىل 1 - ئىيۇندىن 4 - ئىيۇنغىچە ئېچىلدى. ئۇنىڭغا
81 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى ئالدىنقى قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەت-
لەرنى خۇلاسىلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ناھىيىلىك ئاياللار
بىرلەشمىسى تەركىب تاپىدىغان خادىملارنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەك-
لەرنى سايلاشتىن ئىبارەت بولدى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 13 ئەزادىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭ
سەككىزى دائىمىي ئەزا بولدى، تىللاخان سابىر مۇدىر بولدى.

ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1980 - يىل 1 - مارتتىن 5 - مارتقىچە ئېچىلىپ، ئالدىنقى
قېتىمقى ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە
قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇ-
رۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاندى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 13 ئەزادىن تەركىب تاپتى.
تىللاخان سابىر مۇدىر بولدى.

ناھىيىلىك 6 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1983 - يىل 26 - ئاپرېلدىن 29 - ئاپرېلغىچە ئېچىلدى،
ئۇنىڭغا 91 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئالدىنقى قېتىملىق قۇرۇلتايدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاس-
لەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ
ئەزالىرىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلىدى. ناھىيىلىك ئا-
ياللار بىرلەشمىسى 13 ئەزادىن تەركىب تاپتى. تىللاخان سابىر مۇدىر، پاتەم مۇھەممەت مۇئاۋىن مۇدىر

بولدى.

ناھىيىلىك 7 ـ قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى 1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 85 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 13 كىشى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، پاتەم مۇھەممەت مۇدىر بولدى.

2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كەلپىن ناھىيىسىدە ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىر قەدەر بالدۇر قۇرۇلغان، خىزمەتلىرى بىر قەدەر جانلانغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى دەۋرىي قىلىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. يېزا ئاياللىرىنى ئائىلىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشكە قوزغىدى، بۇ ئاياللار ئازادلىقىدا ناھايىتى زور رول ئويناپ، ئاياللارنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتىكى مۇھىم بىر كۈچكە ئايلاندۇردى. 1988 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە ئايال پارتىيە ئەزاسى 176 گە، ئىتتىپاق ئەزاسى 426 گە يەتتى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى ياراتتى. 1986 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كەلپىن ناھىيىسىدە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى تۇخان، ھەمرانىخانلارنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان كەلپىن ناھىيىسى «نىكاھ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. ناھىيە بويىچە 62 قارار ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 1240 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنىڭ 1000 قېتىمدىن ئارتۇق ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلدى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ناھىيە بويىچە «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» ۋە «بەشتە ياخشى ئائىلە» لەرنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاڭ ئەنلىگىنىڭ ئائىلىسى «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ جۇڭخۇا ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ نىساخان، بۇۋى ھەجەر، جەمىلەم، ئايشەخانلار «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، گۈلنىسا ھۆسەن، ھۆرىخان ھاپىز، تىللاخان ھەققۇلى، ئىمانىخان تالىپلار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈلگىسى بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ھەرىيلى «8 ـمارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئاياللارنى مۇكاپاتلىدى، تەقدىرلىدى.

## § 7. پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى

كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى 1960 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قۇرۇلدى. مۇدىرلىقنى

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ياڭ جىنفېڭ قوشۇمچە ئۇستىگە ئالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى پالەچ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاپپاراتى تارقاپ كەتتى. 1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى يېڭىباشتىن تەسىس قىلىندى.

### 1 . قۇرۇلتايلىرى

كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1981 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 68 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 34 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتاي كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى، كومىتېتنىڭ 21 ئەزاسىنى، سەككىز دائىمىي ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. يۈجۈگۈۋ رەئىس، تاڭ ئەنلىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1987 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا قاتنىششقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 73 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 71 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 23 ۋەكىل ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى، 47 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا 2 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى كومىتېتىنىڭ 23 ئەزاسى، بەش دائىمىي ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى فەن مىاۋ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۇستىگە ئالدى، تاڭ ئەنلىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

### 2 . ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

1981 ـ يىلى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئۈچ گۇڭشېدا ئارقا ـ ئارقىدىن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، 24 پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزىي گۇرۇپپىسى، 144 پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردا «ئۈچ دەرىجىلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تورى» ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. شۇندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى، 1990 ـ يىلغىچە ناھىيىدە جەمئىي 14 ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت قۇرۇلدى، ئۇلار دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتى، بوغالتىرىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ھاۋارايى ئىلمىي جەمئىيىتى، سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، چوتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى، تەرجىمانلار ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ـ يايلاقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، يۇرچى يېزىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، گەزلىك يېزىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، ئاچال يېزىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىدىن ئىبارەت. بۇ ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولغانلار 1059 كىشىگە يەتتى. يېزا ـ بازارلارنىڭ ھەممىسىگە بىر نەپەردىن كەسپىي پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كادىرى تەيىنلەپ بېرىلدى. ھەر قايسى ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتلەر كەلپىننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلىپ، مەخسۇس تېمىدىكى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىنى، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، تۆرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.

## § 8 . باشقا تەشكىلاتلار

كەلپىن ناھىيىسىدە يەنە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) قۇرۇلغان كەلپىن ناھىيىلىك ئاياللار ئۇيۇشمىسى؛ مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) قۇرۇلغان سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى بار ئىدى، بۇ تەشكىلاتلار قۇرۇلۇش يىغىنى ئاچقاندىن سىرت، ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق پائالىيەت ئېلىپ بارمىغان، ئەزامۇ تەرەققىي قىلدۇرمىغان، ئەمەلىيەتتە ئىسمى بار، جىسمى يوق تەشكىلاتلار ئىدى.

ئون تۆتىنچى قىسىم

# خەلق قۇرۇلتىيى . ھۆكۈمەت . سىياسىي كېڭەش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# خەلق قۇرۇلتىيى . ھۆكۈمەت . سىياسىي كېڭەش

## I باب

## خەلق قۇرۇلتىيى

### § 1 . ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ناھىيىدە ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنلىرى ئېچىلدى . ۋەكىللەرنى ھەر مىللەت ، ھەر ساھەدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ ۋۇجۇدقا چىقىراتتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلاتتى . 1954 - يىلى ھەر مىللەت ، ھەر ساھەدىكىلەر خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ئورنىنى خەلق قۇرۇلتىيى ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئالدى .

**1 . ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى**

1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چاقىرىلىپ بەش كۈن داۋاملاشتى ، جەمئىي 116 ۋەكىل قاتناشتى . يىغىندا ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش ، پومېشچىكلارنىڭ يەرلەرنى تارقاق ھالدا ھايىنغا سېتىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق ، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، چىشى چارۋا ۋە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق مەنئىي قىلىش ؛ سۇ ئىشلىتىشنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باشقۇرۇش ؛ ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىشنى مەنئىي قىلىش ؛ مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ؛ يېڭى نىكاھ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ، ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇش ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ؛ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار قارار قىلىندى .

**2 . ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى**

1950 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلىپ بەش كۈن داۋاملاشتى ، يىغىنغا 80 ۋەكىل قاتناشتى . بۇ يىغىندا كۈزلۈك يىغىمنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ، مۇۋاپىق سېلىقنى يولغا قويۇش ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن باج - پاراق ئېلىش ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ، ئىشپىيونلارنى

تازىلاش ، بىرلىكسەپنى كۈچەيتىش ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش ، كەلپىن ـ ئاچال تاشـ يولنى ياساش قاتارلىقلار ھەققىدە قارار ماقۇللاندى.

3 . ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېچىلىپ ، ئۈچ كۈن داۋاملاشتى ، يىغىنغا 97 نەپەر ۋەكىل قاتناشـ تى. يىغىندا سۇ بېشىدا ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتر كېلىدىغان تاش ئۆسنەڭ ياساش ، ئاچالدا سۇ باشلاش توغنى ياساش ، 50 ـ يىلدىن قېپقالغان دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىۋېلىش ۋەزىپىسىنى داۋامـ لىق ئورۇنداش ، سۈنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ، كۈچەت تىكىپ ، ئورمان بىنا قىلىش ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئېلىپ بېرىش ، چىشى چارۋا ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئىي قىلىپ ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇـ رۇش ، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدىكى بۇزۇقلارنى تازىلاش ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش قارار قىلىنـ دى.

4 . ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

1952 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئېچىلدى ، يىغىنغا 74 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا دېھقانلار جەمئىيىتى ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، پومېشچىك ، باي دېھقان ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارـ شى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنى تىرىشىپ قانات يايدۇرۇش قارار قىلىندى.

5 . ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

1952 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېچىلىپ ، بەش كۈن داۋام قىلدى ، يىغىنغا 96 ۋەكىل قاتناشتى. بۇ يىغىندا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىـ دا قارار ماقۇللاندى.

6 . ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

1953 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاقىرىلىپ ، يەتتە كۈن داۋاملاشتى ، يىغىنغا 128 ۋەكىل قاتناشتى. بۇ يىغىندا يەر ئىسلاھاتى ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارـ لىقلار توغرىسىدا سەككىز دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى.

7 . ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

1953 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېچىلىپ ، بەش كۈن داۋاملاشتى ، يىغىنغا 60 ۋەكىل قاتناشتى ، يىغىندا ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىش ، يەر ئىسلاھاتىنى قايتا تەكشۈرۈش ، كۆزلۈك تېرىلغۇ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىقلار توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

## § 2 . خەلق قۇرۇلتىيى

1954 ـ يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساـ سەن ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ناھىيىدىكى ھوقۇقلۇق ئورگان بولدى ، ۋەكىللەر ئاساسىي قاتلام قۇرۇلـ تايلىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلدى. كەلپىن ناھىيىسىدە ئومۇمىي سايلامنىڭ سىناق خىزمىتى 1953 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 1954 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاياغلاشتى ، پۈتكۈل ئومۇمىي سايلام خىزمىتى بەش ئاي داۋام قىلدى ، ھەر قايسى يېزىلاردىكى سايلىغۇچىلار يېزا خەلق ۋەكىللىرىنى بىـ ۋاسىتە سايلاپ چىقتى ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى چاقىرىلىپ ، يېزا خەلق كومىتېتلىرى ۋە يېزا باشلىقلىرى شۇنداقلا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

**1 . ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**

1 ـ يىغىنى 1954 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 24 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى . بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 57 ئىدى ، ئەمەلىي قاتناشقىنى 56 .

يىغىن ھاكىم ئىمىر باقىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ، باش ۋەزىپىسى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ماقۇللىدى .

بۇ قېتىمقى يىغىن ئىمىر باقى ، يەن زېمىن ، ئىمىن مۇسا ، جاڭ پېڭشۈەن ، ئابلايوپ ، ئىبراھىم سايىت ، موللاق ئېلى ، توختى يۈز بېگى ، رۇسۇل قۇربان ، موللاق تۇردى ، مامۇت مامۇر ، خەلچىخان قاتارلىق 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى . ئىمىر باقى ھاكىم بولدى .

يىغىن يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقتى .

1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە جەمئىي ئالتە قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلدى .

**2 . ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**

1 ـ يىغىنى 1957 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چاقىرىلىپ ، 10 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى ، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 40 ئىدى ، ئەمەلىيەتتە 36 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى ، 13 ۋەكىل تەكلىپ بىلەن قاتناشتى .

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە ماقۇللاندى . قۇربان قەمبەر ھاكىملىققا ، سەيجىنجاۋ مۇئاۋىن ھاكىملىققا ، مامۇت خۇدابەردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى .

يىغىن قۇربان قەمبەر ، سەيجىنجاۋ ، ياسىنوپ ، گۇسۇنخان ، خەلچىخان ، مامۇت مامۇر ، توختى يۈزبېگى ، رۇسۇل قۇربان ، ئىبراھىم سايىت ، ئوسمان ، جاڭ پېڭشۈەن ، تەۋەككۈل ئەمەت ، تۆمۈر ئۇستا ، ئىسمايىل خەلپە ، موللا ئابدۇللا مىراتدىن ئىبارەت 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى .

**3 . ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**

1 ـ يىغىنى 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 23 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى ، بۇ قېتىمقى يىغىن ۋەكىلى 41 بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە 36 ۋەكىل قاتناشتى .

ھاكىم قۇربان قەمبەر 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغان بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ۋە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئون يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلان ـ پروگراممىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى .

بۇ قېتىمقى يىغىن قۇربان قەمبەرنى ھاكىملىققا ، لىۋجىفانى مۇئاۋىن ھاكىملىققا ، مامۇت خۇدابەردىنى ناھىيىلىكخەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى .

قۇربان قەمبەر ، لىۋجىفا ، ۋاڭ سۇنجۇ ، گۇسۇنخان ، خەلچىخان ، مامۇت مامۇر ، توختى تۆمۈر ، ئىبراھىم سايىت ، ئابلىز توختى ، رۇسۇل قۇربان ، ئوسمان سادىق ، جاڭ شىكشۇ ، تەۋەككۈل ئەمەت ، موللا ئابدۇللا مىرات ، ئىسمايىل خەلپىلەر ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى .

يىغىندا يەنە قۇربان قەمبەر ، توختى تۆمۈرلەر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى .

3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئىككى قېتىم يىغىن ئاچتى .

www.uyghurkitap.com

### 4 . ناھىيلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى 1961 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 13 ـ كۈنى ئاياغلاشتى ، يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 41 ئىدى ، ئەمەلىيەتتە 36 ۋەكىل قاتناشتى ، 20 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى ( بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى تۆت نەپەر ) .

يىغىن ھاكىم قۇربان قەمبەر بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ، مۇئاۋىن ھاكىم ليۇجىفا بەرگەن «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1961 ـ يىللىق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا دوكلات»نى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى .

يىغىن قۇربان قەمبەرنى ھاكىملىققا ، ليۇجىفانى مۇئاۋىن ھاكىملىققا ، مامۇت خۇدابەردىنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى .

يىغىن قۇربان قەمبەر ، ليۇجىفا ، ياڭ جىنفېڭ ، دالى سابىر ، موللا ئابدۇللامىرات ، تىلىۋالدى توختى ، جاڭ پېڭشۈەن ، رۇسۇل قۇربان ، ئىبراھىم سايىت ، گۈسۈنخان ، موللاق ھېبىبۇللا ، توختى تۆمۈر ، تالىپ ھوشۇر ، جامال خۇدۇيۇمبەردى ، ئابلىز توختىدىن ئىبارەت 51 كىشىنى ناھىيلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى .

### 5 . ناھىيلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى 1963 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 16 ـ كۈنى ئاياغلاشتى . يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 41 ئىدى ، ئەمەلىيەتتە 38 ۋەكىل قاتناشتى ، 37 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى ، توققۇز ۋەكىل تەكلىپ بىلەن قاتناشتى . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىمۇ سىرتتىن قاتناشتى ۋە دوكلات ئاڭلىدى .

يىغىندا ھاكىم قۇربان قەمبەرنىڭ دوكلاتى بىلەن جاڭ جۇاڭنىڭ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 62 ـ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 63 ـ يىللىق مالىيە خامچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى .

يىغىن قۇربان قەمبەرنى ھاكىملىققا ، لى زىنچياڭ ، مامۇت خۇدابەردىلەرنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلىدى .

يىغىن قۇربان قەمبەر ، كامىل رامانى ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلىدى .

يىغىن قۇربان قەمبەر ، لى زىنچياڭ ، مامۇت خۇدا بەردى ، ياڭ جىنفېڭ ، كامىل رامان ، ئىبراھىم سايىت ، رۇسۇل قۇربان ، دالى سابىر ، موللا ئابدۇللامىرات ، تىلىۋالدى توختى ، تىللاخان سابىر ، توختى تۆمۈر ، مامۇت ھامۇت ، نۇر مۇھەممەتئاخۇن ، موللاق ھېبىبۇللادىن ئىبارەت 15 كىشىنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى .

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئىككى قېتىم يىغىن ئاچتى .

### 6 . ناھىيلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى 1965 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاياغلاشتى . يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 41 ئىدى ، ئەمەلىيەتتە 34 ۋەكىل قاتناشتى ، 28 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىمۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ دوكلات ئاڭلىدى .

يىغىن ھاكىم قۇربان قەمبەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ۋە سۇۋان قۇربانىنىڭ 1964 ـ يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1965 ـ يىللىق مالىيە خامچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى مەسئۇلىنىڭ سوت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى .

يىغىن قۇربان قەمبەرنى ھاكىملىققا ، رىنگولياڭنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلىدى.

يىغىن قۇربان قەمبەر ، مامۇت خۇدابەردى ، رىنگولياڭ ، دالى سابىر ، مامۇت ھامۇت ، موللاق ھېبىبۇللا ، توختى نىياز مېھمان ، موللا ئابدۇللامىرات ، نۇرمۇھەممەت ئاخۇن ، داۋۇت ئاقىول ، تىلىۋالدى توختى ، ياڭ جىنفېڭ ، ئىبراھىم سايىت ، سامساق يۇسۇپ ، تىللاخان سابىرلارنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى.

## 7 . ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىنى 1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باشلىنىپ ، 14 - كۈنى ئاياغلاشتى ، يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 80 ئىدى ، ئەمەلىيەتتە 74 ۋەكىل قاتناشتى . 80 ۋەكىل ( سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) تەكلىپ بىلەن قاتناشتى .

يىغىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دالى سابىرنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈم باشلىقى سۇۋان قۇربانىنىڭ 1980 - يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1981 - يىللىق مالىيە خامچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى . ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ناسىر نۇرى ، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مامۇت ھامۇت ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىزمەت دوكلاتى بەردى .

يىغىندا تولۇق كېڭىشىش ۋە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق 11 -ئاينىڭ 12 - كۈنى تۇنجى قېتىملىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى . توختى خۇدابەردى مۇدىر ، چېن شياۋشياڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى .

يىغىن ئەمەر سابىتنى ھاكىملىققا ، زېي جىشېڭ ، دالى سابىر ، تۇنىياز دەرۋىشلەرنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلىدى .

يىغىن ناسىر نۇرىنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ، مامۇت ھامۇتنى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلىدى .

يىغىن يەنە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاتاپ تۆرلۈك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى .

يىغىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باشلىنىپ ، 24 - كۈنى ئاياغلاشتى .

يىغىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى تولۇقلاپ سايلاپ چىقتى .

يىغىن توختى سابىر ، ھاپىز كېرىم ، كەنجىخان مۆمىنلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل قىلىپ سايلىدى .

## 8 . ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 - يىغىنى 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باشلىنىپ ، 18 - كۈنى ئاخىرلاشتى . يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىل 81 ئىدى ، ئەمەلىيەتتە 79 ۋەكىل قاتناشتى .

يىغىن ھاكىم ئەمەر سابىتنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى توختى خۇدابەردىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇۋان قۇربانىنىڭ 1983 - يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1984 - يىللىق مالىيە خامچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جىن فۇجىننىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ناسىر نۇرىنىڭ سوت مەھكىمىسى

خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مامۇت ھامۇتنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى قاراپ چىقتى ۋە مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى .

يىغىن يېڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى . دالى سابىرنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ، چېن شياۋشياڭ ، ئېلى سالىلارنى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلىدى .

يىغىن ھاپىز كېرەمنى ھاكىملىققا ، فەن مياۋ ، تۇنىياز دەرۋىشلەرنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلىدى .

يىغىن ناسىر نۇرىنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ، سامساق ھامۇتنى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش‌تەپتىشلىكىگە سايلىدى .

ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى 1986 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 16 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى .

يىغىن يېزىلارنىڭ « بەشتە ياخشى‌بولۇش » قۇرۇلۇشى پىلانى قاتارلىقلار توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى .

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى تولۇقلاپ سايلاندى ، جياۋشاۋجيې مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى .

يىغىن چېن شياۋشياڭنىڭ دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراش تەلىپى توغرىسىدىكى‌قارارغا بىردەك قوشۇلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، فەن مياۋ پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولغانلىقتىن ، مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى .

## 9 . ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى 1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 14 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى . يىغىنغا 80 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى .

يىغىن ھاكىم ھاپىز كېرەم بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتىنى ، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇراخمان تۇنىياز بەرگەن 1986 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1987 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا دائىر دەسلەپكى تەسەۋۋۇر توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ شىڭمىڭ بەرگەن كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىللىق مالىيە خامچوتىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ۋە 1987 ـ يىللىق مالىيە خامچوتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دالى سابىر بەرگەن كەلپىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ناسىر نۇرى ۋە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سامساق ھامۇتلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەرگەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقتى .

يىغىن يېڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى . مەتىمىن ئەمەت مۇدىر ، دەي شىنجۇڭ ، ئېلى سالى ، تۇنىياز دەرۋىشلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى .

ئابدۇراخمان ئەشەت ھاكىملىققا ، جياۋ شاۋ جيې ، مەھەممەت مۇسالار مۇئاۋىن ھاكىملىققا ، تۇردى سابىر سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ، سامساق ھامۇت تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى .

## 10 . ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1 ـ يىغىنى 1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 30 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى . يىغىنغا 83 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى ، 59 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى .

يىغىن ھاكىم ئابدۇراخمان ئەشەت بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك

پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شىاۋچىڭفۇ بەرگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە پىلان توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇجىنۋېن بەرگەن مالىيە خامچوتى ۋە نەقچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن شۇي شىڭچاڭ بەرگەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تۇردى سابىر بەرگەن سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سامساق ھامۇت بەرگەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقتى .

يىغىندا يېڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى . جۇجىنسەي مۇدىر ( مۇۋەققەت ) ، تۇنىياز دەرۋىش ، مۇھەممەت مۇسا ، پاتەم مۇھەممەتلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى .

ئابدۇراخمان ئەشەت ھاكىملىققا ، جياۋ شاۋجيې ، مۇھەممەت تاھىر ، چياۋ فۇچىن مۇئاۋىن ھاكىملىققا ، ئابدۇرازاق ئەبەيدۇللا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ، ئابدۇرىشت موللاق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى .

## § 3 . دائىمىي كومىتېت

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى — ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ئاپپاراتى ، ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ .

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بەرگەن ھوقۇقىقا ئاساسەن ، ئاساسىي قانۇن ، قانۇن ، قانۇن - نىزاملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىققان قارارلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ، ۋەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ھەم زور مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار چىقىرىپ ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ .

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىندا سايلام ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى ، دائىمىي كومىتېت تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپتى : تىلىۋالدى توختى ، ئېلى سالى ، ئىمىن مۇسا ، يۈجۇڭۋۇ ، ئابدۇراخمان ئىسلام ، تىللاخان سابىر ، موللا ئابدۇللامرات ، ئابدۇراخمان ئامان ، ياسىن مەسۇم ، ماكىلەك ( قىرغىز ) . توختى خۇدابەردى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، چېن شياۋشياڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى .

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1982 - يىل 10 - ئايدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلدى ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى .

1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىندا تىلىۋالدى توختى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى .

1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى سايلام ئارقىلىق يېڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى بارلىققا كەلتۈردى ، ئۇ تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپتى : دالى سابىر ، ئېلى سالى ، چېن شاۋشياڭ ، گۈلنىساخان رەمەت ، ساكىلەك ، ئابدۇقادىر ھاجى ، يۈجۇڭۋۇ ، تىلىۋالدى توختى ، ئوسمان قاۋۇل ، مامۇت ئېلى ، تۇردى ئېلى ، چېن بىدىڭ ، توختى موللەك .

دالى سابىر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، چېن شاۋشياڭ ، ئېلى سالىلار مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى .

1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشخانىدىن سىرت يەنە ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى: سايلام، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى؛ مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە گۇرۇپپىسى؛ قانۇن نازارەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. بۇ ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ھەممىسى دائىملىق ئاپپارات بولدى.

1986 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى دېڭ شىنجۇڭنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى. يىغىن يەنە 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چېن شاۋشياڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىلتىماسىغا قوشۇلدى.

1987 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئېچىلغان ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق يېڭى دائىمىي كومىتېتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار تۆۋەندىكىچە بولدى: مەتىمىن ئەمەت، دېڭ شىنجۇڭ، ئېلى سالى، تۇنىياز دەرۋىش، تىلىۋالدى توختى، فېي شېڭچېڭ، گۈلنىساخان رەمەت، ئابلىز توختى، جۇيەنجۇڭ، تۇردى ئېلى، داۋۇت قارى، ئابلىز باۋۇدۇن. مەتىمىن ئەمەت مۇدىر، دېڭ شىنجۇڭ، ئېلى سالى، تۇنىياز دەرۋىشلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

## ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قانچە نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 14 - 1

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | خىزمەت ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| توختى خۇدابەردى | ئۇيغۇر | مۇدىر | 8. 1984~11. 1981 |
| دالى سابىر | ئۇيغۇر | مۇدىر | 6. 1981~8. 1984 |
| مەتىمىن ئەمەت | ئۇيغۇر | مۇدىر | 5. 1990~6. 1987 |
| چېن شاۋشياڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 10. 1986~11. 1981 |
| تىلىۋالدى توختى | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 8. 1984~3. 1983 |
| ئېلى سالى | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 6. 1990~8. 1984 |
| دېڭ شىنجۇڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1. 1989~6. 1987 |
| تۇنىياز دەرۋىش | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 6. 1987— ھازىرغىچە |
| جۇجىنسېي | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 6. 1990— ھازىرغىچە |
| مەھەممەت مۇسا | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 6. 1990— ھازىرغىچە |
| پاتەم مۇھەممەت | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 6. 1990— ھازىرغىچە |

1990 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېچىلغان ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق يېڭى دائىمىي كومىتېتنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگەن خادىملار جۇجىنسېي، تۇنىياز دەرۋىش، مەھەممەت مۇسا، پاتەم مۇھەممەت، توختى موللاق، ئابلىز باۋۇدۇن، ئابدۇرېشىت ۋايىت، تۇردى نۇر، جۇيەنجۇڭ، ھەسەن مەسۇم، ئاسىيەم رۇسۇل، داۋۇت قارى، ئابدۇرېشىت ئەمەتلەردىن ئىبارەت بولدى. جۇجىنسېي، تۇنىياز دەرۋىش، مەھەممەت مۇسا، پاتەم مۇھەممەتلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

# § 4 . سايلام

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدىغان بولدى. 1953 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 1954 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي سايلام سىناق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ ، بەش ئاي داۋامىدا ئۈچ رايون ، سەككىز يېزا ، بىر كوچا ۋە توققۇز ئاساسىي قاتلام ئورۇننىڭ سايلام خىزمىتى ئورۇندالدى. ئومۇمىي سايلامغا جەمئىي 9771 سايلىغۇچى قاتناشتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 5049 ، ئايال 4722 ، دېموكراتىك ئۇسۇلدا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىغا جەمئىي 221 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 173 ، ئايال 48 ). يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە 1 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ ، توققۇز ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي ئورۇندا ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇلدى ، 18 يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سايلاپ چىقىلدى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 15 ، ئايال ئۈچ ) ، يېزا ( بازار ) لىق ھۆكۈمەتنىڭ 51 ئەزاسى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 42 ، ئايال توققۇز ) سايلاپ چىقىلدى ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 56 ۋەكىل ( ئەر 46 ، ئايال ئون ) سايلاپ چىقىلدى.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي سايلامنىڭ سىناق خىزمىتى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

1 - قېتىملىق ئومۇمىي سايلامدىن كېيىن 1957 - ، 1958 - ، 1961 - ، 1963 - ، 1965 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - قېتىملىقتىن 6 - قېتىملىققىچە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلدى.

1981 - يىلى ناھىيىدە بىۋاسىتە سايلام تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سايلام 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باشلىنىپ ، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدىغان ۋاقىتتا ئاياغلاشتى ، جەمئىي 80 كۈن داۋاملاشتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ناھىيە بويىچە سايلىغۇچىلار 14 مىڭ 25كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 13 مىڭ 411 ، خەنزۇ 542 ، قىرغىز 64 ، خۇيزۇ سەككىز بولۇپ ، سايلىغۇچىلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقانلار 13 مىڭ 550 بولۇپ ، سايلىغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 96.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبەت سەۋىيىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتكەن. ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 80 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋەكىل 68 ، خەنزۇ ۋەكىل ئون ، قىرغىز ۋەكىل ئىككى. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە چاقىرىلغان 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ مۇدىر ، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم ، مۇئاۋىن ھاكىملىرى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

كەلپىن ناھىيىسىدە 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ناھىيە ، يېزا دەرىجىلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. جەمئىي سايلىغۇچى 15 مىڭ 300 بولۇپ ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 52.99 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 14 مىڭ 692 ، خەنزۇ 550 ، قىرغىز 54 ، خۇيزۇ توققۇز. سايلاپ چىقىلغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 81 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋەكىل 70 ، خەنزۇ ۋەكىل توققۇز ، قىرغىز ۋەكىل ئىككى.

كەلپىن ناھىيىسىدە 1987 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى ، سايلىغۇچى 61 مىڭ 359 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 14 مىڭ 372 سايلىغۇچى سايلامغا قاتناشتى ، 80 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 70 ، خەنزۇ سەككىز ، قىرغىز ئىك-

كى.

كەلپىن ناھىيىسىدە 1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، ئومۇمىي سايلىغۇچى 17 مىڭ 64 بولۇپ، سايلىغۇچىلار كىنىشكىسى ئالغانلار 16 مىڭ 812 بۇنىڭ ئىچىدە ساپلامغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ ئاۋاز بەرگەن سايلىغۇچى 15 مىڭ 655 بولۇپ، سايلىغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 91.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 58 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋەكىل 74، خەنزۇ ۋەكىل ئون، قىرغىز ۋەكىل بىر.

# باب II

# ھۆكۈمەت

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى) كەلپىنگە شۆبە دۇداپىتە نائىب ئامبىلى قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتوڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) كەلپىن شۆبە مۇداپىئە نائىب ئامبىلى كەلپىن تەپتىش بېگىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ ۋىنسۇ (ئاقسۇ كوناشەھەر) مەھكىمىسىگە قارىغان. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) كەلپىن تەپتىش بېگى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كەلپىن ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) كەلپىن شۆبە ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان.

## § 1. شۆبە ناھىيە مەھكىمىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

### 1. شۆبە ناھىيە مەھكىمىسى

مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 12 - ئايدا كەلپىن ئاقسۇ ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، شۆبە ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغان، شۆبە ناھىيە مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ياردەمچى ھاكىم قويۇلغان.

### 2. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 10 - ئايدا كەلپىن شۆبە ناھىيىسى ناھىيىگە، شۆبە ناھىيە مەھكىمىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلگەن.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) دىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتى (ھەيئىتى) قۇرۇلۇپ، ھاكىم رەئىس بولغان. باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى، بىر نەپەر ئاخۇن ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 19 ئادەم يەنى بىر ھاكىم، تۆت بۆلۈم باشلىقى (مائارىپ بۆلۈمى باشلىقى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشلىقى، مالىيە بۆلۈمى باشلىقى، قۇرۇ-

لۇش بۆلۈمى باشلىقى ) ، تۆت نەپەر بۆلۈم ئەزاسى ، بىر پۈتۈكچى ، بىر ھارۋىكەش ، بىر دوجى( غەللە ـ پاراق يىغقۇچى ) ، بىر ھۆكۈمەت ساقچىسى ، بىر ئەدلىيە ساقچىسى ، ئۈچ شائيۇ ، بىر تەرجىمان ، بىر قارا خىزمەتچى بولغان .


مىنگونىڭ 33 ـ يىلى ( 1944 ـ يىلى ) 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى ، مائارىپ بۆلۈمى ( قۇرۇلۇش بۆلۈمى مائارىپ بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن ) تەسىس قىلىنغان ، جەمئىي 23 ئادەم بولغان .

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى ( 1945 ـ يىلى ) ناھىيە بويىچە 50 نەپەر ھۆكۈمەت خادىمى بولغان .

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى ) 7 ـ ئاينىڭ24 ـ كۈنى ئاقسۇ تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى جۇمىگۇەننى كۇچا — ئاقسۇ گارنىزون شتابىنىڭ كەلپىندە تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش يېتەكچى خادىملىقىغا تەيىنلەپ ، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلغان .


مىنگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـ يىلى ) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ھاكىم ، كاتىپ ، ئامبار — ئىسكىلات مۇدىرى ، مۇپەتتىش ، بۆلۈم ئەزاسى ، خىزمەتچى خادىم بولۇپ جەمئىي 34 كىشى بولغان .

## مىنگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى




**ئىزاھات :** كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مالىيە بۆلۈمى ، ئامانلىق قوغداش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان . مالىيە بۆلۈم باشلىقى قوشۇمچە يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ، ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان . 20 نەپەر ئامانلىق قوغداش ساقچىسى ، 20 نەپەر ھۆكۈمەت ساقچىسى ۋە ئاشپەز بولغان ، كەلپىن ناھىيىسىدە يەرلىك باج ئىدارىسى بار ئىدى .

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ھەردەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ سىستېما خەرىتىسى



www.uyghurkitap.com

### 3. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدە بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەپتىش بېگى قارىمىقىدا شاڭيۇ تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912 - يىلى) كەلپىن تەپتىش بېگى قارىمىقىدا باش شاڭيۇ تەسىس قىلىنىپ، كەلپىن ئىككى چوڭ كەنتكە ئايرىلغان، ھەر بىر چوڭ كەنتتە ئالتە كەنت، بىر باش كەنت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن باش كەنت باشلىقى، ھەر بىر چوڭ كەنتتە يەنە بىردىن چارلىغۇچى تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەلپىن شۆبە ناھىيىسى (ياردەمچى ئامبال) قارىمىقىدا ئۈچ رايون قۇرۇلغان. ھەر بىر رايونغا بىردىن مىراپ قويۇلغان.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېزىلارغا ئۈچ شاڭيۇ، ئۈچ باۋجاڭ، 12 كەنت باشلىقى، ئۈچ مىراپ، 14 كۆكبېشى تەيىنلىگەن.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىغا بىردىن ئاخۇن، بىردىن مىراپ قويۇلغان، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە كەنت باشلىقى قويۇلغان، ھەر قايسى يېزا (رايون)لارغا يەنە بىر دىن پاششاپ قويۇلۇپ، ئامانلىققا مەسئۇل قىلىنغان.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئايدا يېزىلاردا باۋجيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئەسلىدىكى رايون تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئىككى يېزا، بىر بازار تەسىس قىلىنغان، يېڭىدىن نام بېرىلگەن «ئادالەت» يېزىسى (ھازىرقى گەزلىك يېزىسى) توققۇز باۋغا، «ساداقەت» يېزىسى (ھازىرقى يۇرچى يېزىسى) توققۇز باۋغا، «تىنچلىق» يېزىسى (ھازىرقى ئاچال يېزىسى) ئالتە باۋغا ئايرىلغان، توققۇز يېزا باشلىقى(بازار باشلىقى) تەيىنلەنگەن، ناھىيە بويىچە جەمئىي ئىككى يېزا، بىر بازار، 24 باۋ، 139 جيا قۇرۇلغان.

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28 - يىلىدىن مىنگونىڭ 38 - يىلى (1902 - يىلىدىن 1949 - يىلى) 7 - ئايغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن نائىب ئامبال، ياردەمچى ئامبال، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 14 - 2

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| نائىب ئامبال | ۋاڭ تىڭشياڭ | خەنزۇ | 1902 - يىل |
| نائىب ئامبال | فەن زۇگىيۇ | خەنزۇ | 1908 - يىل 4 - ئاي |
| نائىب ئامبال | ۋاڭ ياڭشى | خەنزۇ | 1910 - يىل 8 - ئاي |
| ياردەمچى ئامبال | لى دېلياڭ | خەنزۇ | 1917 - يىل 12 - ئاي |
| ياردەمچى ئامبال | جاڭ چىڭ | خەنزۇ | 1919 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| يارەمچى ئامبال | ھەببۇللا (يويفۇ) | ئۇيغۇر | 1921 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | ياقۇپ | ئۇيغۇر | 1921 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | لى يەنمىڭ | خەنزۇ | 1925 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | فاڭ جۇيشىن | خەنزۇ | 1927 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | سۇن ۋېنجەن | خەنزۇ | 1927 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | شۇيىزى | خەنزۇ | 1927 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | خەن فالىپ | خەنزۇ | 1928 ـ يىلى |
| يارەمچى ئامبال | ھەببۇللا بەگ | ئۇيغۇر | 1929 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى |
| ھاكىم | لى يۈگچىڭ | خەنزۇ | 1930 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى |
| ھاكىم | پىڭ يەن | خەنزۇ | 1932 ـ يىلى |
| ھاكىم | گو XX | خەنزۇ | 1932 ـ يىلى |
| ھاكىم | لىگودۇڭ | خەنزۇ | 1932 ـ يىلى |
| ھاكىم | موللا نىيازھاجى | ئۇيغۇر | 1933 ـ يىلى |
| ھاكىم | جې گۈي (رازاق) | ئۇيغۇر | 1933 ـ يىلى |
| ھاكىم | يۈسۈپ داموللا | ئۇيغۇر | 1934 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1936 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە |
| ھاكىم | ئىسمايىل | ئۇيغۇر | 1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى |
| مۇۋەققەت ھاكىم | ئىسمايىل | ئۇيغۇر | 1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى |
| ھاكىم | ياڭ جىداۋ | خەنزۇ | 1937 ـ يىلى |
| مۇۋەققەت ھاكىم | جاڭ ۋېنخۇەن | خەنزۇ | 1938 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى |
| مۇۋەققەت ھاكىم | ھامۇت بەگ | ئۇيغۇر | 1938 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى |
| ھاكىم | خې جۇنشيۇ | شىبە | 1940 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى |
| ھاكىم | ۋاڭ يۈگىي | خەنزۇ | 1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى |
| ھاكىم | ۋاڭ ۋېندا | خەنزۇ | 1943 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى |
| ھاكىم | جۇ سىگيۈەن | خەنزۇ | 1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى |
| ھاكىم | ياقۇپ | ئۇيغۇر | 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى |
| ھاكىم | تاھىر داموللا | ئۇيغۇر | 1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى |
| مۇۋەققەت ھاكىم | ئابلىز | ئۇيغۇر | 1949 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى |
| مۇئاۋىن ھاكىم | جاڭ ۋېنخۇەن | خەنزۇ | 1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى |
| مۇئاۋىن ھاكىم | ياسىن ھەسەن | ئۇيغۇر | 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى |
| مۇئاۋىن ھاكىم | ئەمەت قۇربان | ئۇيغۇر | 1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى |
| مۇئاۋىن ھاكىم | مى دىچىڭ (مىزىگۈل توختى) | ئۇيغۇر | 1947 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى |

## § 2 . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

### 1 . ھۆكۈمەت ئاپپاراتى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈن 5 - شىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيىسى 37 - پولكى يەرلىك خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرى ئىمىر باقىنى كەلپىنگە ئېبىرىپ ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مۇۋەققەت ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئاقسۇ يەرلىك كومىتېت تيەن دېسەي، جاڭ گۇڭباۋ قاتارلىقلارنى كەلپىنگە پارتىيە ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. 1950 - يىل 4 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى ، ئەينى ۋاقىتتا ، بىر ھاكىم ، بىر مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ، ھۆكۈمەت قارمىقىدا مالىيە بۆلۈمى ، مائارىپ بۆلۈمى ، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ، قۇرۇلۇش بۆلۈمى ، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1955 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەشكىللىگەن ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش 1 - سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1981 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى خىزمەت تارماقلىرىدىن بۆلۈم ، كومىتېت ، ئىشخانىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ نامى بۆلۈمدىن ئىدارىگە ئۆزگەرتىلدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تۆۋەندىكى ئاپپاراتلار قۇرۇلدى:

**ئىشخانا** 1950 - يىلى قۇرۇلدى ، 1959 - يىلدىن ئىلگىرى كاتىبات ئىشخانىسى دەپ ئاتالغانىدى.

**پىلان كومىتېتى** 1957 - يىلى قۇرۇلدى.

**پەن - تېخنىكا كومىتېتى** 1960 - يىلى قۇرۇلدى.

**جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى** 1950 - يىلى قۇرۇلدى.

**خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى** 1950 - يىلى قۇرۇلدى.

**مالىيە ئىدارىسى** 1950 - يىلى مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1984 - يىلى مالىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

**دېھقانچىلىق ئىدارىسى** 1950 - يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1959 - يىلى ئۇ دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى ، 1962 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى ، 1974 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشخانىسىغا ، 1982 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كومىتېتىغا ، 1984 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ، 1987 - يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

**چارۋىچىلىق ئىدارىسى** 1987 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن بۆلۈنۈپ ، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

**قاتناش ئىدارىسى** 1956 - يىلى قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1958 - يىلى ئۇ سانائەت - قاتناش بۆلۈمـ

گە ، 1986 ـ يىلى قاتناش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

**ئاشلىق ئىدارىسى** 1954 ـ يىلى ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1958 ـ يىلى ئۇ ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرـ تىلدى .

**باج ئىدارىسى** 1954 ـ يىلى قۇرۇلدى .

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى 1974 ـ يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

**سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى** 1964 ـ يىلى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1982 ـ يىلى ئۇ سۇ ـ ئېلېكتر بۆلۈ- مىگە ، 1984 ـ يىلى سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

**مائارىپ ئىدارىسى** 1950 ـ يىلى مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1955 ـ يىلى ئۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمىگە ، 1982 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىگە ، 1984 ـ يىلى مائارىپ ئىدارىسىگە ئۆز- گەرتىلدى .

**سەھىيە ئىدارىسى** 1974 ـ يىلى قۇرۇلدى .

**ئىقتىساد كومىتېتى** 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى .

**مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى** 1965 ـ يىلى تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى .

**سودا ـ سانائەت ئىدارىسى** 1954 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1959 ـ يىلى بازار باشقۇ- رۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ، 1963 ـ يىلى ئۇ بازار باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى ، 1977 ـ يىلى سودا ـ سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلدى ( بازار باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ئاپپارات ۋە خادىمى بىر بولۇپ ، سىرتقا قارىتا ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلدى ) .

**ئەدلىيە ئىدارىسى** 1979 ـ يىلى ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئۇ ئەدلىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەر- تىلدى .

**ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى** 1982 ـ يىلى ئەمگەك ـ كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئۇ ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

**رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى** 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى .

**مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى** 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى .

**ئارخىپ ئىدارىسى** 1960 ـ يىلى ئارخىپخانا قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئارخىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى .

**يېزا ـ بازار كارخانىسى ئىدارىسى** 1977 ـ يىلى گۇڭشې — ئەترەت كارخانىلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئۇ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

**2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى** 1982 ـ يىلى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ، 1985 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

**ستاتىستىكا ئىدارىسى** 1955 ـ يىلى ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى ، 1984 ـ يىلى ئۇ ستاتىستىكا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

**شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى** 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى .

**رېۋىزىيە ئىدارىسى** 1954 ـ يىل 5 ـ ئايدا رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى ، 1955 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ، 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا رېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى .

**ئەرزىيەت ئىدارىسى** 1987 ـ يىلى قۇرۇلدى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى** 1988 ـ يىلى قۇرۇلدى .
**دىنىي ئىشلار ئىدارىسى** 1990 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلدى .
**ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشخانىسى** 1990 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلدى .
**سۇ ، تۇپراق تەرەققىيات ئىشخانىسى** 1990 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلدى .
**مال باھا ئىدارىسى** 1990 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلدى .

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇرۇن تەسىس قىلىپ ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ، نامىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئاپپاراتلار :

**سودا ـ سانائەت بۆلۈمى** 1954 ـ يىلى قۇرۇلدى ، 1958 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ ، سودا ئىدارىسى قىلىپ قۇرۇلدى ، 1962 ـ يىلى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى .

**قۇرۇلۇش بۆلۈمى** 1950 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ، 1959 ـ يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى .

**تاشقى سودا ئىدارىسى** 1958 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ، 1963 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ھەمدە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى .

**سانائەت — قاتناش بۆلۈمى** 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان ، 1986 ـ يىلى قاتناش ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى .

**ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى** 1974 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ، 1979 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

**زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى** 1974 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ، 1980 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ، بۇ ساھەدىكى كەسپىي ئىشلار پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى .

## 2 . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا يېزا ، باغ ـ جيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ناھىيە ئۈچ رايون ، بەش يېزا ، 12 كەنتكە ئايرىلدى ، رايون ، يېزا ، كەنت مەھكىمىسى قۇرۇلدى . رايونلۇق مەھكىمىگە رايون باشلىقى ، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ، كاتىپ ، مالىيە خادىمى ، ياردەمچى قۇرۇلۇش خادىمى ، ياردەمچى ئامانلىق ساقلاش خادىمى قويۇلدى . 1 ـ رايوننىڭ باشلىقى لىۇگوخېڭ ، مۇئاۋىن باشلىقى ئىسكەندەر ؛ 2 ـ رايوننىڭ باشلىقى ئابدۇكېرەم ، مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇقادىر ؛ 3 ـ رايوننىڭ باشلىقى سىبىت نىياز ، مۇئاۋىن باشلىقى قاسىم ئىدى .

1953 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئەسلىدىكى بەش يېزا سەككىز يېزا ، بىر مەھەللىگە كۆپەيتىلدى .

1955 ـ يىلى 2 ـ رايون ( ھازىرقى يورچى يېزىسى ) ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، بۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ يېزا ، بىر مەھەللە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق يېزىغا ئۆزگەرتىلدى .

1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلدى . رايون ، يېزا ، كەنت تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئۈچ گۇڭشې ، 15 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى . خەلق گۇڭشېسى ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن ئاپپارات بولدى .

1969 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى ، گۇڭشېلاردىمۇ ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى .

1981 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . خەلق گۇڭشېلىرىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېتلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

1984 ـ يىلى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ نامى يېزىغا ، خەلق گۇڭشېلىرىغا قاراشلىق ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ نامى مەمۇرىي كەنتكە ئۆزگەرتىلدى . يورچى گۇڭشې بازار چوڭ ئەترىتى قارا كۆت كەنتى ئاساسىدا كەلپىن بازىرى قۇرۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ، كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۈچ يېزا ، بىر بازار ، 24 كەنت ئاھالە كومىتېتى قارايدىغان بولدى .

## 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم (ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇدىر) بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 14 ـ 3

| ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | خىزمەت ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ھاكىم | ئىمىر باقى | ئۇيغۇر | 3. 1956—24. 12. 1949 |
| ھاكىم | قۇربان قەمبەر | ئۇيغۇر | 2. 1969—10. 2. 1957 |
| ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى | دياۋيۈنرۇي | خەنزۇ | 10. 1972—3. 4. 1969 |
| ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى | يەن جىلەي | خەنزۇ | 9. 1974—10. 10. 1972 |
| ھاكىم | ئەمەر سابىت | ئۇيغۇر | 8. 1984—9. 11. 1981 |
| ھاكىم | ھاپىز كېرەم | ئۇيغۇر | 6. 1987—8. 1984 |
| ھاكىم | ئابدۇراخمان ئەشەت | ئۇيغۇر | 14. 6. 1987 |

## 1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم (ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇئاۋىن مۇدىر) بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 14 ـ 4

| ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | خىزمەت ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| مۇئاۋىن ھاكىم | جاڭ گۇڭباۋ | خەنزۇ | 4. 1952—29. 4. 1950 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | تيەن دېسەي | خەنزۇ | 6. 1950—8. 5. 1950 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | ئىبراھىم | ئۇيغۇر | 4. 1955—12. 5. 1954 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | كامال ئەخمەت | ئۇيغۇر | 12. 1956—21. 4. 1955 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | سەي جىنجاۋ | خەنزۇ | 12. 1958—10. 2. 1957 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | ليۇ جىفا | خەنزۇ | 5. 1961—23. 5. 1958 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | لى زىچياڭ | خەنزۇ | 9. 1964—13. 12. 1960 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | رېن گولياڭ | خەنزۇ | 5. 1968—25. 4. 1964 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | مامۇت خۇدابەردى | ئۇيغۇر | 8. 1965—13. 10. 1961 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | جاۋ جىيۇەن | خەنزۇ | 10. 1972—3. 4. 1969 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | دي ليەنكې | خەنزۇ | 12. 1970—3. 4. 1969 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | خې شۈنجيې | خەنزۇ | 12. 1970—3. 4. 1969 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | موللاق ھەبىبۇللا | ئۇيغۇر | 1972—3. 4. 1969 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | خۇدۇيۇمبەردى توختى | ئۇيغۇر | 1972—3. 4. 1969 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | قاھار ئەمەت | ئۇيغۇر | 10. 1976—11. 1971 |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇئاۋىن مۇدىر | دېڭ جىچىڭ | خەنزۇ | 10. 1976—12. 1972 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | شى مىڭيى | خەنزۇ | 10. 1976—1. 3. 1973 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | دالى سابىر | ئۇيغۇر | 10. 1976—5. 10. 1974 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | شاۋرۇيبىڭ | خەنزۇ | 10. 1976—3. 1975 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | زېي جىشىڭ | خەنزۇ | 11. 1981—4. 1978 |
| مۇئاۋىن مۇدىر | مەھەممەت كەنجى | ئۇيغۇر | 11. 1981—4. 1978 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | زېي جىشىڭ | خەنزۇ | 1983—9. 11. 1981 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | دالى سابىر | ئۇيغۇر | 8. 1984—9. 11. 1981 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | تۇنىياز دەرۋىش | ئۇيغۇر | 6. 1987—9. 11. 1981 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | فەن مياۋ | خەنزۇ | 7. 1986—21. 5. 1984 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | جياۋ شاۋ جيې | خەنزۇ | —14. 6. 1987 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | مۇھەممەت موسا | ئۇيغۇر | 6. 1990—14. 6. 1987 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | مۇھەممەت تاھىر | ئۇيغۇر | —30. 6. 1990 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | جياۋفۇچىن | خەنزۇ | —30. 6. 1990 |

# III باب

# ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى (قىسقارتىلىپ «ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش» دېيىلىدۇ) ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەر قايسى قاتلاملاردىكى زاتلار بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى تەشكىلات ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان خەلق دېموكراتىك بىرلىكسەپ تەشكىلى.

## 1 § . ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1952 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم مەھەممەت زايىتنى سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. 1954 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلدى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى مۇنۇ كىشىلەردىن ئىبارەت بولدى: ئۆمەر باقى، يەن زېمىن،

جاڭ پېڭشۈەن ، ئىمىن مۇسا ، مەھەممەت نىياز ، گۇسۇنخان ، مەھەممەت مامۇت ، ئابدۇقادىر ھاجى ، مەھمۇد ھەسەن ( مەۋلىۋى ) ، ھامىدىن ئاخۇن ، ئابدىرشىت ئەلەم ، ئابدۇرېھىم ئەمەر .

## 1 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

1957 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كەلپىن ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى رەسمىي تەشكىل قىلىندى ، يىغىنغا 35 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى ، بەش ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى . رەئىسلىكنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇچۇەنجيا قوشۇمچە ، مۇئاۋىن رەئىسلىكنى دىنىي زات موللا ئابدۇللا مىرات ئۈستىگە ئالدى ، دائىمىي ئەزالىرى 11 كىشىدىن ، ئەزالىرى 18 كىشىدىن ئىبارەت بولدى . دائىمىي ئەزالىرى جۇچۇەنجيا ، قۇربان قەمبەر ، موللا ئابدۇللا مىرات ، گۇسۇنخان ، تاھىر ئاخۇن ، مامۇت ئاخۇن ، ھامىدىن ئاخۇن ، ھاپىز ئاخۇن ، تۆمۈر ئۇستا ، مامۇت ئۇستا ، پازىل مەممەتلەردىن ئىبارەت بولدى .

## 2 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

1959 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق ئومۇمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى . يىغىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭ جىنفېڭ رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى . موللا ئابدۇللا مىرات مۇئاۋىن رەئىس بولدى . 11 كىشى دائىمىي ئەزا بولدى ، كومىتېت 23 كىشىدىن تەركىب تاپتى . دائىمىي ئەزالار : ياڭ جىنفېڭ ، موللا ئابدۇللامىرات ، ساۋجېنبىڭ ، قۇربان قەمبەر ، تىللاخان ، مامۇت ياقۇپ ، ئابدۇراخمان ئامان ، تاھىر داموللا ، توخسۇن موللا ، ئابدىرشىت ئەلەم ، قۇربان موللالاردىن ئىبارەت بولدى .

## 3 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

1963 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ، سىياسىي كېڭەش 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى ، 11 كىشى دائىمىي ئەزا بولدى ، كومىتېت 37 كىشىدىن تەركىب تاپتى . دائىمىي ئەزالىرى ياڭ جىنفېڭ ، قۇربان قەمبەر ، مامۇت ياقۇپ ، موللا ئابدۇللا مىرات ، تاھىر ئاخۇن ، قۇربان موللا ، ئابدىرشىت ئەلەم ، تىللاخان ، ئابدۇراخمان ئامان ، ئابدۇقادىر ھاجى ، توخسۇن موللالاردىن ئىبارەت بولدى . ياڭ جىنفېڭ رەئىس ، موللا ئابدۇللا مىرات مۇئاۋىن رەئىس بولدى .

## 4 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

1965 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ، سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى . ياڭ جىنفېڭ قوشۇمچە رەئىس ، موللا ئابدۇللا مىرات مۇئاۋىن رەئىس ، توققۇز كىشى دائىمىي ئەزا بولدى ، كومىتېت 24 كىشىدىن تەركىب تاپتى .

1966 ـ يىلى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن كېيىن ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتى توختاپ قالدى .

1977 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مۇۋاپىق تەڭشەلدى . بۇ چاغدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكنى نا-

ھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى مەھمۇد ئەھمىدى قوشۇمچە ئۇستىگە ئالدى ، مۇئاۋىن رەئىسلىكنى دېلى جىچىك ، موللا ئابدۇللا مىرات ئۇستىگە ئالدى ، 82 كىشى كومىتېت ئەزاسى بولدى .

**5 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى**

1981 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق ئومۇمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىردى . يىغىندا 37 كىشىدىن تەركىب تاپقان سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى ، 13 كىشى دائىمىي ئەزا بولدى . مەتىمىن ئەمەت رەئىس ، دېلى جىچىك ، ئىمىن مۇسا ، موللا ئابدۇللا مىراتلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى .

دائىمىي ئەزالار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولدى : مەتىمىن ئەمەت ، دېلى جىچىك ، ئىمىن مۇسا ، موللا ئابدۇللا مىرات ، جامال خۇدۇيۇمبەردى ، ئىبراھىم سايىت ، تىللاخان ، سامساق ئىبراھىم ، ۋاڭ خەيشېڭ ، ئابلىز قۇربان ، ئابدۇقادىر ھاجى ، داۋۇت موللا ، ھامىدىن ئاخۇن .

1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش مۇستەقىل ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان بولۇپ قۇرۇلدى .

**6 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى**

1984 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ سانلىق ئومۇمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىپ ، سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقتى . 15 كىشى دائىمىي ئەزا بولدى . تىلىۋالدى توختى رەئىسلىكنى ، شاۋرۇيىبىڭ ، ئىمىن مۇسا ، ئابدۇقادىر ھاجىلار مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۇستىگە ئالدى .

تۆۋەندىكىلەر دائىمىي ئەزا بولدى : تىلىۋالدى توختى ، شاۋرۇيىبىڭ ، ئىمىن مۇسا ، ئابدۇقادىر ھاجى ، موللا ئابدۇللا مىرات ، مەھمۇد ھەسەن ( مەۋلىۋى ) ، جامال خۇدۇيۇمبەردى ، ئىبراھىم سايىت ، تىللاخان ، سامساق ئىبراھىم ، ئابلىز قۇربان ، داۋۇت موللا ، ۋاڭ خەيشېڭ ، ئابدۇرېھىم ئۆمەر ، ھامىدىن ئاخۇن . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە ئىشخانا تەسىس قىلىندى .

**7 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى**

1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى . 15 كىشى دائىمىي ئەزا بولدى . رەئىسلىكنى تىلىۋالدى توختى ، مۇئاۋىن رەئىسلىكنى شاۋرۇيىبىڭ ، ئىمىن مۇسا ، ئابدۇقادىر ھاجى ئۇستىگە ئالدى .

شۇ يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە 13 ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ ، قارىمىقىدا ئىشخانا ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە گۇرۇپپىسى ، تارىخىي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى ، سودا ـ سانائەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى .

**8 . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى**

1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ، فەن مياۋ رەئىسلىككە ، شاۋرۇيىبىڭ ، جۇۋېنبو ، مەھەممەت قارى ( دىنىي زات ) ، گۇلنىسا رەھمەت ، قاسىم مەخسۇتلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى . 17 كىشى دائىمىي ئەزا بولدى . ئۇلار فەن مياۋ ، شاۋرۇيىبىڭ ، جۇۋېنبو ، مەھەممەت قارى ، گۇلنىسا رەھمەت ، قاسىم مەخسۇت ، ئابلىز قۇربان ، سامساق ئىبراھىم ، ئابلىمىت قارى ، ئەيسا تۇردى ، تىلىۋالدى توختى ، ئىبراھىم سايىت ، روزى سىدىق ، ئوسمان نايىپ ، ئابدۇرېھىم ئۆمەر ، سۇن مىڭدا ، توختىخان ساۋۇتلاردىن ئىبارەت .

### كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 14 ـ 5

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | خىزمەت ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| جۇچۇەنجيا | رەئىس | خەنزۇ | 11.1959—7.1957 |
| مۇللا ئابدۇللا مىرات | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | 6.1965—7.1957 |
| ياڭ جىنفېڭ | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجى‌ـ سى ، قوشۇمچە رەئىس | خەنزۇ | 6.1965—11.1959 |
| مەھمۇد ئەھمەد | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجى‌ـ سى ، قوشۇمچە رەئىس | ئۇيغۇر | 11.1981 — 1979 |
| دېڭ جىچىڭ | مۇئاۋىن رەئىس | خەنزۇ | 8.1984—1979 |
| مۇللا ئابدۇللا مىرات | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | 8.1984—1979 |
| مەتىمىن ئەھمەت | رەئىس | ئۇيغۇر | 8.1984—11.1981 |
| ئىمىن موسا | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | 1989—11.1981 |
| تىلىۋالدى توختى | رەئىس | ئۇيغۇر | 6.1990—8.1984 |
| شاۋرۇيبىڭ | مۇئاۋىن رەئىس | خەنزۇ | —6.1987 |
| ئابدۇقادىر ھاجى | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | 1988—6.1987 |
| فەن مياۋ | رەئىس | خەنزۇ | —6.1990 |
| قاسىم مەخسۇت | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | —6.1990 |
| گۈلنىسا رەھمەت | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | —6.1990 |
| جۇۋېنبو | مۇئاۋىن رەئىس | خەنزۇ | —6.1990 |
| مۇھەممەت قارى | مۇئاۋىن رەئىس | ئۇيغۇر | —6.1990 |

## § 2 . ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى ئىشخانا خىزمەت گۇرۇپپىسى ، پەن تەتقىقات خىزمەت گۇرۇپپىسى ، ئۆگىنىش ـ خىزمەت گۇرۇپپىسى ، تەكلىپ ـ لايىھە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت تۆت گۇرۇپپا تەسىس قىلدى . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە جەمئىي 13 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار . ناھىيىلىك 7 ـ ، 8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتلىرىدا جەمئىي 166 تەكلىپ لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى .

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ، كەلپىن بازىرىنىڭ قاراكۆت كەنتىنى ئالاقىلىشىش نۇقتىسى قىلىپ ، بۇ كەنتنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنىڭ قانات يېيىشىغا ياردەم بېرىپ ، بۇ كەنتنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى .

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئالاقىدار تارماقلارغا زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ ، دىنىي زاتلار ، بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى ، ناھەق ، يالغان ، خاتا ئەنزىلەرنى تۈزەتتى .

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، ھەر خىل سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشنى تەشۋىق قىلدى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئاچال يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقە مەزگىلىدە، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئاممىغا خىزمەت ئىشلەپ، مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىر خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە سىياسىي كېڭەش ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

1989 - يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە تارىخىي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 1990 - يىلغىچە «كەلپىن تارىخ ماتېرىياللىرى» (شاپىگراف باسمىسى) دىن ئۈچ سان چىقىرىلىپ، جەمئىي 200 نەچچە نۇسخا تارقىتىلدى.

## قوشۇمچە: مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى قۇرۇلۇپ، ھاپىز نىياز پالاتا باشلىقى، ئابدۇللا ھامۇت مۇئاۋىن پالاتا باشلىقى بولغان. كېڭەش پالاتاسى 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسى كەلپىن ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشى ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى باخشى - داخانلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىشنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئېلان چىقارغان، لاياقەتسىز ھۆكۈمەت خادىملىرى، مۇئەللىملەرنى تەكشۈرۈش، يوللارنى كېڭەيتىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىرەرسىمۇ ئىشقا ئاشمىغان، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى يىغىن ئېچىپ، ناسىيلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ماسلىشىشنى قارار قىلىپ، ماتا (بۆز) نىڭ ئۆلچىمىنى يېڭىباشتىن بېكىتىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈش ھەمدە پاراقنى يەرگە قاراپ بېكىتىش، شۇنىڭدەك مائارىپتا ئىمتىھان ئېلىشنى يولغا قويۇش، شىپاخانا قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. (بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1949 - يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي 17 قېتىم يىغىن ئېچىپ، بەزى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيە خەلقى ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. كېڭەش پالاتاسى ناھىيىدىكى مەزھەبچىلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە قاتنىشىپ، «خەلقنىڭ ھاكىم سايلىشى» دەك رەزىل ئويۇن داۋامىدا بەش ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كېڭەش پالاتاسى يوقىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرىسى

ئون بەشىنچى قىسىم

# زور سىياسىي ۋەقەلەر

www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى قىسىم

# زور سىياسىي ۋەقەلەر

## I باب

## مىنگو دەۋرىدىكى زور سىياسىي ۋەقەلەر

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنىدىن توپىلاڭ كۆتۈرگەن 6 ـ شىدىكى 36 نەپەر ئەسكەر كەلپىنگە كېلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋايىس بىلەن تەپتىش خۇدابەردىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. 8 ـ ئايدا شىجاڭ ئابدۇنىياز (توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرى لىيەنجاڭ ئىدى) توپىلاڭ كۆتۈرگەن قوشۇندىكى 1000 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى باشلاپ كەلپىن ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، ئابدۇنىياز مۇھەممەت نىياز شاڭيۇنى كەلپىنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. كەلپىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت ھاجى ۋە داموللا ئابدۇللا قازى قاتارلىق كىشىلەر ئابدۇنىيازنىڭ ھەرىكىتىگە زىچ ماسلاشتى. مۇھەممەت ھاجى ھەربىي قوشۇنغا 40 يامبۇ ئىئانە قىلدى، شۇنىڭدەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئامبىرىدىن بىر قىسىم قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئابدۇنىيازغا بەردى، كەلپىن خەلقى ھەربىي قوشۇننىڭ بارلىق تەمىناتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەلپىنگە شىمالىي تاغدىن بىر تۈەن ئەسكەر (سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىيلىرىنى ئاساس قىلغان) كىردى، ئابدۇنىيازنىڭ قوشۇنى ئۇرۇش قىلمايلا كەلپىندىن چېكىندى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ تۈەن كەلپىندىن كېتىش ۋاقتىدا رەئىس مۇھەممەت ھاجى، بەردى موللا، ھەققۇلى شاڭيۇ، مۇھەممەت نىياز ھاكىم، ناسىر دورغا (مۇھەممەت ھاجىنىڭ يىللىقچىسى) قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ كېتىپ، قارا كۆل ياقا قۇدۇققا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە مۇھەممەت ھاجىنىڭ مال ـ مۈلكىنى «ئاسىينىڭ مال ـ مۈلكى» سۈپىتىدە مۇسادىرە قىلدى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن تۈەنجاڭ ئاشۇرۇۋ (روسىيىلىك) بىر لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ كەلپىنگە كىردى. ئۇلار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئادەم تۇتۇشنى مەخپىي پىلانلاپ، ئوغلاق تارتىشقا، ئات بەيگىسگە، مەشرەپكە، چېلىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مېھمان چاقىرىپ زىياپەت بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ 85 ئادەمنى قولغا ئالدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى 16 ياش، ئەڭ چوڭى 80 ياش ئىدى، قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە سودىگەرلەر، ھەربىيلەر، ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ھۆكۈمەت خادىملىرى قاتارلىقلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تۆپىنچىسى ئابدۇنىياز قوشۇن-

غا ھېسداشلىق قىلغانلار، بەزىلىرى قوشۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلار ئىدى. قولغا ئېلىنغانلار ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، كېيىن كىشىلەر بۇ ۋەقەنىڭ شېڭ شىسەي پەيدا قىلغان ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستى دېلوسى» نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى.

# II باب

# يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى زور سىياسىي ۋەقەلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كەلپىن ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن زور سىياسىي ۋەقەلەر بىر قەدەر كۆپ بولدى، بەزى مەزمۇنلار (مەسىلەن، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلار) ئالاقىدار قىسىم ـ بابلاردا بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغاچقا، بۇ يەردە قايتا بايان قىلىنمىدى.

## § 1 . ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا جەنۇبىي چاۋشيەندىكى لى سىنمان گورۇھىنى چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئارقىدىنلا يەنە 7 ـ جيەندۈينى ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىگە ئەۋەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكا 15 دۆلەتنىڭ ئارمىيىسىنى توپلاپ، ئۇلارغا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارمىيىسى» بايرىقىنى كۆتۈرتكۈزۈپ، چاۋشيەننىڭ رېنچۈەن دېگەن جايىدا قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ، تاجاۋۇزچىلىقنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۇرۇش ئوتىنى جۇڭگو چېگرىسىغىچە تۇتاشتۇردى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى جۇڭگونى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىمىز ھۆكۈمىتى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى، ۋەتەننى قوغداش» قارارىنى چىقاردى. كەلپىن ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ قارارغا پائال ئاۋاز قوشتى، 1951 ـ يىلنىڭ بېشىدا كەلپىن ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىندى. ھەر مىللەت خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىپ، پۇل ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى، 560 نەپەر ياش ئارمىيىگە قاتنىشىپ، چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزلىرىنى ئاكتىپ تىزىملاتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يەنە تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياپونىيىنى

قورالللاندۇرۇشقا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىمزا قويۇش پائالىيتى قانات يايدۇرۇلدى ، ئىمزا قويۇشـ
قا 10 ملىڭ 154 ئادەم قاتناشتى .
1951 ـ يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى
تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن 320 يۈەن كۈمۈش تەڭگە ، 37 ئات ، 55 تۆگە ، 14 كالا ،
175 ئۆچكە ، 731 قوي ، ئالتە ئېشەك ئىئانە قىلىنغان ، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 175 مىليون يۈەن
(كونا پۇل) بولىدۇ .
ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايـ
دۇرۇلۇشى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپـ
لىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى .

## § 2 . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1951 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
شىنجاڭ بيۇروسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان ئۆلكىلىك ھەرمىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەـ
كىللىرى يىغىنىدا «بۇ يىل قىش ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە
قارشى تۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى . جەنۇبىي شىنجاڭ راـ
يونلۇق پارتكوم شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىجاـ
رە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى . كەلپىن ناھىيىـ
سىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى 1951 ـ يىل 6 ـ ئايدا باشلىنىپ ،
1952 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئون ئاي داۋام قىلدى . ھەرىكەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى : بىرىنچى
باسقۇچتا ، ئاساسەن ، خادىملار ئاجرىتىلىپ ، تايانچىلار تەربىيىلەندى . 1951 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىـ
دىن 7 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ناھىيە بويىچە 46 نەپەر يېزا ـ كەنت كادىرى ۋە 73 نەپەر ئاكتىپ يىغىلىپ ، ناھىـ
يە بازىرىدا ئىككى قارارغا بۆلۈنۈپ تەربىيىلەندى ، پارتىيىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە
قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن ، سىياسەتلىرى ، خىزمەت ئۇسۇللىرى ، سىنىپىي تەركىب ئايرىشقا
دائىر سىياسەت چەك ـ چېگرىسى قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى . 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك
پارتكوم كەلپىن ناھىيىلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ ، چوڭقۇر سەپەرۋەر قىلىپ ، سىياسەتنى
چۈشەندۈرۈپ ، سىناق خىزمىتىگە ئاساس سالدى . ئىككىنچى باسقۇچتا ، ناھىيىلىك پارتكوم كەلپىن ناھىيىـ
لىك ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنى سىناق قىلىش خىزمەت ئەترىتى قۇرۇپ ، باغـ
لىق كەنتىدە سىناق قىلدى . 60 ئەر ،12 ئايال بولۇپ ، جەمئىي 72 كادىردىن تەشكىل قىلىنغان خىزمەت ئەتـ
رىتى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى نۇقتىغا كىرىپ خىزمەت باشلىدى ، بۇ خىزمەت 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە 50
نەچچە كۈن داۋاملاشتى . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ئارقىلىق جەمئىي 2608 چارەك بۇغداي ئېنىقلاپ چىقىلـ
دى ۋە ئامىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق دېھقانلارغا نامراتلىق سەۋىيىسىگە قاراپ بۆلۈپ بېرىلدى . ئىـ
جارە ھەققىنى كېمەيتىش ئاساسىدا 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قورچاق باۋجاڭ ، چوڭ پومېشچىك قۇربان
شاڭيۈنى ۋە چوڭ زومىگەر قۇرباننى كۈرەش قىلىش يىغىنى ئېچىلدى . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرـ
لەرگە قارشى تۇرۇشنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئارقىلىق ئامما قوزغىتىلدى ۋە تەربىيىلەندى ، دېھقانلارنىڭ
سىنىپىي ئېڭى ئۆستۈرۈلدى ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى چېنىقتۇرۇلدى ، ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېـ
مەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تەجرىبە توپلانـ

www.uyghurkitap.com

دى . ئۈچىنچى باسقۇچتا ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى . 1951 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم « ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش » چىقاردى ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن يېزىلارغا باردى ، سىياسەتنى چوڭقۇر ، كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ سىنىپي ئېڭى ئۆستۈرۈلدى . ئۇلار پومېشچىكلارنىڭ نېمە ئۈچۈن باي ئىكەنلىكىنىڭ ، نامراتلارنىڭ نېمە ئۈچۈن نامرات ئىكەنلىكىنىڭ داۋلىسىنى چۈشىنىۋالدى ، خىزمەت ئەترەتلىرى كەڭ دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى بويىچە پومېشچىكلار بىلەن زومىگەرلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى توغرا ئايرىدى ، ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە قاراپ كۈرەش ئوبيېكتىنى بېكىتتى . ناھىيە بويىچە جەمئىي ئالتە قېتىم كۈرەش يىغىنى ئېچىلىپ ، 16 زومىگەرگە زەربە بېرىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئون زومىگەر قولغا ئېلىنىپ ھۆكۈم كېسىلدى ، ئالتە زومىگەر رېجىمغا ئېلىندى .

زومىگەرلەرنى كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئاما تېخمۇ قوزغىتىلىپ ، ئەھۋاللار تېخمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ ، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ئىجارە ھەققى كېمەيتىلدى ۋە قايتۇرۇلدى . ئەينى ۋاقىتتا كەلپىن ناھىيىسىدە يەر ئىجارىسى ، قەرز ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى ، بەزىلەر قويغا ، بەزىلەر پۇلغا ، بەزىلەر ئاشلىق ياكى گۈلگە قەرز تارقىتاتتى ، قەرزلەرنى بەزىلەر بىر پەسىلدە بىر قېتىم ، بەزىلەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم يىغاتتى . كەلپىن ناھىيىسىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە قايتۇرۇشتا ، ئومۇمەن ، « 5 : 5 نىسبەت » تە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ياكى « 6 : 4 نىسبەت » تە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە قايتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى . ناھىيە بويىچە پومېشچىك ، باي دېھقانلار قايتۇرغان ۋە كېمەيتكەن ئاشلىق 23 مىڭ 501 چارەك ( جىڭغا سۇندۇرغاندا 51 مىڭ 701 جىڭ ) ، نەق پۇل 3 مىليون 821 مىڭ يۈەن ( كونا پۇل ) ، تۆگە 38 ، ئات 22 ، كالا 105 ، قوي 107 ، ئېشەك 45 ، تەڭگە 491 سەر ، زىنقچا ئالتۇن ئۈچ تال ، كۈمۈش پۇل 91 ، يامبۇ 13 دانە بولدى . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرى قايتۇرۇلغان ۋە كېمەيتىلگەن پۇل ، مال ۋە چارۋىنى 1454 ئائىلە ، 2522 نەپەر كەمبەغەل دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بەردى . بۇ ، يېزا ئاھالىسىنىڭ 31.19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .

## § 3 . « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى

« ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان خىيانەتچىلىككە ، ئىسراپچىلىققا ، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت .

كەلپىن ناھىيىسىدە « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى 1952 ـ يىل 5 ـ ئايدا باشلىنىپ ، 1953 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى . 1952 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكوم ، رايونلۇق پارتكوم كادىرلىرى يىغىنى چاقىردى ، يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى تيەن دېسەي جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاچقان ناھىيە ، تۈەندىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەم « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىنى دەرھال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى . يىغىندا ھەرىكەتنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش ، يەنى بىرىنچى قەدەمدە « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىنىڭ زور ئەھمىيىتى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ، كەڭ كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ؛ ئىككىنچى قەدەمدە ئاممىنى ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلىشقا ، باشقىلارنى پاش قىلىشقا قوزغاش ھەم رەھبەرلىككە دادىل تەنقىد بېرىشكە نۇقتىلىق ئىلھاملاندۇرۇش ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە « يولۋاس »

ئۇرۇش (خىيانەتچىلەرنى پاش قىلىش ، تەكشۈرۈش ) ، زاڭ ماللارنى قايتۇرۇۋېلىش ، ئەنزە بېكىتىش قا-رار قىلىندى .

ناھىيىلىك پارتكوم ، رايونلۇق پارتكوم كادىرلىرى يىغىندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسى شۇ چاغدىكى 15 ئىدارە - ئورۇننى توققۇز ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا ئۇيۇشتۇردى ، گۇرۇپپىلاردا يولداش پېڭ جېنىڭ سۆزى ۋە « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىگە دائىر ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى . سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا 15 ئىدارىدىن « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىگە 213 ئادەم قاتناشقان .

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھەرىكەت ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى تيەن دېسەي ئالدى بىلەن ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان كادىرلار يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈردى ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە قىلىنغان پۇلغا تۆت ئە-دىيال سېتىۋالغانلىقى ۋە ئاممىنى ئۇرۇپ - تىللىغانلىقىغا ئوخشاش مەسىلە ..رنى تەكشۈردى ، بۇ مەسىلە-لەرنىڭ خىيانەتچىلىك ۋە بيۇروكراتلىق ئىستىلىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ھەممە كەڭ كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە يۈرەكلىك ھالدا « ئوت ئېچىش » نى تەلەپ قىلدى . ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرى ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ، « ئوتنى ئۆزىگە تۇتاشتۇرغانلىقى » ئۇ-چۇن ئاممىدىكى بەزى ئەندىشىلەر تۈگىتىلدى . 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھەرىكەت « يول-ۋاس » ئۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . 1000 يۈەندىن كۆپرەك خىيانەتتى بار تۆت كىشى ، 5000 يۈەن-دىن ئارتۇق خىيانەتتى بار ئىككى كىشى ، 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىيانەتتى بار بىر كىشى سېزىلىشكە باشلىدى ؛ كېيىن ھەرىكەت داۋامىدا ئۇرۇلغان چوڭ « يولۋاس » 23 كىشىگە كۆپەيدى . 20 كۈن داۋام قىل-غان « يولۋاس » ئۇرۇش خىزمىتى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى « يولۋاس » تۇتۇش باسقۇچىغا قەدەمقويۇپ ، ناھىيە بويىچە جەمئىي 14 « يولۋاس » تۇتۇلدى .

1952 - يىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى ئەنزە بېكىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە - ئورگانلاردىكى بارلىق پارتىيە ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە « يولۋاس » ئۇرۇش گۇرۇپپىلىرى باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئاچتى . يىغىندا ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىپ ۋە خۇلاسىلىنىپ ، 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ قايتا تەكشۈرۈش ، ئەنزە بېكىتىش باسقۇچىغا كۆچۈش بەلگىلەندى ، « يولۋاس » ئۇ-رۇش خىزمەت گۇرۇپپىلىرىدىكى يولداشلاردىن پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى قاتتىق ئىگىلەپ ، ھەرىكەتتە « يول-ۋاس » قىلىپ قويۇلغانلارنى بىر - بىرلەپ قايتا تەكشۈرۈش ، مەسىلىسى يوقلارنى قويۇپ بېرىش ، مەسى-لىسى بارلارغا خاتالىقىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ چارە كۆرۈش تەلەپ قىلىندى . ناھىيە بويىچە جەمئىي 149 ئادەم قايتا تەكشۈرۈلۈپ ، ئەڭ ئاخىرىدا 39 ئادەم خىيانەت قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندى ، بۇنىڭ ئىچىدە نەسىھەت قىلىش جازاسى بېرىلگىنى بىر نەپەر ، گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلگىنى ئىككى نەپەر ، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى ئالتە نەپەر ، خىزمەتتىن ھەيدەلگىنى بىر نەپەر ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەر-تىشكە تاپشۇرۇلغىنى ئىككى نەپەر ، ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلگىنى بىر نەپەر ، قالغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قە-لىندى .

1953 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم يەنە ئادەم تەشكىللەپ ، « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكە-تىدە بىر تەرەپ قىلىنغانلارنى قايتا تەكشۈرۈپ ، تۆت كىشىگە بېرىلگەن ئەسلى جازانى ئەمەلدىن قالدۇر-دى . شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت ئاساسەن ئاخىرلاشتى .

« ئۈچكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتى ئارقىلىق كەڭ كادىرلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستى ، رەھبىري كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ياخشىلاندى ، ھەق - ناھەقنىڭ چەك - چېگرىسى ئايرىلدى ، خى-يانەتچىلەرگە زەربە بېرىلدى ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلار قۇتقۇزۇۋېلىندى ، كادىرلار قوشۇنى پاكلان-

www.uyghurkitap.com

دى ، بىراق ، ھەممە ئادەم ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈلگەچكە ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە «سول»غا مايىللىق كۆرۈلگەچكە بەزى خاتا ، يالغان ئەنزىلەر پەيدا بولۇپ ، بەزى كادىرلارغا ئازار بېرىلدى .

## § 4 . ئىشپىيونلارنى تازىلاش ـ ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش

1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىدە بىر قىسىم كونا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ساقلاپ قېلىندى . بۇ خادىملارنىڭ تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر مۇنچە گومىنداڭ ئەزالىرى ، سەنچىڭتۇەن ئەزالىرى ، ئىشپىيون ـ ئاخباراتچىلار ۋە ئەكسىيەتچىل دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كاتىباشلىرى بار ئىدى . ئازادلىقتىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەكسىيەتچىل مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ ، خەلق بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىپ ، خەلق دېموكراتىك يېڭى ھاكىمىيەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى . جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ، 1950 ـ يىلى يازنىڭ بېشىدا كەلپىن ناھىيىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ قارارى بويىچە ئىشپىيونلارنى تازىلاش ـ ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى .

كەلپىن ناھىيىسىدە ئىشپىيونلارنى تازىلاش ـ ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا باشلاندى . 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ھەيئىتى 80 دىن ئارتۇق گۇمانلىق خادىمنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ ، ئىنقىلاش ـ تىزىملاش ئىشىنى ئېلىپ باردى . يىغىندا ياقۇپ مىجىت پارتىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ، مەسىلىسى بار كىشىلەرنى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ، يامان ئادەم ، يامان ئىشلارنى ئاكتىپ پاش قىلىپ ، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا سەپەرۋەر قىلدى .

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئىشپىيونلارنى تازىلاش ـ ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئالدى بىلەن ناھىيە بازىرىدا ، كېيىن يېزىدا ، ئالدى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ، كېيىن ئامما ئارىسىدا ئېلىپ بېرىش تەرتىپى بويىچە پۈتۈن ناھىيىدە قانات يايدۇرۇلدى . 1951 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ناھىيە بويىچە قالدۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەن 145 كونا خىزمەتچى ئىچىدىن 75 نەپەر گومىنداڭ ئەزاسى بايقالدى ، ناھىيە بويىچە ئىشپىيون ، ئاخباراتچى ، پايلاقچىدىن 170 كىشى ، ئەكسىيەتچىل دىنىي تەشكىلاتقا قاتناشقان بىر كىشى ، باشقا ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارغا قاتناشقان 46 كىشى ئېنىقلاپ چىقىلدى ، ئىشپىيونلارنى تازىلاش ـ ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ئاساسىدا ، كەلپىن ناھىيىسىدە 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى .

## § 5 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەتتە قانات يايدۇرۇلغان سىياسىي ھەرىكەت . ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى باندىت ، ئىشپىيون ، زومىگەر ، ئەكسىيەتچىل پارتىيە ـ تەشكىلاتلارنىڭ تايانچىلىرى ۋە ئەكسىيەتچىل دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كاتىباشلىرىغا زەربە بېرىش ئىدى . كەلپىن ناھىيىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىپ ، 1952 ـ يىل ئاخىرلاشتى .

ناھىيىلىك پارتكوم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى ئۆگىنىش ھەيئىتى قۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئۆگىنىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئۆگىنىش ھەيئىتى ئورگان – ئىدارىلەردىكى ھەر تۇققۇز ئادەمنى بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قىلىپ ئايرىدى، ئۆگىنىشنى ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ يېتەكچىلىرى ئۇيۇشتۇردى، ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئۆگىنىش قىلىندى. ئاساسەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى» قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى.

ھۆججەت ئۆگىنىش ئاساسىدا، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر تەشۋىقات ئەترىتى (65 كىشىلىك) قۇرۇلدى، بۇ ئەترەت 15 تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندى. ئۇلار، ئاساسەن، ياڭگىر ئويناش، ياغاچ پۇت بىلەن مېڭىش، كوچا كومېدىيىلىرىنى ئويناش، دراما ئويناش، ھەجۋىي رەسىم سىزىش، تام گېزىتى چىقىرىش، شوئار – لوزۇنكا چاپلاش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، شەھەر – يېزىلاردا پارتىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىپ، ئاممىنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئۆستۈردى. تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ خادىملىرى يەنە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، نامراتلاردىن ھال – ئەھۋال سوراپ، ئۇلارنى ئازاپ – ئوقۇبەتنى ئەسلەپ، دەرت تۆكۈشكە يېتەكلىدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 410 نۇسخىدىن ئارتۇق تەشۋىقات قوللانمىسى، 400 نۇسخىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋارىقى بېسىپ تارقاتتى. 1 – رايوندىكى چوڭ زومىگەر قۇربانىنىڭ جىنايەتلىرىنى ھەجۋىي سۈرەتلەر ئارقىلىق ئاممىغا جاكارلىدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي بەش قېتىم چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 19 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ تۆت قېتىم ئاخۇنلار يىغىنى ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 400 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەممە ئادەم بىلىپ يەتتى، كەڭ ئامما سىنىپىي ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايىتىنى ئاكتىپ پاش قىلىشقا باشلىدى.

ئىشپىيونلارنى تازىلاش – ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش ئاساسىدا مەسىلىسى بار بەزى ئادەملەر تىزىملاپ چىقىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق پاكىتلار سىياسەتكە سېلىشتۇرۇلۇپ، خاتالىقنىڭ خاراكتېرى بېكىتىلدى. ھەرىكەت داۋامىدا ناھىيە بويىچە ئىشپىيون، ئاخباراتچى، پايلاقچى قاتارلىقلاردىن 209 كىشى، گومىنداڭ ئىشپىيوندىن 39 كىشى، گومىنداڭ ئەزاسى، سەنچىڭتۇەن ئەزاسىدىن 149 كىشى، باشقا ئەكسىيەتچىل دىنىي تەشكىلاتقا قاتناشقانلاردىن بىر كىشى، زومىگەردىن 43 كىشى، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتقا قاتناشقانلاردىن 64 كىشى، خۇڭباڭ تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسىدىن بىر كىشى تىزىملاندى.

1952 – يىل 3 – ئايدا ھەرىكەت ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى. دۈشمەنگە «پۇختا، دەل، قاتتىق» زەربە بېرىش، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق ئۈچۈن، كەلپىن ناھىيىسى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 3 – ئاينىڭ 13 – كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى ئاساس قىلىپ، ئەنزەلەرنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تىزىملانغان بارلىق گۇمانلىق ئادەملەرنى بىر – بىرلەپ تەكشۈرۈپ دەلىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، يېزىلاردا شۇ چاغدىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ دەلىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، بۇ خىزمەت 10 – ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. پاكىتقا، دەلىل – ئىسپاتلارغا ئەھمىيەت بېرىش شەرتى ئاستىدا ئەڭ ئاخىرىدا زەربە بېرىش ئوبيېكتلىرى بېكىتىلىپ، 48 كىشىگە زەربە بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم باستۇرۇلدى، 31 ئادەمگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلدى، 16 ئادەم رىجىمغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھەرىكەتتە بىرلەشتۈرۈلۈپ، سەككىز

نەق ئەكسىلئىنقىلابچىغا زەربە بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىنىپ جازا ھۆكۈم قىلىنغىنى يەتتە نەپەر، رىجىمغا ئېلىنغىنى بىر نەپەر.

## § 6 . ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1957 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا يولىيورۇق» چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيىدە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلغان، بيۇروكراتلىققا، مەزھەبچىلىككە ۋە سوبيېكتىپچىلىققا قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. كەلپىن ناھىيىسىدە1957 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، ناھىيە بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 42 كۈن داۋاملاشتۇرۇلدى. كەڭ خەلق ئاممىسى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيە ـ ئىستىلىغا قارىتا پايدىلىق تەنقىد، تەكلىپلەرنى بەردى. بىراق ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئا ئوڭچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. كەلپىن ناھىيىسىدە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش 1958 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. ناھىيە بويىچە توققۇز كىشى (خەنزۇ) ئوڭچى قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 9.12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارتىيە ئەزاسى، تۆت ئىتتىپاق ئەزاسى بار. توققۇز كىشىدىن دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ، سىناپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلغىنى بىر نەپەر، نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈرۈلگىنى ئۈچ نەپەر، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە چۈشۈرۈلگىنى تۆت نەپەر، خىيانىتى بولغانلىقتىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىپ بېرىلگىنى بىر نەپەر، ئوڭچىلاردىن تاشقىرى، خەنزۇ كادىرلار ئارىسىدا يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئوڭچىل سۆزلىرى تەنقىد قىلىندى.

خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مىللىي كادىرلار ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىككى نەپەر يەرلىك مىللەتچى تەنقىد قىلىندى (قالپاق كىيدۈرۈلمىدى)، يەتتە كىشىنىڭ خاتا سۆزلىرى تەنقىد قىلىندى.

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىش تامامەن زۆرۈر ئىدى، بىراق، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئېغىر ھالدا كېڭەيتىۋېتىلدى، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەر سىياسىي مەسىلە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە رەھبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا تەكلىپ بەرگەن ياكى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەنقىد بەرگەن بەزى يولداشلار خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ ئايرىلىپ ئۇلارغا ئازار بېرىلدى.

1959 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئوڭچىلارنىڭ قالپىقىنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىۋېتىش توغرىسىدا يولىيورۇق چىقاردى، كەلپىن ناھىيىسىدە 1959 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە ئوڭچى قىلىپ ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى.

www.uyghurkitap.com

## § 7 . «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى 1958 ـ يىل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تېز سۈرئىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىش مەقسىتىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان بىر ھەرىكەت. 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى سەپلەردە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى قوزغالدى. پۈتۈن مەملىكەتتە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، كەلپىن ناھىيىسىدىمۇ يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، مۇبالىغىچىلىك شاملى، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى پەيدا بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم «پۈتۈن پارتىيە، ئومۇمىي خەلق يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئاشلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەلپىننىڭ سۇ ئىشلىرى، جۇغراپىيە شارائىتىغا قارىماي، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 10 مىڭ مو كېڭەيتتى ھەم 187 مو شال تېرىپ، دېھقانچىلىقتا كېرەكلىك سۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. گۆڭشى، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسى «سۈنئىي ھەمراھ ئېتىزى» تەييارلاپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يۇقىرى كۆرسەتكۈچلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم پۈتۈن ناھىيىنى بىر مو يەردىن 50 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىشتەك يۇقىرى ھوسۇل رېكورتىنى يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ھەر بىر چوڭ ئەترەت بىر مودىن مول ھوسۇل ئېتىزى ھازىرلاپ، قارىغۇلارچە چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، قويۇق تېرىدى، ئېتىز بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىلىپ، بىر قەۋەت ئوغۇت، بىر قەۋەت توپا، بىر قەۋەت ئوت ـ چۆپ ياتقۇزۇلدى. بەزى جايلاردا بىر قانچە ئۆلۈك ئېشەكمۇ كۆمۈلدى. ھەر بىر مو يەرگە 100 — 150 جىڭ بۇغداي ئۇرۇقى چېچىلدى. نەتىجىدە كۆپىنچە مول ھوسۇل ئېتىزلىرىدىن ھوسۇل چىقمىدى. بەزىلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 15 جىڭغىلا يەتتى.

1960 ـ يىلى ھەر جەھەتتىكى شەرت ـ شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى قارىغۇلارچە كېڭەيتىۋېتىلدى، ئۇرۇق سېلىنغان يەر 62 مىڭ 250 موغا يەتكۈزۈلۈپ، 1959 ـ يىلدىكىدىن 8000 مودىن كۆپرەك ئاشۇرۇۋېتىلدى، تېرىلغۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشلا تەكىتلىنىپ، ئېتىز ئىشلىرى تۈجۈپىلەپ ئىشلەنمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇ بەك قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلات كۆپلەپ تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 189.7 جىڭدىن 143.5 جىڭغا چۈشۈپ قالدى، 1961 ـ يىلى يەنە 117.9 جىڭغا، 1962 ـ يىلى 114.9 جىڭغا چۈشۈپ قالدى. پاختا مەھسۇلاتى تېخىمۇ ئېغىر ھالدا تۆۋەنلەپ، 1959 ـ يىلدىكى 56 جىڭدىن، 1960 ـ يىلى 28.3 جىڭغا چۈشۈپ قالدى.

1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2549 ئادەم باي ناھىيىسى ۋە پىچان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش بىلەن شۇغۇللاندى، 179 مىڭ 280 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 17 مىليون 64 مىڭ توننا رودا قېزىلدى، 6500 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى، 827 يەرلىك دومنا مەش سېلىندى، لېكىن تاۋلاپ چىقىلغان تۆمۈرنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز نەرسە بولۇپ چىقتى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا ناھىيىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ئاچالغا بېرىپ دەرەخ ئۇرۇقى يىغىشقا سەپەرۋەر قىلىندى، بۇ ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 200 مىڭ مو ساي كۆكەرتىلمەكچى ئىدى.

# § 8 . سوتسيالستىك تەربىيە

1962 ـ يىلى پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋەتكەن، مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن ھالدا مۆلچەرلەپ، «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتكۈل سوتسيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچتا بۇرژۇئازىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىش خەۋپى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قاراپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

كەلپىن ناھىيلىك پارتكوم يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1963 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى يەنى ئومۇمىي دائىرىدىكى سوتسيالىستىك تەربىيىنى قانات يايدۇردى.

ئومۇمىي دائىرىدىكى سوتسيالىستىك تەربىيە ئالدى بىلەن ناھىيىنىڭ «1 ـ ماي» گۈڭشېسى ۋە «1 ـ ئۆكتەبر» گۈڭشېسىنىڭ ئون ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، 59 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئومۇمىي دائىرىدىكى سوتسيالىستىك تەربىيىگە جەمئىي 338 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىر قاتناشتى. يېزىلاردىكى سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە دەسلەپتە ئەمگەك نومۇرىنى ئېنىقلاش، ھېساباتنى ئېنىقلاش، ئامبارنى ئېنىقلاش، مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت «كىچىك تۆتنى ئېنىقلاش» ئاساس قىلىندى.

يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزىلاردا ئومۇمىي دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، گۈڭشېلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىمۇ سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن كادىر كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن گۈڭشېلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا سوتسيالىستىك تەربىيە خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىدى.

كېيىن مەركىزىي كومىتېت سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «نۆۋەتتىكى يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار (لايىھە)» (يەنى «ئالدىنقى ئون ماددا») ۋە «يېزىلاردىكى سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىكى بەزى كونكرېت سىياسەتلەر توغرىسىدا بەلگىلىمە (لايىھە)» (يەنى «كېيىنكى ئون ماددا») نى تۈزۈپ چىقتى. سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى سىياسەتنى، ئىقتىسادنى، ئىدىيىنى، تەشكىلنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت تۆت جەھەتكە تەرەققىي قىلدى.

1964 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 80 نەچچە كادىر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، «1 ـ ئىيۇل» گۈڭشېسىنىڭ ئالتە چوڭ ئەترىتى، 36 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە نۇقتىدىكى سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. نۇقتىدىكى سوتسيالىستىك تەربىيە ئارقىلىق پۈتۈن گۈڭشېدا ئالتە چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك، 36 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، جەمئىيەت ئەزالىرى 1405 كە يېتىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

«1 ـ ئىيۇل» گۈڭشېسىدا ئېلىپ بېرىلغان نۇقتىدىكى سوتسيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا جەمئىي 206 كادىر تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي مەسىلىسى بارلار 182 نەپەر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 88 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، جەمئىي ئېنىقلاپ چىقىلغان، خىيانەت، ئوغرىلىق قىلىش، ھايانكەشلىك قىلىش، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىش، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش جە-

ھەتتىكى نەرسىلەرنىڭ قىممىتى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا (باھاغا سۇندۇرۇلىنان نەق نەرسىلەرنىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ) 8315.07 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك قىلمىشى بار كادىر 81 نەپەر (خىيانەت قىلغان ھەر خىل بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 6284.24 يۈەن بولدى)، ھايانكەشلىك قىلمىشى بار كادىر ئۈچ نەپەر، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىش قىلمىشى بار كادىر 18 نەپەر.

ئۇقتىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بار پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا قارشى كۈرەش قاتات يايدۇرۇلۇپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بار تۆت خىل ئۇنسۇرلاردىن يەتتىسى كۈرەش قىلىندى.

كەلپىن ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى كادىرلارنىڭ ئىستىلى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مەلۇم رول ئوينىدى، بىراق «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر سىنىپىي كۈرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى دەپ قارالغاچقا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا زەربە بېرىش دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ كېتىش، زەربە بېرىش بەك ئېغىر بولۇپ كېتىش خاتالىقى كېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، دوست — دۈشمەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، بىر قىسىم يولداشلارغا ئازار بېرىلدى.

## § 9. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

1966 — يىل 5 — ئاينىڭ 16 — كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانات يېيىپ كەتتى. بۇ، رەھبەرلىك قىلغۇچى خاتا ھالدا قوزغىغان، ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھ پايدىلىنىپ كەتكەن، پارتىيىگە، دۆلەتكە ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايى — ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىچكى مالىمانچىلىق بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقىغىمۇ ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى.

5 — ئاينىڭ 23 — كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش چوڭ يىغىنى» ئېچىلدى، 6 — ئاينىڭ 28 — كۈنىگىچە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا 436 پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى. 7 — ئايدا مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدە «بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى ئىلمىي نوپۇزلۇقلىرى»، «جىن — شەيتانلار»، «گېزەندىلەر» نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش باشلاندى. 7 — ئاينىڭ 28 — كۈنى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىپ تەربىيىلەندى. يىغىپ تەربىيىلەش ئەتىرىتىدە ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، لى زىجياڭ قوشۇمچە شۇجىلىققا تەيىنلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم 11 كىشىلىك خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، يىغىپ تەربىيىلەش ئەترىتىگە تەشۋىقات — تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. 8 — ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت ئەترىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. خىزمەت ئەترىتى يۆنىلىش، لۇشيەن خاتالىقى ئۆتكۈزدى ۋە بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەننى ئىجرا قىلدى، دەپ ئەيىبلەندى. مەكتەپلەردە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. قىزىل قوغدىغۇچىلار جەمئىيەتكە چىقتى، تۆت كونا (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا يوسۇن، كونا ئادەت) نى بۇزۇش نامى ئاستىدا بەزى ماگىزىنلاردىكى تاۋارلار، ئائىلىلەردىكى مال — مۈلۈكلەر، ئاممىۋى ئىمارەتلەر، كىشىلەرنىڭ كىيىم — كېچەكلىرى قاتارلىقلاردىن «ئىنقىلاب» قا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارالغانلىكى نەرسىلەر بىر-

www.uyghurkitap.com

دەك «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى» نىڭ نەرسىلىرى دەپ ئەيىبلىنىپ ۋەيران قىلىۋېتىلدى، نۇرغۇن كىتاب ـ ماتېرىياللار كۆيدۈرۈۋېتىلدى، ناھىيىدىكى چوڭ ـ كىچىك مەسچىتلەر بۇزۇۋېتىلدى، نۇرغۇنلىرى چېقىۋېتىلدى. ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى كېسىپ قىسقارتىۋېتىلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناھىيىلىك بانكىنىڭ كادىرى ئوسمان ئىلىك، سابىق يۇرچى چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ھۆشۇر خۇدا بەردى ئاتالمىش «قۇربان قەمبەر (ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، خەلق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى) ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» نىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قىزىل قوغدىغۇچىلار قۇربان قەمبەر قاتارلىق كىشىلەرنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدە قىزىل قوغدىغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاممۋى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇربان قەمبەر ئەنزىسگە ناھىيە بويىچە شەھەر، يېزىلاردا 400 دىن ئارتۇق ئادەم چېتىلدى. 10 ـ ئايدا قىزىل قوغدىغۇچىلار كەڭ تۈردە ئالاقە باغلاشقا كىرىشتى، ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ تەربىيەلەش ئەترىتى 13 ئوقۇتقۇچىغا «جازا بەرگەن» دىن كېيىن، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار جايلارغا بېرىپ پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى. 1967 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سىرت جايلاردىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار ئالاقە باغلاپ كەلپىنگە كەلدى، كەلپىندىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار سىرتقا ئالاقە باغلاشقا باردى. كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىندى. كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئورگانلاردا قىزىل ئىسيانچىلار قوماندانلىق شتابى، «قىزىل بايراق» ئىسيانچىلار ئۆمىكى بىلەن «212» ئىسيانچىلار ئۆمىكى قۇرۇلدى. شىنجاڭ داشۆنىڭ كەلپىنلىك ئوقۇغۇچىلىرى كەلپىنگە كېلىپ «قىزىل جەڭگىۋار ئەترەت» قۇردى، ھەر قايسى ئاممۋى تەشكىلاتلار ھوقۇق تالىشىشقا كىرىشتى، پۈتۈن ناھىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

1967 ـ يىلى ئارمىيە ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي (سانائەتكە ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، سولچىلارغا ياردەم بېرىش، ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە) خىزمىتىنى باشلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىگە قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى، ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى، ھەر قايسى ئاممۋى تەشكىلاتلار ئارىسىدا «پادىشاھنى قوغداش» بىلەن «ئىسيان كۆتۈرۈش» نى دەۋرىي قىلغان ھالدا كۆرەش قانات يېيىپ كەتتى. ماۋجۇشىغا بولغان ساداقەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ھەر كۈنى ئوقۇش، ھەر كۈنى ئاڭلاش، ھەر كۈنى يادلاش، ئۇزۇندە تېمى سېلىش يولغا قويۇلدى، ئاتالمىش «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى» نىڭ ۋەكىللىرى تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىندى. 1969 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «7972» قىسىم ئادەم ئەۋەتىپ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ئىنقىلابىي كادىرلار، ھەربىيلەر ۋەكىللىرى، ئاممۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىدە ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار، ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىككى چوڭ تەرەپتىكى ئۈچ تەشكىلات بىرلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۈچ چوڭ تەشكىلاتنىڭ باش شتابىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1970 ـ يىلى سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ۋە بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش (ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىققا قارشى تۇرۇش، ھايانكەشلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىق، بۇزۇپ ـ چېچىشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى باشلاندى. ھە-

ركەت داۋامدا لىن بياۋ ـ جياڭ چىڭ ئەكسلئنقلابي گۇرۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ تەسرى ۋە تەرەپبازلقىنىڭ كاساپىتىدىن ناھيە بويىچە جەمئي 1886 ئادەم تارتىپ چىقرىلىپ كۇرەش قىلىندى. بۇ، پۇتۇن ناھيىدىكى ھەركەتكە قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ 9.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇ چاغدا پۇتۇن ناھيىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلاردا 500 دىن ئارتۇق كادىر بولۇپ، تارتىپ چىقرىلىپ كۇرەش قىلىنغىنى 147 نەپەر، ئومۇمەن، تارىخي مەسلىسى بارلار، ئائىلە ئىجتمائىي مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپلەر ياكى چەت ئەللىكلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلار، ئۆتمۇشتە مەلۇم خاتالىق ئۆتكۇزگەنلەر، چەت ئەل رادىئوسىنى ئاڭلىغانلار، شۇ چاغدىكى سياسەتنىڭ تەلىپىگە ئويغۇن بولمىغان گەپنى بىر ـ ئىككى ئېغىز قىلىپ قويغانلار، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناچارلار ياكى مەلۇم كىشلەر بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى بارلار بىرەر كىشى تەرىپىدىن ئىسمى ئاتالسلا، تارتىپ چىقرىلىپ كۇرەش قىلىندى، ناھيە بويىچە 383 ئائىلە ئاختۇرۇلدى، 265 ئادەم سولاندى.

«مەدەنيەت زور ئىنقلابى» داۋامدا ئامما «ئۆچ ئۆز، بىر كۆتۇرە» (قالدۇرۇق يەر، ئەركىن بازار، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ۋە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۇرە بېرىش) نى تەنقىد قىلىشقا، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىشكە قوزغىلىدى. 1970 ـ يىل 5 ـ ئايدا «1 ـ ئۆكتەبىر» گۇڭشېسىدا بىر قېتىمدىلا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 3870 تۇياق چوڭ ـ كىچىك قالدۇرۇق چارۋىسى، 334 شەخسىي ھارۋىسى، 48 مو بېغى مۇسادىرە قىلىندى. بۇ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئىنتايىن زور زەربە بولدى. ئىشلەپچىقىرىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھيە بويىچە 11 چوڭ ئەترەتنى تەكشۇرۇشتىن قارىغاندا، جەمئي 2325 ئۆيلۇك دېھقان، چارۋىچى كوللىكتىپقا قەرزدار بولۇپ قالغان، بۇ ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قەرزى 400 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

ناھيىلىك ئىنقلابي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھيە بازىرىدا زىيالىي ياشلار يېزىغا چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇلار كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئارايماق كەنتىگە باردى، كېيىن ناھيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ۋە قالما چوڭ ئەترىتىگە بېرىپ قايتا تەربىيە ئالىدىغان بولدى. مەكتەپلەردە «ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ نەزەرىيىسى» بىر مەزگىل ئەۋج ئېلىپ، مەكتەپ مائارىپى ئېغىر كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلغان «مەدەنيەت زور ئىنقلابى» ئاياغلاشتى.

## 10 § . پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش

1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۇنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەن ئەكسلئنقلابي گۇرۇھىنى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، «مەدەنيەت زور ئىنقلابى» كەلتۇرۇپ چىقارغان ئون يىللىق ئېچكى قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بەردى.

1978 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا مەركەزنىڭ يوليورۇقى ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كەلپىن ناھيىسىدە پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ۋە «ئىككىگە زەربە بېرىش» (لىن بياۋ، «تۆت كىشلىك گۇرۇھ»نىڭ پارتىيىنى ئۆزگەرتىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش جىنايىتىنى تېخمۇ پاش قىلىش؛ لىن بياۋ، «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» نىڭ ئىنتايىن سول لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئېنىقلاش، سىنىپىي دۇش-

مەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ، خىيانەتچىلىك ، ئوغرىلىق ، ھايانكەشلىككە زەربە بېرىش ) ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى . بۇ ھەرىكەت بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ ، 1979 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى .

1978 ـ يىلنىڭ بېشىدىن 1978 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت ھەرىكەتنىڭ 1 ـ باسقۇچى بولدى ، بۇ باسقۇچتا ، ئالدى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى ، پاش قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، ئىنقىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى . ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى . ئىشخانىدا بەش نەپەر مەخسۇس خادىم بولۇپ ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر نەپەر دائىمىي ئەزاسى ئىشخانىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى . گۇڭشې ، زاۋۇت ، كان ، ئىدارە ـ ئورگانلاردىمۇ مۇناسىپ تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ ، ئامما پاش قىلغان مەسىلەر تەكرار ، چوڭقۇر ، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى .

ھەرىكەتنىڭ 2 ـ باسقۇچى 1978 ـ يىل 10 ـ ئايدا باشلاندى ، بۇ باسقۇچتا « ئىككىگە زەربە بېرىش » ئاساس قىلىندى . ناھىيىلىك پارتكوم ئەسلىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن ئىشخانىدىكى كادىرلارنى تەڭشەپ تولۇقلىدى ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر دائىمىي ئەزاسى قىشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتقاندىن سىرت ، باشقا دائىمىي ئەزالارنىڭ ھەممىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى ، ئىشخانا خادىملىرى ئەسلىدىكى ئالتە ئادەمدىن 11 ئادەمگە كۆپەيتىلدى ، ھەر قايسى گۇڭشې ، زاۋۇت ـ كان ، مەكتەپلەردىمۇ پاش قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، ئىنقىلاش ، زەربە بېرىش تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى تولۇقلاندى ، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى قوماندانلىق قىلدى .

ھەرىكەت داۋامىدا « قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى » ئەنزىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاقلاندى ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ، ئەنزىگە چېتىلغان كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . تەپسىلىي تەكشۈرۈش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا غەيرىي نورمال سەۋەب بىلەن ئۆلگەن بەش ئادەمنىڭ ئەھۋالى ۋە مېيىپ قىلىۋېتىلگەن تۆت ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلدى . ئاممىا پاش قىلغان ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا ئۇرۇش ـ چېقىش ، بۇلاش ، ئاختۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان 16 كىشىنىڭ مەسىلىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ، يەتتە ئادەم خىيانەتچىلىك ، ئوغرىلىق ، ھايانكەشلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن « ئىككىگە زەربە بېرىش » ئوبيېكتى قىلىندى ، ئىككى ئادەم قولغا ئېلىنىپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى ، بىر ئادەم پارتىيىدىن چىقىرىلىپ ، خىزمەتتىن ھەيدىلىپ ، بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى كىيدۈرۈلدى ، ئىككى ئادەمگە مەمۇرىي جازا ، پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى ، ئىككى ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، توققۇز كىشىنىڭ باشقا مەسىلىلىرى ئېنىقلىنىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىنىپ ، ئۈچ كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى ، ئالتە كىشىگە تەنقىد ـ تەربىيە بېرىلدى .

## 11 § . سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

كەلپىن ناھىيىسىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى 1978 ـ يىل 6 ـ ئايدا باشلاندى ، ناھىيىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى ، بۇ خىزمەت 1986 ـ يىلى ئاخىرلاشتى ، جەمئىي 318 ئادەم ( ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 257 ) ئۈستىدە سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 255 نەپەر ، ئىشچى 63 نەپەر . 22 ئادەم ئۈستىدە چىقىرىلغان ئەسلىدىكى يەكۈن ساقلاپ قېلىندى ،

بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 21 نەپەر، ئىشچى بىر نەپەر.

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يولداشلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇلارغا زورلاپ تېڭىلغان خاتا يەكۈن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ھەم ئۇلار تارتقان ئىقتىسادىي زىيان تولۇق بېرىلدى، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلدى.

«قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» ئەنزىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاقلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئەنزىگە چېتىلغان كادىر ۋە ئاممىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئەنزىسى تۇرغۇزۇلغان 174 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 136 نەپەر، ئىشچى 38 نەپەر) نىڭ مەسىلىسى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 135 كىشىگە 94 مىڭ يۈەن مائاش تولۇقلاپ بېرىلدى، 11 ئائىلىدىن قانۇنسىز ئېلىپ كېتىلگەن، قىممىتى 8000 يۈەندىن ئاشىدىغان مال ـ مۈلۈك قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1966 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جەمئىي 41 كىشىنى تۇتۇپ تۇرغانىدى، قايتا تەكشۈرۈپ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق تامامەن خاتا قىلىنغان 31 كىشىنىڭ نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بەش كىشى ئۈستىدە چىقىرىلغان ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىندى، قىسمەن خاتا قىلىنغان بەش كىشىنىڭ نامى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى ئەنزە 60 بولۇپ، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق 49 ئەنزە ئۈستىدىكى ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىندى، بەش ئەنزە جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى، ئالتە ئەنزە ئاقلاندى.

1978 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىدە سابىق گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتتە قايتقان خادىملىرى ئۈستىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ھەقىقەتتە قايتقان 21 خادىم ئۈستىدە سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھەقىقەتتە قايتقان 45 خادىمغا ھەقىقەتتە قايتقانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

1979 ـ يىلى مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 127 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇر (پومېشچىك، باي دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇر، ئەكسىلئىنقىلابچى)نىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 1957 ـ يىلى خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ ئايرىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاقلىنىپ، خاتالىق تۈزىتىلدى.

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا 42 نەپەر زىيالىي ئۈستىدە ئالاقىدار سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلدى. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم يەنە 1988 ـ يىلى مەخسۇس زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، بۇرۇن قېپقالغان مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، مائاش، ستاژ مەسىلىسى، يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش مەسىلىسى، پەرزەنت، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، ئۆز كەسپى بويىچە خىزمەتكە قويۇش مەسىلىسى، ئەر ـ خوتۇنلار ئىككى جايدا بولۇپ قېلىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى ھەمدە بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈردى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش كىشىنى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلىققا، 48 كىشىنى رايون دەرىجىلىك كادىرلىققا، 60 نەچچە كىشىنى بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىرلىققا ئۆستۈردى.

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن قېپقالغان مەسىلىلەرمۇ ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىندى. 1957 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتتە قاتناشقان، 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شەرەپ بىلەن چېكىندۈرۈلگەن 67 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 24 نەپەر، ئىشچى 23 نەپەر)گە ئۆلگىچە بويىچە ھەر ئايدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلىدىغان بولدى؛ 1958 ـ يىلى خاتا ھالدا بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى كىيدۈرۈلگەن بەش كادىرنىڭ نامى، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ «تۆتنى ئېنىقلاش» تا خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان 14 كادىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئون ئالتىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى . ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى . ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى

## I باب

## خەلق ئىشلىرى

### § 1 . نىكاھ تىزىملاش

1950 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى (جۈملىدىن ھەر قايسى رايونلاردىكى خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرى) نىكاھ قانۇنى بويىچە نىكاھ تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1950 ـ يىلى 28 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، بەش جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1957 ـ يىلى 334 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 63 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1959 ـ يىلى 134 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 33 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1961 ـ يىلى 328 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 123 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1962 ـ يىلى 482 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 120 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1963 ـ يىلى 396 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 26 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1980 ـ يىلى 221 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 172 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1981 ـ يىلى 258 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 49 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1983 ـ يىلى 396 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 26 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1984 ـ يىلى 318 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 76 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1985 ـ يىلى 224 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى، 58 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى؛ 1989 ـ يىلى 332 جۈپ ئەر ـ ئايال تۇرمۇش قۇرۇشقا تىزىملاتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ قېتىم توي قىلغانلار 220 جۈپ، 2 ـ قېتىم توي قىلغانلار 82 جۈپ، 3 ـ قېتىم توي قىلغانلار 30 جۈپ)، 98 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتتى (بۇنىڭ ئىچىدە سوت مەھكىمىسىگە يوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغانلار 13 جۈپ، مۇرەسسە ئارقىلىق يېنىشقانلار 16 جۈپ).

1989 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 1980 - يىلدىن بۇيانقى نىكاھ تىزىملاش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، نىكاھ ئارخىپلىرىنى تۈرگۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە يېزا - بازارلار ئارا نىكاھ ئارخىپلىرىنى تۈرگۈزۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ باردى، بۇنىڭدا يورچى يېزىسى بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 1980 - يىلدىن بۇيانقى نىكاھ تىزىملاش خىزمىتىدىن ئارخىپ تۈرگۈزدى ھەم تەلەپ بويىچە 101 نىكاھ ئارخىپىنى تۈرگۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ، 500 يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى.

## § 2 . قۇتقۇزۇش

### 1 . ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

مىنگونىڭ 27 - يىلى ( 1938 - يىلى ) دىن ئىلگىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق قۇتقۇزۇش ئورگىنى بولمىغانلىقتىن، تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن چاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ تىرىكچىلىك قىلغان. مىنگونىڭ 27 - يىلى ( 1938 - يىلى ) كەلپىندە ئېھتىيات ئاشلىق كوممۇناسى قۇرۇلغان. قەھەتچىلىك بولغاندا، كوممۇنا توپلىغان ئاشلىقنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەرگەن، بۇ مەلۇم دەرىجىدە قۇتقۇزۇش رولىنى ئوينىغان. لېكىن ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپەيتكەنلىكتىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشقان. ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئەمەلىي ئېھتىياجنى زادىلا قاندۇرالمىغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. شۇ يىلى 566 يۈەن ئاجرىتىلىپ، 45 ئائىلىدىكى 101 كىشىگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى، ئاما ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. 1957 - يىلى ناھىيە بويىچە 250 نەپەر كادىر 6500 يۈەن ئىئانە توپلاپ، 357 نامرات دېھقاننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. 1962 - يىلى دۆلەت 11 مىڭ 210.30 يۈەن تۇرمۇش قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، 1426 كىشىگە تارقىتىپ بەردى. 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە 116 « بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە »، 234 كىشى، 355 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، 1194 ئادەم بولۇپ، « بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە » لەرنىڭ نورما ئاشلىقنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ھۆددىگە ئېلىپ تەمىنلەپ بەردى. شۇ يىلى خەلق ھۆكۈمىتى 11 مىڭ 532.59 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلارغا تارقىتىلغان ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى 10 مىڭ 813.20 يۈەن. شۇ يىلدا ناھىيە بويىچە ئىككى ئورۇندا قېرىلار ساناتورىيىسى قۇرۇلۇپ، ئىگە - چاقىسىز قېرىلاردىن 20 ئادەم قوبۇل قىلىندى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە نورما ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن 38 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىلدى، 489 مىڭ 341 جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى؛ كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن 21 مىڭ 245 يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىلدى. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا قۇتقۇزۇش خىزمىتى ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچراپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىزمىتى يەنە نورمال ئىشلىنىشكە باشلىدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىلىدىغان 1345 ئائىلە، 6423 ئادەم تىزىملاندى ( بۇ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 21 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ ) . خەلق ھۆكۈمىتى 505 ئائىلە، 2029 ئادەمگە 62 مىڭ 500 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، 193 ئىشەك، 117 ئىشەك ھارۋ-

سى، 295 قوي، ئۆچكە سېتىۋېلىپ تارقىتىپ بەردى؛ ناھىيە بويىچە، 58 «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە»، 76 ئادەم بولۇپ، خەلق ھۆكۈمىتى 7796.31 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلىغا نورما ئاشلىقى، كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىپ، 3318 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلىغا، رەخت، ئوتۇن، كىگىز، يوتقان، كۆرپە، ئاياغ كىيىم ۋە باش كىيىم ئېلىپ «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» لەرگە تارقىتىپ بەردى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچىلىك ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 16 ـ 1

| يىللار | قۇتقۇزۇلغان ئائىلە | ئادەم سانى | سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1950 | 45 | 101 | 566 |
| 1951 | 40 | 47 | 240 |
| 1952 | 101 | 259 | 600 |
| 1953 | 104 | 332 | 888 |
| 1954 | 68 | 71 | 720 |
| 1955 | 156 | 431 | 2542 |
| 1956 | 482 | 1349 | 5434 |
| 1957 | 358 | 1968 | 4467 |
| 1958 | 412 | 991 | 3423 |

1981 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئەسلىدىكى «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» لەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر يېڭىباشتىن باھالاپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» 16، ئادەم سانى 18 بولۇپ، ئۇلارغا بىر يىل ئىچىدە 119.30 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» لەرنىڭ نورما ئاشلىقىنى يەنىلا كوللېكتىپ ھۆددىگە ئېلىپ تەمىنلىدى.

1983 ـ يىلى «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە»، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر يەنە يېڭىباشتىن باھالاپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» 58، ئادەم سانى 76، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1260، ئادەم سانى 5893 بولۇپ، بىر يىلدا 46 ملڭ 928.08 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىلگەن 423 ئائىلە، 1945 ئادەم بولۇپ، 40 ملڭ 37 .193 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىلگەن 603 ئائىلە، 1317 ئادەم بولۇپ، 33 ملڭ 15 .301 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىلدى. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىلگەن ئائىلە 411، 1828 ئادەم بولۇپ، 37 ملڭ 86 .663 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىلدى. 1989 ـ يىلى 62 «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» نىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئوتۇننى يېتەرلىك يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىندى؛ 588 ئائىلە، 2837 ئادەمگە 40 ملڭ جىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، 235 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 35 يوتقان ـ كۆرپە، 308 ھارۋا ئوتۇن ۋە 1.5 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، جەمئىي 13 ملڭ 409. 65 يۈەن سەرپ قىلىندى. ھېيت ـ بايراملاردا «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» لەرگە 70 كىلوگرام گۆش ۋە 70 كىلوگرام سۇ يېغى ھەل قىلىپ بېرىلدى ھەمدە مۇئاۋىن ھاكىم مەھەممەت مۇسانىڭ يېتەكچىلىكى

دە ھەر ساھەدىكىلەر « بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە » لەرگە 2500 كىلوگرام ئۇن يەتكۈزۈپ بەردى. ناھىيىدە قېرىلار ساناتورىيىسى قۇرۇلۇپ، ئون ئېغىزلىق ئۆي سېلىنىپ، سىم كارىۋات، يوتقان - كۆرپە، كىگىز سېتىۋېلىنىپ، تۇرمۇشتا ئۆز ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان قېرىلاردىن يەتتە كىشى قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى 35 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى، 93 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

## 2 . نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش

1985 - يىلى ئاپتونوم رايون كەلپىن ناھىيىسىنى شىنجاڭدىكى ئون نامرات ناھىيىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 1330 نامرات ئائىلە، 6393 ئادەم بار بولۇپ، بۇلار ئىچىدە چارۋىچى 74 ئائىلە، 776 ئادەم.

1985 -يىلدىن 1989 - يىلغىچە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون كەلپىننىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر يىلى مالىيە جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم بەرگەندىن سىرت، يەنە كەلپىن ناھىيىسىگە 1 مىليون 950 مىڭ يۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ئىشخانىسى 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىگە 1 مىليون 610 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1114 ئائىلىگە 970 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بېرىلدى؛ ئۆزۈك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا 478 مىڭ يۈەن، ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىغا 20 مىڭ يۈەن، گەزلىك يېزىلىق فوسفور كېنىغا 10 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا 11 مىڭ يۈەن، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشكە 121 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى. بۇلاردىن باشقا، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا 28 مىڭ 600 يۈەن، مىللەتلەر ئىشلىرى تارماقلىرىغا 20 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىقنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا 30 مىڭ يۈەن، سەھىيە، داۋالاش تارماقلىرىغا 5000 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1985 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە 14 مىليون 637 مىڭ يۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش قەرز پۇلى تارقاتتى. 1985 - يىلى 2 مىليون 766 مىڭ يۈەن تارقاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1974 نامرات دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىگە 923 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1986 - يىلى 4 مىليون 173 مىڭ يۈەن تارقاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 3963 دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىگە 1 مىليون 421 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1987 - يىلى 7 مىليون 698 مىڭ يۈەن تارقاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 5548 قىيىنچىلىقى بار دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىگە 3 مىليون 199 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۇقىرىقى خىراجەت ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلار 170 تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت، 3900 كىلوگرام سۈپەتلىك ئۇرۇق، 4600 كۋادرات مېتىر سۇلياۋ يوپۇق، 252 تۇياق نەسىللىك چارۋا، 260 رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، 555 ئېشەك، 235 سىيىر (ئىنەك)، 10 مىڭ 619 ئۆچكە، 108 مىڭ كىلوگرام يەم - بوغۇز، 164 قوي، 171 تۆگە، 36 قول تراكتورى، ئون دىزېل ماشىنىسى، 12 ئۇن ۋە ياغ تارتىش ماشىنىسى، 16 چوڭ تراكتور، 906 تونىنا دىزېل مېيى، 88 مىڭ تۈپ ھەر خىل كۆچەت، 53 مىڭ 500 كىلوگرام نورما ئاشلىقى سېتىۋالدى، 261 ئېغىزلىق ئۆي سالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 538 ئائىلە (قېتىم) قول سانائەتچىگە، 1726 ئائىلە (قېتىم) سودىگەرگە، 401 نامرات ئائىلىگە داۋالىنىش، توي قىلىش قەرز پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1988 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 799 نامرات ئائىلىگە (شۇ يىلى يار - يۆلەك بولۇندىغان نامرات ئائىلىنىڭ 45.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) 340 مىڭ يۈەن (نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 59.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغى تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى 376 ئائىلە، 1518 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

كەلپىن ناھىيىسى 1989 ـ يىلى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ناھىيە بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئاپپاراتىدىن 28 نى قۇردى، بۇنىڭغا 118 ئادەم سەپلەندى. «ئۈچ يىلدا كۆپ قىسمى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، بەش يىلدا نامراتلىقتىن ئاساسىي جەھەتتىن قۇتۇلۇش» نىشانى بويىچە «قوساقنى توق، كىيىمنى پۈتۈن قىلىش قۇرۇلۇشى» كۈچەپ ئېلىپ بېرىلىپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن كىرىم 252.02 يۈەنگە يەتتى. 1987 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 1114 ئائىلىگە 970 مىڭ يۈەن نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 969 ئائىلە، 3967 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ جەمئىي يار ـ يۆلەك بولۇنغان نامرات ئائىلىنىڭ 73 پىرسەنتىنى، ئاھالىنىڭ 62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1990 ـ يىلغىچە 1985 ـ يىلدىكى 1330 نامرات ئائىلە (6393 ئادەم) ئارىسىدىكى 1203 ئائىلە (5682 ئادەم) نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە يار ـ يۆلەك بېرىلۈنگەن ئائىلە سانىنىڭ 90.45 پىرسەنتىنى، ئادەم سانى 88.87 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

## § 3. ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ھەر يىلى باھار بايرىمى ۋە «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىللىرىدە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھال سوراش خېتى يېزىپ، ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىي سەپتىن كەسپ ئالماشتۇرغان، قايتقان ۋە چېكىنگەنلەردىن ھال سورىدى ھەم ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ بىكەتنىڭ مەيدانلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىغا بېرىپ ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

1960 ـ يىلدىن باشلاپ قىسمەن ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ھەر ئايدا قەرەللىك مۇقىم قوشۇمچە ياردەم بېرىش يولغا قويۇلدى، مىيىپ ھەربىيلەرگە نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ شەرتى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، بىر تۈركۈم ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى كۆپەيتىلدى. قەرەللىك بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمى 24% ئۆستۈرۈلدى. مىيىپلارغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى 30% ئۆستۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 227 ئائىلە، 1605 ئادەم (105 ئائىلە، 623 ئادەم يېزىدا) بولۇپ، بۇنىڭ ئارىسىدا ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 35 ئائىلە، 211 ئادەم (12 ئائىلە، 68 ئادەم يېزىدا)، مىيىپ ھەربىي بىر نەپەر، ئىگە ـ چاقىسىز بوۋاي بىر كىشى (يېزىدا)، مىيىپ خىزمەتچى خادىم ئۈچ نەپەر، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار 47 ئادەم (29 ئادەم يېزىدا)، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر 615 ئادەم (105 ئادەم يېزىدا)، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى بىر ئائىلە (يېزىدا)، قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدىغانلار 24 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالتە نەپىرى شەھەردە، 18 نەپىرى يېزىدا.

ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى — ئېتىبار بېرىش پۇلىنى، يېرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن سىرت، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر يىلدا كۆپ بولغاندا 150 يۈەن، ئاز بولغاندا 100 يۈەن بېرىلدى؛ مىيىپ ھەربىيلەرگە ھەر يىلى 242 يۈەن، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىگە ھەر ئايدا 60 يۈەن بېرىلدى. ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىدىن قەرەللىك قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان نامرات ئائىلىلەرگە ھەر ئايدا كىشى بېشىغا

25 يۈەن بېرىلدى.

1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئېتىبار بېرىش، نەپەقە بېرىش ئوبيېكتى 185 ئادەم بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ھەربىي سەپتىن قايتقانلار 48، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر 86، ھازىر ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر 49 (شەھەردىن 20 ئادەم، يېزىدىن 29 ئادەم)، ئىنقىلابىي قوربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى بىر، مېيىپ ھەربىي بىر؛ قەرەللىك مۇقىم قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلىدىغىنى 16 ئادەم. 12 ئائىلىلىك ئېتىبار بېرىش، نەپەقە بېرىش ئوبيېكتىغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىلدى. 21 ئائىلىلىك ئېتىبار بېرىش، نەپەقە بېرىش ئوبيېكتىغا 1000 يۈەن قىشلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1968 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە ئېتىبار بېرىش، نەپەقە بېرىش خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 —2　　　　بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1968 | 524. 91 | 1972 | 1770. 35 | 1976 | 3715. 35 | 1980 | 2668. 19 |
| 1969 | 584. 89 | 1973 | 2194. 90 | 1977 | 1961. 44 | 1984 | 4170. 44 |
| 1970 | 669. 81 | 1974 | 6059. 34 | 1978 | 3498. 21 | 1985 | 6992. 72 |
| 1971 | 1768. 66 | 1975 | 3986. 87 | 1979 | 7723. 89 | 1986 | 11606. 84 |

## كەلپىن ناھىيىسىدە 1960 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە خەلق ئىشلىرى راسخوتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 16 ـ 3　　　　بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى | | | | نەپەقە ۋە ئېتىبار بېرىش خىراجىتى | | تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگىنى | نامرات ئەترەتلەرگە بېرىلگەن ياردەم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يېزىغا بېرىلگىنى | شەھەرگە بېرىلگىنى | پېنسىيىگە چىققان قىبرى، ئاجىز، مېيىپلارغا بېرىلگىنى | ئاقئۇنلارغا بېرىلگىنى | پېنسىيىگە چىققانلارغا بېرىلگىنى | باشقا ئىشلارغا بېرىلگىنى | | |
| 1968 | 13129. 07 | | | | | 524. 91 | | |
| 1969 | 11635. 96 | | | | | 584. 89 | | |
| 1970 | 9199. 72 | | | | | 669. 81 | | |
| 1971 | 25660. 11 | | | | | 1768. 66 | 10000. 00 | |
| 1972 | 15166. 72 | | | | | 1770. 35 | | |
| 1973 | 21515. 29 | 689. 82 | 373. 20 | 87. 93 | 306. 92 | 1887. 98 | | 640. 00 |
| 1974 | 8495. 45 | 1056. 5 | | 99. 80 | 1274. 67 | 4784. 67 | | 1216. 96 |
| 1975 | 27038. 00 | 830. 46 | 265. 89 | | 1537. 33 | 2449. 54 | | 11571. 00 |
| 1976 | 23199. 96 | 755. 75 | 31. 54 | | 971. 65 | 2743. 70 | | 2058. 00 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 16764.55 | 82.40 | | 739.43 | 357.77 | 1603.67 | | 14258.96 |
| 1978 | 21020.54 | | | | 795.00 | 2703.21 | | 8421.69 |
| 1979 | 15173.48 | | | 100.00 | 4364.00 | 3359.89 | | 3920.00 |
| 1980 | 16401.02 | | | 76.20 | 1473.59 | 1194.60 | | |

## كەلپىن ناھىيىسىدە 1984 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە خەلق ئىشلىرى راسخوتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 ـ 4

| يىللار / تۈرى | | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق (يۈەن) | | 14848.31 | 2460.12 | 12133.69 | 14971.43 | 32356.80 | 9373.11 |
| مالىيىدىن ئاجرىتىلغان پۇل (يۈەن) | | 64000.00 | 102400.00 | 307000.00 | 102000 | 112000 | 12828 |
| كىرىم (يۈەن) | | 78848.31 | 104860.12 | 319133.69 | 116971.43 | 144356.80 | 137653.17 |
| چىقىم (يۈەن) | | 76388.19 | 92726.43 | 110798.66 | 84514.63 | 134984.63 | |
| يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق (يۈەن) | | 2460.12 | 12133.69 | 14971.43 | 32356.80 | 9373.17 | 9316.93 |
| نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىراجىتى (يۈەن) | | 28675.00 | 40000.00 | 12800.00 | 12000 | | |
| ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى (يۈەن) | | 40193.37 | 33301.15 | 37663.86 | 35000 | 35000 | 35000 |
| نەپەقە ـ ئىتىبار بېرىش خىراجىتى (يۈەن) | | 4170.44 | 6992.72 | 11606.84 | | | |
| قۇتقۇزۇش خىراجىتى (يۈەن) | | 3000.00 | 110.00 | 13555.00 | 67000 | 108500 | 93280 |
| باشقىلار (يۈەن) | | 349.38 | 2322.56 | 35172.97 | | | |
| ۋاقىتلىق قەرز (يۈەن) | | | 10000.00 | 193363.60 | | | |
| يار ـ يۆلەك بولۇنغانلار | ئائىلە سانى | 208 | 220 | 325 | 1330 | 1330 | 1330 |
| | ئادەم سانى | 1152 | 1146 | 1625 | 6393 | 6393 | 6393 |
| نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلار | ئائىلە سانى | 65 | 69 | 85 | 101 | 316 | 243 |
| | ئادەم سانى | 321 | 383 | 423 | 614 | 2324 | 1359 |
| ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئالغانلار | ئائىلە سانى | 423 | 306 | 411 | 411 | 411 | 411 |
| | ئادەم سانى | 1945 | 1317 | 1828 | 1827 | 1827 | 1827 |

# II باب

# ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى

## § 1 . ئەمگەك ـ كادىر باشقۇرۇش

منگو دەۋرىدە كادىرلار ئىشلىرىنى ھاكىم بىۋاستە باشقۇرغان.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتكوم ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغان كادىرلار ھەممىدە بۆلۈمچە باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى باشقۇردى. ھۆكۈمەت ئورگىنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كادىر، ئىشچىلارنى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشقۇردى.
1963 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئىشچىلارنى مالىيە بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى.
1967 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى باشقۇردى. 1969 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى باشقۇردى.
1972 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا پىلان، ستاتىستىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پىلان، ستاتىستىكا بۆلۈمى ئىشچىلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسى كادىرلار، خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.
1977 ـ يىلى ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى ئاساسىدا ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلۇپ، تىككۈچىلىك، ساتىراشلىق، ئاشخانا، سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى، سودا دۇكىنى قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. 1989 ـ يىلى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى: 1. ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى؛ 2. تەربىيىلەش مەركىزى قۇردى؛ 3. كەسپكە تونۇشتۇرۇش ئورنى قۇردى؛ 4. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنىڭ سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويدى.
1982 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئەمگەك ـ كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئەمگەك ـ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.
ناھىيە بازىرىدا بىناكارلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، مەدىكارلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرى ئاساسلىقى يېزىدىن ۋە باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن ئېقىپ كەلگەنلەر ۋە بىر قىسىم كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ناھايىتى زور تۇراقسىزلىق ۋە تارقاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇشقا نۇرغۇن قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1989 ـ يىلى ناھىيىلىك كەسپكە تونۇشتۇرۇش ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش، ئىشلە-

تش توغرىسىدىكى ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ۋە سرتتن كەلگەن ئەمگەك كۈچـ لىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى تىزگىنلىدى . ناھىيە بازىرىدىكى ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورۇنلار ئىشچى ئىشلىتىش ياكى مەدىكار يالىلاشقا توغرا كەلسە ، ئالدى بىلەن كەسپكە تونۇشتۇرۇش ئورنىغا تىزىملاتتى . باجخانىـ غا ھۆججەت ئالماشتۇرۇشقا كەلگەنلەر ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ رۇخسەت قەغىزىنى ئېلىپ كەلسە ، ئاندىن ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى . 1989 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە باجخانا قولىدا رۇخسەت قەغىزى بولمىـ غان 1972 ئادەمنىڭ ھۆججىتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلدى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى سانىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل16 — 5

| يىللار | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى | بۇنىڭ ئىچىدە (ئادەم) | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | خەنزۇ | ئازسانلىق مىللەتلەر |
| 1950 | 68 | 68 | | 9 | 59 |
| 1951 | 147 | | | 25 | 125 |
| 1952 | 101 | 98 | 3 | 21 | 80 |
| 1953 | 210 | | | 55 | 155 |
| 1954 | 224 | | | 61 | 163 |
| 1955 | 188 | 164 | 24 | 50 | 138 |
| 1956 | 315 | 273 | 42 | 86 | 229 |
| 1957 | 263 | 245 | 18 | 79 | 184 |
| 1958 | 295 | 271 | 24 | 69 | 226 |
| 1959 | 324 | 300 | 24 | 84 | 240 |
| 1960 | 288 | 249 | 39 | 112 | 176 |
| 1961 | 475 | 385 | 90 | 109 | 366 |
| 1962 | 431 | 352 | 79 | 95 | 336 |
| 1963 | 410 | 354 | 56 | 106 | 304 |
| 1964 | 358 | 314 | 44 | 94 | 264 |
| 1965 | 413 | 360 | 53 | 126 | 287 |
| 1966 | 372 | 340 | 32 | 119 | 253 |
| 1971 | 522 | 433 | 89 | 136 | 386 |
| 1972 | 572 | 472 | 100 | 148 | 424 |
| 1973 | 533 | 444 | 89 | 142 | 391 |
| 1975 | 636 | 511 | 125 | 151 | 485 |
| 1976 | 657 | 533 | 124 | 158 | 499 |
| 1980 | 864 | 671 | 193 | 190 | 674 |
| 1981 | 858 | 660 | 198 | 181 | 677 |
| 1982 | 1033 | | | 184 | 849 |
| 1983 | 1073 | | | 193 | 880 |
| 1984 | 1089 | | | 199 | 890 |
| 1985 | 1131 | | | 210 | 921 |
| 1986 | 1208 | | | 219 | 989 |
| 1987 | 2256 | 1707 | 549 | 511 | 1745 |
| 1988 | 2364 | 1730 | 634 | 450 | 1914 |
| 1989 | 2389 | 1705 | 684 | 370 | 2019 |
| 1990 | 2399 | 1679 | 720 | 427 | 1972 |

كەلپىن ناھىيىسىدە ئادەم ئاز بولغاچقا ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ ، مەدەنىيەتزور ئىنقىلابىغىچە ئىش كۆتۈپ تۇرغانلار ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى. كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، تەدرىجىي ھالدا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. 70 ـ يىللاردا ئىشچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 80 ـ يىللاردا يەنە يول كەڭ ئېچىلىپ ، يەككە تىجارەتكە يول قويۇلۇپ ، ئىش كۆتۈپ تۇرغان قىسمەن ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بىراق ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن ، كۆپ ساندىكى ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى يەنىلا بىر قەدەر قىيىن بولماقتا.

## § 2 . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كەلپىن ناھىيىسىدە ئاران 68 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ، كەلپىن ناھىيىسىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاكتىپلار بولۇپ ، كۆپ قىسمى پارتىيە ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ئىشلەيتتى . ئىشچىلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1958 ـ يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئاپپاراتلار كۆپەيتىپ قۇرۇلۇپ ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى زورىيىپ ، 1961 ـ يىلى 475 ئادەمگە يەتتى. 1971 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى يەنىمۇ كېڭەيدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن « سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى » گە ، ئىشچى ، كادىر قوبۇل قىلىشقا ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى داۋاملىق زورايدى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 2389 غا يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2026 ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 363 ( ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى 2019 نەپەر ، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى 846نەپەر ) ؛ خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى ئىچىدە مۇقىم ئىشچى ـ خىزمەتچى 1937 ، توختام تۈزۈمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 82 ، ۋاقىتلىق ئىشچى 215 ، پىلان سىرتىدىكى ئىشچى 155 ، دۆلەت كادىرى 1281 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگان كادىرى 478 ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىر 682 ، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى كادىر 121 ؛ ئىشچى 528 ( توختام تۈزۈمىدىكى ئىشچىلارنى ، ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) ، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى 128 ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى 186 ، ئىدارىلەردىكى ئىشچى 214 .

1982 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 186 كادىر دەم ئېلىشقا ، پېنسىيىگە چىقتى ( بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 13 ) ، جەمئىي 100 ئىشچى پېنسىيىگە چىقتى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى سانىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 16—6

| يىللار | ئىشچى ـ خىزمەتچى ئومۇمىي سانى | سىستېمىلار بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | | | | | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇئىشلىرى، ھاۋارايى | قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف | سودا، يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەت، ماددىي ئەشيا، تەمىنات ـ سودا | پەن، مائارىپ، سەھىيە | دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار | پۇل مۇئامىلە | سانائەت | |
| 1969 | 777 | 145 | 9 | 134 | 177 | 232 | 31 | 49 | |
| 1970 | 726 | 54 | 22 | 151 | 176 | 175 | 31 | 117 | |
| 1971 | 904 | 85 | 22 | 156 | 221 | 218 | 28 | 174 | |
| 1972 | 1002 | 109 | 31 | 159 | 272 | 222 | 29 | 180 | |
| 1973 | 960 | 102 | 13 | 158 | 218 | 236 | 31 | 202 | |
| 1974 | 1109 | 131 | 27 | 168 | 277 | 239 | 31 | 236 | |
| 1975 | 1271 | 136 | 28 | 159 | 301 | 245 | 33 | 343 | ئاساسى قۇرۇلۇش 26 ئادەم |
| 1976 | 1292 | 119 | 49 | 158 | 307 | 247 | 34 | 378 | |
| 1977 | 1231 | 136 | 56 | 179 | 307 | 239 | 33 | 281 | |
| 1978 | 1616 | 193 | 16 | 227 | 393 | 258 | 35 | 494 | |
| 1979 | 1760 | 203 | 20 | 255 | 451 | 303 | 46 | 482 | |
| 1980 | 1709 | 121 | 23 | 254 | 480 | 341 | | 465 | ئاساسى قۇرۇلۇش 25 ئادەم |
| 1981 | 1477 | 31 | 21 | 248 | 526 | 385 | | 266 | |
| 1982 | 1649 | 41 | 21 | 316 | 579 | 455 | | 237 | |
| 1983 | 1672 | 44 | 17 | 258 | 601 | 508 | | 244 | |
| 1984 | 1659 | 52 | 18 | 108 | 638 | 559 | | 284 | |
| 1985 | 1737 | 48 | 18 | 111 | 695 | 566 | | 299 | |
| 1986 | 1775 | 38 | 17 | 117 | 710 | 609 | | 284 | |
| 1987 | 1888 | 89 | 16 | 120 | 752 | 645 | | 266 | |
| 1988 | 1917 | 97 | 16 | 121 | 777 | 674 | | 232 | |
| 1989 | 2026 | 113 | 19 | 127 | 815 | 729 | | 222 | شەھەر جامائەت ئىشلىرى خادىمى بىر |
| 1990 | 2031 | 119 | 18 | 107 | 851 | 792 | | 144 | |

### كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سانىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 16 — 7

| يىللار | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى (ئادەم) | سىستېمىلار بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | سانائەت | ئاساسىي قۇرۇلۇش | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، ھاۋارايى | سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت، ماددىي ئەشيا، تەمىنات - سودا |
| 1972 | 44 | 44 | | | |
| 1973 | 44 | 44 | | | |
| 1975 | 58 | 58 | | | |
| 1976 | 76 | 76 | | | |
| 1977 | 75 | 75 | | | |
| 1978 | 90 | 90 | | | |
| 1979 | 84 | 84 | | | |
| 1980 | 126 | 84 | | 42 | |
| 1981 | 382 | 175 | 32 | 175 | |
| 1982 | 331 | 171 | 30 | 130 | |
| 1983 | 292 | 124 | 26 | 142 | |
| 1984 | 455 | 136 | 20 | 155 | 144 |
| 1985 | 449 | 118 | 20 | 170 | 141 |
| 1986 | 423 | 82 | | 199 | 142 |
| 1987 | 368 | 97 | | 137 | 134 |
| 1988 | 447 | 152 | | 142 | 153 |
| 1989 | 363 | 102 | | 116 | 145 |
| 1990 | 368 | 180 | 36 | 19 | 133 |

## § 3 . ئىش ھەققى ئەھۋالى

**1 . مائاش تۈزۈمى**

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىش ھەققى تۈزۈمى توغرىسىدا ئارخىپ ماتېرىيالى كەمچىل بولغاچقا، توغرا خاتىرىلەش قىيىن بولدى. ئەينى چاغلاردا مال باھاسى ئۆچقاندەك ئۆرلەپ، بەزى چاغلاردا بىر كۈندە بىر قانچە خىل باھا بولغاچقا، ئىش ھەققىنىڭ ئېشىشى مال باھاسىنىڭ ئۆچقاندەك ئۆرلىشىگە زادىلا يېتىشەلمىگەن. شۇڭا ماددىي نەرسىلەر، مەسىلەن، ئاشلىق، ياغلىقدان قاتارلىقلار پۇل ئورنىدا ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ تارقىتىپ بېرىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھەربىي قىسمىدىن يەرلىككە ئالماشقان كادىرلارنىڭ ھەممىسىگە تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ئېلان قىلغان «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1950 - يىلى ۋاقىتلىق يولغا قويىدىغان تەمىنات تۈزۈمىنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى لايىھىسى» ئىجرا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خادىملىرى ۋە يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا ناتۇرال ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1952 - يىلى ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ۋەزىپىسىگە قاراپ دەرىجەلىك ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىش ھەققى ناتۇرا (نومۇر) بىلەن ھېسابلاندى. كادىرلارغا ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئىش ھەققى ناتۇرىسى بېكىتىلدى. ئىشچىلارغا سەككىز

www.uyghurkitap.com

دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 ـ يىلى ئىش ھەققى ناتۇرىسى ، تەمىنات تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، پۇل بېرىلىدىغان دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كادىرلارغا قارىتا مەمۇرىي 30 دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى ، ئىشچىلارغا قارىتا يەنىلا سەككىز دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985 ـ يىلى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئىش ھەققى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قۇرۇلمىلىق ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، كارخانىلاردا مەھسۇلات قىسمىنگە قاراپ ئىش ھەققى تارقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كارخانىلار ئۆزىنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئىش ھەققى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيدىغان بولدى.

## 2 . ياردەم پۇلى ، قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1) **چېگرا رايون ياردەم پۇلى** 1952 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ئۇنىڭ ئاساسىي مائاشىنىڭ 15 پىرسەنتى بويىچە بېرىلدى. 1959 ـ يىلى كادىرلارنىڭ چېگرا ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئىشچىلارنىڭ ساقلاپ قېلىندى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل بولغانلارغا ئىككى يۈەن ، بەش يىل بولغانلارغا ئۈچ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ، ھەر بەش يىلدا ئۈچ يۈەن قوشۇپ بېرىلدى.

2) **تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى** 1956 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاساسىي ئىش ھەققىنىڭ 34 پىرسەنتى بويىچە بېرىلدى. 1961 ـ يىلى 8% كە تەڭشەلدى ، 1987 ـ يىلى يەنە 26% كە تەڭشەلدى.

3) **ئىسسىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى** 1956 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ سەككىز پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلدى. 1966 ـ يىلى شەھەردىكى كادىرلارغا 57 يۈەن ، يېزىلاردىكى كادىرلارغا 55 يۈەن بېرىلىدىغان بولدى. ئائىلىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەر بىر ئائىلىگە پەقەت بىر كىشىلىكلا بېرىلدى. 1977 ـ يىلدىن باشلاپ ئائىلىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى بويىچە تارقىتىلدى ، ھەر يىلى ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە 127 يۈەندىن بېرىلدى.

4) **ئاشلىق باھا قوشۇمچە ياردەم پۇلى** 1964 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىگە ھەر ئايدا 0.6 يۈەن ، 1.2 يۈەن ، 1.95 يۈەن ، 3.25 يۈەندىن ئىبارەت تۆت دەرىجە بويىچە ئاشلىق باھا قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

5) **قوشۇمچە يېمەكلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى** 1979 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ھەر ئايدا سەككىز يۈەندىن قوشۇمچە يېمەكلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1982 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر بىر شەھەر نوپۇسىغا ھەر يىلدا 18 يۈەندىن گۆش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

6) **زىيالىيلار قوشۇمچە ياردەم پۇلى** 1984 ـ يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا تېخنىكۇمدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى بار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ تېخنىكا ئۇنۋانى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ( مەمۇرىي ئىش ھەققى دەرىجىسى 17 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلار بۇنىڭ سىرتىدا ) ھەر يىلى بىر قېتىمدىلا 40 يۈەن كىتاب ـ ژۇرنال پۇلى ، ھەر ئايدا 20 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى قوشۇلدى ، ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن ، تۇراقسىز ئىش ھەققى دەرىجىسى تۇراقلاشتۇرۇلۇپ ، يەنە بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى قوشۇلدى.

7) **چىگرا رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى** 1984 ـ يىلدىن باشلاپ چېگرا زاپوندا 25 يىل خىزمەت قىلغانلارغا بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى. ئالتە يىلغا توشقاندىن كېيىن، تۇراقسىز ئىش ھەققى تۇراقلىق ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىلىپ، يەنە بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى (زىيالىيلار تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغانلار بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولمىدى).

## 3 . ئىش ھەققى دەرىجىسىنى تەڭشەش ۋە ئۆستۈرۈش

1959 ـ يىلى كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى تەڭشەلدى ۋە ئۆستۈرۈلدى. 17 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى. ئۆستۈرۈش ھەجمى ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ بەش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1963 ـ يىلى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچىلار ۋە مەمۇرىي 10 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن كادىرلار ئارىسىدا ئىش ھەققى تەڭشەلدى. ئىش ھەققى تەڭشەش ھەجمى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1971 ـ يىلى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى 1957 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان 3 ـ دەرىجىلىك ئىشچىلارنىڭ، 1960 ـ يىلنىڭ بېشىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان 2 ـ دەرىجىلىك ئىشچىلارنىڭ، 6619 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان 1 ـ دەرىجىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1977 ـ يىلى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن خىزمەت قىلغىنىغا كۆپ يىل بولغان، ئىش ھەققى بىر قەدەر تۆۋەنلەرنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى. ئىش ھەققى تەڭشەش دائىرىسى 40% بولدى.

1979 ـ يىلى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ياخشىلىرى تاللىنىپ، ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ئۆستۈرۈش دائىرىسى 40% بولدى.

1981 ـ يىلى مائارىپ، سەھىيە سىستېمىسىدىكى قىسمەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1982 ـ، 1983 ـ يىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكى تۈزۈمىدىكى كادىرلارنىڭ ۋە كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە، ئايرىملىرىنىڭ ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1985 ـ يىلدىن كېيىن دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ۋەزىپىسىگە، ئۇنىۋانىغا قاراپ ئۆزگەرتىلدى. كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستى. بىر دەرىجە، ئىككى دەرىجە، ئۈچ دەرىجە ئۆسكەنلەرمۇ بولدى. كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش پەرقى بىر قەدەر چوڭ بولدى.

كەلپىن ناھىيىسى 11 ـ خىل ئىش ھەققى رايونىنىڭ 3 ـ خىل رايونىغا مەنسۇپ، شارائىتى بىر قەدەر جاپالىق بولغاچقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى باشقا ناھىيىلەردىن يۇقىرىراق. 1957 ـ يىلى ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 29 .47 يۈەن، 1964 ـ يىلى 65 .91يۈەن، 1985 ـ يىلى 130 يۈەن، 1990 ـ يىلى 26 .222 يۈەنگە يەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 1969 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 16—8

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كوللېكتىپ ئورۇن | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇن | جەمئىي | يىللار | كوللېكتىپ ئورۇن | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇن | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1969 | | 45 | | 1980 | 3.5 | 115 | 118.5 |
| 1970 | | 39 | | 1981 | 15 | 125 | 140 |
| 1971 | | 64 | | 1982 | 14 | 138 | 152 |
| 1972 | | 52 | | 1983 | 12 | 161 | 173 |
| 1973 | | 56 | | 1984 | 26 | 180 | 206 |
| 1974 | | 63 | | 1985 | 28 | 226 | 254 |
| 1975 | 2.8 | 72 | 74.8 | 1986 | 39 | 289 | 328 |
| 1976 | 2.4 | 75 | 77.4 | 1987 | 37 | 290 | 327 |
| 1977 | 2.7 | 82 | 84.7 | 1988 | 42 | 373 | 415 |
| 1978 | 3 | 97 | 100 | 1989 | 43 | 410 | 453 |
| 1979 | 2.9 | 103 | 105.9 | 1990 | | 451.42 | |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ئون يەتتىنچى قىسم

# ئەدلىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى قىسىم

# ئەدلىيە

## I باب

## مىنگو دەۋرىدىكى ئەدلىيە

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى ( 1936 ـ يىلى ) 12 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ۋالىيس ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، بەش نەپەر باش تەپتىش ۋە تەپتىش، 15 نەپەر ساقچى سەپلەپ بېرىلدى. كېيىنكى يىلىنىڭ بېشىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئامانلىق ساقلاش، نوپۇس، رازۋېتكا، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، كاتىبات، بوغالتىرلىق بۆلۈمچىلىرى ۋە ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى. چىلان كەنتىدە پەيچۇسو قۇرۇلدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولدى، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشى كەلپىنگە تەسىر قىلىپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ 6 ـ شىسىدىكى ئابدۇنىيازنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن قوشۇنى كەلپىنگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، مۇھەممەت نىيازنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋالىيس بىلەن باش تەپتىش خۇدابەردىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي تەكلىپ قىلغان سوۋېت ئارمىيىسى قىرغىز قىسىملىرىنىڭ بىر لېيىنى كەلپىنگە كىرىپ، 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سابىق ھاكىم ئىسمايىلنى مەخپىي قولغا ئالدى، 10 ـ ئايدا يەنە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە 80 نەچچە ئادەمنى قولغا ئېلىپ، ئاقسۇغا يالاپ ئاپىرىپ بەردى. كېيىن بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى ) گومىنداڭ تەرەپدارلىرى شىنجاڭنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ نامى كەلپىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئاپپارات تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، ئەمەلدار ـ ساقچىلار 27 گە كۆپەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقچى ئىدارىسى شەھەر ـ يېزىلاردا پايلاقچىلارنى كۆپەيتىپ، ئاممىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى ) كەلپىندە پايلاقچى 170 كە يەتتى. ھاپىزداموللا دېگەن پايلاقچىلارنىڭ مەخپىي خەۋەر يەتكۈزۈشى تۈپەيلىدىن، ئاقسۇدا گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ قەتلى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى ) دىن

باشلاپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قىسمەن ئەمەلدارلىرى ھەر قايسى رايونلارنىڭ ياردەمچى شاڭيۈلۈقى ياكى مۇئاۋىن شاڭيۈلۈقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان بولدى.

كەلپىن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ھەر خىل فېئودال كۈچلەر ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىپ، دائىم ئامما-نى توپلىشىپ ئۇرۇشۇشقا قۇتراتتى، قۇمبىرىق، يۇرچى، قاشبىرىق كەنتلىرىدە يۇقىرىلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈ-رۈش، يارىلاندۇرۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، جەمئىيەت داۋالغۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) غىچە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئەد-لىيە-سوتلاش پائالىيىتىنى ئاقسۇ يەرلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىگە ئالغانىدى، ھاكىم، نائىب ھاكىم، شاڭيۇ، قازىلار ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى. مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) كەلپىن ناھىيىلىك سوت مەھ-كىمىسى قۇرۇلدى، گايىت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەدلىيە-سوتلاش پائالىيىتىنى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، سوتلاش ھوقۇقى يەنىلا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ھاكىم قاتارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا بولدى. بۇ-لۇپمۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) كەلپىننىڭ ئەدلىيە پائالىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويىنىدى، ئۇ، كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش-ئۆلتۈرمەسلىكنى بەلگىلەيدىغان چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى.

## مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) دىن مىنگونىڭ 38-يىلى (1949-يىلى) غىچە كەلپىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى (ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى)، ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 17—1

| ئىسىم-فامىلىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىدارە نامى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ھامۇت | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1936 — 1934 | ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| ۋايىس | ئۇيغۇر | ئاقسۇ | 1937 — 1936 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| مۇھەممەت قۇربان | ئۇيغۇر | گۇما | 1939 —1937 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| روزى | ئۇيغۇر | | 1939 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| ئالىپشا | شىبە | پىچان ناھىيىسى | 1939 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| پازىل | قىرغىز | ئالتاي | 1941 — 1940 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| جۇشاۋشىن | خەنزۇ | شەنشى | 1941 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئىدراە باشلىقى |
| ماۋشىنزۇ | خەنزۇ | سەنشى | 1942 | جامائەتخەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| يۇجۇنى | خەنزۇ | ئاقسۇ | 1943 — 1942 | ساقچى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مابۇيلاڭ | ئۇيغۇر | تۇرپان | 1943 — 1944 | ساقچى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| گاۋپېيشېن | خەنزۇ | | 1944 — 1945 | ساقچى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| ئىي خاسىلاڭ | ئۇيغۇر | ئاۋات | 1946 — 1947 | ساقچى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| بي چيگلىن | خەنزۇ | | 1946 — 1948 | ساقچى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| خۇدۇيبۇمبەردى سىلىم | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1946 | ساقچى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| ئابلىز قۇربان (خاشگيۇ) | ئۇيغۇر | چۆچەك | 1946 | ساقچى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| نۇر قاسىم (لۇنغۇگيۇن) | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1947 — 1948 | ساقچى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| گوجۇنرۇي | خەنزۇ | | 1947 — 1948 | ساقچى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى |
| ئابدۇراخمان نۇر | ئۇيغۇر | كەلپىن | 1947 — 1949 | ساقچى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |

# II باب

# خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى

1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ سابىق كەلپىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى 35 نەپەر ساقچى خادىم خەلق ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولدى. 1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يەن شىمىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن كونا ساقچى خادىملىرىنى تەربىيلەش — ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم تايانچ كۈچلەرنى تولۇقلاپ، رازۋېتكا، ئامانلىق ساقلاش، كاتىبات بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلدى. ئاممىۋى ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى كۈچەيتتى.

## § 1. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئالدى بىلەن كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان باندىت، ئىشپىيون، ئەكسىيەتچى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تايانچلىرى ۋە ئەكسىيەتچى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كاتىباشلىرىنى ئىنقلاپ، تىزىملاپ چىقتى. 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ

كۈندىن 1952 - يىلغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق»ى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»غا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 49 ئادەمگە زەربە بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشىگە قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى (بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى بىر)، 33 كىشىگە قاماق جازاسى بېرىلدى، 14 كىشى قانۇن بويىچە رىجىمغا ئېلىندى.

1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە 1 - قېتىملىق جەمئىيەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە توردىن چۈشۈپ قالغان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ھەم نەق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بار پومېشچىك، باي دېھقانلارغا نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى.

## § 2 . ئامانلىق باشقۇرۇش

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك ئامانلىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى قوغدالدى. 1950 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ناھىيە بازىرىدا تۇنجى ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. كېيىن بۇنى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەر قايسى جايلارغا كېڭەيتتى. 1953 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئالتە كەنت ئامانلىق قوغداش كومىتېتى، 40 ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 195 ئامانلىق ساقلاش خادىمى سايلاپ چىقىلدى، ئاممىۋى ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ماسلىشىپ، ئامانلىقنى ساقلاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا رىجىمغا ئېلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ئۇنسۇرلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلدى؛ يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 56 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1957 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپقا كىرىشى توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ 18 نەپىرى كوپېراتىپ ئەزالىقىغا، سەككىز نەپىرى كوپېراتىپنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، قالغانلىرى داۋاملىق نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلدۇرۇلدى. 1958 - يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يەنە ئاممىۋى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىغا تايىنىپ، تۆت خىل ئۇنسۇرلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسىنى قۇردى، ياردەم بېرىش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئاممىدىن 449 كىشى قاتناشتى. ئايدا تەكشۈرۈش، پەسىلدە باھالاش، يىلدا ئۈستۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1979 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پومېشچىك، باي دېھقان ئۇنسۇرلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدىكى قارارى ئىجرا قىلىنىپ، ئۆزگەرگەن 118 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، 1983 - يىل 6 - ئايدا قالغان بارلىق تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭمۇ قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، تۆت خىل ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىش، ئۆزگەرتىش

ۋەزىپىسى تاماملاندى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئامانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى ئىچكى قىسمىنى قوغداش، ئاممىۋى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئارا ماسلىشىپ، «تۆتتىن مۇداپىئەلىنىش» (ئىشپىيونلاردىن، ئوغرىلىقتىن، ئوتتىن، ئامانلىققا دائىر ۋەقەلەردىن مۇداپىئەلىنىش) بويىچە تەشۋىقات - تەربىيىنى قانات يايدۇردى، چارلاش، قاراۋۇللۇق قىلىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ئامانلىق ساقلاش - نى ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە ياردەم - تەربىيە بەردى، قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان بۇيۇملارنى باشقۇرۇشنى ۋە يول - قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

## § 3. جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان، يامان ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن بىر تۈركۈم ئوغرى، زەھەرلىك چېكىملىك ياساپ ساتقۇچى، قىمارۋاز، لۈكچەك جىنايەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈردى. 1952 - يىلى ئۇلاردىن قىلمىشى ئېغىر 80 نەپەر ئۇنسۇرنى سېرىق توغراقتا يىغىپ بوز يەر ئاچقۇزۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتتى. كېيىن، ئۇلار تەربىيە ئارقىلىق كەينى - كەينىدىن ئۆز جايىغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلدى.

1954 - يىل 6 - ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق خەلق ساقچىلىرى ئامانلىق ساقلاش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئازادلىقتىن بۇيان يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 58 ى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، 160 نەپەر جىنايەتچىگە زەربە بېرىلىپ چارە كۆرۈلدى.

1958 - يىلدىن كېيىن سىرتتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوغرىلىق قىلىش ۋە ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆپەيدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قارا كۆل رايونىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىن كەلپىن ناھىيىسىگە قارىغۇلارچە ئېقىپ كىرگەن خادىملارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەنزە بېجىرىش تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1967 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يۈرگۈزۈلۈپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بەزى خاتا ئەنزىلەر يۈز بەردى. 1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلدى، ناھىيە بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان 31 ئادەمنىڭ ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىسى تۈزىتىلدى.

1983 - يىل 9 - ئايدىن 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆ-

رىشنى قانات يايدۇردى ، ئۈچ چوڭ جەڭ ، توققۇز قېتىملىق ھەرىكەت ئارقىلىق 125 پارچە ھەر خىل جىنايى ئىشلار ئەنزىسى پاش قىلىنىپ ، 58 نەپەر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە زەربە بېرىلدى ۋە چارە كۆرۈلدى ، نەتىجىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئامانلىق ساقلاش تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىدە يەنە بەزى تەكرارلىنىشلار بولدى. 1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ قىممىتى 70 مىڭ يۈەنلىك رەختنى مالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىق بۇيا يېزىسىدىكى بىر توپ قارا نىيەتلەر ئالداپ ئېلىپ كەتتى ؛ 1988 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قارا كۆلدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا پەۋقۇلئاددە چوڭ بۇلاڭچىلىق — قاتىللىق ئەنزىسى يۈز بېرىپ ، تۆت ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ؛1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ساقچىسى يىن خۇگۇېي ئۆزى قاراۋۇللۇق قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، 37 مىڭ 700 يۈەن نەق پۇلنى ئوغرىلاپ كەتتى. بۇ ئۈچ ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دەرھال ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ ، ئەنزىنى تېزدىن پاش قىلىپ چىقتى. 1990 - يىلدىكى « قاتتىق زەربە بېرىش » كۆرىشى داۋامىدا 54 جىنايەتچىگە زەربە بېرىلدى ، 48 جىنايەتچى قانۇن بويىچە جازالاندى ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلار تېگىشلىك تۈردە قاتتىق جازاغا تارتىلدى.

# III باب

# خەلق تەپتىشلىكى

1955 - يىل 7 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى. جاۋ شېنرۇ قوشۇمچە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا 1968 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەپتىش مەھكىمىسىگە قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى ، تەپتىش مەھكىمىسى كەلپىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ ، تەپتىش ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1978 - يىل 11 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ، قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى ، ئىقتىسادىي ئىشلار تەپتىشلىكى ۋە تۈرمە تەپتىشلىكىدىن ئىبارەت تۆت كەسپ تەسىس قىلىندى. 1979 - يىلى شتاتتىكى كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچى 18 نەپەر ئىدى ، 8519 - يىلى 61 نەپەرگە چۈشۈرۈلدى ، 1990 - يىلى 20 نەپەرگە يەتتى.

## 1 § . جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى رازۋېتكا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇپ قولغا ئېلىشقا يوللىغان ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ ، قولغا ئېلىشنى قارار قىلىش ، ئەيىبلەش ۋە سوتتا ئەيىبلەشنى قوللاش فونكسىيىسىنى يۈرگۈزىدۇ. 50 - يىللاردا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قوبۇل قىلىپ قولغا

ئىپلىشنى تەستىقلىغان ئەنزىلەر ئاۋال بىجىرگۈچى خادىمنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇلاتتى ، ئاندىن تەپتىش كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ، باش تەپتىش قارار قىلغاندىن كېيىن ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىناتتى ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم قارار چىقىراتتى ، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىق قارارنامىسىنى بېجىرىپ ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇراتتى . ئۇ چاغدا ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن ئاشكارا تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندىغىنى ئىنتايىن ئاز ئىدى . تەپتىش خادىمى كۆپىنچە يازما شەكىلدە ئەيىبلەيتتى . 1958 ـ يىلى « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ، سوت مەھكىمىسى بىرلەشمە ئىشخانا قۇرۇپ ، ئەنزە بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ، قانۇنىي نازارەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى . 1961 ـ يىلى ئىلگىرىكى بىرلىكتە بېجىرىلگەن ئەنزىلەر قايتا تەكشۈرۈلۈپ ، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلدى . 1978 ـ يىل 11 ـ ئايدا تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ « پارتكوملارنىڭ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىماسلىقى توغرىسىدىكى قارار »ىغا ئاساسەن ، 1979 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ، ئەيىبلەش ھوقۇقىنى بىۋاستە يۈرگۈزدى .

1955 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قولغا ئېلىشقا مەلۇم قىلغان 432 نەپەر جاۋابكارغا دائىر407 ئەنزىنى قوبۇل قىلدى ، بۇنىڭدىن 239 پارچە ئەنزىدىكى 295 جاۋابكار قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى ،137 نەپەر جاۋابكار قولغا ئېلىشقا تەستىقلانمىدى ، شۇنىڭدەك مەلۇم قىلىنماي چۈشۈپ قالغان ئۈچ نەپەر جاۋابكار قولغا ئېلىشقا تەستىقلىنىپ ، قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى . 1955 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەيىبلىگەن 496 نەپەر ئەيىبكارغا دائىر 409 ئەنزە قوبۇل قىلىندى ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 349 ئەنزىدىكى 440 نەپەر ئەيىبكارنى ئەيىبلەش قارار قىلىندى ، 29 نەپەر ئەيىبكار ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى ، 27 نەپەر ئەيىبكار ئەيىبلەنمىدى ، 1978 ـ يىلى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئەيىبلىنىدىغان ئەنزىلەرگە قارىتا سوتتا ئەيىبلەشنى قوللاش ئۇچۇن خادىم ئەۋەتىشنى يولغا قويدى ، ئۇلار 1987 ـ يىلغىچە جەمئىي 187 قېتىم سوتتا ئەيىبلەشنى قوللىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رازۋېتكا قىلىش ، سوتلاش پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش ، سوت مەھكىمىسىنىڭ خاتا ھۆكۈم — كېسىملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش قاتارلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى .

## § 2 . قانۇن — ئىنتىزام تەپتىشلىكى

قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى خىزمىتىنى تەپتىش مەھكىمىسى بەلگىلىگەن مەخسۇس ئادەم ئىشلەپ كەلدى ، بۇ خىزمەت بويىچە مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىدى . 1955 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 13 ئادەمگە چېتىلىدىغان 13 ئەنزىنى قوبۇل قىلدى ، بۇنىڭدىن توققۇز ئادەمگە چېتىلىدىغان توققۇز ئەنزە تۇرغۇزۇلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئەنزىدىكى بىر ئادەمنى قولغا ئېلىش تەستىقلاندى ، ئۈچ ئەنزىدىكى ئۈچ ئادەم ئەيىبلەنمىدى ، تۆت ئادەمگە سوت مەھكىمىسى قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى ، بىر ئادەمگە جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىش كەچۈرۈم قىلىندى .

## 3 § . ئىقتىسادىي ئىشلار تەپتىشلىكى

تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي ئىشلار تەپتىشلىكى خىزمىتىنى پەقەت مەخسۇس ئادەملا باشقۇرۇپ كەلگەنىدى ، 1982 - يىلى بۇ خىزمەتنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلدى . 1955 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە تەپتىش مەھكىمىسى 42 ئادەمگە دائىر 41 ئىقتىسادىي ئەنزىنى قوبۇل قىلدى ، بۇنىڭدىن 15 ئادەمگە دائىر 14 ئەنزىنى ئۆزى رازۋېتكا قىلدى ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 25 ئەنزىدىكى 25 ئادەمنى قولغا ئېلىشقا مەلۇم قىلدى ، ئىككى ئەنزىدىكى ئىككى ئادەم بىۋاستە ئەيىبلەندى . تەكشۈرۈش ئارقىلىق 15 ئادەم قولغا ئېلىشقا تەستىقلاندى ، 20 ئەنزىدىكى 20 ئادەم سوتتا ئەيىبلەندى ، ئۈچ ئەنزىدىكى ئۈچ ئادەم ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى ، بېجىرىلگەن ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى جەمئىي 123 مىڭ 471.35 يۈەنگە ، تەكشۈرۈلۈپ تۆلىتىۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان 90 مىڭ 13.26 يۈەنگە يەتتى .

## 4 § . تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى نازارەتچىلىكى

تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى تەپتىش مەھكىمىسى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ ئىشلىدى ، ئۇلار تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ، جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئادەم قىلىش ، گۇناھسىزلارنىڭ قانۇنسىز سولاپ قويۇلماسلىقىغا ۋە ئەيىبلەنمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى . 1955 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە تەپتىش مەھكىمىسى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ئۈستىدە جەمئىي 194 قېتىم تەپتىش ئېلىپ بېرىپ ، سېزىلگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى .

# IV باب

# خەلق سوت مەھكىمىسى

1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى ، ئۇنىڭ شتاتتىكى كادىرى يەتتە بولۇپ ، سوت قىلىش فونكسىيىسىنى يۈرگۈزدى ، مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ گۈڭباۋ مەھكىمە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە 1967 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى سوت مەھكىمىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلىپ ، ئۇنى كەلپىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ بەردى ، ئەسلىدىكى ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1972 - يىلنىڭ ئاخىرىدا سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . 1979 - يىلدىن باشلاپ مەھكىمە باشلىقى سايىلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان بولدى ، ناسىر نۇرى مەھكىمە باشلىقى بولدى . 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جىنايى ئىشلار

سوت كوللېگىيسى ، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيسى ، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيسى ۋە ئەرزىيەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. ئاشكارا سوتلاش ، جاۋابكارنى ئاقلاش ، سوتچى ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ، زاسېداتېللار مەسلىھەتلىشش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، ئەنزىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ، قانۇنلۇق ، توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 1987 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 200 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ ، سوت مەھكىمىسىگە 820 كۋادرات مېترلىق ئىشخانا بىناسى سېلىپ بەردى ، سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى 19غا يەتتى.

## § 1 . سەييارە سوت

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە سەييار، خەلق سوتى تەشكىل قىلىندى. ھاكىم ئىمىر باقى سوت باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈتىدى ، مۇئاۋىن سوت باشلىقلىقىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يەن شىمىن قوشۇمچە ئۈتىدى. سەييارە سوت ھەر يەرنىڭ ئۆزىدە سەييارە ھالدا ئاشكارا سوتلاشنى يولغا قويۇپ ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ جازا ھۆكۈم قىلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن سەييارە سوتنىڭ نامى يەر ئىسلاھاتى خەلق سوتىغا ئۆزگەرتىلىپ ، قانۇنسىز پومېشچىكلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە دائىر ئەنزىلەر قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن يەر ئىسلاھاتى خەلق سوتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## § 2 . جىنايى ئىشلارنى سوتلاش

1950 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر خىل جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 610 نى قوبۇل قىلىپ ، ھەممىسنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ بولدى. شۇ چاغدىكى سوت قىلىش تەرتىپى مۇنداق ئىدى : خەلق سوت مەھكىمىسى ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ھۆكۈم قىلماقچى بولغان جازا مۇددىتىنى ناھىيىلىك پارتكومغا يوللايتتى ۋە تەستىقلانغاندىن كېيىن ، ھۆكۈمنى ئوچۇق ئېلان قىلاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىنغان مەزگىلدە ۋە خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ، 60 پارچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسى قوبۇل قىلىندى ھەم ئەنزىلەر توغرىسىدا جىنايەت ھۆكۈمى ئېلان قىلىندى ، كېيىن قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئالتە خاتا ئەنزە ئاقلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ، بەش ئەنزە جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى ، قالغان 49 ئەنزىدە ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىندى ، 1977 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە 19 پارچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ، كېيىن قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىر ئەنزە ئاقلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ، سەككىز ئەنزە جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى ، ئۈچ ئەنزىدە ھۆكۈم يېنىكلىتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، قانۇن تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ، سوتلاش پائالىيىتىدە پاكىتنى ئاساس ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى ، 1980 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 257 سى بىر تەرەپ قىلىندى ، ناھەق ، خاتا ئەنزە كۆرۈلمىدى. 1990 - يىلى 47 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ ، 21 ئادەمگە قانۇن بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى.

## § 3 . ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى سوتلاش

1950 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر خىل ھەق تەلەپ ئەرزىسىدىن 3325 نى قوبۇل قىلىپ، ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولدى. بۇ ئەرزلەر تۈر جەھەتتە نىكاھ، تۆلەم تۆلەش، مىراسخورلۇق، بېقىش ـ تەربىيىلەش، ئامانەت ـ قەرز، ئەمگەك ھەققى ماجىراسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇرەسسە ئارقىلىق ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ماجىراسىدىن 1010 ى ھەل قىلىندى، ئەرز ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 1104 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغان 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە 354 ھەق تەلەپ ئەرزىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1977 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە 87 ھەق تەلەپ ئەرزىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1980 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ھەق تەلەپ ئەرزلىرى كۆپىيىپ، جەمئىي 937 ھەق تەلەپ ئەرزىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1990 ـ يىلى 83 ھەق تەلەپ ئەرزىسى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، 107 ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ماجىراسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

سوت خىزمىتىدە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم سوتچىلار مەيدانغا كەلدى. 50 ـ يىللاردا سوتچى ناسىر نۇرى قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە قۇرۇلۇشىغا پائال تۆھپە قوشقانلىقتىن، ئۇدا ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، 1960 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي ـ قانۇن سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

# V باب

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

1979 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى 9 ـ ئايدا قۇربان ھۇسەن ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1982 ـ يىلى ئەدلىيە بۆلۈمى قارمىقىدا جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە يۇرچى، گەزلىك، ئاچال يېزىلىرىغا ۋە كەلپىن بازىرىغا ئەدلىيە ياردەمچىسى سەپلەپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ نامى ئەدلىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 7 ـ ئايدا ئەدلىيە ئىدارىسىدە قانۇن مەسلىھەتچىلىرى ئورنى قۇرۇلدى.

## § 1 . قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى

ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قانۇن ـ تۈزۈم جەھەتتىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1980 ـ 1981، ـ يىللىرى پۈتۈن ناھىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا 65 ئورۇندا

كادىرلار ۋە ئاممىغا 71 قېتىم قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى، تەشۋىقاتنى ئاڭلىغۇچىلار 20 نەچچە مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. 1982 - يىلدىن كېيىن قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات - تەربىيىسى كۆپ خىللىققا قاراپ يۈزلەندى. 1983 - يىلى قانۇن - تۈزۈم رادىئو لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تەشۋىقات رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلىپ ۋە تەشۋىقات ماشىنىسى ئىشقا سېلىنىپ تەشۋىقات ئۈنۈمى ئاشۇرۇلدى، تەربىيىگە ئېرىشكەن ئامما 70 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى، 36 سان قارا دوسكا گېزىتى چىقىرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 192 نۇسخا قانۇن - تۈزۈم گېزىتىگە، 32 سان قانۇن - تۈزۈم ژۇرنىلىغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىندى، 250 پارچە قانۇن - تۈزۈم كىتابى سېتىلدى. 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە 490 نۇسخا قانۇن - تۈزۈم گېزىت - ژۇرنىلىغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىندى، يېزا - بازارلاردا قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات كۆزنەكلىرى ئورنىتىلدى.

قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەدلىيە ياردەمچىلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ قانۇن - تۈزۈم دەرسى ئۆتۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى بەردى. ناھىيە بويىچە 5140 ئائىلىلىك ئاھالە ئارىسىدا «قانۇنغا رىئايە قىلغان شەرەپلىك ئائىلە» بولۇش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەر - يېزىلاردا قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇلدى. كەلپىن ناھىيىسى 1986 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى قانۇن - تۈزۈم كۇرسى ئېچىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تايانچىلارنى تەربىيىلىدى. 1986 - يىلى 99 قارار كۇرس ئېچىپ، 2768 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە يەنە ئۇدا 34 قارار كۇرس ئېچىپ 1146 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. 1986 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىدا 1840 قېتىم قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى، تەشۋىقاتنى ئاڭلىغۇچىلار 664 مىڭ 548 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. 1990 - يىلى 901 قېتىم قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. تەشۋىقاتنى ئاڭلىغۇچىلار 96 مىڭ 64 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى؛ 47 قارار قانۇن - تۈزۈم كۇرسى ئېچىلىپ، 2654 ئادەم (قېتىم) ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى.

## § 2. خەلق مۇرەسسەسى

1954 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شەھەر - يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي سايلامغا بىرلىكتۈرۈپ، ئۈچ يېزا، بىر كوچا، بىر مەمۇرىي كەنتتە ئون خەلق مۇرەسسە گۇرۇپپىسىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى، 44 مۇرەسسە خادىمى سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ۋە يېنىك جىنايى ئىشلار ماجىرالىرىنى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىشقا، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق بولدى. 1958 - يىلدىن باشلاپ چوڭ ئەترەتلەر بىرلىك قىلىنغان ھالدا ئۈچتىن يەتتىگىچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان مۇرەسسە ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە مۇرەسسە خادىمى 85 كە يەتتى.

1980 - يىلى ئەدلىيە بۆلۈمى خەلق سوت مەھكىمىسىدىن مۇرەسسە كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، شۇ يىلى بازار - يېزىلاردىكى خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە مۇرەسسە ھەيئىتى 24 كە، مۇرەسسە خادىمى 91 گە يەتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا

ئەگىشىپ ، ئاما ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ماجىرا ۋە كېلىشىم ماجىرالىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى ، 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە مۇرەسسە ھەيئەتلىرى جەمئىي 242 ھەق تەلەپ ماجراسىنى بىر تەرەپ قىلدى . 1983 - يىلى ئەدلىيە بۆلۈمى ناھىيە بويىچە مۇرەسسە خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ، قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى . 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا يېزا نىزامى ، ئاھالە ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ ، خەلق مۇرەسسە خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى ، شۇ يىلى 994 ھەق تەلەپ ماجراسى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىندى . 1986 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان تۆت يىل ۋاقىتتا ، خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى 3125 ھەق تەلەپ ماجراسىنى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىپ ، بازار - يېزىلاردا جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى . 1990 - يىلى 786 ھەق تەلەپ ماجراسى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىندى .

## § 3 . جامائەت گۇۋاھلىقى

كەلپىن ناھىيىسدە 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن جامائەت گۇۋاھلىقى كەسپىي قانات يايدۇرۇلدى ، شۇ يىلى جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى جامائەت گۇۋاھلىقى توختامنامىسىدىن 19 نى قوبۇل قىلىپ ، 842 يۈەن رەسمىيەت ھەققى ئالدى . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، يېزا - بازارلاردا ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە كۆپەيدى ، جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى 1985 - يىلى جامائەت گۇۋاھلىقى توختامنامىسىدىن 87 نى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ 71 پارچىسىنىڭ جامائەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرىپ بەردى ، بۇنىڭ 56 سى جامائەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى تۆۋەنگە بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بېجىرىلدى . 1989 - يىلى جامائەت گۇۋاھلىق ئورنى قوبۇل قىلغان جامائەت گۇۋاھلىقى توختامنامىسى 271 گە يېتىپ ، 1983 - يىلدىكىدىن 2 .13 ھەسسە كۆپەيدى ، 1990 - يىلى 22 گە چۈشتى .

## § 4 . قانۇن مەسلىھەتچىلىكى

قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى 1984 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شۇ يىلىلا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ، سوتقا چىقىپ ئاقلاش كەسپىنى قوبۇل قىلدى . ئادۋوكاتلار پاكىتنى ئاساس ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش ، ئەنزىلەرنى قانۇن بويىچە بېجىرىش ، ھەم ئۇۋال قىلماسلىق ، ھەم مەيلىگە قويۇپ بەرمەسلىكتە چىڭ تۇردى . شۇ يىلى سوتقا چىقىپ ئاقلاشقا قوبۇل قىلىنغان ئەنزە ئالتە پارچە بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى ئادۋوكاتنىڭ ئاقلىشى ئارقىلىق قانۇنسىز سوراق قىلىنغان دەپ قارالدى . سوت جاۋابكارنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىپ قويۇپ بەردى . 1985 - يىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى بەش ئەنزىنى سوتقا چىقىپ ئاقلاشقا قوبۇل قىلدى ، بۇ ، سوت مەھكىمىسى شۇ يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئومۇمىي ئەنزە سانىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئادۋوكاتنىڭ ئاقلىشى ئارقىلىق بىر ئەنزىدىكى جاۋابكارنىڭ تۆلەم تولەش مەسئۇلىيىتى يېنىكلىتىلدى . شۇ يىلى قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەمدىن 37 ئادەمنى كۈتۈۋالدى ، قانۇندىن سورالغان 13 سوئالغا مەسلىھەت بەردى . 1986 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى 236 قېتىم قانۇندىن مەسلىھەت بەردى .

www.uyghurkitap.com

ئون سەككىزىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون سەككىزىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاچال رايونى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دۆلەت ئارخېئولوگىيە تارماقلىرى ئاچال يېزىسىغا جايلاشقان ئۈچ تۇر (تىم) نى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىي خارابىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بولۇپمۇ چىلان ئەتراپىدا كۆپ ئورۇندا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پوتەي ۋە ھەربىي گازارمىلارنى تاپتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى مەزگىللىرىدە، توپىلاڭچى قوشۇنلار چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ يوقىتىشى ئارقىسىدا كەلپىنگە چېكىنىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن؛ قوقانلىق ياقۇببەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدىمۇ كەلپىنگە كېلىپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يايدى، چىلان ئەتراپلىرىدا قوشۇن تۇرغۇزغان. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر قانچە قېتىم ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندىمۇ كۆپ قېتىم كەلپىنگە كېلىپ تۇرغان. مىنگو دەۋرىدە شېڭ شىسەي، گومىنداڭمۇ كەلپىنگە قوشۇن ئەۋەتكەن، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۇپەيلىدىن كونا جەمئىيەتتە كەلپىن (بولۇپمۇ ئاچال ئەتراپى) دىكى خەلق يېغىلىق دەردىنى يەتكىچە تارتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىندە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەرلىك قوراللىق قوشۇن ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى، ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ پائال ماسلىشىشى ئارقىسىدا خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەلقنى ئۆز كەسپى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## I باب

# يەرلىك قوراللىق قوشۇن

### 1 § . پۇقرا ئەسكەرلەر تۈەنى

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 4 ـ رايونلۇق مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى پۇقرا ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ تەربىيىلىگەندە كەلپىندىن 300 پۇقرا ئەسكەر تەربى-

يىلەندى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا 75 پۇقرا ئەسكەر ئېلىنىپ، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پۇقرا ئەسكەرلەر تۈەنى قۇرۇلدى، تۈەنجاڭلىقنى ھاكىم، مۇئاۋىن تۈەنجاڭلىقنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى. پۇقرا ئەسكەرلەر تۈەنىدە دائىمىي ئەترەت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر قانچە چوڭ ئەترەت، چوڭ ئەترەت ئاستىدا ئوتتۇرا ئەترەت، شۆبە ئەترەت ۋە بەن تەشكىل قىلىندى، ئۇن ئادەم بىر بەن بولدى. پۇقرا ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغانلار 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالار بولۇپ، قانۇن بويىچە ئەسكەرلىككە ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنغان ۋە كېچىكتۈرۈلگەنلەردىن باشقا ھەممەيلەننىڭ ئەسكەرلىككە كىرىپ تەربىيىلىنىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. كېيىن، پۇقرا ئەسكەرلەر تۈەنى ناھىيىلىك قوغدىنىش تۈەنىگە قوشۇۋېتىلدى.

## § 2 . قوغدىنىش تۈەنى

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە قوغدىنىش تۈەنى تەشكىل قىلىندى، ئۇنىڭ جەمئىي 100 ئادىمى بولۇپ، ئۇلار قۇرۇق قول مەشىق قىلاتتى، قورال ـ ياراق، ئات ـ ئۇلاغ قاتارلىق ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى. قوغدىنىش تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭلىقىنى ھاكىم، مۇئاۋىن تۈەنجاڭلىقىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى. قوغدىنىش تۈەنىنىڭ قارىمىقىدا بىر قانچە شۆبە ئەترەت تەشكىل قىلىنىپ، مەخسۇس ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئەمەلدارى قويۇلدى. ناھىيىلىك قوغدىنىش تۈەنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە ئاممىنى باستۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىدى. گومىنداڭنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ قوغدىنىش تۈەنىمۇ تارقىلىپ كەتتى.

## § 3 . ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى (جامائەت خەۋپسىزلىكى)ئوتتۇرا ئەترىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترىتى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا ئادىمى 43 كە يەتتى. 1951 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىنىڭ ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1953 ـ يىلدىن 1955 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنى ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونى ۋەكالىتەن باشقۇردى. 1955 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. 1964 ـ يىل 8 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەتەرەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىنىڭ ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1968 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت بىلەن پەيزاۋات ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەتەرەتنىڭ تۇرۇشلۇق جايلىرى ئالماشتۇرۇلدى. 1976 ـ يىل 1 ـ ئايدا خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوتتۇرا ئەترىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوتتۇرا ئەترىتىگە 1979 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى قىسىم چوڭ ئەترىتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا خەلق چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى قىسمـ

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ ئاقسۇ تارماق ئەترىتى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.

## II باب

# خەلق قوراللىق بۆلۈمى

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي كومىسسار، ئىش بېجىرگۈچى، سەنمو قاتارلىق خادىملىرى بار ئىدى. 1978 ـ يىلى ئۇنىڭدا سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1986 ـ يىلى خەلق قوراللىق بۆلۈمى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يەرلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈشتە بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە ئۈچ يېزىلىق، بىر بازارلىق قوراللىق بۆلۈم قارايدۇ.

كەلپىن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكى

جەدۋەل 18 ـ 1

| ئىسىم ـ فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| دياۋ يۇنرۇي | بۆلۈم باشلىقى | 9. 1973—8. 1970 |
| جاڭ زۇڭۇبى | بۆلۈم باشلىقى | 6. 1978—1. 1974 |
| جاۋجىيۇمىن | بۆلۈم باشلىقى | 11. 1979—11. 1978 |
| ھەسەن ئەمەت | بۆلۈم باشلىقى | 6. 1983—5. 1980 |
| ئوسمان قاۋۇل | بۆلۈم باشلىقى | 6. 1986—8. 1983 |
| مەمتىمىن قۇربان | بۆلۈم باشلىقى | —6. 1986 |
| جامال يۇسۇپ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 12. 1971—1. 1960 |
| جاۋجىيۇمىن | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 11. 1978—8. 1968 |
| مەھەممەت كەنجى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 8. 1979—4. 1975 |
| جاڭ چاۋ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 9. 1983—9. 1979 |
| ئوسمان قاۋۇل | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 8. 1983—4. 1981 |
| جاۋجۇڭشىيەن | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 12. 1985 — 12. 1983 |
| مەمتىمىن قۇربان | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 4. 1986—11. 1985 |
| شۇخۇلاڭ (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى) | سىياسىي كومىسسار | 12. 1965—4. 1964 |
| جاڭكۇيچاڭ (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى) | سىياسىي كومىسسار | 5. 1966—1. 1966 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | |
|---|---|---|
| يەن جىلەي | سىياسىي كومىسسار | 8. 1979—10. 1971 |
| مەتتىمىن ئەمەت (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى) | سىياسىي كومىسسار | 9. 1987—12. 1981 |
| شۈي چېگچى | سىياسىي كومىسسار | 6. 1986—7. 1983 |
| فېي شېگچىلىڭ | سىياسىي كومىسسار | —5. 1986 |
| لى چيەنەن (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى) | سىياسىي كومىسسار | —7. 1987 |
| دې لېيەنكې | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 12. 1970—11. 1964 |
| شى شەنشيالىڭ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 6. 1973—1. 1972 |
| لىيۇ مېگشۇن | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 10. 1977—6. 1973 |
| ۋاڭ باۋ جىن | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 11. 1982—4. 1981 |

# باب III

# ھەربىي خىزمەت

## § 1 . ئەسكەر قوبۇل قىلىش تۈزۈمى

مىنگو دەۋرىدە ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئومۇمەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئولتۇرغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان، ئەسكەر ئېلىش شەرتىگە توشىدىغان پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىش مەجبۇرىيىتى بولغان. ئائىلە بويىچە ھېسابلىغاندا ئۈچ ئەرنىڭ بىرسى چەك تاشلاش، تەرجىمھالىنى تەكشۈرۈش، بەدەن تەكشۈرۈش، يىغىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، قوشۇنغا مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇلغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ئالتۇن كولاش نامى بىلەن كەلپىن ياشلىرىدىن 70 كىشىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەجبۇرىي ھالدا ھەربىي قىسىمغا قاتناشتۇرۇپ ئەسكەر قىلغان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 5 - ئايدا كەلپىندىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان سايىم شادى، يۈسۈپ ئىمىن، توختى كېرەمدىن ئىبارەت ئۈچ كىشى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتناشقان.

## § 2 . پىدائىي ئەسكەرلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1954 - يىلغىچە پىدائىي ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولدى. 1951 - يىل 2 - ئايدا

كەلپىن ياشلىرى ئاكتىپ تۈردە ئارمىيىگە قاتنىشىشقا ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى، 27 نەپەر ياش قوبۇل قىلىنىپ ئارمىيىگە كىردى.

## § 3 . مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەر

1955 - يىلى «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پىدائىي ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىگۈچى ئەسكەر بولۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، كەلپىن ناھىيىسىدە ئارمىيىگە قاتنىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

1956 - يىلى كەلپىندە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تەشكىلىي سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1957 - يىل 8 - ئايدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش خىزمىتىنى ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونى قوشۇمچە باشقۇردى. 1960 - يىلدىن كېيىن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى باشقۇردى، ھەر يىلى ئەسكەر ئالىدىغان چاغدا يېشى مۇۋاپىق كەلگەن ھەر مىللەت ياشلىرى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى تىزىملاتتى. تىزىملاتقۇچىلار ئېلىنىدىغان ئەسكەر سانىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

### كەلپىن ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا ئېلىنغان ئەسكەر سانى

جەدۋەل 18 - 2

| يىللار | ئېلىنغان ئەسكەر سانى | يىللار | ئېلىنغان ئەسكەر سانى |
|---|---|---|---|
| 1970 | 20 | 1982 | 6 |
| 1974 | 40 | 1985 | 10 |
| 1976 | 35 | 1986 | 10 |
| 1978 | 23 | 1987 | 12 |
| 1979 | 7 | 1989 | 12 |
| 1980 | 21 | 1990 | 14 |
| 1981 | 25 | | |

## § 4 . زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتى

كەلپىن ناھىيىسىدە زاپاس ھەربىيلەرنى تىزىملاش خىزمىتى 1955 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئېتىبارەن باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ خىزمەت ھەر يىلى ئىشلەندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، زاپاس ھەربىيلەرنى تىزىملاش توختىتىلدى، 1982 - يىلى زاپاس ھەربىيلەرنى تىزىملاش يەنە باشلاندى.

1983 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە 35 ياشتىن تۆۋەن، تېخنىكا جەھەتتىن باب كېلىدىغان ئىشچىلارنىڭ تەكتى ئېنىقلىنىپ تىزىملىنىپ زاپاس ھەربىي خىزمەت ئۆتىگۈچىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

# IV باب

# خەلق ئەسكەرلىرى

## 1 § . خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى

كەلپىن ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى 1957 - يىلدىن باشلاپ تەشكىل قىلىندى. 1961 - يىل 12 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ھەممە گۇڭشېدا قۇرۇلدى. 1963 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى قۇرۇلدى، ھاكىم قۇربان قەمبەر تۇەنجاڭ، لى زىچياڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، شۈي خۇڭ سىياسىي كومىسسار بولدى. 1973 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈندىن 27 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 2 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنى كۆزدە تۇتۇش» يولىيورۇقى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 1974 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى يىغى قۇرۇلدى. 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 13 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى شىلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلدى. شۇ يىلى گۇڭشې، چوڭ ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە خەلق ئەسكەرلىرى يىغى، لىەنى ۋە پەي، بەنلىرى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى تەڭشىلىپ، سانى ئازايتىلدى، سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1983 - يىل 8 - ئايدا 82 كالىبىرلىق مىناميوتچىلار لىەنىدىن بىرسى قۇرۇلدى. 1985 - يىل 4 - ئايدا ئەمەلىي جەڭ ئېھتىياجىغا ھازىرلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئاچال يېزىسىدا بىر خەلق ئەسكەرلىرى پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلدى. 1987 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىدا خەلق ئەسكەرلىرى مىناميوتچىلار تارماق ئەترىتى قۇرۇلدى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن ناھىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىگە ئايرىلدى. 1974 - يىل 3 - ئايدا يەنە خەلق ئەسكەرلىرى ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ۋە قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىگە ئايرىلدى. 1981 - يىلى ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى تەسىس قىلىنمىدى. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى تەرتىپكە سېلىندى.

## 2 § . قورال - ياراق

1960 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىلدى، قورال - ياراقلار مەخسۇس ئامباردا ساقلاندى، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

مەخسۇس ئادەم ساقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قورال ـ ياراقلار ئۇزلۇكسىز يېڭىلىنىپ ۋە كۆپىيىپ تۇردى. 1976 ـ يىلى خەلق ئەسكەرلىرى قورال ـ ياراق ئامبىرى سېلىندى، 1978 ـ يىلنىڭ بېشىدا قورال ـ ياراقلار بىر مەركىزى خەلق گۇڭشېلىرىغا بۆلۈپ بېرىلدى، گۇڭشېلار قورال ـ ياراق ئامبىرى قۇرۇپ، ئۇنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ناھىيە «1 ـ ماي» خەلق گۇڭشېسى قورال‌لىق بۆلۈمدە قورال ـ ياراق ساقلاش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. 1982 ـ يىلى قورال ـ ياراقلار يىغىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمنىڭ ئامبىرىدا ساقلاندى، ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يوقىتىپ قويماسلىق، بۇزۇپ قويماسلىق، دات باستۇرۇپ قويماسلىق، چىرىتىپ قويماسلىق تەلپىگە يەتكەنلىكتىن، 1985 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە، «ئۇدا بەش يىل ۋەقە سادىر قىلماسلىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## § 3 . خەلق ئەسكەرلىرى پائالىيىتى

### 1 . ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە

60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «دۈشمەننى يوقىتىش ماھارىتىنى قاتتىق مەشىق قىلىش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كەڭ ـ كۆلەمدە ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق تەلىم ـ تەربىيىنى ئىلگىرى سۈردى. 1960 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 838 نەپەر خەلق ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيىگە قاتنىشىپ، قارىغا ئېتىش، گرانات تاشلاش، نەيزىۋازلىق قىلىش، پارتلىتىش، يەر مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك تېخنىكا بويىچە 15—20 كۈن مەشىق قىلىپ، ئومۇمىي باھالاشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاچال گۇڭشېسىنىڭ قۇملۇق چوڭ ئەترىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ساجىگزا (شوتا قۇدۇق) تەرەپكە قاراپ قىستا مۇساپىلىك دالا يۈرۈشى قىلدى.

1974 ـ يىل 8 ـ ئايدا تانكا ئېتىش، ئايروپىلان ئېتىش، پاراشوت ئېتىش، ئاتوم بومبىسىدىن، خىمىيىۋى قوراللاردىن، باكتېرىيەدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەشقى ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيە بازىرىدا تانكا ئېتىش، «1 ـ ماي» گۇڭشېسىدا ئايروپىلان ئېتىش مەشقى ئۆتكۈزۈلدى.

1979 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىككى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى بەنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ دوكلات يۈزىسىدىن ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتناشتۇرۇلدى.

1984 ـ يىلى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قەرەللىك مەشقى يىللىق مەشىققە ئۆزگەرتىلىپ، بىر تۈركۈمى مەشىق قىلدۇرۇلسا، بىر تۈركۈمى زاپاس تۇرغۇزۇلدى، تەكرار مەشىق قىلدۇرۇلماي، يۈك يېنىكلىتىلىپ، ئەسكەرلەر زاپاس تۇرغۇزۇلدى، كەلپىن ناھىيىسى نامرات ناھىيە بولغاچقا مەشىق قىلدۇرىدىغان ئادەم سانى ئازايتىلدى.

1985 ـ يىلى خەلق ئەسكەرلىرى توپچىلار لېيەنى‌راست ئوقتا قارىغا ئېتىش مەشقى ئۆتكۈزۈپ 25 پاي زەمبىرەك ئوقىنىڭ 24 نى نىشانغا تەككۈزدى.

1987 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك سىمونت زاۋۇتى خەلق ئەسكەرلىرى منامىيوتچىلار تارماق ئەترىتى 30 كۈن مەشىق قىلىپ، توققۇز پاي راست ئوقنىڭ ھەممىسىنى نىشانغا تەككۈزدى. قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرى خەلق ئەسكەرلىرىگە يىراق ئارىلىقتىكى نىشاننى توپقا تۇتۇش ماھارىتى كۆرسەتتى.

1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە قىسمەن خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس ھەربىيلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئادەتتىكى قوراللاردا قارىغا ئېتىش مەشقى ئۆتكۈ‍

زۇلدى ھەمدە سەككىز نەپەر خەلق ئەسكىرى تاللىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى، تەنھەرىكەت يىغىنىدا كەلپىن قارىمۇقارشى ئېتىشتا 3 ـ لىككە ئېرىشىپ، بىر لەۋھە ئالدى؛ كەلپىن بازىرىدىكى خەلق ئەسكىرى پازىل ئەرلەرنىڭ يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق بىلەن قارىغا ئېتىشى بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى؛ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەلق ئەسكىرى لى شيا ئاياللارنىڭ يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق بىلەن قارىغا ئېتىشى بويىچە 2 ـ لىككە ئېرىشتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم كەلپىن بازىرىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر تارماق ئەترىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى 20 كۈن يىغىپ تەربىيىلىدى، ئۇلارنىڭ راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش نەتىجىسى لاياقەتلىك بولدى.

1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كىچىك ئەترىتى قۇرۇلدى ھەمدە جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھىسى بويىچە ئەمەلىي مەشق ئېلىپ بېرىلدى، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى بىرلەشمە مۇداپىئەنى يولغا قويدى، يۇرچى يېزىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى زاپاس ئەترەت قىلىندى.

## 2 . سىياسىي تەربىيە

خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە خەلق ئەسكەرلىرى دائىم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. خەلق ئەسكەرلىرىگە قارىتىلغان سىياسىي تەربىيىنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى1971 ـ يىل 8 ـ ئايدا خەلق ئەسكەرلىرى يىگىنىڭ جياۋداۋيۈەنلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى ليەنىنىڭ جىدااۋيۈەنلىرىنىڭ 11 كۈنلۈك سىياسىي تەربىيە كۇرسىنى ئاچتى. 1989 ـ يىل 6 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدىكى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتقان ھەم غەلىبىگە ئېرىشكەن مەزگىللەردە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە پۈتۈن ناھىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى، ياشلار ۋە زاپاس ھەربىيلەرگە «مەركەزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى ھىمايە قىلىش، مالىمانچىلىقنى توسۇش، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداش» تەربىيىسى بەردى. 1989 ـ يىل 7 ـ ئايدا دۆلەت مۇداپىئە بىلىملىرى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى ھەم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى زالىدا دۆلەت مۇداپىئە بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## 3 . ئىشلەپچىقىرىش، نۆۋەتچىلىك قىلىش

خەلق ئەسكەرلىرى ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مەشق، تەلىم ـ تەربىيىنى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا ئېلىپ باردى، ئادەتتىكى چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، يېزىلاردا مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدىغان بىر مۇھىم زەربىدار كۈچكە ئايلاندى، بولۇپمۇ خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا، ئىش ئالدىراش پەسىللەردە ۋە ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۆۋەتچىلىك قىلىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

1959 ـ يىلى ئاچال گۇڭشېسى خەلق ئەسكەرلىرى ليەنىنىڭ باشلىقى ژۇنۇن ھىمىت قاتارلىقلار قارا كۆلدىكى ئورمانلىقتا قېچىپ يۈرگەن ئۈچ جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى. 1983 ـ يىلى يەتتە خەلق ئەسكەرلىرى بەنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1984 ـ يىلى ئاچال يېزىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىدىن مۇختار تىلەم

قاتارلىقلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن قاچقان ئىككى جىنايەتچىنى تۇتۇۋالدى ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئۇلارغا « مۇنەۋۋەر خەلق ئەسكىرى » دەپ شەرەپلىك نام بەردى. شۇ يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئوغرىلاپ كېتىلگەن تۆت كالا ھارۋىسى ، تۆت ئېشەك ھارۋىسى ، 180 كىلوگرام پاختا ، 23 قوي ، بىر ۋېلىسىپىتنى قولغا چۈشۈردى .

60 ـ يىللاردا خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى يېزىلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتى . 1970 ـ يىل 4 ـ ئايدا خەلق ئەسكەرلىرى ناھىيە تەۋەسىدىكى تېلېفون سىم يوللىرىنى رېمونت قىلىشقا قاتناشتى . 1984 ـ يىلى خەلق ئەسكەرلىرى 211 مىڭ 450 تۈپ كۆچەت تىكىپ ، 696.6 مو يەرنى كۆكەرتتى .

1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق قوراللىق بۆلۈمى يورچى يېزىسىنىڭ يۇقىرىس كەنتىدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى ، يىغىنغا يېزىلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرى ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلاردىن 70 نەچچە ئادەم قاتناشتى . يىغىندا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئۈچ ئائىلە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش جەريانىنى تونۇشتۇردى . شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاچال يېزىسىنىڭ چىلان كەنتى كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قاتناشتى . سەككىز سائەت ئىشلىشىپ ، كەنت ئاھالىسىدىن بىرەرسىنىمۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتمىدى ، مال ـ مۈلۈكمۇ ئاساسىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىمىدى ، شۇڭا ئۇلار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى . 1984 ـ يىلى قىش پەسلىدە قېلىن قار ياغقاندا ناھىيە بويىچە سوغۇق ئېقىمغا تاقابىل تۇرۇپ ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ، خەلق ئەسكەرلىرى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي ، يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ جۇدۇندىن بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى .

### 4 . خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيى قۇرۇش

1985 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 25 « خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيى » قۇرۇلۇپ ، قىرائەتخانا ئېچىلدى ، ۋالىبول ، ۋاسكېتبول مەيدانلىرى ياسالدى ، بۇلار يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى .

## V باب

# ھەربىي ئىشلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى ( 1758 ـ يىلى ) شىنجاڭدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار يېڭىلىپ بەردى ، خوجاجاھان بىلەن بۇرھانىدىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ، ئىلاجسىز كەلپىنگە چېكىنىپ ، يايدىدا 3000 ئادىمى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشى قاتتىق جەڭ قىلدى . خوجاجاھان يېڭىلىپ يەكەنگە قېچىپ كەتتى ، قالغانلار ناھىيە تەۋەسىدىكى يېقىن يول بىلەن قەشقەرگە قاچتى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭجۈنى جاۋخۈي لەشكەر باشلاپ چىلان ئارقىلىق يۈرۈش قىلىپ ، ئۇلارنى قوغلاپ يوقاتتى .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 6 - يىلى ( 1826 - يىلى ) جاھانگىر خوجا يېغىلىقى مەزگىلىدە كەلپىن ھەم ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشغال قىلىنىۋېلىندى ، ئۇرۇش ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى . 8 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ لىڭنى توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى . ئۇ 10 - ئايدا 36 مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەر ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئات ، نەچچە مىڭ كالا ، تۆگىنى ئاقسۇغا توپلىدى . قۇمباش ئۇرۇشىدىن كېيىن ، جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمى كەلپىن ئەتراپىغا چېكىندى . 11 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باش بۇغى ياڭ فاڭ لەشكەر باشلاپ كەلپىنگە ھۇجۇم قىلىپ ، قىسىل ۋە شىمالىي چوڭ كەنت ئەتراپىدا جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى ، چىڭ قوشۇنلىرى توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كاتىبېشى ئىمان ، قوقانلىق يولداشنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ، چىڭ قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ، توپىلاڭچىلارنى غەلىبىسىرى قوغلاپ يوقىتىشقا كىرىشتى ، ئاساسىي قوشۇن ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى ، يەنە بىر يۆنىلىشتىكىلەر ئۇچتۇرپان ئارقىلىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4 - يىلى ( 1865 - يىلى ) قوقانلىق ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدى ، ئۇ كەلپىنگە كىرگەندىن كېيىن ، چىلان ئۆتەڭنى ئالدىنقى ئىستىھكام قىلىپ ، پوتەي ياساپ قوشۇن تۇرغۇزۇپ ، شەرققە تاجاۋۇز قىلدى .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 - يىلى ( 1877 - يىلى ) 10 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىپ ، كۇچا ، باي ، ئاقسۇلارنى كەينى - كەينىدىن قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ليۇجىنتاڭنىڭ قىسىملىرى دەريادىن ئۆتۈپ ، قالدۇق باندىتلارغا قوغلاپ زەربە بەردى ، ئۇلار كەلپىننىڭ غەربىدە 1000 دىن ئارتۇق قالدۇق باندىتنىڭ جاھىلانە قارشىلىقىنى بىتچىت قىلىپ ، تاغ ئېچىگە كىرىپ ، قومۇل ، شايار قاتارلىق جايلاردىن ئەسىر ئېلىنغان نەچچە يۈز ئادەمنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇلارنى قوشۇن بىلەن بىللە كەلگەن ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىغا ئاقسۇ ، شايارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بەردى . شۇنىڭدىن كېيىن ، چىڭ قوشۇنلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ، شۇ يىلى 12 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 1 - ئايغىچە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى تولۇق يوقاتتى .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 4 - يىلى ( 1878 - يىلى ) 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىروت ( ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ) تىن نەچچە ئون ئاتلىق ئادەم كېلىپ كەلپىن ئەتراپىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ ، ئادەم ئۆلتۈردى ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر چىقاردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى قىسىم

# مائارىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون توققۇزىنچى قىسىم

# مائارىپ

كەلپىن ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ناھىيە.

XVII ئەسىردىلا كەلپىن ناھىيىسىدە دىنىي مەكتەپ بولغان، بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار كىرىپ بىر قانچە يىل ئوقۇغان. ئۇلار گەرچە بۇ مەكتەپلەردە دىنىي دەرس ئوقۇسىمۇ، ئەمما خەت ساۋادىنىلا چىقىرىۋالاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30 - يىلى (1904 - يىلى) ناھىيە ئامبال مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا بىر مەكتەپ سېلىنىپ، بىر قانچە بالا قوبۇل قىلىنىپ خەنزۇچە ئۆگىتىلگەن. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقان، بۇ كۇرس كېيىن ئۇيۇشما ئىگىدارچىلىقىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار قوبۇل قىلىنىپ، يېڭى مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ قۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشالدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1990 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 19 باشلانغۇچ مەكتەپ، بەش ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە بىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ)، بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بار بولدى. 1977 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىن 465 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە، 752 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. ئالىي مەكتەپكە كىرگەنلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ساناقلىقلا بولدى. 1990 - يىلى پەقەت بىرلا خەنزۇ ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە، بەش ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكۇمغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى.

كەلپىن ناھىيىسى مەكتەپ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، چوڭلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى. 1985 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى» كەلپىن ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىن باشلاپ، كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مائارىپ بۆلۈمى قۇ-

رۇلۇپ ، تۇنجى قېتىم مىزىگۇل (مى دېچىك) بۆلۈم باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ ، ئابدىرازىق ھاموت بۆلۈم باشلىقى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ئىسمى كۆپ قېتىم ئۆزگەردى. مەسىلەن ، مەدەنىي — مائارىپ ئىشخانىسى ،مەدەنىي — مائارىپ بۆلۈمى ۋەھاكازا. 1984 - يىلى مائارىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەردى. 1985 - يىلى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 14 كە يەتتى.

# I باب

## شۆتاڭ ، خۇسۇسىي مەكتەپ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30 - يىلى ( 1904 - يىلى ) كەلپىن ناھىيە ئامبىلى ۋاڭ تىڭشياڭ مەھكىمىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) سالدۇرغان ، شۇ يىلى 30 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى ( 1910 - يىلى ) ناھىيە ئامبال ۋاڭ ياڭشى ناھىيە بازىرى ۋە تۆۋەن ئايماق (يۇرچى يېزىسى)نىڭ ئارايماق كەنتىدە ، ئۈستۈن ئايماق ( ھازىرقى گەزلىك يېزىسى ) نىڭ قالما كەنتىدە 2 - ۋە 3 - خەنزۇ تىلى شۆتاڭلىرىنى ۋە ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپىدىن بەشنى تەسىس قىلدۇرغان. بۇ خۇسۇسىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 104 كە ، ئوقۇتقۇچىسى بەشكە يەتكەن.

خەنزۇ تىلى شۆتاڭلىرىدا ئوقۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىدى. شۆتاڭ يەتتە - سەككىز يىللىق پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپ بولۇپ ، دەرسلىكلىرى دەسلەپتە خەت تونۇش ئىدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى ) دۆلەت تىلى ، ساۋاپ (ئەخلاق) ، ھېساب ، ئۇيغۇر تىلى ، گىمناستىكا ، رەسىم ، شېئىر قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىنرەك ئىسلام دىنى دەرسى كۆپەيتىلگەن بولۇپ ، جەمئىي سەككىز خىلغا يەتتى. ئوقۇش مۇددىتى توشقاندا ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ھاكىمنىڭ بىۋاسىتە نازارەتچىلىكىدە ئېلىناتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل ئىدى. شۆتاڭنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى ياخشى ، ئىنتىزامى چىڭ ئىدى ، بىراق ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ناچار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان بولۇپ ، بەزىلىرى باج يىغىشنى كۆتۈرە ئالغان ، بەزىلىرى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ، شۇڭا دائىم دېگۈدەك ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ۋاقتىدا دەرسكە كىرەلمەيتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىق سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن ، خەنزۇتىل - يېزىق سەۋىيىسىمۇ تۆۋەنىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى ) دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30 - يىلىدىن مىنگونىڭ 22 - يىلىغىچە ( 1904 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە ) بولغان 30 يىل ئىچىدە كەلپىن ناھىيىسىدە 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى شۆتاڭ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر 82 نەپەر ، ئادەتتىكى تەرجىمانلىق خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلار ئاران ئون كىشى ، بۇ ئون ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ ، موي قەلەم بىلەن خەنزۇچە خەت يازالايتتى ھەمدە قەدىمكى خەنزۇ تىلى بىلەن

ماقالە يازالايتتى ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ قالغان.

خەنزۇ تىلى شۆتاڭلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى سان تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . بايلار باشقىلارنى ياللاپ ئەۋەتىپ بېرەتتى ، شۇڭا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى نامراتلارنىڭ پەرزەنتى ئىدى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30 - يىلىدىن مىنگونىڭ 15 - يىلىغىچە ( 1904 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە ) خەنزۇتىلى شۆتاڭلىرىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغانىدى . بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 30 - يىلى ( 1904 - يىلى ) 30 ئوقۇغۇچى ، مىنگونىڭ 6 - يىلى ( 1917 - يىلى ) 40 ئوقۇغۇچى ، مىنگونىڭ 15 - يىلى ( 1926 - يىلى ) 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان .

خەنزۇ تىلى شۆتاڭلىرىنىڭ مائارىپ خىراجىتىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەتكۈزۈپ بېرەتتى . شۈەنتۇڭ 2 - يىلى ( 1910 - يىلى ) ناھىيە بويىچە شۆتاڭلارنىڭ چىقىمى 1655 سەر تەڭگە ، مال - مۈلكى 1075 سەر تەڭگە ، ئامانەت پۇل دەسمايىسى 917 سەر تەڭگە يەتكەن . مىنگونىڭ 25 - يىلى ( 1936 - يىلى ) 12 - ئايدا ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ( شۆتاڭ ) لەرنىڭ چىقىمى 35 مىڭ 60 سەر تەڭگە يەتكەن . شۆتاڭلارنىڭ ئۆيلىرى كونىراپ كەتكەن ، تار ، كىچىك ، قاراڭغۇ بولۇپ ، ئورۇندۇق - ئۈستەللەرنىڭ كۆپىنچىسى كېسەكتىن قوپۇرۇلغانىدى .

مىنگونىڭ 26 - يىلى ( 1937 - يىلى ) غا كەلگەندە ناھىيە بويىچە شۆتاڭ مائارىپى ئاياغلاشقانلىقى جاكارلاندى .

## II باب

# باللار مائارىپى

مىنگو دەۋرىدە كەلپىندە باللار مائارىپى يوق ئىدى .

1954 - يىلى ناھىيىلىك باللار يەسلىسى قۇرۇلۇپ ، شەھەردىكى كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىككى ياشتىن ئالتە ياشقىچە باللىرى قوبۇل قىلىنغانىدى . يەسلى بۇ باللارنىڭ تۇرمۇش ۋە پەرزلەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى . 1958 - يىل 11 - ئايدا گۇڭشېلىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، يېزىلاردىكى گۇڭشې ، ئەترەتلەردە 40 يەسلى قۇرۇلدى . ئۇلار ئادەتتە دېھقانچىلىق ئالدىراش بولغاندا قۇرۇلۇپ ، بوشاپ قالغاندا تارقىلىپ كېتەتتى ، لېكىن كۆپلىرى ئۇزاق ئۆتمەي توختاپ قالدى . 1980 - يىلى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئۈچ مەكتەپتە ئۈچ تەييارلىق سىنىپ قۇرۇلۇپ ، 60 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە يەسلىدىكى سىنىپ ۋە تەييارلىق سىنىپ 17 گە ، ئۇلاردىكى باللار 790 غا يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك باللار يەسلىسىدە 90 بالا بار ئىدى . باللار يەسلىسى يەسلىگە ئېلىنغان باللارغا ئاساسلىقى سوتسىيالىستىك ئەخلاق پەزىلەت تەربىيىسى بەردى . باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەييارلىق سىنىپتىكى باللارغا پەزىلەت تەربىيىسى بەرگەندىن سىرت ، تەنتەربىيە ، مۇزىكا ، رەسىم ۋە ئاددىي ماتېماتىكا ، ساۋات چىقىرىش تەربىيىسى بەردى .

# III باب

# باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

## § 1 . منگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

منگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى هاكىم يۈسۈپ داموللا بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت هاجى ناهىيە بويىچە تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرغان. شۇ يىلى ئۈچ سىنىپقا 99 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىلىرى قادىر ئابدۇللا ، ئىمىن نىياز ۋە توختى باۋۇدۇن ئىدى. مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ دەرىزىلىرى چوڭ بولۇپ ، ئاپتاپ تولۇق چۈشەتتى. سىنىپتا ئۈستەل ، ئورۇندۇق ۋە دوسكا قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بار ئىدى. 2 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، 34 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئاچال مەكتەپ قارىمىقىدا چىلان باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، 27 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. مەسۇم يۇنۇس ، نامەت ، مامۇت ئېلى ، ئەيىندىنلەردىن ئىبارەت تۆت كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. منگونىڭ 52 ـ يىلى ( 1936 ـ يىلى ) ئاخىرىدا ناهىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ توققۇزغا ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 547 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 307 نەپەر ، قىز ئوقۇغۇچى 240 نەپەر. منگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) مۇھەممەت هاجى ( قاراكۆتتىن ) ئۆز ئائىلىسىدە قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى ئېچىپ ، 20 قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، مامۇت مامۇرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىگەن ، بۇ ، كەلپىن ناهىيىلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بىخى ئىدى. منگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) ناهىيىلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى — پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغان. منگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) ناهىيە بويىچە 15 باشلانغۇچ مەكتەپ ، 61 ئوقۇتۇش سىنىپى ، 1471 ئوقۇغۇچى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناهىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككى ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ يەتتە ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئالتە . شۇ يىلى هۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بازار باشلانغۇچ مەكتەپتە تولۇق سىنىپ تەسىس قىلىندى .

منگونىڭ 33 ـ يىلى ( 1944 ـ يىلى ) ناهىيىلىك هۆكۈمەت ناهىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىپ ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇ چاغدا ناهىيە بويىچە يەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ ، 33 ئوقۇتۇش سىنىپى ، 1416 ئوقۇغۇچى بار ئىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ناهىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككى ، ئوقۇتۇش سىنىپى 13 ، ئوقۇغۇچى 520 ؛ ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بەش ، ئوقۇتۇش سىنىپى 20 بولۇپ ، ئوقۇغۇچىسى 896 ئىدى .

منگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـ يىلى ) ناهىيە بويىچە ناهىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ يەتتە بولۇپ ، ئۇلار بازار باشلانغۇچ مەكتىپى ، قاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى ، يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپى ، گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپى ، چىلان باشلانغۇچ مەكتىپى ، پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئىبارەت ئىدى ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئىككى بولۇپ ، ئۇلار قۇمئېرىق باشلانغۇچ

مەكتىپى ، قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئىبارەت ئىدى . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1386 ئىدى .

منگو دەۋرىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالتە يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى . ئۈيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئاساسلىقى ئانا تىلى ، ھېساب ، ئىسلام دىنى تارىخى ، تەبىئەت ، ئىملا قائىدىسى ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئومۇمىي ساۋات ، ئەخلاق ، تەنتەربىيە ، شېئىر ، رەسىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى . منگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى ) شىڭ شىسەينىڭ « ئالتە بۈيۈك سىياسىتى » ( جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ، دىيانەتلىك بولۇش ، تىنچلىق ، قۇرۇلۇش ) ۋە گومىنداڭنىڭ « سەنمىنجۇيى » ( ئۈچ مەسلەك ) دەرسلىرى قوشۇلدى . منگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقتىن 6 - يىللىقىغىچە ھەپتىلىك ئومۇمىي دەرس ۋاقتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق بولغانىدى : 1 - يىللىق 30 سائەت ، 2 - يىللىق 30 سائەت ، 3 - يىللىق 30 سائەت ، 4 - يىللىق 30 سائەت ، 5 - يىللىق 36 سائەت ، 6 - يىللىق 36 سائەت .

منگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى )دىكى كەلپىن ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى ( تولۇق سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )

جەدۋەل 19 - 1

| دەرسلەر / يىللىقلار | گراماتىكا | دىن دەرسى | ئەخلاق | ئومۇمىي ساۋات | سەن منجۇيى | ھېساب | خەنزۇ تىلى | تەنتەربىيە | شېئىر | مۇزىكا | جۇغراپىيە | تارىخ | تەبىئەت | قول ھۈنەر ۋەنچىلىكى | ئەمگەك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 - يىللىق | 5 | 6 | 1 | 3 | 2 | 4 | 6 | 2 | 1 | | | | | | |
| 2 - يىللىق | 5 | 6 | 1 | 3 | 2 | 4 | 6 | 2 | 1 | | | | | | |
| 3 - يىللىق | 5 | 6 | 1 | 2 | 2 | 4 | 8 | 1 | 1 | | | | | | |
| 4 - يىللىق | 5 | 6 | 1 | 2 | 2 | 4 | 8 | 1 | 1 | | | | | | |
| 5 - يىللىق | 4 | 4 | 1 | | 2 | 5 | 8 | 2 | | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 |
| 6 - يىللىق | 4 | 4 | 1 | | 2 | 5 | 8 | 2 | | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 |

## § 2 . يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ناھىيە بويىچە كونا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۆزگەرتىشكە باشلىدى : ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇۋاتقان ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ناھىيىلىك ئىتتىپاق رەھبەرلىكىگە ئۆتتى . ئەسلىدىكى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر ناھىيىلىك 1 - ، 2 - ، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپدەپ ئۆزگەرتىلدى ؛ ئوقۇش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ ، تۆت يىللىق يېڭى ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئالتە يىللىق كونا ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى ؛ مەكتەپلەردە مەكتەپ ئىشلىرى ھەيئىتى ، ئاتا - ئانىلار ھەيئىتى ، ئىقتىساد تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە ئۆگىنىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ، مەكتەپلەر خىزمىتى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇلدى ؛ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەشكىللىي ۋە ئىدىيە جەھەتتىن تەرتىپكە

سېلىنىپ ، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ مۇۋاپىق ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شتات سىرتىدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر باشقا خىزمەتلەرگە قويۇلدى. مەكتەپ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ، سىنىپ ، ئىشخانىلار رېمونت قىلىندى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىشى چاقىرىق قىلىندى ، ئامما 160 ئورۇندۇق ، سەككىز ئۈستەل ، تۆت ئىشكاپ ، توققۇز كارىۋات ، ئون دوسكا ياردەم قىلدى.

1950 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تۇنجى يېڭى ئوقۇش يىلىدا توققۇز مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ يەتتە ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئىككى بولۇپ ، جەمئىي سىنىپ 35 كە ، ئوقۇغۇچى 2161 گە يەتتى(بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 22 سىنىپ ، 1446 نەپەر ، قىز ئوقۇغۇچى 13 سىنىپ ، 715 نەپەر). ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى 533 پارچە يېڭى دەرسلىك تارقىتىپ بەردى.

1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىتتىپاق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپلەردە مائارىپ ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ، ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە مەنئىي قىلىندى.

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، دىنىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىردى. ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %90 كە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 2180 گە يەتتى. شۇ يىلى مەكتەپلەر ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى ۋە ئوقۇغۇچىلارغابولغان ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش خاھىشىنى ئۆزگەرتتى ، پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ياخشىلاندى ، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ، دەرس تەييارلاش ، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش ۋە دەرستىن سىرتقى يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ھەر ھەپتىدە ئۆتۈلىدىغان دەرس سائىتى ئەسلىدىكى 30 نەچچە سائەتتىن 26 سائەتكە قىسقارتىلدى. تەنتەربىيە ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋاقتى كۆپەيتىلدى.

1958 ـ يىلدىن كېيىن ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ، مائارىپنى پرولېتارىيات سىياسىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى ، ئوقۇغۇچىلار دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسپى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇلدى. لېكىن ، ئەمگەك بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەنگەچكە ، ئەمگەك ۋاقتى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ ، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1962 ـ يىلدىن كېيىن «تەڭشەش ، مۇستەھكەملەش ، تولۇقلاش ، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېن ۋە مەركەز تارقاتقان باشلانغۇچ مەكتەپلەر خىزمىتى ھەققىدىكى «40 ماددا» (لايىھە) ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەڭشەلدى ، خادىملار قىسقارتىلدى. ئوقۇتۇش ئىسلاھ قىلىنىپ ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ ، ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى بىلەن ئاساسىي تېخنىكا ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاچقا ، ئوقۇغۇچىلار ياخشى ئادەم بولۇشقا ، ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشىدىغان بولدى. مەكتەپلەرنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەكتەپلەر دەرس توختىتىپ ئىنقىلاب قىلغانلىقتىن ، مەكتەپ خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969 ـ يىلى دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، كەمبەغەل ،

تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار مەكتەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى» تەنقىد قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلار زەربىگە ئۇچرىدى ۋە مەكتەپلەردىن يۆتكەپ كېتىلدى. يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى، ۋەكالىتەن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار زور دەرىجىدە كەملەپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش تۈزۈمى بەش يىلغا ئۆزگەرتىلدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىش، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىشى، سىياسىي ئۆگىنىشى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مەكتەپلەر رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا ئېتىبار بەردى، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 26 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ناھىيە رەھبەرلىرى ھېيت - بايراملاردا ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورىدى، ئوقۇتقۇچىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالدى. ئۇلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى، ئوقۇتقۇچىلارنى سىرتقى جايلارغا بېرىپ ئۆگىنىش قىلىشقا، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ، مەكتەپ خىزمىتىدە يېڭىچە قىياپەت مەيدانغا كەلدى.

80 - يىللاردىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇردى. چەت، تاغلىق رايوندىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قىيىن بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1983 - يىلى تۇنجى ياتاقلىق مەكتەپ قۇرۇلدى. 1984 - يىل 3 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە 147 كىشىدىن تەشكىللەنگەن تۆت خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاجرىتىلىپ، ئۈچ يېزا، بىر بازارنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشقا ئەۋەتىلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتكەچكە، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار جەمئىي 3030 نەپەر بولۇپ، بۇلاردىن مەكتەپكە كىرگىنى 2931 نەپەرگە، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.5% كە، يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99% كە، لاياقەتلىك نىسبىتى 96.5% كە، 12 ياشتىن 15 ياشقىچىلىك ئۆسمۈر بالىلار ئىچىدە باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 94.6% كە يەتتى.

50 - يىللاردا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - يىللىقلىرىدا ئۇيغۇر تىلى، ھېساب، خۇشخەت، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر دەرسلىرى تەسىس قىلىندى، 4 - يىللىقلارغا سىياسىي ۋە تەبىئەت ساۋاتى دەرسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 60 - يىللاردىن باشلاپ 3 - يىللىقتىن 5 - يىللىقچە خەنزۇ تىلى دەرسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 4 -، 5 - يىللىقلارغا جۇڭگو جۇغراپىيىسى، جۇڭگو تارىخى قاتارلىق دەرسلەر كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. نەتىجىنى سىناش ئىمتىھانى ئادەتتىكى، ئايلىق سىناش، چارەكلىك ۋە مەۋسۇملۇق دەپ تۆت قېتىمغا بۆلۈندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى بەشلىك نومۇر سىستېمىسى قوللىنىلغانىدى، 70 - يىللاردىن باشلاپ 100لۈك نومۇر سىستېمىسى قوللىنىلدى. خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەردە دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن دەرسلىكلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلدى.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 20 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 4304 كە يەتتى.

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچىلىك مائارىپ ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل 19 ـ 2

| سانى / تۈرى / يىللار | مەكتەپ سانى | | | سىنىپ سانى | | | | | ئوقۇغۇچى سانى | | | | | ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر | | | قوبۇل قىلىنغانلار | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | جەمئىي | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | رۇشتى سىنىپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | جەمئىي | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | رۇشتى سىنىپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | جەمئىي | ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | جەمئىي | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 1949 | | 9 | 9 | | | | 32 | | | | | 1286 | | | 34 | | | | | | | |
| 1950 | | 9 | 9 | | | | 34 | 34 | | | | 1386 | 1386 | | 44 | 44 | | | 330 | | | |
| 1951 | | 9 | 9 | | | | 35 | 35 | | | | 1802 | 1802 | | 44 | 44 | | | 320 | | | |
| 1952 | | 9 | 9 | | | | 38 | 38 | | | | 1852 | 1852 | | 41 | 41 | | | 353 | | | |
| 1953 | | 8 | 8 | | | | 44 | 44 | | | | 2141 | 2141 | | 56 | 56 | | | 336 | | | |
| 1954 | | 8 | 8 | | | | 49 | 49 | | | | 2125 | 2125 | | 61 | 61 | | | 482 | | | |
| 1955 | | 8 | 8 | | | | 47 | 47 | | | | 2128 | 2128 | | 62 | 67 | | | 478 | | | |
| 1956 | 1 | 8 | 9 | | 3 | | 48 | | 51 | | 155 | | 2180 | 2335 | 11 | 63 | 79 | | | 402 | | 155 |
| 1957 | 1 | 7 | 8 | | 6 | | 47 | 53 | | 300 | | 2190 | 2490 | 19 | 69 | 38 | | | 486 | | 145 | |
| 1958 | 1 | 8 | 9 | | 9 | | 47 | 56 | | 437 | | 2183 | 2626 | 19 | 67 | 86 | | 119 | 377 | | | |
| 1959 | 1 | 8 | 9 | 1 | 8 | | 48 | 57 | 38 | 399 | | 2315 | 2752 | 19 | 68 | 87 | | 126 | 546 | | 38 | |
| 1960 | 2 | 8 | 10 | 2 | 12 | | 48 | 62 | 80 | 630 | | 2343 | 3053 | 30 | 68 | 98 | | 153 | 448 | | | |
| 1961 | 2 | 8 | 10 | 3 | 15 | | 50 | 68 | 120 | 799 | | 2480 | 3399 | 55 | 61 | 116 | | 148 | 447 | | | |
| 1962 | 2 | 8 | 10 | 3 | 16 | | 52 | 71 | 119 | 786 | | 2484 | 3389 | 60 | 68 | 120 | | 158 | 382 | | | |
| 1963 | 2 | 8 | 10 | 3 | 10 | | 53 | 66 | 120 | 422 | | 2381 | 2923 | 40 | 74 | 114 | | 139 | 244 | | | |
| 1964 | 2 | 8 | 10 | 3 | 10 | | 62 | 75 | 125 | 409 | | 2508 | 3042 | 39 | 84 | | 123 | 137 | 199 | | | |
| 1965 | 2 | 8 | 10 | 3 | 10 | | 64 | 78 | 118 | 416 | | 2589 | 3123 | 40 | 86 | 126 | | 109 | 227 | | | |
| 1966 | 2 | 10 | 12 | 2 | 12 | 1 | 64 | 79 | 70 | 494 | 45 | 2527 | 3136 | 41 | 86 | 124 | 70 | 105 | 290 | | 111 | 336 |
| 1967 | 2 | 10 | 12 | | 9 | 3 | 69 | 81 | | 354 | 103 | 2573 | 3030 | 40 | 93 | 133 | | | 350 | | 140 | 369 |
| 1968 | 2 | 12 | 14 | | 8 | 3 | 68 | 79 | | 355 | 95 | 2475 | 2925 | 40 | 94 | 134 | | | 273 | | | 175 |
| 1969 | 2 | 12 | 14 | | 6 | 4 | 70 | 80 | | 245 | 77 | 2503 | 2825 | 29 | 111 | 140 | | | 166 | | | 210 |
| 1970 | 2 | 12 | 14 | 1 | 9 | 7 | 76 | 93 | 33 | 316 | 179 | 2779 | 3307 | 29 | 135 | 164 | | 39 | 365 | 33 | 46 | 430 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 350 | 150 | 31 | 344 | 215 | | 189 | 156 | 33 | 3515 | 2844 | 234 | 363 | 75 | 102 | 83 | 8 | 8 | 3 | 14 | 12 | 2 | 1971 |
| 781 | 97 | 40 | 467 | 150 | | 203 | 178 | 30 | 3429 | 2850 | 259 | 249 | 71 | 104 | 84 | 10 | 8 | 2 | 14 | 12 | 2 | 1972 |
| 908 | 126 | 68 | 405 | 209 | 25 | 203 | 158 | 45 | 3596 | 3178 | 36 | 283 | 99 | 117 | 99 | 2 | 12 | 4 | 16 | 13 | 3 | 1973 |
| 678 | 202 | 46 | 367 | 134 | 32 | 228 | 178 | 50 | 3850 | 3357 | | 390 | 103 | 119 | 99 | | 15 | 5 | 18 | 14 | 4 | 1974 |
| 600 | 296 | 54 | 423 | 138 | 10 | 228 | 165 | 63 | 4288 | 3609 | | 533 | 146 | 125 | 102 | | 17 | 6 | 19 | 14 | 5 | 1975 |
| 580 | 310 | 60 | 473 | 178 | 39 | 230 | 170 | 69 | 4357 | 3786 | | 691 | 190 | 136 | 108 | | 20 | 8 | 22 | 17 | 5 | 1976 |
| 631 | 400 | 65 | 490 | 219 | 23 | 267 | 180 | 87 | 4602 | 3442 | | 1043 | 117 | 136 | 101 | | 30 | 5 | 22 | 17 | 5 | 1977 |
| 748 | 535 | 70 | 618 | 290 | 39 | 269 | 186 | 83 | 5285 | 3649 | | 1411 | 225 | 151 | 106 | | 37 | 8 | 22 | 17 | 5 | 1978 |
| 303 | 124 | 100 | 678 | 500 | 60 | 293 | 195 | 97 | 5694 | 3779 | | 1656 | 2594 | 155 | 105 | | 40 | 10 | 22 | 17 | 5 | 1979 |
| 741 | 447 | 155 | 607 | 382 | 73 | 292 | 193 | 127 | 5086 | 3507 | | 1280 | 299 | 143 | 109 | | 44 | 10 | 22 | 17 | 5 | 1980 |
| 703 | 429 | 211 | 575 | 406 | 140 | 348 | 216 | 132 | 4864 | 3385 | | 1110 | 359 | 155 | 108 | | 36 | 11 | 22 | 17 | 5 | 1981 |
| 678 | 294 | 126 | 477 | 295 | 141 | 380 | 230 | 150 | 4571 | 3342 | | 894 | 336 | 199 | 107 | | 30 | 12 | 22 | 17 | 5 | 1982 |
| | 379 | 178 | 538 | 247 | 196 | 366 | 230 | 136 | 4760 | 3465 | | 1180 | 315 | 155 | 108 | | 38 | 9 | 23 | 18 | 5 | 1983 |
| | 379 | 127 | 540 | 265 | 152 | 368 | 224 | 144 | 5100 | 3545 | | 1210 | 345 | 159 | 110 | | 39 | 10 | 24 | 18 | 6 | 1984 |
| 846 | 464 | 174 | 536 | 229 | 202 | 383 | 229 | 154 | 5240 | 3595 | | 1270 | 375 | 164 | 112 | | 41 | 11 | 24 | 18 | 6 | 1985 |
| | | 659 | 536 | 229 | 202 | 447 | 269 | 178 | 5561 | 3995 | | 1134 | 432 | 176 | 127 | | 37 | 12 | 23 | 18 | 5 | 1986 |
| 659 | 514 | 225 | 508 | 384 | 120 | 431 | 281 | 150 | 5930 | 4097 | | 1339 | 494 | 174 | 122 | | 39 | 13 | 23 | 18 | 5 | 1987 |
| | | | | | | 455 | 290 | 165 | 6150 | 4120 | | 1376 | 656 | 179 | 122 | | 40 | 17 | 23 | 18 | 5 | 1988 |
| 569 | 480 | 217 | 569 | 457 | 184 | 569 | 341 | 228 | 6313 | 4186 | | 1371 | 756 | 188 | 129 | | 40 | 19 | 24 | 19 | 5 | 1989 |
| | | | | 649 | 392 | 541 | 302 | 239 | 6563 | 4304 | | 1528 | 731 | 203 | 139 | | 45 | | 24 | 19 | 5 | 1990 |

## § 3 . باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1 . 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (بازار باشلانغۇچ مەكتىپى)

منگونىڭ 23 ـ يىلى ( 1934 ـ يىلى ) 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلغان ، ئۇ منگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـيىلى ) 6 ـئاينىڭ 1 ـكۈنى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن ناھىيىلىك خەلق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپكە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـباشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1960 ـيىلى باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا بىر خەنزۇ سىنىپ قۇرۇلۇپ 19 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1961 — 1962 ـ ئوقۇش يىلىدا مەكتەپ بويىچە سەككىز سىنىپ بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 375 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇللار 193 ، قىزلار 182 ) كە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 14 كە يەتتى. 1984 — 1985 ـ ئوقۇش يىلىدا مەكتەپ بويىچە 11 سىنىپ بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 433 كە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 28 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 24 .

1987 — 1988 ـ ئوقۇش يىلدا ئادەتتىكى سىنىپلاردىن تاشقىرى ، يەنە ئىككى تەييارلىق سىنىپى قۇرۇلـ
دى ، ئۇنىڭ 100 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى . 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدا بۇ مەكتەپتە 12 سىنىپ ( تەييار-
لىق سىنىپىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ ) تەسىس قىلىنىپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 353 ( بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار
169 ، ئوغۇللار 184 )كە ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 28 ( بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس
ئوقۇتقۇچى 27 ) گە يەتتى . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 30 مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1566 كۋادرات
مېتر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتر ، مەكتەپ ئورنى ناھىيە بازىرىدا . تۇنجى مەكـ
تەپ مۇدىرى تۇردى سابىر . 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى نۇرى داۋۇت .

**2 . 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ**

1960 ـ يىلى كەلپىن ناھىيلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر خەنزۇ سىنىپ تەسىس قىلىنىپ ، 19 ئوقۇ-
غۇچى قوبۇل قىلىندى . 1966 ـ يىلى ناھىيلىك ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلـ
دى . 1 ـ مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى ، 60 ئوقۇغۇچىسى ،
18 مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى بار بولدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقلابى » دىن كېيىن ناھىيلىك ئىشچى ـ دېھـ
قان ـ ئەسكەرلەر باشلانغۇچ مەكتىپى ناھىيلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى . 1980 ـ يىلى بۇ
مەكتەپتە بەش سىنىپ ، 106 ئوقۇغۇچى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 58 ، قىز ئوقۇغۇچى 48 ) ،
سەككىز ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى ( بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى يەتتە ) بار بولدى .
1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدا سىنىپ ئالتىگە ، تەييارلىق سىنىپ بىرگە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 124
( بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 60 ، قىز ئوقۇغۇچى 64 ) كە ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىز-
مەتچىلەر 16 ( بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 15 )گە يەتتى . مەكتەپ ئورنى مەدەنىيەت كوچىسىدا بو-
لۇپ ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى يەتتە مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1176 كۋادرات مېتر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا
كۆلىمى 520 كۋادرات مېتر . تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى خې جېنگاڭ . 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى يۈەن
جيۇسېن .

**3 .ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ**

1983 ـ يىلى قۇرۇلدى ، 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدا ، ئۈچ سىنىپ بولۇپ ، جەمئىي 45 ئوقۇغۇ-
چى ( بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 28 ، قىز ئوقۇغۇچى 17 ) ، سەككىز ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتـ
چى ( بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئالتە ) بار ئىدى . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5.9 مو ،
قۇرۇلۇش كۆلىمى 505 كۋادرات مېتر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 80 كۋادرات مېتر ، مەكتەپ ئورنى
مەدەنىيەت كوچىسىدا . تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ھامۇت ئىبراھىم . 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى قۇربان
ھامۇت .

**4 . قاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى**

بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى
2 ـ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغانىدى ، كېيىن ئۇنىڭ نامى خەلق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلـ
غاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىلى ناھىيلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالدى . 1961 — 1962 ـ ئوقۇش
يىلدا سەككىز سىنىپ ، 410 ئوقۇغۇچى ، 12 نەپەر ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى . مەكتەپ
گەزلىك يېزىسى قاشئېرىق كەنتىگە جايلاشقان ، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى قادىر ئابدۇللا . 1976 ـ يىلى
قاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلىرى يېڭى قۇرۇلغان باغلىق

www.uyghurkitap.com

ۋە ئىتتىپاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە بۆلۈۋېتىلدى.

**5. گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپى**

بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى بۇ مەكتەپ ناھىيىلىك 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالدى. 1952 ـ يىلدىن كېيىن يەنە گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1961 — 1962 ـ ئوقۇش يىلدا سىنىپ يەتتىگە، ئوقۇغۇچى 333 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 170، قىز ئوقۇغۇچى 163 ) كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى توققۇزغا يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدا، بۇ مەكتەپتە ئالتە سىنىپ، 206 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 117، قىز ئوقۇغۇچى 89 )، 15 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 14 ) بار بولدى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئالتەمو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 748 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىر. مەكتەپ گەزلىك كەنتىگە جايلاشقان. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇراخمان ئامان. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئەھەت ھامۇت.

**6. قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى**

بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، دەسلەپتە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1961—1962 ـ ئوقۇش يىلدىكى سىنىپ ئۈچكە، ئوقۇغۇچىسى 139 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 71، قىز ئوقۇغۇچى 68 )غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى تۆتكە يەتتى.

1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدا توققۇز سىنىپ، 369 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 172، قىز ئوقۇغۇچى 197 )، 18 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى. مەكتەپ ئورنى قۇملۇق كەنتىدە بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 13.2 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 814 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 412 كۋادرات مېتىر، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى قاسىم ھامىت. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئەمەت ئېزىز.

**7. ئىتتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپى (قالما باشلانغۇچ مەكتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)**

بۇ مەكتەپ 1976 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلدىكى سىنىپ ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 219 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 110 )، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى توققۇز ) ئىدى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدىكى سىنىپ توققۇزغا، ئوقۇغۇچىسى 271 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 148، قىز ئوقۇغۇچى 123 )گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 20 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 19 )گە يەتتى. مەكتەپ ئورنى قالما كەنتىدە. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 15 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 595 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىر، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئىسرائىل بەردى. 9198 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى سالى مەخسۇت.

**8. باغلىق باشلانغۇچ مەكتىپى**

1976 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلدىكى سىنىپ يەتتە، ئوقۇغۇچىسى 257 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 131 )، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 14 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 12 ) ئىدى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلدىكى سىنىپ سەككىزگە، ئوقۇغۇچىسى 272 (بۇنىڭ ئىچىدە

ئوغۇل ئوقۇغۇچى 144 ، قىز ئوقۇغۇچى 128 )گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 17 ( بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 16 ) گە يەتتى . مەكتەپنىڭ ئورنى باغلىق كەنتىدە ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 22 مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 607 كۋادرات مېتىر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر . تۇنجى مەكـ تەپ مۇدىرى تۇردى سالى . 1987 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەت مەسۇم .

**9 . پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى**

پاسۇن قىزلار مەكتىپى مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) قۇرۇلغان . مىنگونىڭ 33 ـ يىلى ( 1944 ـ يىل ) گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن . 1974 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلـ دى ، لېكىن قىزلار مەكتىپى قىلىپ قۇرۇلمىدى . 1980 ـ يىلى سىنىپ بەشكە ، ئوقۇغۇچىسى 203 ( بۇنىڭ ئىـ چىدە قىز ئوقۇغۇچى 104 )كە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 12 ( بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتـ قۇچى ئون ) گە يەتتى . 1989—1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ ئالتىگە ، ئوقۇغۇچىسى 219 ( بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 116 ، قىز ئوقۇغۇچى 103 )غا ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 13 كە يەتتى . مەكتەپ ئورنى پاـ سۇن كەنتىدە بولۇپ ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 12.5 مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر ، بۇنىڭ ئىـ چىدە دەرسخانا كۆلىمى 305 كۋادرات مېتىر ، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم تىيىپ . 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئابلىمىت باۋۇدۇن .

**10 . سۇ بېشى باشلانغۇچ مەكتىپى**

بۇ مەكتەپ 1979 ـ يىلى قۇرۇلدى . 1980 ـ يىلى سىنىپ تۆتكە ، ئوقۇغۇچىسى 23 ( بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى توققۇز )كە ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بەشكە ، خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئىككىگە يەتتى . 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ ئۈچكە ، ئوقۇغۇچى 65 كە ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى ئىككىگە يەتـ تى ، مەكتەپ ئورنى سۇ بېشى كەنتىدە بولۇپ ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بەش مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 323 كۋادرات مېتىر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 113 كۋادرات مېتىر . تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇراخمان قۇربان . 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئابلىز قۇربان .

**11 . يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپى**

بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان ، كېيىن نامى خەلق باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلدى . 1961 — 1962 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ سەككىزگە ، ئوقۇغۇچىسى 370 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 179 ) كە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئونغا يەتتى . 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ 12 گە ، ئوقۇغۇچى 516 ( بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 254 ، قىز ئوقۇغۇچى 262 ) كە ، تەييارلىق سىنىپ ئىككىگە ، ئوقۇغۇچىسى 100 گە ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 27 گە يەتتى . مەكتەپ ئورنى يۇرچى كەنتىدە . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 16 مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1242 كۋادرات مېتىر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 692 كۋادرات مېتىر . تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئېلى ياقۇپ . 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ياسىن راخمان .

**12 . قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى**

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىـ پى قۇرۇلغان ، 1950 ـ يىلى قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى . بۇ مەكتەپ 1957 ـ يىلدىن

www.uyghurkitap.com

باشلاپ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. 1961 — 1962 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ يەتتىگە، ئوقۇغۇچى 320 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 162)گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى توققۇزغا يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ توققۇزغا، ئوقۇغۇچى 369 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 172، قىز ئوقۇغۇچى 197)غا، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 18 گە يەتتى. 1989 ـ يىلى بىر تەييارلىق سىنىپ كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ ئورنى قۇمئېرىق ۋە ئارايماق كەنتى ئارىسىدا بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 13.2 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 819 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 412 كۋادرات مېتىر، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئىبراھىم سايىت. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇ قادىر ئەيسا.

### 13 . تومئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1973 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ ئالتىگە، جەمئىي ئوقۇغۇچى 250 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 135) كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئون) گە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ ئونغا، ئوقۇغۇچى 346 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 181، قىز ئوقۇغۇچى 165)كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 24 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 21)گە يەتتى. 1989 ـ يىلى بىر تەييارلىق سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ ئورنى تومئېرىق كەنتىدە. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 13.2 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 819 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 414 كۋادرات مېتىر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئىدرىس روزى. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى سالى توختى.

### 14 . تېرەك ئاۋات باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1976 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ ئىككىگە، ئوقۇغۇچىسى 20 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 16) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئۈچ (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئىككى) گە يەتتى. 1989 ـ يىلدىكى سىنىپ بىر بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى سەككىز (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى بەش، قىز ئوقۇغۇچى ئۈچ) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۈچ (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئىككى) گە يەتتى. مەكتەپ ئورنى تېرەك ئاۋات كەنتىدە. مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بەش مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 520 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەت مامۇت.

### 15 . ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1961 — 1962 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ توققۇزغا، ئوقۇغۇچىسى 437 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 195) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئونغا (چىلان باشلانغۇچ مەكتىپىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ 13 كە، ئوقۇغۇچىسى 369 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 187، قىز ئوقۇغۇچى 182) غا، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 23 كە يەتتى. مەكتەپ ئورنى ئاچال قۇملۇق كەنتىدە، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى توققۇز مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1375 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 957 كۋادرات مېتىر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇم يۇنۇس. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى لېتىپ نايىپ.

### 16 . چىلان باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن

كېيىن، 1950 ـ يىلى 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1961 — 1962 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ ئىككىگە، ئوقۇغۇچىسى 100 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 48) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۈچكە يەتتى، 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ سەككىزگە، ئوقۇغۇچىسى 205 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 113، قىز ئوقۇغۇچى 92) كە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 13 كە يەتتى. مەكتەپ ئورنى چىلان كەنتىدە بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئون مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 714 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 274 كۋادرات مېتر، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى مامۇت ئېلى. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى توختى ھۆسەن.

## 17. كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1966 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ تۆتكە، ئوقۇغۇچىسى 76 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 44) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئالتە (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بەش) گە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ ئىككى، جەمئىي ئوقۇغۇچى 16 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئالتە، قىز ئوقۇغۇچى ئون) گە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئۈچكە چۈشۈپ قالدى. مەكتەپ ئورنى كۆل كەنتىدە، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئىككى مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 175 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 140 كۋادرات مېتر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇقادىر توختى. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرازىق داۋۇت.

## 18. دوۋىلىق باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1976 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ بەشكە، ئوقۇغۇچىسى 116 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 58) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئالتە (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بەش) گە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ بەش، ئوقۇغۇچىسى 86 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 52، قىز ئوقۇغۇچى 34) بولۇپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى يەتتىگە يەتتى. 1989 ـ يىلى بىر تەييارلىق سىنىپ ئېچىلىپ، 21 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ ئورنى دوۋىلىق كەنتىدە بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى يەتتە مو، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 357 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 306 كۋادرات مېتر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى قۇربان ھامۇت. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى مۇختار مامۇت.

## 19. ئاچال دۆڭ باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1968 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ سەككىزگە، ئوقۇغۇچىسى 124 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 53) كە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى توققۇز (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سەككىز) غا يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ بەشكە، ئوقۇغۇچى 126 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 61، قىز ئوقۇغۇچى 65) كە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11 گە يەتتى. مەكتەپ ئورنى ئاچال دەڭدە بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 15 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 983 كۋادرات مېتر. بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 530 كۋادرات مېتر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى تاڭ خەنشىڭ. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى باھايدىن داۋۇت.

## 20. كەلپىن بازار باشلانغۇچ مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1989 ـ يىلى قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى سەككىز مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 600 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 423 كۋادرات مېتر. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ بەشكە، ئوقۇغۇچىسى 180 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 95، قىز ئوقۇغۇچى 85) گە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 15 كە يەتتى. مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەت سىدىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# IV باب

# ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

## § 1 . تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

منگو دەۋرىدە كەلپىندە ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 1956 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە بازىرىدا كەلپىن ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىغا ئۈچ سىنىپ، 155 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1959 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ قۇرۇلۇپ، 51 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 39 ئوقۇغۇچى كېلىپ ئوقۇدى. شۇ يىلى ئۈچ خەلق گۇڭشېسىدا بىردىن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1962 - يىلى ئوقۇتقۇچى كۈچى ۋە ئوقۇتۇش جاھازلىرى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش خاھىشى تۈزىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارىمىقىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش سىنىپلىرى قىسقارتىۋېتىلدى، سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپەيتىلىپ، 210 ئوقۇغۇچى تەڭشەلدى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ، 19 سىنىپ، 905 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 786، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 119) قالدى، شۇ قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 249 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر 36)، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچى 226، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 60 قا يەتتى.

1966 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ناھىيىدىكى مائارىپ سىستېمىسىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قانات يېيىشقا باشلىدى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى، بەزىلىرى ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىلدى. 9 - ئايدا قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىللىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىدى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار سىرتقا ئالاقە باغلاشقا چىقىپ كېتىپ، مەكتەپلەردە دەرس توختىدى، نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلار «جىن - شەيتان»، «گېزەندە ئۇنسۇر» قىلىۋېتىلىپ، تەنقىد، كۈرەش قىلىندى ۋە كوچىلاردا سازايى قىلىندى. 1968 - يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 66 - يىللىقتىن 69 - يىللىقىچە تۆت نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېتىلدى. ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ «1 - ئىيۇل» گۇڭشېسىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىلار يېڭىباشتىن تەقسىم قىلىندى، مەكتەپنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئوقۇتۇش جاھازلىرى باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىشىگە يۆتكەپ بېرىلدى.

1970 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ « دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلدى » ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى . ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئورۇنلار تونۇشتۇرۇپ بېرىش يولىغا قويۇلۇپ ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا قاراپ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى . 1970 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ئاتالمىش « ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى » تەنقىد قىلىندى ، ئوقۇغۇچىلار باشقۇرۇشقا كۆنمەي ، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئوقۇتۇش تەرتىپى قالايمىقانلاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ، دېھقانچىلىق ، سانائەتنى ئۆگىنىش پائالىيىتى باشلىنىپ ، ئوقۇتۇش ۋاقتى كاپالەتكە ئىگە بولمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، نۇرغۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى خالىمىدى ، « ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق نەزەرىيىسى » ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ كەتتى .

1973 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى . 1975 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ بەشكە ، سىنىپ 23 كە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 679 ( بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 146 ) غا ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 63 كە كۆپەيدى . 1977 ـ يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تۈرلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى بولۇپمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى . پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى مۇنتىزىملاشتى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسى ئىجرا قىلىندى ، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ، مائارىپ سۈپىتى ئۆستى . ئوقۇغۇچىلارغا غايىلىك ، ئەخلاقلىق ، بىلىملىك ، ئىنتىزاملىق بولۇش ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ھەم قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى بېرىلدى . مەدەنىيەت ئۆگىنىش بىلەن سىياسىي تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق قىسقارتىش ئارقىلىق ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى . 1979 ـ يىلى گەزلىك ، يۇرچى ، ئاچال ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە بىردىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىلغانىدى . 1983 ـ يىلدىن كېيىن توختىتىلدى . 1977 ـ يىلى دۆلەت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە تولۇق ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 3150 بولۇپ ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كەتكەنلەر 170 ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇشقا كەتكەنلەر 514 ، شۇنىڭدەك ، دۆلەت ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن كادىر ۋە ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغىنى 150 ، يېزىلار ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ بېرىلگەن مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى 2940 . 1977 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلار 465 نەپەر ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا قوبۇل قىلىنغانلار 752 نەپەر .

ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى جەھەتتە ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا بىر مەزگىل تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىل ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئىككى يىل بولغاندىن تاشقىرى ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىل ، تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىل بولۇپ كەلدى . ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ ، سىياسىي ، تىل ـ ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، بوتانىكا ، زوئولوگىيە ، گېگىنا ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، خەنزۇ تىلى ، تەنتەربىيە ، مۇزىكا ، رەسىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى . خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىكلەر ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، پەقەت ئىنگلىز تىلى دەرسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى .

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بەش ئوتتۇرا مەكتەپ يەنى تۆت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ، بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ( بۇنىڭ تۆتى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ، بىرى خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ) بار بولدى .

www.uyghurkitap.com

## § 2 . ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1 . ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

بۇ ، كەلپىن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، 1956 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 155 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى رەسمىي دەرس باشلاندى. مەكتەپ بويىچە ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى يەتتە ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تۆت ئىدى. 1959 ـ يىلى 124 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. شۇ يىلى مەكتەپتە تولۇق سىنىپ تەسىس قىلىنىپ ، شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 51 ئوقۇغۇچى تاللاپ قوبۇل قىلىندى ، بۇلاردىن 38 ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىلىپ ئوقۇدى ؛ تۇنجى قارار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇملارغا 68 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ بېرىلدى. 1961 ـ يىلى سىنىپ ئون (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق سىنىپ ئۈچ) غا ، ئوقۇغۇچى 584 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 127 ، قىز ئوقۇغۇچى 206 ) گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 25 كە يەتتى. 1989 — 1990 — ئوقۇش يىلى سىنىپ 23 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 16 ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى يەتتە ) كە ، ئوقۇغۇچى 1022 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 713 ، ئوغۇل ئوقۇغۇچى 402 ، قىز ئوقۇغۇچى 311 )گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 90 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 52 ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 24 ) غا يەتتى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 22 مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4005 كۋادرات مېتر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 3220 كۋادرات مېتر ، تەجرىبىخانا 75 كۋادرات مېتر ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 3615 كۋادرات مېتر ، ئاشخانا 40 كۋادرات مېتر ، ئىشخانا 310 كۋادرات مېتر ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى 840 كۋادرات مېتر ؛ خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىقى 3000 كۋادرات مېتر ، خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 390 كۋادرات مېتر ، توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 3615 كۋادرات مېتر. تۇنجى مۇۋەققەت مەكتەپ مۇدىرى پازىل مۇھەممەت. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ھاپىز نايىپ. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ھەسەن مەسۇم.

### 2 . ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

كەلپىن ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ) 1973 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ بەشكە ، ئوقۇغۇچى 104 (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 45 ) كە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 20 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 14 ) گە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ بەشكە ، ئوقۇغۇچى 61 گە ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 23 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 17 ، يەنى ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى توققۇز ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى سەككىز ) كە يەتتى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 24 مو ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1516 كۋادرات مېتر ، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 642 كۋادرات مېتر ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 50 كۋادرات مېتر ، ئاشخانا 40 كۋادرات مېتر ، ئىشخانا 144 كۋادرات مېتر ،ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى 640 كۋادرات مېتر ؛ خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 250 كۋادرات مېتر ، توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 1266 كۋاد-

رات مېتر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى سۇن گورۇڭ. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى لى زۇبىن.

### 3 . گەزلىك ئوتتۇرا مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1961 ـ يىلى سىنىپ يەتتىگە، ئوقۇغۇچى 345 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 137) كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 15 كە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ 14 بولۇپ، ئوقۇغۇچى 491 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 276، قىز ئوقۇغۇچى 215) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 45 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 42) گە يەتتى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 32.6 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2021 كۋادرات مېتر (توپا ـ ياغاچ قۇرۇلـمىلىق)، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 963 كۋادرات مېتر، تەجرىبىخانا 190 كۋادرات مېتر، ئىشخانا 266 كۋادرات مېتر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى 542 كۋادرات مېتر، ئاشخانا 60 كۋادـرات مېتر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئىسمايىل ئىسلام. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئىسمايىل ياسىن.

### 4 . يۇرچى ئوتتۇرا مەكتىپى

1971 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ 15 كە، ئوقۇغۇچى 553 (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 237) كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 33 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 29)كە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ 15 كە، ئوقۇغۇچى 478 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 272، قىز ئوقۇغۇچى 206) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 50 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتـقۇچى 46) كە يەتتى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 60 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1672 كۋادرات مېتر (توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق)، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 750 كۋادرات مېتر، تەجرىبىخانا 100 كۋادرات مېتر، ئىشخانا 120 كۋادرات مېتر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى 500 كۋادرات مېتر، ئاشخانا 22 كۋادرات مېتر، باشقىلار 180 كۋادرات مېتر، تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى ئابلىز توختى. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەت گايىت.

### 5 . ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپى

1961 ـ يىلى ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىككى تولۇقسىز سىنىپ تەسىس قىلىندى، ئوقۇغۇچىسى 102 (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 46) بولۇپ، ئالتە ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1963 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىـپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپى 1974 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى سىنىپ بەشكە، ئوقۇغۇچى 147 (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 72) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 18 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 11) گە يەتتى. 1989 — 1990 ـ ئوقۇش يىلى سىنىپ يەتتىگە، ئوقۇغۇچى 180 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 100، قىز ئوقۇغۇچى 80) گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 23 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى21) گە يەتتى، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى20 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1405 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانا كۆلىمى 300 كۋادرات مېتر، تەجرىبىخانا 50 كۋادرات مېتر، ئىشخانا 120 كۋادرات مېتر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى 416 كۋادرات مېتر، ئوقۇـغۇچىلار ياتىقى188 كۋادرات مېتر، ئاشخانا 131 كۋادرات مېتر، باشقىلار 200 كۋادرات مېتر؛ خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 470 كۋادرات مېتر، توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 975 كۋادرات مېتر. تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەت ئاقىول. 1989 ـ يىلدىكى مەكتەپ مۇدىرى نامەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# V باب

# كەسپىي مائارىپ

**1 . يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى**

يېزىلار گۇڭشېلاشقاندىن كېيىن ، 1959 - يىلى ئۈچ خەلق گۇڭشېسىدا بىردىن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى . يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ياش ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوبۇل قىلىندى . ھەر بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە 70 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . ئاساسلىق دەرسلەر سىياسىي ، تىل - ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى . ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن ئوقۇپ ، يېرىم كۈن ئەمگەك ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى . يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ناھىيىدىكى مەكتەپلەردىن يۆتكەپ كېلىندى . « 1 - ماي » گۇڭشېسى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدە بەش ئوقۇتقۇچى ، « 1 - ئىيۇل » گۇڭشېسى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن « 1 - ئۆكتەبىر » گۇڭشېسى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۈچتىن ئوقۇتقۇچى بار بولدى .

1962 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئوقۇغۇچىلىرى ئەسلىدىكى گۇڭشې ، ئەترەتلەرگە قايتۇرۇلدى .

**2 . « 7 - ماي » يېزا ئىگىلىك داشۆسى**

كەلپىن ناھىيىلىك « 7 - ماي » يېزا ئىگىلىك داشۆسى 1975 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇرۇلۇپ ، ئوقۇش باشلىدى ، 1 - قارارغا 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرتىغا قايتقان زىيالىي ياشلار ئىدى . ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى زىرائەت ئۆستۈرۈش ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ، پەرۋىش قىلىش — باشقۇرۇش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگەندى . ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ، دەرسخانىدائوقۇتۇش بىلەن ئىشتىز ئەمەلىيىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى . بۇ مەكتەپ ئاساسلىقى يېزىلار ئۈچۈن يېزائىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى .

مەكتەپتە تۆت نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بولغاندىن تاشقىرى ، دەرس ئەھۋالىغا قاراپ ،دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن كەسپىي خادىملار دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى . مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى . ھەر ئوقۇش يىلىدا بىر قارارىيەنى 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى . 1979 - يىلى « 7 - ماي » يېزا ئىگىلىك داشۆسى تاقىۋېتىلدى . ئوئۇغۇچىلىرى گۇڭشې ، ئەترەتلەرگە قايتۇرۇلدى ، كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار گۇڭشې ، ئەترەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش تايانچلىرى ، قىسمەن ئوقۇغۇچىلار دېھانچىلىق تېخنىكى بولۇپ قالدى .

**3 . ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى**

( تەپسىلاتىنى VII باب 2 - پاراگرافتىكى « ئوقۇتقۇچى تەربىيلەش »تىن كۆرۈۋېلىڭ )

# VI باب

# ئىشنىڭ سىرتقى مائارىپ

## 1 § . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

مىڭگونىڭ 27 - ، 28 - يىللىرى ( 1938 - ، 1939 - يىللىرى ) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دېھقان ، چارۋىچىلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيىسى ئېلىپ بارغانىدى . مۇستەھكەملەش خىزمىتى يېتىشەلمىگەنلىكتىن ، ساۋاتىنى چىقارغان دېھقان - چارۋىچىلار تېزلا خېمىغا يېنىپ كەتكەنىدى . مىڭگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) بازارنىڭ مەركىزىگە رەسمىگە قاراپ خەت تونۇتۇش تاختىسىدىن بىرى ئورنىتىلدى ، مەركىزىي مەكتەپلەردە تۆت ئورۇندا ساۋات چىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ ، 86 ئادەم قاتناشقان ئىككى سىنىپلىق خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كەچ كۇرسى ئېچىلدى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، خەلق ھۆكۈمىتى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى . 1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ خىزمىتىنى تۇتتى . ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپىدىن 18نى ئاچتى . بۇنىڭغا جەمئىي 720 كۇرسانت قاتناشتى . 1951 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپىدىن 445 ى ئېچىلدى ، بۇنىڭغا 18 مىڭ 730 ئادەم ( قېتىم ) قاتنىشىپ ، 2558 كىشى ساۋاتىنى چىقاردى . بۇ ، ساۋات چىقىرىش ئۆگىنىشىگە قاتناشقانلارنىڭ 13.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . 60 - يىللاردا ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارغا قارىتىلغان مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتى بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى . 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا « كەلپىن ناھىيىلىك ئىشچى - خىزمەتچى ، دېھقان - چارۋىچىلار مائارىپى كومىتېتى » قۇرۇلۇپ ، ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى ، دېھقان - چارۋىچىلار مائارىپىغا مەسئۇل بولدى . 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 8574 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ساۋات چىقىرىش كۇرسىدا ئوقۇغانلار 78.45 ، ناھىيە بويىچە ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 92.6% كە يەتتى . 1985 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ « ئىككى مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى »نىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق كەلپىن ناھىيىسى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆلچىمىگە يەتكەن دەپ قارىلىپ ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1984 ـ يىللىق باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

جەدۋەل 19 ـ 3

| تۈرى / كەنت | ئائىلە سانى | نوپۇس سانى | ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلار: ئادەم سانى | مەكتەپكە كىرگىنى | مەكتەپكە كىرمىگىنى | ئوقۇش ئىقتىدارى يوقلار | % | 12—15 ياشلىقلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئەھۋالى: ئادەم سانى | باشلانغۇچ مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا | ئوقۇش ئىقتىدارى يوقلار | ئالدىغا قايتقىنى | لاياقەتسىز بولغىنى | % | 16—40 ياشلىقلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى: ئادەم سانى | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ | ساۋاتلىق | ساۋاتسىز | % | ساۋاتلىق ئائىلە | ساۋاتسىز ئائىلە | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باغلىق | 300 | 1352 | 156 | 112 | 43 | 1 | 72.7% | 142 | 54 | 20 | | 190 | 10 | 93% | 480 | 45 | 152 | 226 | 20 | 37 | 92.1% | 248 | 37 | 15 |
| ئۆستۈن قاشئېرىق | 204 | 953 | 126 | 100 | 10 | | 93% | 88 | 32 | 23 | | 113 | 4 | 95% | 336 | 24 | 130 | 144 | 10 | 28 | 92% | 165 | 23 | 15 |
| تۆۋەن قاشئېرىق | 215 | 980 | 117 | 83 | 33 | 1 | 71.8% | 103 | 53 | 17 | 3 | 114 | 8 | 92% | 339 | 29 | 150 | 141 | 2 | 17 | 95% | 177 | 18 | 20 |
| قالما | 116 | 515 | 76 | 63 | 13 | | 82.9% | 40 | 9 | 12 | 1 | 67 | 1 | 98% | 169 | 6 | 55 | 72 | 19 | 17 | 90% | 92 | 14 | 11 |
| قۇملۇق | 416 | 1820 | 212 | 171 | 40 | 1 | 82% | 166 | 64 | 16 | 2 | 212 | 19 | 89% | 643 | 35 | 205 | 277 | 23 | 98 | 31.8% | 293 | 92 | 31 |
| گەزلىك | 888 | 15 | 207 | 163 | 43 | 1 | 79.1% | 167 | 32 | 63 | 1 | 209 | 14 | 92% | 554 | 47 | 179 | 234 | 34 | 60 | 88% | 255 | 55 | 23 |
| پاسۇن | 309 | 1547 | 192 | 144 | 46 | 3 | 25.8% | 152 | 57 | 41 | 2 | 186 | 8 | 95% | 529 | 44 | 181 | 199 | 30 | 66 | 87.5% | 221 | 68 | 29 |
| سۇ بېشى | 52 | 254 | 40 | 18 | 22 | | 45% | 20 | | | | 2 | 19 | 10% | 85 | 2 | 9 | 50 | 1 | 23 | 82.8% | 20 | 26 | 6 |
| قورمانچىلىق مەيدانى | 9 | 36 | 2 | | 2 | | 9% | 2 | | | 1 | | | 9% | 14 | 1 | 3 | 8 | | 2 | 85.7% | 7 | 2 | |
| گەزلىك يېزىسى: كومۇنىسى جەمئىي | 1954 | 9832 | 1128 | 862 | 260 | 6 | 76.4% | 886 | 301 | 192 | 9 | 1093 | 83 | 91% | 3149 | 233 | 1964 | 1351 | 153 | 348 | 89% | 1477 | 335 | 182 |
| گەزلىك يېزىسى: دېھقانچىلىق جەمئىي | 54 | 245 | 44 | 11 | 33 | | 25% | 20 | 3 | | | 3 | 17 | 15% | 114 | | 18 | 35 | 12 | 49 | 57% | | | |
| گەزلىك يېزىسى: دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق جەمئىي | 2008 | 9277 | 1172 | 873 | 293 | 6 | 75% | 906 | 304 | 192 | 9 | 1096 | 100 | 89% | 3263 | 233 | 1082 | 1386 | 165 | 397 | 88% | 1477 | 335 | 141 |
| تورا | 143 | 724 | 96 | 78 | 18 | | 80% | 77 | 25 | 17 | | 28 | 7 | 91% | 263 | 5 | 87 | 129 | 4 | 39 | 96% | 110 | 33 | 135 |
| قالما | 84 | 460 | 65 | 39 | 26 | | 60% | 47 | 12 | 2 | | 20 | 12 | 74% | 169 | 8 | 28 | 94 | 10 | 29 | 83% | 58 | 26 | 86 |
| قۇملۇق | 140 | 679 | 77 | 45 | 32 | | 60% | 59 | 18 | 5 | | 9 | 27 | 54% | 260 | 3 | 41 | 126 | 25 | 65 | 75% | 78 | 62 | 136 |
| گەزلىك | 101 | 565 | 82 | 39 | 47 | 2 | 48% | 57 | 5 | 2 | 1 | 17 | 32 | 44% | 186 | 7 | 24 | 106 | 7 | 42 | 77% | 63 | 38 | 123 |
| قىپچاق | 67 | 346 | 48 | 15 | 33 | | 30% | 34 | 7 | 3 | 1 | 13 | 10 | 70% | 112 | 2 | 23 | 55 | 4 | 26 | 77% | 44 | 23 | 77 |
| كۆل | 62 | 352 | 46 | 19 | 27 | | 40% | 37 | 7 | 1 | | 13 | 16 | 57% | 111 | 2 | 18 | 53 | 1 | 37 | 67% | 31 | 31 | 77 |
| چىلان | 214 | 1256 | 181 | 193 | 75 | 3 | 53% | 111 | 41 | 12 | | 46 | 13 | 68% | 419 | 12 | 130 | 226 | 3 | 40 | 89% | 171 | 43 | 237 |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 871 | 256 | 555 | 81% | 288 | 54 | 791 | 551 | 39 | 1520 | 73% | 117 | 146 | 2 | 42 | 115 | 422 | 56.3% | 5 | 258 | 332 | 585 | 4342 | 811 | ئومۇمىي جەمئىي | قاچال بېزىسى |
| | 29 | 20 | 60.8% | 40 | 3 | 40 | 17 | 2 | 102 | 54% | 11 | 1 | 1 | 9 | 6 | 91 | 69% | | 9 | 20 | 29 | 242 | 43 | چارۋىچىلىق جەمئىي | |
| 871 | 279 | 575 | 80% | 320 | 54 | 831 | 368 | 41 | 1622 | 72% | 128 | 147 | 3 | 45 | 121 | 458 | 58% | 5 | 267 | 352 | 624 | 4583 | 853 | دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق جەمئىي | |
| 191 | 988 | 2909 | 86% | 1089 | 720 | 3027 | 2218 | 540 | 7774 | 86% | 306 | 1437 | 18 | 461 | 753 | 21 | 75% | 16 | 697 | | | | | ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق جەمئىي | |
| | 64 | 58 | 57% | 163 | 54 | 104 | 54 | 6 | 383 | 41% | 56 | 7 | 1 | 7 | 17 | 932 | 46% | | 63 | 53 | 116 | 920 | 176 | ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق جەمئىي | |
| | | 344 | 92% | 35 | 9 | 124 | 166 | 100 | 432 | 95% | 16 | 24 | 3 | 188 | 108 | 338 | 86% | | 44 | 337 | 381 | 2276 | 546 | ئۇيغۇر | ناھىيە بازىرى |
| | | 135 | 95% | 19 | | 50 | 140 | 153 | 362 | 100% | | 49 | | 25 | 18 | 113 | 100% | | | 68 | 68 | 984 | 154 | خەنزۇ | |
| | | 479 | 93 | 54 | 9 | 170 | 306 | 253 | 794 | 96% | 16 | 67 | | 213 | 126 | 301 | 91% | | 44 | 4054 | 449 | 1263 | 700 | ئومۇمىي جەمئىي | |
| 1 | 67 | 178 | 83% | 61 | 14 | 147 | 120 | 25 | 367 | 82% | 18 | 7 | | 32 | 36 | 102 | 74% | 1 | 37 | 106 | 144 | 1159 | 246 | بازار | |
| 4 | 57 | 186 | 85% | 69 | 51 | 120 | 131 | 49 | 420 | 86% | 17 | 25 | 2 | 37 | 38 | 121 | 82% | | 25 | 110 | 135 | 1232 | 247 | يورچى | |
| 5 | 76 | 165 | 82% | 91 | 142 | 90 | 97 | 37 | 457 | 77% | 24 | 19 | | 19 | 39 | 106 | 75% | | 29 | 89 | 118 | 1231 | 246 | يۇقىرىس | |
| 29 | 57 | 210 | 87% | 65 | 42 | 211 | 147 | 46 | 511 | 96% | 6 | 32 | 3 | 42 | 56 | 139 | 83% | 1 | 26 | 125 | 152 | 1438 | 296 | تومبۇرۇق | |
| 10 | 60 | 237 | 86% | 71 | 94 | 167 | 137 | 38 | 507 | 92% | 12 | 26 | 1 | 39 | 81 | 159 | 86% | 2 | 26 | 152 | 180 | 1532 | 307 | ئارايماق | |
| | 29 | 195 | 91% | 31 | 62 | 159 | 77 | 34 | 363 | 91% | 10 | 33 | | 34 | 36 | 113 | 90% | 1 | 13 | 116 | 130 | 1128 | 224 | تۆۋەن قۇمبۇرۇق | |
| 3 | 53 | 189 | 87% | 61 | 105 | 149 | 90 | 38 | 443 | 85% | 18 | 31 | 1 | 24 | 47 | 121 | 86% | | 22 | 136 | 158 | 1292 | 245 | ئۈستۈن قۇمبۇرۇق | |
| | 4 | 17 | 88% | 4 | 6 | 22 | 4 | 1 | 37 | 93% | 1 | 9 | | | 4 | 14 | 86% | | 1 | 6 | 7 | 111 | 21 | تېرەك ئاۋات | |
| 52 | 403 | 1377 | 85.5% | 453 | 516 | 1065 | 803 | 268 | 3105 | 88% | 106 | 198 | 7 | 227 | 337 | 875 | 82% | 5 | 179 | 840 | 1024 | 9123 | 1832 | ئومۇمىي جەمئىي | يورچى بېزىسى |
| | 41 | 32 | 54% | 74 | 39 | 29 | 21 | 9 | 167 | 66% | 26 | 3 | | 1 | 5 | 41 | 7214 | | 21 | 22 | 43 | 433 | 79 | چارۋىچىلىق جەمئىي | |
| 52 | 444 | 1415 | 84% | 527 | 555 | 1094 | 824 | 272 | 3272 | 86% | 132 | 201 | 7 | 231 | 345 | 916 | 81.3% | 5 | 200 | 862 | 1067 | 9536 | 1911 | دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق جەمئىي | |

## 2 § . ئۆزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىمتىھان بېرىشى

1985 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىمتىھان بېرىش باشلانغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدىن 12 كىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، تەرجىمانلىق، سىياسىي - نەزەرىيىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتنىششقا تىزىملىتىپ ئالدۇرغاندى. 1988 - يىلى ئۈچ كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، 1 - تۈركۈمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىغا ئېرىشتى. 1990 - يىلىغىچە جەمئىي يەتتە كىشى ئالىي مەكتەپ دىپلومى ئالدى. سەككىز كىشى بىردىن

توققۇزغىچە يەككە پەندىن لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. 1988 ـ يىلدىن باشلاپ 20 دىن ئارتۇق ئادەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتنىششقا تىزىملاتتى. 1990 ـ يىلغىچە ئومۇمىي پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغانلار يوق.

## § 3 . ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مائارىپى

كەلپىن ناھىيىسىدىكى قىسمەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى تۆرلۈك ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مائارىپىغا قاتناشقانىدى. ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مائارىپىنى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋەكالىتەن باشقۇردى.

1990 ـ يىلى توققۇز ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش سىنىپىدا ئوقۇدى.

## § 4 . رادىئو مائارىپى

1983 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە سەككىز كىشى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو سىفەن داشۆسگە ئىمتىھان بېرىپ، ھەممىسى قوبۇل قىلىندى. 1985 ـ يىلغىچە تۆت كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئون نەچچە ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

1988 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە30 ئادەم ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ، ھەممىسى قوبۇل قىلىندى.

# VII باب

# ئوقۇتقۇچىلار

## § 1 .ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) ناھىيىلىك شۆتاڭدا بەش ئوقۇتقۇچى بولغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 53 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 44)بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە كونا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن 63 ئوقۇتقۇچى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كادىر تەربىيىلەش كۇرسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن بەش ئوقۇتقۇچى ج ك پ مەركىزىي

كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كادىر تەربىيلەش كۇرسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

1956 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولۇپ، تۇنجى قېتىم تۆت نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بار بولدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 79 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 68، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 11. 1959 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئۈچ يېزا گۇڭشېسىدا ئۈچ خەلق ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 19 غا كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 383 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 229، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 154، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 98، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 87، خەنزۇلار 11، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بارلار 20، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 17؛ ئوتتۇرا تېخنىكۇم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بارلار 77، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 69. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 43، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 36. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تېخنىكۇم ئوقۇش تارىخى بارلار 27، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 23؛ ئوتتۇرا تېخنىكۇم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بارلار 16، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 13.

1990 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 545 (ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 541، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە تۆت) كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار ئىككى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 98، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 125؛ پارتىيە ئەزاسى 42، ئىتتىپاق ئەزاسى 67؛ دۆلەت نام بەرگەن ئىلغار ئوقۇتقۇچى بىر، ئاپتونوم رايون نام بەرگەن ئىلغار ئوقۇتقۇچى ۋە مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى ئۈچ. مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ھەسەن مەسۇم (ئالىي ئوقۇتقۇچى) 1962 ـ يىلى شىنجاڭ 2 ـ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندى. ئۇ، ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە 29 يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ھەممە يەردە كىشىلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىپ، جەمئىيەت، ئائىلە، مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى %98 كە يەتتى. 1978 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئۇنىڭ 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكۇم، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ تۆت قېتىم ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار يېتەكچى بولۇپ باھالاندى.

## § 2. ئوقۇتقۇچى تەربىيلەش

منگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ناھىيلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىرىنچى قارار ئوقۇتقۇچى تەربىيلەش كۇرسى ئېچىپ، ئۇيۇشما باشقۇرىشىدىكى مەكتەپلەرگە بىر تۈركۈم باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار دائىم ئۆزئارا ئۆگىنىشكە، بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇشقا، ئېكىسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1979 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا، تىل ـ ئەدەبىيات بويىچە بى-

لىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى، 39 نەپەر كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. تۆت ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىلدى. مۇھەممەت توختىنياز تۇنجى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئىككىنچى يىلى ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى سىفەن سىنىپى ئېچىلىپ، 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا 46 نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى سىفەن سىنىپقا ۋە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. 1978 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە جەمئىي 16 قارار ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلىپ، 361 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. سىفەن سىنىپىغا ئاساسلىقى تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. 1990 ـ يىلدىكى مۇئاۋىن مۇدىر شاكىر ھېمىت. 1988 ـ يىلى ناھىيە بويىچە خىزمەتتىن ئايرىلىپ، سىرتتا بىلىم ئاشۇرغان ئوقۇتقۇچى 19.

# VIII باب

# خىراجەت ۋە ئۈسكۈنىلەر

## § 1. خىراجەت

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مائارىپ خىراجىتى بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىن يىغقان مەبلىغىدىن كېلەتتى، ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەت ئاجراتقان ياكى يىغقان مەبلەغدىن كېلەتتى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرىشىدا ئارانلا ئىككى مەكتەپ بولۇپ، خىراجەت چىقىمى مۇنداق بولغانىدى: ناھىيىلىك مەركىزىي مەكتەپنىڭ ھەر خىل چىقىمى 24 مىڭ 108 يۈەن، ئىسسىنىش راسخوتى 2816 يۈەن؛ خەلق مەكتىپىنىڭ ھەر خىل چىقىمى 22 مىڭ 860 يۈەن، ئىسسىنىش راسخوتى 3168 يۈەن ئىدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ فوندى كىرىمى 162 مىڭ 152.84 يۈەن بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 9 ـ ئايدىكى كىرىمدىن قېپقالغان قالدۇق 923 مىڭ 20.29 يۈەن، مۇشۇ يىلى يىغىلغان ئۆشرە 29 مىڭ 480.75 يۈەن، يىغىلغان زاكات 16 مىڭ 745.74 يۈەن، مۇشۇ يىلى يىغىلغان زاكات راسخوتىدىن قالغان قالدۇق 6715.20 يۈەن. قەرز ئېلىنغان قەغەز پۇلى 16 مىڭ 891.20 يۈەن؛ چىقىم قىلىنغان جەمئىي مائارىپ راسخوتى 60 مىڭ 483.74 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى 32 مىڭ 244 يۈەن، مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت راسخوتى 5000 يۈەن، رېمونت ۋە قەغەز پۇلى 1900 يۈەن، كىتابلاردىن كۆرۈلگەن پايدا، زىيان راسخوتى 520.34 يۈەن، سەپلەپ تۇرۇلغان راسخوت 3928.20 يۈەن، قەغەز پۇلى 16 مىڭ 891.20 يۈەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مائا-

رىپ خىراجىتى زور ھەجىمدە ئاشتى. 1952 - يىلى ناھىيە بويىچە مائارىپ راسخوتى 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، 1960 - يىلى 122 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1972 - يىلى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، 1984 - يىلى 1 مىليون 19 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى، 1990 - يىلى 2 مىليون 287 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىللىق مائارىپ خىراجىتى شۇ يىللىق ئىجتىمائىي مەدەنىي - مائارىپ خىراجىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 60—70 پىرسەنتىنى، ناھىيىنىڭ ھەر يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

مائارىپ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئاز مىقداردىكىسى جەمئىيەتتىن جۇغلاندى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلىنىپ ئۈزۈن ئۆتمەي، ناھىيە بويىچە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار مەبلەغ يىغىپ، مائارىپ خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ھەل قىلدى. 1989 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە يەنە بىر قېتىم ئىئانە توپلاپ، مائارىپقا ياردەم قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. شۇ يىلى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار 80 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى.

## § 2. ئۆسكۈنىلەر

منگو دەۋرىدە كۆپلىگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى ئارىيەت ئېلىنغان خەلق ئۆيلىرى ئىدى. سىنىپ تار، كىچىك بولۇپ، يورۇقلۇق يېتىشمەيتتى. ئورۇندۇق - ئۈستەللەرنىڭ كۆپىنچىسى لايدىن ياسالغان سۇپا ئىدى. منگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئۆيۈشما باشقۇرىشىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ يۇرچى يېزىسىنىڭ توققۇز گۇمبەزخانىقاسى يېنىدىكى مەدرىسىنىڭ قىسمەن تاشلىۋېتىلگەن ئۆيلىرىنى سىنىپ قىلىپ ئىشلىتىپ، دەرىزە، دوسكا، ئورۇندۇق ئورناتقان. شۇڭا سىنىپلىرى بىر قەدەر يورۇق ئىدى. شۇ چاغدا بۇ مەكتەپ ناھىيە بويىچە ئوقۇتۇش ئۆسكۈنىلىرى ئەڭ ياخشى مەكتەپ ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆپلەپ مائارىپ راسخوت ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى يېڭىدىن سالدى، كېڭەيتىپ قۇردى، ئوقۇتۇش ئۆسكۈنىلىرى، كىتاب، ئوقۇتۇش تەجرىبە - سايمانلىرى قاتارلىقلارنى كۆپەيتىپ سېتىۋالدى. 1950 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېڭىدىن 16 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئون، ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، توققۇز كونا باشلانغۇچ مەكتەپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 28 مىڭ 579 كۋادرات مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 849 كۋادرات مېتر. بۇ، 5395 كۋادرات مېتر سىنىپنى، 665 كۋادرات مېتر تەجرىبىخانىنى، 960 كۋادرات مېتر ئىشخانىنى، 2938 كۋادرات مېتر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقىنى ، 598 كۋادرات مېتر ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى ؛ 293 كۋادرات مېتر ئاشخانىنى، 3000 كۋادرات مېتر باشقا قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بېتون قۇرۇلمىلىقى 3250 كۋادرات مېتر، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 2532 كۋادرات مېتر، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 8067 كۋادرات مېتر؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىڭ 730 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە سىنىپ 8186 كۋادرات مېتر، ئىشخانا 2348 كۋادرات مېتر، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى 1980 كۋادرات مېتر، ئاشخانا 458 كۋادرات مېتر، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 80 كۋادرات مېتر، باشقا قۇرۇلۇش 8167 كۋادرات مېتر؛ خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 4821 كۋادرات مېتر، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىقى 9909 كۋادرات مېتر. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 2955 يۈرۈش ئورۇندۇق - پارتا بار.

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ، مائارىپ راسخوتىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 19 ـ 4

| يىللار | سوممىسى (يۈەن) | يىللار | سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1952 | 31708 | 1973 | 307 469 |
| 1953 | 54516 | 1974 | 318076 |
| 1954 | 57807 | 1975 | 348608 |
| 1955 | 51476 | 1976 | 351720 |
| 1956 | 135118 | 1977 | 335466 |
| 1957 | 113853 | 1978 | 474628 |
| 1958 | 117953 | 1979 | 547657 |
| 1959 | 116411 | 1980 | 698000 |
| 1960 | 167697 | 1981 | 754000 |
| 1961 | 144977 | 1982 | 966045 |
| 1962 | 157936 | 1983 | 1156500 |
| 1963 | 170628 | 1984 | 1617000 |
| 1964 | 197480 | 1985 | 2105000 |
| 1965 | 233865 | 1986 | 2151000 |
| 1969 | 201908 | 1987 | 2541000 |
| 1970 | 193073 | 1988 | 2690000 |
| 1971 | 207044 | 1989 | 2834000 |

### كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مائارىپ راسخوتىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 19 ـ 5 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | سومىسى | يىللار | سومىسى |
|---|---|---|---|
| 1954 | 42500 | 1974 | 222000 |
| 1955 | 58300 | 1975 | 245000 |
| 1956 | 102000 | 1978 | 325000 |
| 1957 | 65000 | 1979 | 358000 |
| 1960 | 122000 | 1980 | 498000 |
| 1961 | 90100 | 1981 | 507000 |
| 1962 | 102000 | 1982 | 697000 |
| 1963 | 107000 | 1983 | 748000 |
| 1964 | 124000 | 1984 | 10019000 |
| 1965 | 136000 | 1985 | 1293000 |
| 1969 | 128000 | 1986 | 1290000 |
| 1970 | 132000 | 1987 | 1290000 |
| 1971 | 162000 | 1988 | 1895000 |
| 1972 | 202000 | 1989 | 2083000 |
| 1973 | 216800 | 1990 | 2287000 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى

# يىگىرمىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت

## I باب

## ئاممىۋى مەدەنىيەت

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. پەقەت بىرلا خەلق تەشكىلاتى — ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بولۇپ، بەزى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشتىن سىرتقى بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ شەھەر ۋە يېزىلاردا مەدەنىيەت تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرغانىدى. 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى پۈتۈن ناھىيىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇردى. 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 13 يېزا كۇلۇبى ۋە قىرائەتخانىسى قۇرۇلدى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ناھىيىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى، 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر قايسى يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىن، كەلپىن بازىرى ۋە گەزلىك، يۇرچى، ئاچال يېزىلىرىدا مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى، قىسمەن مەمۇرىي كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئەينەكلىك تەشۋىقات جازىسىدىن پايدىلىنىپ، 15 قېتىمدا 764 پارچە فوتو سۈرەتنى كۆرگەزمە قىلدى، كۆرگۈچىلەر 11 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. سەككىز پارچە ماي بوياق رەسىم سىزىلىپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سەككىز تەشۋىقات جازىسىغا چاپلىنىپ تەشۋىق قىلىندى. ناھىيە بويىچە ھەر قايسى مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە ھەر خىل مەدەنىي ئويۇن ئەسلىھەلىرىدىن 78 دانىسى قويۇلدى، 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، تۆت يېزا ـ بازار مەدەنىيەت پونكىتى، 17 كەنت مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى.

### § 1. مىللىي مۇزىكا ـ ئۇسسۇل

**1. ساز**

ساز چېلىش — كەلپىن خەلقى ئارىسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ بىرى. خەلق ئارىسىدا مەشھۇر سازەندىلەر، غەزەلخانلار ۋە ئۇسسۇلچىلار بار. گەزلىك يېزىسىنىڭ قۇملۇق كەنتىدىكى

ئابلىمىت نايۇپ ھەم ناخشا ئېيتالايدۇ، ھەم ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، ھەم داپ چالالايدۇ. ئۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرىكىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن؛ باغلىق كەنتىدىكى قايىم، دايىم دېگەن ئاكا - ئۇكىلار ناھىيە بويىچە مەشھۇر مەشرەپ سازەندىلىرى بولۇپ، دائىم چوڭ تىپتىكى مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، داپ، ناغرا چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. يۇرچى يېزىسى يۇرچى كەنتىدىكى ۋاپات بولۇپ كەتكەن سەنئەتچى تاھىر قۇربان ناھىيە بويىچە مەشھۇر مۇقامچى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى چېلىش، ئېيتىشنى بىلىپلا قالماستىن، ئۆزبېك مۇقاملىرىنىمۇ چېلىشنى، ئېيتىشنى بىلەتتى؛ يۇرچى يېزىسىنىڭ تومېرىق كەنتىدە ئۆتكەن تاشمەت راۋاپ راۋاپنى ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزى ناخشا ئېيتالايدىغان خەلق سەنئەتچىسى. ئۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر داستانلىرىنى راۋاپ چېلىپ ئېيتالايتتى؛ يۇرچى يېزىسىغا قاراشلىق ئۆستۈن قۇمېرىق كەنتىدىكى زاكىرمۇ قايىم - دايىملار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان كەلپىن مەشرەپلىرىنىڭ مەشھۇر سازەندىلىرىدىن بىرى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى خەلق سەنئەتچىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ناھىيە بويىچە 380 نەپەر ئەلنەغمىچى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەمبۇرچى 42، راۋاپچى 62، دۇتتارچى 149، نەيچى 19، داپچى ۋە ناغرىچى 102، ساپايىچى ۋە چاڭچى ئالتە.

## 2 . مەشرەپ

مەشرەپ كەلپىندىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئويۇن شەكلى. توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش، ھېيت- بايرام ياكى مول ھوسۇلدىن كېيىن ھەممىشە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

كەلپىن مەشرەپلىرىدە مۇزىكا ئاستا رېتىمدىن تەدرىجىي تېزلىشىدۇ، ئۇسسۇلمۇ مۇزىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇسسۇلچى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇزىكا ۋە ناغرىنىڭ رېتىمىغا ئەگىشىپ ئەركىن ئوينايدۇ. ئۇسسۇلدا ئېزىغا دەسسەش، تاپانغا سېرىپ دەسسەش، قەدەم يۆتكەش، پۇت ئۇچىدا قەدەم ئېلىش، پۇتنى ئۇرۇپ دەسسەش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بار. ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدا ئادەتتە جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ. ئەرلەر ئەرلەرنى، ئاياللار ئاياللارنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئەرلەر، ئاياللار بىلەن ئاياللار جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ. ئۇسسۇلدا ئاياللارنىڭ قول ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش چوڭ بولمايدۇ، ئىككى قولنىڭ بارماقلىرىنى باشتىن ئاياق بوش تۇگۈۋالىدۇ، قەدەمنى سالماق ئېلىپ، سالماق يۆتكەيدۇ؛ ئەرلەرنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىر قەدەر تېز، قول ھەرىكىتى بىر قەدەر ئەركىن، ئاددىي، دائىم قەدەمگە قاراپ ئۆزگىرىپ، ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى قولنىڭ ئالقىنىنى ئۇرۇش ھەرىكىتى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزى چاغلاردا مەشرەپ تۈگەي دېگەندە، ئۇسسۇل مەيدانىدىكى ئۇسسۇلچى بىلەن سازەندىنىڭ مۇسابىقىلىشىپ ئۇسسۇل ئويناش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ چاغدا كەيپىيات ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ، مەشرەپ ئەۋجىگە چىقىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىر قانچە قېتىم ناھىيە خاراكتېرلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئاممىۋى ناخشا - ئۇسسۇل - مەشرەپ مەنئىي قىلىندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت تېخىمۇ بېيىدى ۋە ئومۇملاشتى. 1982 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ھەر يىلى «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈشتىن سىرت، يېزىلاردىمۇ مەشرەپ پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قېتىمقى پائالىيەتكە نەچچە يۈز ئادەم قاتناشتى. 1985 - يىل 1 - ماي كۈنى گەزلىك يېزىسىدا «1 - ماي» نى تەبرىكلەپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلدى، مەشرەپكە يېزا بويىچە 2000 دىن ئارتۇق ئاما قاتناشتى.

## 2 § . ئويۇن قويۇش

### 1 . ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى ( 1934 ـ يىلى ) ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شەھەر ـ يېزىلاردا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىدى . ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئۇيغۇر ئاپتورلاردىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، ئابدۇللا روزى قاتارلىقلار يازغان كومېدىيە ، دراما ، ئوپېرالارنى ئۆگىنىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى تەسىرى بار ئاممىۋى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئۆزلىرى يېزىپ ، ئۆزلىرى ئويناپ چىقتى . مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) بازار مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ، شەھەر كوچىلىرىدا پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلىدىغان « تۆمۈر ئاخۇن چۈشەندى » قاتارلىق دراممىلارنى ۋە باشقا نومۇرلارنى قويۇپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن . مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ناھىيە بويىچە خەلقتىن يىغىلغان ئىئانە پۇلدىن پايدىلىنىپ ناھىيە بازىرىدا كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چوڭ كۇلۇب سېلىپ ، ئۇنى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش سورۇنى قىلغاندى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇشنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ كېڭەيدى . 1951 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەركىزىي خىزمەتلەرگە ماسلىشىپ ئاممىنىڭ زۇلۇمغا ، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى .

1957 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى خەلق سەنئەتچىلىرى ۋە سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن 15 كىشىنى قوبۇل قىلدى . شۇ يىلى ئۇلار 20 قېتىم ( بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدا ئون قېتىم ) ئويۇن قويدى ، ئويۇن كۆرگۈچىلەر 6540 ئادەم ( قېتىم ) گە ، كىرىمى 296.53 يۈەنگە يەتتى . 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى « گۈلنىسا » ، « غۇنچەم » ، « زۇلۇم » قاتارلىق دراممىلارنى ئويناپ چىقتى . 1964 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ چوڭ كۇلۇبىدا « كەمبەغەلنىڭ غەزىپى » ( ئابدۇساتتار ھامىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزگەن ) ۋە « ل . مۇتەللىپ » قاتارلىق دراممىلارنى ئويناپ چىقتى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » داۋامىدا نۇرغۇن ئىشتىن سىرتقى « ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى » قۇرۇلۇپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلارنى ئوينىدى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ، ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ناھايىتى ئاز قانات يايدۇرۇلدى . 1980 ـ يىلدىن كېيىن ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش يەنە تەدرىجىي كۆپەيدى . ناھىيىدە كۆپ قېتىم ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىندى ، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر مەدھىيىلەندى . 1989 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ناھىيىدە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ ، 24

ئورۇندىن 596 ئادەم ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى، ئويۇن كۆرگۈچىلەر 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى.

### ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 20 ـ 1

| يىللار | كادىر | ئارتىس | ئويۇن قويۇش ئورنى | | | كۆرگۈچىلەر (ئادەم ـ قېتىم) | | | ئويۇن قېتىم سانى | | | كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | شەھەر | يېزا | جەمئىي | شەھەر | يېزا | جەمئىي | شەھەر | يېزا | جەمئىي | |
| 1957 | 2 | 15 | 1 | 10 | 11 | 1090 | 5450 | 6540 | 10 | 10 | 20 | 296.53 |
| 1958 | 2 | 15 | 1 | 10 | 11 | 5527 | 21560 | 27087 | 52 | 41 | 93 | 1753.84 |
| 1959 | 2 | 15 | 1 | 10 | 11 | 4808 | 18517 | 23332 | 58 | 55 | 113 | 1898.68 |
| 1960 | 2 | 16 | 1 | 10 | 11 | 16944 | 28507 | 45451 | 95 | 75 | 170 | 4877.37 |
| 1961 | 2 | 12 | 1 | 10 | 11 | 4609 | 17673 | 22822 | 58 | 43 | 101 | 2077.11 |
| 1962 | 2 | 13 | 1 | 10 | 11 | 7200 | 14488 | 21688 | 30 | 80 | 110 | 979.57 |
| 1963 | 2 | 13 | 1 | 10 | 11 | 4087 | 16200 | 20278 | 33 | 31 | 64 | 1562.93 |
| 1964 | 2 | 14 | 1 | 10 | 11 | 3850 | 22265 | 26115 | 17 | 58 | 75 | 1717.42 |
| 1965 | 1 | 11 | 1 | 10 | 11 | 2500 | 11500 | 14000 | 15 | 36 | 51 | 1314.50 |

### 2. كەسپىي ئويۇن قويۇش

1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى كەسپىي ئۆمەككە ئايلاندى. 1982 ـ يىلى بۇ ئۆمەك ئاقسۇغا تۆت ئارتىسنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە قىممىتى 6000 يۈەنلىك كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالدى. 1975 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە سەنئەت ئۆمىكى 182 نومۇرنى ئۆزى تۈزۈپ، ئۆزلىرى ئويناپ چىقتى. 1980 ـ، 1983 ـ، 1985 ـ يىللىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 13 نومۇرى ئىجادىيەت مۇكاپاتى ۋە ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئون نومۇر شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلدى. 1984 ـ يىلى بىر نەپەر ئارتىس ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ ساداسى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. 1986 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئايشەم سۇۋان مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق بەش ئورۇن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ياش ناخشىچىلار كۆرىكىگە قاتنىشىپ «مۇنەۋۋەر ناخشىچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى كەلپىندە ئويۇن قويغاندىن تاشقىرى، يەنە داۋاملىق سىرتقى جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ناھىيە ـ تۇەنلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 7000 يۈەن قىممىتىدىكى ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابى، 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى بار، بىر قەدەر چوڭ تىپتىكى زامانىۋى دراما، ئوپېرالارنى ئويناپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئۆمەك باشلىقى ئابدۇۋەلى راخمان ئىجاد قىلغان سەنئەت نومۇرلىرى مۇشۇ ئۆمەك ئورۇندىغان نومۇرلارنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1989 ـ يىل 8 ـ ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

### كەلپىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 1975 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئويۇن قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 20 ـ 2

| تۈرى / سانى / يىللار | ئادەم سانى: ئومۇمىي ئادەم سانى | ئەر | ئايال | مۇزىكانت | ناخشىچى | ئۇسسۇلچى | ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئوينىغان نومۇرلار | ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئوينىغان دراما | تەييارلىغان: ناخشا ـ ئۇسسۇل | تەييارلىغان: دراما | ئوينىغان: قېتىم سانى | ئوينىغان: بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا ئوينىغان قېتىم سانى | تاماشىبىن سانى (ئادەم ـ قېتىم) | بىلەت سېتىپ قىلىنغان كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 11 | 6 | 5 | 3 | 1 | 7 | 19 | | 6 | | 25 | 20 | 20000 | 500 |
| 1976 | 19 | 10 | 9 | 4 | 2 | 11 | 21 | | 7 | | 30 | 25 | 25000 | 1000 |
| 1977 | 20 | 12 | 8 | 4 | 2 | 12 | 16 | | 9 | | 100 | 82 | 100000 | 2329.98 |
| 1978 | 20 | 12 | 8 | 4 | 2 | 12 | 11 | | 11 | | 38 | 15 | 34200 | 875.44 |
| 1979 | 25 | 15 | 10 | 5 | 3 | 15 | 14 | 1 | 13 | 1 | 45 | 21 | 50000 | 1477.85 |
| 1980 | 25 | 15 | 10 | 6 | 3 | 14 | 18 | | 5 | 5 | 67 | 33 | 69635 | 4603.80 |
| 1981 | 25 | 15 | 10 | 6 | 3 | 14 | 13 | | 12 | 5 | 63 | 38 | 17200 | 3738.86 |
| 1982 | 24 | 16 | 8 | 7 | 3 | 14 | 20 | | 6 | 4 | 84 | 66 | 86400 | 7038.47 |
| 1983 | 28 | 17 | 11 | 7 | 3 | 17 | 17 | 1 | 7 | 2 | 81 | 40 | 90820 | 15054.78 |
| 1984 | 28 | 18 | 10 | 7 | 3 | 14 | 8 | | 20 | 1 | 103 | 75 | 96450 | 18720 |
| 1985 | 27 | 21 | 6 | 8 | 3 | 12 | 13 | | 7 | | 103 | 73 | 87120 | 22321 |
| 1986 | 30 | 21 | 9 | 9 | 3 | 13 | 12 | | 12 | 1 | 112 | 80 | 75145 | 27099.31 |
| 1987 | 28 | 20 | 8 | 8 | 5 | 10 | 12 | | 3 | | 131 | 78 | 97000 | 38407.04 |
| 1988 | 28 | 19 | 9 | 9 | 4 | 11 | 11 | | 2 | | 50 | 75 | 15000 | 19000 |
| 1989 | 28 | 20 | 8 | 9 | 4 | 10 | 8 | 2 | | | 62 | 82 | 40000 | 29449.33 |
| 1990 | 22 | 18 | 4 | 7 | 5 | 7 | 10 | | | | 83 | 76 | 41500 | 33802.28 |

## § 3 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى

منگو دەۋرىدە كەلپىندە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئادەتتە خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئىجادىيىتى بىلەنلا چەكلەنگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى، خەلق قوشاقچىلىرىنى ئىجاد قىلىشقا، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى، خەلق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇردى. 1955 ـ يىلى «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىدە ئىبراھىم سايىتنىڭ «يېڭى سايىمانغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرى ئېلان قىلىندى. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك كەنتىدە ئۆتكەن قوشاقچى ئايۇپ سامساقنىڭ تۈنجى قوشاقلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. 1957 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابقا ئايۇپ سامساقنىڭ ۋە قاشىپ-

رىق كەنتىدىكى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ قوشاقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى ئىسكەندەر ھەققۇلى ئىجاد قىلغان «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» دېگەن چۆچەك «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. 1958 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر قانچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا سالى ئىبراھىمنىڭ بىر قانچە شېئىرى ئېلان قىلىندى.

60 ـ يىللاردا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمىلالاشتۇرۇش كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئەسەرلەرنى چاكىنا، تېتىقسىز مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، 1977 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى «كەلپىن ئەدەبىياتى» (شاپىگراف باسمىسى) ژۇرنىلى چىقىرىپ، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ دراما، ھېكايە، شېئىر قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن سالى ئىبراھىم، ئابدۇۋەلى راخمان قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئابدۇساتتار ھامىدىن توپلاپ رەتلىگەن «ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى»، «ئىسكەندەر ھەققۇلى چاقچاقلىرى» ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى باشقۇرغان «مىراس»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى»دە ۋە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. «ئىبراھىم سايىت لەتىپىلىرى»، «ئىسكەندەر ھەققۇلى لەتىپىلىرى» دىكى بىرقىسىم لەتىپىلەر «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى(1)» گە كىرگۈزۈلدى. ئابدۇساتتار ھامىدىن يازغان «ئاشۇ كۈنلەردە» ناملىق پوۋېست مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرقىلىنىپ تارقىتىلدى. سالى ئىبراھىمنىڭ «ئۇسسۇل» دېگەن شېئىرى، غۇلامدىن يۈسۈپ ئۆزى تۈزۈپ، ئۆزى ئورۇندىغان نومۇر — «سۆز سەنئىتى»، ئابدۇقاھار ھامىدىننىڭ «ئۇستازغا»، «ۋەتەن» ناملىق شېئىرلىرى، ئابدۇۋەلى راخمانىنىڭ «رازىيە»، «كەلپىن ئۆرۈكى» ناملىق سەنئەت نومۇرلىرى، تىلەك ئىبراھىمنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان «شۇجى تاغا» ناملىق ھېكايىسى قاتارلىق ئەسەرلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «تارىم»، «مىراس»، «شىنجاڭ سەنئىتى» «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ خەلق ئەسكىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى.

1989 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۆمەر قاتارلىقلار ئىجاد قىلغان بەش پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ۋىلايەتتە ئېچىلغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر رەسىملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ 9 ـ ئايدا بۇ ئەسەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ رەسىملەر كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاپتورلىرىدىن ئابدۇساتتار ھامىدىن جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئابدۇۋەلى راخمان، غوپۇر ئىدرىسلار جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## § 4. كۆرگەزمە

كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلار 1952 ـ يىل9 ـ ئايدىن 1986 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە شەھەر ۋە يېزىلاردا بەش قېتىم

كۆرگەزمە ئاچتى. كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئىچىدە ماددىي بۇيۇم، سۈرەت، دىئاگراممىا قاتارلىقلار بار بولۇپ، سۈرەت بىلەن چۈشەندۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەچكە، تەشۋىقات ئوبرازلىق ۋەجانلىق بولدى.

كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1952 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى زالىدا «كەلپىن ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى» ئېچىپ، جەمئىي 23 يۈرۈش چۈشەندۈرۈش يېزىلغان 150 نەچچە پارچە سۈرەتنى كۆرگەزمە قىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى مىنگو دەۋرىدىكى ئەمەت شائىيۇ، نۇرقاسىم، مى دېچىڭ (مىزىنگۇل)، ئېزىزبەگ، نۇر ئەزىمەت، سايىم ھاجى قاتارلىق پومېشچىك، زومىگەرلەر ۋە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى، ئەزگەنلىكى ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. كۆرگەزمە ئىككى ئاي ئېچىلىپ، ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 2500ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى.

1963 - يىل 11 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى بىرلىشىپ بازار چوڭ ئەترىتىنىڭ ھويلىسىدا «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سىنىپىي كۈرەش كۆرگەزمىسى» ئاچتى. كۆرگەزمە تۆت قىسىمغا بۆلۈندى. 1. «قۇللۇق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە»، بۇ قىسىمدا 17 پارچە رەسىم قويۇلدى؛ 2. «فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە سالغان زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى»، بۇ قىسىمدا 36 پارچە رەسىم قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پومېشچىك لىۋ ۋېنسەينىڭ «ئىجارە ئېلىش قورۇسى» غا ئائىت لاي ھەيكەللەرنىڭ رەسىملىرى، پومېشچىك مەسۇم بايغا ئائىت «قانلىق قارا ياغاچ» ناملىق رەسىملەر، پومېشچىك ئابدۇللا ھامت شائىيۇ (كەلپىنلىك) نىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئەزگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان جىنايەتلىرىگە دائىر تۈرلۈك رەسىملەر ۋە 30 نەچچە خىل نەرسە قويۇلدى؛ 3. «فېئوداللىق جەمئىيەتتە دىنىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى زەھەرلىگەنلىكى»، بۇ قىسىمدا 20 پارچە رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى؛ 4. «ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت - مائارىپ»، بۇ قىسىمدا 20 پارچە رەسىم قويۇلدى. كۆرگەزمە ئالتە ئاي ئېچىلىپ، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار جەمئىي 17 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى 1970 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ئىشخانىسى خەلق ھۆكۈمىتى زالى ۋە كىنو - تىياتىرخانىدا ئاتالمىش «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى» ئاچتى، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار 7863 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1986 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى مەخسۇس كۆرگەزمىسى» ئاچتى. كۆرگەزمە 17 يۈرۈش بولۇپ، 200 نەچچە پارچە رەسىم، 13 پارچە دىئاگراممىدىن تەركىب تاپتى. بۇ كۆرگەزمىدە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 30يىلدىن بۇيانقى (1955 - 1985) مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىككى مائارىپىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ كۆرگەزمە ئون كۈن ئېچىلدى. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار 5000 ئادەم(قېتىم) غا يەتتى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1986 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاياللار خىزمىتى مەخسۇس كۆرگەزمىسى» ئاچتى. كۆرگەزمە جەمئىي 18 يۈرۈش، 178 پارچە رەسىم، ئىككى پارچە تەشۋىقات رەسىمدىن تەشكىل تاپتى. كۆرگەزمە ۋاقتى بەش كۈن بولۇپ، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پاتمە قاتارلىقلار كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

1986 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ «1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەب-

www.uyghurkitap.com

رىكلەش كۆرگەزمىسى » ئاچتى ، كۆرگەزمىگە جەمئىي توققۇز يۈرۈش ، 100 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم ، ئالتە پارچە دىئاگراما قويۇلدى .

# II باب

# ئاخبارات ، رادىئو ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە

## § 1 . رادىئو ـ تېلېۋىزىيە

**1 . ئاپپارات**

1952 ـ يىل 12 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ ، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇردى . بىر خىزمەتچى خادىم قويۇلدى . 1964 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى قۇرۇلدى . ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەسئۇل ئەمەلدارنىڭ قوشۇمچە باشلىقى بولدى . ئىككى خىزمەتچى خادىم قويۇلدى . 1973 ـ يىلى ھەر قايسى گۇڭشىلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن رادىئو كۈچەيتىش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ ، بىردىن خىزمەتچى خادىم ئورۇنلاشتۇرۇلدى . 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، ساۋۇت بەكرى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى . ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە قارايدىغان بولدى . 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قارمىقىدا تېلېۋىزىيە سىگنالىغۇ ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى . 1990 ـ يىلى ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە 28 ئىشچى ـ خىزمەتچى ( بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار ئۈچ نەپەر ) ، يېزا رادىئو كۈچەيتىش پونكىتلىرىدا جەمئىي ئالتە ئادەم بار بولدى .

**2 . ئۈسكۈنىلەر**

1 ) **رادىئو ئۈسكۈنىلىرى** 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلغان چاغدا ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر دانە رادىئو قوبۇللىغۇچلا بار ئىدى ، 1954 ـ يىلى يەنە بىر دانە رادىئو قوبۇللىغۇچ ، 1957 ـ يىلى بىر مىكرافون كۆپەيتىلدى . ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پۇل ئاجرىتىشى بىلەن ئاپپارات ئۆيى ، ئاڭلىتىش ئۆيى ، ئىشخانا سېلىندى ، ئۇنىڭ كۆلىمى 100 كۋادرات مېترغا بارىدۇ . دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن TY1000A تىپلىق رادىئو كۈچەيتىش ئاپپاراتىدىن بىرى سېتىۋېلىنىپ ، بىر كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا رادىئو سىمى تارتىلدى ، ناھىيە بازىرىغا 5W ۋە 10W لىق يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىدىن ئالتىسى ئورنىتىلدى . 1966 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى تومۇرلۇق چوڭ ئەترىتىگە سىم تارتىپ ئون نەچچە رادىئو كانىيى ئورناتتى . 1973 ـ يىلى گۇڭشىلارنىڭ رادىئو كۈچەيتىش پونكىتلىرىغا بىردىن ئاۋاز كۈچەيتىش ئاپپاراتى ، بىردىن ئۈن ئالغۇ ، بىردىن فاتېفون ، بىردىن مىكرافون بېرىلدى . ئاپتونوم رايون ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىغا 12KW لىق بىر دىزېل گېنېراتورنى ھەقسىز ياردەم قىلدى . شۇ يىلى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ، ناھىيىلىك

رادىئو ئۇزېلىدىن بازاردىكى ئىدارىلەر ۋە «1 ـ ئىيۇل»، «1 ـ ماي» گۇڭشېلىرىغا رادىئو سىمى تارتىپ، 4186 رادىئو كانىيى ئورنىتىپ بەردى («1 ـ ئۆكتەبىر» گۇڭشېسىغا ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ناھىيە بويىچە رادىئو كانايلىرىنىڭ ئۆيلەرگە ئورنىتىلىش نىسبىتى 90% كە يەتتى. 1975 ـ يىل 6 ـ ئايدا رادىئو ئۇزېلىدىن «1 ـ ئۆكتەبىر» گۇڭشېسىغىچە ئارىلىقتا رادىئو سىمى تارتىلدى. 1987 ـ يىلى ئېلىپ تاشلىنىپ، يەر ئاستى سىمى كۆمۈلدى، ئون كىلومېتىر ئارىلىقتا سىم كۆمۈلۈپ بولغاندا، يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇلدى. 1981 ـ يىلى دۆلەت ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىغا 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئائىلىلىكلەر تۇرالغۇ ئۆيى سالدى ھەم بىر دانە 275W×2لىق ئاۋاز كۈچەيتىش ئاپپاراتى، 602 تىپلىق ئىككى دانە ئۈنئالغۇ سېتىۋېلىنىپ، مەخسۇس رادىئو سىمى تارتىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە رادىئو سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 162 كىلومېتىرغا، باغلىنىش سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىرغا، رادىئو كانىيى 2192 گە يەتتى. 1990 ـ يىلغا كەلگەندە رادىئو سىم يولى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ناھىيە بويىچە ئارانلا 25 دانە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي قالدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب رادىئو، تېلېۋىزورلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن بولدى.

2) **تېلېۋىزىيە ئۇسكۇنىلىرى** 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون 300 مىڭ يۈەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى 100 مىڭ يۈەن، كەلپىن ناھىيىسى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ كەلپىن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسىنى قۇردى. 200W لىق ئۇلاپ كۆرسىتىش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كۆلىمى 596 كۋادرات مېتىرلىق تېلېۋىزىيە بىناسى سېلىندى. 1986 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېگىزلىكى 73 مېتىر كېلىدىغان تېلېۋىزىيە تارقىتىش مۇنارى پۈتتى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يەر ئۈستى سۈنئىي ھەمرادىن قوبۇل قىلىش پونكىتى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 1990 ـ يىل 9 ـ ئايدا بىر دانە 10W لىق ئۇلاپ كۆرسىتىش ئاپپاراتى كۆپەيتىلدى. 1986 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ـ سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىسى تىجارەت باشلىدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كىنوخانا، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، گەزلىك يېزىسىدا ئۈچ تېلېۋىزىيە ـ سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىسى بار بولدى.

### 3 . رادىئو قوبۇل قىلىش، ئاڭلىتىش

رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلغان چاغدا باتارىيە بىلەن ئىشلەيدىغان بىر دانە رادىئو قوبۇللىغۇچ بولۇپ، ۋۇجىنۇېن ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى پروگراممىسىنى، ئاساسلىق خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، خاتىرىلەپ، ناھىيە رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلاتتى. مۇھىم خەۋەرلەر ئاڭلىتىلغاندا ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملارنى پونكىتقا كېلىپ رادىئو ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلاتتى. 1954 ـ يىلى بىر دانە رادىئو قوبۇللىغۇچ كۆپەيتىلگەندىن كېيىن، ناسىر نۇرى ئۇيغۇرچە رادىئونى ئاڭلاشقا مەسئۇل بولدى. ۋەزىپىسى ۋۇجىنۇېن بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئابدۇللا يۇنۇس بەزىدە رادىئو پونكىتىنىڭ رادىئو قوبۇللىغۇچنى ئېلىپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ رادىئو قوبۇل قىلدى ھەم شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرىنى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قويۇپ بېرىپ، تەشۋىق قىلدى. 1964 ـ يىلى رادىئو ئۇزېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر دېكتور ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك پروگرامما يولغا قويۇلۇپ، ھەر ئاخشىمى بىر قېتىم ئاڭلىتىلدى. بىر قانچە ئايدىن كېيىن، دېكتور يۆتكىلىپ كەتكەچكە ئاڭلىتىش توختاپ قالدى.

1968 ـ يىلى بىر نەپەر خەنزۇ دېكتور ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، خەنزۇچە ئاڭلىتىش باشلىنىپ، ھەر ئاخشىمى بىر قېتىم ناھىيە بازىرىغا ئاڭلىتىش بېرىلدى. 1969 ـ يىلى بىر نەپەر ئۇيغۇر دېكتور ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەر ئاخشىمى شەھەر ـ يېزىلارغا بىر قېتىم ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بېرىلدى. 1973 ـ يىلى بىر نەپەر خەنزۇ ۋە بىر نەپەر ئۇيغۇر مۇخبىر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك پروگراممىلارنىڭ مەزمۇنى كۆپەيتىلىپ، خەۋەر، سىياـ

سەت ـ ئېقىم مەسىلىلىرى ، ئاممىۋى تۇرمۇش ، مەخسۇس تېمىدىكى خەۋەر قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ، چۈش ، كەچتە ئۈچ قېتىم يەرلىك پروگراممىا ئاڭلىتىش ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش يولغا قويۇلدى ، ھەر كۈنلۈكى ئالتە سائەت ئون مىنۇت ئاڭلىتىش بېرىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئون مىنۇت يەرلىك پروگراممىا ئاڭلىتىلدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1990 ـ يىلغىچە ھەر كۈنلۈك ئاڭلىتىش قېتىم سانى ۋە ۋاقتىدا ئۆزگىرىش بولمىدى ، يەرلىك پروگراممىا مەزمۇنىغا يەنە ـ مەدەنىيەت ، ئېلان ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ سۆزى قاتارلىقلار قوشۇلدى .

**4 . تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىش**

1984 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە كەلپىن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە پىروگراممىا ئۇلاپ كۆرستىش ئىستانسىسى پىروگراممىا كۆرستىشنى باشلىدى ، كەلپىن خەلقى تۇنجى قېتىم تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىنى كۆردى . خەنزۇ تىلدا ۋە ئۇيغۇر تىلدا كۈن ئاتلاپ ئايرىم ـ ئايرىم كۆرستىلدى . 1986 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يەر ئۈستى سۈنئىي ھەمراھدىن قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ، ھەر كۈنى ئاخشىمى خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلدا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى كۆرستىلدى ، خەنزۇچە پروگراممىلار 6 ـ قانالدا ، ئۇيغۇرچە پروگراممىلار 12 ـ قانالدا تارقىتىلدى . ناھىيە بويىچە تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى 30 مىڭ ئادەمدىن كۆپرەككە يېتىپ ، چەت ـ يىراق تاغلىق رايوندىكىلەردىن باشقا ، زور كۆپ ساندىكى كەلپىنلىكلەر كەلپىن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ ئۇلاپ كۆرستىش ئىستانسىسى ئۇلاپ كۆرسەتكەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇرلىرىنى ۋە يەرلىك تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ نومۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى . 1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلاپ كۆرستىش ئۈچۈن ، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن (ئادەتتە ئىشقا چۈشۈشتىن بىر سائەت ئىلگىرى ) باشلاپ تاكى كەچ سائەت نۆلگىچە نومۇر كۆرستىلدى . ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ ئۇلاپ كۆرستىش ئىستانسىسى كۆرستىش ۋاقتىنى ھەر كۈنلۈكى ئەتىگەن ، چۈش ، كەچكە ئۆزگەرتتى ، كۈنلۈك كۆرستىش ۋاقتى تەخمىنەن يەتتە سائەتكە يەتتى . كەچتە كۆرستىش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇنراق بولدى .

تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ قويۇش ئورنى قويغان فىلىملارنىڭ ھەممىسى سىنئالغۇ فىلىمى بولۇپ ، ئۇ ، تىجارەتنى مەقسەت قىلدى ، ھەر بىر بىلەتنىڭ باھاسى 0.6 يۈەن بولدى . 1990 ـ يىلى تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىلىرىنىڭ كىرىمى 15 مىڭ يۈەنگە يەتتى .

## 2 § . ئاخبارات

**1 . گېزىت**

1 ) **« ئىتتىپاق گېزىتى »** مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى ) ئىمىن نىياز ، خۇدۇيۇمبەردى سېلىم ، قادىر ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەر « ئىتتىپاق گېزىتى » ( شاپىگراف باسمىسى ) نى چىقارغان ، بۇ گېزىت كەلپىن ، ئاقسۇ ۋە ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەردە تارقىتىلغان . گېزىتتە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنى ۋە پارىخور ئەمەلدارلارنى پاش قىلىدىغان ماتېرىياللار بېسىلغان . گېزىت ئۈچ سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، گومىنداڭ دائىرىلىرى تەكشۈرۈپ پېچەتلىۋەتكەن .

2 ) **« كەلپىن دېھقانلار گېزىتى »** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1956 ـ يىل 10 ـ ئايدا ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە « كەلپىن دېھقانلار گېزىتى » چىقىرىلغانىدى

( شاپگراف باسمىسى ) . ئۇ ، سەككىز فورماتلىق كىچىك گېزىت بولۇپ ، ھەپتىدە ئىككى سان چىقىرىلاتتى . گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى مەمتىمىن ئەمەت ئىدى . بۇ گېزىت 1961 ـ يىلى نەشىردىن توختىتىلدى . بۇ گېزىتتە ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىناتتى . يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ۋە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئادەم ، يېڭى ئىشلار خەۋەر قىلىناتتى .

**2 . خەۋەرچىلىك**

1952 ـ يىلى ناھىيىدە خەۋەرچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس مۇخبىر ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار سەپلەندى . ئۇلار ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى . ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ فوتو سۈرەت ۋە خەۋەر ـ ماقالىلىرى « جەنۇبىي تيانشان گېزىتى » ، « ئاقسۇ گېزىتى » ، « شىنجاڭ گېزىتى » ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى ، بەزىلىرى مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالاندى .

1977 ـ يىلى خەۋەرچىلىك گۇرۇپپىلىرى تارقىتىۋېتىلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ خەۋەرچىلىك خىزمىتى شەخسلەر ماقالە ئەۋەتىدىغان تارقاق ھالەتتە بولۇپ كەلدى .

كەلپىن ناھىيىسىدە گېزىت ۋە رادىئو ئىستانسىسىغا ماقالە يېزىپ كەلگەن ئاساسلىق ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئىبراھىم سايىت ، تۇردى ئاۋۇت ، مەمتىمىن ئەمەت ، چېن شاۋ شياڭ ، ئابلا يۇنۇس ، دايىم رەمەت ، تىلەك ئىبراھىم ، مەمتىمىن ياسىن ، ئابدۇ ساتتار ھامىدىن ، پەرھات ئوسمان ، ئابلايوپ ، تۇرسۇن قۇربان ، ئابدۇ جاپپار ھامىدىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ئابدۇ ساتتار ھامىدىن ، تىلەك ئىبراھىم ، مەمتىمىن ياسىن ،تۇرسۇن قۇربان ، ئابدۇ جاپپار ھامىدىنلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ گېزىتى ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر دەپ باھالاندى .

## § 3 . كىنو

**1 . كىنو قويۇش**

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ناھىيە بازىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ھېكايە فىلىم « بىز كرونشتادتىن » نى قويۇپ بەرگەندى . بۇ كەلپىن خەلقىنىڭ تۇنجى قېتىم كىنو كۆرۈشىدۇر .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كىنو ئەترىتى ھەر يىلى كەلپىنگە كېلىپ بىر ـ ئىككى قېتىم كىنو قويۇپ بەردى . 1957 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك كىنو ئەترىتى كىنو قويۇشنى باشلىدى . 1958 ـ يىلى 172 قېتىم كىنو قويىدى . 1972 ـ يىل 12 ـ ئايدىن ئېتىبارەن 35mm لىق ئاپپاراتتا كىنو قويۇشنى باشلىدى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىزچىل تۇردە 16mm لىق ئاپپاراتتا كىنو قويۇلۇپ كەلگەندى . 1976 ـ يىلدىن ئېتىبارەن گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە كىنو ئەترىتى قۇرۇلۇپ ، ئۆز گۇڭشېسىنىڭ كىنو قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى .

1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا گەزلىك يېزا قالما كەنتىدىكى دېھقان قادىر تۇختى بىر يۈرۈش كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسىنى سېتىۋېلىپ ، دېھقانلارغا كىنو قويۇپ بېرىپ ، كەلپىندىكى تۇنجى يەككە كىنو قويۇش ئائىلىسى بولۇپ قالدى .

1990 ـ يىلى ناھىيىدە بىر يازلىق كىنوخانا ، بىر كىنو ـتىياتىرخانا بولۇپ ، كىنو ـ تىياتىرخانىدا 1132 كىشىلىك ، يازلىق كىنوخانىدا 4500 كىشىلىك ئورۇن بار بولدى .

1975 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدا كىنو بېلىتىنىڭ باھاسى 0.05 يۈەن ئىدى. 1984 ـ يىلى 0.15 يۈەن، 0.20 يۈەن ۋە 0.35 يۈەنگە تەڭشىلىپ ئۈچ خىل باھا يولغا قويۇلدى. 1988 ـ يىلدىن كېيىن يەنە 0.60 يۈەنگە تەڭشەلدى. يېزىلاردا ئادەتتە ناھىيە بازىرىدىكى كىنو بېلىتى باھاسىنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ ھەق ئېلىندى.

### 2. تارقىتىش

كىنو فىلىم تارقىتىش خىزمىتىگە ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى مەسئۇل بولدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 دىن 25 كىچە فىلىم تارقىتىلدى. 1985 ـ يىلى كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ يىللىق كىرىمى 16 مىڭ 267.98 يۈەنگە يەتتى.

### 3. ئاپپارات

1) **ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى** 1957 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، ئۈچ نەپەر كىنو قويغۇچى خادىم (ئوسمان ئىبراھىم، مەمتىمىن ياسىن، ئابدۇرازىق يۈسۈپ) سەپلەپ بېرىلدى.

2) **گۇڭشې (يېزا) كىنو قويۇش ئەترىتى** 1976 ـ يىلى ئۈچ خەلق گۇڭشېسىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، ھەر بىر كىنو قويۇش ئەترىتىگە بىر نەپەر كىنو قويغۇچى خادىم قويۇلدى.

3) **ناھىيىلىك كىنوخانا** 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنوخانا قۇرۇلۇپ، تۆت نەپەر كىنو قويغۇچى تېخنىك سەپلەپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى كۆپىيىپ سەككىزگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك تۆت، مەمۇرىي خادىم تۆت.

4) **كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتى** 1975 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنو باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى كىنو باشقۇرۇش پونكىتى كىنو قويۇش ـ تارقىتىش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى شىركەت بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۈچكە يەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە كىنو قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 20 ـ 3

| يىللار | كىنو قويۇش ئورنى | كىنو قويغۇچى خادىم | ئاپپارات (دانە) | گېنېراتور (دانە) | كىنو قويۇش قېتىم سانى | | | تاماشىبىنلار (ئادەم ـ قېتىم) | | | كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | شەھەر | يېزا | جەمئىي | شەھەر | يېزا | جەمئىي | |
| 1958 | 7 | 2 | 1 | 1 | 50 | 70 | 120 | 968 | 55000 | 55968 | 2523.68 |
| 1959 | 8 | 2 | 1 | 1 | 57 | 90 | 147 | 4352 | 45000 | 49350 | 4307.80 |
| 1960 | 8 | 4 | 2 | 1 | 60 | 100 | 162 | 839 | 76000 | 76839 | 4186.31 |
| 1961 | 8 | 4 | 2 | 2 | 40 | 92 | 132 | 771 | 36000 | 36731 | 3242.63 |
| 1962 | 8 | 4 | 2 | 2 | 72 | 100 | 172 | 837 | 35000 | 35837 | 8181.69 |
| 1963 | 8 | 3 | 1 | 2 | 45 | 100 | 145 | 632 | 17000 | 17682 | 8645.30 |
| 1964 | 7 | 3 | 1 | 2 | 42 | 58 | 100 | 3159 | 21000 | 27159 | 2916.51 |
| 1965 | 9 | 2 | 1 | 2 | 41 | 70 | 111 | 993 | 31000 | 31993 | 2732.50 |

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كىنو قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل 20 ـ 4

| يىللار | ئاپارات تىپى | قويۇلغان مەيدان (قېتىم) | تاماشىبىن (ئادەم ـ قېتىم) | كىرىم (يۈەن) | فىلىم ئىجارىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 35mm | 280 | 140787 | 16894. 42 | 4168. 79 |
| | 16mm | 607 | 109213 | 12140. 00 | 3300. 80 |
| 1985 | 35mm | 369 | 191402 | 38377. 35 | 14707. 98 |
| | 16mm | 315 | 111676 | 5312. 77 | 1560. 00 |
| 1986 | 35mm | 342 | 161015 | 34548. 85 | 13487. 33 |
| 1987 | 35mm | 328 | 86033 | 19767. 50 | 7973. 86 |
| 1988 | 35mm | 342 | 161015 | 34548. 85 | 13487. 33 |
| 1989 | 35mm | 238 | 33294 | 12361. 3 | 6843. 35 |
| 1990 | 35mm | 290 | 42320 | 13129. 1 | 9514. 53 |

ئىزاھات: 1989 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك كىنوخانىدا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

# III باب

# كىتاب، ئارخىپ

## 1 § . كىتاب

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە كىتاب ئورگىنى يوق ئىدى. كىتاب تارقىتىش، ساقلاش، ئارىيەت بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا قانات يايدۇرۇلدى.

**1 . تارقىتىش**

1953 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاقسۇ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ كەلپىن ۋەكالەتەن سېتىش دۇكىنى رەسمىي تىجارەت باشلىدى. 1955 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىش مەنئىي قىلىنغاچقا، كىتاب تارقىتىش كەسپى ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچرىدى. 1978 ـ يىلدىن بۇيان شىنخۇا كىتابخانىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، يېزىلارغا كىتاب ئاپىرىپ سېتىپ، كىتاب تارقىتىش مىقدارىنى تېزدىن كۆپەيتتى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 56 مىڭ 405 پارچە كىتاب سېتىلىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى ئىسگە قارىغاندا سېتىلغان كىتاب سانى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 528 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 69 مىڭ 974 پارچە) ھەر خىل كىتاب سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەنگە دائىر كىتاب 601 پارچە، مەدەنىيەت ـ مائارىپقا دائىر كىتاب 1148 پارچە، ئەدە-

بىيات ـ سەنئەتكە دائىر كىتاب 6315 پارچە ، تەبىئىي پەنگە دائىر كىتاب 49 پارچە ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە دائىر كىتاب 1095 پارچە ، دەرسلىك 59 مىڭ 556 پارچە ، سۈرەت 1210 پارچە . 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 77 مىڭ 332 پارچە ( بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 70 مىڭ 478 پارچە ) ھەر خىل كىتاب سېتىلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەنگە دائىر كىتاب 741 پارچە ، مەدەنىيەت ـ مائارىپقا دائىر كىتاب 558 پارچە ، ئەدەبىي ـ سەنئەتكە دائىر كىتاب 5410 پارچە ، تەبىئىي پەنگە دائىر كىتاب 256 پارچە ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە دائىر كىتاب 682 پارچە ، دەرسلىك 68 مىڭ 131 پارچە ، سۈرەت 1386 پارچە ، باشقىلار 22 پارچە .

## كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل 20 — 5

| يىللار | سېتىلغان كىتاب ( پارچە ) | يىللار | سېتىلغان كىتاب ( پارچە ) |
|---|---|---|---|
| 1955 | 21600 | 1963 | 27300 |
| 1956 | 22400 | 1964 | 27300 |
| 1957 | 23000 | 1965 | 28000 |
| 1958 | 25000 | 1981 | 56405 |
| 1959 | 25600 | 1985 | 81528 |
| 1960 | 27000 | 1989 | 77332 |
| 1961 | 28000 | 1990 | 79534 |
| 1962 | 28096 | | |

### 2 . كىتاب ئارىيەت بېرىش

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ يېزىلاردا 13 كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپ ، بىر قىسىم كىتابلار سېتىۋېلىنىپ ئارىيەتكە بېرىلدى . 1958 ـ يىلى « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ھەرىكىتى داۋامىدا كۇتۇپخانا كۆپىيىپ ، ساقلانغان كىتاب مىقدارى ئېشىپ ، ئاما 1050 ئادەم ( قېتىم ) كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇدى . 1963 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا قىرائەتخانا قۇرۇلدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا قىرائەتخانا ۋە كۇتۇپخانىلارغا زور مىقداردا سىياسىي كىتابلار قويۇلدى . 1983 ـ يىلدىن باشلاپ گۇڭشېلاردا ئەسلىدىكى كۇتۇپخانا ئاساسىدا مەدەنىيەت پونكىتلىرى ، چوڭ ئەترەتلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلدى . مەدەنىيەت يۇرتى ، مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە ساقلانغان كىتاب تۈرلىرى ۋە سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشقا دائىر كىتابلار كۆپەيتىلدى . 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت يۇرتى ، پونكىتى ۋە ئۆيلىرىدە جەمئىي 16 مىڭ 971 پارچە كىتاب ساقلاندى ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا 8840 پارچە ( ئۇيغۇرچىسى 3400 پارچە ، خەنزۇچىسى 5440 پارچە ) كىتاب ساقلاندى ؛ 142 نۇسخا گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇندى ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى 53 خىل ( نۇسخا ) گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدى . شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئارىيەت ئېلىپ كىتاب ئوقۇغانلار 16 مىڭ 810 ئادەم ( قېتىم )غا يەتتى . 1990 ـ يىلى ناھىيىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى ، پونكىتى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە 9892 پارچە كىتاب ساقلاندى ، كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغانلار 17 مىڭ 213 ئادەم ( قېتىم )گە يەتتى .

## 2 § . ئارخىپ

منگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە ئارخىپ ئاپپاراتى يوق ئىدى. ساقلاش چاھازلىرىمۇ يوق ئىدى. ئىدارىلەرنىڭ ئارخىپلىرىنى ئۆزلىرى ساقلايتتى. كۆپلىگەن ئارخىپلار ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىپ، ئاز سانىدىكى ئارخىپلارلا ساقلىنىپ قالاتتى (ئەينى چاغدا بىر قانچە تاغارغا قاچىلىنىپ بىر ئېغىزلىق ۋەيرانە ئۆيگە دۆۋىلەپ قويۇلاتتى)، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاندىن ئادەم تەشكىللەپ ئارخىپلارنى رەتلىدى، تىزىملىدى ۋە ئىشكاپلاشتۇردى.

**1 . ئاپپارات، ئۇسكۇنىلەر**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسى ئارخىپ خىزمىتىنى ۋەكالىتەن باشقۇردى. 1960 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلۇپ، ئىككى كەسپىي كادىر سەپلەپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ناھىيىلىك ئارخىپخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئارخىپ خىزمىتىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى قوشۇمچە باشقۇردى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 9831 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، تۆت نەپەر خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم باشلىقى بىر نەپەر. 1990 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمى ۋە ئارخىپخانىدا ئالتە كادىر بولۇپ، ئارخىپخانا كۆلىمى 120 كۋادرات مېتىرغا، ئارخىپ ئىشكاپى جەمئىي 30 يۈرۈشكە يەتتى.

**2 . ئارخىپ باشقۇرۇش**

1955 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم 12 كادىر ئاجرىتىپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە منگو دەۋرىدىكى 9183 نۇسخا ئارخىپ ئىنقىلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەدلىيىگە دائىرلىرى 2277 نۇسخا، مالىيىگە دائىرلىرى 1865 نۇسخا، كادىرلارغا دائىرلىرى 645 نۇسخا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيىگە دائىرلىرى 951 نۇسخا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 100 نۇسخا)، خەلق ئىشلىرىغا دائىرلىرى 2646 نۇسخا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 206 نۇسخا)، قۇرۇلۇشقا دائىرلىرى 412 نۇسخا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا دائىرلىرى 255 نۇسخا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 724 نۇسخا)، پارتىيە ئىشلىرىغا دائىرلىرى 29 نۇسخا، كېڭەشكە دائىرلىرى 74 نۇسخا، ماتېرىياللاردىن قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر 30نۇسخا، ئىنتىپاققا دائىرلىرى 38 نۇسخا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ساقچى ئىشلىرىغا دائىرلىرى 150نۇسخا.

1958 ـ يىل ناھىيىلىك ئارخىپخانا 1950 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 2339 ئارخىپىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ جەمئىي 14 تولۇق دېلو ۋە بىر تۈركۈم ماتېرىيال، گېزىت ـ ژۇرنال، رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1983 ـ يىل 11 ـ ئايدا «1 ـ ئىيۇل» گۇڭشېسىنىڭ 1919 پارچە ئارخىپى تاپشۇرۇۋېلىندى. 1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە يىغىلىپ قالغان بوغالتىرلىققا دائىر ئارخىپلار ئىنقىلاپ چىقىلدى. بوغالتىرلىققا دائىر 23 ئارخىپ ئىنقىلاپ چىقىلىپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپ 4395 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئارخىپ 2411 پارچە، ئۇزاق مۇددەتلىك ئارخىپ 604

پارچە ؛ ساقلىنىۋاتقان كىتاب ـ ژۇرنال ، ماتېرىيال 314 پارچە ، رەسىم 388 پارچە ، قورال كىتاب ئىككى پارچە ، گېزىت( 1951 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ) 280 توپلام .

1989 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى بىلەن كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسىنىڭ 15 پارچە ھۆججىتىنى تاپشۇرۇۋالدى . شۇ يىلى ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان جەمئىي ئارخىپ 4450 پارچىگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە مىنگو دەۋرىدىكى ئارخىپ 1065 پارچە ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئارخىپ 3385 پارچە ، كىتاب ، ماتېرىيال 1992 پارچە .

1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئارخىپخانا ئارخىپتىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ، مەخسۇس تېمىدا ماتېرىيال كۆرگەنلەر 983 ئادەم ( قېتىم )گە ، كۆرۈلگەن ئارخىپ 5346 پارچە ( قېتىم )غا يەتتى . بولۇپمۇ «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى يېزىشتا ئارخىپخانا نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى .

# IV باب

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، مەشھۇر جايلار

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، خەن ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىزى ئاز ئەمەس . يۈەن ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئىزلارمۇ بار . لېكىن كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ يەرلەر كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولمىغاچقا ، ھازىرغا قەدەر بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلمىدى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت ئۆيۈشتۇرغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارقا ـ ئارقىدىن كەلپىن ناھىيىسىدىكى قەدىمكى ئىزلارنى قېزىپ تەكشۈردى . بولۇپمۇ 1989 ـ يىلى كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ ، ناھىيە بويىچە كۆپ قىسىم قەدىمكى ئىزلارنىڭ ئورنى ،يىلى ۋە ئالاھىدىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى ۋە تېپىلدى . ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېنىق بېكىتىلگەن 13 ئورۇندىكى قەدىمكى ئىزلاردىن تۆت ئورۇننى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇنغا ، تۆت ئورۇننى ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇنغا كىرگۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى . كەلپىن ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

**1. كەلپىن سېپتا تاش قورال ئىزى**

بۇ ئىز ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سارغان ئۇيمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىگە ،ئۆتەڭقۇل بۇلىقى بىلەن سۇ بېشى ئېقىنىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدىكى يانتۇلۇق ئۈستىگە جايلاشقان . يانتۇلۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە بولۇپ ،يەر يۈزى ئوت ـ چۆپ ۋە كۆچمە قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ . قۇم ئارىسىدىكى تۈزلەڭدىن نۇرغۇن سېپتا قوراللار تېپىلدى ، جەمئىي 300 دىن ئارتۇق ئەۋرىشكە يە-

غۇۋىلىندى ، بۇنىڭ ئىچىدە سىپتا تاش ياپراقچە ، ئۇششاق تاش ياپراقچە ، قىرىش ـ يۇنۇش ئەسۋابى قاتارلىقلار بار ، بۇ يەردىن ساپال پارچىلىرى تېپىلمىدى ، تاشلىرى ئاساسەن يېشىل رەڭلىك كىرېمنىي جىنس ، چاقماق تاشلاردىن ئىبارەت.

## 2 .سايات قەدىمكى شەھىرى (باغلىق قەدىمكى شەھىرى)

كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باغلىق كەنتىگە ، باغلىق جىلغىسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سېرىق توپىلىق دۆڭلۈككە جايلاشقان ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″00′79°58 بىلەن ، شىمالىي پاراللېل ″30′29°40 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇ ، جەنۇبىي ـ شىمالىي سوزۇلغان دەۋرىگە مەنسۇپ ئىز ئىدى ، ھازىر بىر قىسىم ئىزلارنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى . شەھەر سېپىلىنىڭ شىمال ، جەنۇب ، غەرب تەرەپلىرىدىكى خەندەك دەريا جىلغىسىغا تۇتىشىدۇ . شەرقىدىكى سېپىل جىلغىنى تەبىئىي توساق قىلغان ، قەدىمكى شەھەر چاسا شەكىلدە بولۇپ ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 180 مېتىر ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 130 مېتىر ، شەھەر ئىچىدە يۇمىلاق سۇپا ئۇلى بولۇپ ، ئۇنىڭ دىئامېترى تەخمىنەن 14 مېتىر ، قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ، شەھەر سېپىلى سوقما تام بولۇپ ، بەزى جايلىرىدا قەۋەت ئارىسىغا سامان ئېلىنغان ، سوقما قەۋەتنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىقى ئوخشاش ئەمەس ، سېپىلنىڭ ئۇل قېلىنلىقى تەخمىنەن 5 .2 مېتىر ، قالدۇق ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە كېلىدۇ . شەھەرنىڭ قوۋۇقى غەربتىن شىمالغا قاراپ جايلاشقان بولۇپ ، كەڭلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر . بۇنىڭدىن باشقا غەربىي جەنۇبتىكى سېپىلنىڭ سىرتىدا بىر چاسا شەكىللىك «يانداش شەھەر» بار ، ئۇنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى ۋە قېلىنلىقى ، ياسىلىش ئۇسۇلى چوڭ شەھەر بىلەن ئوخشاش ، «ياندىاش شەھەر» ئىچىدە تۇرالغۇ ئىزلىرى بار .

قەدىمكى شەھەر سېپىلى ئىچىدىن 1981 ـ يىلى ۋېيى ، جىن دەۋرىدىكى بىر مىس مۆھۈر تېپىلدى . ئۇ ، مىستىن قۇيۇلغان ،تۆگە شەكىللىك تۇتقۇسى بار ، تۇتقۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇتقۇنىڭ ئىچىگە تۇتاشقان ئېگىزلىكى 1.4 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان چاسا تۆشۈكچە بار ، تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك مۆھۈر بولۇپ ، ئۇ ، تېپىلىشتىن ئىلگىرى يوقاپ كەتكەن . بۇ مۆھۈر تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 2.2 سانتىمېتىر ، ئېگىزلىكى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ ، مۆھۈرنىڭ يۈزىدە تۆت خەت بولۇپ ، بۇ خەتلەرنى پەرق ئېتىش تەس ؛ سول تەرىپىنىڭ يۇقىرىقى بۇرجىكىدىكى 1 ـ خەت «延»گە ئوخشايدۇ . 1985 ـ يىلى قەدىمكى شەھەر ئىچىدىن بىر ياغاچ تارغاق ، بىر تاش مارجان تېپىلدى . 1989 ـ يىلى يەنە ئىككى كومزەك ، بىر ھېجىر ۋە تاشتىن ياسالغان يىپ ئىگىرىش چاقى بىلەن مارجان سۇنۇقى تېپىلدى .

## 3 . تومئېرىق قەدىمكى شەھىرى

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ′79°03 بىلەن شىمالىي پاراللېل ′40°31 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ ، بۇ ئىز خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ .

قەدىمكى شەھەر كەلپىن ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يار ئۈستىگە جايلاشقان . يار ئۈستىدىكى سېرىق تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى بەش مېتىردىن ئون مېتىرغىچە كېلىدۇ . دېھقانلار بۇ شەھەر خارابىسى ئىچىدە يەر ئېچىپ ، تېرىقچىلىق قىلغاچقا ، سېپىل ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئىزلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا

ئۆچۈردى.

شەھەر تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، سېپىلى سوقما تام بىلەن ياسالغان، ھەر بىر سوقما قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن سەككىز سانتىمېتىردىن 12 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. سېپىلنىڭ قالدۇق تېمىنىڭ كەڭلىكى 80 سانتىمېتىردىن 200 سانتىمېتىرغىچە، قالدۇق ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىردىن 500 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبتىكى سېپىل تېمىدا تېخىچە «ئىگەر شەكىللىك» قۇرۇلۇش ئىزى ساقلانماقتا. شەرقىي جەنۇب، غەربىي جەنۇبتىكى سېپىل تاملىرى ئېقىنغا بەك يېقىن، شەھەر قوۋۇقى جەنۇبقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

شەھەر ئىچىدىن ساپال، مىس، تۆمۈر ئەسۋاب پارچىلىرى قېزىۋېلىندى. ساپال قاچىلار قول ۋە چاق بىلەن ياسالغان، بەزىلىرى يىرىك قۇمدىن، بەزىلىرى يۇمشاق قۇمدىن ئىشلەنگەن. ساپال رەڭگى قىزغۇچ ۋە بېغىررەڭ بولۇپ، قاچىنىڭ شەكلىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەكشى كىچىك تەگلىك ياكى ئايلانما پۇت چىقىرىلغان، بىرقۇلاقلىق، ئىككى قۇلاقلىق كومزەك، ئۇرىق، تاۋاق قاتارلىق ئاشخانا سايمانلىرى، قاچا-قۇچىلار بار، ئادەتتىكى قاچىلارغا دولقۇنسىمان سىزىقلار، پاراللېل سىزىقلار، يۇكلىمە سىزىقلار چىقىرىلغان. قېزىۋېلىنغان بىر قۇلاقلىق ئۇرىق ئەسلىدە يىرىك قۇمدىن بېغىررەڭلىك قېلىپ قولدا ياسالغان. ئېگىزلىكى 26 سانتىمېتىر، قوساق دىئامېتىرى 24 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر، مۈرە قىسمىدا دولقۇنسىمان سىزىقچە نەقىشلەر بار، ئۇ، بىر قۇلاقلىق، ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە ئۇزۇن بويۇنلۇق، كۆپتۈرمە قوساقلىق، كىچىك ئايلانما پۇتلۇق بولۇپ، ياسىلىش شەكلى مارالبېشىدىن قېزىۋېلىنغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە خاس بىر قۇلاقلىق ئۇرىقنىڭ ياسىلىش شەكلىگە ئوخشايدۇ.

### 4. سېرىق توغراق قەدىمكى قەبرىلىرى

قەبرىلەر ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 17 كىلو مېتىر يىراقلىقتىكى جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79°54′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 40°31′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. قەبرىلەرنىڭ تارقىلىش كۆلىمى تەخمىنەن 200 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس قەدىمكى قەبرە ئىزىدۇر. قەبرىلەر قىسىل دەرياسى ۋادىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى يەلپۈگۈچسىمان دۆڭلۈككە جايلاشقان. قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇمىلاق شەكىلدە تىزىلغان تاش قەبرە ياكى يۇملاق، ئېللىپس شەكىلدە تاش بىلەن دائىرىگە ئېلىپ قويۇلغان قەبرىلەردىن ئىبارەت. بەزى قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توپا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. ئادەتتە قەبرە توپىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 2 مېتىردىن 5.2 مېتىرغىچە كېلىدۇ. قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كىچىك يوللار بەزى قەبرىلەرنىڭ توپىسىنى بۇزۇۋەتكەن. يەر ئۈستىدە دۆۋەلەنگەن توپىسى روشەنرەك ھەم مۇكەممەلرەك قەبرىدىن 98 ى بار. پۈتكۈل قەبرىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ھېچقانداق بىر قانۇنىيەت يوق.

### 5. قىسىل تاغ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

ئورنى كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىسىل تاغدا. بۇ خارابە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، قىسىل ئېقىن ئېغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قىسىل تاغ ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. ئورنى شەرقى مېرىدىئان 78°56′28″ بىلەن شىمالى پاراللېل 40°33′16″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىققا مەنسۇپ خارابىدۇر.

غەربىي قىسمىدىكى بۇددا دىنى ئىمارىتى خارابىسى 1974 - يىلى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلغاندا قىسمەن بۇزۇۋېتىلدى، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ

قەسىر ، بۇددا مۇنارىسى ، راھىبلار ھوجرىسى بىرلەشتۇرۇلگەن ئىمارەتلەر تويپى ئىككەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي ئىمارەت شۇتاسىمان يەرگە جايلاشقان بولۇپ ، تاغ ئاستىدىكى قەسىرنىڭ ئىزى قالمىغان. تاغ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئورۇندا بەشتىن يەتتىگىچە سۇنئىي پەلەمپەي ئىزلىرى بار، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتر ، كەڭلىكى بەش مېتر ، قالدۇق ئېگىزلىكى بەش مېتر كېلىدىغان بىر ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيستۇنكى قەسىرگە تۇتىشىدىغان ئوتتۇشمە پول بار ، يەر ئۈستىگە گەج ياتقۇزۇلغان بولۇپ ، قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر سانتىمېتر كېلىدۇ. بۇ خارابە ئىزلىرى كۆسەن رايونىدىكى بەزى تاش غار ئىمارەتلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ بىر يۇرۇش مۇنار تۆۋرۈك شەكلىدە ياسالغان بۇددا دىنى ئىمارەتلىرى خارابىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستۈن قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر قەسىر سارىيى ، شەرق تەرىپىدە بىر قەدەر چوڭ بولغان بىر بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشى بار.

خارابىلىكتىكى مۇنار شەكىللىك ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ، تاغ باغرىدىن باشلانغان تەبىئىي يانتۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ، قەۋەتلەرگە بۆلۈپ ياسالغان قەسىردۇر. بىر ـ بىرىگە پەلەمپەيلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان ، ئاستىدىن ئۈستىگىچە ئېگىزلىكى 30 مېتردىن ئاشىدۇ.

ئېقىننىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئىمارەتلەر تويپى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان ، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ ، ئۇزۇنلاشتۇرۇلۇشى تولۇق ۋە ھەيۋەتلىك. ئىمارەت ئوخشاشلا تەبىئىي يانتۇلۇقتىن پايدىلىنىپ قەۋەتلەرگە بۆلۈپ ياسالغان ھەمدە تۆۋەندىن يۇقىرىسىغا قارىتىپ ھالقىسىمان قورشاۋ تام ئېتىگە ئېلىنغان ، قورشاۋ تام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ ، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتر ، كەڭلىكى ئىككى مېتر ، ئۈستۈن قىسمىدا تۇر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزى بار.

قىسىل تاغ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەر ئىچىدە ساپال بۇيۇملار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇم ئارىلاش سېغىزدىن ياسالغان ، ئاز مىقداردىكىسى كۇلرەڭ ساپال بۇيۇم بولۇپ ، چاقتا ياسالغان ، ئوتتا ياخشى تاۋلاپ پىششۇرۇلغان. شەكلى كىچىك تەكشى تەگلىك ، چوڭ تەكشى تەگلىك ، ئاچما ئېغىزلىق ، كۆپتۈرمە قوساقلىق ، بىر ياكى قوش قۇلاقلىق ، قولىقى ئۇزۇنچاق شەكىلدە بولۇپ «0» بەلگىسى بېسىلغان. چوڭ ساپال قاچىلاردىن كومزەك ، ئېدىش ، قازان قاتارلىقلار ، كىچىكلىرىدىن ھېجىر ، تاۋاق ، ئورىق قاتارلىقلار بار. قېزىۋېلىنغان ساپال يىپ ئىگىرىش چاقى ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ ، دىئامېترى 2.5 سانتىمېتر ، قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا نىلوفەر گۈلىنىڭ سىزىقلىرى چېكىلگەن. دۈمبىسى سەل ئويمانسىمان ياسالغان.

1976 ـ يىلى بۇ خارابىلىكتىن جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە مەنسۇپ كۆسەن ئۇسلۇبىدىكى ئىككى دانە ساپال كومزەك قېزىۋېلىنغان بولۇپ ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆزنىتىش سۇپىسىدىكى قالدۇق تامدا رەسىم ئىزلىرى بار.

### 6 . چىلان تۇر

بۇ تۇر ئاچال يېزىسى چىلان كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان ، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″9′33°79 بىلەن شىمالىي پاراللېل ″57′30°40 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىزدۇر.

تۇر شوتاسىمان بولۇپ ، تېگى قىسمىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 15.8 مېتر ، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 16.2 مېتر كېلىدۇ ، ئۈستى قىسمىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 9.8 مېتر ، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 8.2 مېتر كېلىدۇ. ئۈستۈن قىسمى بىلەن غەربىي جەنۇب بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتر. تۇر ئۆلى ئۈچ مېتر قېلىنلىقتا توپا بىلەن قاكىداپ قاتۇرۇلغان ، ھەر بىر قەۋەت ئارىلىقىغا شاخ ـ شۇمبا باستۇرۇلغان ، ئۈستۈنكى قىسمى 8×24×35 سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ، ھەر ئىككى قەۋەتتىن كېيىن شاخ ـ شۇمبا باستۇرۇلغان. ئۈستۈن

www.uyghurkitap.com

قىسمىدىكى كېسەك ئارىسىغا « # » شەكىللىك جەگە قويۇلغان. بۇ يەردىن كاناپ ئاياغ ۋە نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىندى.

## 7 . كونا چىلاندىكى ئۆتەڭ ئىزى

بۇ ئىز ئاچال يېزىسى چىلان كەنتىنىڭ شەرقىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ''5'38°79 بىلەن شىمالىي پاراللېل ''14'32°40 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چىلەك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆتەڭ ئىزى.

بۇ ئىز ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بىر قىسمى غەربىي شىمالىدىكى ئېگىز سۇپا (پوتەي)، ئەمەلدار ئۆيى ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل راۋاق سېپىلى بولۇپ، سۇپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، ئېگىزلىكى بەش مېتىر، سوقما تام بىلەن قوپۇرۇلغان. بىرلا سېپىل تېمى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 80 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر. سېپىل ئۈستىگە 30 چە كۇنگۇرە ياسالغان. سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر قوۋۇق ئېچىلغان، ئۇنىڭ كەڭلىكى 2.5 مېتىر. سېپىلنىڭ شىمال بۇرجىكىدە تىك چاسا شەكىللىك راۋاق بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئالتە مېتىر كېلىدۇ، ئۈستى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، كەڭلىكى 7.5 مېتىر. كۇنگۇرىنى قوشقاندا راۋاقنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە مېتىردىن ئاشىدۇ. ئەمەلدارلار ئۆيى راۋاقنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 30 مېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. تەخمىنەن 1500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، يەر ئۈستىدە قالدۇق تام خىشلىرى بار. قالدۇق تام ئۇلى يېشىل خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. يەنە بىر قىسمى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى تۇرالغۇ ئىمارەتلەر بولۇپ تەخمىنەن 57 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پارچە - پۇرات تاملىرىلا قالغان بولۇپ، ئاساسلىق قۇرۇلمىسىنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. تۇرالغۇ رايون ئىچىدە غەربتىن جەنۇبقا سوزۇلغان، كەڭلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر كېلىدىغان بىر كوچا ۋە بىر - بىرىنى كېسىپ ئۆتۈشكەن كىچىك كوچىلار (خالتا كوچىلار) بار، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇپ قالغان بىر كۆل بار.

بۇ ئىزدىن مىس يارماق قاتارلىقلار تېپىلدى.

## 8 . دۆۋە تۇر

ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ''16'22°79 بىلەن شىمالىي پاراللېل ''50'26°40 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، تەخمىنەن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ سۇلالىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان. تۇرنىڭ ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 41 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، تۇرنىڭ تۆت ئەتراپىغا رەتسىز قورشاۋ تاملار سېلىنغان، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 مېتىر، قورشاۋ تامنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە ئۆي ئىزلىرى بار، ئۆيىنىڭ ئۇلى ھېلىمۇ مەۋجۇت. تۇرنىڭ دەل 300 مېتىر شەرقىدە 3.2 مېتىر ئېگىزلىكتە بىر توپا سۇپا بار، يەنىمۇ شەرقىي جەنۇبتاراق 360 مېتىر يىراقلىقتا بىر توپا دۆڭ بار، يەر ئۈستىدە ساپال ئەسۋاب سونۇقلىرى ئۇچرايدۇ.

## 9 . يايدى تۇر

يايدى تۇر شەرقىي مېرىدىئان ''10'23°79 بىلەن شىمالىي پاراللېل ''55'25°40 ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان.

بۇ تۇر ئايلانمىسى 270 مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان سۇپا مەركىزىنىڭ سەل جەنۇبىغىراق جايلاشقان، ئۈستى قىسمىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 7.5 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 6.5 مېتىر، تۇرنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 11 مېتىر بولۇپ، ئاساسەن سوقما تام بىلەن قوپۇرۇلغان، سوقما تامنىڭ قەۋەتلىرى ئارىسىغا شاخ - شۇمبا بېسىلغان. بۇ ئىزدىن كۆپلىگەن تاش قورال، ياغاچ قورال، ساپال قورال پارچىلىرى ۋە « كەيپۇەن توڭباۋ » يارمىقى ۋە مارجان تېپىلدى.

### 10 . ئاقشەھەر قەدىمكى شەھىرى ئىزى

بۇ قەدىمكى شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 79°19′32″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 40°26′51″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس ئىز. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 58 مېتىر كېلىدۇ، تەبىئىي بورانىنىڭ يېمىرىتىشى ۋە سۇنئىي بۇزغۇنچىلىق سەۋەبىدىن، ئاساسەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ھازىر 05 ـ 80 سانتىمېتىرغىچە ئېگىزلىكتىكى سېپىل تاملىرىنى ئاندا ـ ساندا كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى، تۆمۈر پارچىلىرى قاتارلىقلار بار، بۇ يەردىن «كۇسەن تەڭگىسى» تېپىلدى.

### 11 . قۇم قەدىمكى شەھىرى ئىزى

بۇ ئىز شەرقىي مېرىدىئان 78°57′40″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 41°29′50″ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە خاس ئىزدۇر. شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 60 مېتىر، بۇ ئىز سامال ئىغىزى بەلبېغىغا جايلاشقانلىقتىن، ئاساسىي جەھەتتىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. بۇ ئىزدىن قازان، كومزەك قاتارلىق ساپال قوراللار تېپىلدى.

### 12 . چوداي تېغى كونا شەھىرى ئىزى

بۇ ئىز شەرقىي مېرىدىئان 78°56′54″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 40°33′30″ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە خاس ئىزدۇر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 40 مېتىر، بۇ ئىزنىڭ قىسمەن جايلىرى ئېچىلىپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان، قۇرۇلۇش ئىزى ئانچە روشەن ئەمەس، پەقەت سوقما تام ئىزلىرى ۋە ئوچاق ئىزلىرى بىلەن كۆمۈر كۆلىنىڭ ئىزلىرىلا بار. بۇ ئىزدىن تاش ئورغاق، تاش ساپان، ياغۇنچاق ۋە نۇرغۇن ساپال قوراللار تېپىلدى.

### 13 . چوداي تېغى قەلئەسى ئىزى

قەلئە شەرقىي مېرىدىئان 79°26′53″ بىلەن، شىمالىي پاراللېل 40°33′30″ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىز. بۇ قەلئە تاغ باغرىغا سېلىنغان بولۇپ، جەنۇب ۋە شىمالدىكى بىر قانچە گۇرۇپپا قۇرۇلۇشتىن تەشكىل تاپقان. جەنۇبىي قىسمىدا ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر كېلىدىغان سۇپا ۋە تاغ باغرىنى بويلاپ سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇق تاملىرى بار. سۇپىدىن ئون مېتىر يىراقلىقتا، 2.5×2.5 مېتىرلىق، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر كېلىدىغان كۆزىتىش راۋىقى بار، شىمالىي تەرىپىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى 0.4 كېلىدىغان مېتىر توسما تام بار، شىمالىي قىسمىدا ئۇزۇنلۇقى 36 مېتىر، ئېگىزلىكى 2—3 مېتىر كېلىدىغان تاغ ئۈستىگە سوزۇلغان قورشاۋ تام بار، قورشاۋ تامنىڭ شەرقىي قىسمىدا بىر كۆزىتىش راۋىقىنىڭ ئىزى بار، غەربىي شىمال بۇرجىكىدە 1.5×1.5 مېتىر كېلىدىغان بىر بۆلەك كېسەك تام بار.

بۇ ئىزدىن يىپەك پارچىلىرى، قىل ئاغامچا، كىگىز پارچىلىرى، ئىگىرىلگەن پاختا يىپ، رەخت پارچىلىرى ۋە قىسمەن ساپال پارچىلىرى تېپىلدى.

### 14 . مازار ئېقىن تاش دۆۋە قەبرىلىرى

قەبرىلەر شەرقىي مېرىدىئان 79°07′35″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 41°28′50″ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىزدۇر. قەبرىلەر تەخمىنەن 1200 كۋادرات مېتىر دائىرىنى ئىگەللىگەن. جەمئىي ئون نەچچە قەبرە ھالقىسمان تارقالغان. قەبرە ئۈستىدىكى تاشلار ئۆلچەمسىز، كۆپىنچىسى يېشىل ۋە بېغىرەڭ تاش. قەبرە دۆۋىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. چوڭلىرىنىڭ دىئا-

مېترى يەتتە مېتر، كىچىكلىرىنىڭ 2.5 مېترلا كېلىدۇ.

**15. قورام — دۆنە مەنزىرە رايونى**

قورام — تېرەك ئاۋات تاغ كەنتىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاغلار، ئوتتۇرىسىدا سۈزۈك بۇلاق بار. قورام تاشلار ئارىسىدىن ئۇخچۇپ چىققان بۇلاق سۇلىرى بىر شاقىراتمىنى ھاسىل قىلغان. بۇلاق سۇلىرى يېنىدا تەخمىنەن 800 يىل بولغان بىر تۈپ قېرى سۆگەت بار.

دۆنە بىلەن قورامنىڭ ئارىسى تۆت كىلومېتر كېلىدۇ. دۆنىدە 15 مو باغ بار. باغ ئىچىدىمۇ تەخمىنەن 800 يىل بولغان بىر تۈپ قەدىمكى سۆگەت بار. ئۇ، تەخمىنەن 1.5 مو يەرنى ئىگىلىگەن. سۆگەتنىڭ شاخلىرى ئاجايىپ ئۆسكەن. سۆگەت ئەتراپىدا چىملىق بار، بۇلاق سۇلىرى يىل بويى ئۇرغۇپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

قورام-دۆنە مەنزىرە رايونىنىڭ ھاۋاسى سالقىن، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، بۇ يەردە جەرەن، توشقان قاتارلىقلار ياشايدۇ، بەزىدە قىرغاۋۇلمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ جاي كەلپىن ناھىيىسىدىكى مەنزىرە رايونىدۇر.

# V باب

# خەلق قوشاقلىرى، رىۋايەتلەر

## § 1. خەلق قوشاقلىرى

كەلپىن ناھىيىسىدە خەلق قوشاقلىرى ناھايىتى كۆپ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلاش، رەتلەش ئارقىلىق «ئايۇپ سامساق قوشاقلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلارنى نەشر قىلدۇردى. كەلپىندە مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرىدىن ئايۇپ سامساق، يۇسۇپ ئاخۇن قاتارلىقلار ئۆتكەن. زور كۆپ ساندىكى خەلق قوشاقلىرى روشەن مىللىي تۈس ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە، كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىغا ئىگە. خەلق قوشاقچىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئاساسەن، ئۆزلىرى تۈزۈپ، ئۆزلىرى ئېيتىدۇ. ئۇلار قوشاقلىرىدا يا بەختلىك تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدۇ، يا رەزىللىكنى سۆكىدۇ؛ يا ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى مەدھىيىلەيدۇ ۋەھاكازا. خەلق قوشاقلىرى ناخشىچىلار ئارقىلىق خەلق ئارىسىغا كەڭ تۈردە تارقىلىدۇ.

**قوشۇمچە: كەلپىن خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما**

### گۈزەل كەلپىن

ئالتە شەھەرگە داڭ كەتكەن،
كەلپىننىڭ ئۆرۈكى بار.
بۇلاق سۈيى شەربەتلىك،
تەنگە راھەت بېغىشلار.

كۆجۇم ـ كۆجۇم مەھەللە ،
ئادەملىرى ئۇم ـ ئىناق .
تۆگىلىرى شۇنچە كۆپ ،
بوزناپ تۇرار بوتىلاق .

چېۋەر ، ئىشچان ، ئەقىللىق ،
كەلپىننىڭ ئادەملىرى .
مەدەن ـ بايلىققا تولغان ،
كەلپىننىڭ تاغ ـ باغلىرى .
نىقرات :

ئەي كەلپىنىم ، جان كەلپىنىم .
ئانا يۇرتۇم ، پەخرىم يۇرتۇم ،
گۈزەل كەلپىنىم .

## ئازادلىق

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىگەن ،
كۆيۈك ناننى چىشلىگەن ،
كۈن نۇرىنى كۆرمىگەن ،
كەمبەغەلگە ئازادلىق .

دەرت ئىچىدە قاخشىغان ،
بەگ ـ خوجامغا يالۋۇرغان ،
قان ـ ياش تۆكۈپ يىغلىغان ،
كەمبەغەلگە ئازادلىق .

پومېشچىككە قۇل بولۇپ ،
دەرت ئىچىدە خۇن بولۇپ ،
ھايۋان كەبى ئىشلىگەن ،
كەمبەغەلگە ئازادلىق .

قارا تۇمان پەردىدە ،
پومېشچىكنىڭ دەردىدە ،
ھېچبىر راھەت كۆرمىگەن ،
كەمبەغەلگە ئازادلىق .

ئالۋاڭ كەلسە ھەم بەرگەن ،
پاراق چۈشسە ھەم بەرگەن ،
پومېشچىكنى سەمرىتكەن ،
كەمبەغەلگە ئازادلىق .

بەختىمىزمۇ ئېچىلدى ،
تاڭنىڭ نۇرى چېچىلدى ،
ماۋجۇشىمىز ئەپكەلدى ،
ئۆلكىمىزگە ئازادلىق .

## ۋەتەنگە مەدھىيە

بىزنىڭ ۋەتەن گۈل بولدى ،
ئاشلىقلىرى مول بولدى .
قىزىل بايراق ئاستىدا ،
راسا ياخشى توي بولدى .

ۋەتىنىمنىڭ باغلىرى ،
بايلىق بېرەر تاغلىرى .
ئالتۇن ، كۈمۈش ، نېفىتى ،
كۆپ بېرىدۇ كانلىرى .

ۋەتەن بىزنىڭ بەختىمىز ،
ئازادلىققا كەپتىمىز .
ھۆر ۋەتەننى گۈللەشكە ،
ئەر ـ ئاياللار سەپتە بىز .

www.uyghurkitap.com

## ئالغا چامدايمىز

باستۇق مانا قەدەمنى ،
سوتسىيالىزم يولىدا .
ئەمدى ھوقۇق تىزگىنى ،
ئەمگەكچىنىڭ قولىدا .

ئۇ تاكچىدا پاختا بار ،
بۇ تاكچىدا پاختا بار .
سوتسىيالىزم دەۋرىدە ،
ئەمگەكچىنىڭ بەختى بار .

ئاق چېچەكمۇ ـ ئاق چېچەك ،
بېغىمدىكى ئاق چېچەك .
نۇر چاچماقتا ئالدىمىزدا ،
شۇنداق نۇرلۇق كېلەچەك .

كەلپىننىڭ يولى تاشلىق ،
ئىككى يولى دۆڭ ـ قاشلىق .
سوتسىيالىزم دەۋرىدە ،
گۈلدەك ئۈنگەندۇ ياشلىق .

مول بولدى يەي ـ مول بولدى ،
ھوسۇلىمىز مول بولدى .
سوتسىيالىزم قۇرۇلۇپ ،
تۇرمۇشىمىز گۈل بولدى .

كەلپىن خەلقى خوپ تارتقان ،
قاشاقلىقنىڭ دەردىنى .
سوتسىيالىزم قۇرۇلۇپ ،
چاقتۇق بەخت قەنتىنى .

قەلبىمىزدە خۇشاللىق ،
ئىشلەپ زادى ھارمايمىز .
سوتسىيالىزم دەۋرىدە ،
ئالغا قاراپ چامدايمىز .

## كەلپىن ياخشى

ئەجەپ ياخشى كەلپىنىم ،
يېمىش پۇرايدۇ باغلىرى .
بايلىق ـ مەدەنگە تولغان ،
ئەتراپتىكى تاغلىرى .

ئېرىق سۇيى ئويناقلاپ ،
ئېشىك ئالدىدا ئاقىدۇ .
ھەممە جايى بوستانلىق ،
كۆڭلىمىزگە ياقىدۇ .

ئەتىياز پەسلى گۈل بولۇپ ،
باغ چېچەككە تولىدۇ .
يەر تېرىغان دېھقانلار ،
خۇشاللىققا چۆمىدۇ .

ئەجەپ ياخشى كەلپىنىم ،
ئادەملىرى ياراملىق .
ھەممە ئىشتا پىلانچى ،
قىلمايدىكەن قاراملىق .

پاكىز يۇرتۇم كەلپىنىم ،
چۈش ، پاشا كۆرۈنمەس .
بۆرگە ئاپەت يوقىدى ،
چاشقانلارمۇ كۆرۈنمەس .

ئەجەپ ياخشى كەلپىنىم ،
ئۆي ، كەنتلەر تۇتاشقان .
ھەممە بىردەك ئىشلەيدۇ ،
ئىش ئەمگەكتە چىنىققان .

ئەجەپ ياخشى كەلپىنىم ،
ئېتىزلىرى تۈپمۇ - تۈز .
ئوت كەم چىقار ئېتىزغا ،
گۆھەر كەبى بەكمۇ ئۈز .

كەلپىن خەلقى غەيرەتلىك ،
چۆلنى بوستان قىلدى .
سايىنى تۈزلەپ ئېتىز قىپ ،
ھوسۇلنى كۆپ ئالدۇ .

ئىككى ئادەمنىڭ ئىشنى ،
بىرلا ئادەم قىلدۇ .
بىر ئېتىزدىن ھەر قاچان ،
ئىككى ھوسۇل ئالدۇ .

ئەجەپ ياخشى كەلپىنىم ،
كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ .
كەلپىن خەلقى تىرىشىپ ،
ئاۋات كەلپىن قۇرىدۇ .
گۈزەل كەلپىن قۇرىدۇ .

## مامۇتخانغا مەرسىيە

(مامۇتخان گەزلىك يېزىسىدىن بولۇپ ، بۇرۇن سۇ بېشىدا بوز يەر ئېچىپ مۇنبەت يەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن . چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرا ياشتا ۋاپات بولغان . )

سەرەم باغدىكى يەرلەر ،
مەخسۇت بەگنىڭ قورۇقى .
سايرىماڭلار بۇلبۇللار ،
بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى .

مەن سايدىن ئېلىۋالدىم ،
قارا رەڭ بىلەي تاشنى .
مۇقامغا ئېلىۋالدىم ،
مامۇتخان قارا قاشنى .

كەلپىنلىكنىڭ تۈگىسى ،
كارۋان ئارا قاتاردا .
مامۇتخان ئۆلۈپ كەتتى ،
ناماز خۇپتەن ياتاردا .

مەخسۇت بەگنىڭ تۈگىسى ،
سايرام تېغىدا يايلايدۇ .
مامۇتخان ئۆلۈپ كەتسە ،
قانداق يۈرەك چىدايدۇ ؟

يېڭى تىككەن كۆچەتنى ،
تۈگە يەپ تۈۋى قالدى .
مامۇتخان ئۆلۈپ كېتىپ ،
بالىسى يېتىم قالدى .

مامۇتخان ئۆلۈپ كەتتى ،
سەۋر قىلىڭ مەستەمخان .
بىر قاسىم يېتىم قالدى ،
ئوبدان بېقىڭ مەستەمخان .

ئوچاق ئۆچتى - كۈل بولدى ،
يامغۇر چۈشتى - ھۆل بولدى .
مامۇتخاننىڭ خوتۇنى ،
ئوتتۇز بەشتە تۇل بولدى .

ماھۇتخاننىڭ بېشىغا ،
قەبرە قىلسا بولمامدۇ ؟
خۇدادىن كەلگەن ئىرادە ،
سەۋرە قىلسا بولمامدۇ ؟

قىسلدىن قىيان كەلسە ،
ماللاۋىدىن باش ئاپتۇ .
ماھۇتخان ئۆلۈپ كەتسە ،
كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ .

مەخسۇت بەگنىڭ ئىشىكىگە ،
نەدىن كەلگەن تاش ئىكەن ؟
توختاش بەگنىڭ كۆزىگە ،
نەدىن كەلگەن ياش ئىكەن ؟

سۆھبەت تامام بولغاندا ،
يېنىپ چىقتىم ھەلقىدىن .
يىغلىمىغان كىشى بارمۇ ،
گەزلىك ، پاسۇن خەلقىدىن ؟

قەشقەرگە ماھار بولۇپ ،
ئورۇق ياققان مەستەمخان .
ماھۇتخان ئۆلۈپ قېلىپ ،
يالغۇز قالغان مەستەمخان .

قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ،
چېكىت گۈللۈك بىر توننى .
قايدىن ئىزدەپ تاپارىمىز ،
ماھۇتخان قىزىل گۈلنى .

سامسا قالدى داسخاندا ،
مانتا قالدى قاسقاندا .
ئەجەپمۇ ئۆلۈپ قالدى ،
نوچىلىق ياراشقاندا .

شىشى ماتا توقۇلدى ،
غالتىكىگە تۈرۈلدى .
يىغلىغاندا توختاش بەگ ،
يۈرەك - باغرى ئېزىلدى .

سەرەم باغنى كۆكلەتكەن ،
ماھۇتخان جىگەرلىكتى .
سۇ بېشىنى كۆكلەتكەن ،
ماھۇتخان يۈرەكلىكتى .

ئازنا كۈنى جۈمەدىن ،
يېنىپ چىقتىم ھەلقىدىن .
بۇ قوشاق يالغان بولسا ،
سوراپ بېقىڭ خەقلىدىن .

يېزىدا قوش ھەيدىگەن ،
پاسۇن ئازۇ كالىسى .
بۇ قوشاقنى يازغۇچى ،
قازاخۇننىڭ بالىسى .

## ھىدايەت بەگكە مەرسىيە

( ھىدايەت بەگ 30 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن . كەلپىنلىكلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر سودىگەر ئىدى . ئۇ ، كەلپىندىكى نامراتلارنىڭ بىر يىللىق باج سوممىسىنى مۇستەقىل ئۆستىگە ئالغان ھەمدە ھەر بىر ئەر كىشىگە بىر توپ ماتا ، ھەر بىر ئايالغا بىر باش ياغلىقى تارقىتىپ بەرگەن . )

ھىدايەت بەگنىڭ تۆگىسى ،
پارچە تاغدا يايلايدۇ .
ھىدايەت بەگ ئۆلۈپ كەتسە ،
يۈرەك قانداق پايلايدۇ ؟

ھىدايەت بېگىم ياش ئىدى ،
يۇرت ئىشىدا باش ئىدى .
قازى ھاجىم ئەنسىرەپ ،
ئىككى كۆزى ياش ئىدى .

ھىدايەت بەگ تەڭگىنى ،
قىزىل تۇلۇمدا جىڭلايدۇ .
ئەتىۋار قىزى مەپىزخان ،
ۋاي ئاتام دەپ يىغلايدۇ .

ھىدايەت بەگ ئۆلۈپ كەتتى ،
نوچىلىق يارلشتاندا .
يۇرت ئىچىگە ئوت سېلىپ ،
ھەممە قالدى ئارماندا .

سەۋرى قىلىڭ بەختىخان ،
سەرۋى قىلىڭ توختىخان .
باللار يېتىم قالدى ،
ئوبدان بېقىڭ زۇمخان .

## بېخىلغا لەنەت

خامانلارنى سورىغان ،
دەستىسى يوق گۇرجەكتى .
يۇسۇپ بەگنىڭ چاي ئىچكىنى ،
بايدىن كەلگەن چۆچەكتى .

قىشتا ياغقان قارلاردىن ،
يازدا ياغقان يامغۇر ياخشى .
يۇسۇپ بەگنىڭ يامبۇسىدىن ،
ئىككى باش چامغۇر ياخشى .

مىڭ مىلى بار يۇسۇپ بەگ ،
قايناق سۇنى داغ ئىچتى .
بىر مىلى يوق نامراتلار ،
قايناق سۇنى ياغ ئىچتى .

ئالدىلىرىغا قارىسام ،
چاقىدىغان مەدەك يوق .
شەرىئەتتىن سوراڭلار ،
بېخىلغا قىز بەرمەك يوق .

شەھەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق ،
ئىنىسىنىڭ ئېتى ساۋۇتتى .
قايناق سۇنى داغ ئىچىپ ،
مېلىنىمۇ ئاۋۇتتى .

بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ،
پەرەڭ يا ئۇرۇس ئەمەس .
بېخىل بىلەن ئولتۇرۇپ ،
تائام يېمەك دۇرۇس ئەمەس .

## قۇربان ھېيت خاتىرىسى
(ئازادلىقتىن ئىلگىرى)

ناھىيىمىز كەلپىنگە ،
بىر قانچىلار باش بولدى .
ھېيت قۇربان كۈنىسى ،
بەكمۇ بەلەن ئاش بولدى .

چاقىرىشتى چوڭلارنى ،
خەتكە بىر ـ بىرلەپ سېلىپ .
« چوڭلار » گۆشنى يەپ كەتتى ،
ئۇششاقلار قاراپ قېلىپ .

بىگىم تورغاي بىقىپتۇ ،
قەپىزىدە سايرىتىپ .
چوڭلار گۆشنى يەپ كەتتى ،
ئۇششاقلارنى قارىتىپ .

كەلسە گۆشلەر ئالدىغا ،
كۆزنى يۇمۇپ ھەدەپ يەر .
بۈگۈن مۇنداق يېگەن بىلەن ،
ئاخىرەتتە نېمە دەر ؟

گۆشنى توق - توق يېدۇق دەپ ،
ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلا .
سۇرۇشتۇرسەڭ دۇنيادا ،
ھەممىزلا تەڭ پۇقرا .

قىيانمۇ ئۇلۇغ كەلسە ،
ئاتلىقلار ئۆتەلمەيدۇ .
چوڭلار مۇنداق قىلماڭلار ،
خۇدايىم كۆتەرمەيدۇ .

بۇ زامان شۇنداق زامان ،
گۆشنى چوڭلار يەيدىغان .

چوڭلار مۇنداق قىلماڭلار ،
ئاخىر ھالىڭلار يامان .

چوڭلار ھە دەپ گۆش يېسە ،
ئۇششاقلار قاراپ قالدۇق .
ئاچچىققا بەس كېلەلمەي ،
بۇ قوشاقمۇ ئالدۇق .

بۇلتۇر مۇشۇ كەم بىلەن
ئۆرۈكمۇ سۇزۇلۇپتىكەن .
« ئىنساپ » دېگەن بولمىسا ،
بۇ كەلپىن بۇزۇلۇپتىكەن .

پۇقرالارنى يامان دەپ ،
ئامبىلىڭغا دېسەڭچۇ .
قارىتىپ گۆش يېگىچە ،
ئىت تېزىكى يېسەڭچۇ .

تۇرداخۇنمۇ ياش تۇرۇپ ،
ھاسا ، تاياق تايىندى .
بۇ قوشاقنى بوش كۆرمەڭ ،
ئەمدى قوشاق ئايىندى .

## قىمارۋازغا

ھەي قىمارۋاز - قىمارۋاز ،
قىمارنىمۇ ئوينايسەن .
پۇل مېلىڭدىن ئايرىلىپ ،
كىشىنىڭ قولىغا قارايسەن .

بىر باھالىق ماللارنى ،
ئون باھاغا ئالىسەن .
ئەسلى - ۋەسلىڭدىن ئايرىلىپ ،
ئىتنىڭ كۆنىگە قالىسەن .

ئويدان بىلگىن قىمارۋاز ،
يېڭى ھۆكۈمىتىمىز بەكمۇ ساز .

ئەمدى قىمار ئويىنساڭ ،
پەنتىڭنى يەيسەن قىمارۋاز .

قىمارۋازنىڭ ئۆيىدە ،
قوساق ئاچ ھەم بىر نان يوق .
قىمارۋاز ئۆلۈپ كەتسە ،
ئاخىرەتتە ئىمان يوق .

ئۇتتۇرغانلار يىغلايدۇ ،
ياشلىرى تارام - تارام .
ئۇتتۇۋېلىپ يېگەن پۇلۇڭ ،
ئىتنىڭ گۆشىدىن ھارام .

www.uyghurkitap.com

## بەڭگىلەرگە لەنەت

تىزا ـ پۇلنى خەجلەيلى ،
خەجلىمەيلى تەڭگىنى .
ئارىمىزدىن قوغلايلى ،
نەشە چەككەن بەڭگىنى .

نەشنى چېكىۋېلىپ ،
بۇزۇۋاپتۇ رەڭگىنى .
ھېچكىممۇ ياراتمايدۇ ،
پەيلى ھورۇن بەڭگىنى .

مەينەت نەشنى چەكتىم دەپ ،
پاتقاق لايغا پاتماڭلار .
نەشە خورنى خالايىق ،
ئاراڭلارغا قاتماڭلار .

## بېغىمدىكى قىزىلاڭ

بېغىمدىكى قىزىلاڭ ،
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ .
بىر كېلىپ كۆرۈپ كەتكىن ،
يارىڭ سېنى چىللايدۇ .

قىزىلاڭ ئالا بولدى ،
تەخىر قىلساڭ پىشىدۇ .
ئالدىراپ ئۈزمە ئۇنى ،
پىشىپ قولۇڭغا چۈشىدۇ .

قىزىلاڭنىڭ تۈۋىدە ،
مۇڭدىشايلى كەل يايرىم .
قىزىلاڭ گۇۋاھ بولسۇن ،
سىردىشايلى كەل يايرىم .

## نەدىسەن

ئاھ ، نىگارىم نەدىسەن ،
قاراپ كۆزۈم تېشىلدى .
باغ ئىچىدە يۈرۈپسەن ،
تەشنالىقىم بېسىلدى .

ئاھ ، نىگارىم ئېيىت ماڭا ،
قاي يول بىلەن كۆرۈشەي .
بال ھەرىسىگە ئۆزگىرىپ ،
چېچەكلەردىن ئىزدىنەي .

ئاھ ، نىگارىم نەدىسەن ،
ئىنتىزار بولدۇم ساڭا .
قوش مېغىزنى ساقلىدىم ،
قولۇڭنى ئۇزات ماڭا .

## بۇلاق بېشىدا بىر قىز

بۇلاق بېشىدا چىمەن ،
زەپ ئوخشاپتۇ چىرايىلىق.
قوي سۆغارغىلى بارسام ،
ئاڭلاندى مۇڭ يېقىملىق.

ئوخچۇپ ئاققان زىلال سۇ ،
قىز كۆيىگە جور بوپتۇ.
يۈرەكنى تۇتۇپ باقسام ،
قىز يېنىغا بىرىۋاپتۇ.

بۇلاق بېشىدا بىر قىز ،
ناخشا ئېيتار يېقىملىق.
ئاڭا تەشنا يۈرەكمۇ
تىترىمەكتە رىتىملىق.

## چېچەكلەپ مېۋە بەرسە

سولغان چېچەك ھېچقاچان ،
ئىسسىق چىراي كۆرۈنمەس.
رەڭگىدىن كەتكەن ھامان ،
ئەتىۋارى بىلىنمەس.

يىگىت بولسا جىك بولسۇن ،
ساختىپەز يىگىت ئەمەس.
ساداقىتى بولمىسا ،
قىز قەلبىگە كىرەلمەس.

## ئۆلەن

ھاي ـ ھاي ئۆلەن ، ھاي ئۆلەن ، گۈل قايدا بار ، يار ـ يار ،
بىر ياخشىغا بىر يامان ، ھەر جايدا بار ، يار ـ يار.
ھاي ـ ھاي ئۆلەن ، ھاي ئۆلەن ، بارمۇ ھايات ، يار ـ يار ،
قارچۇغىدەك بويلىرىڭغا بولدۇم سەييات ، يار ـ يار.

بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا ، يار ـ يار ،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دەردى تولا ، يار ـ يار.
ئەگىم ـ ئەگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇ ، يار ـ يار ،
كىمخاپ تونى پۈركىنىپ ، قىز كېلىدۇ ، يار ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەن ، ھاي ئۆلەن ، مەن نەقىلاي ، يار ـ يار ،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى پارە قىلاي ، يار ـ يار.
ھاي ـ ھاي ئۆلەن ، ھاي ئۆلەن ، قار كېلىدۇ ، يار ـ يار ،
بەرگى خازان تونىنى كىيىپ ، يار كېلىدۇ ، يار ـ يار.

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا ، يار ـ يار ،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا ، يار ـ يار.
قارا ـ قارا قاغىلار خامانىدىدۇر ، يار ـ يار ،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارمانىدىدۇر ، يار ـ يار.

## § 2 . رىۋايەتلەر

كەلپىن ناھىيىسىدە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر ـ چۆچەكلەر ناھايىتى كۆپ. يەر ناملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، جەڭلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋەھاكازالار بار. نۇرغۇن رىۋايەت ـ چۆچەكلەردىكى ۋەقەلىك مۇرەككەپ، ئەگرى ـ توقاي بولۇپ، مەزمۇنى ساغلام، كۆپىنچىسى كىشىلەرنى ئاقكۆڭۈل بولۇپ، يامانلىق قىلماسلىققا، ئىناق بىرگە ياشاشقا، ئورتاق ھالدا بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشقا دەۋەت قىلىدۇ. نۇرغۇنلىرى خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت ماھارىتىگە ئىگە كىشىلەر تەرىپىدىن سۆزلەش، ناخشا قىلىپ ئېيتىش شەكلى ئارقىلىق كەڭ تارقالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدىكى ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى پازىل مۇھەممەت، سالى ئىبراھىم، ئابدۇ ساتتار ھامىدىن قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن توپلىنىپ رەتلىنىش ئارقىلىق «پاراسەتلىك ئۆچكە»، «ئىككى تال قىزىل گۈل»، «پاراسەتلىك ياش»، «ئىسكەندەر ھەققۇلى چاقچاقلىرى»، «ئىبراھىم سايىت چاقچاقلىرى» قاتارلىقلار نەشر قىلىندى.

### كەلپىن نامىنىڭ كېلىش مەنبەئى

(1)

ناھايىتى قەدىم زاماندا كەلپىن ئادەم ئاياق باسمىغان قىلىن جاڭگال ئىكەن. ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار خالىغانچە كېزىپ يۈرۈيدىكەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاتۇشتىن كەلگەن يەتتە ئۇۋچى كەلپىن تاغلىرىدا ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، بۇلاق بېشىغا (سۇ بېشىغا) كېلىپ قاپتۇ ۋە سۇنى بويلاپ مېڭىپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ، ئۇلار بۇ يەردە بۇلاق سۈيىنىڭ مول، ئورمانىنىڭ قويۇق، ئوۋلايدىغان نەرسىلەرنىڭ بەكمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى لايىق كۆرۈپتۇ ـ دە، كەپە كولاپ ماكانلىشىپ قاپتۇ، كەپە دېگەن سۆز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھازىرقى كۆندە «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

(2)

قەدىمكى زاماندا پادىشاھلار گەپ ئاڭلىمىغان، چىشىغا تەگكەنلەرگە بىر خىل نام قويۇپ قويىدىكەن، بىر پادىشاھ كەلپىنگە سىلىق چىچىپ زۇلۇم سالغاندا، نامرات كەلپىنلىكلەر قارشى چىققان ئىكەن، شۇڭا پادىشاھ كەلپىنلىكلەرنى چاتاقچى دەپ بۇ يۇرتنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىنى توسۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ يۇرتقا «كەلبىن» دېگەن نامنى قويۇپ قويۇپتۇ، («كەلبىن» پادىشاھ ياقتۇرمايدىغان خەلق دېگەن بولىدۇ، دېگەن ئىزاھاتى بەرگۈچى بار)، شۇنىڭدىن كېيىن «كەلبىن» دېگەن بۇ سۆز تەد-

رىجي ئۆزگىرىپ بۇگۈنكى كۈندە «كەلپىن» دەپ ئېيتىلىدىغان بوپتۇ.

(3)

قەدىمكى زاماندا توخرىلاردا 12 قەبىلە بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدە كالىغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر قەبىلە بار ئىكەن. ئۇ قەبىلە غەربكە كۆچكەندە مۇشۇ يۇرتقا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ يەر «كالاپان» دەپ ئاتىلىپتىكەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پان — سۆز ياسىغۇچى بولۇپ، قىلغۇچى، ئەتكۈچى، چى دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدىكەن. شۇڭا «كالاپان» دېگەن قەبىلىنىڭ نامى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە كەلپىن بولۇپ قالغان ئىكەن.

## چىم - چىم ئوغۇل

رىۋايەت قىلىنىشچە، ناھايىتى قەدىم زاماندا، ئەلمىساق باشلىنىپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەن چاغدا، كەلپىن تاغلىق ۋە قىيلىن جاڭگاللىق ئىكەن. بۇ يەردە يۇلغۇن، توغراق، شىلۋى، كۆرۈك شۇنداق قويۇق، شۇنداق يوغان ئۆسكەنكى، يەر يۈزىگە يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىكەن. جاڭگاللىقتا ئالەمدىكى ھايۋانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بەھۇزۇر قېيغىتىپ يۈرۈيدىكەن، ئۇچار قۇشلار ئەركىن پەرۋاز قىلىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاش چوماق دېگەن بىر ئوۋچى پەيدا بوپتۇ، ئۇنىڭ شىلۋىدىن ياسىۋالغان بىر چومىقى بولۇپ، ھەر قانداق ھايۋاننى شۇ چومىقى بىلەن ئۆلتۈرەلەيدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭگاللىقتا كەپە ياساپ، ئۆي راسلاپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ، ئوۋلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى ئورمان سىرتىدىكى يەرلىك خەلقلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەچكە، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قايىللىقى، ھۆرمىتى ئېشىپ، ئۇنى ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلىپتۇ.

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپتۇ، تاش چوماق ئۆيلىنىپ، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بۇ ئوغۇلنى ئىنىنى ئەركە بېقىپتۇ، ئۇنىڭغا توپا - چاڭ قوندۇرماي، ھەر نېمە تەلەپ قىلسا رايىنى ياندۇرماي پەپىلەپ بالاغەتكە يەتكۈزۈپتۇ، ئوغلىغا ئوۋچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىشنى ئېيتسا، ئوغلى ئۆگەنگىلى ئۇنىماپتۇ، ياۋا گىيا ئۇرۇقلىرىنى، ياۋا ئالما مېۋىلىرىنى تېرىپ يېيىش ئۇسۇلىنى ئېيتسا قۇلاق سالماپتۇ، بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە قولاق سالمىسمۇ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئەركىلىتىپ، مەيلىڭ، قويۇپ بېرىپتۇ، ئۇ بالا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىس بولۇش ئورنىغا، تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆگىنىپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قاتتىق كەلكۈن كېلىپ جاڭگال، سايلاردا ئادەم بويى ئېقىپتۇ، تاش چوماق بىلەن ئايالى ئوۋغا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئوغلى بىر دەرەخقە چىقىۋاپتۇ، كەلكۈن بىر - ئىككى كۈن ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمما تاش چوماق بىلەن ئايالى قايتىپ كەلمەپتۇ، ئوغلىنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۆلارنى كۈتۈپتۇ، ھۈنىرى يوق، ئاتا - ئانىسى بېقىپ ئۆگىتىپ قويغان بالا ئامال يوق، ئاتا - ئانىسنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپ، دەرەختىن چۈشۈپتۇ - دە، جاڭگال ئارىلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاچلىق زورىدىن يېيىشكە بولمايدىغان نەرسىلەرنى، سۇ ئېقىتىپ كەلگەن نەرسىلەرنى يەپ قويۇپ، قورسىقى ئاغرىپ قالغانلىقتىن،

كېيىن يېپىشكىمۇ پېتىنالماپتۇ ، ئاچ قورساق كۈن چىقىشقا قاراپ كېتىپ بارسا بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ ، بالا تاغ ئۈستىگە چىقىپ ، ئۆزى كەلگەن جاڭگال تەرەپكە قاراپ ئاتا - ئانىسىنى چاقىرىپ توۋلاپتۇ ، قاراپتۇ ، يىغلاپتۇ ، ۋارقىراپتۇ ، ئاخىر ئاۋازى پۈتۈپتۇ ، كۆزى تېلىپ چىملدايدىغان بولۇپ قاپتۇ . شۇ ۋارقىرىغانچە تاغدىن چۈشمەپتۇ ، ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالمىغاچقا ، ئاچلىق دەستىدە دەرمانىدىن كېتىپتۇ ، شۇ چاغدا بىر پەرىشتە كېلىپ ، بالىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ : « ئىسمىڭىز چىم - چىم ئوغۇل بولسۇن ، يۇرتىڭىز كەپە بولسۇن ، جىسمىڭىز مۇشۇ تاغدا تاشقا ئايلانسۇن ، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلمىغانلار سىزدىن ئىبرەت ئېلىپ ، كىچىكىدىن تارتىپ ، چىۋەر ، چېچەن ، ھۈنەرۋەن ، ئەقىللىق بولسۇن ، ئامىن » دەپتۇ - دە ، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ . پەرىشتىنىڭ دۇئاسى تامام بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئىجابەت بوپتۇ . « چىم - چىم ئوغۇل » شۇ سائەتتىن باشلاپ تاشقا ئايلىنىپ ، تاغ ئۈستىدە ماكان تۇتقان ئىكەن . ھېلىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىنى « چىم - چىم ئوغۇل » دەپ ئاتىشىدۇ . بۇ تاشقا ئايلانغان « چىم - چىم ئوغۇل » نى ( بەزىلەر « چىم - چىم ئوغلام » دەيدۇ ) كەلپىننىڭ قايسى يېزىسىدىكىلەر بولسۇن ، يىراقتىن كۆرۈپ تۇرالايدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، چىم - چىم ئوغۇل ھېلىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ، كېچە - كۈندۈز كىرپىك قاقماي تىك تۇرۇپ ، كۆزىنى چىملدىتىپ ئۇلارنى ئىزدەپ تۇرارمىش .

## ئايۇپنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى

قەدىمكى زاماندا ئاقسۇ كونىشەھەرلىك ئايۇپ پېقىر دېگەن بىر كىشى ئۈچ ئوغلىنى باشلاپ كەلپىن تومبۇرىق كونا شەھىرىگە ئىلىم تەھسىل قىلغىلى مېڭىپتۇ . يولدا تىك يارغا ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئەزىم دەرياغا دۇچ كەپتۇ . ئايۇپ پېقىر قاتارلىقلار بىلىم ئىگىلەش يولىدا ھەر قانداق قىيىنچىلىققا پەرۋا قىلماي ، تىك يار ۋە ئەزىم دەريادىن ئۆتۈپ ، ئاخىرى تومبۇرىق كونا شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ . ئايۇپ پېقىر تومبۇرىق كونا شەھىرىدە بىر قانچە يىل ئوقۇپ كاتتا موللا بوپتۇ ، كېيىن كەلپىندە قازا قىپتۇ . ئۇنىڭ تۇپراق بېشى ھېلىمۇ تومبۇرىق كونا شەھىرى يېنىدىكى مازاردا ئىمىش .

## توققۇز گۈمبەز

قەدىمكى زاماندا سامانىلار دۆلىتىدىن ئابدۇل پەتتا سامانى دېگەن كىشى لەشكەر تارتىپ كەلپىنگە كىرىپتۇ . ئۇلار كەلپىندە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىپتۇ . ئۇرۇشتا ئابدۇل پەتتا سامانى باشلىق توققۇز لەشكەر بېشى قازا قىپتۇ . ئۇلار يۇرچى يېزىسىنىڭ ھازىرقى خانىقاسى ئالدىدىكى مازارغا دەپنە قىلىنىپتۇ . ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كېيىن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، كەلپىن توقايدىن لاي توشۇپ توققۇز لەشكەر بېشىنىڭ دەرىجىسى بويىچە توققۇز گۈمبەز ياساپتۇ ( توققۇز گۈمبەز كېيىن چېقىۋېتىلگەن ) .

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# يەرلىك شىۋە . ماقال ـ تەمسىللەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# يەرلىك شېۋە . ماقال ـ تەمسىللەر

## I باب

## يەرلىك شېۋە

### § 1 . تۆرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەلپىن شېۋىسى ئالاھىدە شېۋە بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان ۋاستىلىك بايان رايى ۋە پۈتمىگەن سۈپەتداش قاتارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتىدىن ئوخشاپ كېتىدۇ . لېكىن خوتەن دىئالېكتى بىلەن يەنىلا پەرقلىق جايلىرى بار . مەسىلەن :

فونېتىكا جەھەتتە :

| كەلپىن شېۋىسىدە | خوتەن دىئالېكتىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|
| نەشۆۋت | نەشپۈت | نەشپۈت |
| ئەشكى | ئەچكۈ | ئۆچكە |

لېكسىكا جەھەتتە :

| كەلپىن شېۋىسىدە | خوتەن دىئالېكتىكىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|
| گۈلدۈرمە | ئازما | كىچىك شاقىراتما |
| چاپتى | كاكچا | كاكچانان |

گراماتىكا جەھەتتە :

| كەلپىن شېۋىسىدە | خوتەن دىئالېكتىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|---|
| يەپ تۆرىتۇ | يەپ تۈيىتۇ | يەپ تۇرىدۇ |
| ئوخۇپ تۆرىتۇ | ئوقۇپ تۈيىتۇ | ئوقۇپ تۇرىدۇ |

كەلپىن ناھىيىسى مەمۇرىي جەھەتتىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايدۇ ، لېكىن كەلپىن شېۋىسى ئاقسۇ شېۋىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ . كەلپىن شېۋىسىدە گراماتىكىلىق باغلىنىش داۋامىدا «ل ، ر ، ن» تاۋۇشلىرى

ىنىڭ بەزەن چۇشۇرۇپ ئېيتىلىشمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ .

كەلپىن شىۋىسىدە :

بو(ل )مايىقان ئىشنى قىپ يۈرسەڭلە( ر ) بو(ل )مايتۇ .

ئەدەبىي تىلدا :

بولمايدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرسەڭلار بولمايدۇ .

كەلپىن شىۋىسىدە :

ئەگۇ ئەكۈنى جاڭداپ قېپتىكەن .

ئەدەبىي تىلدا :

ئاۋۇ ئاۋۇكۈنى زۇكامداپ قاپتىكەن .

كەلپىن شىۋىسىدە :

هاگامباشلان ئېيتمامىز .

ئەدەبىي تىلدا :

هاي ـ هاي ئۆلەن ئېيتمامدىمىز .

كەلپىن شىۋىسىدە :

قىيخى نەزىر .

ئەدەبىي تىلدا :

قىرقى نەزىر .

كەلپىن شىۋىسىدە :

ئىگونى قىشقىرتتىم .

ئەدەبىي تىلدا :

ئاۋۇنى چاقىراتتىم .

كەلپىن شىۋىسىدە :

ئەڭگىزىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ ، ئەڭلىڭىزنى كىيىۋېلىڭ .

ئەدەبىي تىلدا :

سوغۇقىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ ، كىيمىڭىزنى كىيىۋېلىڭ .

كەلپىن شىۋىسىدە :

كەپشىلىرىڭلىنى تاپىسدا قوياپ قوياڭلا( ر )

ئەدەبىي تىلدا :

كەشلىرىڭلارنى پەگادا قويۇپ قويۇڭلار .

كەلپىن شىۋىسىدە :

بارىتىمىغۇ ~ بارىتمىغۇ

ئەدەبىي تىلدا :

بارىمەنغۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كەلپىن شېۋىسىدە :
ئاپاش ، ئاپاش ، نىم بولداڭ .
ئەدەبىي تىلدا :
ئوغلۇم ، قوزام نېمە بولدۇڭ .
كەلپىن شېۋىسىدە :
ئاچاكامنى كۆرتمە(ن)
ئەدەبىي تىلدا :
ئاچامنى كۆرىمەن .
كەلپىن گەزلىك يېزىسى شېۋىسىدە :
تامغا چىقىۋدىم .
ئەدەبىي تىلدا :
ئۆگزىگە چىقىۋىدىم .
كەلپىن شېۋىسىدە :
دۆلگىدە سۇ ۋامكە(ن)
شاقىراتمىدا سۇ بارمىكەن .
كەلپىن شېۋىسىدە :
تامنى سۇگامتىكە(ن)
ئەدەبىي تىلدا :
تامنى سۇۋامدىكەن .
كەلپىن شېۋىسىدە :
ئىيشۇ قۇرۇغدا بىيكە(ن)
ئەدەبىي تىلدا :
ئاشۇ قۇرۇغدا (ئىپتىزلىقتا) بار ئىكەن .
كەلپىن شېۋىسىدە :
ئەڭلىمنى يۇپ قوي .
ئەدەبىي تىلدا :
كىيىممنى يۇيۇپ قوي .
كەلپىن شېۋىسىدە :
بۇ يىل (بۇ يۇل) بارتمە(ن) دەيتمە(ن)
ئەدەبىي تىلدا :
بۇ يىل بارىمەن دەيمەن .
كەلپىن شېۋىسىدە :
ئۇگاتمايتقان ئادەمكە(ن)
ئەدەبىي تىلدا :

ئۇياتمايدىغان ئادەم ئىكەن.

كەلپىن شېۋىسىدە:

ئوتانغا ۋا(ر) غان.

ئەدەبىي تىلدا:

ئوتۇنغا بارغان.

كەلپىن شېۋىسىدە:

موگۇندىۋى نېمە.

ئەدەبىي تىلدا:

ماۋۇ بىر نېمە

كەلپىن شېۋىسىدە:

ھەنەيۋاقى با(ر) مۇ؟

ئەدەبىي تىلدا:

گاچا ـ كېكەچ بارمۇ؟

كەلپىن شېۋىسىدە:

يۇدەكامىنىڭ (يونۇس ئاكامنىڭ) ھوشۇ

ئەدەبىي تىلدا:

ھورۇن، كىلەڭكەي ئادەم.

كەلپىن شېۋىسىدە:

سان تۆپىسىدە

ئەدەبىي تىلدا:

ساندۇق ئۈستىدە

كەلپىن چەت ـ ياقا، تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلىدۇ. چەت جايلار بىلەن باردى ـ كەلدىسى ئاز بولغاچقا، ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە كەلپىن شېۋىسى شەكىللەنگەن. تاغ رايونىدا ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار ئارىلىشىپ ياشايدۇ، شۇڭا كەلپىن شېۋىسىدە قىرغىز تىلى تەركىبىمۇ ئاز ئەمەس.

كەلپىن ناھىيىسى ئىچىدىكى يېزىلار ھەتتا كەنتلەر بىلەن كەنتلەر ئارىسىدىمۇ شېۋە جەھەتتىن بەزى پەرقلەر بار بولۇپ، ئۇ، گراماتىكا، جۈملە ئىنتوناتسىيىسى جەھەتتە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يۇرچى يېزىسىغا قاراشلىق ئارايماق كەنتىدە «ئاچاكا» دېسە، قارا كۆت كەنتىدە «ئاچا» دەيدۇ. گەزلىك يېزىسى، ئاچال يېزىسى مەلۇم جەھەتلەردىن مەركىزىي دىئالېكت رايونىنىڭ شىمالىي شېۋىلىرىگە يېقىنلاشسا، يۇرچى يېزىسى جەنۇبىي شېۋىلەرگە يېقىنلىشىدۇ. مەسىلەن: ئۆتۈك، ئوتۇن سۆزلىرى گەزلىك يېزىسى بىلەن ئاچال يېزىسىدا «ئۆتەك»، «ئوتان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنسا، يۇرچى يېزىسىدا «ئۆتۈك»، «ئوتۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەمما يۇرچى يېزىسىدا بولسۇن ياكى گەزلىك يېزىسىدا بولسۇن، «ئويۇن»، «قولۇم»، «كۆزۈم»، «تويۇپ»، «كۆرۈپ» سۆزلىرى «ئويان»، «قولام»، «كۆزەم»، «توياپ»، «كۆرەپ» دەپ ئېيتىلىدۇ.

# § 2 . فونېتىكا

1 . ئەدەبىي تىلدىكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇش «ئا» ، «ئە» كەلپىن شېۋىسىدە «ئى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| قامچى | قامچا |
| پالتى ـ پالدى | پالتا |
| مانتى | مانتا |
| دۇرى | دورا |
| قۇتى | قۇتا |
| سومكى | سومكا |
| ناخشى | ناخشا |
| تاماكى | تاماكا |
| قوشنى | قوشنا |
| يۇندى | يۇندا |
| ئۇكچى | ئۇرۇقچا |
| زەمچى | زەمچە |
| گۇلى | گۇلە |

2 . ئۇزۇك تاۋۇش «ر» كەلپىن شېۋىسىدە «ي» غا ئۆزگىرىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| بى | بىر |
| كىي | كىر |
| يىگىيمە | يىگىرمە |
| تەتۈي | تەتۈر |
| ئىنتى ، ئىشتى | ئىنتىر |
| دەييا | دەريا |
| قىيغاق | قىرغاق |
| قىيغىز | قىرغىز |
| كۆ( ر )سەت ، كۆ( ر )سۈت | كۆرسەت |
| قىيخ | قىرىق |
| ئۆ( ر )دەك | ئۆردەك |
| قى | قىر |
| قىشقىيماق ـ قىچيىماق | چاقىرماق ، قىچىرماق |
| ھۇنە( ر )ۋەن | ھۇنەرۋەن |
| مىدىيلىماق | مىدىرلىماق |
| ئە( ر )زەن | ئەرزان |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| سۈپپىگە ،سۈپپىگى | سۇپۇرگە |
| يامغۇ(ر) | يامغۇر |
| ئېغىي | ئېغىر |
| تاگا ، تاۋا(ر) | تاۋار |
| تاكاچا | تاركوچا |
| تىيماق | تىرناق |
| تا(ر)خىماق | تارقىماق |

3 . بوغۇم ئاخىرىدىكى « ج » تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە « ژ » ياكى « ش » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| كاشلىق | كاجلىق |
| خەشلە | خەجلە |
| بەتخەش | بەتخەج |

4 . سۆز بېشى ياكى سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن « ۋ » تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە كۆپىنچە « گ » گە نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| جۇگاز | جۇۋاز |
| ئۇگال | ئۇۋال |
| جۇگان | جۇۋان |
| زەدىگال | زەدىۋال |
| سۇگا | سۇۋا |
| ھاندۇگا | ئەندۇۋا |
| يۇگاش( ياگاش ) | يۇۋاش |
| ھايگانچا | ھاۋانچا |

5 . كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش « ئا » تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش « ئە »گە ئۆزگىرىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ھەسرەش | ھاسراش |
| ئەدەم | ئادەم |
| ھەكاۋۇر | ھاكاۋۇر |
| كەنەي | كاناي |
| تەمە | تاما |
| تاختەي | تاختاي |
| قەخەر | قاھار |
| ئەمرىكا | ئامېرىكا |
| سەرەم | سارەم |
| پەلۋان | پالۋان |
| ئىزنەك | ئىزناك |

6 . كەلپىن شېۋىسىدە بەزى سۆزلەرنىڭ 1 ـ بوغۇمىدا «ئو ، ئۆ» سوزۇق تاۋۇشلىرى ئەلسە ، 2 ـ ۋە 3 ـ بوغۇملىرىدىمۇ «ئو ، ئۆ» تاۋۇشلىرى كېلىدۇ . مەسىلەن :

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| موزوي | موزاي |
| نوگوي | نوگاي |
| ئۆگۆي | ئۆگەي |
| بۆنۆگۆن | بۆرناكۆن |
| كۆسۆي | كۆسەي |

7 . 1 ـ بوغۇمى سوزۇق تاۋۇش «ئە» بىلەن كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ 1 ـ بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى تارىخىي ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئەدەبىي تىلدا بەزىن «ئې» غا ئۆزگىرىدۇ ، بەزىن ئەينەن ساقلىنىدۇ . لېكىن كەلپىن شېۋىسىدە بەزىن خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بويىچە «I» غا ئۆزگىرىدۇ (ھازىرقى يېزىقىمىزدا بۇ تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە بولمىغاچقا ، باشتىن ئاياغ «ئى» بىلەن ئىپادىلەندى) .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| شىپەرەڭ | شەپەرەڭ |
| كىمە | كېمە |
| جىسەت | جەسەت |
| كىچە | كېچە |
| كىلىن | كېلىن |
| كىپىنەك | كېپىنەك |

جۈملىدىن سوزۇق تاۋۇش «ئە» بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى تۈرلىگەندە ، ئەگەر 1 ـ بوغۇمى ئۈچۈق بوغۇم بولسا ، بۇ يەردىكى سوزۇق تاۋۇش «ئە» ئەدەبىي تىلدا «ئې» غا نۆۋەتلەشسە ، كەلپىن شېۋىسىدە «ئى» غا نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئىپى | ئەپ ـ ئېپى |
| كىلىك | كەل ـ كېلىك |
| يىتەر | يەت ـ يېتەر |
| بىلى | بەل ـ بېلى |

8 . «ر» ، «ۋ» ، «ئا» ، «ئە» ، «ئو» قاتارلىق تاۋۇشلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن «پ» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە «ۋ»غا نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| كىۋە ـ كىۋى | كىرپە |
| تاۋىلاش | تاپىلاش |
| تو(ر)ۋاق | توپراق |
| سوۋۇن | سوپۇن |
| كۆ(ر)ۋە | كۆرپە |
| ئاۋا(ئاپا) | ئارپا |
| تووا | توپا |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| خەۋرۈك | خەپرۈك |
| سوۋرا | سۈپرا |
| قوۋارماق | قوپۇرماق |

**9 . قىسمەن سۆزلەرنىڭ 1 ـ ياكى 2 ـ بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش « ئى » نىڭ ئالدىدا كەلگەن « ھ » تاۋۇشى كەلپىن شىۋىسىدە « ي » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .**

| كەلپىن شىۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| شىيت | شېھت |
| بىيىش | بېھىش |
| يساپ | ھېساب |
| گايى | گاھى |
| ميمان | مېھمان |
| جايىل | جاھىل |

**10 . كەلپىن شىۋىسىدە « ئا » ، « ئە » ، « ئى » بىلەن باشلانغان سۆزلەردە مەزكۇر « ئا » ، « ئە » ، « ئى » نىڭ ئالدىغا « ھ » قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن « ب » تاۋۇشى « ۋ » غا ئۆزگىرىشىدۇ .**

| كەلپىن شىۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ھاشىق | ئاشىق |
| ھاۋلا ـ ھاۋدىللا | ئابدۇللا |
| ھاۋدال | ئابدال |
| ھاۋدىراخمان ـ ھاۋدىك | ئابدۇراخمان |
| ھاۋلىز | ئابلىز |
| ھاۋساتتا(ر) ـ ھاۋدىساتتا(ر) | ئابدۇساتتار |
| ھاجايىپ | ئاجايىپ |
| ھامبال | ئامبال |
| ھەقىل | ئەقىل |
| ھەيىپ | ئەيىپ |
| ھەسنەك | ئەسنەك |
| ھەجەپ | ئەجەپ |
| ھەمەل | ئەمەل |
| ھەينەك | ئەينەك |
| ھەينۈلا | ئەينولا |
| ھىمارەت | ئىمارەت |
| ھىلدام | ئىلدام |
| ھىلان | يىلان |
| ھىلاخۇن | ئىلاخۇن |
| ھىز ، ھىزى | ئەزىز |
| ھەپەندى | ئەپەندى |

لېكىن تۆۋەندىكى بىر قىسىم سۆزلەر بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| ئاشقا پىچەك | ھەشقىپىچەك |

| | |
|---|---|
| ئەندۈگە | ئەندۈۋا |

11 . تاق بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق قىسمەن سۆزلەردە «ھ» تاۋۇشى ياكى شۇ تاۋۇش كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇ ئورۇندىكى سوزۇق تاۋۇش سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ (مۇنداق سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش «:» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى).

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| تۆ:مەت | تۆھمەت |
| ئىمتا:ن | ئىمتىھان |
| جارا:ئەت | جاراھەت |
| را:ئەت | راھەت |
| ما:رەت | ماھارەت |
| ئۆل | ھۆل |
| سۆ:بەت | سۆھبەت |
| رە:بەر | رەھبەر |
| ئىترام | ئىھتىرام |
| شە(ھەر): | شەھەر |
| سە(ھەر): | سەھەر |

12 . قىسمەن سۆزلەردە «ئا»، «ئە»، «ئو»، «ئۇ»، «ئى» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلگەن «ي» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە چۈشۈپ قالىدۇ.

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| مە:نەت | مەينەت |
| سا:را | سايرا |
| قا:رىش، قا:رىماق | قايرىش، قايرىماق |
| قا:سى، قا:سۇ | قايسى |
| غە:ۋەت، غۇەت | غەيۋەت |
| بىتتى | بىيت |
| قۇ:رۇق | قۇيرۇق |
| ئو:غاق | ئويغاق |
| قا:چى | قايچا |
| ئۇ:خى | ئۇيقۇ |
| چو:لى | چويلا |

13 . كەلپىن شېۋىسىدە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان قىسمەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا سوزۇق تاۋۇش «ئا»، «ئى» قوشۇلۇپ قالىدۇ.

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| پاكىزا | پاكىز |
| چاخى | چاق |
| يېزى | يېزا |

14 . كەلپىن شېۋىسىدە بەزى سۆزلەردە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئارىسىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئى» قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| دەكىلات | دوكلات |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

| | |
|---|---|
| ئادىرىس | ئادرېس |
| سولىقاي | سولخاي، |
| لاۋىزا ( لاۋازا ) | لاۋزا |

**15 . كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قېلىشتىن سىرت ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار .**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| دا : | دۇئا |
| شىك | ئىشىك |
| كات | كارىۋات |
| داسقان | داستىخان |
| قاپ | قاپچۇق |
| پۇشمان | پۇشايمان |
| داۋزا | دەرۋازا |

**16 . لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش « ئۆ » 1 ـ ئوچۇق بوغۇمدا كەلگەندە ، كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە « ئۇ » گە ئۆزگىرىدۇ .**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| سۇگەت | سۆگەت |
| سۇڭەك | سۆڭەك |
| كۇتەك | كۆتەك |
| بۇرى | بۆرە |

**17 . لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش « ئۆ » 1 ـ بوغۇمدا كەلگەن كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە « ئو » غا ئۆزگىرىدۇ .**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| چوگۈن ( چوياشمۇ دېيىلىدۇ ) | چۆگۈن |
| گوش | گۆش |
| گو | گۆر |
| سوك | سۆك |

**18 . لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش « ئۈ » كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە « ئۇ » غا ئۆزگىرىدۇ .**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| يۇگورماق | يۈگۈرمەك |
| كۇچۇك | كۈچۈك |
| گۇلقەن | گۈلقەنت |
| كۇچۇيۇش | كۈچىيىش |
| كۇنجۇت | كۈنجۈت |
| تۇنۇك | تۈڭلۈك |

**19 . كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە ئەدەبىي تىلدىكى « ي » تاۋۇشى « گ » بىلەن ئۆزگىرىشپ كېلىدۇ . مەسىلەن :**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئۇگات | ئۇيات |
| سۆگدى | سۆيدى |

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

| | |
|---|---|
| سۆگ | سۆي |
| هوگلا ، هوگۈل | هويلا |

20 . جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ق» سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە ، كۆپىنچە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «غ» بولۇپ ئېيتىلىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئاچچىغ | ئاچچىق |
| ئوتاغ | ئوتاق |
| ئاتاغ | ئاتاق |
| ئىسسىغ | ئىسسىق |
| ئىللىغ | ئىللىق |
| بايلىغ | بايلىق |
| قانداغ | قانداق |
| ياماغ | ياماق |
| چىراغ | چىراق |

21 .ئەدەبىي تىلدا سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ك» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە «گ» گە ئۆزگىرىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| تېرىگ | تېرىك |
| چۈچۈگ | چۈچۈك |
| يىرىگ | يىرىك |
| چىرىگ | چىرىك |
| ئىلىگ | ئىلىك |

22 . جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ق» قىسمەن سۆزلەردە «خ» غا ئالمىشىدۇ . مەسىلەن :

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| تەخسىمات | تەقسىمات |
| تەخسىم | تەقسىم |
| قاختى ، قاخماق | قاقتى ، قاقماق |
| ساخلا | ساقلا |
| تالغان | تالقان |
| ياخا | ياقا |
| مەخسەت | مەقسەت |
| مىخ | مىق |

23 . ئەدەبىي تىلدىكى «ۋ» تاۋۇشى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە ، كەلپىن شېۋىسىدىكى قىسمەن سۆزلەردە «گ» غا ئۆزگىرىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ھاگا | ھاۋا |

| | |
|---|---|
| زەدىگال | زەدىۋال |
| ھەيگان | ئايۋان |
| ئۇگا | ئۇۋا |
| زاگال | زاۋال |
| تاگا(ر): | تاۋار |
| زۇگۇلا ، زۇگىلا | زۇۋۇلا |
| چۇگۇش ، چۇۋۇش | چۇۋۇش |
| سۇگاش | سۇۋاش |
| ناگادا | ناۋادا |
| جۇگا | جۇۋا |
| جۇگازچى | جۇۋازچى |
| دۇگات | دۇۋەت |
| ساگاپ | ساۋاپ |
| ئۇگاق | ئۇۋاق |
| مۇگۇ ، ئەگۇ ، تىگۇ ، تەگۇ | ماۋۇ ، ئاۋۇ ، ئەۋۇ |
| ھايگانچى (ھايگانچا) | ھاۋانچا |
| ئاگال | ئاۋۇال |
| ئۇگال | ئۇۋال |

24 . كەلپىن شېۋىسىدە «ئا» ، «ئە» ، «ئى» تاۋۇشلىرىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ل» تاۋۇشى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن «م» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ . بۇ جەھەتتە ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش . مەسىلەن :

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئالما ـ | ئالما ـ |
| كەلمە ـ | كەلمە ـ |
| سالما ـ | سالما ـ |
| قالما ـ | قالما ـ |
| قىلما ـ | قىلما ـ |
| تىلما ـ | تىلما ـ |

25 . كەلپىن شېۋىسىدە «س» تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ز» تاۋۇشى ۋە «ت» تاۋۇشى «س» غا ئۆزگىرىشلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| تۇسسىز | تۇزسىز |
| ساۋاسسىز | ساۋاتسىز |
| بەلەسسىز | بەلەتسىز |

26 . كەلپىن شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى «غ» تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكى «خ» نىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| غىزمەت ، خىزمەت | خىزمەت |

| | |
|---|---|
| غوراز | خوراز |
| غوجام | خوجام |

27 . بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «چ» كەلپىن شېۋىسىدە ، بەزى چاغلاردا «ش» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| مەشت | مىچىت |
| ئاشقۇچ ، ئاشقۇش | ئاچقۇچ |
| قاشقۇن | قاچقۇن |
| ئەشكى | ئۆچكە |
| ئىشكى | ئىچكى |
| كۈشلۈق | كۈچلۈك |
| كۆشمەك | كۆچمەك |
| چەشلەش | چەچلەش |
| چاشراش | چاچراش |

28 . كەلپىن شېۋىسىدە جاراڭسىزلاشقان «ئى» دىن كېيىن «ش» قوشۇلۇپ قالىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| پىشت | پىت |
| ئىشتىپ كەتمەك | يۈتۈپ كەتمەك |
| ئىشت | ئىت |
| ئىشكى | ئىككى |

29 . كۆرسىتىش ئالماشلىرىدا سۆز بېشىدا كەلگەن «ب» تاۋۇشى بەزىدە «م» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| مۇنىڭ | بۇنىڭ |
| مۇنىڭغا | بۇنىڭغا |
| مۇنداغ | بۇنداق |
| مۇنچە | بۇنچە |
| مۇقات | بۇ تەرەپ ، بۇياق |

30 . كەلپىن شېۋىسىدە سۆز بېشىدا ئېغىز سوزۇق تاۋۇشلار ئالدىدىكى «ي» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا «ژ» نى ئىشلىتىش ئەھۋالى يوق . مەسىلەن :

يىل ( ژىل ئەمەس ) ، يۈرەك ( ژۈرەك ئەمەس )
ئىخلىماق ( ژىقلىماق ئەمەس )
يۈگرەك ( ژۈگرۈك ئەمەس ) ، يۇلدۇز ( ژۇلتۇز ئەمەس )
يىغىن ( ژىغىن ئەمەس ) ، يىغىلىش ( ژىغىلىش ئەمەس )
يىرىك ( ژىرىك ئەمەس ) ، يىراق ( ژىراق ئەمەس )

يىلمان ( ژىلمان ئەمەس ) ، يۈندى ( ژۈندا ئەمەس )
يۈگۈماق ( ژۈگۈماق ئەمەس ) ، يۈرگۈزمەك ( ژۈرگۈزمەك ئەمەس )

31 . ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى « قارا » سۆزى كەلپىن شېۋىسىدە « قالا » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| قالا - | قارا - |
| قالىماق | قارىماق |
| قالاش | قاراش |
| قالىغىن | قارىغىن |

32 . كەلپىن شېۋىسىدە قىسمەن سۆزلەرنىڭ بېشىدا ئەدەبىي تىلدىكى « ي » تاۋۇشى « ش » تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| شىپ | يىپ |
| شىشىش | يېشىش |
| شىلىم | يېلىم |

33 . 1 - بوغۇمدىكى « ئو ،ئۆ » ئوچۇق بوغۇم بولۇپ كېيىنكى بوغۇمدا « ئۇ ، ئۈ » بولسا ، كەلپىن شېۋىسىدە ئالدىنقى بوغۇمدىكى « ئو ، ئۆ » تاۋۇشى « ئۇ ،ئۈ » گە ، كېيىنكى بوغۇمدىكى « ئۇ ، ئۈ » تاۋۇشى « ئا ، ئە » گە نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| كۈڭەل | كۆڭۈل |
| كۈنەگ | كۆنۈك |
| ئۈچەگلىگ | ئۆچۈكلۈك |
| بۈلەگ | بۆلۈك |
| كۈمەش | كۆمۈش |
| كۈمە( ر ) : | كۆمۈر |
| ئۈسەش | ئۆسۈش |
| بۇيانتۇرۇق | بويۇنتۇرۇق |
| بۇغازلاماق | بوغۇزلىماق |
| قۇڭغاز | قوڭغۇز |
| ئۇغال | ئوغۇل |

34 . بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن « پ » تاۋۇشى ئەگەر ئۆزىدىن كېيىن « س » تاۋۇشى كەلسە ، « ف » غا نۆۋەتلىشىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| لەيلەفسەن | لەيلەپسەن |
| بىرىفسەن | بېرىپسەن |
| تافسام | تاپسام |
| ئېيتىفسەن | ئېيتىپسەن |
| چافسان | چاپسان |
| قافسا | قاپسا |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| يافسا | ياپسا |

**35 . كەلپىن شېۋىسىدە قىسمەن سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ :**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| پەيلەي | پەلەي |
| هايۋانچا | هاۋانچە |
| ئاغاينە | ئاغىنە |
| پەيلەمپەي | پەلەمپەي |
| چويجا | چۈجە |

**36 . كەلپىن شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى قىسمەن سۆزلەرنىڭ تاۋۇش ئورنى ئالمىشىپ كېتىدۇ :**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئارغۇي | ئايغىر |
| ئەلخەت | ئەخلەت |

**37 . بەزى سۆزلەردە ئەدەبىي تىلدىكى «ت» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە «د» غا ئۆزگىرىدۇ . بەزى سۆزلەردە «د» «ت» غا ئۆزگىرىدۇ :**

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| يىلدىز | يىلتىز |
| يۇلدۇز | يۇلتۇز |
| سىگدەك | چېكىرتكە |
| پاتا | پادا |
| پاتشا | پادىشا |

# § 3 . لېكسىكا

كەلپىن شېۋىسى سۆزلۈك جەھەتتىن ئەدەبىي تىل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ . ئەمما تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئورنى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىسمەن سۆزلەر ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشىمايدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئاپىچا ~ ئاپپىچا | ئاچا (تۇغقىنى) |
| ئاتاكام | (ئېچىنغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز) |
| ئاتما | كىيىم ئاسىدىغان تاياق |
| ئاچكا | ئاچا |
| ئاۋاقان | سۇلۇ |
| ئايلىكا | ئاچا |

| | |
|---|---|
| ئالچۇق | كىچىك كىگىز ئۆي |
| ئايماق | مەھەللە |
| ئاق ئۆي | كىگىز ئۆي |
| ئاقياما | ئاشلىقتىن ياسالغان ئىچىملىك ، بوزا |
| ئاتكا | ئاغا |
| ئاپاش | ھوي |
| ئاتقۇچ | رەگەتكە ، سوزما |
| ئاغايلىرىم | غەزەپتىن ، ھەيرانلىقتىن ئېيتىلىدىغان سۆز |
| ئالاڭلىق | پاراكەندىچىلىك |
| ئاغايلا | چارىسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان يىلىنىش سۆزى |
| ئانكۇي ، ئۇنكۇي | ھوي ، پاھ ( ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ ) |
| ئالامونياق | ئىشنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى |
| ئالا ( ر ) : مەن | سېتىۋالغۇچى |
| ئەڭىل | كىيىم |
| ئەگرەك | كىچىك ئايلانچۇق |
| ئەمەراخمان | قالايمىقان |
| ئەت | بەدەن ، گۆش |
| ئەمنى ~ ئەمدى | ئەمدى |
| ئەندۇ | قوپال |
| ئەندۈرەش | چۆچۈش ، ئەندىكىش |
| ئەتەنە | ئايىقى سۇيۇق |
| بۆ زا( ر ) : مەن | ئىسراپخور |
| بۆچماق | بىزىمەك |
| بۆكمەك | ياپماق ، يوشۇرماق |
| بۇرالغۇ | يات ئادەم ( تىللىغاندا قوللىنىلىدۇ ) |
| بولسا | داكا چىت |
| باجىڭگىر | ئەرلەرنىڭ ئىگىز پاشنىلىق ئاياق كىيىمى |
| بىر توغرام نان | بىرنانىنىڭ تۆتتىن بىرى |
| بۆك | دوپپا |
| بۆكسى | تاغ قاپتىلى |
| بەقەم | ساراڭ |
| پاي ـ پاي | بىر پۇتلاپ مېڭىش |

| | |
|---|---|
| پايمۇ پاي | ئوك ۋە سول پۇت بىر خىللا بولۇپ قىلىش |
| پۇيمە | پۇرمە ، ئولپاق |
| پاسات | قوناق يۇپۇرمىقى ، قوناق بېشىدىكى سوپپاق |
| پوتلى ئېشى | توينىڭ ئىككىنچى كۈنىدىكى چاي |
| پوكان | گۇلە بولاي دەپ قالغان ئۆرۈك |
| پۇچۇق نان | يېرىم نان |
| تاشا ( ر ) : قاش | تېشىر قىماق |
| تەگلە ( ئە )تە | ئەتە ئەتىگەن |
| تەگلە ( ئا ) خشام | ئەتە ئاخشام |
| تىلمۇق | گاچا |
| تاراكام چاپماق | ئېشەكنى چاپتۇرۇپ ماڭماق |
| تاشا يۇت | يات يۇرت |
| توگرا | كىر |
| تومنان | بۇغداي نان |
| تۆرۈچاق | شورى يوق ئوچاق |
| تاپسى | پەگا ، تاپسا |
| تۆكۈچ | چەككۈچ ( نانغا چېكىلىدىغان چەككۈچ ) |
| تېنقىز | يىپ تۇرىدىغان ئۈچ پۇتلۇق ئاچا |
| تاشمەت | ياسانچۇق |
| تىكەلچۇق | ئۈچىلىقنىڭ ياپمىسى |
| تاقىلماق | سەكرىمەك |
| تەقەي | قىرغىز دوپپىسى ، تۇماق ئىچىگە كىيىلىدىغان دوپپا |
| تولغا | ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئۈچلۇق ئەسۋاب |
| تى ، تىينى | ئاۋۇ ، ئاۋۇنى |
| تاينىلىق | ھېچقانچە ئەمەس |
| تىپۇ ، تىپۇدا | دەسلەپ ، دەسلەپتە |
| تومۇزە | يىپ ئىگىرىدىغان ياغاچ |
| تىيلە قىلماق | سۇرۇشتە قىلماق |
| تارىشا | ئورۇق ئادەم ، قاتۇرۇلغان ياغاچ شىنە |
| توخۇناق | ئىلغۇچ |
| تىيزا | قەغەز پۇل |
| تومتاق گەپ | چۈشىنىكسىز گەپ |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| تنى ، تنگۈنى | ئاۋۇ ، ئاۋۇنى |
| تۆشلۆكى يوق | تاماقتا ئۇستا ئەمەس |
| تۆشلۆك | تاماق ئېتىدىغان سۇپا |
| تۆگە يانباش | چېلىشتا ئارقىسىدىن يانپاشقا ئېلىش |
| تۆگە بۇيان | بەكمۇ ئايلانما ، ئەگرى ئېتىز ، كېيىم ـ كېچەك ۋە نەرسىلەرنى ئارتىپ قويىدىغان نەرسە |
| تووبېشى | قەبرىستانلىق |
| جەللە | پارە |
| جىلتىلاش | مۇقاۋىلاش ، كىتابنى تاشلاش |
| جەۋەن نان | قوناق ئۇنى بىلەن بۇغداي ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان نان |
| جىرىڭداق | قوڭغىراق |
| جوجەي | قوقاق |
| جۇمۇش | سۇغا چۆكۈش |
| جەللە ، جەلگە | چەلگە |
| جاڭ | زۇكام |
| جاڭدىماق | زۇكامدىماق |
| چوت پايپاق | پىيما |
| چىرەك | بىر خىل باللار ئويۇنى |
| چارا | چوڭ چۆچەك |
| چارا كۆز | چوڭ كۆز |
| چۇدا | تۆگىنىڭ بويۇن يۇڭى |
| چۇياش ~ چۇجاش | چۆگۈن |
| چېتماق | ئېتىزنىڭ قىرىغا ئۆسىدىغان پىچان |
| چاپتى | كاكچانان ، چاۋان نان |
| چاغلى | ئالارەڭ |
| چاڭقۇرۇن | ئالدىراش |
| چاۋا | سەت |
| چامبۇل ئىشەك | چوڭ ئېشەك ، ئالا ئېشەك |
| چىبغى ۋا( ر ) : | . . .ئوخشايدۇ |
| چوقات | كۆل ئالدىغان سايمان |
| چۆپچۆل | غورىگۆل ، ئاددىي |
| چاماق | يانپاش |
| چاقان كۆز | كۆزى كۆككە مايىل ئادەم |
| چالما | خام كېسەك |
| خىپىمەچ | كىچىك داستىخان ، سۇپرا |
| خەسەم ، خەسەم جىنىم | جىنىم |

| | |
|---|---|
| خەش غەشە قىلماق | غەلۋە قىلماق |
| داڭگىر | ئورۇق |
| دۆمبۇل | كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭ جاي |
| داپسۇق | دوۋۇسۇن (گەزلىك يېزىسىدا) |
| دىككاك | توكۇر |
| دوملىماق | ئېغىز تەككۈزمەك |
| دۇمۇجۇمەك | سەنتۈرۈلمەك |
| دۇشقالىق بەرمەك | زەربە بەرمەك |
| دۈرۈشلۈق بەرمەك | ئازار بەرمەك |
| دۇمباشاق ئاتقۇزماق | موللاق ئاتقۇزماق ، يىقىتماق |
| دۆش | دۆڭ |
| دۇت | تۇتۇن تۆشۈكى ، مورا |
| دېلىزە | ئوتتۇرا ئۆي ، دەھلىز |
| دۆلگە | شاقىراتما |
| رەپىدە ،رىپىتە | نان ياقىدىغان نەرسە ، رەپىدە |
| رومال | ئاق داكا ياغلىق |
| راگان | غەيۋەت ، تېتىقسىز ، تولا گەپ |
| راگان ئوقۇماق | غەيۋەت قىلماق |
| زاغرا | مەخسۇس تېرىق ئۇننى كۆرسىتىدۇ |
| زە | قىزغانچۇق |
| زاراتلىق | قەبرىستانلىق |
| زاكا | ئاتىكاچى |
| سۇلگۈچ | تارغاقنىڭ بىر خىلى |
| سوقۇما | تۇۋرۇك |
| سۇگۇلۇك | ھاجەتخانا |
| سۇپۇرۇچ | چامغۇردا قىلىنغان جوۋاۋا |
| سۇلاق | سۇ ئېلىش ئۇچۇن مۇزدىن ئېچىلغان تۆشۈك |
| سۇيام | كىچىك غېرىچ |
| سۇپۇرۇندى ~ سۇۋۇرۇندى | ئەخلەت ، سۇپۇرۇندى نەرسە |
| ساياق ئات | ئۇركىگەك ئات |
| سۇرە | ئېتىزلىقتىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆي ، لەمپە ، ساتما |
| سوققا | چار ئېزىدىغان سايمان |
| ساناچ | تولۇم ، تېرە خالتا ، چاناچ |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| سا : غان | ئېگىز قۇمۇشلۇق |
| سۇ كىچەك | سۇپا |
| سوغان | قاپارتما كېسەل |
| سۆكۆچەك | تامغا يۆلەپ سېلىنغان لاي |
| ساتا (ر) : مەن | ساتقۇچى |
| سۇقۇنماق | يۇشۇرۇنماق ، مۆكمەك |
| سوقۇنۇشماق | مۆكۈ ـ مۆكىلەڭ |
| سوداملاشماق | قول باغلاشماق |
| سوغاق لېپەز | سوغۇق چىراي |
| شىۋاق | سۇپۇرگە ، شىۋاق سۇپۇرگە |
| شىشى | ماتا ، خام ، بۆز |
| شىنەگە بولۇپ قالماق | ئامراق بولۇپ قالماق ، ئىجىل بولۇپ قالماق |
| شادا ~ جىمبىل | جىمبىل |
| شاپاق | خەسە دوپپا |
| شەتلەنگە | كاتەكچە توقۇلغان رەخت |
| شۇمداغ | شۇنداق |
| غىژمان | يىغلاڭغۇ |
| غورۇ | پادا |
| غەچچەي | چار ئوت |
| غالماي | هاكاۋۇر |
| قوشام | ۋادەك ، قاشا |
| قاي | قايغۇ |
| قورۇغ | دالا ، ئېتىزلىق |
| قىشغى | كەپسىز |
| قات | تەرەپ |
| قىيىق | شوخ |
| قوت | ئالدىراش |
| قوغان | سامانىنىڭ ئۇششىقى |
| قاتىلاڭچىلىق | جىددىيلىك ، ئالدىراشچىلىق |
| قەۋەت | ناهايىتى |
| قاپچىغاي | ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى جىلغا |
| قايمال | هىنگان ، چىشى تۆگە |
| قايماق | تۆگىنىڭ بوغاز بولۇشى ، قايغان تۆگە ـ بوغاز بولغان تۆگە |

| | |
|---|---|
| قوشنى | قوشنا |
| قىپچۇق | غىدىق |
| قىسىل | تار جىلغا |
| قاسماق | كىر ، پاسكىنا |
| قاڭنا | ساراڭ ، كالۋا ، دەلدۈش |
| قاڭقۇل | بەستلىك |
| كەسمە تېرەك | قاپاق تېرەك |
| كۆتمچەك | قوناق كۆتىكى |
| كۈ :سى | ئورۇندۇق ، كۈرسى |
| تەس مويتاق | تەستە چىقىدىغان تاغ قاپتىلى ، ئىدىرلىق |
| كەۋە | كەبە ، كەبتۇللا |
| كۆندىلەك | يامالغان پالاز ، كۆرپە |
| كۆپچۈك | كۆرپە ، يوتقان ـ كۆرپە |
| كىرىش | ئېگىز دۆڭدىن پەسكە چۈشىدىغان يول |
| كو :لا | تۈگمەننىڭ كويلىسى |
| كەتتۇر | شىرە |
| كانا | يىپىشقاق ، بىر خىل قۇرت |
| كۇپ | ياغاچ تۈك |
| كۇرژۈك | توقۇيدىغان ئىلغۇچ |
| كۇتۇگى | پىتىنخور |
| كۇ(ر) :سۇك | كۇيلەپ قالغان (كۆپىنچە ئىتقا قارىتىلىدۇ) |
| كەتمەن چالمىسى | قىلپىسىز ، كەتمەن بىلەن قويۇلغان چالما |
| كەۋشى | كەش ، ئاياغ كىيىمنىڭ بىر خىلى |
| گوۋا | تېرىق تالقىنى ئۇمىچى |
| گۇلدۇ(ر) :مە | شاقىراتما |
| گۇپۇرۇلمەك | گۇمۇرۇلمەك |
| گىدىك | كۇچۇك ، ئىتنىڭ بالىسى |
| گۇندا | ئېغىر |
| گادايى | كەمبەغەل |
| گۇنگىرە ، رام | دېرىزە |
| گۆلۈش | دۆت ، گومۇش |
| لاتا قۇزۇق | كەسمەس ، مۇرىمەس |
| لاتا كىرىش | كەسمەس ، مۇرىمەس |
| مۇنەك | قوناق ئۇمىچىدىكى تۈگۈنچەك ،قوناق چۇچۇرىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

| | |
|---|---|
| مالتاق | ياغاچ تۇڭ (تېرە ئاشلايدىغان) |
| مۇغەمبە(ر): | تېرىدىن تىكىلگەن ئاق تۇماق ،ھىلىگەر |
| مۇ | بۇ |
| مەيلىس | مەجلىس |
| مويناق | ئىدىرلىق |
| مەلتۇك | گاچا |
| موللا كوپ | بىر خىل تاماق ئېتى |
| ناماتمان | كىگىزچى، كىگىز باسقۇچى |
| نوك | ياغاچ قولۇپ |
| ۋەدىش ئىلىپ قالماق | كۆنۈپ قالماق |
| هايگان | پىشايۋان |
| هوگۇل | هويلا |
| هاپالاش ~ هاپىلاش | بالىلارنىڭ ئۆي ياساپ ئوينىشى |
| هاگامباشلان | توي ناخشىسى |
| هالالوپ | ئالدىراقسان، ئۆپكىسىز |
| هەرەڭ ـ سەرەڭ | ئاجايىپ |
| هەرەك | ئاجايىپ |
| هانايلىق | جايىدا، ئۆزۈڭنى بىلىپ |
| هە سەنەي | هەي ...، هوي پالانى... |
| ئوتاق | ئىش ئورنىدىكى قونالغۇ |
| ئوجۇن، ئوژۈن | بىر خىل كۆكتات، (4 ـ 5، ـ ئايدىكى) |
| ئوران | يوتقان |
| ئۆمسە | غەلتە |
| ئۆڭگىلا | غەلتە |
| ئۆرەك | كىچىك ئېتىز |
| ئۆپچۆل | ھەممە يەر، پۈتۈن يەر |
| ئۆتەك | قوتان، تاغ باغرىدىكى قوتان |
| ئۇدۇم | ئېرسىيەت |
| ئۆچ كۆيە | شاخىنەكنىڭ يەنە بىر ئىسمى |
| ئۆرۈنماق | چېقىلماق |
| ئۆنۆكۆي | ۋېيەي |
| ئۆچەلگەك ~ ئۆچەلەك | چاقنىڭ سايمان ساندۇقى، يىكتەر، يىلك، يىپ، ئۈچ سالىدىغان ساندۇق |
| ئىسسىق نان | كاكچا ناننىڭ بىر خىلى |
| ئىشۇ | ئاشۇ، ئاۋۇ |
| ئى | ئاۋۇ، ماۋۇ |
| ئىچ چاماق | چېلىشتا ئىچىدىن يانپاشقا ئېلىش |
| ئىلىگ ـ تەللە | تارغاق خالتىسى، مەقسەت، مۇددىئا |
| ئىگىش | دۆڭدىن پەسكە چۈشىدىغان يول |
| ئىرىغ | پاكىز، ھەممە، بارى |
| يۇمدان | قوناق ئۇنىدىن ئەتكەن ئاش |
| يوغا | تامدىكى يوتقان يىغىدىغان ئويۇق |
| يەڭ جەزمەك | يەڭسىز جىلىتكە |

www.uyghurkitap.com

## § 4 . گراماتىكا

1 . كەلپىن شېۋىسى پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان فورمىسى جەھەتتىن خوتەن دىئالېكتىغا ئوخشايدۇ . مەسىلەن :

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| بارىتمە (ن) : | بارىمەن |
| يېزىۋاتىمە(ن) : | يېزىۋاتىمەن |
| ئالىتمە(ن) : | ئالىمەن |
| ئۇخلاۋاتىمە | ئۇخلاۋاتىمەن |
| بارىتمىز | بارىمىز |
| كىلىتمىز | كېلىمىز |
| ئالىسە(ن) | ئالىسەن |
| تۇرىسە (ن) : | تۇرىسەن |
| تۇرمايتمە(ن) : ، تۇ(ر)مايتمە(ن) : | تۇرمايمەن |
| تۇنمايتمە(ن) : | تونمايمەن |
| ساتىتمىز | ساتىمىز |
| كۆرىتمىز | كۆرىمىز |
| بارىتۇ | بارىدۇ |
| كىلىتۇ | كېلىدۇ |
| ئويناتىۇ | ئوينايدۇ |
| قىلىتۇ | قىلىدۇ |
| ئەتىتۇ | ئەتىدۇ |

2 . كەلپىن شېۋىسىدە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق خالاس رايى 3 ـ شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن « لەر » قوللىنىلىدۇ . 2 ـ شەخس بىرلىكى ئۈچۈن « ئو ،ئۆ » بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىزلاردا « ئاڭلا ، ئەڭلە » قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئاڭلاڭلە | ئاڭلاڭلار |
| كىلىڭلە | كېلىڭلار |
| قالاڭلە | قاراڭلار |
| قوۋاك | قويۇڭ |
| قۇناك | قونۇڭ |
| كۆرەك | كۆرۈڭ |

3 . پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋاستىسىز بايان رايى ئۈچۈن 1 ـ شەخس ، 2 ـ شەخسلەردە ئەدەبىي تىلدىكى « ئۇ ، ئۈ » ئورنىغا « ئا ، ئە » قوللىنىلىدۇ .

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| كۆ(ر) : دەم | كۆردۈم |

| | |
|---|---|
| ئۇخلىدام (يۇرچى يېزىسىدا: ئۇخلىدىم) | ئۇخلىدىم |
| كۆدەك | كۆردۇق |

4. ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايىدا شەخس قوشۇمچىسى ئالدىدىكى «ت» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| كىلىپمە (ن): | كېلىپتىمەن |
| يېزىپمە (ن): | يېزىپتىمەن |
| كۆرۈپمە (ن): | كۆرۈپتىمەن |
| ئۇلاپمە (ن): | ئۇلاپتىمەن |

5. «كەل» پېئىلى «پ» لىق رەۋىشداشقا قوشۇلۇپ كەلگەندە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «ل» چۈشۈپ قالىدۇ.

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئەپكە (ل): | ئېلىپ كەل، ئەكە |
| سىپكە (ل): | سېلىپ كەل |
| تىپكە (ل): | تېپىپ كەل |
| كۆرەپكە (ل): | كۆرۈپ كەل |

6. تەرتىپ سانلارغا قوشۇلغان «ىنچى»، «ىنچى» كەلپىن شېۋىسىدە كۆپىنچە «ىنجى»، «ىنجى» بولۇپ ئېيتىلىدۇ.

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| بىرىنجى | بىرىنچى |
| ئىككىنجى | ئىككىنچى |

7. سۈپەتلەرنىڭ كېمەيتىمە دەرىجىسى ئەدەبىي تىلدا سۈپەتلەرگە «راق»، «رەك» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، لېكىن كەلپىن شېۋىسىدىكى سۈپەتلەرگە «راق» قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ.

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| قىزىلراق | قىزىلرەك |
| ئۇششاقراق | ئۇششاقرەك |
| كىچىكراق | كىچىكرەك |
| كۆكراق | كۆكرەك |
| ئەسكىراق | ئەسكىرەك |

8. كەلپىن شېۋىسىدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «لەك»، «ئاق»، «ئەك»، «ئۇك»، «ئىك» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش ئارقىلىق ئەركىلىتىش، كەمسىتىش شەكىللىرى ياسىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| هاۋلا، هاۋلەك | ئابدۇللا |
| پالتەك | پالتا |
| هېيتلاق | هېيت |
| هېلىمەك | هېلىمە |

| | |
|---|---|
| سارەك | سارە |
| ئىمنەك | ئەمنە ، ئامنە |
| ئىمنەش | ئامنە |
| زورەك | زورەم ، زۆھرە |
| ئايمەك | ئايمەم ، ئايمخان |
| موللەك | موللا |
| جەپپەك | جاپپار |
| تۇدىلاق | تۇردى |
| مەستۇرەك | مەستۇرە |
| سىلىمەك | سىلىمە |
| پەتەش ، پاتەش | پاتەم |
| زورەش | زۆرەم ، زۆھرە |
| مايسەك ، مايسە | مايسخان |
| بۇۋۇك | بۇۋىخان |
| زۇمۇك | زۇمۇخان |
| ساۋتەك | ساۋۇت |
| روزەك | روزى |
| ھىلەك | ئىلى |
| ھاۋدىك | ئابدۇراخمان |
| زىۋەرەك | زىۋەرىخان |

**9 . كەلپىن شېۋىسىدە سۆيەتنىڭ ئانالىتىك ئۇسۇلدىكى ئاشۇرما دەرىجە شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچە بىلەن ئوخشاش بولۇشتىن سىرت يەنە « چىلىڭ » ، « يامان » ، « بەلەن » قاتارلىقلار ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ .**

كەلپىن شېۋىسىدە :

چىلىڭ ياخشى بالا بولاپتۇ .

ئەدەبىي تىلدا :

ناھايىتى ياخشى بالا بوپتۇ .

كەلپىن شېۋىسىدە :

يامان ئىلغار تېخنىكا ئىكەن .

ئەدەبىي تىلدا :

بۇ بەك ئىلغار تېخنىكا ئىكەن .

**10 . كەلپىن شېۋىسىدە سانلارنىڭ ئاخىرىغا « ئۆيلە » قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئۆملۈك سان بىلدۈرۈلىدۇ . ئەدەبىي تىلدىكى « يلەن » ، « ەيلەن » قوشۇمچىلىرى كەلپىن شېۋىسىدە قوللىنىلمايدۇ :**

كەلپىن شېۋىسىدە :

بەشۆيلە ، ئونۆيلە ، سەككىزۆيلە .

ئەدەبىي تىلدا :

بەشيلەن ، ئونيلەن ، سەككىزەيلەن .

**11 . كەلپىن شېۋىسىدە ئىملىق سۆزلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ ، ئەدەبىي تىلدىن روشەن پەرقلىنىدۇ . بۇلاردىن بىر قەدەر ئالاھىدە بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر :**

1 ) يىلا

كەلپىن شېۋىسىدە :

يالىلا ( يىلا ) ھەجەب مەشىنكىنا .

ئەدەبىي تىلدا :
ۋاھ ، قالتىس ماشىنكەنغۇ بۇ .
2 ) ئەنىقەي : كەمسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ؛
كەلپىن شىۋىسىدە :
ئەنىقەي ، مومىنىڭ قىلغان ئوسالىلقىنى ، قالا .
ئەدەبىي تىلدا :
ھەي ، بۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىنى قارا .
3 ) « ئۇنۇكۇي » ، « ئانىكاي » ، « ئۇنىكۇي » ، « نۇكۇي » ، « كۇي » قاتارلىقلار پۇشايمان قىلغانلىقـ
نى ، ھەيران قالغانلىقنى ، بەزىدە قورققانلىقنى بىلدۈرىدۇ .
كەلپىن شىۋىسىدە :
ئۇنۇكۇي ، بۇ ئىشنى مەنلا قىلامە ؟(ن ) :
ئەدەبىي تىلدا :
ھەي ، بۇ ئىشنى مەنلا قىلامدىمەن ؟
كەلپىن شىۋىسىدە :
نۇكۇي ، ھەجەپ بەلەن ھىمارەتكەنغۇ بۇ .
ئەدەبىي تىلدا :
ۋاھ ، ئەجەب كاتتا ئىمارەتكەنغۇ بۇ .
كەلپىن شىۋىسىدە :
ئانىكۇي ، بۇ يەرگە كەلمىسەم بولاپتىكە(ن ) .
ئەدەبىي تىلدا :
ئىست ، بۇ يەرگە كەلمىسەم بوپتىكەن .
كەلپىن شىۋىسىدە :
كۇي ، يەنە كەپسەنغۇ .
ئەدەبىي تىلدا :
ھەي ، يەنە كەپسەنغۇ .

## II بـاب

# ماقال ـ تەمسىللەر ، تۇراقلىق ئىبارىلەر

كەلپىندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ياخشىلىقنى مەدھىيلەپ ، يامانلىقنى سۆكىدىغان نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەر ، تۇراقلىق ئىبارىلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە . ئۇلار ئىخچام ، جانلىق بولۇپ ، مەنىسى چوڭقۇر . تۇراقلىق سۆزلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر قويۇق بولۇپ ، زور كۆپچىلىكى كەلپىننىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەر شۇ جايدا ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ . كەلپىنلىكلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىدۇ ، باشقا جايلىقلار ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ . مەسىلەن :
« ئاق ھوشۇر جۇمەگە ئۆلگۈرەلمەپتۇ » . بۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، يۇرچى يېزىسىدىكى ئاق ھوشۇر بايـ نىڭ ئۈيى جامەگە يېقىن بولۇپ ، ھەر قېتىم جۇمە نامىزى ئوقۇيدىغان چاغدا ، ئۇ ھېمىشە « ئالدىرىمىساممۇ بولا » دەپ ، مەسلداپ ، مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازى توختىغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئالدىراپ تاھارەت ئالدـ

كەن ، ئۇ ، جامەگە كەلگەن چاغدا ، ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغان ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزى يېقىندا تۇرۇپ ، ھېمىشە كېچىكىدىغان كىشىلەرنى « ئاق ھوشۇر جۈمەگە ئۈلگۈرەلمەپتۇ » دەپ تەمسىل قىلىشىدىغان بوپتۇ .

« يېتىپ يېسە سايدىكى تاشمۇ توشمايدۇ » كەلپىننىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ ، قالغان يېرى ساي ـ تاشلىق ، كۆرۈنۈشتە تاش ئىنتايىن كۆپ ، تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەسەك كۆرۈنىدۇ ، لېكىن ئىشلىتىپ كەلسە ، ئاسانلا تۈگەپ كېتىدۇ . كەلپىن خەلقى بۇ ماقال ئارقىلىق ئىشلىمەي چىشلىسە ، ھەر قانچە بايلىق بولسىمۇ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ . بۇ ماقالنىڭ « يېتىپ يېسەڭ قۇممۇ توشمايدۇ » ، « يېتىپ يېسەڭ ئاق مەيدانىنىڭ قۇممۇ توشمايدۇ » دېگەندەك ۋارىيانتلىرىمۇ بار .

« كۆن ئوتۇنچىنىڭ ئىشى » ، ئالدىراش ئىشنى كۆرسىتىدۇ . كونا جەمئىيەتتە كەلپىنلىكلەر ئومۇميۈزلۈك نامرات ئىدى ، ھارۋا ، تۆگە ناھايىتى ئاز ئىدى . كىشىلەر ئېشەك بىلەن جاڭگال ـ سايلارغا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلەتتى . لېكىن ئېشەككە ئارتىلىدىغان ئوتۇن تايىنلىق بولغاچقا بىر كۈندە ئالدىراپ يۈرۈپ بىر قانچە قېتىم بېرىپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى . كەلپىنلىكلەر مۇشۇ بىر كۈندە بېرىپ قايتىپ كېلىدىغان ئوتۇنچىنىڭ ئىشى ئارقىلىق ئالدىراش ئىشنى تەسۋىرلەيدۇ .

## § 1 . ماقال ـ تەمسىللەر

△ ئابروينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس .

△ ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار .

△ ئات ئايلىنىخانىغا ، يول سارىخانىغا .

△ ئاتا باشلىمىغاننىڭ پودىقى چوڭ ،

ئانا باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى ( چوڭ ) .

△ ئاتا قاغىشى ئوق ،

ئانا قاغىشى دوق ( پوق ) .

△ ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس ،

لاتا كەمچىلىكى .

△ ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاپاڭنى بەر ،

△ ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ ،

بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن .

△ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ .

△ ئات كەينىگە مىنگەشمە ،

مىنگەشكەندىن كېيىن « ۋاي » دېمە .

△ ئاتىسى غورا يېسە ،

بالىسىنىڭ چىشى قاماپتۇ .

△ ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىداپتۇ .

△ ئادىم ئەسكىسى ئەمەس ، كىيىم ئەسكىسى .

△ ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر ،

توشقاننى قۇمۇش ( ئۆلتۈرەر ) .

△ ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ ،

ھايۋان تۇياقتىن (سەمرىيدۇ).
△ ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.
△ ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.
△ ئادەمنىڭ تېشىغا قارىما، ئىچىگە قارا.
△ ئادەمنىڭ كىچىكى بولغىچە،
ئىتنىڭ كۈچىكى بول.
△ ئارپا، تېرىق — ئاش ئىكەن،
ئۈنچە ـ مارجان — تاش ئىكەن.
△ ئاقىلغا ئىشارەت،
نادانغا جۇۋالدۇرۇز.
△ ئاكاڭ كىمنى ئالسا،
يەڭگەڭ شۇ.
△ ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ،
ئون بەشى قاراڭغۇ.
△ ئاغامچاڭنىڭ پۇلى تۇرۇپ تۇرسۇن،
كۆلامنىڭ پۇلىنى بەر.
△ ئاغرىقنى يوشۇرساڭ،
ئۆلۈم ئاشكارە.
△ ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چا قۇيرۇق.
△ ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،
چىقماقنىڭ چۈشمىكى.
△ ئالغاندا ـ بىسمىللا،
بەرگەندە — ئەستاغپىرۇللا.
△ باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.
△ بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رەمبال.
△ بارچە گۇنا ئۆزەمدە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.
△ بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ.
△ بازاردا مىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.
△ بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
قازنىڭنىڭ قاينىشىغا.
△ بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس.
△ بالىلىق ئۆي — بازار،
بالىسىز ئۆي — مازار.

△ بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر.
△ بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن.
△ بوغۇمسىز يەرگە پىچاق سالما.
△ بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى.
△ بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم.
△ بۆك ئال دېسە، باش كېسىپتۇ.
△ بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
خۇرجۇن - قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم.
△ بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ.
△ بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،
بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى.
△ بېخىلدىن پۇل ئالماق —
پېتىر ناندىن قىل ئالماق.
△ بىتەلەي تالقان يېسە،
قارنىدىن بوران چىقىپتۇ.
△ بىر بىكار ئۇننى بىكار قىلىپتۇ.
△ بىرى چالما دەپ تاشلىۋەتسە،
△ بىرى ئالما دەپ ئالىدۇ.
△ بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس،
بىر يامانلىق.
△ بىرگە تەككەن ياخشى،
ئىككىگە تەككەن پاخشى،
ئۈچكە تەككەن باخشى.
△ بىكارچىنىڭ چولىسى يوق،
قىلغىلى ئىشى يوق.
△ بىلمىگەن يەرنىڭ ئويى - چوڭقۇرى تولا.
△ پادا باقىقاندا دوست ئىدۇق،
ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق.
△ پەرىشتىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.
△ پوقىقا چالما ئاتساڭ،
يۈزۈڭگە چاچرار.
△ پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما.
△ پىچاقنى ئۆزەڭگە سال،
ئاغرىمىسا ئۆزگىگە.
△ تاياق گۆشتىن ئۆتىدۇ،
تىل سۆڭەكتىن (ئۆتىدۇ).

△ تاما ـ تاما كۆل بولار .
△ تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس .
△ تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر ،
يالغۇز يېگەن يەرگە .
△ تەگسەڭ تېرىق بولىدۇ ،
تەگمىسەڭ ئېرىق (بولىدۇ) .
△ توخۇ بىلگىنىنى قىچقىرار .
△ توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ ،
ئوتۇنچى جاڭگال (چۇشەيدۇ) .
△ توشقان تېرىسى ئۇچ كۇن چىدار .
△ توق كېكىرەر ، ئاچ ئوسۇرار .
△ تويدىن يامانلىساڭ توي قىلىپ كۆر .
△ تويغا بارساڭ تويۇپ بار ،
بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار .
△ تۆزۈڭنى يەپ تۆزلۇقۇڭنى چاقاي .
△ تۇگمەن تېشى مەن بولسام ،
چېقىلدۇرۇقى سەن بولدۇڭ .
△ تىرىككە ئۆي تېپىلار ، ئۆلۈككە گۆر .
△ دوست باشقا قارايدۇ ،
دۇشمەن ئاياغقا (قارايدۇ) .
△ دوست يىغلىتىپ ئېيتار ،
دۇشمەن كۇلدۇرۇپ (ئېيتار) .
△ دۆ غېرىبنى ئوراپتۇ ،
ئۆمۇچۇك مۇساپىرنى (ئوراپتۇ) .
△ دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى .
△ ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۇگۇنكى ئۆپكە ئەلا .
△ ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى ،
يامان توغقان ئۆلگەندە (ياخشى) .
△ ئەرگە بىر نۆۋەت ،
يەرگە بىر نۆۋەت .
△ ئەگرى قوزۇقتا دوناي توقماق .
△ ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ،
سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە .
△ ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر ،
يامغۇر بىلەن يەر (كۆكرەر) .
△ جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك ،
شەھەردە ھاڭرىيالماس .
△ جان بولسا جاھان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاش بولسا قازان.
△ چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلار.
△ چالاتۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر.
△ خانىغا يارىغان ئىشىم، تازىغا يارىماپتۇ.
△ ھالۇىنى ھېكىم يەر،
تاياقنى يىتىم.
△ ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت،
خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت).
△ ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ.
△ ئوتتۇردا قاڭشا بولمىسا،
ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ.
△ ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر،
قوشنىنى كوچىلىساڭ كۆچەر.
△ ئوتۇن يىغدىڭ — كۆل يىغدىڭ،
ئوت - چۆپ يىغدىڭ — پۇل يىغدىڭ.
△ ئوسۇرغاقا ئارپا نىنى باھانە بوپتۇ.
△ ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ،
قىز تۇغسا ئۆزگىدىن (كۆرىدۇ).
△ ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان.
△ ئۆزەڭدە يوق، ئالەمدە يوق.
△ ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ،
باشقىنى شىر چاغلا.
△ ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس.
△ ئۆزىنى بىلگەن خار ئەمەس.
△ ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ،
ئەسكى تامدىن قوقاق (سوراپتۇ).
△ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك.
△ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.
△ سۇ ئاققان ئېرىقتا سۇ ئاقماي قالمايدۇ.
△ سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما.
△ سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار.
△ ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت،
ھەر مۇقامغا يورغىلار.
△ ئۇسسۇل ئوينىيالمىغانغا يەر تارچىلىق.
△ ئۈينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا،
تۈيىقى سىرقىرار.
△ ئۈمچى يوق مازاردىن شەيخ بىزار.

△ ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ .
△ ئۇژمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش .
△ ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇژمە پىشقىچە .
△ قاپمۇ تەك ، قاپچۇقمۇ تەك .
△ قاتاردىن قالما ، خاتادىن قال .
△ قاسساپ دوستىغا ئۇستىخان بىرەر .
△ قاغىنىڭ كۆزىنى قاغا چوقۇماس .
△ قورققانغا قوش كۆرۈنەر ،
كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر .
△ كوزا كۇندە سۇنماس ، كۇندە سۇنار .
△ كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال .
△ كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس .
△ كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چۇماق .
△ كېسەلنىڭ ساقايغىسى كەلسە ، تىۋىپ ئۆزى كېلەر .
△ كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار .
△ كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس .
△ ئېشەككە كۇچۇك يەتمىسە ،
ئۇر توقۇمنى .
△ ئېشىكى ئۇچ تەڭگە ،
توقۇمى بەش تەڭگە .
△ ئېشىكىڭنىڭ دۇمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىست .
△ ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكىچە نەزىر .
△ ئېغىز يېسە ، يۈز ئۇيىتار .
△ « ئېلىپ » نى ئوقۇپ ، « بە »نى ئوقۇماپتۇ .
△ ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس .
△ ئىشتانغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن .
△ ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ .
△ ئىككى قوشقارنىڭ بېشى بىر قازانغا سىغماس .
△ ئىككى نان تاپسا ، بىرىنى داپ چېلىپتۇ .
△ ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۇچە ،
پاكارنىڭ جېنى چىقار .
△ ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر ،
توغقاننىڭ جاندىن ( ئۆتەر ) .
△ يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام .
△ يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار ،
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى .
△ يەرسىز ئىدىم ، يەرلەندىم ،
توقماق ئېلىپ پەملەندىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

△ يولدىن چىقما ، خاندىن قورقما .
△ گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ .
△ گۆھەرنى تاشقا ئۇرما .
△ گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان ،
پىيازنىڭ كۆيگىنى — كۆيگەن .
△ گۇمان ئىماننى قاچۇرار .
△ مەن كۆيەرمەن بالامغا ،
بالام كۆيەر بالىسىغا .
△ مۇشۇككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن .
△ نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت .
△ نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك .

## § 2 . تۇراقلىق ئىبارىلەر

بارات ئاقساقالنىڭ چەمى .
ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمەك .
ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا ، سۇنىڭ ئېقىشىغا باقماق .
ئاتام ئېيتقان بايىقى .
ئاتتىن چۈشكەن يېرى .
ئات ئورۇق ، يول يىراق .
ئات ئىگەرلەكلىك .
ئاخىر بىر كۈن .
ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماق .
ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسە ، تېگىدە ئولتۇرۇپ مانتا يېمەك .
ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق .
ئاسمانغا پىچاق ئاتماق .
ئاش بەرگەن قازاننى چاقماق .
ئاش بولسا ، ئىش بولمسا ؛ ياز بولسا ، قىش بولمىسا .
ئاشقا چىۋىن چۈشمەك .
ئارپىنى خام ئورماق .
ئاقىدى — كۆكىدى دېمەك .
ئاقنى ئاقچە ، كۆكنى كۆكچە .
ئاقنى كۆككە ئۇلىماق .
ئاياغتىن شامال ئۆتۈپ تۇرماق .
ئايدىڭدا قېتىق ئىچمەسلىك .
ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار .
ئاغزى بوش .
ئاغزىدا قالماق .

ئاغزىدا شەھەر ئالماق .
ئاغزىدىن كىرىپ ، بۇرنىدىن چىقماق .
ئاغزىدىن گەپ ئالماق .
ئاغزى قىچىشماق .
ئاغزى كۆيمەك .
ئاغزىغا قاراپ سۆزلىمەك .
ئاغزىغا قارىماق .
ئاغزىنىڭ ئىزمىسى يوق .
ئاغزىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك .
ئاغزىنى تاتلىق قىلماق .
ئاغزىنى ياغلىماق .
ئالا قانات .
ئالا كۆڭۈل .
ئالتە كۇنلۇك ئالەم .
6 ـ ئاينىڭ پاقىسىدەك .
ئامۇت ئالغان خۇرجۇندەك .
ئاپام ، دادامدىن باشقا ھەممىسى بار .
ئاندىن تۇغما .
باشتا شالدۇر ـ شۇلدۇر ، ئاخىرىدا شىلدىر ـ شىلدىر .
باش تارتما .
باشتا ياڭاق چاقماق .
باشقا دۆلەت قۇشى قونماق .
باشقا قارا تاغ يىقىلماق .
بارار يەر — سامانلىق .
بارمىغان يەر يوق ، كىرمىگەن تۆشۈك ( يوق ) .
بازاردا بار گەپ .
باغدىن سورىسا ، تاغدىن جاۋاب بەرمەك .
بەش قول ئېغىزغا پاتمايدۇ .
بەش قولنى بىراقلا ئاغزىغا تىقماق .
بوسۇغىنى توپا باسماق .
بۆكنگە جىگدە سالماق .
بۆكنى ئاسمانغا ئاتماق .
بۇرۇتنى يىكەندە ئالماق .
بۇرنىدىن بۇلاق قىلماق .
بۇرنىنى تارتالماي قالماق .
بۇرنى يوق .
بۇرنىنىڭ ئۇچىنلا كۆرمەك .
بېشىدا سۈيى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىغىنى سورىماي، ئۇزۇمنى يېمەك.
بىلى پۈكۈلمەك.
بىلى چىڭ.
بىلىنى سىلاپ يۇرمەك.
بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق.
بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گۆردە.
بىر تاياقتا ھەيدىمەك.
بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق.
بىر قازاندا قاينىماسلىق.
بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق.
بىرنى دەپ مىڭدىن قۇرۇق قالماق.
پاختىكى ئوڭدا ئۇچماق.
پايپاقتا نال قاققاندەك.
پۇتقا ھۆل خىش قويماق.
پۇتى كۆيگەن توخۇدەك.
پۇدىسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك.
پىچىتى بۇزۇلمىغان گەپ.
پىتىن پوستوما ئالماق.
پىتنىڭ ئۇچىيگە ھىسپ قۇيماق.
پىشانەڭنى سىلاپ باق.
پىشانىگە پۈتۈلمەك.
پىرنىڭ ھاسىسى.
تاپىنى قىزىماق.
تاڭگا چىشلىۋالماق.
تەخسىسى چىقىلماق.
توقۇمنى تىكمەك.
توقۇمنى قارنىغا ئالماق.
تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ.
تۆت پۇللۇق كاكىلاپ، ئون پۇللۇق قاقاقلاش.
تۆت تىمى قىبلە.
تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارماق.
تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالماق.
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگمەك.
تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك.
تۇرالغۇسى يوق.
تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىغا چىچماق.
تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك.
تۇماقىنى ئالدىغا قويۇپ ئويلىماق.

تۆگىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالماق .
تېرىسىگە پاتماي كەتمەك .
تېزنى باسسا ، مېزى چىقماق .
تېزىكىگە بىگىز ئۆتمەسلىك .
تىزىنى قۇچاقلاپ ياتماق .
تىلى ياغلىق .
تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار .
تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق .
داپقا ئۇسسۇل ئوينىماق .
داننى ئۆيدە يەپ ، باشقا يەرگە كاككىلىماق .
ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيگۈزمەك .
جاننى قويغىلى يەر تاپالماي قالماق .
جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويماق .
جىننى ئۇسسۇلغا سالماق .
چاپان ياپماق .
چاپاننىڭ پېشىنى تارتماق .
چاپاننى تەتۈر كەيمەك .
چاپنى تىزىدىن ئاشماسلىق .
چاۋىسى چىتقا يېيىلماق .
چامغۇرنىڭ كۆكىنى ئالغاندەك .
چەللىدە ئات چاپماق .
چومنىڭ ئۈستىگە ئىگەر توقۇماق .
چۈجىنى كۈزدە سانىماق .
چىۋىن يەۋالغاندەك .
خالتا كوچىغا كىرىپ قالماق .
خەقنىڭ پۇلىدا نەزىر قىلماق .
خەقنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇماق .
خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەنمەك .
خەقنىڭ كەتمىنىنى چاپماق .
خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن .
خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتمەك .
خۇدانىڭ كۈنى تۆگمەيدۇ .
خىزىر يولۇقماق .
هارۋىدا توشقان ئالماق .
هاۋانچىدا سۇ سوقماق .
هەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا .
هەممە قازاندا قاينىماق .
هېچيەرنىڭ ئۆگىيى بولماسلىق .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇننى يۇيۇپ قالماق.
ئوشۇقى ئالچۇ قوپماق.
ئوگدىن كەلمەك.
ئۆدەككە سۇ يۇقمىغاندەك.
ئۆچكە ئارىسىغا كىرىپ قالغان تۆگىدەك.
ئۆز بېشىنى ئۆزى يېمەك.
ئۆزى تاغدا، كۆڭلى باغدا.
ئۆزىنىڭ سەنىمگە دەسسىمەك.
ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورىماق.
ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېمەك.
ئۆزىنى بازارغا سالماق.
ئۆزىنى گۇل چاغلىماق.
ئۆمۈر سودىسى.
سايىنىڭ تېشىدەك.
سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتمەك (قويماق).
ساناپ دەسسىمەك.
سەمەرقەند تەكلىپى.
سوغۇق قول تەگمەك.
سۇ باشتىن لاي.
سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماق.
سىزىقىدىن چىقالماسلىق.
شاختىن شاخقا قونماق.
شامال كىرمەسلىك.
شەيتانغا دەرس بەرمەك.
شەيتانغا نوقتا سالماق.
شورپىسىنىڭ شورپىسى.
زەي سالماي ئاتماق.
زەمبىلگە چۈشمەك.
ۋە خېپىنىڭ ئۈژمىسى ئەمەس.
ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت.
ئۇزۇن ـ قىسقا گەپ.
ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك.
ئۇ يەرنى ياپسا، بۇ يەر ئېچىلىپ قالماق.
قاپاقتا سىلىپ كولدۇرلاتماق.
قاپىقىدىن مۇز ياغماق.
قاسقانغا تىزغان مانتىدەك.
قاراقچىغا قىلىچ تۇتقۇزماق.
قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك.

قانتى ئاستىغا كىرىۋالماق .
قوچقارنى تۇغدۇرماق .
قورساق باقتى .
قورساقنى بوشاتماق .
قورسىقىدا ئۇمچى بار .
قورسىقىدا ئىلپىنىڭ سۇنىقى يوق .
قورسىقىغا كىرىپ چىقماق .
قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە سالماق .
قوينى بۆرىگە ئامانەت قويماق .
قوينى قاسساپ سويسۇن .
قۇرۇق هارۋىنى ئەپقاچماق .
قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق .
قۇيرۇقنى خادا قىلماق .
قۇيرۇقنى قۇم باسماق .
قۇيۇپ قويغاندەك .
قۇلاقتىن قۇلاققا يەتمەك .
قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك .
قۇمغا سۇ سىڭگەندەك .
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك .
كالىنە قوشۇقنىڭ سىيى يەتمەك .
كاللا دېسە ، پاقالچەك دېمەك .
كەندىر يېگەن خورازدەك .
كونا جەندىگە ۋارىسلىق قىلماق .
كۆتى بىلەن ئاغزىنىڭ پەرقى يوق .
كۆز ـ قارنى توق .
كۆزى ئارقىدا قالماق .
كۆزىگە قۇم تىقماق .
كۇن كۆرسەتمەسلىك .
كىيىن چىققان مۈڭگۈز .
كىرمىگەن تۆشۈكى يوق .
ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاپ چالماق .
ئېشىكى تۆت چىشلىق بولماق .
ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك .
ئىچىنى بوشاتماق .
ئىشنى كادالڭ بىلدۇ .
ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلماق .
ئىككى قولنى بۇرنىغا تىقىپ كەلمەك .
ئىككى كۆزى تۆت بولماق .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يا بايدىن چىقار، يا سايدىن.
يارىسىغا تۇز سەپمەك.
ياق - ياق دەپ، موك - موك سالماق.
ياغاچ پىچاق، لاتا غىلاپ.
يا گۆش ئەمەس، يا بەز.
يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسمەك.
يەڭ ئىچىدە سودىلاشماق.
يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋالماق.
يەيدىغىنىنى يەپ، كىيىدىغىنىنى كىيىپ-بولماق.
يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماق.
يوتقاننىڭ تېشىدا بولغان.
يۈزىدە تۈكى بار.
يېتىم ئوغلاق.
يېپىدىن يىڭنىسىغىچە.
يىڭنە يېگەن ئىتتەك.
يېمىگەن ماننىڭ پۇلىنى تۆلمەك.
غانجوغىدا كۆرۈشمەك.
غۇلاچقا چىداپ، غېرىچىغا چىدىماسلىق.
غېرىچىنى غۇلاچ قىلىپ كۆرسەتمەك.
گال پوق.
گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن (چىقىدۇ).
گۆھەر يەردە قالمايدۇ.
گۆشى سېنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ.
گۆر ئاغزىدىن قايتماق.
مازارغا چالما ئاتماق.
مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم.
موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.
مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقارماق.
نان دەسسەپ بەرمەك.
نەزەردىن چۈشۈپ كەتمەك.
نېنى پۈتۈن.

يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم

# پەن ـ تېخنىكا . سەھىيە . تەنتەربىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم

# پەن ـ تېخنىكا . سەھىيە . تەنتەربىيە

## I باب

## پەن ـ تېخنىكا

كەلپىن ناھىيىسىدە مىنگو دەۋرىدە پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتى ۋە پەن تەتقىقات خادىمى يوق ئىدى. پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بىر قەدەر زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

### § 1 . ئاپپارات

**1 . ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى**

1959 ـ يىلى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنى قايتىدىن تەگشەپ ۋە تولۇقلاپ، ساۋ جېنيىڭنى مۇدىرلىققا تەيىنلەپ، تۆت نەپەر پەن ـ تېخنىكا خادىمىنى سەپلەپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى ئىككى نەپەر، سانائەت تېخنىكا خادىمى بىر نەپەر، فىزىكا ـ خىمىيە تېخنىكا خادىمى بىر نەپەر. 1978 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدا يەر تەۋرەش ئىشخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، ئىككى نەپەر مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا خادىمى سەپلەپ بېرىلىپ، يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

**2 . ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى**

ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى 1960 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئاپپارات تارقىلىپ كەتتى. 1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا يېڭىباشتىن قۇرۇلۇپ، پۈتۈن

ناھىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى .

### 3 . ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتلەر

1981 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ، مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى ، بوغالتىرىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ، ھاۋا رايى ئىلمىي جەمئىيىتى ، سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ، چوتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى ، تەرجىمانلار ئىلمىي جەمئىيىتى ، مال دوختۇرلۇق ـ يايلاق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە يۇرچى يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى ، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى ، گەزلىك يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى ، ئاچال يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى .

## § 2 . پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى

1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 79 خادىم تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر دەرىجىسىگە باراۋەر كېلىدىغانلار بەش ، ياردەمچى ئىنژېنېر 23 ، تېخنىك 51 .

1985 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىدىكى 11 سىستېما بويىچە 15 كەسىپتىكى خادىملارنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش ئېلىپ بېرىلدى . 1989 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 647 نەپەر پەن ـ تېخنىكا خادىمىدىن ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر ئۈچ نەپەر ( مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ جۇۋېنبو ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى ھەسەن مەسۇم ، ئۆمەر قاسىم ) ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 126 نەپەر ( بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەر 93 نەپەر ، سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەر سەككىز نەپەر ، ئىقتىساد سىستېمىسىدىكىلەر ئىككى نەپەر ، بوغالتىرىيە سىستېمىسىدىكىلەر ئىككى نەپەر ، قۇرۇلۇش ، تېخنىكا سىستېمىسىدىكىلەر ئىككى نەپەر ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق سىستېمىسىدىكىلەر ئىككى نەپەر ، نەشرىيات ، ئارخىپ ، سەنئەت سىستېمىسىدىكىلەر ئالتە نەپەر ، ئەدلىيە سىستېمىسىدىكىلەر بىر نەپەر ؛ 1990 ـ يىلى 126 ئادەمدىن ئون نەپىرى پېنسىيىگە چىقتى ) . تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 518 نەپەر .

1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسىدىن ئالتە كىشى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ، ئون كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى تەستىقلىغان مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى مۇكاپاتىغا ، تۆت ئورۇن ۋىلايەت پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى . 1989 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى ، ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تاڭ ئەنلىڭ مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى .

www.uygurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىدە 1989 ـ يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان خادىملار

جەدۋەل 22 ـ 1

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | شۇغۇللىنىدىغان خىزمىتى | تېخنىكا ئۇنۋانى | خىزمەت ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئەمەت تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | بوغالتىرلىق | مەسئۇل بوغالتىر | ناھىيىلىك ـ تەمىنات سودا كوپىراتىپى |
| ئابدۇرېشىت ھېلىم | ئەر | ئۇيغۇر | ئىگىلىك باشقۇرۇش | مەسئۇل ئىقتىسادچى | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى |
| ساۋشاڭخېي | ئەر | خەنزۇ | سۇ ئىشلىرى | ئىنژېنېر | ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى |
| خوجام ھاپىز | ئەر | ئۇيغۇر | دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش | ئاگرونوم | ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى |
| ئابابەكرى | ئەر | ئۇيغۇر | چارۋىچىلىق | مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى |
| يۈسۈپ ئاۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | چارۋىچىلىق | مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى |
| ئەركىن ساۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | لېكتور | ناھىيىلىك كەلپىن بازىرى |
| ئابلىز رەھىم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | لېكتور | ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى |
| ئابدۇرېھىم يۇنۇس | ئەر | ئۇيغۇر | ئارخىپ | مەسئۇل باشقۇرغۇچى | ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| ئابدۇساتتار ھامىدىن | ئەر | ئۇيغۇر | تەزكىرىچىلىك | تەھرىر | ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى |
| ئابدۇۋەلى راخمان | ئەر | ئۇيغۇر | كومپوزىتورلۇق | 3 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور | ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى |
| مەرەمنىسا جاپپار | ئايال | ئۇيغۇر | ئىچكى بۆلۈم | ۋراچ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| مۇتەللىپ ھامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | ئىچكى بۆلۈم | ۋراچ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| فەن جىڭفاڭ | ئايال | خەنزۇ | دورىگەرلىك | مەسئۇل سېستىرا | ناھىيىلىك دوختۇرخانا |
| گاۋ گۇاڭشېڭ | ئەر | خەنزۇ | ئىچكى بۆلۈم | ۋراچ | ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى |
| گۈلنىسا سوپى | ئايال | ئۇيغۇر | تېببىي نازارەتچىلىك | مەسئۇل ۋراچ | ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى |
| ئابدۇرېشىت ئەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | سەھىيە | ۋراچ | ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى |
| مۇھەممەت ئەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | يەرلىك كېسەللىك | مەسئۇل ۋراچ | ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى |
| ئايىمخان ئابىت | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپى |
| رېشىت مۇھەممەت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئابلەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپى |
| ساۋ جيەنجۈن | ئەر | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| جيا خۇيفاڭ | ئايال | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مۇھەممەت مەسۇم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | باغلىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| مىنسا روزى | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | باغلىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئوسمان تەۋەككۇل | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | باغلىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئابدۇرېھىم دەرۋىش | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | باغلىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| تۇرسۇن قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | قۇمبېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئايتىللاخان باۋۇدۇن | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | تومبېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ھېزىخان ئەيسا | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | تومبېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| سايىم توختى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | تومبېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| مامۇت سادىم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپى |
| توختى ھۇسەن | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | چىلان باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئابدۇراخمان قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ھەمراخان ئىگەم | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئىبراھىم ئوسمان | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ھۇشۇر باقىش | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئابدۇرېھىم قادىر | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| باھار ئاۋۇت | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى |
| تۇخان ئىسمايىل | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئەمەت ئىېزىز | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئەھەت ھامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپى |
| سالى مەخسۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | ئىشتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئابدۇراخمان ئىسمن | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | ئىشتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| گۇلخان مەپىز | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | |
| خەيرىنىساخان | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| زىلەيخان ھەسەن | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| نۇر داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مۇھەممەت سىدىق | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | كەلپىن بازارلىق مەكتەپ |
| شۈي چىجۈن | ئايال | خەنزۇ | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئەمەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | چارۋىچىلىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| خەينىساخان غازى | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | چارۋىچىلىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| ئەمەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئابدۇللا ھۇشۇر | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتىپى |
| سارىيە ھىيت | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتىپى |
| مۇھەممەت ئايىت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتىپى |
| ئامەت ھادى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپى |
| باھارگۈل مۇھەممەت | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپى |
| ئەيسا تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى |
| شاكىر ھىيت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى |
| مۇھەممەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى |
| تۇرسۇنخان ئوسمان | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| چېن يۈەنتيەن | ئەر | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| غوپۇر موللاق | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | گەزلىك ئوتتۇرا مەكتىپى |
| مىجىت باقىش | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | گەزلىك ئوتتۇرا مەكتىپى |
| ئىسمايىل ياسىن | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | گەزلىك ئوتتۇرا مەكتىپى |
| مۇھەممەت ئاقىۋل | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| ئىللاخان مەخسۇم | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | گەزلىك ئوتتۇرا مەكتىپى |
| ساۋۇت يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| تۇردى روزى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرامەكتىپى |
| ئايىت ئىزاق | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتىپى |
| ئابدۇرازىق ئىگەم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | يۈرچى ئوتتۇرا مەكتىپى |
| مۇھەممەت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كامىل ھېمىت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئابدۇۋەلى داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئابدۇرېھىم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| نۇخان تاھىر | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ۋاڭ يۈمېي | ئايال | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ۋاڭ لەن | ئايال | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| جاڭ خەنخۇا | ئايال | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| جاڭ جىڭمىن | ئەر | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| سەمەت ساۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئاۋۇت ساۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| قادىر تۇرسۇن | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| مۇھەممەت قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرامەكتەپ |
| ئابدۇكېرىم رامان | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئالىيەخان جاپپار | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| زەينەپخان نۇر | ئايال | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئىبراھىم ئىمىن | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئابلەت داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| ئاۋۇت ئىسمەت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| خەن مىڭئەي | ئەر | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| ياڭ يىڭچى | ئايال | خەنزۇ | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| ھاشىم ھۆسەن | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| ئىدرىس روزى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| ھامىدىن ئىسرائىل | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| سىيىت ئاۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| تۇرسۇن ئىگەم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇرېھىم سادىق | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| خۇدابەردى تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | ئوتتۇرا مائارىپ 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| مۇھەممەت ئەيسا | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |
| ئابدۇرېھىم ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | مائارىپ | باشلانغۇچ مائارىپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى |

www.uyghurkitap.com

## § 3 . پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق تارماقلاردىكى پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى باشقا جايلاردىن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىلغار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى شۇنداقلا قوللىنىشنى ئاكتىپ تۈردە ئومۇملاشتۇردى. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى يەنە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى كۆپ قېتىم ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن ناھىيىنىڭ سانائەت، ئېلېكترون تېخنىكىسى ھەمكارلىق تۈرىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى.

### 1 . سۈپەتلىك ئۇرۇق كىرگۈزۈش

«تاڭشەن 6898» ـ كەلپىن ناھىيىسىگە ئەڭ بالدۇر كىرگۈزۈلگەن بۇغداي سورتى، سىناق قىلىپ تېرىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق زىرائەت سورتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1984 ـ يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى سىرتتىن «قەشقەر كۈزگىسى — 5» بۇغداي سورتىنى كىرگۈزدى، كېيىنكى يىلى سىناق تەرىقىسىدە تېرىپ، مو بېشىدىن 1009 جىڭدىن ھوسۇل ئالدى، 1986 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيە بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇردى.

1990 ـ يىلى بالدۇر پىشىدىغان «شىنلۇ» كېۋەز سورتى سىناپ تېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇغداي ۋە كوممىقوناق قاتارلىقلارنىڭ سۈپەتلىك سورتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا يەنە ساپلاشتۇرۇش، ياشارتىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى.

### 2 . سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش

1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپپال گۇڭشېسىدا سىناق تەرىقىسىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىلدى، 1988 ـ يىلدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا باشقا يېزىلارغا كېڭەيتىلدى.

### 3 . كالا، قوي نەسلىنى ياخشىلاش

80 ـ يىللاردا ناھىيىدىكى چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى تەدرىجىي ھالدا ناھىيە بويىچە ئۇچكە نەسلىنى ياخشىلاش ۋە كالىنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1987 ـ يىلى سىيىرلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 90% كە، بوغاز بولۇش نىسبىتى 89% كە يېتىپ، ئىلگىركى تەبىئىي نەسللىنىش نىسبىتى ئاران 18% مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشتەك قالاق ھالەت ئۆزگەرتىلدى.

### 4 . كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش، سۈپەتلىك مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈش

1986 ـ يىلى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى باغۋەنچىلىك خىزمەتچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇنجى

قېتىم 22 مىڭ تۈپ مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈردى ، ئىككىنچى يىلى گەزلىك يېزىسىنىڭ پاسۇن كەنتىدە مېۋ-
لىك دەرەخنىڭ سۇپەتلىك تۈرلىرى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈلدى ، 380 مو كونا باغ تاللىنىپ ( 1989 ـ يىلغىچە
بۇ باغلاردىن 40 موسى ئۆزگەرتىلىپ بولدى ) ، يېڭىدىن 20 مو باغ بىنا قىلىندى ھەمدە تۇنجى قېتىم 20 مو
يەرگە ( 300 تۈپتىن ئارتۇق ) كورلا نەشپۈتى تىكىلدى . سەككىز مو يەرگە ( 200 تۈپ ) « خۇاڭ يۈەن-
شۇەي » ناملىق سۈپەتلىك ئالما كۆچىتى تىكىلدى .

**5 . يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش**

1978 ـ يىلى ناھىيىدىكى يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش تارماقلىرى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ
ئالدىن مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى باشلاپ ، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىشكە دائىر سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرىنى
يىغدى .

## § 4 . پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ھەر قايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ، جەمئىيەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنى مەركىزىي تېما قىلىپ ، 11 قېتىم مەخسۇس تېمىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ـ ئالماشتۇرۇش
پائالىيىتى ئېلىپ باردى ، مەملىكەت ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا
سەككىز قېتىم قاتناشتى . 11 سان ئىلمىي ژۇرنال چىقىرىپ ، 2500 نۇسخا تارقاتتى . 1985 ـ يىل 9 ـ ئاي-
دا جياۋشاۋجيې يازغان « پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە تەتۈر باغلىنىش » سەرلەۋھىلىك ماقالە ۋۇ
خەندە چاقىرىلغان پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا
ئېرىشتى . 1984 ـ يىلى تىلەك ئىبراھىم يازغان ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئىل-
مىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇر-
دى . 14 قارار يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى . دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكا خا-
دىملىرىنى يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا سەپەرۋەر قىلدى . 1983 ـ
يىلدىن باشلاپ 18 مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىپ ، مو بېشىدىن 84 كىلوگ-
رام ساپ پاختا ئېلىشتەك ياخشى نەتىجە ياراتتى . قاراكۆت كەنتىدە 120 مو يەرگە قاشقا بېدىنى كىرىش-
تۈرۈپ تېرىپ ، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرنى « ئۇلگىلىك ئېتىز » غا ئۆزگەرتىپ ، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى
400 جىڭغا يەتكۈزۈپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . ئىلمىي جەمئىيەت دېھقان-
چىلىق ، چارۋىچىلىق سېپىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ناھىيىنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى ،
جۇغراپىيىسى ، ھاۋا كىلىماتى ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ، سۇ ئىشلىرى بايلىقى قاتار-
لىقلارنى تەكشۈرۈپ « كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش دوكلاتى » نى يېزىپ چىقتى .
بۇ دوكلات ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، ۋىلايەت بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى .

چوتچىلار جەمئىيىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى . ۋىلايەت ئالغان
ئىمتىھاندا 26 نەپەر خادىم دەرىجىسى ئۇخشاش بولمىغان لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى . مېدىتسىنا ئىل-

مي جەمئىيتى 1986 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئۆسۈملۈك دورىلارنى تەكشۈرۈشتە دەسلەپكى قەدەمدە 169 خىل دورا ماتېرىيالىنى ئېنىقلاپ، 208 نۇسخا ئەۋرىشكە ئىشلىدى. قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىدىن 13 خىلنى تاپتى ھەمدە دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىنى ئېچىش، ئىشلىتىش، ئۆستۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمي جەمئىيتى 1986 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كەلپىن ناھىيىسى تارىخىدا تۇنجى قېتىم سىلوسلانغان يەم ـ خەشەك ۋە ئازوتلاشتۇرۇلغان يەم ـ خەشەك ئىشلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

1983 ـ يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيتى ناھىيە بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «بەش كىچىك» (كىچىك كەشپىيات، كىچىك يېڭىلاش، كىچىك ئۆزگەرتىپ ياساش، كىچىك لايىھەلەش، كىچىك ئىلمي ماقالە يېزىش) قاتارلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە «ئۆرۈك ئەۋرىشكىسى» كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، خۇاڭ شيەنفۇ، خەن گوشىنلار ياسىغان «ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق» 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، لى خەيفېڭ، ۋۇ باۋ ۋېيلار ئىشلىگەن «قاتما ئەۋرىشكە» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1984 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت خەۋەردىن جەمئىي 78 سان، 14 مىڭ 690 نۇسخا بېسىپ تارقاتتى. 18 قېتىم پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسى ئاچتى، كۆرگەزمىنى 12 مىڭ 327 ئادەم (قېتىم) ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 18 تېما بويىچە 110 سان پەن ـ تېخنىكا رەسىملىك تاختىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئۇنىۋېرسال پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى 11 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ 7400 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 87 يۈرۈش پەن ـ تېخنىكىغا دائىر كىنو، تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەندى. ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا ماتېرىيالىدىن 29 مىڭ 450 نۇسخا (پارچە) تارقىتىلدى.

1982 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيتى 267 قېتىم ھەر خىل مۇسابىقە ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭغا 15 مىڭ 559 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، ئالتە قارار پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى. بۇنىڭغا 72 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 11 قېتىم پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسى ئاچتى، كۆرگەزمىگە 774 ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى. پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت كىنو، سىنئالغۇ فىلىملىرىنى 67 مەيدان قويۇپ بەردى، بۇنى 8320 ئادەم (قېتىم) كۆردى. ئالتە قېتىم پەن ـ تېخنىكا يازلىق لاگېر پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، بۇنىڭغا 279 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا پائالىيەت ئورنىدىن تۆتنى قۇردى، بۇنىڭغا 60 ئادەم قاتناشتى.

پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى داۋامىدا ناھىيە بويىچە تۆت ئادەم ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا، 14 ئادەم ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تۇك تۇپراقنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى، يۇقىرى چاستوتىلىق ئۆرۈق بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىلىشى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1988 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى جاڭ جىمىڭ ئىشلىگەن ماگنىتلىق كوممۇتاتور ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1986 ـ يىلى مەمتىمىن ياسىن يازغان «ئۆرۈك ۋە ئۇنىڭ رولى» سەرلەۋھىلىك ماقالە «ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990 ـ يىلى ئاچال يېزىسى كۆل كەنتىدىكى دېھقان ئابدۇللا ئېلىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «پاختا تېرىش ماھىرى» دەپ نام بەردى.

## كەلپىن ناھىيىسىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ۋەئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەت (جەمئىيەت) لەرگە ئەزا بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 22 ـ 2

| ئىسىم فامىلىسى | تۇغۇلغان جايى | جەمئىيەت نامى | خىزمەت ئورنى، ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|
| جۇۋېنبو | شەنشى | جۇڭگو «ماڭ دىۋانە» ئىلمىي جەمئىيىتى | ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى |
| ئەھمەت سىدىق | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى | ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| ئابدۇساتتار ھامىدىن | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى (مۇدىرىيەت ئەزاسى) | ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى |
| مەتتىمىن ياسىن | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى | ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى |
| قاسىم مەخسۇت | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتى | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى |
| ئابدۇۋېلى راخمان | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتى | ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى |
| غوپۇر ئىدرىس | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتى | ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى |
| تىلەك ئىبراھىم | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتى | ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| سۇن مىگدا | جياڭسۇ | ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋا رايى جەمئىيىتى | ناھىيىلىك ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ باشلىقى |
| ئەيسا ئىلياس | كەلپىن | ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى | ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ ئادۋوكاتى |

# II باب

# داۋالاش، سەھىيە

مىڭگو دەۋرىدە كەلپىندە داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى يوق بولۇپ، خەلق ئارىسىدا بىر نەچچە تېۋىپلار بار ئىدى. نامرات يۇقرارلار كېسەل بولۇپ قالسا، كېسەل كۆرسىتىش، دورا يېيىش ئىنتايىن قىين

ئىدى. ناھىيىنىڭ ھېچقانداق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى يوق ئىدى. چېچەك، قىزىل، خولېرا قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقىلىپ قالسا، 40% تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كېتەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ راۋاجلاندى، ناھىيە بويىچە ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سەھىيە تورى شەكىللىنىپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى.

## § 1 . ئاپپارات، قوشۇن

### 1 . ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1952 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇنىۋېرسال ئامبۇلاتورىيە تەسىس قىلىندى. دوختۇرخانىدا تۆت نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ بىر نەپەر (قوشۇمچە دوختۇرخانا باشلىقى)، دورىگەر بىر نەپەر، سېسترا بىر نەپەر، ئىشچى بىر نەپەر ئىدى. 1958 ـ يىلى دوختۇرخانىدا كېسەلخانا قۇرۇلۇپ، بەش كېسەل كارىۋىتى بار بولدى. تىببىي تېخنىك خادىم 13 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە فېلدىشېر تۆت نەپەر، 1987 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 252 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاش، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 44، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل دوختۇر ئىككى، باشقۇرغۇچى دوختۇر بىر، پراۋىزور بىر، ۋراچ سەككىز. كېسەل كارىۋىتى 44.

### 2 . ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى

1975 ـ يىلى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى، شۇ چاغدا بەش نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1989 ـ يىلى پونكىتتا لابوراتورىيە، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇرۇش، ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، پىلانلىق ئىممۇنىتېت قاتارلىق ئالتە بۆلۈمچە تەسىس قىلىنىپ، 20 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى سەپلەندى.

### 3 . ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى

1953 ـ يىلى ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇشقا، تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

### 4 . يېزا شىپاخانىلىرى

1955 ـ يىلى ئاچال يېزىسىدا ناھىيە بويىچە تۇنجى يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا قۇرۇلدى. 1987 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئۈچ يېزا شىپاخانىسى قۇرۇلدى، بۇلاردا جەمئىي 23 ئىشچى ـ خىزمەتچى، 60 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە گەزلىك يېزا شىپاخانىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 11، كېسەل كارىۋىتى 20؛ يۇرچى يېزا شىپاخانىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى توققۇز، كېسەل كارىۋىتى 20؛ ئاچال يېزا شىپاخانىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى سەككىز، كېسەل كارىۋىتى 20.

### 5 . ناھىيىلىك جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى

ناھىيىلىك جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ بەش خىزمەتچى، جۈملىدىن، ئۈچ نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى، ئىككى نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى بار ئىدى.

**6 .قوشۇن**

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە داۋالاش ـ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 66 ئىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربچە داۋالاش دوختۇرى 11 ، پراۋىزور بىر ، تېخنىكا خادىمى بىر ، جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرى ئىككى ، ياردەمچى سېسترا 13 ، ئاكۇشېر يەتتە ، دورىگەر ئۈچ ، لابورانت ئىككى ، تېخنىك بىر ، جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرى بىر ، باشقا سەھىيە تېخنىكا خادىمى 22 .

يېزىلاردا ئون نەپەر تۇغۇت ئانىسى ، ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار .

1990 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە داۋالاش ، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 123كە يەتتى . كەڭ تىببى داۋالاش خادىملىرى ئۆلۈمگە ئامال ، ئاغرىقتا سەۋەب قىلىپ ، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش داۋامدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى ، نۇرغۇن نەمۇنىچىلار مەيدانغا كەلدى . ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ سېستراسى فاڭ شۈچۈەن 1956 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە سەھىيە سېپىدىكى نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى . پراۋىزور پەن جىڭفاڭ كۆپ قېتىم ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەرىپىدىن تەقدىرلەندى . 1983 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە سەھىيە سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى .

## § 2 . تېخنىكا ، ئۇسكۈنە

**1 . داۋالاش تېخنىكىسى**

1952 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىۋېرسال ئامبۇلاتورىيىدە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ھەم ئۇنى داۋالاشنى قانات يايدۇرغانىدى ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى يېرىپ يىرىڭنى چىقىرىش ، تىكىش قاتارلىقلارنىلا قىلالايتتى .1955 ـ يىلى ئامبۇلاتورىيە 7162 ئادەم (قېتىم) داۋالىدى ، 973 قېتىم سىرتقا چىقىپ كېسەل داۋالىدى ، 1217 ئادەم (قېتىم)نىڭ بەدىنىنى تەكشۈردى ، 120 ئادەم (قېتىم) نى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىدى ، 1957 ـ يىلى ئامبۇلاتورىيىنىڭ لابوراتورىيىسى چوڭراق ئادەتتىكى تەكشۈرۈشلەرنى ئىشلەشكە باشلىدى . 1962 ـ يىلى تاشقى كېسەللىكلەر ، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى سۈنئىي ئۇسۇلدا بالا چۈشۈرۈش ، بالا ياتقۇ سىرتىدىكى ھامىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ، سوقۇر ئۈچەي ، گىرژ ئوپېراتسىيىلىرىنى قىلالايدىغان ھەم داۋالىيالايدىغان بولدى . 70 ـ يىللاردىن بۇيان ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۈچەي توسۇلۇش ، ئاشقازاننىڭ چوڭ قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ، جىگەردىكى قاپلىق قۇرتنى ئېلىۋېتىش ، سۈيدۈك يولى ، دوۋسۇندا پەيدا بولغان تاشنى ئېلىۋېتىش ، قورساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش ، سۈيدۈكلۈكنى ياماش ، تۇخۇمدان ئۆسمىسىنى ئېلىۋېتىش قاتارلىق ئوپېراتسىيەلەرنى قىلالايدىغان بولدى . تەكشۈرۈش بۆلۈمى بىئو ـ خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ، قان زەردابىنى تەكشۈرۈش ، قان سۇيۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق بەزى تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويدى . رېنتگېن بۆلۈمى ئۆت ، بۆرەكنى سۈرەتكە تارتىش قاتارلىقلارنى يولغا قويدى ؛ دورا ياساش بۆلۈمى %0.9 لىك تۇز سۈيى ، %5 لىك گلۇكوزا تۇز سۈيى ، %5 لىك ، %10 لىك گلۇكوزا قاتارلىقلارنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى .

1986 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىدە 280 مىڭ 630 ئادەم (قېتىم) نى داۋالىدى ، 1180 ئادەم (قېتىم)نى ياتاقتا ئېلىپ داۋالىدى ، بۇ ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 39.18 ھەسسىسىگە ۋە 9.8 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ .

يېزا شىپاخانىلىرى ئادەتتىكى دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى جىددىي

www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدى.

1969 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇۋېنبو، لى ياۋ قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن كەلپىن ناھىيىسىنىڭ جۇڭگو تىبابىتى دورا ماتېرىياللىرى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىلدى. كەلپىندە جەمئىي 169 خىل دورا ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا، زىرىق، چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىق 15 خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى.

### 2. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى

1952 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، شپرىس، تارازا ۋە دورا ئالماشتۇرۇش تەخسىسى قاتارلىقلارلا بار ئىدى، 1958 ـ يىلى قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان تىندۇرغۇچى ماشىنا، ئانالىز تارازىسى، 50 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتى سېتىۋېلىندى. 1987 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا 30 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتى، 200 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتى، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن بىر جىنسى يول ئەينىكى، ئېلېكتر كاردىئوگرامما ئاپپاراتى، يەنە جۇڭگودا ئىشلەنگەن ئېلېكتر كاردىئوگرامما ئاپپاراتى، يۈرەك ۋېكتوگرام ئاپپاراتى، A تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئاپپاراتى، مېگە ئېلېكتر قارشىلىقنى ئۆلچىگۈچ، ئۇلترا مىكرو دولقۇن ئارقىلىق داۋالاش ئاپپاراتى، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق داۋالاش ئاپپاراتى، ئۆزگىرىشچان چاستوتىلىق داۋالاش ئاپپاراتى، مىكروسكوپ، پېتىشتۈرۈش ساندۇقى، تېرموستات، توك ئارقىلىق ئېرىتىش قازىنى، قۇرۇتۇش ساندۇقى، كومۇلاچ دورا ماشىنىسى، تابلېتكا ماشىنىسى، يۇمشىتىش ماشىنىسى، دىنام قاتارلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى.

## § 3. تۇزۇم، خىراجەت

### 1. داۋالاش تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 1181 ئادەم (قېتىم) ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، 1655.14 يۈەن چىقىم قىلىندى. 1958 ـ يىلى 3647 ئادەم (قېتىم) ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى، 5536.27 يۈەن چىقىم قىلىندى. كېيىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش راسخوتى يىلدىن يىلغا ئاشتى. 1990 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش راسخوتى كۆپىيىپ 268 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1972 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشقا جەمئىي 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

1962 ـ يىلدىن باشلاپ دېھقانلار ئارىسىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش توختاپ قالدى.

### 2. داۋالاش خىراجىتى

مىنگو دەۋرىدە داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى ۋە سەھىيە خادىملىرى بولمىغاچقا، داۋالاش خىراجىتى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن داۋالاش، سەھىيە خىراجىتىنىڭ ھەممىسى دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرى-

تىپ بېرىلىدىغان بولدى ھەمدە يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1972 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 52 مىڭ يۈەن داۋالاش ، سەھىيە راسخوتى چىقىم قىلىندى ، 1990 ـ يىلغا كەلگەندە كۆپىيىپ 421 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1972 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي چىقىم قىلىنغان داۋالاش ، سەھىيە خىراجىتى 2 مىليون 706 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### كەلپىن ناھىيىسىنىڭ داۋالاش ، سەھىيە خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل 22—3

| يىللار | سوممىسى ( يۈەن ) | يۇنىلىك ئىچىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ( يۈەن ) |
|---|---|---|
| 1972 | 52 000 | 6000 |
| 1973 | 65 000 | 8000 |
| 1974 | 55 000 | 9000 |
| 1975 | 53 000 | 7000 |
| 1976 | 63 000 | 9000 |
| 1977 | 63 000 | 9000 |
| 1978 | 64 000 | 10 000 |
| 1979 | 66 000 | 16 000 |
| 1980 | 85 000 | 22000 |
| 1981 | 96 000 | 25 900 |
| 1982 | 93 000 | 30 000 |
| 1983 | 90 000 | 30 000 |
| 1984 | 102 000 | 52 000 |
| 1985 | 190 000 | 67 000 |
| 1986 | 200 000 | 77 000 |
| 1987 | 200 000 | 117 000 |
| 1988 | 429 000 | 154 000 |
| 1989 | 319 000 | 194 000 |
| 1990 | 421 000 | 268 000 |

## § 4 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوق ئىدى. ھەمىشە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ئانچە ـ مۇنچە كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ ، لېكىن مادارى يەتمەيتتى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) دىن كېيىن ، ئاقسۇ مەمۇرىي رايونى كۆپ قېتىم كەلپىنگە دوختۇر ئەۋەتىپ چېچەك چېـ

كىپ ، چېچەكنىڭ ئالدىنى ئالغان. مىنگونىڭ29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) 5 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغاندا ، ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ مەمۇرىي رايون ۋالىسى بولۇپ تۇرغان كوممۇنىست خۇاڭ مىنغۇ دوختۇر دادانوۋانى كەلپىنگە كېسەل داۋالاشقا ئەۋەتىپ ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشنى يېنىكلەتكەن ھەمدە بىر قىسىم كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، خەلق ھۆكۈمىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ ، ئالدىنى ئېلىش ، ۋاكسىنا ئەملەش ، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان ھامان يوقىتىش يولىغا قويۇلدى.

1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئالتە قېتىم چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملەندى ، چېچەك چېكىلگەن ئادەم سانى 39 مىڭ 565 كە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە 1953 ـ يىلى 1223 ئادەمگە ، 1954 ـ يىلى 4285 ئادەمگە ، 1955 ـ يىلى 10 مىڭ 348 ئادەمگە ، 1956 ـ يىلى 14 مىڭ 431 ئادەمگە ، 1957 ـ يىلى 5482 ئادەمگە ، 1958 ـ يىلى 3255 ئادەمگە چېچەك چېكىلدى ، 1958 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدە چېچەكتىن ئىبارەت بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىلدى.

1964 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە خولېرا ، تولغاق ، قىزىل ، كۆك يۆتەل قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ ، كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار 3191 گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە پاراخولېرا بىلەن ئاغرىغانلار ئالتە ، تولغاق بىلەن ئاغرىغانلار 890 ، قىزىل بىلەن ئاغرىغانلار 1924 ، كۆكيۆتەل بىلەن ئاغرىغانلار82 ، قارا تەمرەتكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار 291 . شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكى 14 ئادەمنى ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ 11 كىشىلىك داۋالاش ، ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسىنى كەلپىنگە ئەۋەتتى. بۇ ئىككى داۋالاش گۇرۇپپىسى ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ۋاكسىنا ئەملىگەن ۋە ئوكۇل ئۇرغان ئادەم جەمئىي 1299 ، داۋالاپ ساقايتقان ئادەم 2931 ( بۇنىڭ ئىچىدە ، پاراخولېرا بىلەن ئاغرىغانلار ئالتە ، قىزىل بىلەن ئاغرىغانلار 1719 ، تولغاق بىلەن ئاغرىغانلار 583 ، كۆك يۆتەل بىلەن ئاغرىغانلار 80 ، قارا تەمرەتكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار 291 ) ، ئۆلگەنلەر 262 ( بۇنىڭ ئىچىدە تولغاق بىلەن ئۆلگىنى 205 ، قىزىل بىلەن ئۆلگىنى 55 ، كۆكيۆتەل بىلەن ئۆلگىنى ئىككى ) .

1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پاراخولېرانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 26 ئالدىنى ئېلىش خادىمى تەشكىللىنىپ 27 مىڭ 430 ئادەمگە مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرۇلدى ، 28 مىڭ 624 ئادەمگە چېچەك چېكىلدى ؛ ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ ، سۈزگۈچلۈك قۇدۇقتىن 26 سى كولاندى ، 35 ئورۇندا يەرلىك ۋودوپروۋود ياسالدى ، 83 كۆل قورشاۋ تام ئىچىگە ئېلىندى ، 3907ھاجەتخانا ياسالدى.

70 ـ يىللاردىن بۇيان ناھىيىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يۈز بەرگەن ھامان ئۆز ۋاقتىدا سىېزىلىپ ، داۋالىنىپ ، ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلىپ ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى تىزگىنلەندى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پاراخولېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم بايقالدى. 1988 ـ يىلى ئاچال يېزىسىدا پاراخولېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار بايقالغان بولۇپ ، ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق 270 ئادەمنىڭ مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى ، نەتىجىدە پاراخولېرا ناھايىتى تېزلا تىزگىنلەندى. شۇ يىلى رېنتگېن ئاپپاراتى ئارقىلىق 10 مىڭ 48 ئادەمنىڭ ئۆپكە كېسىلى بار ـ يوقلۇقى تەكشۈرۈلدى. بۇلاردىن 196 ئادەمنىڭ ئۆپكە سىلى بولۇپ ،

www.uyghurkitap.com

داۋالاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغان 293 ئا ـ
دەم بايقالدى ، ئۇلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا داۋالاندى ، 887 ئادەمگە قىزىل ۋاكسىنىسى ئەملەندى ، بۇ ، ۋاكسىنا
ئەملەشكە تېگىشلىكلەرنىڭ 98.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ؛ 857 بالىغا باللار پارالىچى ۋاكسىنىسى ئەملەن ـ
دى ، بۇ ، ۋاكسىنا ئەملەشكە تېگىشلىكلەرنىڭ 96.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ؛ 918 ئادەمگە ئۈچ بىرلەشمە
ۋاكسىنا ئەملەندى ، بۇ ، ۋاكسىنا ئەملەشكە تېگىشلىكلەرنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ؛ 1380 بالىغا كال ـ
مېت ـ گۆھېرىن ۋاكسىنىسى ئەملەندى ، بۇ ، ۋاكسىنا ئەملەشكە تېگىشلىكلەرنىڭ 97 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى .
1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تاز ، چېچەك ، خولېرا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يوقىتىلدى ، سىفلىس ،
قىزىل ، كۆكيۆتەل ۋە تارقىلىشچان B تىپلىق جىگەر ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن تىز ـ
گىنلەندى .

# § 5 . ئانا ـ باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

1954 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى
ئېچىلىپ ، جەمئىي 25 تۇغۇت ئانىسى تەربىيىلەندى . شۇنىڭ بىلەن ، تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ
ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى . 1975 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىك ـ
لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ ، ئا ـ
نا ـ باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى .

**1 . ئاياللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش**

1 ) **يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ، خەلق ھۆكۈمىتى كونا
تۇغۇت ئانىلىرىنى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە يې ـ
زا ، كەنتلەرگە يېڭى تۇغۇت ئانىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، تۇغۇت قوبۇل قىلىش بۆيۈملىرىنى تارقىتىپ بەر ـ
دى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئاياللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى تەدرىجىي كۈچەيتىلىپ ، ئاياللارنىڭ
سالامەتلىكى تەدرىجىي ياخشىلاندى .

1985 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىدە ئون كىشى قاتناشقان ئانا ـ باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۆگى ـ
نىش كۇرسى ئېچىلدى ، كۇرسانتلار ھامىلدار ئاياللارنى تۇغۇتتىن ئىلگىرى تەكشۈردى . شۇ يىلى بىرىيىل
ئىچىدە ، جەمئىي 772بوۋاق تۇغدۇرۇلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇغۇتى قىيىن بولغانلار 22 ، يېڭى ئۇسۇلدا تۇ ـ
غۇتى قوبۇل قىلىنغانلار 94 . 1986 ـ يىلى تۇغدۇرۇلغان بوۋاق جەمئىي 988 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى
ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغىنى 115 . 1988 ـ يىلى تۇغدۇرۇلغان بوۋاق جەمئىي 933 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى
ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغىنى 230 .

1989 ـ يىلى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھىيىدە يېزا ـ كەنت ـ
لەردىكى تۇغۇت ياردەمچىلىرى قاتناشقان ئانا ـ باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىل ـ
دى . كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، بۇ تۇغۇت ياردەمچىلىرى قايتىپ بېرىپ ، يەنە كەنتلەرنىڭ ئانا ـ با ـ
للار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى . مۇشۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي
1122 بوۋاق تۇغۇلدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغىنى 418 بولۇپ ، 37 پىرسەنتىنى تەش ـ
كىل قىلدى .

1990 ـ يىلى ناھىيىدە يەنە بىر قارار ئانا ـ باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچى ـ
لىپ ، يېزا ـ كەنتلەردىكى تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلارغا تۇغۇت پوپكىسى ۋە تۇغۇت قوبۇل قىلىش بۆيۈملى ـ

www.uyghurkitap.com

رى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 400 ھامىلدار ئايال تەكشۈرۈلدى، 1187 نەپەر بوـ
ۋاق تۇغۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغىنى 432بولۇپ، %35.6 نى ئىگىلىدى، تۇغۇـ
تى قىيىن بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم بىر، تۇغۇتلۇق ئاياللاردىن بىرەرسىمۇ تۇغۇت قىزىتمىسى تۈپەيلىـ
دىن ئۆلۈپ كەتمىدى.

2) **ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش** 1985 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىدە ئون تىببىي خادىم
تەشكىللىنىپ، 6058 تۇرمۇش قۇرغان ئايال تەكشۈرۈلۈپ، ئاياللار كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 25 كىشى
بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ماتكىسى چىقىپ كەتكەنلەر 22، سۈيدۈك يولى ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلار
ئۈچ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كېسەللەر ئۆز ۋاقتىدا داۋالاندى. 1986 ـ يىلى تۇرمۇشلۇق بولغان 200 ئاـ
يال تەكشۈرۈلۈپ، 49 ئايالنىڭ ماتكا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، 13 ئايالنىڭ ماتكىسى چىقىپ كەتـ
كەنلىكى ئېنىقلاندى. 1989 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەن 7034 ئايال ئىچىدە، ماتكىسى چىقىپ كەتكەنلەر ئىكـ
كى. جىنسىي يول مۇسكۇلى زەخملەنگەنلەر ئىككى، تىببىي خادىملار ئۆز ۋاقتىدا داۋالىغانلىقتىن، ئاـ
ياللارنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 1986 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، روشەن ئازايدى.

### 2. باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىـ
تىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ۋاكسىنا ئەملەش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى
داۋالاشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، باللارنىڭ كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىـ
تىنى تۆۋەنلەتتى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 0 ياشتىن يەتتە ياشقىچىلىك بولغان 6090 باللا تىزىملاپ چىـ
قىلدى ھەمدە 1—5 ئايلىق بوۋاقلارغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملەندى.
قىزىل ۋاكسىنىسى ئوبيېكتى 2382 بولۇپ، 1795 باللىغا ئوكۇل ئۇرۇلدى، بۇ، %87.2 نى ئىگىلىدى؛ باـ
للار پارالىچى ئوبيېكتى 1203 بولۇپ، دورا ئىچكۈزۈلگىنى 4113، بۇ، %94.3نى ئىگىلىدى؛ ئۈچ بىرـ
لەشمە ۋاكسىنا ئەملىنىدىغان ئوبيېكت 522 بولۇپ، ئوكۇل ئۇرۇلغانلار 413 بولۇپ، %79.4 نى ئىگىلىـ
دى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ يىللىقىغىـ
چىلىك باللار تىزىملاپ چىقىلدى. ئەملەش ئوبيېكتى1397بولۇپ، ئەملەنگىنى1355بولۇپ، %96.9نى ئىـ
گىلىدى. 1986 ـيىلى 0—7ياشقىچىلىك بولغان 6537 باللىغا پىلانلىق ئىممۇنىتېت ئوكۇلى ئۇرۇلدى ھەمدە
بەدەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1987 ـ يىلى 0—7 ياشقىچىلىك بولغان 7756 باللىغا پىلانلىق ئىممۇنىـ
تېت ئوكۇلى ئۇرۇلدى ھەمدە باللار يەسلىسىدىكى 32 باللىنىڭ بەدىنى تەكشۈرۈلدى. 1989 ـ يىلى يەسلىـ
دىكى 70 باللىنىڭ بەدىنى تەكشۈرۈلدى، ئون باللىنىڭ زېھنى تەكشۈرۈلۈپ خاتىرىگە ئېلىندى. 1990 ـ يىلى
يەتتە ياشتىن تۆۋەن 3628 باللىغا پىلانلىق ئىممۇنىتېت ئوكۇلى ئۇرۇلدى، يەنە باللارنىڭ ساقلىقىنى
ساقلاش بويىچە ئۆز ۋاقتىدا تىزىملاش ئېلىپ بېرىلىپ، كېسەلگە قاراپ داۋالاپ تۇرۇلغاچقا، باللار
ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

## § 6. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە سەھىيە ئاپپاراتى ۋە سەھىيە خادىملىرى يوق بولۇپ، خەلق ئارىـ
سىدا بىر قانچە تىۋىپلا بار ئىدى، ئۇلار كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا مۇئەييەن

رول ئوينىغانىدى.

**1 . تۆۋپىلار**

مىنگو دەۋرىدە كەلپىن ناھىيىسىدە بىر قەدەر مەشھۇر تۆۋپىلاردىن گەزلىك يېزىسى ئۆستۈن قاشئېرىق كەنتىدىكى ئىبراھىم ئاخۇن، يۇرچى يېزىسى يۇرچى كەنتىدىكى تاھىر قۇربان، يۇقىرىس كەنتىدىكى مەشھۇر تېگىمچى ئىسمايىل ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت موللا قاتارلىقلار ئۆتكەن.

**2 . داۋالاش ئۇسۇلى**

خەلق ئارىسىدىكى تۆۋپىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى — ئوت ـ چۆپ دورىلارنى ئىچكۈزۈش، تېڭىش، قان ئېلىش، لوڭقا قويۇش، ئۇۋۇلاش، تېگىش، چىققىنى ئورنىغا چۈشۈرۈش، سوغۇق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئارشاڭغا چۈشۈرۈش ۋە سۇ ئارقىلىق داۋالاش، قۇم ئارقىلىق داۋالاش، ئاپتاپ ئارقىلىق داۋالاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. خەلق ئارىسىدىكى تۆۋپىلار كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالىيالىغان بولسىمۇ، لېكىن چېچەك، قىزىل، خولېرا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەشكە چارىسىز ئىدى.

كەلپىن ناھىيىسىدىكى خەلق ئارىسىدىكى ئۇيغۇر تۆۋپىلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇملۇك دورىلار ۋە داۋالاش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ مىجەزى سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر، كۆز كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ياللۇغى، سۇنۇق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

# باب III

# تەنتەربىيە

## § 1 . تەنتەربىيە تۈرلىرى

كەلپىن ناھىيىسىدىكى كەڭ ئامما ياقتۇرىدىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، ۋاللىي (گاگار) ئويناش، توپ كالتەك ئويناش، ياغاچ ئاتماق ئويناش، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش، تەپكۈچ تېپىش، مۇز تېيىلىش، تاش تەرمەك ئويناش، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش قاتارلىقلار بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئىدارىلەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى تىكتاك توپ، ۋالىبول، ۋاسكىتبول قاتارلىق تەنتەربىيە قوراللىرىنى سېتىۋالدى. 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيە بازىرىدا بىر تەنتەربىيە مەيدانى ياسىدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 2100 كۋادرات مېتىر.

چېلىشىش ھەرىكىتى كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ ئاساسقا ئىگە بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

كەلپىن ناھىيىسىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكىتىدە كۆچلۈك تۈر ھېسابلىنىدۇ. ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقان – چارۋىچىلار ۋە ئىشچى – خىزمەتچىلەر چېلىشىش ھەرىكىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، نۇرغۇن ياخشى چېلىشچىلار بار. ناھىيىلىك چېلىشىش كوماندىسى ئىككى قېتىم ۋىلايەت نامىدىن ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1950 – يىلدىن 1990 – يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىغا توققۇز نەپەر چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى يەتكۈزۈپ بەردى، ۋەلى ئىبراھىم دۆلەتلىك كوماندىغا قاتنىشىپ، ئامېرىكىغا بېرىپ مۇسابىقىگە قاتناشتى.

## § 2 . مەكتەپ تەنتەربىيىسى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى خەنزۇچە مەكتەپلەردە گىمناستىكا – ئويۇن دەرسى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 23 – يىلى ( 1934 – يىلى ) ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە تەنتەربىيە دەرسى ۋە دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، يىراققا سەكرەش قاتارلىق تۈرلەردىن ئىبارەت بولغان. مىنگونىڭ 25 – يىلى ( 1936 – يىلى ) توپ تۈرلىرى، يالاڭ تورنىك، قوش تورنىك قاتارلىقلار كۆپەيتىلگەن.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھەر يىلى « 12 – ئاپرېل » ۋە « 18 – سېنتەبىر » خاتىرە كۈنلىرى كەلپىن ناھىيە بازىرىدا ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. كەلپىن ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاقسۇغا بېرىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە دەرسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. مەكتەپلەر تەنتەربىيە ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى ھەم ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىگە كەسپىي تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى. ناھىيىلىك 1 – ئوتتۇرا مەكتەپتە قىزلار ۋالېبول كوماندىسى ۋە قىزلار ۋاسكېتبول كوماندىسى قۇرۇلدى. ھەر يىلى « 4 – ماي » ياشلار بايرىمى كۈنى ۋە « 1 – ئىيۇن » بالىلار بايرىمى كۈنى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋالېبول، ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە دەرسى بەزىدە ئۆتۈلدى، بەزىدە ئۆتۈلمىدى، دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى توختاپ قالاي دەپ قالدى.

پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى ئەسلىگە كېلىپ، تەنتەربىيە دەرسىنى نورمال ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە دەرستىن سىرتقى بەدەن چېنىقتۇرۇش تۈزۈمى تەدرىجىي تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەپتىسىگە ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتىدىغان، ھەر كۈنى ئەتىگەندە گىمناستىكا ئوينايدىغان، ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر كۈنى بىر سائەتتىن بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋاقتى بولۇشىنىڭ تەلەپكە ئاساسەن يەتتى.

## § 3 . تەنتەربىيە مۇسابىقلىرى

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى ( 1936 ـ يىلى ) 2 ـ رايوننىڭ شاگىيوسى ئەشەت بىر قىتىملىق ناھىيە خاراكتېرلىك ئات بەيگىسى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەش كىشىنى مۇكاپاتلىدى ، بىرىنچىلىككە ۋە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەنلەرگە بىردىن موزاي ئىنئام قىلدى .

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىسى تۇنجى قېتىم 20 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ تەنھەرىكەت كوماندىسى تەشكىللەپ ئاقسۇغا ئەۋەتىپ ، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى . مىنگونىڭ 25 ـ ۋە 33 ـ يىللىرى ( 1936 ـ ۋە 1944 ـ يىللىرى ) ناھىيە بازىرىدا ناھىيە بويىچە ۋاسكېتبول ، ۋالىبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىپ كەلپىننىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا تۈرلۈك مۇسابىقىلەر داۋاملىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلىدىغان بولدى . ناھىيىدىكى مۇسابىقىدىن باشقا ،كەلپىننىڭ بەزى تەنھەرىكەتچىلىرى ۋە تەنھەرىكەت كوماندىسى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى .

1975 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى كەلپىن ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ، مۇسابىقىگە ۋىلايەتتىكى توققۇز ناھىيىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى قاتناشتى . كەلپىن ناھىيىسىنىڭ چېلىشچىلىرى كوللېكتىپ بويىچە بىرىنچى ۋە شەخسلەر بويىچە ھەممە تۈردە بىرىنچى بولدى .

1980 ـيىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى كەلپىندىن 12 نەپەر چېلىشچىنى تاللىۋالدى ، بۇ ، ۋىلايەتلىك كوماندا ئەزالىرىنىڭ 98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ، ئۇلارنى بەش ئاي تەربىيىلىگەندىن كېيىن ، ئاپتونوم رايون چۆچەكتە ئۆتكۈزگەن جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى ، پەرھات مامۇت ، ھېسامىدىن ماموتلار 2 ـ لىككە ، ۋىلايەتلىك كوماندا كوللېكتىپ بويىچە 6 ـ لىككە ئېرىشتى .

1981 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ، كەلپىن ناھىيىسىدىن 11 چېلىشچى تاللاپ ئېلىپ قېلىندى ، بۇ ، ۋىلايەتلىك چېلىشىش كوماندىسى ئەزالىرىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ، بۇلار ۋىلايەتتە ئۈچ ئاي تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى . كەلپىن ناھىيىسىدىن ئەمەر مۇھەممەت 2 ـ لىككە ئېرىشتى .

1982 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسىدە جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى . كەلپىن ناھىيىلىك كوماندىدىن ۋەلى ئىبراھىم ، رۇسۇل موللاق ، راخمان ھاپىز ، سەيپىدىن ، ئەمەر مۇھەممەتلەر 1 ـ لىككە ئېرىشتى ، مۇختار تۇردى ، ئەنۋەر ئەمەت 2 ـلىككە ئېرىشتى ، كوماندا كوللېكتىپ 1 ـلىككە ئېرىشتى .

1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسىدە جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈز-

دى. كەلپىن ناھىيىسى كوللېكتىپ 1 ـ لىككە ئېرىشتى. راخمان ھاپىز، راخمان موللاق، ئابدۇللا ھاپىز، سەيپىدىن، مۇختار تۇردىلار شەخسلەر بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ئۆرۈمچىدە جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. كەلپىن كوماندىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋەكالىتەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ كوللېكتىپ 5 ـ لىككە ئېرىشتى، راخمان مەخسۇت، ئەمەر مۇھەممەتلەر شەخسلەر بويىچە 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

1984 ـ يىلى باھار بايرىمىدا ناھىيە بازىرىدا چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، يېزىلاردا ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە تاللىۋېلىنغان ئون نەپەر ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى تەنھەرىكەتچىسى ئۇچتۇرپانغا بېرىپ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۆتكۈزگەن ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 1 ـ لىككە ئېرىشتى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىدە بىر قېتىم چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 16 تەنھەرىكەتچى تاللاندى، ئۇلار تەربىيىلەنگەندىن كېيىن 7 ـ ئايدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزگەن جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، چوڭلار ۋە ياشلار گۇرۇپپىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كوللېكتىپ 1 ـ لىككە ئېرىشتى، ئابدۇلھەمىت سىدىق، راخمان مەخسۇت، ئابدۇللا ھاپىز، مۇختار تۇردى، سەيپىدىن، ئەنۋەر ئەمەت، كېرىم تىلەك، ئەمەر مۇھەممەت، خۇداقۇل قاتارلىق چېلىشچىلار شەخسلەر بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى، يۇقىرىقى چېلىشچىلار 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون قىزىلسۇدا ئۆتكۈزگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 4 ـ لىككە ئېرىشتى، ئابدۇلھەمىت تۇردى، ئابلاجان، تۆنىياز قاسىم قاتارلىق چېلىشچىلار مۇكاپاتلاندى.

1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاسكىتبول كوماندىسى ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋالىبول كوماندىسى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋىلايەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

1985 ـ يىلى باھار بايرىمىدا، ناھىيە بازىرىدا يېزا ـ كەنتلەر ئارا چېلىشىش، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، ئارغامچا تارتىشىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇتۇپ چىققانلارغا مۇكاپات بېرىلدى. 5 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پۇتبول كوماندىسى تۇنجى قېتىم ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 6 ـ ئايدا كەلپىن چېلىشىش كوماندىسى ئاۋات ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋىلايەتلىك جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 2 ـ لىككە ئېرىشتى. 8 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ۋالىبول كوماندىسى ئاۋات ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 2 ـ لىككە ئېرىشتى. 9 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋالىبول كوماندىسى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىدە ئۆتكۈزگەن ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە يېزا، كەنتلەر ئارا چېلىشىش، ئارغامچا تارتىشىش، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، مىللىيچە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدە كەلپىن ناھىيىسىدىن تۇردى مۇھەممەت قەدىمچە چېلىشىشتا 74 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون بولدى، ئابلىز ئەمەت ئەركىن چېلىشىشتا 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

1990 ـ يىل 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيە بازىرىدا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 350 ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى.

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل 22 ـ 4

| ئىسىم فامىلىسى | ئېغىرلىقى / كىلوگرام | مۇسابىقە ئورنى | نەتىجىسى | ئۆتكۈزگەن ئورۇن | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئابلىمىت تۇردى | 82 | ئاتۇش | چېمپىيون | ئاپتونوم رايون | 1984 |
| ئابدۇۋېلى | 82 | ئاتۇش | چېمپىيون | ئاپتونوم رايون | 1984 |
| تۇردى مۇھەممەت | 74 | ئاتۇش | چېمپىيون | ئاپتونوم رايون | 1989.7 |
| ئابلىمىت سىدىق | 68 | قەشقەر | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1978 |
| پەرھات مامۇت | 52 | چۆچەك | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1980 |
| ھېسامىدىن مامۇت | 68 | چۆچەك | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1980 |
| ئۆمەر مۇھەممەت | 48 | ئۈرۈمچى | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1981 |
| تۇنىياز قاسىم | 52 | ئاتۇش | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1984 |
| ئابلىز ئەمەت | 58 | قەشقەر | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1986 |
| ئۆمەر مۇھەممەت | 48 | ئۈرۈمچى | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1983 |
| خۇدائقۇل | 52 | قەشقەر | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1986 |
| پولات بەختى | 52 | قەشقەر | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1986 |
| ۋەلى ئىبراھىم | 68 | غۇلجا | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1982 |
| راخمان مەخسۇت | 80 | قەشقەر | ئىككىنچى | ئاپتونوم رايون | 1987 |
| ئابلىمىت سىدىق | 68 | كورلا | ئۈچىنچى | ئاپتونوم رايون | 1977 |
| ئۆمەر مۇھەممەت | 48 | ئالتاي | ئۈچىنچى | ئاپتونوم رايون | 1982 |
| ئابلاجان | 48 | ئاتۇش | ئۈچىنچى | ئاپتونوم رايون | 1984.10 |
| دانىش | 51 | ئۈرۈمچى | ئۈچىنچى | ئاپتونوم رايون | 1985 |
| ئابلا ھاپىز | 74 | قەشقەر | تۆتىنچى | ئاپتونوم رايون | 1986 |
| مۇختار تۇردى | 74 | ئۈرۈمچى | تۆتىنچى | ئاپتونوم رايون | 1982 |
| پەرھات موللاق | 59 | ئۈرۈمچى | تۆتىنچى | ئاپتونوم رايون | 1990 |
| راخمان ھاپىز | 58 | غۇلجا | بەشىنچى | ئاپتونوم رايون | 1982 |

www.uyghurkitap.com

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل 22—5

| ئىسىم فامىلىسى | ئېغىرلىقى كىلوگرام | مۇسابىقە ئورنى | نەتىجىسى | ئۆتكۈزگەن ئورۇن | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋەلى ئىبراھىم | 68 | ئاۋات | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| رۇسۇل موللاق | 68 | ئاۋات | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| راخمان ھاپىز | 58 | ئاۋات | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| سەيپىدىن | 62 | ئاۋات | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| ئەمەر مۇھەممەت | 48 | ئاۋات | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| مۇختار تۇردى | 74 | ئاۋات | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| سەيپىدىن | 68 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| راخمان ھاپىز | 52 | كەلپىن | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1983. 6 |
| ئابدۇللا ھاپىز | 74 | كەلپىن | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1983. 6 |
| سەيپىدىن | 68 | كەلپىن | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1983. 6 |
| مۇختار تۇردى | 74 | كەلپىن | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1983. 6 |
| ئابلىمىت سىدىق | 90 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| راخمان مەخسۇت | 80 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| ئابدۇللا ھاپىز | 74 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| مۇختار تۇردى | 74 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| ئەنۋەر ئەمەت | 62 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| كېرىم تىلەك | 68 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| ئەمەر مۇھەممەت | 48 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| خۇداقۇل | 52 | توقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1984. 5 |
| ئەنۋەر مۇھەممەت | 48 | شايار | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |

(ئىلدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| راخمان هاپىز | 58 | شايار | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |
| مەككال | 62 | شايار | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |
| راخمان مەخسۇت | 90 | شايار | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |
| كېرىم تىلەك | 74 | شايار | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |
| رۇسۇل، مۇللاق | 68 | شايار | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |
| پولات يۈسۈپ | 51 | ئاقسۇ كوناشەھەر | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1988 |
| خۇداقۇل | 54 | ئاقسۇ كوناشەھەر | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1988 |
| ئابلىز ئەمەت | 58 | ئاقسۇ كوناشەھەر | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1988 |
| قاۋۇل توختى | 80 | ئاقسۇ كوناشەھەر | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1988 |
| ئەنۋەر خۇدۇيۇم | 82 | ئاقسۇ كوناشەھەر | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1988 |
| تۇداخۇن | 74 | ئاقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1989 |
| ئابلىز ئەمەت | 58 | ئاقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1989 |
| پەرھات مۇللاق | 54 | ئاقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1989 |
| لىتىپ ئەمەت | 80 | ئاقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1989 |
| تۇراخۇن | 74 | ئاقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1990 |
| ئەنۋەر مەسۇم | 51 | ئاقسۇ | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1990 |
| مۇختار تۇردى | 74 | كەلپىن | چېمپىيون | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1983. 6 |
| ئەنۋەر ئەمەت | 58 | ئاۋات | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1982 |
| ئابلاجان | 51 | شايار | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1987 |
| ئالىم قاسىم | 48 | ئاقسۇ كوناشەھەر | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1988 |
| يۈسۈپ مەسۇم | 48 | ئاقسۇ كوناشەھەر | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1989 |
| يۈسۈپ مەسۇم | 48 | ئاقسۇ كوناشەھەر | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1990 |
| تۇرسۇن ئەيسا | 80 | ئاقسۇ كونا شەھەر | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1990 |
| مۇھەممەت | 51 | ئاقسۇ كوناشەھەر | ئىككىنچى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1990 |

## § 4 . تەنتەربىيە ئويۇنلىرى

كەلپىندىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات داۋامىدا ، بالىلار ۋە ياشلارنىڭ نۇرغۇنلىغان تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئىجاد قىلىپ ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلدى. يېزىلاردا ھېلىھەم بالىلار ۋە ياشلارنىڭ ھەر خىل تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم ھېيت - بايرام ئۆتكۈزگەندە ، قىشلىق ، يازلىق تەتىلدە ، ئەتىياز ، قىش كۈنلىرىنىڭ ئاخشاملىرىدا تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ئاساسلىقى دۇم - دۇم ئويۇنى ، ئاداش - تاداش بولايلى ئويۇنى ، ئالارسەن ئويۇنى ، ياغاچ ئاتماق ئويۇنى ، ۋاللەي (گاگار ئويناش) ئويۇنى ، توپ كالتەك ئويۇنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

## يىگرمه ئۈچنچى قسم

# مللەت . دن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگرمە ئۈچىنچى قىسىم

# مىللەت . دىن

## I باب

# مىللەتلەر

1990 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز ۋە خۇيزۇدىن ئىبارەت تۆت مىللەت ياشىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 33 مىڭ 179 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 97.13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ خەنزۇلار 909 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، قىرغىزلار 50 نەپەر، خۇيزۇلار 15 نەپەر.

## § 1 . ئۇيغۇرلار

**1 . تەرەققىيات جەريانى**

ئۇيغۇرلار — كەلپىن ناھىيىسىدە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن مىللەت، تارىختا كەلپىندە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ساكلار، توخرىلار، ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ياشىغان.

XVI ئەسىردە نۇرغۇن كەلپىنلىك ئۇيغۇر ئەسكەر بولۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپ، كېيىنچە يىگىسارادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) كەلپىندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندا، ئۇرغۇن كەلپىنلىك ئۇيغۇر سىرتقا قېچىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 17 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) نۇرغۇن كەلپىنلىك ئۇيغۇر بۈيرۈققا بىنائەن مارالبېشى، ئاۋاتلارغا بېرىپ بوز يەر ئاچقان، كېيىنچە شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچتۇرپان، باي، قورغاس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1949 ـ يىلدىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر سىرتقا چىقىپ ئوقۇغان، خىزمەت قىلغان. ھازىرغىچە سىرتقا كۆچۈپ كەتكەن ۋە سىرتتا خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ قالغان كەلپىنلىك ئۇيغۇرلار تەخمىنەن 30 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كونا جەمئىيەتتە تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يۇرتـ

نى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن كەلپىنلىكلەرمۇ بار.

## 2. ئۆرپ - ئادەت

1) **ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى** كەلپىننىڭ سۇيى قىس، زېمىنى قۇرغاق بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇرۇندىن ئېرىق - ئۆستەڭ بويلاپ زىچ ئولتۇراقلاشقان. كەلپىندە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۇلىغا تاش قويۇلىدۇ، تاملار كېسەكتە قوپۇرۇلۇپ سۇۋۇلىدۇ، ئۆگزىگە لاي يېپىشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتىكى ئۆيلەر پاكارراق بولۇپ، بورا بىلەن يېپىلىپ، ۋاسا جۈپ قىلىپ سېلىنىدۇ. ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەنلەر تاملارنى ئىچكى سۇۋاق قىلىپ سۇۋاپ، تام ۋە تۈۋرۈك - لىملارنى نەقىشلەيدۇ. ئۆيلەرگە تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك كاڭ بولىدۇ. ھازىر نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر تامنى سامانلىق لايدا سۇۋاپ، ھاكتا ئاقارتىدىغان بولدى. دەرىزە تۈڭلۈكنىڭ ئورنىنى ئالدى، مەش ئاساسىي جەھەتتىن كاڭنىڭ ئورنىنى ئالدى. كەلپىنلىكلەر ئۆيگە پېشايۋان چىقىرىدۇ، ھويلا ئىشىكى ئالدىغا كىچىك سۇپا، ھويلا ئىشىكى ئۈستىگە لەمپە ياسايدۇ. ھاللىق ئائىلىلەر ھويلىنى ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى ھويلا دەپ ئايرىيدۇ، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە ئېغىل - قوتان ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئىمكانىيىتى بارلار ھويلىنىڭ ئالدى - كەينىگە باغ قىلىدۇ. كىشىلەر ھويلىنى تېرىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئىلگىرى تۆگە ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغانلىقتىن، تۆگىنى ھويلىدا قويۇش ئۈچۈن، ھويلىلار چوڭراق بولاتتى، بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى نۇرغۇن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھويلىلىرىدا، تاشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ. ئۆتمۈشتە بەزى ئۆيلەر بىر سېلىنسا، بىر قانچە يۈز يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيتتى، لىم - ياغاچلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كېتەتتى. بۇنداق ئەھۋاللار ھازىر پەيدىنپەي ئۆزگەرمەكتە. ئۆيگە ئادەتتە تەڭلىمات، گىلەم، پالاز سېلىنىدۇ، تامغا زەدىۋال تارتىلىدۇ، گىلەم ئېسىلىدۇ. قىشتا دېھقانلار كاڭ ياكى كارىۋات ئۈستىگە سامان، پالاك يېيىپ، ئۈستىگە كىگىز ياكى پالاز سېلىپ قويىدۇ.

مىڭگو يىللىرىدا كەلپىندە ئۈچ - تۆت ئەۋلاد بىللە ياشايدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، بىر مۇنچە ئائىلىلەردە، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئوغۇل ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە تۇراتتى. ھازىر كۆپ ساندىكى ئائىلىلەردە چوڭ بولۇپ قالغان باللار ئايرىم ئۆيدە تۇرىدىغان بولدى.

2) **كىيىم - كېچەك ئادەتلىرى** كەلپىندىكى ئۇيغۇرلار كىيىم - كېچەكنىڭ پاكىزە، رەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆتمۈشتە ئاياللارنىڭ كۆڭلىكى بوغۇچلۇق تون كىيەتتى. ياش ئاياللار قىزىل ياكى شوخ گۈللۈك رەختلەردىن كۆينەك كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى، يېشى چوڭلار رەڭگى سۇس، سىدام كىيىم - كېچەك كىيىشنى ياقتۇراتتى. قىز باللار ھەر خىل گۈللۈك دوپپىلارنى كىيەتتى، ئاياللار ياغلىق سېلىپ، ئۈستىگە كۆرپە تۇماق كىيىۋالاتتى. چۈمپەردە تارتىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى، يېشى چوڭ ئاياللار لېچەك سېلىۋالاتتى، ھازىر ئۇلار ئاساسەن ئاق داكا ياغلىق ياكى يۇڭ ۋە پاختا يىپتىن توقۇلغان سىدام رومال ئورايدىغان بولدى قىسمەن ئاياللاردا بېشىغا بىر ياغلىق چېگىپ، بوينىغا يەنە بىر ياغلىق ئورىۋالىدىغان ئادەتمۇ بار. ئۆتمۈشتە ئاياللار ياز كۈنلىرى يالاڭ ئاياغ يۈرەتتى، قىزلار قىشتا كالاچ كىيەتتى، ھازىر ھەممىسى ئاياغ كىيىم كىيىدىغان بولدى. لېكىن يېزىلاردىكى ئاياللار ھېلىمۇ ئۇزۇن پايپاق كىيىشنى ياقتۇرمايدۇ.

ئۆتمۈشتە ئەرلەر قىزىل رەڭلىك ياكى گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىشنى يامان كۆرەتتى، رەڭدار كىيىم كىيىش ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلاتتى. ئادەتتە ياقىسىز چاپان ۋە جۇۋا كىيەتتى، كۆينەكلىرىنىڭ تولىسى يەڭسىز كالتە كۆينەك ئىدى، كىيىملەر كەڭرەك تىكىلەتتى، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەر بەلباغ باغلايتتى، ئەرلەر ياش قۇرامىغا قارىماي، تۆت پەسىل بويى قۇلاقچا، تۇماق كىيەتتى، قۇلاقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قوي تېرىسىدىن تىكىلەتتى. ياشلارنىڭ بەزىلىرى بادام دوپپا ۋە شاپاق دوپپا، كۆپىنچىسى چىمەن دوپپا

كىيەتتى. ياز كۈنلىرى يالاڭ ئاياغ يۈرەتتى، قىشتا ئۆتۈك كىيەتتى، ياشانغانلار ئۆتۈك ئۈستىگە كالاچ كىيەتتى. يىڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىشلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادەتلىرى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەردى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان ھازىرقى زامان مودا كىيىم ـ كېچەكلىرى كەلپىن خەلقىنىڭ كىيىم ـ كېچەك پاسونىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ياش دېھقانلار ئارىسىدا جۇڭسەن پاسونىدىكى كىيىم ۋە كاستيۇم ـ بورۇلكا كىيىدىغانلار كۆپەيدى.

كونا جەمئىيەتتە كىشلەر يېڭى كىيىم ـ كېچەك كىيگەندە: «سىنىڭ جىنىڭ بوش، مېنىڭ جىنىم چىڭ» دەپ كىيىدىغان ئادەت بار ئىدى. ھازىر كىشلەر يېڭى كىيىم ـ كېچەك كىيگەندە ئۆزئارا مۇبارەكلەشمەيدىغان بولدى، كىيىم ـ كېچەكلەر، ئادەتتە، ئاسقىدا ياكى بوغچىمىدا ساقلىنىدۇ.

3) يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى كەلپىنلىكلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئاساسلىقى نان، چۆچۈرە، سۇيۇقئاش، مانتا، لەغمەن، قاتلىما، ھور قاتلىما، ياغلىق توغاچ، كالا، قوي، تۆگە گۆشى، يۇتازا، پولو، گاڭپەن، شويلا، شوۋىگۈرۈچلەردىن ئىبارەت.

ئۆتمۈشتە دېھقانلارنىڭ تولىسى سوغۇق سۇ ئىچەتتى، چاي ئىچىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ھازىر چاي ئىچىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئىلگىرى كىشلەر كۆل سۈيى ئىچەتتى، ھازىر ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۈيى ئىچىدىغان بولدى.

ئۆتمۈشتە، ئادەتتىكى ئائىلىلەردە ھەر كۈنى سەھەردە تېرىق ئۈمىچى (قورۇپ ئارتىلغان تېرىق ئۇنىغا چامغۇر، گۆلە ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدىغان ئۈماچ) ئىچىلەتتى، گوۋا (تېرىق تالقىنىغا قوي يېغى سېلىپ، ئۈستىگە قايناقسۇ قۇيۇپ ئىچىدىغان بىر خىل تاماق) ئىچىدىغانلارمۇ بارئىدى، تۇرمۇشى قىيىن ئائىلىلەردە كۆپرەك سۆك، يۇمدان (يەنى قوناق ئۇننى ئازراق بۇغداي ئۇنى بىلەن ئەبجەش قىلىپ يۇغۇرۇپ، يېيىپ ئېتىلىدىغان ئاش) ئىچىلەتتى.

كەلپىنلىكلەر پولوغا گۆش باسقاندىن باشقا، گۆلمۇ ئارىلاشتۇرىدۇ. پولوغا قېتىق قۇيۇپ يەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

چىپىت (چىپتا) —كەلپىننىڭ ئالاھىدە نېنى، ئۇ بۇغداي ئۇنى خېمىردىنى قازان پوشكىلىدەك نېپىز، دىئامېترى تەخمىنەن 40 سانتىمېتر كېڭەيتىلىپ، تەكشى يۇزىلىغاندىن كېيىن، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان، ئادەتتە قانچە نېپىز بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ، چىپتا پىشۇرۇش باشقا نانلارنى پىشۇرۇشتىن تەس، بىر ئاز يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. چىپتا توي ـ مەرىكە، مېھماندارچىلىقتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى خۇشپۇراقلىق قىلىش ئۈچۈن خېمىرغا ئادەتتە سىيادان قوشۇۋېتىلىدۇ. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، چىپتا ئائىلىلەردە ئادەتتىكى يېمەكلىككە ئايلىنىپ قالدى.

زاغرانان — ئۆتمۈشتە كەلپىنلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى ئىدى. شاۋا ئىسسىق چاغلاردا ئازراق تېرىق تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلغان سوغۇق سۇ ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىلەتتى.

كەلپىندە چامغۇر توغرالغان سۇيۇقئاش كۆپ ئىچىلىدۇ، 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا سۇيۇقئاش غورا سېلىپ ئېتىلىدۇ.

ئۆتمۈشتە كەلپىن خەلقىدە لەگبۈك يەيدىغان، ھاراق ئىچىدىغان ئادەت يوق ئىدى، ھازىر بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا لەگبۈك يەيدىغان، ھاراق ئىچىدىغان ئادەت پەيدا بولدى.

كەلپىنلىكلەردە قوناق ئۈمىچىغا ئازراق چۆچۈتۈلگەن سۇ يېغى قۇيۇپ ئىچىدىغان، چىنىگە چىلانغان نانغا ئۈيۈتۈۋېلىنغان قوي يېغىسېلىپ ئىچىدىغان ئادەت بار. گۆلە قاينىتىپ، تېرىق تالقىنى چېلىپ ئىچىدىغان ئادەتمۇ بار.

سۇپۇرۇچ يېيىشمۇ بىر قەدەر ئومۇملاشقان. سۇپۇرۇچ چامغۇر ياخشى تۆگرە قىلىنغاندىن كېيىن، جۇۋاۋا تەرىقىسىدە تۈگۈلۈپ، قايناق سۇغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. موندىلەكمۇ كەلپىن خەل-

قى ئىچىدە ئۆتمۈشتە كۆپ ئىستېمال قىلىنغان. ئۇ، قوناقئۇنى خېمىرى ئىچىگە چامغۇر ياكى ئازراق گۆش سېلىنىپ، قايناق سۇدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق، گۆش تاپالمىغانلار چامغۇر بىلەن گۈلە سېلىپمۇ تەييارلايدۇ، موندىلەك ھازىر ئانچە كۆپ يېيىلمەس بولدى.

4) **توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى** كەلپىندە قىز بىلەن يىگىتنىڭ تويى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويىنىڭ ئالدىدا، ئالدى بىلەن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە قۇدىلىشىش چېيى بېرىدۇ، چايغا ئاساسەن قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېلىدۇ، چايدا قىزغا ئىككى ـ ئۈچ كىيىملىك ئەن رەخت، بىرەر ياغلىق قويۇلىدۇ. ئۆتمۈشتە بۇنداق چايدا مېھمانلار ئاساسەن ئىسسىق نان، شورپا بىلەنلا ئۇزىتىلاتتى، ھازىر گۆش، پولو بىلەن ئۇزىتىلىدۇ. گەزلىك ۋە ئاچال يېزىلىرىدا قىز تەرەپ بۇ چايدىن كېيىن ياندۇرۇق چاي بېرىدۇ، ئاندىن ئوغۇل تەرەپ يەنە چاي ئۆتكۈزۈپ، قىز تەرەپنى مېھمان قىلىدۇ، قىزنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـتۇغقانلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يان گۆش ۋە ئۇستىخانلىق گۆش قويۇلىدۇ، ئۇلار يەپ بولالمىسا، ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ، تويىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىگە داستىخان كۆتۈرۈپ بارىدۇ، بۇ چاغدا ئوغۇل تەرەپ چاي ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى گۆش، چېپىت، سۇيۇقئاش، پولو بىلەن مېھمان قىلىدۇ، گۆش كەم بولسا بولمايدۇ.

80 ـ يىللاردا مۇنداق ئادەت باش كۆتۈرگەن: توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ بىر قېتىم چاي ئۆتكۈزۈپ، قىز تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى چىللاپ، تويلۇق ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدا، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە «داستىخان پۇلى»، ياغ، گۈرۈچ، ئوتۇن ئايرىپ بېرىدۇ. قىز تەرەپ مۇۋاپىق پەيتتە كۈيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئوتۇن چېيى بېرىدۇ.

تويى بولىدىغان قىز ئۆز ئالدىغا ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە بارمايدۇ. مەسلىھەت چېيىدىمۇ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە بارمايدۇ، بولمىسا، ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ.

قىز كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئەر تەرەپتىن بىر چوڭ ياشلىق ئايال قىز تەرەپكە بىر تەكى ئېلىپ بېرىپ، قىز تەرەپتىن بېرىلگەن بىر تەكى بىلەن جۈپلەشتۈرۈپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ (ھازىر پەي ياستۇق بېرىلىدىغان بولدى).

توي بولغان كۈنى (ناھىيە بازىرىدا توي بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى)، يىگىت تەرەپتىن بىر ئوغۇل بالا يىگىتنىڭ تۇغقان ـ دوستلىرى بىلەن بىللە، مۈڭگۈزىگە ياكى بويىنىغا ياغلىق ياكى رەخت باغلانغان تۆت ـ بەش قوينى يېتىلەپ قىز تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ. قىز تەرەپمۇ شۇنداق ياغلىق ياكى رەختنى قوي يېتىلەپ بارغان ئوغۇلغا بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭ بېلىگە باغلاپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قوي ئېلىپ كەلگەنلەرنى چاي بېرىپ ياندۇرىدۇ.

تويغا چاقىرىلغان مېھمانلار (ئۆتمۈشتە تويغا ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلاتتى، ھازىر باغاق ئارقىلىق چىللىنىدىغان بولدى) قىز تەرەپكە ياكى ئوغۇل تەرەپكە ۋە ياكى ھەر ئىككى تەرەپكە سوۋغات ئېلىپ بېرىپ تويىنى مۇبارەكلىشىدۇ. ئۆتمۈشتە يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بىرلىشىپ بىر قوي بىلەن مۇبارەكلەيتتى، ھازىر ھەر بىر ئائىلە ئايرىم سوۋغات ئېلىپ بارىدىغان بولدى، توي كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوغۇل تەرەپتىن قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەر داقا ـ دۇمباق چېلىپ قىزنى ئالغىلى كېلىپ، قىز تەرەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاگامباشلان ئېيتىدۇ، قىز يۈزىنى ياغلىق بىلەن چۈمكەپ، يىگىت يېتىلىگەن ئاتقا مىنىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ (ھازىر ھارۋا ياكى ماشىنىدا كۆچۈرۈلىدىغان بولدى). قىز يول بويى يىغلايدۇ. قىز قولداشلىرى، يىگىت قولداشلىرى، يەڭگە ئاتىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ. يول ئۈستىدە قانچە يەردە توسسا، شۇنچە ياغلىق بېرىپ ماڭىدۇ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، قىز تەرەپ ئىشىكنى ئېتىۋالغانلارغا سوۋغا بېرىپ ئىشىكنى ئاچقۇزىدۇ. قىز ئاتتىن ئاق كىگىزگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ دوستلىرى قىزنى كۆتۈرۈپ، مەخسۇس تەييارلانغان ھوجرىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ھوجرىدا قىز تەرەپتىن بىر ئايال، ئوغۇل تەرەپتىن بىر ئا-

يال ئوتتۇرىغا چىقىپ چېلىشىدۇ. چېلىششتا ئەر تەرەپ ۋەكىلى جەزمەن قىز تەرەپ ۋەكىلىنى بېسىۋالىدۇ ـ
دە، مۇنچە ئوغۇل، مۇنچە قىز تۇغۇلۇڭ دەپ، قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ئوغۇلنىڭ ئانىسى نوغۇچ بىلەن قىز-
نىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ ھەمدە: «سەھەر قوپۇڭ، چاقىرسام خوش دەڭ، قېنى ئاتىڭىز چاقىرسا لەببەي دەڭ»
دەيدۇ، شۇنىڭ كەينىدىلا ئوغۇل تەرەپ ھويلىسىدا قىزىق مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسـ
نىڭ ئۈرۈق ـ تۇغقانلىرى قىزغىن ئۇسسۇل ئوينايدۇ (مۇبادا شۇ ئۆينىڭ چوڭى يېقىندا قازا قىلىپ كەتكەن
بولسا، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان مەشرەپ ۋە تاماشىلار مەنئىي قىلىنىدۇ). قىز تويىدا توي مەشرىپى
ئۆتكۈزۈلۈپ، سازەندىلەر نەغمە قىلىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. جۇۋان تويىدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلمەيدۇ،
بەلكى گۆگۈم چۈشكەندە ئەرنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ قويۇلىدۇ. بۇ ئادەتمۇ تەدرىجىي ئۆزگەرمەكتە. مەشـ
رەپتىن كېيىن قىز ـ يىگىت قولداشلىرىغا ۋە مېھمانلارغا چاي بېرىپ ئۇزىتىلىدۇ؛ ئاخشىمى ئوغۇل تەرەپ ئائـ
ىلە مەشرىپى قىلىپ بېرىدۇ (ھازىر بەزى ئائىلىلەر كەچتە زىياپەت بېرىپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىدىغان
ئەھۋاللار پەيدا بولدى. لېكىن ئامما ئۆرپ ـ ئادەتكە خىلاپ بۇنداق قىلىقلارنى ياقتۇرمايدۇ)، مەشرەپـ
تىن كېيىن قىزلار، ئوغۇللار تارقايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ، نىكاھ قىز ۋە ئوغۇل رازىلىق بەر-
گەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. قىزغا ئالغان تويلۇق رەختلەرنى ئوغۇل تەرەپ تىكتۈرۈپ بېرىدۇ،
باشقا سوۋغات رەختلەرنى سوۋغات ئالغۇچىلار تىكتۈرۈۋالىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى يوقلامغا كېلىدۇ (ئۆتمۈشتە، ئادەتتە،
بىرەر قوي ئېلىپ كېلىپ يوقلايتتى)، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپتىن كەلگەنلەرگە چاي بېرىدۇ، ئەگەر ئىككى
تەرەپ كېلىشسە، چوڭ چاي بىلەن يوقلام چېيى بىر قېتىمدىلا تۈگىتىلىدۇ. تويىنىڭ ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى
يىگىت تەرەپ يوقلامدا قىز تەرەپتىن يەڭگە بولۇپ كەلگەن بىر ـ ئىككى ئايالغا سوۋغا بېرىدۇ (ئادەتتە
رەخت بېرىلىدۇ، ھازىر ئۈچ كىشى يەڭگە بولىدىغان بولدى. گەزلىك يېزىسىدا يوقلامدا قىزنىڭ ئاپىسىغـ
مۇ رەخت قويىدىغان ئادەت بار)، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

توي بولۇپ ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە ئازنىلىق چېيى بېرىدۇ.
يۈرچى يېزىسىنىڭ ئادىتىدە، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ھەممە كىشىلىرىگە دېگۈدەك سوۋغا ـ سالام (تون
كىيدۈرۈشتىن ئادەتتىكى قوشۇقچە) بېرىدۇ. گەزلىك، ئاچال يېزىلىرىدا ئەر تەرەپ ئايال تەرەپكە، ئاـ
يال تەرەپ ئەر تەرەپكە سوۋغات بېرىشىدۇ (يوتقان ـ كۆرپە قىز تەرەپتىن بېرىلىدۇ، تون، رەخت قاتارلىق
نەرسىلەر ئەر تەرەپتىن بولىدۇ. ئىككى تەرەپ ئاساسەن تەڭ قىممەتتە سوۋغا بېرىشىدۇ).

تويدىن كېيىن قىزنى ئاتىسىغا كۆرسىتىدىغان چاغدا، ئاساسەن، ئازنىلىق چېيى بېرىلگەن كۈنى يىـ
گىت قىزنى بىرەر قوي بىلەن بىللە ئېلىپ بارىدۇ. ئازنىلىقتىن كېيىن، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقانلىـ
رىنى يەنە چىللاپ، پولو، سۈيۈقئاش ياكى گۆش بىلەن مېھمان قىلىدۇ.

قىز ئەر تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن، قېيىنانىسى كېلىنىگە بىرەر كىيىملىك ئەن
رەخت قويۇپ مۇبارەكلەيدۇ.

ئۆتمۈشتە توي قىلىدىغان چاغدا، قىزنى ئۆز مەھەللىسىدىن سىرتقا چىقارمايدىغان، ئۇرۇق ـ تۇغـ
قانلار بالىلىرى كىچىك چاغدىلا چاي ئىچكۈزۈپ، قۇدىلىشىپ قويىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. ھازىر بۇخىل
ئادەتلەر تەدرىجىي ئۆزگەردى.

5) **تۇغۇت ئادەتلىرى** تۇنجى قېتىم ھامىلدار بولغان ئاياللار ھامىلدارلىق ئالامىتى ناھايىتى روشەن ھالدا
بىلىنمىگىچە، ھامىلدارلىقنى ئاپىسى، ئېرىگىلا ئېيتىپ، باشقا كىشىلەردىن پىنھان تۇتىدۇ، كەڭ ـ ئازادە
كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ يۈرىدۇ. ھامىلدار ئاياللارنىڭ سەت، بىمەنە نەرسىلەرگە قارىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.
گەزلىك يېزىسىدىكىلەر تۇنجى بالىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغىدۇ؛ تۇغۇت تولغىقى باشلانغان چاغدا، بىر
قانچە ئەڭ يېقىن ئايال خەۋەر تاپىدۇ، باشقىلار خەۋەر تېپىپ قالسا، تۇغۇتى تەس بولىدۇ دەپ قارىلـ

دۇ. تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ يېنىغا تۇغۇت ئانىسى ۋە ئۆز ئېرىدىن باشقىلارنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. تۇ-
غۇت ۋاقتىدا چاقىرىلغان ئاياللارنىڭ بىرلىكتە ئىنجىقلاپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. تۇغۇتنىڭ ئاسان بولۇ-
شى ئۈچۈن، ئەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۇل، رەخت، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى كېلىنىنىڭ بېشى-
دىن ئۆرۈپ، قېرى، ئاجىز ـ ئورۇقلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلىدۇ ھەم تۇغۇت ئانىسىغا سوۋغا
بېرىدۇ. بەزى جايلاردا تۇغۇت تولغىقى تازا قاتتىق تۇتقان چاغدا، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى جىرىڭلىتىپ تۇ-
رىدىغان ئادەت بار. بەزىلىرى تولغاقنى پەسىيدۇ دەپ، قازاندا سۇ قاينىتىپمۇ تۇرىدۇ. دۇئا قىلىپ تۇ-
رۇش ئومۇمىي ئادەت. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەزان ئېيتىپ ئات قويۇلىدۇ (كېيىنرەك ئات قويسىمۇ بولى-
دۇ)، بالا تۇغۇلۇپ تاكى ئايال ئورنىدىن تۇرغىچە، تۇغۇتلۇق ئايال يالغۇز قالدۇرۇلمايدۇ. تۇغۇتلۇق
ئايالنى توغقان كۈنىدىن باشلاپ ئەر ـ ئاياللار يوقلاپ مۇبارەكلەشكە بولىدۇ. ئاياللار مۇبارەكلىسە،
ئادەتتە قۇرۇق كىرمەيدۇ، يېقىن قوشنىلىرى تاماق ئېلىپ كېلىپ ھال سورايدۇ، بوۋاقنىڭ كىندىكى چۈشمى-
گىچە، تاماق ئېلىپ كىرگەن قاچا قايتۇرۇلمايدۇ. ئايال تۇغۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يوقلاپ
كەلگەنلەرگە تۇغۇت چېيى بېرىلىدۇ (بۇ چاغدا پولو تارتىلىدۇ، ئۆتمۈشتە نان يېقىپ، سۇيۇقئاش بېرى-
لەتتى). ئايال تۇغۇتتىن قوپقاندىن كېيىن، ئېرى ئۇنى بىرەر قۇر كىيىم كىيدۈرۈپ تەبرىكلەيدۇ. قىزنىڭ
ئاتا ـ ئانىسى قىزى تۇغۇپ ماڭالغۇدەك بولغاندىن كېيىن، قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئادەتتە،
يەتتە كۈن قارايدۇ، ئاندىن كېيىن، قۇدا تەرەپنى چاقىرىپ، قىزغا بىرەر قۇر كىيىم كىيدۈرۈپ، قېيىنئانىسى-
غا قوشۇپ قويىدۇ.

6) **خەتنە تويى** ئوغۇل بالا ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلىنىدۇ. خەتنە قىلىشتىن بۇرۇن بالىنىڭ
ئاتا ـ ئانىسى بىر نەچچە پىششىق تۇخۇم تەييارلاپ، خەتنە قىلىنغان ھامان بالىنىڭ ئېغىزىغا سويۇلغان
تۇخۇمنى تىقىپ قويىدۇ. تەڭ دېمەتلىك بالىلارمۇ تۇخۇم ئېلىپ كىرىپ تەبرىكلەيدۇ، يېقىن تۇغقان ـ
دوستلىرىمۇ تەبرىكلىشىدۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خەتنە توي چېيى
ئۆتكۈزىدۇ، ئۆتمۈشتە بۇغداي يارمىسى بىلەن ئۇماچ ئېتىلەتتى، ھازىر پولو ئېتىلىدىغان بولدى. ئا-
ياللار ئاز ـ تولا سوۋغات ئېلىپ كېلىپ تەبرىكلىشىدۇ (ئەرلەر سوۋغات ئېلىپ بارمايدۇ). ھازىر سوۋغات-
قا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى. بۇ خىل چايغا ئادەتتە باغاق تارقىتىلمايدۇ.

7) **جۈۋان تويى** ئايال ئىككىنچى تۇغقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزى ئۈچۈن جۈۋان تويى ئۆت-
كۈزۈپ بېرىدۇ. جۈۋان بولىدىغان ئايالنى ئالدى بىلەن ئانىسى ۋە بىر قانچە ئوتتۇرا ياشلىق ئايال چى-
رايلىق كىيىندۈرۈپ ياسايدۇ، يۈزىنى ئالدۇرىدۇ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى قۇر كىيىم
قويۇپ، مەخسۇس چاي ھازىرلاپ، قىزنىڭ جۈۋان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، بۇ، شۇ ئايالنىڭ ئوتتۇرا
ياشلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جۈۋان بولغان ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى مەرتىۋىسىمۇ ئۆ-
سىدۇ، ئېرى ئۇنى بىرەر قۇر كىيىم بىلەن تەبرىكلەيدۇ، جۈۋان تويى ئۆتكۈزمىگەن ئاياللار ئاتا ـ ئانىسى-
دىن ئاغرىنىدۇ. بۇ ئادەت ھازىر بارا ـ بارا ئەمەلدىن قېلىۋاتىدۇ.

8) **ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى** ئادەم ئۆلگەندە، گەزلىك يېزىسىدا ھازىدار ئادەم ھاسا تۇتۇپ يىغلايدۇ، بې-
لىگە ئاق باغلايدۇ (يۇرچى يېزىسىدا بۇنداق ئادەت يوق). ھازىدارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ئەل ـ
ئاغىنىلىرىمۇ ئاق باغلايدۇ. مۇشۇنداق ئاق باغلىغانلار ئۆلۈم ئېگىسىنى تاماقتا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار-
نىڭ ئالدىغا رەخت قويۇپ قارىسىنى سۇندۇرىدۇ. ئۆلۈم نامىزىغا كەلگەنلەرگە بىرەر قاپتىن سەرەڭگە، بى-
رەر ـ ئىككى مو پۇل تارقىتىلىدۇ. مېيىت نامىزىنى چۈشۈرگۈچىگە بىرەر كىيىملىك رەخت ياكى ئۆلگۈچىنىڭ
ياخشى كۆرىدىغان كىيىمى بېرىلىدۇ (يۇرچى يېزىسىدا مۇسىبەت ئادىتى بۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس)،
دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەر قانداق ئادەم، مەيلى ئۆلگۈچى بىلەن ياخشى ئۆتكەن ياكى يامان ئۆت-
كەن بولسۇن، ئوخشاشلا قارشى ئېلىنىدۇ، بەزى جايلاردا جەسەتنى كۆمىدىغان چاغدا، ئۆلگۈچىنىڭ كى-

يىم - كېچەكلىرى جەسەت يۇغۇچىغا ، ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقان ، دوستلىرىغا بېرىۋېتىلىدۇ؛ بەزى چاغلاردا يىغلىغانلارنىڭ ھۆل ھاسىلىرىنى يىغىپ جەسەت بىلەن كۆمۈۋېتىدىغان ئادەتمۇ بار. مېيىت ئۇزاتقاندا ، ئاياللار ئەگىشىپ مېڭىشقا بولمايدۇ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈنگىچە قازان ئېسىلمايدۇ، قولۇم - قوشنىلىرى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تاماق ئېتىپ ئەكىرىدۇ ۋە ھازىغا كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدۇ، يېقىن قوشنىلىرى يەنە سۈيۈقئاش ئېتىپ ، ئۆلۈم بولغان ئۆيگە ئەكىرىپ تۇرىدۇ. مېيىت ئۇزىتىلىپ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچ نەزىرى بېرىلىدۇ. بۇ چوڭ نەزىر بولۇپ ، ئىلگىرى بۇغداي يارمىسى ئېشى بېرىلەتتى ، ھازىر پولو، گۆش بېرىلىدۇ. نەزىردىن خەۋەر تاپقان ئاياللار ( ھازىر ئومۇمەن باغاق ئالغانلار ) بىرەر ئىسسىق نان، چىپىت ياكى ئەھۋالغا قاراپ گۈرۈچ ، ياغ ئېلىپ كېلىپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىن ھال سورايدۇ. يۇرچى يېرىسىدا ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئۆلۈم چېيى ئۆتكۈزمەي ، نەزىر ۋاقتىدا مېيىت چىققان ئائىلىگە بىر- ئىككى قوي بېرىدۇ. گەزلىك يېزىسىدا چاي ئۆتكۈزىدىغان ئادەت ھېلىمۇ بار. مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى شەنبىدە ، قۇيماق ، پوشكال سېلىنىپ ، ئۇماچ ئېتىلىپ ، مەرھۇمنىڭ شەنبىسى بېرىلىدۇ( ئازنا كۈنى بېرىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ). مېيىت ئۇزىتىلىپ 20 نەچچە كۈندىن 40 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا قىرىق نەزىرى بېرىلىدۇ. بۇ نەزىردە پولو ياكى ئۇماچ ئېتىلىپ ، كەنتتىكى ھەممەيلەن چاقىرىلىدۇ ، بىر يىلدىن كېيىن ، يىل نەزىرى بېرىلىدۇ. شەرت - شارائىت يار بەرسە ، ھەر يىلى نەزىر بېرىپ تۇرۇلىدۇ.

ئۆتمۈشتە زاراتكارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار بويىچە بۆلۈنەتتى. ئاياللار زاراتكارلىققا شەنبە كۈنلىرى بارىدىغان ئەھۋاللار بار ئىدى. ھازىر ئاياللارنىڭ زاراتكارلىققا بېرىپ يىغلىشى ، زاراتكارلىقنى ئارىلاپ يۈرۈشى ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. گۈمبەز سېلىش ، قەبرە قاتۇرۇش ھازىر ياخشى ئادەت ھېسابلانمايدۇ. زاراتكارلىق يېنىدىن ئۆتكەندە ، ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىش ؛ تۇپراق بېشىغا دەرەخ تىكىپ كۆكلىتىش ، گۈل ئۆستۈرۈش ، قەبرىنى دەسسەپ ماڭماسلىق ، زاراتكارلىقنى ئارىلاپ يول قىلىۋالماسلىق ياخشى ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. گەزلىك يېزىسىدا ئاياللار روزى ھېيت ، قۇربان ھېيتلاردا پوشكال ئېلىپ تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان ئادەت بار. تۇپراق بېشىغا چىققانلار قۇشلارغا ئاتاپ قەبرىلەرگە بۇغداي ، قوناق ، تېرىق چېچىپ قويىدۇ.

9) **ئىسىمنى چاقىرىش ئادەتلىرى** كەلپىندە ئىسىم قويۇش باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىگە ئوخشايدۇ ، ئەمما چاقىرغاندا ، ياش ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « قارى » ، « خان » ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىسمىغا « ئاخۇن » قوشۇپ ئېيتىلىدۇ ، مەسىلەن :ئەمەتقارى ، ئەمەتخان ، ئەمەت ئاخۇن دېگەندەك ؛ئاياللارنىڭ ئىسمىغا « خان » قوشۇش — ئومۇمىي ئادەت ، مەسىلەن : رابىخان ، ئايشىخان دېگەندەك .

ماختاش سۆزى « خەسەم » ، « جېنىم » ، « گۈلۈم » كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ، ھازىر باشقا رايونلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « جان » ، « گۈل » قوشۇش ئادەتلىرىمۇ كەلپىنگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى .

كونا جەمئىيەتتە ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىدىغان « ئەك » ، « لاق » دېگەندەك كەمسىتىش قوشۇمچىلىرى ھازىر قوللىنىلمايدىغان بولدى ، مەسىلەن ، « ئايسەك » ، « ھېيتلاق » دېيىش ئورنىغا « ئايسىخان » ، « ھېيتاخۇن » دېيىلىدىغان بولدى .

10) **باشقا ئادەتلەر** تۇنجى قېتىم قار ياغقان چاغدا ، بىرەيلەن بىرەر نەرسىگە قارنى ئوراپ ، يېقىن كىشىلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ، تۇيدۇرماي تاشلاپ قويۇپ كېلىدۇ ، بۇ ، قار تاشلاش دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسى تۇيۇپ قېلىپ ، قار تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا ، قار تاشلىغۇچى مېھمان قىلىدۇ ، تۇتۇۋالالمىسا ، ئۆي ئىگىسى مېھمان قىلىدۇ .

كەلپىنلىكلەر تۆمۈر ئەسۋابلارنى ئاتلاشنى يامان كۆرىدۇ. كەلپىندە يەنە ، نان دەسسىگەنلەرنىڭ كۆزى كور بولۇپ قالىدۇ دەيدىغان قاراش بار ، كىشىلەر ئۆزئارا بىرەر ئىشنى تالىشىپ قالسا ، « نان

دەسسەپ بېرەيمۇ» دەيدۇ، بۇ «قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ» دېگەن بىلەن ئوخشاش.

كەلپىنلىكلەر كۆلگە سىيىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ، كۆل بىلەن ئەخلەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنى، شاپاقۇا سىيىشنى، يۈندىنى يولغا، هويلىغا تۆكۈشنى، يۈندا تۆكۈلگەن يەرگە سىيىشنى مەنئىي قىلىدۇ.

كەلپىندە كېسەل يوقلاش ئومۇمىي ئادەت، كېسەل ئادەتتە ئەتىگەندە ۋە قۇياش پېتىشتىن ئىلگىرى يوقلىنىدۇ، كەچقۇرۇنلۇقى كېسەل يوقلاش ياخشى ئىش هېسابلانمايدۇ.

## § 2. باشقا مىللەتلەر

### 1. خەنزۇلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، كەلپىندىكى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ سانى 20 گە يەتمەيتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي كۆپەيدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە خەنزۇ ئاھالىسى 909 غا يەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئىبارەت. خەنزۇلار مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەچكە، كۆپىنچىسى ئەسلىدىكى يۇرتىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە، پەقەت يېمەك -ئىچمەك ئادىتىدىلا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

### 2. قىرغىزلار

كەلپىن ناھىيىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى 1917 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆچۈپ كەلگەنلەر. ئۇلار 1956 -يىلغىچە ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، ئۇلار كەلپىندە كوپېراتىپقا كىردى. 1980 - يىلدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاقچى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. 1990 - يىلى كەلپىندىكى قىرغىزلار 50 نەپچىگە يەتتى. ئۇلار تاغلىق رايوندا ياشايدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

### 3. خۇيزۇلار

كەلپىندە خۇيزۇلار ئاز، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى ساقلاپ قالغان، قىسمەن ئۆرپ- ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

### 4. قازاق، مانجۇ، تۇجيا، جۇاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر

قازاق، مانجۇ، تۇجيا، جۇاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار كۆپرەك يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى ئومۇمەن ساقلاپ قالغان.

## § 3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىناق ياشاپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، كەلپىننىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىغا ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىلىك ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەر يىلنىڭ 5 - ئېيى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى» قىلىپ بېكىتىلدى، ئاچال يېزىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 2 -تۇەن مەيدانى يېقىن قوشنا بولۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش

داۋامىدا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچىلارغا ئايلاندى. 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 184 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇچتىن بىرى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ، بۇ مەكتەپ بىر بىرىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاچقا ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىر ئائىلىدىكى تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتتى. 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، «ھەر كۈنى بىر جۈملە ئۇيغۇرچە سۆز ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەندى ، ئۇيغۇر يولداشلارنى مەكتەپكە بېرىپ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن دەرس سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ھەمدە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ، گەزلىك ، يۇرچى ئوتتۇرا مەكتەپلىرى بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قانات يايدۇردى. ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىكى خەنزۇ ، ئۇيغۇر ، تۇجيا مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزئارا ئۆگىنىپ ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ كەلدى. ناھىيىلىك پارتكوم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى»دا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى» ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزئارا تىل ـ يېزىق ئۆگىنىشى تۈزۈمگە ئايلاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتى داۋامىدا نۇرغۇن، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى ، ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ، ئامما ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

كەلپىن تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى قۇمقۇدۇق داۋبەننىڭ ياش ئىشچىسى ئېزىمجان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1986 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ، ئېزىمجان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ھەيدەپ ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ 1052 كىلومېتر جايىدا ئىشلەۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز قەشقەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان پاختا باسقان «شەرق شاملى» ماركىلىق بىر ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ، بۇ ئەھۋالنى شوپۇر تېخى سەزمىگەنىدى. ئۇ جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى دەرھال تاشيولغا توغرا توختىتىپ قويۇپ ، يۈك ئاپتوموبىلىنى توسىدۇ ، شوپۇرغا ماشىنىنى تاشيولدىن 100 مېتر يىراقلىقتىكى تۈزلەڭگە ئاپىرىپ توختىتىشنى تاپىلايدۇ ، ماشىنا توختىغان ھامان ، كۆيۈۋاتقان ئوتقا قارىماي ، ماشىنىغا چىقىپ تايلانغان پاختىلارنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈشكە كىرىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئىككى ماي تۇڭىغا ئوت تۇتىشىپ ، گۈرۈلداپ كۆيۈشكە باشلايدۇ. مۇبادا بېنزىن پارتلاپ كېتىدىغانلا بولسا ، ماشىنا كۆيۈپ ، ئادەم ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ خەتەرگە قارىماي ، بىر بېنزىن تۇڭىنى ماشىنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرىدۇ ھەمدە ماشىنىدىن چۈشۈپ ، تۇڭنى ماشىنىدىن 15 مېتر يىراقلىقتىكى جايغا ئىتتىرىپ ئاپىرىۋېتىدۇ. ئۇ ، ئارقىسىدىن يېنىپ ماشىنا قېشىغا كېلىشىگىلا بۇ ماي تۇڭى پارتلاپ ، ئىس ـ تۈتەك پەلەككە ئۆرلەيدۇ. ئېزىمجان ئىككىنچى ماي تۇڭىنى ماشىنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرگەنىدىن كېيىن ، دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈپ ، ئىككىنچى ماي تۇڭىنى پارتلاپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ كەلگەن دېھقانلار بىلەن بىللە ، 47 تاي پاختىنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئۈستەڭ بويىغا ئېلىپ بېرىپ ، سۇ چېچىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالىدۇ. ئۇ بىر كىشىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، پاختىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال قوغلاپ بېرىپ ئالدىنى توسىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ، دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالىدۇ. ئوت ئۆچۈرۈلگەنىدىن كېيىن ، ئۇ ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن پاختا تايلىرىنى يەنە توشۇپ كېلىپ ماشىنىغا باسىدۇ ، بۇ چاغدا ئەتىگەن سائەت ئۈچ بولغانىدى. كۆز چاناقلىرىغا ياش تولغان خەنزۇ شوپۇر ھېرىپ ـ چارچىغان ئېزىمجانغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەشەككۈر ئېيتىدۇ ھەم ھەق بەرمەكچى بولىدۇ ، ئېزىمجان: «پۇل بېرىمەن دەمسىز؟ ماشىنىدىكى ھەممە نەرسىنى بەرسىڭىزمۇ ئالمايمەن» دەيدۇ.

1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ، بىر ئاپتوبۇس ئاچال مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختايدۇ ، ئاپتوبۇستىن قەشقەرگە تۇغقان يوقلاشقا كېتىۋاتقان سىچۈەنلىك بىر جۈپ ياش ئەر ـ ئايال چۈشىدۇ. ئايال ھامىلدار ئىدى ، ئۇ ئۇززۇن سەپەردە

چايقىلىپ چارچاپ كەتكەچكە، يول بويىدىلا تۈگۈپ قويىدۇ. تۈگۈلگەن بوۋاق يىغلىمايدۇ ۋە نەپەس ئالالمايدۇ. ئەر ـ ئايال ئامالسىز قېلىپ، بالىنى تاشلاپ، ماشىنىغا چىقىپ داۋاملىق يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئۇيغۇر مال دوختۇرى ھەسەن تۇردى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شوپۇرغا ماشىنىنى توختاتقۇزىدۇ ـ دە، خەنزۇ ئەر ـ ئايالنى بوۋاق بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ ھەم دەرھال بوۋاقنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ. بوۋاق ئاخىر يىغلايدۇ — بوۋاق قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. ھەسەن تۇردىنىڭ ئائىلە بالىسى بولۇپ، ئەڭ كىچىكى تېخى يېڭىشىغا توشمىغانىدى. تۇرمۇشتىمۇ باياشات ئەمەس ئىدى. ئۇ بوۋاقنى ئۆز بالىسىنىڭ يۆگىكىگە يۆگەيدۇ، سۈت پاراشوكى، قوي گۆشى، توخۇ گۆشى سېتىۋېلىپ ئۇلارغا يېگۈزىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى ئارقىسىدا ئانا ـ بالا تېزلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يەن مياۋ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ، ھەسەن تۇردىنىڭ ئائىلىسىگە ئالاھىدە كېلىپ، قۇتقۇزۇۋېلىنغان بالا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى يوقلايدۇ ۋە ھەسەن تۇردى ئائىلىسىگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

# II باب

# دىن

كەلپىن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى ئاساسىي دىن ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇلار ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تارىختا كەلپىن ناھىيىسىدە فېتىشىزم (نەرسىلەرگە چوقۇنۇش)، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى(ماھايانا مەزھىپى) بولغان.

كەلپىن ناھىيىسىدە كىشىلەرنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى ۋە دىنغا ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكى بار.

## § 1. ئىسلام دىنى

### 1. تارقىلىشى

ئىسلام دىنى كەلپىن ناھىيىسىگە قاراخانىلار دەۋرىدە تارقىلىشقا باشلىغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلپىندىكى ئۇيغۇرلار فېتىشىزمغا، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە بۇددا دىنى (ماھايانامەزھىبى) گە ئېتىقاد قىلغان. ھازىر كەلپىندىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىبىگە تەۋە، سۈننىي مەزھىبىدىكىلەر ئىچىدە ئاز ساندا ئىشان مەزھىبىنىڭ مۇرىتلىرىمۇ بار.

كەلپىندىكى قىرغىزلار ۋە خۇيزۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، قىرغىزلار تاغدا تۇرغانلىقتىن، دىنىي پائالىيىتى بىر قەدەر ئاز.

### 2. مەسچىتلەر

مىنگو دەۋرىدە يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەسچىت بار ئىدى، مەسچىتلەردە ئىمام، مەزىن، كەنتلەردە ئاخۇن، قارى، يېزىلاردا قازى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 91 مەسچىت، 116 دىنىي زات بار ئە-

دى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە مەسچىت 98 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ جامە ئون، ئادەتتىكى مەسچىت 23، پائالىيەت سورۇنى 65. ئاخۇن 120 گە يېتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى.

دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1983 ـ يىلدىن باشلاپ كەلپىن ناھىيىسىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىزا ۋە كەنت دەرىجىلىك مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى 26 گە، ئەزاسى 40 قا، مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى 94 كە، ئەزاسى 361 گە يەتتى. 1987 ـ يىلدىن بۇيان باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى پۈتۈن ناھىيىدىكى مەسچىتلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە ئىگىلىگەن يەر كۆلىمىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان سەككىز جامەنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقتى ھەمدە مەسچىت ـ خانىقالارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە ئېلىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ئورۇندىدى.

### 3. ئۆگىنىش، ھەج قىلىش

1983 ـ يىلدىن بۇيان كەلپىن ناھىيىسىدىن سەككىز كىشى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى، ئۇلار شېرىپ ھاجى (يۇقىرى كەنتىدىن)، مامۇت ھەسەن داموللا ھاجى (پاسۇن كەنتىدىن)، ئابدۇقادىر ھاجى (ئۇستۇن قۇمبېرىق كەنتىدىن)، تۇرسۇن قارى ھاجى (تۆۋەن قۇمبېرىق كەنتىدىن)، غوپۇر ھاجى (پاسۇن كەنتىدىن)، مۇھەممەد ھاجى (پاسۇن كەنتىدىن)، مۇسا خەلپە ھاجى (گەزلىك كەنتىدىن)، توختىسۇن موللا ھاجى (تومبېرىق كەنتىدىن) لاردىن ئىبارەت. ئىككى كىشى ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا تەربىيىلەندى. بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي شۆبىسىدە بىلىم ئاشۇردى.

كەلپىن ناھىيىسىدە 1990 ـ يىلى ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، 15 كىشى ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى.

### 4. دىنىي مەكتەپلەر

كەلپىن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياجىڭ 29 ـ يىلى (1550 ـ يىلى) موللا تۈلەم ئاخۇن دېگەن كىشى قۇمبېرىق كەنتىدە كەلپىن بويىچە تۇنجى دىنىي مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان، شۇنىڭدىن كېيىن، زىبىبۇللائاخۇن، ياقۇپ ئەلەم ئاخۇن، موللائايۇپ قارى ئاخۇن قاتارلىقلار بۇ ئىشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، يۇرچى يېزىسىدا دىنىي مەكتەپ ئاچقان، توختى ئەمەت ھاجى ناھىيە بازىرىدا مەدرىس ئاچقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 25 ـ يىلى (1820 ـ يىلى) توققۇز گۈمبەز مەسچىتىدە بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىس ئېچىلىپ، قۇمبېرىق كەنتىدىكى ئىسمايىل ئاخۇن مۇدەررىس بولغان. بۇ مەكتەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئاخۇننى يېتىشتۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسمايىل، قاسىم ئاخۇن، ئەلەم ئاخۇن، موللائەيسا، ئىلياس ئاخۇن، ئابدۇللا قارى ئاخۇن قاتارلىقلار مەشھۇرراق مۇدەررىس بولۇپ يېتىلگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 26 يىلى (1900 ـ يىلى) دىن يېڭى جۇڭگونىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى (1956 ـ يىلى) غىچە، ئارايماق كەنتى، قۇمبېرىق كەنتى، يۇرچى كەنتى، تومبېرىق كەنتى، قۇملۇق كەنتى، گەزلىك كەنتى قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون دىنىي مەكتەپ ئېچىلدى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ بولغاندا 100 دىن ئاشاتتى، ئاز بولغاندا 40—50 كە يېتەتتى. ۋايىت مۇپتى، داۋۇت مۇپتى، ھامىدىن ئاخۇن، مۇھەممەد موللا، توختى موللا، موللا روزى ئاخۇن، موللا ئۆمەر قارى، ئىسلام ئاخۇن، موللا ئەيسا ۋە موللا ئىمىن ئاخۇن قاتارلىقلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەر بىر قەدەر داڭلىق ئىدى.

ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەردە ئاساسلىق ھەپتىيەك ۋە ئەرەب تىلى ساۋاتى ئوقۇلاتتى. موللاملار ئوقۇغۇچىلاردىن دەرسلىكنى قاتتىق يادقا ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالغان بىلىمى ناھايىتى ئاز بولاتتى. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا خالىغانچە تەن جازاسى بېرىلەتتى. ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى ئېلىشتا قىز، ئوغۇل دەپ ئايرىلمايتتى. لېكىن قىز، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم دەرس ئۆتۈلەتتى، مەدرىسلەرگە قىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنمايتتى.

ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇتقۇچىسىغا نان، پاختا، ئوتۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئوقۇغۇچىلار قۇرئانغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئادەتتە ئوقۇتقۇچىسىغا بىرەر قوي بېرىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

1956 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، كەلپىن ناھىيىسىدىكى خۇسۇسىيلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن تارقىتىۋېتىلدى.

80 - يىللاردا يەنە خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىدى، 1989 - يىلغىچە جەمئىي ئۈچ دىنىي مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىسى 701 گە، ئوقۇتقۇچىسى بەشكە يەتتى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون دىنىي مەكتەپلەرنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، كەلپىندىكى خۇسۇسىيلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەر تارقىتىۋېتىلدى.

**5 . دىنىي زاتلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىشى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنى جەھەتتە تەسىرى بار زاتلارنىڭ تولىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتۇرۇلدى (تەپسىلاتىنى 13 - قىسىم «پارتىيە - گۇرۇھلار» نىڭ I باب §6 . «بىرلىكسەپ» تىن كۆرۈۋېلىڭ).

## §2 . بۇددا دىنى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە، كەلپىندىكى خەنزۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) بۇددا مۇرىتلىرى ناھىيىلىك يامۇلنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر بۇتخانا سېلىپ، شام كۆيدۈرۈپ، ئىبادەت قىلىپ كەلگەنىدى، بۇ بۇتخانا مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) بۇزۇۋېتىلىپ، قايتا سېلىنمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەلپىندىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى بولغاچقا، ئۇلار دىنغا ئىشەنمەيدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، لېكىن دىنىي قارىشى سۇس، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم

# شەخسلەر

يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# شەخسلەر

## I باب

## شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

### قۇربان مىراپ

قۇربان مىراپ، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزىسىنىڭ قۇمئېرىق كەنتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا 2 - رايوندا مىراپ بولغان. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) ئۇچتۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئۇ كەلپىندىن بىر قانچە ياشنى باشلاپ بېرىپ، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، جەڭدە قوربان بولغان. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا سەپداشلىرىغا ئۆزىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشنى تاپىلىغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇچتۇرپان دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، كەلپىنگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئالتە بالىسىنى تۇتۇپ كېتىپ، تۆتىنى ئاقسۇدا قەتلى قىلغان، قالغان ئىككى ئوغلى سىرتتا قېچىپ يۈرۈپ، ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كەلپىنگە قايتىپ كەلگەن.

### دالى قۇدۇق

ئەسلى ئىسمى دالى يۇسۇپ (1853 — 1938)، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزا ئارايماق كەنتىدىن. ياش ۋاقتىدا، يۇرتىنىڭ سۇ قىس بولۇشتەك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يۇرچى يېزىسىدىن ئاچالغا بارىدىغان سايدىكى يول بويىغا چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 18 مېتر كېلىدىغان بىر قۇدۇق كولىغان، چىققان سۇ تۇزلۇق بولۇپ قالغاچقا، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىشكە مۇۋاپىق كەلمىگەن، لېكىن، كەلپىن سۇ ياغدەك قىممەت جاي بولغاچقا، خەلق ئۇنىڭ قۇدۇق كولىغان تۆھپىسىنى مەدھىيەلەپ ئۇنى «دالى قۇدۇق» دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com

# توختى ئاخۇن خەلپەت

توختى ئاخۇن خەلپەت ( 1868 ـ1948 ) ،كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزا قۇملۇق كەنتىدىن. نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ، ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولۇپ ، كېيىن داموللا بولغان.

توختى ئاخۇن خەلپەت كىچىكىدىن باشلاپ ، شېئىرغا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ، شېئىرنى قورال قىلىپ ، ئۆتمۈش ـ كونا جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇپ ، ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلغان. ئىشلىمەي چىشلەيدىغان ، ئالدامچىلىقنى ھۈنەر قىلىۋالغانلارنى سۆككەن. ئۇ ، خاتا ھۆكۈم چىقارغان بىر چوڭ قازىغا قارىتىپ مۇنداق بىر شېئىر يازغاندى:

« ماڭا سەن نەزمە ئېيتىپسەن ، ئەجەپمۇ ساختىپەز موللا ،
يۈزۈمدە تارتۇغۇم يوقتۇر دەرۇغ سۆزنى قىلىپ موللا .
بىراۋ ئېپ بارسا سەكسەن پۇل ، بېرىپسەن پەتىۋا راسلاپ ،
قىلاي شۇ پەتىۋايىڭنى راسا لەت پەت ئۇرۇپ موللا » .

توختى ئاخۇن خەلپەت ئۆز ئۆمرىدە ئادالەتنى ياقلىغان ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان. ئاما ئۇنى سۆيەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كەلپىن ۋە ئاقسۇ ئەتراپلىرىدا كەڭ تارقىلىپ ، كەلپىنخەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ كەلدى. توختى ئاخۇن خەلپەت مىنگونىڭ 73 ـ يىلى ( 1948 ـ يىلى ) باھاردا 80 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# ھامۇت توختى

ھامۇت توختى ( 1876—1945 ) ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، ئۇنىڭ ئاتىسى ناھىيىگە باش شاڭيۇ بولغان. ھامۇت توختى گۇاڭشۈنىڭ 30 ـ يىلى ( 1904 ـ يىلى ) دىن باشلاپ باۋجاڭ ، باش جىسا ، مائارىپ دالالەتچىسى ، باش مۇپەتتىش ، باش باۋجاڭ ، باش شاڭيۇ ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم باشلىقى ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە رەئىسى بولغان. ھوقۇق تالىشىپ ، مەزھەپچىلىك ماجراسى پەيدا قىلغانلىقتىن بىر قېتىم قاماققا ئېلىنغان ، يۇقىرى قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ماجرا سەۋەبىدىن بىر قېتىم قاماپ قويۇلغان.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھامۇت توختى كەلپىن ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ھاكىم ۋە « ناھىيىلىك توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ھەيئىتى » نىڭ ئەزاسى بولغان. شۇ مەزگىلدە ئۇ ، ساقچى ئىدارىسى ، كەلپىندە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ ، كەلپىندىن 80 كىشىنى قولغا ئېلىپ ئاقسۇغا ئاپىرىپ بەرگەن. كېيىن 80 ئادەمنىڭ زور كۆپ قىسمى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ياكى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ئېھتىيات سېڭغا 100 دەن ئاشلىق بەرگەن ھەم پۇل ئاجرىتىپ ئىككى ئېغىزلىق سىنىپى بار بىر قىزلار مەكتىپى سالدۇرغان.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ھامۇت توختىنىڭ خىيانەت قىلمىشلىرى بار ئىكەن ، دەپ قاراپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ، تەكشۈرۈشكە قويغان. 5 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار

بولۇپ، كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

## تاھىر بارات

تاھىر بارات (1881—1971)، كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزا يۇرچى كەنتىدىن، كىچىك چاغلىرىدا كەلپىندىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. كېيىن ئاقسۇ كوناشەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ، «داموللا» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇزاق ئۆتمەي كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ، دىنىي مەكتەپ ئاچقان. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) قارىلىنىپ تۈرمىگە ئېلىنغان. بەش يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىپ، كەلپىنگە قايتىپ كەلگەن. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) خاتىپ ئاخۇن بولۇپ مۆھۈر تۇتقان. ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدا گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغاندا، تاھىر بارات كەلپىننىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغان. بۇ ۋەزىپىنى 1949 - يىل 6 - ئايغىچە ئاتقۇرغان. تاھىر بارات ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئادالەتنى ياقلاپ، خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەچكە، بەلگىلىك ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاھىر بارات پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ۋە دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلدى، كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، 1971 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 90 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى.

## مۇھەممەت ھاجى

مۇھەممەت ھاجى (1885—1937)، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قارا كۆت كەنتىدىن، كەلپىن ۋە قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولغان. كەلپىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سودىگەرچىلىك قىلىپ، ناھىيە بويىچە نامى بار باي سودىگەرگە ئايلانغان. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) كەلپىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، ئۇيۇشمىغا رەئىس بولغان. شۇ يىلى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ، تۇنجى پەننىي مەكتەپنى قۇرغان ھەم مەكتەپ ئېچىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كەلپىننىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى سودا پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ناھىيىنىڭ تاشقى سودىسىنى ۋە تاۋار بازىرىنى جانلاندۇرغان.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئەسلىدە شېڭ شىسەيگە قاراشلىق ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى ئىسيان كۆتۈرگەن قىسىم كەلپىنگە كېلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ئېلىپ بارغاندا، ئۇ، 40 يامبۇ ئىئانە قىلىپ مەددەت بەرگەن. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مۇھەممەت ھاجى باشقا تۆت كىشى بىلەن بىرگە، شېڭ شىسەي قوشۇنى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى، ئۇ، شۇ چاغدا 52 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى.

## جاڭ ۋېنخۇەن

جاڭ ۋېنخۇەن ( 1885—1945 ) ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھرىدىن ، خېبېي ئۆلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن . كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ ، قۇمۇل پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدە ئىشلىگەن . مىنگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىلىك مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىپ ، بۆلۈم باشلىقى بولغان . مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان . مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ( 1940 ـ يىلى ) 12 ـ ئايدا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان . مىنگونىڭ 34 ـ يىلى ( 1945 ـ يىلى ) 6 ـ ئايدا كەلپىندە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن . ئۇ مۇۋەققەت مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە ، شېڭ شىسەينىڭ كەلپىندە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى پىلانلىغان چوڭ قولغا ئېلىشقا قاتناشقان .

## مىزىگۈل توختى ( مىدىچېڭ )

مىزىگۈل توختى ( 1886—1969 ) ، كەلپىن قارا كۆت كەنتىدىن ، دىنىي مەكتەپتە ۋە شۆتاڭ مەكتەپتە ئوقۇغان . مىنگونىڭ 15 ـ يىلى ( 1926 ـ يىلى ) كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى مەزگىلىدە ئۇچتۇرپانغا بېرىپ ، كەلپىن بىلەن ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە قاراشلىق ئاقچى يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق ماجىراسى سۆھبىتىگە قاتناشقان . سۆھبەتكە قاتناشقان مەزگىلدە ، شۇ يەردە قىمار ئويناپ ، نۇرغۇن پۇللارنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ ، كەلپىنگە كېلەلمەي ئۇچتۇرپاندىكى يىڭجاڭ ماخۇجاڭغا كاتىپ بولغان . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى بولغان . مىنگونىڭ 22 ـ يىلى ( 1933 ـ يىلى ) قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قىسمەن ئەسكەرلىرى كەلپىندىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ، ئۇنى قولغا ئېلىپ قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ بارغان . ئۇ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قىسىمنىڭ خۇيزۇ لىيەندە كاتىپ بولغان . مىنگونىڭ 23 ـ يىلى ( 1934 ـ يىلى ) يەنە كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، كاتىپ ، تەرجىمان ۋە ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدە مۇدىر بولغان مەزگىلدە خىيانەت قىلغانلىقتىن قولغا ئېلىنىپ ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقان . مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى ) ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىگە باشلىق بولغان مەزگىلدە گومىنداڭغا ئەزا بولۇپ كىرگەن . كېيىنكى يىلى كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىگە باشلىق بولغان . مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى ) ھاكىم سايلاشتا مەزھەبچىلىك كۈرىشى قىلغانلىقتىن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان . مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى ) 3 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان . مىنگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـ يىلى ) 6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان .

مىزىگۈل توختى گومىنداڭغا كىرگەندىن كېيىن ، گومىنداڭغا سادىقلىق بىلەن ئىشلىگەن . ھاكىم جۇمىڭيۈەنگە ماسلىشىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن كۈچەپ شۇغۇللانغان ، شۇڭا گومىنداڭ تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مىزىگۈل توختىغا مۇددەتلىك 18 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان ، كېيىن بەش يىلغا ئۆزگەرتىلگەن ، 1956 ـ يىلى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن . 1969 ـ يىلى كەلپىندە ئۆلگەن .

# ھاپىز ئاخۇن داموللا

ھاپىز ئاخۇن داموللا ( 1890—1945 ) ، كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىسىنىڭ پاسۇن كەنتىدىن ، ئۆسمۈر ۋاقتىدا شۇ يېزىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى ( 1915 ـ يىلى ) قەشقەردىكى ئابدۇقادىر ئەزىزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مەدرىسكە كىرىپ ئوقۇغان ، ئون يىلدىن كېيىن داموللا ئۇنۋانىنى ئېلىپ ، كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، ناھىيە بازىرىدا دىنىي مەكتەپ ئاچقان ، مەكتەپتە دىن دەرسىدىن باشقا ، ھېساب ، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى قاتارلىق يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلىنان ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بەرگەن. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى ( 1934 ـ يىلى ) كەلپىندە تۇنجى پەننىي مەكتەپ ئېچىلغاندا ، ئۇ ئۆزى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتقان قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى مەدەنىيەت ئۆگىنىش ، يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يېڭى مەكتەپكە ئەۋەتىپ بەرگەن.

ھاپىز ئاخۇن داموللا بالا ئوقۇتۇش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىلغار سىياسىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى ( 1933 ـيىلى ) قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى ئاقسۇغا كەلگەندە ، ئىنىسى شېرىپ مەخسۇتنى قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتكەن. ئۆزىمۇ چىلانغا ئالدىغا بېرىپ ، قوزغىلاڭچى قوشۇندىن ھال ـ ئەھۋال سورىغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى ) ئۇ قۇمۇل ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، شىڭ شىسەيگە قارشى پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى ( 1941 ـ يىلى ) ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ ، ئىلغار تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. شۇندىن كېيىن ، كەلپىن بىلەن ئاقسۇ ئارىسىدا يۈرۈپ ، كەلپىندىكى ياشلار تەشكىللىگەن ئىلغار پائالىيەتلەرنى قوللىغان ھەم ئۇلارغا ئالاقىچى ، خەۋەرچى بولۇپ بەرگەن. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى( 1945 ـ يىلى ) 8 ـ ئايدا ھاپىز ئاخۇن داموللا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم باشلىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئىشپىيونلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشىغا قارىماي ، دەرھال ئاقسۇغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا ، بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ ، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. شۇ يىلى ئۇ 55 ياشتا ئىدى.

# مۇھەممەت سىيت

مۇھەممەت سىيت ( 1890—1968 ) ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاچال يېزا تۇرا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا خەلق چۆچەكلىرىنى ياقتۇرۇپ ، خەلق ئەدەبىياتىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ، قوشاق ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەن ، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئادالەتنى ، گۈزەل ئەخلاقنى مەدھىيىلەش ، زۇلمەتنى پاش قىلىپ ، جىنايى قىلمىشلارنى سۆكۈشنى ئاساسىي تېما قىلغاندى ، كەلپىن ناھىيىسىدە بىر سوپى بولۇپ ، ھەمىشە پۇقرالارنى ئالداپ ، قورقىتاتتى ، مۇھەممەت سىيت ئۇ سوپىنى مۇنداق ھەجۋى قىلغاندى :

ئوبدانىمغۇ بولاپتۇ ،
بوياقچىنىڭ بويىقى .
سوپىلارغا يارىشىپتۇ ،
ئۇماچ ئاشنىڭ قويۇقى .

كونكدا كەلگەنلەرنىڭ ،
ھەنىۋاسى ئورۇسمۇ ؟
شەرىئەتنىڭ يولىدا ،
بۇلاڭچىلىق دۇرۇسمۇ ؟

ئىشىك ئالدىدىكى توغراقتا ،
جىگدىدىنمۇ ئۇلاپتۇ .
ئۈچ ئىگىنىلىك چەكمەننى ،
ئاچكۆز سوپى بۇلاپتۇ .

جامائەتنىڭ ئالدىدا ،
ئادىل بولغان ياخشىراق .
ئوغرى ، يالغان سوپىدىن ،
ئىمام تايتاڭ ياخشىراق .

قارا كۆلدىن شاخار ئالدىم ،
موما سالسا ئوخشايدۇ .
ئوغرى يالغان سوپىنى ،
ئەل - جامائەت تىللايدۇ .

مۇھەممەت سىيىت « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »دا خاتا ھالدا تارتىپ چىقىرىلىپ ، كۈرەش قىلىنغان . 1968 - يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاما ياخشى كۆرگەچكە ، كىشىلەر ئارىسىدا ھېلىمۇ تارقىلىپ يۈرمەكتە .

## ياقۇپ قازى

ياقۇپ قازى ( 1895 — 1977 ) ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ كەلپىن بازىرى قارا كۆت كەنتىدىن . ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا كەلپىندىكى دىنىي مەكتەپلەردە ، ياشلىق چاغلىرىدا قەشقەردىكى مەدرىستە ئوقۇغان . مەدرىسىنى تۈگىتىپ ، كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، يۈرچى يېزىسىغا قازى بولغان . مىنگونىڭ 23 - يىلى ( 1934 - يىلى ) ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا ، ئۇيۇشمىنىڭ بوغالتىرى ، قوشۇمچە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دىنىي ئوقۇتقۇچىسى بولغان . مىنگونىڭ 27 - يىلى ( 1938 - يىلى ) كەلپىن ناھىيىسىگە قازى ئاخۇن بولغان . مىنگونىڭ 37 - يىلى ( 1948 - يىلى ) « گومىنداڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل » سۈپىتىدە نەنجىڭگە بېرىپ ، گومىنداڭنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان . نەنجىڭدىن قايتىپ كېلىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي ، گومىنداڭنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7 - شى شتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 - يىل 5 - ئايدا خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، مۇددەتلىك 18 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ، كېيىن 18 ئايغا ئۆزگەرتىلىپ ، جازا مۇددىتى توشۇپ

قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان. 1953 ـ يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان، 1964 ـ يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ئەكسىلئىنقىلابچى قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. 1977 ـ يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

## تاھىر قۇربان

تاھىر قۇربان (1896—1956)، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزا يۇرچى كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، كەلپىندىكى دىنىي مەكتەپلەردە، قەشقەردىكى مەدرىستە ئوقۇغان. قەشقەر مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ساز چېلىشنى ئۆگەنگەن، ئۇ، تەمبۇر، ساتار چېلىشقا ئۇستا ئىدى. 12 مۇقام ۋە ئۆزبېك مۇقاملىرىنى ئىپتالايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ساتار چېلىشتىكى ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا «ساتار تاھىر ئاخۇن» دېگەن نامنى بەرگەنىدى. ئۇ يەنە كەلپىندىكى مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقانىدى.

## شېرىپ مەخسۇت

شېرىپ مەخسۇت (1898 — 1933)، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزا پاسۇن كەنتىدىن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى ئاقسۇغا كەلگەن چاغدا، ئۇ، ئاقسۇغا بېرىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قوشۇلۇپ، جەڭگە قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. مارالبېشى تۇمشۇقتا بولغان جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. كېيىن بىر قېتىملىق جەڭ ئاياغلىشىپ، گازارمىغا قايتىش يولىدا دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئوقى تېگىپ، 35 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## سايىم قۇربان

سايىم قوربان (? — 1937)، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزا قالىتا كەنتىدىن، تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ياش ۋاقتىلىرىدا ناھىيىلىك يامۇلدا خىزمەتچى بولغان. كېيىن گەزلىك يېزىسىدا شاڭيۇ بولغان. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى ئاقسۇغا تۇتاشقاندا، ئۇ مۇھەممەت ھاجى تەشكىللىگەن دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوشۇنغا قاتنىشىپ، لېيەنجاڭ بولغان. كېيىن باي ئاخۇن لۈيجاڭ قوشۇنغا قوشۇلۇپ، جام، تۇمشۇق، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرگە قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن.

خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن يارىشىپ قالغاندىن كېيىن، سايىم قۇربان ئاتلىق قوشۇن 6 ـ شى 34 ـ تۇەنىنىڭ كوماندىرى بولۇپ يەكەن ناھىيىسىدە تۇرغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاتلىق قوشۇن 6 ـ شى شېڭ شىسەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، سايىم قۇربان ئىچكى كېلىشەلمەسلىك تۈپەيلىدىن قەتلى قىلىنغان، شۇ يىلى ئۇ 40 ياشلاردا ئىدى.

# لاچىن

لاچىن ( 1900 — 1976 ) ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يورچى يېزا يورچى كەنتىدىن ، ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا شاگىرت بولۇپ كىرىپ ، تۇماق ، ئاياغ كىيىم قاتارلىقلارنى تىككەن ، كېيىن ، ئاقسۇ ، ئاقسۇ كوناشەھەر ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا ھۈنەر قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچى قىسىملىرى ئاقسۇغا بارغاندا ، ئۇ قوزغىلاڭچى قىسىمغا قاتناشقان. مىنگونىڭ 34 - يىلى ( 1945 - يىلى ) كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

لاچىن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ياقتۇراتتى ، ياشلىق دەۋرلىرىدىن باشلاپ قوشاق توقۇپ ، لەتىپە ئېيتىشقا كىرىشكەن. نۇرغۇن لەتىپە ۋە چۆچەك ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ قوشاق ، لەتىپىلىرى ھازىرغىچىلىك كەلپىن ، ئاۋات ، ئاقسۇ ، ئاقسۇ كونا شەھەر ، ئۈچتۇرپانلاردا تارقىلىپ يۈرمەكتە . كەلپىن ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ ، رەتلەپ ، توپلام چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلانماقتا . لاچىن 1976 - يىلى كېسەل بىلەن قازا قىلدى .

# ياقۇپ باقى

ياقۇپ باقى( 1900 — ؟ ) ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزا قالما كەنتىدىن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن قالما كەنتىدىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى( 1939 - يىلى) دىن باشلاپ ، مىراپ ، باۋجاڭ ، شاڭيۇ بولغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى ( 1942 - يىلى ) ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتقا قاتناشقان ، مەخپىي ئىسمى « ئارقا سەپ » ، ئاقسۇ ، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ ئىشپىيونلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ، جەمئىي 58 كىشى ئۈستىدىن مەخپىي ماتېرىيال بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا ، ياقۇپ باقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھاكىم جۇمگيۈەن قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى مارالبېشىغا ئاپىرىپ قويغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى ( 1946 - يىلى ) كەلپىن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ، گومىنداڭغا قاتناشقان ، كەلپىندىكى ئىلغار ياشلارنىڭ قارشىلىق پائالىيىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ، ئاقسۇغا ياردەم تەلەپ قىلىپ بارغانلىقتىن ، ئاقسۇ بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتىپ خەلقنى باستۇرغان. ئۇ ، شۇ يىلى ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا قېپقالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دائىم ئاقسۇغا بېرىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. مىنگونىڭ 37 - يىلى ( 1948 - يىلى ) ئۇ يەنە كەلپىنگە قايتىپ كېلىپ ، ھاكىملىق مەنسىپىنى تالىشىپ ، رەقىبى ھاپىزغا قارشى گورۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ ، توپىلىشىپ ماجىرا تۇغدۇرۇپ ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ، كۆپ ئادەمنىڭ زەخىملىنىشىگە سەۋەبچى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى ، 1953 - يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، كەلپىندە ئۆلدى .

www.uyghurkitap.com

# ھامىدىن ئاخۇن سادىق

ھامىدىن ئاخۇن سادىق ( 1903 — 1986 ) ، كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزا ئاراپماق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن ، ئۇ ئائىلە ياشتا ناھىيىدىكى دىنىي مەكتەپكە كىرگەن ، كېيىن ، ئۇچتۇرپان ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئون نەچچە يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ، 19 يېشىدا قەشقەر مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ ، ئاخۇن ئۇنۋانىنى ئالغان. ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، دېھقانچىلىق قىلغاچ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ، دىنىي مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان. ئۇ ئىشتا ئادىل بولغاچقا ، خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشكەن.

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى ) 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى 2 ـ رايون ( ھازىرقى يۇرچى يېزىسى ) نىڭ مەخسۇس ئاخۇنلۇقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ ئىككى ئاي ئاخۇن بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكى ، ئەمەلدارلارنىڭ ئىنتىدارسىزلىقىدىن نارازى بولۇپ ، ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈشنى خالىماي ، كونا ھۆكۈمەت بەرگەن مەخسۇس ئاخۇنلۇق مۆھۈرىسىنى چېقىۋېتىپ ۋەزىپىسىدىن چېكىنگەن ، نەتىجىدە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە يەتتە كۈن قاماپ قويۇلغان ، كېيىن باشقىلارنىڭ كېپىللىكى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ھامىدىن ئاخۇن سادىق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. كەلپىن ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

ھامىدىن ئاخۇن سادىق 1986 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 83 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# يۇسۇپ سايىت

يۇسۇپ سايىت ( 1905 — 1969 ) ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزا تۆۋەن قاشئېرىق كەنتىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇسمۇر ۋاقتىدا مۇزدۇزچىلىقنى ئۆگەنگەن ھەمدە خەلق قوشاقلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ ، كۆپلىگەن قوشاقلارنى توپلىغان ۋە توقۇغان. ئۇ تۆۋەن قاتلامدا ياشاپ ، جاپاكەش ئاممىنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەچكە ، تۈزگەن قوشاقلىرى يېڭى مەنا ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، خەلقنىڭ ماختىشىغا ، ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئاممىا ئارىسىدا قوشاقچى بولۇپ شۆھرەت قازانغان. 1956 ـ يىلى قەشقەرگە بېرىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان قوشاقچىلار يىغىنىغا قاتنىشىپ ، شۇ مەيداندىلا يېڭى دەۋرنى كۈيلەيدىغان ، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاق ئېيتىپ يىغىندىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە مۇكاپاتلانغان. شۇ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان « ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى » دېگەن كىتابقا ئۇنىڭ بىر قانچە قوشىقى كىرگۈزۈلگەن. 60 ـ يىللاردا ئۇ تېخىمۇ كۆپ ، تېخىمۇ ياخشى قوشاق ئىجاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ كەتكەچكە ، ئىجادىيىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. 1969 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مەھمۇد ھەسەن

مەھمۇد ھەسەن ( 1906 — 1988 ) ، ئەسلى ئىسمى مەھمۇد بولۇپ ، كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك يېزىسـ
نىڭ پاسۇن كەنتىدىن. ئاتىسى ئۆمەر دېھقان بولۇپ قوشۇمچە مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ خەلپىتى
ئىدى. مەھمۇدمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدى. مەھمۇد 14 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى ئۆمەر ۋاپات بولـ
غان. مەھمۇد ھاپىز داموللا ئاچقان دىنىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. مىنگونىڭ 12 ـ يىلى ( 1923 ـ يىـ
لى ) ئاقسۇ كونا شەھەرگە بېرىپ ، قازى قوززات ئاچقان دىنىي مەدرىستە ئوقۇغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ، قەشـ
قەرگە بېرىپ ، قازان مەدرىستە ئۈچ يىل بىلىم تەھسىل قىلغان. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى ( 1928 ـ يىلى ) كەلـ
پىندىن چىقىپ 56 كۈن پىيادە يول يۈرۈپ ، ھىندىستاننىڭ دابىل شەھرىگە يېتىپ بېرىپ ، شۇ يەردە ئېچىلـ
غان « جامى ئىسلامىيە » دە ئوقۇغان. كېيىن پەنجاپتىكى « نۇسرىتى ئىسلامىيە » دە ئوقۇغان. ئاندىن كېـ
يىن ئەجمەردىكى « مەدرىسى سۇپىيە »دە ئوقۇغان. ھىندىستاندا يەتتە يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ، ھىندىستانـ
نىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدىكى « پەتپۇرى ئىسلام شۆيۇەنى »گە ئوقۇشقا كىرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرغان.
بۇ مەكتەپلەردە ئالتە ئاي تىبابەت ئىلمى ، بىر يىل ئاسترونومىيە ئىلمى ، ئىككى يىل قۇرئان ، ھەدىس ، يوـ
نان پەلسەپىسى ، لوگىكا ئوقۇغان. ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ، « پەتپۇرى ئىسلام شۆيۇەنى »ـ
دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. شۇ مەزگىلدە بىر پروفېسسور مەھمۇدقا مەنتىقدىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلـ
دىن سوئال قويۇپ ، ئۇنى توساپ قويماقچى بولغاندا ، مەھمۇد ئۇنىڭ سوئالىغا توغرا جاۋاب بەرگەن.
بۇ خەۋەر مەھمۇدنىڭ سىنىپ مەسئۇلىغا يېتىپ بارغاندا ،مەھمۇدقا ھەسەن ( ئوردۇ تىلىدا ئەڭ ياخشى ئادەم
دېگەن مەنىدە ) دېگەن ئىسمنى قويۇپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى ئۇنى مەھمۇد ھەـ
سەن مەۋلىۋى دەپ ئاتاشقان. مەھمۇد ھەسەن ھىندى ، ئوردۇ ، پارس ، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق بىلەتـ
تى. بىلىمى ناھايىتى مول ئىدى. ئۇ ھىندىستان ، پاكىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە قاتناشقان.
چەت ئەلدە مەھمۇد ھەسەن دائىم ۋەتىنىنى ، كەلپىننى سېغىنىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى ( 1948 ـ يىـ
لى ) 10 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.ئۇ ۋەتەن زېمىنىغا قەدەم قويۇپلا ، ۋەتەننىڭ تۇپرىقىنى كۆزىگە
سۈرتۈپ پۇرىغان. كەلپىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپ ئېچىپ ، بالا تەربىيىلەشكە باشلىغان. نۇرـ
غۇن كىشىلەر بالىلىرىنى ئۇ ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇشقا بەرگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇ كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغانىـ
دى. 1954 ـ يىلى ناھەق قولغا ئېلىنىپ ، 1981 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، تۈرمىدىن قويۇپ بېـ
رىلگەن. كېيىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولدى. 1985 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا
بېرىپ ، ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن.

مەھمۇد ھەسەن مەۋلىۋى ھاجىم كىشىلەرگە دائىم بىلىم ئېلىش ، ئىتتىپاق بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرەتـ
تى. خەلقنى تىرىشىپ ئىشلەپ باي بولۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. مەھمۇد ھەسەن كەلپىن خەلقى ئارىسىدىلا
يۇكسەك ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن ، پۈتۈن شىنجاڭدىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى.

مەھمۇد ھەسەن 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇ شۇ يىلى 82 ياشتا ئىدى.

# ئايۇپ سامساق

ئايۇپ سامساق ( 1908 — 1956 ) ، كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك يېزىسىنىڭ گەزلىك كەنتىدىن ، ئاتىسى

كۆنچى بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئۆتكەن. شۇڭا ئايۇپ ساماساقنى ئوقۇتالمىغان. بىراق ئۇ ئۆزلۈكىدىن قىزىقىپ ئۆگەنگەن. كىچىكىدىن تارتىپلا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققان. ھەر قېتىم خەلق قوشاقچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، ئاڭلىغىنىنى ئەستە قالدۇرۇپ-لىپ نۇرغۇن قوشاقلارنى ئۆگىنىۋالغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن، قوشاقلارنى ئۆزى توقۇپ، ئۆزى ئوقۇش-قا باشلىغان. ئۇنىڭ دەسلەپتە توقىغان قوشاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ساپ مۇھەببەتنى كۈيلەشنى ئاساسىي تېما قىلغان. كېيىن، تەدرىجىي ھالدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىشقا راۋاجلىنىپ، ئاساسلىقى جەمئىيەتتىكى رەزىللىكنى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇمى ۋە زورلۇق- زومبۇلۇقنى پاش قىلغان. ئۇ، نۇرغۇن جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك قوشاقلارنى توقۇپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئىلغار ياشلار ئارىسىدا تارقىلىپ ئوقۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. سوتسىيالىزم-نى، كەلپىندە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلىدى. ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىشكە، ئەمگەك بىلەن بېيىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇ ئىجاد قىلغان قوشاقلار «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى (ھازىرقى «تارىم»)» ژۇرنىلىدا كۆپ قېتىم ئېلان قىلىندى. 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھا-يىتى زور ئىلھام بولدى، ئۇنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، نۇرغۇن ياخشى قوشاقلارنى ئىجاد قىلدى. 1956 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابقا ئۇنىڭ قوشاقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. 1957 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ئايۇپ ساماساق قوشاق-لىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى. 1984 - يىلى ئابدۇساتتار ھامىدىن توپلاپ رەتلىگەن ئا-يۇپ ساماساق قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمى «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ توققۇز پارچە مۇنەۋۋەر قوشىقى ئاپتونوم رايون نەشر قىلغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرس-لىكىگە كىرگۈزۈلدى.

ئايۇپ ساماساق 1956 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 48 يېشىدا كېسەل بىلەن قازا قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئە-ۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

## يۈسۈپ داموللا

يۈسۈپ داموللا (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، پەيزاۋاتلىق، چىلك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تۇغۇلغان. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭچى قىسمىدا ۋەزىپە ئۆتە-گەن. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەن-گەن. ھاكىم بولغان مەزگىلدە كەلپىن خەلقى ئۈچۈن بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن، ئۈچ مەكتەپ ئېچىپ، كەلپىننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. كەلپىن بىلەن ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقچى يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق ماجىراسى مەسىلىسىنى ئۆزى قول تىقىپ، ئاساسەن ھەل قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. مىنگونىڭ 25 - يى-لى(1936 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىڭ شىسەي ئۇنى خىزمىتىنى يۆتكەش نامى بىلەن ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئاقسۇغا بېرىپ بۆيرۇق كۈتۈشكە بۇيرىغان. ئۇزاق ئۆتمەي قولغا ئېلىنىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالغان.

# ئىسكەندەر ھەققۇلى

ئىسكەندەر ھەققۇلى ( 1918—1979 ) ، كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك يېزا گەزلىك كەنتىدىن. مىنگو دەۋ-
رىدە ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە خىزمەتچى بولغان. گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە قامالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ ، رايون مەھكىمىسىدە ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى » داۋامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1979 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ 61
يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئىسكەندەر ھەققۇلى ئۆسمۈر چاغلىرىدا ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققان ، ياشلىق چاغلىرىدىن
باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. بولۇپمۇ خەلق چۆچەكلىرى بىلەن خەلق لەتىپىلىرىنى يازغان. « ئاقسۇ گې-
زىتى » ، « ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ، « شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋىرى » قاتارلىق گېزىت -
ژۇرناللاردا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1956 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىل-
غان « ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى » دېگەن كىتابقا ئۇ ئېيتىپ بەرگەن « گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ » چۆچىكى
كىرگۈزۈلگەن. 1986 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان « ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى » ( 1 ) گە
ئۇنىڭ 50 لەتىپىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئىجاد قىلغان نۇرغۇن لەتىپىلەرنى كەلپىن ناھىيىسىدە ھەممە دېگۈ-
دەك بىلىدۇ. ئامما ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى ئالقىشلايدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىمۇ
مەلۇم تەسىرى بار.

# يۈسۈپجان ھۆسەن

يۈسۈپجان ھۆسەن ، تەخەللۇسى جەۋلانى ( 1918 — 1944 ) ، كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا گەزلىك
كەنتىدىن. دىنىي مەكتەپتە ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ، كېيىن ئاقسۇ ئاددىي دارىلمۇ-
ئەللىمىندە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقسۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلى-
گەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ، شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ، ئىلغار
پائالىيەتلەرگە پائال ئىشتىراك قىلغان ، شېڭ شىسەيگە قارشى « ئىنقىلابىي خەلق پارتىيىسى » گە ئەزا بو-
لۇپ كىرىپ ، شېڭ شىسەيگە قارشى پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. مىنگونىڭ 33 - يىلى ( 1944 - يىلى ) ئۈ-
رۈمچىدە قولغا ئېلىنىپ قەتلى قىلىنغان. شۇ يىلى ئۇ ئاران 26 ياشتا ئىدى.

# تيەن دىسەي

تيەن دىسەي ( 1919—1973 ) ، خېبېي ئۆلكىسىدىن. مىنگونىڭ 29 - يىلى ( 1940 - يىلى ) جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان ، 1949 - يىلى
قىسىم شىنجاڭغا كىرگەندە ، 2 - جۈن 5 - شى مەلۇم قىسىم خەۋەرچىلەر لىيەنىنىڭ جىداۋيۈەنى ( يېتەكچى-

سى ) بولغان. 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، لېكىن خىزمەت داۋامىدا بەزى خاتالىقلارنىمۇ ئۆتكۈزگەن. 1953 ـ يىلى كەلپىندىن يۆتكەپ كېتىلگەن، 1973 ـ يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولغان.

## ئىمىر باقى*

١

ئىمىر باقى ( 1919 — 1983 )، يېڭىسار ناھىيىسىدىن. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( 1946 ـ يىلى ) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىگە قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 11 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تۇنجى ھاكىم بولغان. ئۇ، كەلپىن خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىگە يۆتكەلگەن. 1983 ـ يىلى كېسەل بىلەن قازا قىلغان.

## توختى تاھىر

توختى تاھىر ( 1921 — 1938 )، كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا گەزلىك كەنتىدىن، 13 يېشىدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، 15 يېشىدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن، ئۇ دۇمباق چېلىشقا ئۇستا بولغانلىقتىن مەكتەپنىڭ بايراقچىسى بولغان. كېيىن مەكتەپكە ئېلىپ قېلىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان، ئىلغار پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشقان. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەنىدى.

## نۇرى قاسىم

نۇرى قاسىم ( 1921 — 1969 )، كەلپىن ناھىيە يورچى يېزا يورچى كەنتىدىن. سەككىز يېشىدا شوتاڭغا كىرىپ خەنزۇچە ئۆگەنگەن ھەم ئۆزىگە لوخۇڭيۇن دەپ خەنزۇچە ئىسىم قويغان. كېيىن شوتاڭ تاقىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى ( 1935 ـ يىلى ) ئاقسۇدا ئېچىلغان ئاددىي دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇغان. ئىككى يىلدىن كېيىن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش توختاپ قالغانلىقتىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ( 1938 ـ يىلى ) 10 ـ ئايدا ئۈچتۇرپانغا بېرىپ، ساقچى ئىدارىسىدە بەنجاڭ بولغان. 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاقسۇ ئاددىي دارىلمۇئەللىمىندە تەر-

جىمان بولغان. 12 ـ ئايدا شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقان. مەخپىي ئىسمى «ھەققەت»، كېيىن ئاقسۇ كونا شەھەر ، ئاۋات ناھىيىلىرىدە خىزمەت قىلغان، ئاۋات ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىگە باشلىق بولغان. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى ( 1944 ـ يىلى ) گومىنداڭغا كىرگەن. شۇ يىلى ئاۋات ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ نوپۇس بۆلۈمىدە مۇدىر بولغان. ئۇ ئەكسىيەتچىل مەيداندا تۇرۇپ، ئىلغار ياشلارنى باستۇرغان، ئادەم تۇپلاپ خەلقچىل سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، شۇ يەردىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە قاتناشقان. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ( 1947 ـ يىلى ) 8 ـ ئايدا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق بولغان. 1948 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان .مىنگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـيىلى ) ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى قاسىمغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان، 1968 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئائىلىسىگە شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن، 1969 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەلپىندە ئۆلدى.

## مۇھەممەت قۇربان

مۇھەممەت قۇربان ( ? — 1977 ) ، قەشقەرلىك، تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ( 1937 ـ يىلى )دىن باشلاپ كەلپىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئىككى يىل ئىچىدە شىڭ شىسەينىڭ كەلپىندە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ ئىلغار زاتلارنى باستۇرۇش پائالىيەتلىرىگە كۆچەپ قاتنىشىپ، 80 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېلىپ، ئاقسۇ تۈرمىسىگە يوللاپ بەرگەن، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. كەلپىنلىك كىشىلەر ئۇنىڭ يىراقتىن سايىسىنى كۆرۈپ قالسىمۇ، ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. ئۇ، كىمگە غەرەزلىك ھالدا سالام بەرسە، شۇ كىشى كەلپىندىن قېچىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم يۈرەك سالدى بولۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە ياشايتتى. مىنگونىڭ28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) ئۇ، كەلپىندىن خوتەن تەرەپكە كەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسمىنى قۇربانوپ دەپ ئۆزگەرتىپ، 1951 ـ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ كادىرلار يېتىشتۈرۈش بۆلۈمىگە كىرىپ ئوقۇغان. 1953 ـ يىلى گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە باشلىق بولغان. 1957 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ قوغداش بۆلۈمىگە باشلىق بولغان، كېيىن تارىخىي مەسىلىسى تۈپەيلىدىن خوتەن ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئادەتتىكى كادىر قىلىپ يۆتكىۋېتىلگەن. 1977 ـ يىل ئاخىرىدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

## يەن زېمىن

يەن زېمىن ( 1925 — 1974 ) ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ زىجۇ ناھىيىسىدىن. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى

( 1941 ـ يىلى ) ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ، 2 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1953 ـ يىل 2 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى بولغان. 1957 ـ يىل 7 ـ ئايدا يۆتكەپ كېتىلـگەن. 1974 ـ يىلى ئاقسۇدا 49 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ كەلپىندە ئىشلەش داۋامىدا سابىق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىدە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ ، پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا باشلامچىلىق قىلغانىدى.

## مەخمۇد ئەھمىدى

مەخمۇت ئەھمىدى ( 1926 — 1982 ) ، كۈچالىق ، 1952 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان ، ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1972 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومغا شۇجى بولغان. ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ ، كەلپىننىڭ ھەر بىر كەنت ، چارۋىچىلىق نۇقتىسى ۋە قىسمەن تاغ ـ سايلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەھۋال چۈشەنگەن. ئۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاممىنى كۈچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ، يول ياساش ، كەلپىننىڭ مۇھىت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەپ ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ مەدھىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. 1980 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاقسۇغا يۆتكەپ كېتىلىپ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى بولغان. 1982 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ماشىنا ۋەقەسى بىلەن ۋاپات بولغان.

## قۇربان قەمبەر

قۇربان قەمبەر ( 1928 — 1988 ) ، كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك يېزا پاسۇن كەنتىدىن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ، كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى ، ۋىلايەتلىك نېفت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

قۇربان قەمبەر ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ، بالىلىق چاغلىرىدا تاغسىغا بېقىۋالغىلى بېرىلگەن ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغان. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى( 1948 ـ يىلى ) 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا قوبۇل قىلىنىپ ساقچى بولغان. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار قاتارىدا ناھىيىلىك خەلق ساقچى ئەترىتىدە جەڭچى بولغان. ئۇ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ ، خىزمەتنى گەۋدىلىك ئىشلىگەچكە ، 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەرجىمان يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىلگەن ، ئوقۇش داۋامىدا يېڭى دېموكراتىزملىق ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلپىنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدە تەرجىمان بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەم جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان. 1957 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1966 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە توققۇز يىلدىن كۆپرەك ھاكىم بولغان. دائىم يېزىلارغا ، سۇ قۇرۇلۇش ئىش ئورۇنلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئۆزى بىۋاسىتە ئەمگەككە قاتنىشىپ ، تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاممىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۇ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا يېتەكلىگەن. ئامما ئۇنى «جاپا چېكەلەيدىغان ھاكىم» دەپ ئاتاشقان. ئۇ ھاكىم بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي گوڭشېلاشتۇرۇش ۋە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ «ئاشخانىلارنى كەڭ تۈردە قۇرۇش» خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە بەزى مەسىلىلەرنى ئۇچرىتىپ، ئۆز ۋاقتىدا كىچىك دائىرىدە خىزمەتلەرنى تەڭشەشنى ئېلىپ بارغان. ھەر قېتىم تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ھەممىشە ئۆز ۋاقتىدا نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوزغىغان ھەم ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھاكىم بولسىمۇ ئەمەلدارلىق كىبرى يوق ئىدى. ئۇ دائىم «ئۆزەم بىر دېھقان بالىسى، شۇڭا ئىشى بار دېھقانلار مېنى ئىزدەشكە خۇشتار» دەيتتى، ئۇ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەستايىدىل قوغدايتتى. تەشكىلىي كۆز قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلاتتى.

1965 - يىل 8 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ئايرىم كىشىلەرنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن، قۇربان قەمبەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۆز - ھەرىكىتى بار دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا قۇربان قەمبەر خاتا ھالدا «قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» نىڭ ئاساسلىق ئەزاسى قىلىپ بېكىتىلدى. قۇربان قەمبەر مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ناھايىتى زور نابۇت قىلىنغان ئەھۋالدىمۇ، ئۆز ئىشەنچىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دائىم: «مەن ئەكسىلئىنقىلابچى ئەمەس، مەن پارتىيىگە ئىشىنىمەن، تەشكىلنىڭ مېنىڭ ناھەق دېلويىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىغا ئىشىنىمەن» دېگەن. 1970 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلپىن ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا خاتا ھالدا قارار چىقىرىلىپ قۇربان قەمبەر ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلىپ، ئۇنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ پارتىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ماتېرىيالى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومغا يوللانغان چاغدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم بۇ دېلونىڭ گۇمانلىق جايلىرى كۆپ دەپ قاراپ، تەستىقلىمىدى. 1972 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم مەخسۇس دېلونى قايتا تەكشۈرۈش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بىر يىلدىن ئارتۇق قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ دېلونى بېكىتىشكە بولمايدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئۆزۈل - كېسىل ئاقلاپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى 1977 - يىل 6 - ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن رەسمىي ئاقلاندى.

1977 - يىل 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇربان قەمبەرنى ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانىنى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، كېيىن مەيدان باشلىقلىقىغا، مەيدان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. 1984 - يىل 7 - ئايدا ئۇ يەنە ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىگە دىرېكتور قىلىپ تەيىنلەندى. خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇربان قەمبەر باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، كېسەل بولسىمۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇربان قەمبەر كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. شۇ يىلى ئۇ 60 ياشتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# II باب

# شەخسلەر جەدۋىلى

## كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاپتونوم رايون (نازارەت، ئىدارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەقدىرلىگەن ئىلغار نەمۇنىچى شەخسلەر جەدۋىلى

جەدۋەل 24—1

| ئىسىم-فامىلىسى | مىللىتى | ھازىرقى ۋەزىپىسى | جىنسى | ھازىرقى خىزمەت ئورنى | قاچان، قانداق نامغا ئېرىشكەن؟ |
|---|---|---|---|---|---|
| سايىم ئوسمان | ئۇيغۇر | سوتچى | ئەر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى | 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىك سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1959 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىك سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| ئەمەت ھامۇت | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك ستاتىستىكا بۆلۈمى | 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى بويىچە تېخنىكا يېڭىلاش قىزىل بايراقدارى بولغان. |
| ۋۇۋەنشېڭ | خەنزۇ | بۆلۈم ئەزاسى | ئەر | ناھىيىلىك سانائەت - قاتناش بۆلۈمى | 1980 -يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى بويىچە «نەمۇنىچى شوپۇر» بولغان. |
| ئابدۇراخمان ئېلياس | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى | 1956 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپىدىكى ياش ئاكتىپ بولغان. |
| ئىسمايىل ئىسلام | ئۇيغۇر | سوتچى | ئەر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى | 1959 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولغان. |
| ناسىر نۇرى | ئۇيغۇر | مەھكىمە باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى | 1958 -يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| دالى ربهم | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن سياسىي كومىسسار | ئەر | ناهىيىلىك جاما ئەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى | 1978 ـ ، 1983 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ساۋۇت ئاللاق | ئۇيغۇر | زاپخوز | ئەر | ناهىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى | 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە ـ سودا سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1960 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى بويىچە تېخنىكا يېڭىلاش قىزىل بايراقدارى بولغان. |
| ئابدۇۋايىت مۇھەممەت | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باش تەپتىش | ئەر | ناهىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ ، تەپتىش ، سوت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ ، تەپتىش ، سوت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ئابدۇراخمان ئەشەت | ئۇيغۇر | هاكىم | ئەر | ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى | 1964 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتناشقان. |
| نىساخان ئەرشىدىن | ئۇيغۇر | ئاياللار مۇدىرى | ئايال | گەزىتلىك يېزىسى | 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى بولغان. |
| ئابدۇۋەلى راخمان | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن ئۇيۇشمىسى باشلىقى | ئەر | ناهىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى | 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت ـ سەنئەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ياقۇپ راخمان | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باش تەپتىش | ئەر | ناهىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «قاتتىق زەربە بېرىش» تە ئىلغار شەخس بولغان. |
| ئەمەر قادىر | ئۇيغۇر | ئىشچى | ئەر | ناهىيىلىك ياغاچ رېمونت قىلىش زاۋۇتى | 1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ئابدۇرېھىم مەيىز | ئۇيغۇر | ئىشچى | ئەر | ناهىيىلىك ياغاچ رېمونت قىلىش زاۋۇتى | 1961 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ئىسىن مۇسا | ئۇيغۇر | ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | ئەر | ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەش | 1954 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدە ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدە ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| جياۋشاۋجيې | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | ناھىيىلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى | 1978 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| دېي شىنجۇڭ | خەنزۇ | ئىشخانا مۇدىرى | ئەر | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 1959 - يىل 11 - ئايدائاپتونوم رايون بويىچە مالىيە-سودا سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1964 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە - سودا سىستېمىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئارا ئىلغار شەخس بولغان. |
| ئابدۇقادىر ئىمىن | ئۇيغۇر | پېنسىيەدە | ئەر | ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «قاتتىق زەربە بېرىش» تە ئىلغار شەخس بولغان. |
| جاڭ خەيچۈەن | خەنزۇ | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | يېزائىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش بۆلۈمى | 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە ئاكتىپ بولغان. 1958 - يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ھوشۇر خۇدابەردى | ئۇيغۇر | | ئەر | يۇرچى كەنتى | 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| مىنسا روزى | ئۇيغۇر | ئوقۇتقۇچى | ئايال | ئىشپاق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1984 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالانغان. |
| توختىخان مۇمىن | ئۇيغۇر | ئوقۇتقۇچى | ئايال | قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «باغۋەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن (2 -دەرىجە). |
| مىجىت سايىم | ئۇيغۇر | ئوقۇتقۇچى | ئەر | قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1985 -يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «باغۋەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن (3 - دەرىجە). |
| سېتى ئاۋۇت | ئۇيغۇر | كادىر | ئەر | مائارىپ ئىدارىسى | 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىغا قاتناشقان. |
| ئىدرىس روزى | ئۇيغۇر | كادىر | ئەر | مائارىپ ئىدارىسى | 1960 -يىلى ئاپتونومرايون بويىچە ئېچىلغان «مۇنەۋۋەر يېتەكچىلەر»يىغىنىغا قاتناشقان. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قادىر ئېلى | ئۇيغۇر | ئامانلىق قوغداش مۇدىرى | ئەر | ئاچال يېزىسى | 1989 ـ يىلى ج خ سىستېمىسى بويىچە ئامانلىق قوغداش سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| يۇمىنيۇمىن | خەنزۇ | ستاتىستىكچى | ئاپال | يېزائىگىلىكنى ماشىنلاشتۇرۇش بۆلۈمى | 1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇقتۇنجى قېتىملىق زىيالىي ياشلار قۇرۇلتىيىدا ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ئابلىز مۇھەممەت | ئۇيغۇر | ئامانلىق قوغداش مۇدىرى | ئەر | ئاچال يېزىسى | 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ سىستېمىسىنىڭ ئامانلىق قوغداش سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ئەركىن سابىت | ئۇيغۇر | ئوقۇتقۇچى | ئەر | پارتىيە مەكتىپى | 1964 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت ـ مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولغان. |
| سېيىت ساۋۇت | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باشلىق | ئەر | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| تۇنىياز ياقۇپ | ئۇيغۇر | پوچتالىيون | ئەر | ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى | 1975 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| مۇھەممەت گايىت | ئۇيغۇر | پوچتالىيون | ئەر | ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى | 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| تالىپ ھوشۇر | ئۇيغۇر | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى | 1954 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| قاسىم مەخسۇت | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى | ئەر | ئاشلىق ئىدارىسى | 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ ، تەپتىش ، سوت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| پاتەمخان | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | ئاپال | ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | 1969 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى ئارا ئىلغار شەخس بولغان. |
| مۇھەممەت گايىت | ئۇيغۇر | سوتچى | ئەر | ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى | 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولغان. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ھاپىز ئابلا | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن سوجاڭ | ئەر | ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى | 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى ياش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپى بولغان. |
| جىن فۇجى | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى | 1959 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسى بويىچە ج خ كادىرلىرى ۋە ساقچىلىرى ئارا ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| موللاق ھەبىبۇللا | ئۇيغۇر | پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | ئەر | قالما كەنتى | 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| مامۇت ياقۇپ | ئۇيغۇر | دېھقان | ئەر | | 1958 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| ئابدۇساتتار ھامىدىن | ئۇيغۇر | تەھرىر | ئەر | ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى | 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تارىخ ـ تەزكىرە سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| زوردۇن ھېمىت | ئۇيغۇر | دېھقان | ئەر | ئاچال يېزىسى | 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى بولغان. |
| شەمشى ئىبرىز | ئۇيغۇر | ئىدارە باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك مۇيەتتىش ئىدارىسى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇيەتتىش سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| ياسىن روزى | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى | 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان. |
| ۋاڭ زىجۈن | خەنزۇ | ئىشچى | ئەر | ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى | 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| قارى ئەخمەت | ئۇيغۇر | ئىشچى | ئەر | ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى | 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان. |
| ئابلىز رەھىم | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى | ئەر | ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى | 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولغان. |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇللا مەپىز | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك ئەرزىيەت ئىدارىسى | 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پىئونېرلار يېتەكچىسى، 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| توختى نايىپ | ئۇيغۇر | ستاتىستىكچى | ئەر | ستاتىستىكا ئىدارىسى | 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر كەسپىي خىزمەتچى بولغان. 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار» شەخس بولغان. |
| ھۇسەن بەختىيار | ئۇيغۇر | ئىشچى | ئەر | ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئىلغارى بولغان. |
| مۇتەللىپ ۋاھىد | ئۇيغۇر | ئىدارە باشلىقى | ئەر | ستاتىستىكا ئىدارىسى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 4 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىلغار خىزمەتچى بولغان. |
| تىلەك ئىبراھىم | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى | 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھاۋارايى تارماقلىرى ئارا ئىلغار شەخس بولغان. |
| ئابدۇقادىر سابىر | ئۇيغۇر | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | ناھىيىلىك پارتكومتەشۋىقات بۆلۈمى | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس بولغان. |
| نۇرگۈل مۇسا | ئۇيغۇر | ئوقۇغۇچى | قىز | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى كومىتېتى «مۇنەۋۋەر پىئونېر» دەپ نام بەرگەن. |
| ھەسەن مەسۇم | ئۇيغۇر | مەكتەپ مۇدىرى | ئەر | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 1989 ـ يىل 9 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولغان. |
| خېلىل مۇھەممەت ئابلا | ئۇيغۇر | ئوقۇتقۇچى | ئەر | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 1985 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىسى بولغان. |
| قادىر تۇرسۇن | ئۇيغۇر | ئوقۇتقۇچى | ئەر | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى بويىچە ئىلغار تەنتەربىيە خىزمەتچىسى بولغان. |

## كەلپىن ناھىيىسىدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار جەدۋىلى

جەدۋەل 24—2

| ئىسىم-فامىلىسى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى | بەھرىمەن بولغان مۇئامىلە | جىنسى | مىللىتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | تۇغۇلغان ۋاقتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى | يۇرتى | دەم ئېلىشقا چىققان ۋاقتى | ئورۇنلاشقان جايى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ شۇ شېڭ | تەمنات - سودا كوپېراتىپى | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1927 | 1948 | 1959 | خېبېي | 1984 | |
| لى كۇي | تەمىنلەش پونكىتى | پونكىت باشلىقى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1923 | 1945 | 1949 | خېبېي | 1984 | |
| خەن يۈگۈشى | سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | | 1922 | 1947 | 1948 | شەندۇڭ | | ئاقسۇ |
| نى بياۋ | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | مۇئاۋىن ئىشخانا باشلىقى | مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1926 | 1947 | 1948 | جياڭسۇ | | ئىچكىرى ئۆلكە |
| دۇەن چىڭتەي | ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇئاۋىن رەئىس | مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1928 | 1948 | 1949 | شەندۇڭ | 1984 | ئىچكىرى ئۆلكە |
| ۋاڭجىڭفۇ | ناھىيىلىك تەمنات - سودا كوپېراتىپى | مۇئاۋىن دىرېكتور | مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1928 | 1945 | 1947 | شەندۇڭ | 1984 | ئىچكىرى ئۆلكە |
| لوگويۈ | ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى | مۇدىر | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1928 | 1948 | 1950 | شەنشى | 1989 | ئاقسۇ |
| لياڭ ششيۇڭ | ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى | شۇجى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1927 | 1927 | 1949 | 1951 | گەنسۇ | 1989 |
| لۇيجاۋ | زاڭ كېنى | كان باشلىقى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1930 | 1949 | | سىچۇەن | 1989 | كەلپىن |
| چېن شياۋ شياڭ | ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى | مۇئاۋىن مۇدىر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1927 | 1948 | 1948 | سىچۇەن | 1985 | ئاقسۇ |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دىڭجىچاڭ | ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | شۇجى | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | | 1927 | 1948 | 1949 | شەنشى | 1985 | ئاقسۇ |
| جاڭ خېيچۈەن | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1929 | 1948 | 1949—7 | سىچۈەن | 1984—8 | ئاقسۇ |
| يۈي مىيچاڭ | ئارخىپ ئىدارىسى | ئىش بېجىرگۈچى | كادىر | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1932 | 1949 | 1950 | شەندۇڭ | 1983 | ئاقسۇ |
| ليۇشياۋ بىڭ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئىش بېجىرگۈچى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | | 1927 | | | سىچۈەن | 1983 | ئاقسۇ |
| گوجۈن | ئارخىپ ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1927 | 1949 | 1954 | گەنسۇ | 1985 | ئاقسۇ |
| ۋاڭخېيشېڭ | ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1932 | 1949 | | سەنشى | 1985 | ئاقسۇ |
| ليۇيۈنشەن | زالى كېنى | ئىش بېجىرگۈچى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1922 | 1949 | | گەنسۇ | 1978 | ئاقسۇ |
| ۋاڭكېچېن | ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى | كادىر | كادىر | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1932 | 1949 | | گەنسۇ | 1985 | ئاقسۇ |
| گاۋجيەنخۇا | نېفىت شىركىتى | دىرېكتور | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1934 | 1949 | 1955 | خېبېي | | ۋاپات بولۇپ كەتتى |
| چېنزىچاڭ | چوشقا فېرمىسى | فېرما باشلىقى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1927 | 1947 | | سىچۈەن | 1984 | ۋاپات بولۇپ كەتتى |
| ساۋ يۇجاڭ | باج ئىشلىرى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | رايون دەرىجىلىك | ئەر | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 1918 | 1949 | | گەنسۇ | 1982 | ۋاپات بولۇپ كەتتى |

## سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ناھىيە، تۇمەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەلپىنلىك كادىرلار ۋە كەلپىنلىك دوتسېنتلار جەدۋىلى

جەدۋەل 24—3

| ئىسىم - فامىلىسى | تۇغۇلغان جايى | ۋەزىپىسى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| توختى سابىر | قارا كۆت | ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى | |
| مامۇت ئەمەت | يورچى | ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى | |
| ئابلىمىت ھېلىم | قارا كۆت | شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى | |
| ئاۋۇت ھوشۇر | كەزلىك | ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | |
| كېرىمۇپ | قالما | ئاپتونوم رايونلۇق قوراللىق ساقچى باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى | |
| يۇسۇپ تۇرسۇن | كەزلىك | ئاپتونوم رايونلۇق كارتگوراپىيە ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | پېنسىيەدە |
| كامىل داۋۇت | تۇۋەن قۇمبېرىق | ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەت، دىن، مۇھاجىر ئىشلىرى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | |
| ئىسىن ئايىت | ئارايماق | شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنال نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | جۇڭگو فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى |
| ھېزىم ئېزىز | پاسۇن | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1 - سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى | |
| ئابدۇراخمان مۇھەممەت | يورچى | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى | ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. |
| ئاتاۋۇللا مېھمان | چىلان | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن شۆيۈەنى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | «مەمۇرىي ئىشلار دەۋا قانۇنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. |
| ئابدۇراخمان ئاۋۇت | قۇملۇق | ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى | |

www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| نامەت روزى | چىلان | ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللـ رى ئىدارىسى خالتىسىز سېمونت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاـ ۋىن مۇدىرى | |
| ئابدۇۋايىت ئىمىن | ئارايماق | ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزـ گەرتىش قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | نەچچە مىليون خەتلىك كەسپىي ئىلمىي ماقالىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرـ غان. |
| ئىسمايىل ئايۇپ | پاسۇن | شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇـ ئاۋىن باشلىقى | |
| قاھار پازىل | ئارايماق | شىنجاڭ خىمىيە سانائەت ئىدارىسى مائارىپ باشقارـ مىسىنىڭ باشلىقى | مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇـ چى ، ئالىي ئىنژېنېر |
| ئوسمان شەمشى | يۇقىرىس | ئاپتونوم رايونلۇق ماشىناسازلىق نازارىتى پەن - تېخنىكا ئۆلچەم باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلـ قى ،ئالىي ئىنژېنېر | |
| تاھىر توختى | ئۆستۈن قاشئېرىق | ئاپتونوم رايونلۇق خەۋپسىزلىك نازارىتىدە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | |
| مامۇت خۇدا بەردى | تومئېرىق | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ۋاپات بولدى |
| مۇھەممەت ياسىن | تومئېرىق | شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى قارىمقىدىكى 1 - دوختۇرـ خانا پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| ئابدۇرازىق | گەزلىك | ئاقسۇ يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1982 - يىلى ۋاپات بولغان |
| مىجىت ئىمىن | قۇملۇق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇـ دىرى | |
| ئىبراھىم خۇداقۇلى | گەزلىك | قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى | |
| راخمان ۋايىت | تومئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇپەتتىـ شى | |
| ئابلا ئەيسا | قارا كۆت | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ھازىر پېنسىيىدە |
| ئابلا ساۋۇت | پاسۇن | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | |
| گۈلەيسخان ساۋۇت | قۇمئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك توقۇلما مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | |
| مۇسا ئىزىز | ئارايماق | بىكتۇمن يېزا ئىگىلىك 4 - شى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى | پېنسىيىدە |
| تۇردى ئاۋۇت | پاسۇن | قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇـ دىرى | |
| ئابدۇۋېلى ھاپىز | ئۆستۈن قۇمئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | ئىنژېنېر |
| سابىر مەسۇم | قالما | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | |
| ئەمەت سابىر | قارا كۆت | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمـ سىنىڭ باشلىقى | |
| ئابدۇرېشىت ئىمىن | قۇملۇق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | |
| مۇھەممەت ساتتار | قارا كۆت | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | |
| ئابدۇقادىر گايىت | تۆۋەن قۇمئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇـ ئاۋىن باشلىقى | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەھمەت ئامان | قالما | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى | |
| قۇربان قەمبەر | پاسۇن | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | ۋاپات بولدى |
| ئەھمەت تۇمۇر | قاشئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى | |
| ئابلا روزى | قۇملۇق | چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى | |
| ئاۋۇت تەۋەككۇل | قۇملۇق | شىنجاڭ مائارىپ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرى | |
| غوپۇر رېشىت | قارا كۆل | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تۇپراق، ئوغۇت خىزمەت پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| ھوشۇر زەيدىن | باغلىق | ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى مۇلازىمەتمەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى | |
| ئابدۇراخمان توختى | ئارايماق | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 3 ـ سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| مەخمۇت سادىق | قارا كۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يەم ـ خەشەك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى | |
| ئىمىن ئوسمان | قۇملۇق | ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| قادىر سىيىت | قۇملۇق | ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى تېلېگراف باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| توختى ئابدۇللا | قارا كۆل | ئاپتونومرايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | |
| ئابلىمىت مامۇت | قۇمئېرىق | شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| غەيرەت ئابدۇللا | قارا كۆل | «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | |
| سابىر ئېلى | باغلىق | جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى | |
| ئوسمان موللاك | ئارايماق | بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | |
| تۇردى ئاۋۇت | ئۇستۇن قاشئېرىق | قەشقەر مائارىپ شۆبىسىنى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوتسېنت | |
| خۇدابەردى تۇردى | پاسۇن | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| قادىر ئىمىن | پاسۇن | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| ئەمەت ھۈسەيىن | قارا كۆت | كورلا دەرياسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | |
| ياسىن كەنجى | قۇملۇق | قۇرۇلدۇڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| سېتى مامۇت | باغلىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت | «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ جۇغراپىيىسى»نى يازغان |
| ئايىم ئىزىز | پاسۇن | باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | |
| مەخمۇت مۇھەممەت | پاسۇن | ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | |
| غوپۇر مەپىز | ئۇستۇن قاشئېرىق | ئۆگەن دەرياسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | |
| ئابدۇرەھىم ئاللاق | قۇملۇق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| ھاپىز كېرەم | قۇملۇق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى | |
| تۇرسۇن غېرىب | تۆۋەن قاشئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت باشلىقى | |
| ئۆمەر سابىت | قۇمئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى | |
| قۇتلۇق | گەزلىك | قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى | |
| مۇھەممەت ئىمىن | قاراكۆت | شىنجاڭ داشۆ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى | |
| ئابدۇللا ئەھمەت | ئاچال | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ دوتسېنتى | «ماركسىزملىق پەلسەپە دەرسلىكى» دېگەن كىتابنى يازغان، «رەھبەرلىك ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» دېگەن مەخسۇس ئەسەرنى يازغان. ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە شەرھىلىرىدىن بىر مىليون خەت تەرجىمە قىلغان ۋە تەھرىرلىگەن. |
| ئىمىر ئامۇت | پاسۇن | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ دوتسېنتى | |
| ياسىن ئىدرىس | ئۇستۇن قۇمئېرىق | شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ساقچى مەكتىپىنىڭ ئالىي لېكتورى | |
| مۇھەممەت ئاۋۇت | كەلپىن | ئاقسۇ مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى | |
| ئابدۇراخمان | | تارىم داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | |
| ئابلەت | قۇملۇق | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | |

(ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| گۇلسۇم ھوشۇر | گەزلىك | ئاپتونوم رايونلۇق ئابال كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | ئالىي لېكتور. «چوغلۇق قىز»، «ئۇلارنىڭ ياشلىقى»، «ئالتۇن زېمىن»، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى»، «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن (ئاسترونومىيە قىسمى)»، «ماركسىزملىق ئاياللار تارىخى توغرىسىدا» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. |
| ئالتۇنخان | قۇملۇق | شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدە دوتسېنت | |
| خېلىل توختى | ئاچال | شىنجاڭ كۆمۈر سانائەت ئالىي تېخنىكۇمى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى | |
| ئابدۇرازىق سايىم | چىلان | ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. |
| ئەسقەر | | ئاپتونوم رايونلۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى | |
| تۇرسۇن | | ئاپتونوم رايونلۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار مەكتىپى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| مامۇت قۇربان | قارا كۆت | شىنجاڭ داشۆ خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى | كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. |
| ئابدۇرازىق توختى | يۇقىرىس | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى | «پەنشۇناسلىق ھەققىدە» دېگەن كىتابنى يازغانۋە كىتاب تەرجىمە قىلغان. |
| خېلىل | كۆل | سودا نازارىتى نېفىت شىركىتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | |
| ئابدىخالىق ئەمەت | يۇقىرىس | قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە تۆمەن دەرىجىلىك لېكتور | |

## سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان كەلپىنلىكلەرنىڭ نەتىجە جەدۋىلى

جەدۋەل 24—4

| ئىسىم ـ فامىلىسى | تۇغۇلغان جايى | خىزمەت ئورنى | نەتىجىسى |
|---|---|---|---|
| ئابدۇللا تالىپ | يۇقىرىس | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى | «قاينام ئۆركىشى»، «چالا تەككەن ئوق»، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. |
| غېنىزات غەييۇرانى | قارا كۆت | ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى | «تارىم بويىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى. |
| غەيرەت ئابدۇللا | قارا كۆت | شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى | «تىيانشان بويلاپ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «تاش ئابىدە» ناملىق پوۋېستى نەشر قىلىندى. |
| ئابدۇرېھىم ئابدۇللا | قارا كۆت | ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى | «گالا بويناق» ناملىق پوۋېستى ۋە بىر قانچە پارچە شېئىر ھەم ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. |
| خۇدا بەردى سېلىم | قۇمئېرىق | شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى | بىر قانچە پارچە قەدىمكى كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. |
| ئوسمان موللاھ | ئارايماق | مىللەتلەر نەشرىياتى | «تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى»، «دۇنيانىڭ 5000 يىلى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. |
| سابىر ئېلى | باغلىق | جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى | «قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى 300 چوڭ ئىش»، «رادىئو»، «ۋىسال تاپماق بەسى مۈشكۈل»، «ئاي شارى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. |
| ئىسلام سادىق | يورچى | ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى | «ئۈزۈلگەن بارماق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. |

ئالدىنقى بەتتىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەخمەت ۋايىت | تومئېرىق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | كۆپلىگەن شېئىرلىرى ۋە «شالزارلىقتا» ناملىق دراممىسى ئېلان قىلىندى. |
| لىتىپ رازىق | قارا كۆت | ئاقسۇ سىفەن مەكتىپى | «جاھان شاھ» ۋە «ئىناق دوستلار» ناملىق ئىككى كىنو سىنارىيىسى ۋە بىر قانچە پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. |
| ئىبراھىم ئىزاق | تومئېرىق | ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە | بىر قانچە شېئىرى ۋە داستانى ئېلان قىلىندى. |
| ھامۇت سابىر | ئۇستۈن قۇمئېرىق | قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى | «دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» ۋە «ماركسىزم ئاساسىي بىلىملىرىدىن 300 سوئالغا جاۋاب» ناملىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. |
| پازىل قادىر | قاراكۆت | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە مەكتىپى | بىر قانچە ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. |
| غوپۇر مۇھەممەت | يۈرچى | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى | «دۇنيانىڭ 5000 يىلى» «زەڭگەر كۆز» «ئۇلۇغ ئالىم دارۋىن» «يىزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى، بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. |
| ئابدۇرېھىم تۆنىياز | قۇملۇق | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى | كۆپلىگەن ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى. |

# جەدۋەللەر ئاچقۇچى

جەدۋەل 1 ـ 1

ناھىيە بازىرىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ 1984 ـ يىلدىكى كۆلىمى .................... (49)

جەدۋەل 1 ـ 2

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق كەنت ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى قىسقىچە ئەھۋالى .................... (56)

جەدۋەل 2 ـ 1

كەلپىننىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدا پەسىللەرنىڭ بۆلۈنىشى .................... (76)

جەدۋەل 2 ـ 2

كەلپىندە دانلىقلارنىڭ ئىقلىمغا ماسلىشىش جەدۋىلى .................... (77)

جەدۋەل 2 ـ 3

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەۋسۇم جەدۋىلى .................... (77)

جەدۋەل 2 ـ 4

كەلپىن ناھىيىسىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى .................... (78)

جەدۋەل 2 ـ 5

كەلپىن ناھىيىسىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ ۋاقتى ۋە كۈن سانى .................... (78)

جەدۋەل 2 ـ 6

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يەر تېمپېراتۇرىسى جەدۋىلى .................... (78)

جەدۋەل 2 ـ 7

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاخىرقى ۋە دەسلەپكى ئۈششۈك كۈنلىرى ۋە ئۈششۈكسىز مەزگىـ لى .................... (78)

جەدۋەل 2 ـ 8

كەلپىن ناھىيىسىدە قۇياشنىڭ ئومۇمىي نۇر چېچىش ۋە قۇياشنىڭ يورۇتۇش ئەھۋالى ... (79)

جەدۋەل 2 ـ 9

كەلپىن ناھىيىسىدە ھەر بىر پەسىلدىكى ھۆل ـ يېغىننىڭ كۈن سانى .................... (79)

جەدۋەل 2 ـ 10

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى نىسپىي ھۆل ـ يېغىن كوئېففىتسېنتى جەد ـ ۋىلى .................... (80)

جەدۋەل 2 ـ 11

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يىللاردىكى ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك ئەھۋالى .................... (81)

جەدۋەل 2 ـ 12
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ رايونلار بويىچە كەلكۈن مىقدارى ........................ (83)
جەدۋەل 2 ـ 13
كەلپىن رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى ............................................ (89)
جەدۋەل 2 ـ 14
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سۇ مەنبەسى ۋە سۇ سۈپىتى ئەھۋا-
لى .............................................................................................. (90)
جەدۋەل 2 ـ 15
كەلپىن ناھىيىسىدىكى قۇدۇق سۇلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ........................ (91)
جەدۋەل 2 ـ 16
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقىنى تۈرگە ئايرىش جەدۋىلى ........................ (92)
جەدۋەل 2 ـ 17
كەلپىن ناھىيىسىدە قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقىدىغان كۈنلەر سانى .................. (102)
جەدۋەل 2 ـ 18
كەلپىن ناھىيىسىدە مۆلدۈر ياغىدىغان كۈن سانى ........................................ (103)
جەدۋەل 2 ـ 19
كەلپىن ناھىيىسىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يەر تەۋرەش ئەھۋالى ............ (104)
جەدۋەل 3 ـ 1
مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) يېزا، بازار، باۋ، جىيالاردىكى ئاھالىلەرنىڭ
ستاتىستىكا جەدۋىلى .............................................................. (113)
جەدۋەل 3 ـ 2
1950 ـ يىل 7 ـ ئايدىكى رايون، يېزىلارنىڭ ئاھالىسىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى ...... (114)
جەدۋەل 3 ـ 3
1964 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ............ (115)
جەدۋەل 3 ـ 4
1981 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ............ (116)
جەدۋەل 3 ـ 5
1989 ـ يىلى ۋە 1990 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ
تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ...................................................... (116)
جەدۋەل 3 ـ 6
كەلپىن ناھىيىسىدىكى شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى قۇرۇلمىسى ...... (117)
جەدۋەل 3 ـ 7
1990 ـ يىلدىكى كەلپىن ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ............................ (118)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەدۋەل 3 ـ 8
كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ 1950 ـ يىلدىكى ياش ، جىنس ئەھۋالى.............. (118)
جەدۋەل 3 ـ 9
كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ 1964 ـ يىلدىكى ياش ، جىنس ئەھۋالى.............. (119)
جەدۋەل 3 ـ 10
كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاھالىنىڭ 1982 ـ يىلدىكى ياش ، جىنس ئەھۋالى.............. (119)
جەدۋەل 3 ـ 11
1990 ـ يىللىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئاھالىنىڭ ياش ، جىنس بويىچە ئايرىلىشى.......................................... (120)
جەدۋەل 3 ـ 12
كەلپىن ناھىيىسى بويىچە 1982 ـ يىلدىكى ئىشتىكى ئاھالىنىڭ كەسپىي ئەھۋالى ...... (124)
جەدۋەل 3 ـ 13
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949—1990 ـ يىلغىچە بولغان ئاھالىسىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى .......................................... (125)
جەدۋەل 4 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزا خەلق گۇڭشىلىرىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئىنقىلاپ قايتۇرۇش ئەھۋالى .......................................... (138)
جەدۋەل 4 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىدىكى خەلق گۇڭشىلىرىنىڭ1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى .......................................... (139)
جەدۋەل 4 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى ۋە تەقسىمات ئەھۋالى .......................................... (140)
جەدۋەل 4 ـ 4
1966 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان كەلپىن ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى ۋە تاۋارلىشىش نىسبىتى .......................................... (147)
جەدۋەل 4 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىدە 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان تۈرلۈك زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش كۆلىمى.......................................... (148)
جەدۋەل 4 ـ 6
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى .......................................... (150)
جەدۋەل 4 ـ 7
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان پاختا ، ياغلىقدان مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى .......................................... (152)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارىيسى


جەدۋەل 4 ـ 8
كەلپىن ناھىيىسىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ھارۋىلارنى ستاتىستىكىلاش جەد ـ ۋىلى ........ (156)

جەدۋەل 4 ـ 9
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1990 — 1975 ـ يىللاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى ۋە مەشغۇلات مىقدارى ........ (159)

جەدۋەل 5 ـ 1
1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى چارۋا ماللار سانىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى ........ (172)

جەدۋەل 5 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1965 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى مىق ـ دارى ........ (175)

جەدۋەل 6 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچىلىك بولغان ئورمانچىلىق ئەھۋا ـ لى ........ (186)

جەدۋەل 6 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچىلىك مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ........ (197)

جەدۋەل 7 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ماشىنى ـ لاشقان قۇدۇقلارنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا جەدۋىلى ... (205)

جەدۋەل 7 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1974 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە قۇدۇق قېزىش ئەھۋالى ........ (208)

جەدۋەل 7 ـ 3
1950 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدىكى كەنتلەردە سۇغىرىش ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ تەقسىملەش ئەھۋالى ........ (212)

جەدۋەل 7 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1963 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى يەر سۇغىرىش ئەھۋالى ........ (213)

جەدۋەل 7 ـ 5
قىسىل (كەلپىن)، قىزىلقۇم ئېقىنلىرىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە جەدۋىلى ........ (214)

جەدۋەل 7 ـ 6
كەلپىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر شىركىتى (ئىستانسىسى)نىڭ 1961 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە توك تارقىتىش ئەھۋالى ........ (216)

جەدۋەل 8 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى ........ (220)

جەدۋەل 8 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ............ (221)
جەدۋەل 8 ـ 3
كەلپىن ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (2 ـ يېڭىك سانائەت ئىدارىسى) نىڭبىر قانچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئەھۋالى ............ (223)
جەدۋەل 8 ـ 4
كەلپىن ناھىيىلىك گۈڭگۈرت كېنىنىڭ 1955 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ............ (225)
جەدۋەل 8 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۇن، ياغ تارتىش ئەھۋالى ............ (227)
جەدۋەل 8 ـ 6
كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى (پونكىتى) نىڭ 1971 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى ............ (230)
جەدۋەل 8 ـ 7
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالى ............ (232)
جەدۋەل 8 ـ 8
كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ 1988 ـ يىلدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى ............ (232)
جەدۋەل 8 ـ 9
كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ 1988 ـ يىلدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى ............ (233)
جەدۋەل 8 ـ 10
كەلپىن ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋە يەككە ئائىلىلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسىي ئەھۋالى ............ (235)
جەدۋەل 9 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى ............ (246)
جەدۋەل 9 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پوچتا تىجارەت ئەھۋالى ............ (253)
جەدۋەل 9 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى پوچتا يولى ئەھۋالى ............ (254)

www.uyghurkitap.com

جەدۋەل 9 ـ 4
كەلپىن ناھىيلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى گېزىت ـ ژۇرنال
تارقىتىش ئەھۋالى ........................................ (225)
جەدۋەل 9 ـ 5
كەلپىن ناھىيلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى تېلېگرامما (تېلېـ
فون)دىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە كىرىم ئەھۋالى ........................ (257)
جەدۋەل 9 ـ 6
كەلپىن ناھىيلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كىرىم ـ چىقىم
ئەھۋالى ........................................ (258)
جەدۋەل 10 ـ 1
كەلپىن ناھىيلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ........................ (267)
جەدۋەل 10 ـ 2
1959 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ،
تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سودىسىدىكى سېتىش ئەھۋالى ........................ (270)
جەدۋەل 10 ـ 3
1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە
سېتىلىش
ئەھۋالى ........................................ (272)
جەدۋەل 10 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى ........................ (274)
جەدۋەل 10 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىدە ئاساسلىق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىـ
نىش ئەھۋالى ........................................ (276)
جەدۋەل 10 ـ 6
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ، گۆش ، پاختا بىلەن تەمىنلەش ئەھـ
ۋالى ........................................ (279)
جەدۋەل 10 ـ 7
كەلپىن ناھىيلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى ........
........................................ (282)
جەدۋەل 10 ـ 8
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ پاراق ئېلىش ، ئاشلىق ، ماي سېتىۋېلىش ، تەمىنلەش ، يۆتكەپ
كېلىش ئەھۋالى ........................................ (287)
جەدۋەل 10 ـ 9
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1973 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
تىجارىتى ئەھۋالى........................................ (290)

جەدۋەل 11 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىدە 1990 — 1980 ـ يىللاردا يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ۋە تۈرىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ........................ (296)
جەدۋەل 11 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى بازار باشقۇرۇش رەسمىيەت ھەققى كىرىمى سوممىسىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ........................................ (296)
جەدۋەل 11 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى بازار مال باھاسى ........................ (298)
جەدۋەل 11 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مال باھاسى ئەھۋالى ........................ (300)
جەدۋەل 11 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1989 ـ يىلدىكى مال باھاسى ئەھۋالى ........................ (301)
جەدۋەل 11 ـ 6
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1987 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈ ـ رۈپ بېكىتىش ۋە رېمونت قىلىش ئەھۋالى ........................................ (302)
جەدۋەل 12 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى ........................................................................ (309)
جەدۋەل 12 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 33 ـ يىلى ( 1944 ـ يىلى ) ۋە مىنگونىڭ 34 ـ يىلى ( 1945 ـ يىلى ) دىكى باج كىرىمىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى ........................ (313)
جەدۋەل 12 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1974 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان سودا ـ سانائەت باج كىرىمى ئەھۋالى .................................................................. (314)
جەدۋەل 12 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە باج ئېلىش ئەھۋالى.................................................................. (315)
جەدۋەل 12 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى جەدۋىلى ...... (320)
جەدۋەل 12 ـ 6
كەلپىن ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە پۇل ئامانىتى ۋە قەرز پۇل كەسپىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى ........................................ (323)
جەدۋەل 12 ـ 7
كەلپىن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە پۇل ئامانىتى ۋە قەرز پۇل بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى ........................ (324)

جەدۋەل 12 ـ 8
1980 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە ئاما ـ نەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇلى تارقىتىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى ...................... (325)
جەدۋەل 12 ـ 9
كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان ھەر خىل پۇل ئامانىتىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ...................... (326)
جەدۋەل 13 ـ 1
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتـ لىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى ...................... (337)
جەدۋەل 13 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جىنسى، كەسپى قۇرۇلمىسى ...................... (340)
جەدۋەل 13 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مىللىتى، يېشى، پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ...................... (342)
جەدۋەل 13 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ...................... (343)
جەدۋەل 13 ـ 5
ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ...................... (348)
جەدۋەل 13 ـ 6
كەلپىن ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسىغا ئۇچراش ئەھۋالى ...................... (353)
جەدۋەل 13 ـ 7
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلى ئەھۋالى ...................... (363)
جەدۋەل 14 ـ 1
ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قانچە نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ...................... (378)
جەدۋەل 14 ـ 2
چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 28 ـ يىلدىن مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1902 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلى) 7 ـ ئايغىچە كەلپىن ناھىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن نائىب ئامـ بال، ياردەمچى ئامبال، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ ئىسىملىكى ...................... (383)
جەدۋەل 14 ـ 3
1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىگە ھاكىم ( ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىـ تېتىقا مۇدىر ) بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ...................... (388)
جەدۋەل 14 ـ 4
1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم ( ناھىيىلىك ئىنقىـ

www.uyghurkitap.com

لابىي كومتېتقا مۇئاۋىن مۇدىر ) بولغانلارنىڭ ئىسملىكى ........................ (388)

جەدۋەل 14 ـ 5

كەلپىن ناھىيلىك سياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى ........................ (392)

جەدۋەل 16 ـ 1

كەلپىن ناھىيسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچىلىك ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئەھـ
ۋالى ........................................................ (417)

جەدۋەل 16 ـ 2

كەلپىن ناھىيسىنىڭ 1968 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە ئېتىبار بېرىش ، نەپەقە بېرىش
خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى ........................ (420)

جەدۋەل16 ـ 3

كەلپىن ناھىيسىدە 1968 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە خەلق ئىشلىرى راسخوتىنىڭ ئىشـ
لىتىلىش ئەھۋالى ........................................ (420)

جەدۋەل 16 ـ 4

كەلپىن ناھىيسىدە 1984 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە خەلق ئىشلىرى راسخوتىنىڭ ئىشـ
لىتىلىش ئەھۋالى ........................................ (421)

جەدۋەل 16 ـ 5

كەلپىن ناھىيسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى سانىغا دائىر ستا ـ
تىستىكا جەدۋىلى ........................................ (423)

جەدۋەل 16 ـ 6

كەلپىن ناھىيسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكتىكى ئىشچى ـ
خىزمەتچىلىرى سانىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ........................ (425)

جەدۋەل 16 ـ 7

كەلپىن ناھىيسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىز ـ
مەتچىلىرى سانىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ........................ (426)

جەدۋەل 16 ـ 8

1969 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ
ئىش ھەققىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ........................ (429)

جەدۋەل 17 ـ 1

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى ( 1934 ـ يىلى ) دىن مىنگونىڭ 38 ـ يىلى ( 1949 ـ يىلى )
غىچە كەلپىن ناھىيلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ( ئامانلىق ساقلاش
ئىدارىسى ) ، ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق ، مۇئاۋىن باشلىق بولغانلارنىڭ ئىسملىكى
........................................................ (434)

جەدۋەل 18 ـ 1

كەلپىن ناھىيلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسملىكى ........................ (449)

www.uyghurkitap.com

جەدۋەل 18 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىدىن قىسمەن يىللاردا ئېلىنغان ئەسكەر سانى ............ (451)
جەدۋەل 19 ـ 1
مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىكى كەلپىن ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپـ
لەرنىڭ ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى (تولۇق سىنىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . .......... (463)
جەدۋەل 19 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچىلىك مائارىپ ئاساسىي ئەھۋالى
.................................................. (466)
جەدۋەل 19 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1984 ـ يىللىق باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالىنى
ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى ........................................ (479)
جەدۋەل 19 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ، مائارىپ راسخوتىغا
دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى ........................................ (485)
جەدۋەل 19 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مائارىپ راسخوتىغا دائىر ستاتىستىكا جەدـ
ۋىلى .................................................. (486)
جەدۋەل 20 ـ 1
ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەھـ
ۋالى .................................................. (492)
جەدۋەل 20 ـ 2
كەلپىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 1975 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئويۇن قويۇش
ئەھۋالى ............................................... (493)
جەدۋەل 20 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە كىنو قويۇش ئەھۋالى .......... (500)
جەدۋەل 20 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كىنو قويۇش ئەھۋالى .......... (501)
جەدۋەل 20 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى .................. (502)
جەدۋەل 22 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىدە 1989 ـ يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان
خادىملار .............................................. (569)
جەدۋەل 22 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئىلمىي جەمئىيەت (جەمـ
ئىيەت) لەرگە ئەزا بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى .............................. (576)

جەدۋەل 22 ـ 3
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ داۋالاش، سەھىيە خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى ............ (580)
جەدۋەل 22 ـ 4
كەلپىن ناھىيىسىدىكى چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىدە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى ...................................... (588)
جەدۋەل 22 ـ 5
كەلپىن ناھىيىسىدىكى چېلىشىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مۇسابىقە ـ لەرگە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى ...................................... (589)
جەدۋەل 24 ـ 1
كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاپتونوم رايون (نازارەت، ئىدارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەقدىرلىگەن ئىلغار نەمۇنىچى شەخسلەر جەدۋىلى ................................ (625)
جەدۋەل 24 ـ 2
كەلپىن ناھىيىسىدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار جەدۋىلى ................................ (631)
جەدۋەل 24 ـ 3
سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەلپىنلىك كادىرلار ۋە كەلپىنلىك دوتسېنتلار جەدۋىلى .............................................. (633)
جەدۋەل 24 ـ 4
سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان كەلپىنلىكلەرنىڭ نەتىجە جەدۋىلى ................................ (638)

# «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ يېزىلىش جەريانى

كەلپىن ئاممىسى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، كەلپىننىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بىرەر كىتابنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى، بەزىلەر بىتاقەت بولۇپ، سىناپ بېقىشقا ئالدىراپ باقتى. بىراق، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئارزۇ ئىشقا ئاشمىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كەلپىننىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈس ئالدى، تۈرلۈك ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، كەلپىننىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇش ئۈچۈن، كەلپىن ناھىيىسى 1982 - يىلى «كەلپىن تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇشنى قارار قىلدى، يېزىش گۇرۇپپىسى سەككىز يولداشتىن تەركىب تېپىپ، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كەلپىن تارىخىنى يازدى، بىراق، ئۈنۈمى زور بولمىدى.

1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا تارىخ يېزىش - تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، 1984 - يىلى كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مەمتىمىن ئەمەت مۇدىر بولدى، ئابدۇساتتار ھامىدىن تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئاجرىتىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى تەزكىرە تۈزۈش كەسپىنى ۋەكالىتەن باشقۇردى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئابدۇساتتار ھامىدىن مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، شۇنداقلا تەزكىرە تۈزۈش راسخوتى، خادىم قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىپ بېرىلدى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ ناھىيە تەزكىرىسى يېزىش توغرىسىدىكى تىزىسىنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى ئىدارىلەردىن تەلەپكە ئاساسەن، ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى. يىل ئاخىرىدا، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە تەزكىرە يېزىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەمتىمىن ئەمەت، ھاكىم، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھاپىز كېرەم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دالى سابىر، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەلى سالى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تىلىۋالدى توختى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ناھىيە مىقياسىدا ھەممەيلەن تەزكىرە تۈزۈشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان

چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1987 ـ يىلى ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرتىپكە سېلىندى، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى چيەنەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ناھىيىنىڭ 1984 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك بولغان بىر تۈركۈم يولداشلار تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى.

1988 ـ يىل 7 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىدە «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى، بۇ يىغىنغا ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى تەزكىرىچى كەسپداشلار ھەم مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ 60تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئىبارەت بەش چوڭ بەنزىدىكى رەھبەرلەر يىغىنغا باشتىن ـ ئاخىرغىچە قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، تەزكىرە كوپىيىلىرىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقتى. كېيىن يەنە ئىككى قېتىم چوڭراق تۈزىتىلىپ، ۋىلايەت تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، 1991 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا تۈزۈلۈپ، نەشر قىلىندى. بىرىنچىدىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئاساسلىق رەھبەرلەر بىۋاسىتە سورۇشتۇرۇپ، ئەستايىدىل، ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، دائىم كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. تەزكىرە كىتابىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تۆۋەنگە يەتتە قېتىم ھۆججەت تارقاتتى، سەككىز قېتىم يىغىن ئاچتى، ئاساسلىق رەھبەرلەر 70% تەزكىرە كوپىيىسىنى تەكشۈردى ھەمدە باھالاش يىغىنلىرىغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ پىكىرلەرنى ئاڭلىدى؛ ئىككىنچىدىن، ناھىيىدىكى ھەر قايسى تارماقلار زور كۈچ بىلەن قوللىدى، كەسپىي تەزكىرىلەرنىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن يېزىپ، تۈرلۈك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئەھۋالنى چۈشىنىدىغان نۇرغۇن يولداشلار، جۈملىدىن سىرتتا خىزمەت قىلىدىغان كەلپىنلىك يولداشلار، بولۇپمۇ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پىشقەدەم يولداشلار نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۇيۇشمىسىدىكى پېنسىيىگە چىققان كادىر ياسىن ھەسەن، كەلپىنلىك يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ ۋە كەلپىن ناھىيىسىدە پېنسىيىگە چىققان كادىرلاردىن ساماساق ئىبراھىم، ئىمىن نىياز قاتارلىقلار «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى يېزىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەمدەپائال تۈردە ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلار ياردەمدە بولدى. ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى زېي فاياۋ، مۇئاۋىن مۇدىرى سۇجياجۇن، شۆچېڭسەيلەر، بولۇپمۇ يولداش چېن يۈنخۇا كۆپلەپ كونكرېت ياردەملەرنى بەردى ھەمدە ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى يول-

داشلارنى تەزكىرە كوپىيىسىنى تۈزىتىشكە ياردەملىشىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جۇڭگېيىڭ دەسلىپىدىلا كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە تەزكىرە كوپىيىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گودېفۇ قاتارلىق يولداشلار تەزكىرە كوپىيىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى؛ ئۇنىڭدىن، ناھىيە تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسىدىكى يولداشلار جاسارەت بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، 7000 توپلامدىن ئارتۇق ئارخىپ ماتېرىيالىنى ۋە نۇرغۇن كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەرنى كۆرۈپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا 9890 نۇسخا پىكىر ئېلىش ئورىگىنالى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 5590 نۇسخا، خەنزۇچىسى 4300 نۇسخا، تەخمىنەن 3000 ئادەم(قېتىم)نى زىيارەت قىلىپ، نۇرغۇن ئاغزاكى ماتېرىيال توپلىدى. بولۇپمۇ يولداش ئابدۇ ساتتار ھامىدىن ئاساسلىق خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىپ چىقتى. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»گە ناھىيە ئىچى، سىرتىدىكى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭدى، «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇلارغا چىن قەلبىمىزدىن ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىمىز.

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە يېزىش جەھەتتىكى تەجرىبىمىز يەنىلا كەمچىل، بولۇپمۇ سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە، خاتالىقلاردىن خالىي بولالىشىمىز قىيىن. بۇ كىتابقا كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

**«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسى**

**1991 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى**

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1992 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندى، ھازىر بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى كەڭ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ — كەلپىن ناھىيىسىدىكى شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى بىر خۇشاللىنارلىق ئىش.

بىر تەزكىرە كىتابىنىڭ دۇنياغا كېلىشى — بىر مۇرەككەپ جەرياننىڭ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ جاپالىق تەر ـ ئەجىر سىڭدۇرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» — ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇر يولداش تۈزگەن بىردىنبىر سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە كىتابى، شۇڭلاشقا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بۇ كىتابقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. جۇڭگېيلىك، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى يولداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلپىنگە كېلىپ «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ چىقىشىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى، ياردەم بەردى. كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن بۇ كىتابنىڭ بەزى قىسىم، بابلىرىنى خەنزۇچە تۈزۈپ، ئۆزى بىۋاسىتە ئۇيغۇرچىغا؛ بەزى قىسىم، بابلىرىنى ئۇيغۇرچە تۈزۈپ، ئۆزى بىۋاسىتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. كىتابنىڭ تەرجىمىسى تاماملىنىپ 1993 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا يوللانغاندىن كېيىن، مەزكۇر كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر نۇر مۇھەممەت دۆلەتى، تەھرىر — تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇھەررىر غوپۇر ھوشۇر نىيازىلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولۇپتۇ دەپ قاراپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلدى. غوپۇر ھوشۇر نىيازى بۇ كىتابنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە، ئابلىمىت ئابدۇراخمان مەسئۇل مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى. غوپۇر ھوشۇر نىيازى تەرجىمە ئورگىنالىنى 1 ـ 2 ـ تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغاندا، كەسپىي ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك قىسىم، بابلارنى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ، بېكىتىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدى. يىگىرمە بىرىنچى قىسىم — «يەرلىك شېۋە، ماقال ـ تەمسىللەر»نى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى يولداش مىرسۇلتان ئوسمان تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

«كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىكى شېۋە، ماقال ـ تەمسىللەر، خەلق قوشاقلىرى ۋە رىۋايەتلەرنىڭ خەنزۇچىسى بىلەن ئۇيغۇرچىسى ئوتتۇرىسىدا قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇد. ئۇيغۇرچە كىتابقا «1990 ـ يىللىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئاھالىنىڭ ياش، جىنس بويىچە ئايرىلىشى» دېگەن جەدۋەل؛ «شەخسلەر» قىسمىغا بولسا، بىر قىسىم شەخسلەر تولۇقلاپ كىرگۈزۈلدى.

1 ـ 2 ـ تەكشۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن، غوپۇر ھوشۇر نىيازى ئورگىنالنى ئومۇميۈزلۈك ئوقۇپ چىقتى. ئابلىمىت ئابدۇراخمان كىتابنىڭ ئورگىنالىنى ئۈستىدىن تەھرىرلەپ چىققاندىن كېيىن، يولداش نۇرمۇھەممەت دۆلەتى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەرجىمە ئورگىنالىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر قادىر

ھاپىز غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئابلىمىت ئابدۇراخمانلار بىلەن خەنزۇچە كىتابقا ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا نۇر مۇھەممەت دۆلەتنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر – تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر غۇجا ئەخمەت يۇنۇس يەنە بىر قېتىم نوسخا ئېلىپ تەكشۈردى.

ئادەم، يەر – جاي ناملىرىنىڭ، سان – ساناقلارنىڭ توغرىلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يولداش ئابدۇساتتار ھامدىن ئۇرىگىنالنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى باشتىن – ئاياغ ئوقۇپ چىقتى. ئاخىرقى بەت نۇسخىسىنى ئابلىمىت ئابدۇراخمان يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل كۆرۈپ، تەھرىرلەپ چىقتى.

كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىتابقا كۆڭۈل بۆلگەن، تەرجىمە – تەھرىرلىكىگە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق يولداشلارغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمىز.

كىتابنىڭ تەرجىمە – تەھرىرلىك ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى**

1994.5.20

# «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تەھرىرات ئاپپاراتى ۋە تۈزگۈچى خادىملىرى

## كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى

### 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرى ( 1984 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە )

**مۇدىر :** مەتتىمىن ئەمەت
**مۇئاۋىن مۇدىرلار :** تىلىۋالدى توختى ، چېن شاۋشياڭ ، شۈ شىڭچاڭ .
**ئەزالىرى :** تۆنىياز دەرۋىش ، ئىمىن مۇسا ، گوجۈن ، داۋۇت توختى ، ئابدۇساتتار ھامىدىن ، روزى سىدىق ، پازىل مۇھەممەت ، ئابدۇرېھىم يۇنۇس ، شەمشى ئېزىز ، ۋاڭ دېيى ، ئابلىز قۇربان ، توختى موللەك ، ۋاڭ يۈمېي .

### 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرى ( 1984 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە )

**مۇدىر :** لى چيەننيەن
**مۇئاۋىن مۇدىرلار :** مەتتىمىن ئەمەت ، ئەمەر ساۋۇت ، ئابدۇراخمان ئەشەت ، توختى ئىسمايىل ، تىلىۋالدى توختى .
**ھەيئەت ئەزالىرى :** فەن مياۋ ، دەي شىنجۇڭ ، جياۋ شاۋجيې ، جۇتاۋ ، ياڭ شىڭمىڭ ، ئابدۇرازاق ئاۋۇت ، ئابدۇقادىر سابىر ، لىن يۈگو ، تاڭ ئەنلىڭ ، ئابلىز توختى ، مامۇت ئېلى ، ئابدۇساتتار ھامىدىن .

### 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرى ( 1992 ـ يىل 5 ـ ئايدىن ئېتىبارەن )

**مۇدىر :** لى چيەننيەن
**مۇئاۋىن مۇدىرلار :** ئابدۇراخمان ئەشەت ، مۇسا ئەيسا ، بەي شياۋچۈن ، توختى ئىسمايىل ، دەي شىنجۇڭ .
**ھەيئەت ئەزالىرى :** جياۋشاۋجيې ، مۇھەممەت تاھىر ، تىلىۋالدى توختى ، چياۋفۇچىن ، ئابدۇرازاق ئاۋۇت ، ئابدۇقادىر سابىر ، ئابدۇساتتار ھامىدىن ، ۋاڭ

دىيى ، مامۇت ئېلى ، تاڭ ئەنلىڭ ، خەن سىڭئەي .

## كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

**مۇدىر :** ئابدۇساتتار ھامدىن

**خىزمەتچى خادىملار :** رابىگۈل ساتتار ، خەن گوپىڭ ، دىلبەر ئەھەت ، ئابدۇۋەلى ئەيسا ، باھارگۈل ھوشۇر

**تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن خادىملار :** مامەيجىڭ ، جىڭ چۇڭشەن ، كېرىم مامۇت .

**تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىنغان خادىملار :** پازىل مۇھەممەت ، ۋاڭ شۇشىڭ ، ئابدۇراخمان ئامان ، پەرھات دالى ، جامالىدىن ئېلى ، ھاۋاخان ھامۇت .

## « كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى »نى تۈزگەن ، يازغان خادىملار

**ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزگۈچى :** ئابدۇساتتار ھامدىن

**باش مۇھەررىر :** ئابدۇساتتار ھامدىن

**دەسلەپكى ئورىگىنالنى يازغۇچىلار :** ئابدۇساتتار ھامدىن ( ئومۇمىي بايان ، چوڭ ئىشلار ، تەبىئىي شارائىت ، تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ، ئاھالە ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، چارۋىچىلىق ، سۇ ئىشلىرى ، سۇ ئېلېكترى ، سانائەت ، سودا ، پۇل مۇئامىلە ، سودا ـ سانائەت ، مال باھاسى ، سىياسىي پارتىيىلەر ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ، زور سىياسىي ۋەقەلەر ، خەلق قۇرۇلتىيى ، ھۆكۈمەت ، سىياسىي كېڭەش ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە ، تەنتەربىيە ، يەرلىك شىۋە ، ماقال ـ تەمسىللەر ، تۇراقلىق ئىبارىلەر ، مىللەت ، دىن ، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى ، خەلق ئىشلىرى ، پوچتا ـ تېلېگراف ، مالىيە ، شەخسلەر ، ئەدلىيە ) ، پىيى شىېكچىلىك ( ھەربىي ئىشلار ) ، سۇن يىلى ( ئۆلچەم ) ، جاڭ جېنخۇا ، يەن جىرۇي ( قاتناشنىڭ بىر قىسمى ) ، چېن يۇنخۇا ( باج ئىشلىرى ) .

www.uyghurkitap.com

## سۇرەت تارتقۇچىلار

لى چيەنئيەن ، لىن شىيلىڭ ، فەن دېمىن ، ياڭ يىڭچى ، چېن يېڭخۇا .

## ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر

پېي شىڭچېڭ (خەلق قورالىق بۆلۈمى) ، ئەركىن كەنجى (مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى) ، مەرەمنىساخان يۈسۈپ (سەھىيە ئىدارىسى) ، مۇتەللىپ ۋاپىت (ستاتىستىكا ئىدارىسى) ، توختى نايىپ (ستاتىستىكا ئىدارىسى) ، ئەمەت ھامۇت (ستاتىستىكا ئىدارىسى) ، سەي لىنيەن (ستاتىستىكا ئىدارىسى) ، ئېزىز مۇھەممەت (سىياسىي كېڭەش) ، تۇردى سالى (خەلق قۇرۇلتىيى) ، شەمشى ئېزىز (مۇپەتتىش ئىدارىسى) ، گويۈك (ئارخىپخانا) ، يۈسۈپ مۇھەممەت (مال باھاسى پونكىتى) ، يۈسۈپجان مۇھەممەت (كادىرلار ئىدارىسى) ، يەن جىرۇي (قاتناش ئىدارىسى) ، تۇرسۇن ئاۋۇت (ئىقتىساد كومىتېتى) ، مۇختار پەتتار (ئىقتىساد كومىتېتى) ، ئوسمان نايۈپ (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ، لى يۈتاڭ (پەن - تېخنىكا كومىتېتى) ، فەن دېمىن (پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى) ، رىزۋانخان (خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى) ، شۈ رۇنگو (ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى) ، ئابدۇللا ئەھەت (بىرلىك سەپ بۆلۈمى) ، يۈسۈپ قۇربان (ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى) ، شۈ دۇڭمىڭ (ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى) ، تۇخان شەمشى (ئاياللار بىرلەشمىسى) ، ئابدۇقادىر سابىر (تەشۋىقات بۆلۈمى) ، لىن شىيلىڭ (تەشۋىقات بۆلۈمى) ، شيې چىن (پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى) ، ئىمىن نىياز (گەزىلىك يېزىسى) ، سامساق ئىبراھىم (گەزىلىك يېزىسى ئوتتۇرا مەكتىپى) ، ئابلىز توختى (مائارىپ ئىدارىسى) ، مۇھەممەت توختىنىياز (ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى) ، ئابدۇقادىر ئاللاق (تەمىنات - سودا كوپىراتىپى) ، ئوسمان ئىبراھىم (كىنوخانا) ، ئامان ئابلا (دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسى) ، جۇۋېنبۇ (دوختۇرخانا) ، ئابابەكرى زايىت (مال دوختۇرخانىسى) ، ساۋۇت بەكرى (رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى) ، يۈسۈپ مۇھەممەت (ئاشلىق ئىدارىسى) ، ئەمەت خۇدابەردى (ئاشلىق ئىدارىسى) ، ئاتىكەم مامۇت (يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى) ، ئابدۇرېھىم يۇنۇس (مەدەنىيەت يۇرتى) ، ئابدۇۋەلى راخمان (سەنئەت ئۆمىكى) ، ئابدۇرېھىم ئەمەت (سودا - سانائەت ئىدارىسى) ، فېڭ جىخې (دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى) ، ۋاڭ زېدۇڭ (باج ئىشلىرى ئىدارىسى) ، جاڭ چېڭدا (ھۆددىگەرلىك شىركىتى) ، ئابدۇراخمان ئىلياس (ج خ ئىدارىسى) ، ئابدۇقادىر ئىبراھىم (تەپتىش مەھكىمىسى) ، **ياڭ جيەنمىڭ** (مالىيە ئىدارىسى) ، ئايشەم سەيدۇللا (دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ، ماددى ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى) ، ئابدۇرېھىم ھوشۇر (بانكا) ، گاۋ فېڭۋېن (شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى) ، ليۇبىن (شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى) ، ئابدۇرېشىت مەسۇم (سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى) ، سەمەت تۇر-

دى (يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى) ، سۇن يىلى (ئۆلچەم پونكىتى) ، ئوسمان ئىبراھىم (پارتىيە مەكتىپى) ، ناسىر نۇرى (خەلق سوت مەھكىمىسى) ، تۇرسۇن ھاپىز (يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى) ، كېرەم مۇسا (شىنخۇا كىتابخانىسى) .

## «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ۋە ئۆتكۈزۈۋالغان ئورۇنلار

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى

كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

(تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان خادىملار: جۇڭ يىڭ ، گودېفۇ ، لۇڭ گوچيۇ ، دۇەنشۇ)